نۇر روزى




# ئەنجانباي

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ISBN 978-7-228-16083-9



نۇر روزى

# ئەنجانباي

( تارىخي رومان )

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

安江巴依：维吾尔文 / 努尔·肉孜著. — 2版. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.11 （2016.3 重印）
ISBN 978-7-228-16083-9

Ⅰ. ①安… Ⅱ. ①努… Ⅲ. ①长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2012) 第251728号

责任编辑 巴力江·孜帕尔
编　　辑 买·西帕
特约编辑 迪力拜尔·亚库甫
责任校对 阿依古丽·沙比提
特约校对 万力·在顿
封面设计 艾克拜尔·沙力
出版发行 新疆人民出版社
地　　址 乌鲁木齐市解放南路348号
电　　话 0991-2827472
邮　　编 830001
印　　刷 北京顺诚彩色印刷有限公司
经　　销 新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本 880×1230毫米 1/32
印　　张 18.625
插　　页 2
版　　次 2012年11月第2版
印　　次 2016年3月第4次印刷
印　　数 11001 - 14000册
定　　价 40.00 元

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................1

بىرىنچى باب ئۇ تۆرەلگەن ماكان ........................1

ئىككىنچى باب مەڭگۈلۈك ئاھانەت ........................7

ئۈچىنچى باب شاھىت ئىسىملار ........................18

تۆتىنچى باب ئوغرى يولدا بۇلاڭچى يوق ........................25

بەشىنچى باب مەكتەپ ........................63

ئالتىنچى باب قارلىق ........................69

يەتتىنچى باب ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئادىشى ........................88

سەككىزىنچى باب «مەن ئۆزلىرىنىڭ... » ........................99

توققۇزىنچى باب تېرەكبوستاندىكى نىكاھ ........................110

ئونىنچى باب ساز يىگىت ........................122

ئون بىرىنچى باب بەتنام ........................137

ئون ئىككىنچى باب چېلىشچى ........................166

ئون ئۈچىنچى باب «مېنىڭ ماكانىم ئوپال» ........................206

ئون تۆتىنچى باب مەھبۇس ........................226

ئون بەشىنچى باب تەشنالىق ساداسى ........................241

ئون ئالتىنچى باب ئازابلىق كۈنلەر ........................278

ئون يەتتىنچى باب جامالىدىن، سىز قەيەردە؟........................287

ئون سەككىزىنچى باب قوراللىق قوزغىلاڭ باشلاندى ........313

ئون توققۇزىنچى باب ئوغۇل بالا جەڭگە يارالغان ..............332

يىگىرمىنچى باب مەن ئەنجانباي ........................359

يىگىرمە بىرىنچى باب سىناق ........................376

يىگىرمە ئىككىنچى باب ھالاكەت بۇيرۇقى ........................426

يىگىرمە ئۈچىنچى باب قاپقان ..................................482

يىگىرمە تۆتىنچى باب خائىن ..................................496

يىگىرمە بەشىنچى باب شۇم خەت ..................................511

يىگىرمە ئالتىنچى باب پاجىئە ..................................546

يىگىرمە يەتتىنچى باب ئەنجانباينىڭ كالىلىسى ..................566

# كىرىش سۆز

ئۇنىڭ ئىسمى ئەنجانباي. تەكتى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدىن. ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىغا تۆرىلىپلا چېكىدىن ئاشقان زۇلۇمنىڭ دەھشەتلىك ئازابىغا دۇچار بولۇپ ئۆز يۇرتىدىن قوغلانغان. مۇساپىرچىلىق، موھتاجلىق، غېرىبلىق ئازابىدا سەرسان بولۇپ يۈرۈپ، ئەنجاندا بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىسى خار ـ زارلىقتا ئۆتكەن قاباھەتلىك يىللاردا ئۆزلىرىگە باشپاناھ بولغان، مۇساپىرلار توپلاشقان ئاشۇ ئۇلۇغ شەھەرنىڭ نامىدا ئۇنىڭغا «ئەنجانباي» دەپ ئىسىم قويغان. كېيىن خۇددى ئۇ ئۆزى دېگەندەكلا، ئۇ بۇ دۇنياغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىپلا، بۇ دۇنيانىڭ بايلارنىڭ جەننىتى، يوقسۇل ـ كەمبەغەللەرنىڭ دوزىخى ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى»نىڭ تەسىرى ئۇنىڭ كىچىك كاللىسىنى خېلى ئوبدان سەگىتتى. ئۇنىڭغا دوزاخنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئېزىلگۈچىلەر قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇردى. بۇ مۇقەددەس نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، ئۇ تېخى كىچىك تۇرۇپلا ئۆزىنى ھەر تەرەپلىمە چېنىقتۇرۇشقا باشلىدى. ئۆز يۇرتى ئوپالغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنە ئۆزىنى چېنىقتۇرۇپ، ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشنى زادىلا توختاتمىدى. ئەزگۈچى ھاكاۋۇرلارغا بوزەك بولماي نوچىلىق بىلەن ياشىدى. لېكىن، زالىملارنىڭ جەننىتى بولغان زۇلمەتلىك بۇ دۇنيا ئۇنىڭ ئادەمدەك ئۇنداق ئەركىن ـ ئازادە ياشىشىغا يول قويمىدى. بايلار ئۇنى داۋاملىق تىللىدى، ھاقارەت قىلدى. چوماقچىلىرىنى

توپلاپ، ئۇنى باغلاپ، ئۇرۇپ قىينىدى، بىر ئوبدان ئائىلىسىنى بۇزدى، ھەتتا تۆھمەت ـ بوھتانلارنى چاپلاپ ئۇنى تۈرمىگە قاماتتى. غەزەپ ـ نەپرەتكە تولغان ئەنجانباي تۈرمىدىن چىقىپلا باتۇرانە قەدەم تاشلاپ، «تاغ ئىنقىلابى» دەپ نام ئالغان تاشقورغانغا توپلانغان جەنۇبىي شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلىرى قوشۇنىغا قاتناشتى. ئۇزۇنغا قالمايلا ئۇنىڭ جەڭدىكى ئاجايىپ باتۇر ـ قەيسەرلىكى، جەڭگە قوماندانلىق قىلىشتىكى پەم ـ پاراسىتى، ماھارىتىنى ئالقىشلاپ، گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك ئۇنىڭغا پودپولكوۋنىكلىق نامىنى بېرىپ، ئويتاغ پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرلىقىغا تەيىنلىدى.

دەل مۇشۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئون بىر ماددىلىق كېلىشىمنامە تۈزۈلۈپ قالدى! بۇ چاغدا تاشقورغاننى بازا قىلغان قوزغىلاڭچى قوشۇنلار جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئون نەچچە ناھىيىنى قورشاپ، ئىسكەنجىگە ئېلىپ بولغان، بۇ جايلارنىڭ ئازاد قىلىنىشىغا پەقەت ساناقلىق كۈنلەرلا قالغانىدى. شۇڭا، ئەنجانباي بۇ كېلىشىمنامىگە قايىل بولمىدى، «بۇيرۇققا بويسۇنمىدى» دېگەن باھانە بىلەن جازالىنىپ قېلىشتىنمۇ قورقمىدى! تارقىتىۋېتىلگەن قوزغىلاڭچىلارنى توپلاپ، يەنە خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن بولغان كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىۋەردى. گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ قان قەرزىگە بوغۇلغان بىرنەچچە داڭلىق، ھاكاۋۇر باشلىقلىرىنى ئۆز قولى بىلەن جەھەننەمگە ئۇزاتتى. جەڭلەرگە ماھىرلىق بىلەن قوماندانلىق قىلىپ، نۇرغۇنلىغان دۈشمەنلەرنى يوقاتتى. ئەتراپلىرىدىكى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن زومىگەر، باندىتلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، پۇقرالارنىڭ ھاياتىنى قوغدىدى. نەتىجىدە ئۆزلىرىنى قالتىس نوچى چاغلاپ، ھە دېسىلا مەيدىسىگە «گۇپ ـ گۇپ» مۇشتلاپ قوپىدىغان خېلى چوڭ باشلىقلارمۇ ئۇ قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئادەملەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا

جۇرئەت قىلالمايدىغان، ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۇرۇش قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، ئۆزىنى يارىلاندۇرۇۋالىدىغان، ھېچقانداق ئىلاج قىلالمىغانلىرى كۇجە كۆيدۇرۇپ، بۇتلارغا باش ئۇرۇپ ئەرۋاھلاردىن مەدەت تىلەيدىغان، ھايات قايتىپ كېلەلمەسلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇرۇشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن يىغلاشقان ھالدا ۋىدالىشىپ، خوشلىشىپ ماڭىدىغان، ھەتتا ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلاپ قالسىمۇ قورقۇنچتا بەزگەكتەك لاغ ـ لاغ تىترەپ، تامدەك تاتىرىپ كېتىدىغان ھالەت باش كۆتۈرۈپ قالدى. بۇ خىل تەتۈر ھالەت گومىنداڭچىلار باشلىقلىرىنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋەتتى. ھەممىدىن يامان بولغىنى شۇكى، شۇ كۈنلەردە ئەتراپتىكى باشقا ناھىيە، بازار، يېزا ـ قىشلاقلاردىمۇ ئەنجانبايغا ئەگىشىپ قايتا قوزغىلىۋاتقانلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ ئەدەپ كەتكەنلىكى بولدى. گومىنداڭچىلار ئاخىر ئەنجانباينى يوقاتمىغۇچە تاغ ئىنقىلابچىلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشۇپ ئۇنى يېڭەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئاخىر ئۇلار ھېچقانداق ئىلاج قىلالماي يۇمشاق قوللۇق بىلەن ئۇنى ئالداپ ئۆزلىرىگە ئەل قىلىش كويىغا چۈشۈشتى. ئۇنى ئۆزلىرىگە ئەل قىلىش ئۈچۈن بىرنەچچە قېتىم يۇرت كاتتىلىرىنى، ئامبال، قازىلارنى نۇرغۇنلىغان سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. ناۋادا ئۇ ئەل بولىدىغان بولسىلا ئۇنىڭغا ئامباللىقنى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق ئەمەللەر بىلەن نۇرغۇنلىغان ئالتۇن، كۈمۈشلەرنىمۇ قوشۇپ ئىنئام قىلىپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بېرىشتى. لېكىن، دۈشمەنلەرنىڭ بۇ ھىيلىسىمۇ ئەسقاتمىدى. ئۇ: «ئۇنداق تۈزكور ئەنجانباي تېخى تۇغۇلمىدى!» دەپ ئۇلارنىڭ ئوبدان دەككىسىنى بەردى.

دۈشمەنلەر يەنە باشقا بىر سۇيىقەستنى پىلانلىدى: ئەنجانباينى

تىرىك تۇتۇپ بەرگەنلەرنىڭ ياكى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ كاللىسىنى ئېلىپ كەلگەنلەرنىڭ ئەمىلى ھەسسىلەپ ئۆستۈرۈلىدىغانلىقى، نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش، يەر ـ زېمىنلارغا ئىگە بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەرەپ ـ تەرەپلەردىكى گازارمىلارغا، بازارلارغا، ھەتتا بەزى مەھەللىلەرگىمۇ ئېلانلارنى چاپلىدى. دۈشمەنلەرنىڭ بۇ قېتىمقى ھىيلىسى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. خائىن ـ ساتقۇنلار قۇتراپ، ئۇۋۇلىرىدىن تەڭلا چىقىشتى. لېكىن، ئۇيتاغ پولكىنىڭ كوماندىرى دۆتلۈك قىلدى! دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلىسىنى چۈشەنمىدى. ئەنجانباينىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا قارىماي، جاھىللىق بىلەن ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. خائىنلارنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا ئالدىنىپ، دۈشمەنلەرنىڭ قاپقىنىغا دەسسىدى! نەتىجىدە نەچچە يۈزلىگەن ئىنقىلابچىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ ئىنقىلابنى چوڭ زىيانغا ئۇچراتتى. ئەنجانباي قورشاۋدا قالغان ئىنقىلابچىلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا قۇربان بولدى. دۈشمەنلەر ئۇلارنىڭ كاللىسىنى سازايى قىلىپ پۇخادىن چىقىۋالدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئەنجانبايغا «ئىنقىلابىي قۇربان» نامى بېرىلىپ، دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە شەرەپ تاختىسى ئېسىلدى.

ئۇنىڭ قازا قىلغىنىغا ئەللىك نەچچە يىل بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ باتۇرلۇق، تراگېدىيىلىك ئوبرازى ھازىرغىچە كىشىلەر قەلبىدىن چىقمىدى. ئۇلار ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئاجايىپ باتۇرلۇقلىرىنى، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق ئىش ئىزلىرىنى مەدھىيىلەپ قوشاقلار قوشۇپ، نەغمە ـ ناۋالار قىلىپ تۇرۇشتى. ئازنا، پەيشەنبە كۈنلىرى بامدات نامىزىدىن يانغان جامائەت مەسچىتتىن چىقىپلا ئۇدۇل تۇپراق بېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ خەتمىقۇرئان، دۇئا ـ تەكبىرلەرنى قىلىپ يوقلاپ تۇرۇشتى. ئۇلار ھەر قېتىم تۇپراق بېشىغا بارغاندا قاپقارا چاچلىق، زىلۋا، كېلىشكەن، ياشلا بىر ئايالنىڭ ئۇ ياتقان تۇپراقنى قۇچاقلاپ، ئېسەدەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى، ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىن ئاققان

تارام ـ تارام ياش تامچىلىرى بارماقلىرى ئارىسىدىن تامچىلاپ چىقىپ، خۇددى سول بارمىقىدىكى كۆپكۆك ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكىنىڭ كۆزىگە ئوخشاشلا ۋىل ـ ۋىل ۋىلىلدايتتى. ئۇلار بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرۈپ، ئاھ ئۇرۇپ: «بىچارە ئايشەمگۈل!» دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشاتتى.

ئۇ ئايالنىڭ چاچلىرى ئاستا ـ ئاستا ئاقاردى. لېكىن، ئۇ قېرىپ تاكى ئالەمدىن ئۆتكۈچە ئۇ تۇپراقنى قۇچاقلاپ يىغلاپ، يوقلاپ تۇرۇشنى توختاتمىدى.

بۇ تراگېدىيىگە ئۆزى بىۋاسىتە قاتناشقان ياكى بۇ ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئاڭلىغان مەسۇم چوڭ قاتارلىق قىرىق نەچچە ئادەمنىڭ گاھى كۈلۈپ، گاھى يىغلاپ تۇرۇپ قىلغان تەسىرلىك بايانلىرىغا، شۇنداقلا ماڭا ئىلھام ـ مەدەت بېرىپ يازما ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن زۇلال ياقۇپ، خوجا ئابدۇراخمان، ئىسمائىل ئىبراھىم، مۇھەممەتئىمىن ئەخمەت، ئابلىمىت ئىمىن قاتارلىق ئۇستازلارغا ئالاھىدە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. لېكىن، سەۋىيەمنىڭ بەكمۇ چەكلىك بولۇشى سەۋەبلىك، بۇ تراگېدىيىنىڭ بەزى جايلىرى كەم ـ ئۈزۈك، سۇس چىقىپ قالغانلىقىدىن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن.

— ئاپتور

# بىرىنچى باب

# ئۇ تۆرەلگەن ماكان

ئوپال تەبىئەتىنىڭ تەڭداشسىز كارامىتىدىن خۇددى گۇلزاردەك گۇزەل، ساغلام ئانىنىڭ كۆكسىدەك بەرىكەتلىك يارالغانىدى.

قۇمالتاغ، بۆرىتوقاي تېغى، چۇمگەنتېغى، ئايۋاتى تېغى، بوستانتېرەك تېغى ... دەپ ئاتىلىدىغان، پامىرنىڭ خۇددى چۆكلىنىپ ياتقان تۆگىلەرنىڭ لوككىسىدەك ئېگىز - پەس كۆرۇنىدىغان، قاتمۇقات زەنجىرسىمان گىرەلىشىپ كەتكەن ئالتاغىل تاغ تىزمىلىرى باغرىدىن ئورۇن ئالغان، رەڭگارەڭ گۇللۇكتە باغۇبوستانلىق قارىباش، بەشباغ، يارغۇ، باشيارغۇ، موللامبېغى، كۆكچى، قۇمباغ، دوغلات، دۆ ئۆستەڭ، ھۆلجىگدە، نۇقەت، ئايدىڭكۆللەر ... خۇددى ئالتۇن زىرىنىڭ چېچەكلىرىدەك بىر - بىرىگە يانمۇيان تىزىلغان. بۇ كەنتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا خۇددى ئاشۇ زىرىنىڭ ياقۇت كۆزىدەك ياپيېشىل جۆلالىنىپ تۇرىدىغان ئوپال بازىرى جايلاشقانىدى.

كۇنپېتىش تەرەپتىكى تاغ، دەريا، بۇلاقلاردىن باشلىنىدىغان گاھى لاي - لاتقىلىق، گاھى سۇپسۇزۇك تەۋەررۇك سۇلار خۇددى قان تومۇرلاردەك بىر - بىرىگە ئەگرى - بۇگرى ھالدا تۇتاشقان چوڭ - كىچىك جىلغىلار ئارقىلىق كۇنچىقىش تەرەپكە قىشمۇياز ئۆكسۇمەي ئېقىپ، بۇ چەت، مۇنبەت زېمىننى سېخىيلىق بىلەن كۆكەرتىپ، كۆڭۇل ياشىرىدىغان ئارامگاھقا، بەرىكەتلىك ماكانغا ئايلاندۇرغانىدى.

بۇ گۇزەل دىيارنىڭ كۇنپېتىش تەرەپتىكى زامان -

زامانلاردىن بېرى مەرىپەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ توزۇماس گۈل ـ چېچەكلەرنى ئېچىلدۇرغان، مۇقەددەس روھىي دىللارنى يورۇتۇپ، تەنلەرگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىپ «ھەزرىتى مۇللام» دەپ ئاتالغان نامى جاھانغا مەشھۇر ئۇلۇغ ئەۋلىيا مەھمۇد قەشقەرىينىڭ تەۋەررۇك قەبرىگاھى بىلەن كۆنچىقىش تەرىپىدىكى «ئىماملىرىم» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ئۇنىڭ ئىخلاسمەن تالىپلىرى ئاكا ـ ئۇكا ئىمام مالىك ئەكبەر، ئىمام مالىك ئەسقەرلەرنىڭ قەبرىگاھلىرى باراقسان دەرەخزارلىقلار ئارىسىدىكى ئېگىز قىيالىقتا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ، كىشىلەرنى مەرىپەتپەرۋەرلىككە، باتۇرلۇققا چاقىرىپ تۇراتتى. بۇ ئۇستازلارنىڭ تەلىمىدىن سېھىرلەنگەن كىشىلەرنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكى، سېخىيلىقى، مەردلىكى، دوستانىلىقى، خەير ـ ساخاۋەتچانلىقى ... توپەيلىدىن بۇ سېخىي يۇرت زامان ـ زامانلاردىن بېرى دانىشمەنلەرنىڭ جەم بولىدىغان مەرىپەتخانىسىغا، پالۋانلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىدىغان ياخشى سورۇنغا، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ پاناھگاھىغا، ئىلىم تەشنالىرىنىڭ بىلىم بېغىغا ئايلانغانىدى.

«ئىماملىرىم» ھەققىدە رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەينى زاماندا مۇشۇ ماكاندا ئىمام مالىك ئەكبەر، ئىمام مالىك ئەسقەر ئىسىملىك ئىككى ئاكا ـ ئۇكا تالىپلار ياشاپ ئۆتكەنىكەن. ئۇلارغا ئۇلۇغ پىر ـ ئۇستاز ھەزرىتى مۇللامنىڭ بىر شاگىرتى ئۇستاز ئىكەن. ئۇ ئۇستاز شاگىرتلىرىنىڭ تولىلىقىدىن بەكمۇ ئالدىراش ئىكەن. تالىپلىرىنىڭ سەۋىيىسىگە قاراپ، ئۇلارنى بۆلەك ـ بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا نۆۋەت بويىچە دەرس ئۆتىدىكەن. بۇنداق نۆۋەت ھەر تالىپقا ئايدا ئاران بىرلا كېلىدىكەن. تالىپلار ئۆز نۆۋىتى كېلىپ بولغۇچە بىلىم ـ ئىلىم ئېلىش تەشنالىقىدا، ئۇستازىنىڭ نۇر يېغىپ تۇرىدىغان چېھرىنى بالدۇرراق كۆرۈشكە، ئىلىم ـ تەھسىللىرىنى بالدۇرراق ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ كېتىدىكەن. بۇ قېتىمقى دەرس ئاڭلاش

نۆۋىتى ئەتە بامداتتىن كېيىنلا باشلانماقچىكەن. ئاكا ـ ئۇكا ئىمام مالىك ئەكبەر، ئىمام مالىك ئەسقەرلەر ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ دەرس ئاڭلاش نىيىتىدە كېچىلەپ يولغا چىقىپتۇ. قارا جىلغا بىلەن قىزىل جىلغىنىڭ قوشۇلغان يېرىدە سۇ كېچىپ ئۆتۈپتۇ. «يەتتە قىزلىرىم» دېگەن مازارنىڭ قېشىغا يېقىن كەلگەندە، يىراقتىن بىر جۈپ چىراغنىڭ يورۇقى كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار ئەجەبلىنىپتۇ. ئاستا ـ ئاستا ئۇ چىراغلارغا يېقىنلىشىپتۇ. بېرىپ قارىسا رەخمەت ئىسىملىك ياشلا بىر يىگىت بىر جۈپ ئۆينىڭ مۆڭگۈزىگە بىر جۈپ چىراغنى تېڭىپ قوش ھەيدەۋاتقۇدەك، ئۇلار سالاملاشقاندىن كېيىن:

— ئى ئاغىنە، نېمە ۋەجىدىن كېچىدە قوش ھەيدەيسىز؟ ئالدىراشلىقتىن شۇنداق قىلامسىز؟ ۋە ياكى بولمىسا بىراۋ سىزنى كېچىدە قوش ھەيدەپ بېرىشكە زورلىدىمۇ؟ بىرەر زالىمنىڭ زۇلمىدىن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

يىگىت ناھايىتى مەيۇس ھالدا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئى ئاداشلىرىم، دادام ئۆلۈپ كەتكەن. ئانام تۇل، ياشاندى. دۇنيالىقتا يالغۇز مەن بىرلا ئوغلى بار ئىدىم، مەندىن ئۆزگە يەنە بىرەر يۆلەنچۈكى يوق ئىدى. يېقىندا تاغنىڭ ئۆڭكۈرىگە بىر ئەجدىھا پەيدا بولۇپ قالدى. كۈنلۈكى بىر ئادەم، بىر ھايۋان، بىر ئۇلاغ ئوت ـ خەسنى دەم تارتىپ يەيدۇ. ناۋادا ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق كۈنلۈكى بىر ئادەم، بىر ھايۋان، بىر ئۇلاغ ئوت ـ خەسنى يەتكۈزۈپ بەرمىسەك، ھەممە ئادەمنى بىراقلا دەم تارتىپ يەۋېتىدىكەن. شۇڭا، ئادەم نەسلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، يۇرت ئاقساقاللىرى مەسلىھەتلىشىپ، يەتتە يۇرتتىن كۈنلۈكى نۆۋەت بويىچە بىر ئادەم، بىر ھايۋان، بىر ئۇلاغ ئوت ـ خەس بېرىپ تۇرۇشنى ھۆددە قىپتۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن نۆۋەت تەرتىپى بەلگىلىنىپتۇ. ئاشۇ نۆۋەت تەرتىپى بويىچە ئۆلۈم نۆۋىتى ماڭا كېلىپ قالدى، ئەتە مېنى ئەجدىھاغا تاشلاپ بېرىدۇ.

شۇڭا، ئانام كىشىنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ قالمىسۇن، ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ خىزمىتىنى قىلىۋالاي دەپ ئالدىراپ، كېچىلەپ قوش ھەيدەۋاتىمەن. مەن ئۆلۈشتىن ئىلگىرى يەرلەرنى ھەيدەپ تۈگەتمىسەم بولمايدۇ، خوش ئاداشلار.

ئۇ شۇنداق دەپلا يەنە قوشنى ھەيدەشكە چۈشۈپتۇ. ئەجدىھاغا غەزىپى ئۆرلىگەن ئۇ ئاكا-ئۇكا تالىپلار خىزىر ئۇستاز ھەزرىتى موللامىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى قالدۇرماي بىرمۇبىر بايان قىپتۇ ھەمدە ئۆزلىرىگە ئاشۇ ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈشكە ئىجازەت بېرىلىشىنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇستاز بۇ بالا - قازانى ئاڭلاپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. قولىغا شەمشىرىنى ئېلىپ: «بالىلىرىم، مەن باراي، بالا - قازانى مەن تۈگىتەي، خەلقنىڭ مۈشكۈلىنى ئاسان قىلاي! ئاللا مېنىڭ بۇ مۇقەددەس بۇرچۇمنى ئادا قىلىشىمغا ئىجابەت قىلغاي، ئامىن» دەپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپتۇ. ئاكا - ئۇكىلار يىغلىشىپ تۇرۇپ يالۋۇرۇپتۇ:

— ئەلگە ئىلىم، باشپاناھ ئەلادۇر. ئەل ھەزرەتلىرىگە موھتاجدۇر، جاھان تالىپلىرى ئۇستازلىرىنىڭ ئىلىم ئۆگىتىشىگە تەشنادۇر. مانا بۇ ھەزرەتلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىدۇر. ئەجدىھانى يوقىتىشقا بىز قادىرمىز. ھەزرەتلىرىنىڭ بېرىشى ھاجەتسىزدۇر، بىزگە ئىجازەت قىلغايلا.

ئۇستاز ئۇزاق ئويلاپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ. لېكىن، كىمنىڭ بېرىشى توغرىسىدا ئاكا - ئۇكىلار تالىشىپ قاپتۇ. ئۇ مەن بارىمەن دېسە، بۇ مەن بارىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ، ئۆز ماھارەتلىرىنى سۆزلىشىپتۇ. ئۇستاز ئىمام مالىك ئەسقەرنىڭ گۇمپىسىنىڭ ئارتۇقراق ئىكەنلىكىنى پەملەپ، ئۇنىڭ بېرىشىغا ئىجازەت قىپتۇ. ئىمام مالىك ئەسقەر ئاكىسىنىڭ شەمشىرىنى بىر يېنىغا، ئۆزىنىڭ شەمشىرىنى بىر يېنىغا تېڭىپتۇ. ئۇستازىنىڭ شەمشىرىنى چىڭ تۇتۇپ كۆكرىكىگە تىرەپ تەييارلىنىپتۇ. شۇئان ئۇستاز دەرھال ئىككى كۆلچەك

تەييارلاشنى، بىرىنى كۆك ئىنەك سۈتى بىلەن، يەنە بىرىنى سېرىق ئىنەك سۈتى بىلەن تولدۇرۇشنى جاكارلاپتۇ. ناۋادا ئىمام مالىك ئەسقەر يارىدار بولۇپ ئوڭ يېنىغا يىقىلسا، كۆك ئىنەك سۈتىدە يۇيۇشنى، سول يېنىغا يىقىلسا سېرىق ئىنەك سۈتىدە يۇيۇشنى، شۇنداق قىلغاندىلا ئەجدىھانىڭ زەھىرىنى قايتۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى جېكىلەپتۇ.

ئىمام مالىك ئەسقەر ئەجدىھانىڭ چىقىشىنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. بىرھازادىن كېيىن، خۇددى قارا دۆدەك بىرنېمە يىلاندەك تولغىنىپ، سۇرۇلۇپ چىقىپتۇ ـ دە، ئاغزىنى خۇددى غاردەك يوغان ئېچىپ، بىرلا دەم تارتقانىكەن، ئىمام مالىك ئەسقەر خۇددى شامال ئۇچۇرۇۋەتكەن غازاڭدەك ئۇچۇپ بېرىپلا ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا كىرىپ كېتىپتۇ. يانلىرىغا تېگىۋالغان شەمشەرلەر ئەجدىھانى يېرىپ ئىككى يارتا قىلىپ تاشلاپتۇ. ئىمام مالىك ئەسقەرمۇ زەھەرلىنىپ ئوڭ يېنىغا يىقىلىپتۇ. ئۇنى كۆك ئىنەك سۈتىگە چىلاپ يۇغان بولسىمۇ، زەھەر قايتالماپتۇ. سۈتنى تەكشۈرۈپ كۆرسە سۈتكە سۇ ئارىلاشتۇرۇپ قويغانلىقى مەلۇم بوپتۇ. ئەسلىدە كۆك ئىنەك ئاز بولغانلىقتىن سۈت كەملەپ قالغان، «تەسىرى بولماس» دېگەن خام خىيال بىلەن كۆك ئىنەك سۈتىگە سۇ ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلغانىكەن. خالايىق ئىمام مالىك ئەسقەرنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ تۇرار جايىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. قارا جىلغا بىلەن قىزىل جىلغىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا كەلگەندە ئۇ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. قارا سۇ بىلەن قىزىل سۇ ماتەم تۇتۇپ، ئەسلىدىكى قوشۇلىدىغان جايىدا قوشۇلماي، سەككىز يۈز قەدەم نېرى بېرىپ ئاندىن قوشۇلۇپتۇ. ئۇنى دەل شۇ جايغا دەپنە قىپتۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئاكىسى ئىمام مالىك ئەكبەر ۋاپات بولغاندا ئۇنىمۇ ئىنىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىپتۇ.

بۇ ئاكا ـ ئۇكا ئىماملار ئەسلىي چېلىشچى، چەۋەندازلارنىڭ سەردارلىرى ئىكەن. ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن ۋاقتى دەل ھوشۇر ئېيىدا يۈز بەرگەنىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ قەبرىگاھى

جامائەتنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان ئۇلۇغ مازىرىغا، بۇ تەۋەررۇك مازار جايلاشقان خاسىيەتلىك زېمىن، ئۇلارنىڭ مۇقەددەس روھىغا ئاتاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغان، نەزىر - چىراغ، زاراخەتمە ئۆتكۈزىدىغان ئۇيچە سورۇنىغا، پالۋانلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىدىغان قايناق قاينىمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ قايناق پائالىيەت ھەر يىلى ھوشۇر ئېيىنىڭ دەسلەپكى كۈنلا باشلىنىپ توپتوغرا قىرىق كۈن داۋاملىشىدىغان ئادەت بارلىقتا كېلىدۇ.

زامان - زامانلار ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، ئاكا - ئۇكا ئىماملىرىمنىڭ مۇقەددەس روھى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە خۇددى ئۆچمەس چىراغدەك يانماقتا. كىشىلەر ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلماقتا، ئۇلارنىڭ روھىدىن مەدەت تىلىمەكتە. ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئات - ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىگە دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ بولۇپ، ئاندىن يوللىرىغا راۋان بولماقتا.

# ئىككىنچى باب

## مەڭگۈلۈك ئاھانەت

1906 ـ يىلى ئۆپال.

«ئىماملىرىم»دا ھەر يىلى ئەتىيازلىق تېرىقچىلىق مەزگىلىدىن ئىلگىرى باشلىنىدىغان قىرىق كۈنلۈك سەيلىنىڭ ئاخىرقى ھەپتىسى، چارشەنبە.

بۈگۈن سەيلە تازا قىزىپ كەتكەنىدى. گوياكى پۈتكۈل ئىنسانلار، ئات ـ ئۇلاغلار بۈگۈن مۇشۇ خاسىيەتلىك دىيارغىلا جەم بولغاندەك، ئات ـ ئۇلاغ، ئادەمنىڭ تولىلىقىدىن بەكمۇ قىستا ـ قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتكەنىدى، ھەتتا دەسسەپ ئۆتكۈدەك كىچىككىنە جايىنى ئىزدەپ تېپىشمۇ خېلى مۈشكۈل ئىدى. توپا ـ توزاندىن نەپەس سىقىلىپ كۆڭۈل ئېلىشاتتى. چۈشكۈرۈك، يۆتەل تۇتۇپ ئارام بەرمەيتتى.

ئۇلۇغ ئەۋلىيالار قەبرىگاھى ــ «ئىماملىرىم» دەپ مۇقەددەس نام بىلەن مەشھۇر بولغان شالاڭ دەرەخزارلىقلار ئارىسىدىكى بۇ جايىنىڭ ئېگىز ـ ئېگىز دۆڭلۈكلىرى، ئويمان ـ چوڭقۇرلىرى، جىرالىرى، ئېگىز ـ پەس تاغ قاپتاللىرىدىكى كارامەتچىلىك مۆجىزە ــ تۇشمۇتۇشتىكى بۇلاقلاردىن بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىپ تاغ قاپتاللىرىنى بويلاپ پەسكە شىرقىراپ چۈشكەن سۈپسۈزۈك سۇ بىلەن تېمىپ ئېقىۋاتقان جىلغا بويلىرى، مەرىپەت گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرغان ئۆپاللىقلارنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرى، باغۇبوستانلىرى، يوللار، دەل ـ دەرەخلىك ئېگىز ـ ئېگىز دۆڭلەر، قارا جىلغا، قىزىل جىلغا بويلىرى ... مىغ ـ مىغ سەيلىچىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى.

قويۇن ئارىلاش شامال چىقىپ غازاڭ، ئەخلەت - چاۋارلارنى ئۇرۇپ، توپىلارنى توزۇتاتتى. زېمىندىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزاننىڭ قويۇقلۇقىدىن ئاسماندا لەيلىشىپ يۈرگەن سۈس ئاق بۇلۇتلار ئاستىنى خۇددى ھېلى قارا بوران باستۇرۇپ كېلىدىغاندەك قىزغۇچ تۇمان قاپلاپ، كۈننىڭ نۇرىنىمۇ غۇۋالاشتۇرغانىدى. ئاچچىق چاڭ - توپا دىماغنى ئېچىشتۇراتتى، قۇرۇق يۆتەل تۇتاتتى، چۈشكۈرتەتتى. لېكىن، كىشىلەرنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمايتتى. ئوغلاق ئوينايتتى، چېلىشاتتى، ئىلەڭگۈچ، سارغايدى ئوينايتتى. توپ - توپ بولۇشۇپ نەغمە - ناۋا قىلىشاتتى. ئەلنەغمىچىلەر داپ ئويىنىتىپ مۇڭلۇق مۇقام كۈيلىرىگە چېلىشاتتى. دارۋازلار مۇئەللەقتە موللاق ئاتاتتى. پاقلان قىز - چوكانلار بوستان چاچلىرىنى تېقىملىرىغا لىك - لىك تاشلاپ ئىلەڭگۈچ ئۇچۇشاتتى. مەدداھلار ساپايىلىرىنى سوقۇشاتتى. ئاشپەز، ناۋاي، قاسساپ، باققاللار ئاغزى بېسىلماي خېرىدار تووۋلىشاتتى.

باقاخۇن ئوغلى جۇمەخۇننى كۆتۈرۈپ توختىمىخان بىلەن جامائەتنى ئارىلاپ يۈرۈپ سەيلە قىلماقتا.

«ئىماملىرىم» مەسچىتىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى تەكشى، كەڭ - كەڭرى ئويمانلىقتا دۆڭ باغرىنى بويلاپ قاتارىسىغا جۈپ - جۈپ ئىلەڭگۈچ تۈۋرۈكلىرى ئورنىتىلغانىدى. دۆڭنىڭ قاپتىلىدا ئاچىماق - ئاچىماق شاخلاپ ئۆسكەن، قۇچاق يەتكۈسىز، ھەيۋەتلىك قاپاق تېرەكلەرنىڭ شاخلىرىغا، ئىلەڭگۈچلەرگە ئۇدۇللاپ ئېسىلغان توم - توم ئارغامچىلار يەرگە سۆرىلىپ تۇرۇشاتتى. ئۇ ئارغامچىلارنىڭ قېشىدا توپ - توپ قىز - چوكانلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، نۆۋەت كۈتۈشۈپ تۇراتتى.

ۋاي - ۋۇي، ماۋۇ قىزنىڭچىلىقنى! ئەسلىي تاماشا بۇ يەردە ئىكەنغۇ! بەللى! ئۇچۇشىدىن چۈشۈشى قىزىق، چۈشۈشىدىن چىقىشى ئۈنىڭدىن قىزىق. كىشىنى خۇددى ئۈچۈرما بولغان قارلىغاچلارنىڭ شاختىن شاخقا قونغىنىغا ئوخشاش

زوقلاندۇراتتى. جۈپ ـ جۈپتىن پاقلان قىز ـ چوكانلار ئىلەڭگۈچلەردە بوستان چاچلىرىنى تېقىملىرىغا لىك ـ لىك تاشلاپ، ھەۋەس بىلەن شۇنداق ئېگىز ۋە تېز ئۇچۇشاتتىكى، تۇشمۇتۇشتىن: «ئېھ ! ۋاي ! يا ھەزرەت ! ئاپلا بولمىدى ! ۋاي خۇدايىم» دېگەندەك ئەنسىز سادالار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ شامال تولۇپ كۆپتۈرۈلگەن كۆڭلەكلىرى غۇر ـ غۇر شامال چىقىرىپ غۇيۇلدايتتى. قاتار ئىلەڭگۈچلەرنىڭ بىرى كۆتۈرۈلسە، يەنە بىرى پەسلەيتتى. بۇ خۇددى ھاۋا ئۈزگىرىش ئالدىدا تاختا بولغان بۇغدايلىقتا پەرۋاز قىلىۋاتقان قارلىغاچلارغا ئوخشايتتى. ئۇلار ئۇچا ـ ئۇچا ئاخىر ھېرىپ قالاي دېگەندە ئىلەڭگۈچ ئاستا ـ ئاستا پەسلەيتتى ـ دە، چۈشۈش نۆۋىتى كەلگىنى دۆڭدىن شۇڭغۇتۇپ بېرىلگەن ھېلىقى ئارغامچىغا شاپپىدە ئېسىلىپلا قاڭقىپ بېرىپ تېرەكنىڭ يېنىدا توختاپ چۈشۈۋالاتتى. ئىلەڭگۈچ كۆتۈرۈلۈپ يەنە بىر پەسلىگەندە، بۇ تەرەپتە چىقىش نۆۋىتى كەلگەن بىرى يەنە شۇ ئارغامچىغا ئېسىلىپلا قاڭقىپ بېرىپ ئىلەڭگۈچكە توغرىلىناتتى ـ دە، لىككىدە چىقىۋالاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىلەڭگۈچلەر توختىمايتتى، ئۇچىدىغانلار نۆۋەتلىشىپ ئارقا ـ ئارقىدىن چىقىۋېرەتتى. ئون نەچچە مويسىپىت ئۇچۇشى ئېگىز، چىقىپ ـ چۈشۈشى چاققان، چەبدەس قىز ـ چوكانلارنى، بىرەر كىيىملىكتىن شايى ـ ئەتلەس ياكى ياغلىقلار بىلەن تارتۇقلاپ تۇرۇشاتتى. جامائەت توختىماستىن «بارىكاللا !» ئوقۇيتتى. «كۆز تەگمىسۇن ! ئايھاي ! ... ياشاپ كەت ئەزىمەتلەر !» دەپ گۇر ـ گۇر تۇۋلىشاتتى. ئۇلارنىڭ قارلىغاچلاردەك پىلدىرلاپ ئۇچۇشلىرى باقاخۇن ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى زوقلاندۇرۇۋەتتى. ئۇلار ھەۋەسلىنىپ ئاغزىنى ئېچىشقانچە تۇرۇپلا قېلىشتى. جۇمەخۇن قارغىش قىلىپ تېپىرلىغىلى تۇردى. لېكىن، ئۇلار يەنىلا ئىلەڭگۈچ تاماشىسى بىلەنلا مەستخۇش بولۇپ كەتتى. ھەممىنى ئۇنتۇپ ئىلەڭگۈچلەرنىڭ

ئۆچۆشىغا ھاڭۋىقىپ قاراپ، ئىلەڭگۈچ قايسى تەرەپكە ئۆچسا، ئۇلارنىڭ بىشىمۇ شۇ تەرەپكە ئەگىيتتى. جۇمەخۇن تىپىرلاپ زادىلا جىم تۇرغىلى ئۇنىمىدى، تىپىچەكلەپ پەسكە سىيرىلدى، باقاخۇن ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا بالىسىنى يەرگە قويدى. كۆزى يەنىلا شۇ ئويۇندا بولۇپ قالدى. ئۇزاق ئۆرە تۇرغانلىقىدىن پۇتلىرى تالدى بولغاي، ئۆز ئىغىرلىقىنى ئۇ پۇتىدىن بۇ پۇتىغا يۆتكەپ تۇرىۋەردى. بەك قىزىقىپ كەتكەنلىكىدىن ئىگىزرەك يەردە ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ راھەتلىنىپ كۆرمەيمۇ دەپ ئويلىدى - دە، تۇيۇقسىز بالىسى ئىسىگە كىلىپ ئىككى يانغا قارىدى، خوتۇنىغا قارىدى، بالا يوق. ئۇيان - بۇيان ئىزدەشتى، ھىچ يەردە كۆرۈنمىدى. «جۇمەخۇن ! جۇمەخۇن ! » دەپ توۋلاشتى، جاۋاب بولمىدى. كۆرگەن - بىلگەنلەردىن سوراشتى، لىكىن، ئىز - دىرىكى بولمىدى. ئاخىر بۇلار يەنە ھىلىقى ئىلەڭگۈچ كۆرگەن يەرگە كەلدى. ئۇيان - بۇيان قاراۋىتىپ يول بويىدىكى ئۆجمىلىككە كۆزى چۈشتى. ئۆجمىلەرگە يۆلەپ سىلىنىغان چوڭ سۇپىدا ئون نەچچە بەگزادە گىلەم ئۈستىدە بەزمە قۇرۇشۇپ ئولتۇرۇشاتتى. ئاغزى بىسىلماي قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. كۈلۈشۈپ - كۈلۈشۈپ پەسلەيتتىيۇ، يەنە شۇ ھامان ئۆپكىسى كەتكەندەك كانايلىرىنى قىقىشىپ كۈلۈشۈپ كىتەتتى. «ۋاي قورسىقىمىم !» دەپ تولا كۈلۈپ سانجىق تۇرۇپ قالغان قورساقلىرىنى مۇجۇقلايتتى. باقاخۇن شۇنداق قاراپلا جۇمەخۇننى كۆرۈپ قالدى. ئۇ سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا تەم - تەم دەسسەپ ئۇنىڭ - بۇنىڭغا قاراۋاتاتتى. بەگزادىلەر قاداقلاشقان قورساقلىرىنى تۇتۇشۇپ تىلىقىپ - تىلىقىپ كۈلۈشەتتى. باقاخۇن ئەر - خوتۇن يۈگۈرۈشۈپ يىتىپ كەلگەندە بەگزادىلەرنىڭ پاراڭلىرى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا چۈشۈپ قالدى:

— ۋاي تونۇمامدىغان ! بۇ ھارام تاشاقنىڭ دادىسى بىر ماكانسىز، ئانىسى قەلەندەر ئەۋلادى.

— ھارام... ھارام ! مانا، ھە ! ...

— بالىسى هارام ... ئانىسىنى هالاللاپ ... قەلەندەر بولسىمۇ ... ها ـ ها ـ ها ! ...

— ۋاي ـ ۋوي بەگزادەم، سىلىگە تەلمۈرۈۋاتىدۇغۇ؟ تونۇپ قالدىمۇ نېمە؟ يوتقان تېشىدا ! ...

— ها ـ ها ـ ها ! ...

— بەلكىم ئانىسى كۆرسىتىپ قويغاندۇ.

— قەلەندەر دېگەننى بىر تۇغرام نان بىلەن ـ هە؟ ها ـ ها ...

— بۇ شۇمتەككە قەلەندەرچىلىك ئەۋلادىدىن مىراس قالغان تەۋەررۇك دېسىلە؟

— شۇنداق، ئەسلىي زاتى قەلەندەر. نەسلى ماكانسىز ...

— بولدى ـ بولدى، كىچىك بالىدا ئەيىب يوق. كىچىك بالا قۇرئاندىن ئۇلۇغ دېگەن گەپ بار. ئاغزىدىن سۈت تېمىپ تۇرغان بالىغا شەك كەلتۈرمەيلى، قەلەندەرچىلىك قىلىپ رىزقىنى تېپىپ يېيىشنىمۇ يامان دېگىلى بولمايدۇ. بۇمۇ ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن بولغان. ئاللانىڭ بەندىسى ـ دە !

— ۋوي، بەگزادەم، نېمە بولدىلا؟ جۇۋىلىقنى ئۇرسا تونلۇققا دەز كېتىپتۇ دېگەندەك، ئۆزلىرى تەرگەپ قالدىلىغۇ؟ يا، ياكى سىلىنىڭمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئازراق ئىچىپەش ... هە؟ ـ ها ـ ها ! ...

توختىخاننىڭ غەزەپ ئاچچىقى كەلدى ! يۈرىكى يىڭنە سانجىلغاندەك زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. ئاچچىقىدا ئۇ نومۇسسىزلارنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ، خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋاسىنى چىقىرىپ، ئوبدانلا پۇسكايتىپ دەردىنى ئالماقچى بولدىيۇ، چەتتىرەك بىر جايدا ئۇ ئەبلەخلەرگە غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قاراپ تۇرۇشقان تۆت ـ بەشتەك مويسىپىت موللىلارنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇلاردىن نومۇس قىلدى ـ دە، يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان قەدەملىرى تۇيۇقسىز توختاپ قېلىپ جايىدىلا تۇرۇپ قالدى. بولمىسا توختىخان دېگەن شۇ ! ئۇنداق بىلىنىڭ تۆۋىنىگە سۇيۇقئاش بارمىغان پوچى بايۋەچچىلەرگە ئوبدانلا تېتىيتتى !

خەپ مۇناپىقلار ! ئاھ ! بۇ ئاھانەتنى ! ... ئۇنىڭ غەزەپتىن كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئاق سېرىق مەڭزىلىرى تاتىرىپ سامان رەڭگىنى ئالدى. ياغلىقىنى چىشلىدى. يوغان - يوغان جۇپ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى.

ئاھ خۇدا ! پېشانىسىگە پۈتۈلگەن دىشۋارچىلىق تامغىسى ! ... ئوتتىمۇ كۆيمەيدىغان، سۇدىمۇ ئېرىمەيدىغان، ئاقمايدىغان مەڭگۈلۈك ئاھانەت !

ئاتىدىن بالىغا ... بالىسىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان مەڭگۈلۈك ئاھانەت ! ... «دىۋانە ! ...»

ئاھ خۇدا ئۆزۈڭ بار ! ...

باقاخۇن گۇس - گۇس دەسسەپ مېڭىپ سورۇنغا كىرىپ كەلدى. بالىسىنى قولىغا ئالدى، بېشىنى سىلىدى. توپىلىرىنى قىقىۋېتىپ مەڭزىلىرىگە چوككىدە سۆيدى. شۇ ئارىدا ھېلىقى بايۋەچچىلەردىن بىرى شالىنى چاچتى:

— باقاخۇن ! مۇبارەك بولسۇن ! بۇ بالىنى ئەسلىي زاتىنى ئۇنتۇمىسۇن دەپ خېلى ئەجىر قىلغان ئوخشايدىلا، كىچىككىدىلا نەسل - زاتىنىڭ مۇبارەك ئۇدۇمىنى ئۆگىتىپتىلا. ئەقىللىرىگە بارىكالla ! ئەمدىزە، بۇ بالىنىمۇ جۇمە دىۋانى دېسەك خوپ ياراشقۇدەك، ھا - ھا ! ... جۇمە دىۋانى ! ... ھا - ھا ! ... تەۋەررۇك مىراس ... ھا - ھەي !

— ھا - ھا ! ھا - ھا ! ...

— ھا - ھا - ھا ! ... ھى - ھى ...

— ۋاي قورساقلىرىم ! ...

باقاخۇن غۇژژىدە بولدى. بېشىغا توقماق تەگكەندەك تۇگۈلۈپلا قالدى. غەزەپتىن قارىمۇتۇق رەڭگى تۆمۈردەك قارىداپ كەتتى. يارىشىملىق شاپ بۇرۇتى لىك - لىك تىترىدى.

— تەقسىر، ئېشەك سۆيدۈكىدە بولسىمۇ ئېغىزلىرىنى چايقىۋېتىپ گەپ قىلسىلا. ئەتىگەندە غالجىر ئىتنىڭ يىلىكىدە ناشتا قىلغانمىدىلە !؟ بۇ بالا قەلەندەرچىلىكنى ئۆگىنىپ

قالسىمۇ، بۆلاڭچىلىقنى ئەسلا ئۆگەنمەيدۇ، ئەسلىي زاتى بۆلاڭچى ئەمەس!

جامائەت گۈرردە يىغلىدى. بەزىلىرى ئىغىزلىرىنى تۇتۇپ پىخىلداپ كۈلۈشسە، بەزىلىرى ئاۋازىنىڭ بارىچە قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى:

— ھا ـ ھا ـ ھا! ... جايىدا بابلىدى، تازا جايلىدى!

— خوپ بولدى. ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ بۆلاڭچىلىقىنى كىم بىلمەيدۇ.

— ئۆزىمۇ قايسى بۆلاڭچىدىن كەم؟

ھېلىقى بەگزادىنىڭ تۆت ـ بەش لۈكچەكلىرى باقاخۇنغا تەڭلا ئېتىلدى. لېكىن، ئۇمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ زامانىسىنىڭ جامائەت ماختايدىغان نوچىسى ئىدى. ئالدىغا كەلگەننى قوچقارچىلاپ كاللا قويۇپ يىقىتاتتى. ناھالىلىق ئۆتۈكى بىلەن پاچاقلىرىغا قارس ـ قارس تېپىپ دوم چۈشۈرەتتى. پەشۋالاردىن ئۆزىنى چاققانلىق بىلەن قاچۇرۇپ گەدەنگە سالاتتى.

بەگزادىنىڭ لۈكچەكلىرىنىڭ پىچاقلىرىنى سۇغۇرۇشتى. باقاخۇننى چۆرىدەپ كېلىپ يەنە غەزەپ بىلەن ئېتىلدى. باقاخۇن شاققىدە ئۆزىنى بىر يانغا ئالدى. يولدا تۇرغان بىر ھارۋىغا كۆزى چۈشتى ـ دە، سەكرەپ بېرىپ ھارۋىنىڭ بىر بالدىقىنى سۇغۇرۇپ ئالدى. لېكىن، بۇ جېدەل ئۇزاققا سوزۇلمىدى. باقاخۇننىڭ يالغۇزلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى پەملىگەن قىرىق ـ ئەللىكتەك ئادەم گۈرردە قىستىلىپ كىرىپلا ئۇلارنى ئاجرىتىۋەتتى. بۇ جېدەلدە باقاخۇن زىيان تارتمىدى، گەپتىمۇ كەتكۈزۈپ قويمىدى، جايىدا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ ئۇلارنىڭ يىغىرىنى ئېچىۋەتتى. ئۇنىڭغا ئۇچ ـ تۆت پەشۋا تېگىپ كەتتى.

لېكىن، ئۇ بۇنىڭغا ھېچنېمە بولمايتتى. پەرۋايىغىمۇ كەلمەيتتى. لېكىن، ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمەي كىشىلەرگە تۇزۇكرەكمۇ قارىيالماي كۆڭلى مەيۈس يۈردى، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى، چىشلىرى غۇچۇرلايتتى. توختىخان مىش ـ

مىش يىغلايتتى. باقاخۇنغا تىكىلىپ قارىيالمايتتى. ھەپتە ئۆتتى، ئۇلار ئۆيدىن تالاغا چىقمىدى، نەزىر ـ چىراغلارغىمۇ بارمىدى، جىم ـ جىممىدە بولۇشۇپ كەتتى، باقاخۇن خېلى بىلىنگۇدەك كۆتۈرۈلۈپ قالغان توختىخاننىڭ قورسىقىغا پات ـ پات قاراپ قوياتتى. ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى.

* * *

باقاخۇن خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولدى، لېكىن جاينامازدىن قوپمىدى. پەرزەنت ئوتىدا يۈرىكى ئۆرتىنىپ، ئاللادىن ئۇلارغا نىجاتلىق تىلەپ يىغلاپ ئولتۇرۇپلا قالدى.

تەڭرى ئۇنىڭغا ھەممە ئەزاسى بىجىرىم، ساغلام بىر ئوغۇل ئاتا قىلدى. شۇ تاپتا ئۇچۇرما بولۇپ قالدى. تەڭرى ئۇنىڭغا يەنە رىزقى بەرسە بۇگۇن ـ ئەتە ئۇچىدۇ، قانات قېقىپ پەرۋاز قىلىدۇ، قاتارغا قوشۇلىدۇ. تەڭرى ئۇنىڭغا يەنە ئۇكىلىرىنى بېرىدۇ. ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ساغلام چوڭ بولىدۇ.

باقاخۇن دۇئاغا قولىنى كۆتۈردى. تەنلىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى. «ئامىن، ئاھ خۇدا ! ئاجىز بەندەڭمەن. گۇناھلىرىم ئۇچۇن مىڭ مەرتەم تەۋبا قىلىمەن. دوزاخنىڭ قەرىدە كۆيۈپ كۇل بولۇشقا لايىقمەن. ئىمانىمنى پاك قىلغايسەن، ساپ ئىمانىم بىلەن دەرگاھىڭغا كېتىشكە نېسىپ قىلغايسەن. بالىلىرىمنى خېيىمخەتەردىن، بالا ـ قازادىن، غېرىب ـ غۇرۋالىقتىن، قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتتىن ساقلىغايسەن، ئۇلارغا پاك ئىمان بەرگەيسەن، ئۇلارنى دىۋانىنىڭ ئەۋلادى دېگەن يامان ئاتاقتىن ساقلىغايسەن، ئۇنداق شۇم ئېغىزلارنىڭ زۇۋانىنى بەند قىلىۋەتكەيسەن ... ئاللاھۇ ئەكبەر ...»

دۇئادىن توختىغاندا ئۇنى چىلىق ـ چىلىق تەر باسقان، ئەزايى بەدەنلىرى بوشىشىپ، لايدەك ئېزىلىپلا كەتكەنىدى. پۇت ـ قوللىرى بەزگەكتەك لاغ ـ لاغ تىترەيتتى. بۇ بىر تەقۋادار

مۇسۇلمان ئاللاتائالاغا چىن ئىخلاسى بىلەن مۇناجات ـ ئىلتىجا قىلغاندا كۆرۈلىدىغان ئالامەت ئىدى.

ئاھ باللىرىم! ... شۇ باللارنى دەپ مانا ئەمدى ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، ئاتا ـ ئانا، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنىڭ، يار ـ بۇرادەرلىرىنىڭ قەبرە ـ تۇپراقلىرىنى باغرىغا ئالغان، ئۇ بەكمۇ سۆيىدىغان ئانا يۇرت ئوپالدىن كەچمىسە بولمىدى. بولمىسا، ئۇلار «ماكانسىز، قەلەندەر!» دېگەن ئاھانەتتىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدۇ. شۇنداق، ئۆزىنىڭ بوۋىسى ئەسلىي باشقا يۇرتلۇق ئىكەن، مۇساپىرچىلىقتا بۇ يۇرتقا كېلىپ قالغانىكەن. توختىخاننىڭ ئاتا ـ بوۋىسى مۇشۇ يۇرتلۇق بولسىمۇ، يوقسۇزلۇقتىن تىلەمچىلىك قىلىپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولغانىكەن. ياق، ئەمدى بولمايدۇ! زادى بولمايدۇ! ... دىۋانە! ... ماكانسىز! ۋاي خۇدايىم! بۇ خورلۇق، ئاھانەتكە ئۆزلىرى چىداپ كەلدى. پېشانىسىگە پۈتۈلگەنىكەن، ئىلاجى يوق ئىچىدە قان يىغلىدى، قاقشىدى، ئەمدىزە، باللىرى! ... ياق، ياق! باللىرى ئۇنداق ئاھانەتكە قالمىسۇن! ئۆزىمىزنىڭ تەكتىنى بىلمەيدىغانلارنىڭ يۇرتىغا كېتەيلى! شۇندىلا باللار ئەنە شۇ ئاھانەتلەردىن قۇتۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ زۇۋانى تۇتۇلغۇچە، ھېچبولمىغاندا، بىزنى ئۇنتۇغۇچە بولسىمۇ مەيلى! بۇ يۇرتتىن كېتەيلى! كۆزىدىن يىتەيلى! بولدى، ئوپالدىن كەچمىسە زادى بولمىدى، ياقا يۇرتلاردا سەرسان ـ سەرگەردان بولسىمۇ، دۇم يېتىپ، دۇم قوپسىمۇ، ئاچلىق، جاندىن ئۆتىدىغان جاڭ ـ جاڭ سوغۇقنىڭ دەردىنى بولدى دېگۈچە تارتسىمۇ، قەدەمدە توققۇز تەزىم، بىر پارچە نان، ياتقۇدەك كىچىككىنە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلار ... ئۇچۇن بوينىنى قىسىپ كۈچۈكلىنىپ، خورلانسىمۇ مەيلى! ... جان ئامان بولسىلا ئۇ ھەممىسىگە چىدايدۇ! ئاشۇ قارا كۆز باللىرىدىن باشقا ئۇنىڭ يەنە نېمىسى بار! مېلىدىن، جېنىدىن كېچىدۇكى، ھەرگىز ئۇلارنى چېقىل ـ چۇقۇلغا ئۇچراتمايدۇ! شامالغا دارىتمايدۇ. ئاللا يولىدا ئەلگە يارامىلىق پەرزىلەتلىك ئادەم

قىلىپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار ئەل ـ جامائەت ئۇچۇن، يۇرت ئۇچۇن ھەقنى سۆزلەيدىغان، ھەق ئىشنى قىلىدىغان لىللا ئادەم بولسىلا، ئۇ شۇنىڭغا رازى بولىدۇ، شۇكۇر قىلىدۇ. ئانىسىنىڭ ئاق سۈتىنى ھالاللاپ ئەمگەن، ئاش ـ ناننى ھالال يېگەن بولىدۇ. ئاھ، كۆز قارىچۇقلىرىم ...

شۇ تاپتا ئۇ جايىنامازدا ئولتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى ئوپال ئاسمىنىدىن ئەگىپ ئۇچۇپ يىراقلارغا پەرۋاز قىلدى ...

بىر كۈنى ئاخشىمى باقاخۇن بالىسى جۇمەخۇننى مەڭزىگە يېقىپ تۇرۇپ، ئاستا لېكىن قەتئىي تەلەپپۇزدا شىۋىرلىدى:

— توختىخان، بىر خورجۇن نان تەييارلىغىن، بولدى بۇ يۇرتتىن كەتتىم. ياقا يۇرتلارغا كېتەيلى. ئۇ يەرلەردە ئەجدادىمىزنىڭ كىملىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. پۇت ـ قولىمىزنىڭ پەنجىسى بەش، نەگىلا بارساق رىزقىمىزنى تېپىپ يېيەلەيمىز. بىز نېمە بولساق مەيلى، بالا شۇ قەلەندەر ...

«ئاپلا! شۇم ئېغىزلىقىم، دېمەيدىغان گەپ چىقىپ كەتتى.» ئۇنىڭ بېشى چۇشۇپ كەتتى. پۇشايمان ئىلكىدە قېلىپ تىت ـ تىت بولدى، كەچۈرۈم سورىغاندەك يېلىنىش بىلەن خوتۇنىغا تەلمۈردى. توختىخان گەپ ـ سۆز قىلمىدى، تاتىرىپ كەتكەن لېۋىنى چىشلەپ شۈككىدە ئولتۇردى.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتتى. باقاخۇن بۇ يۇرتتىن كېتىش نىيىتىدىن يەنىلا يانمىدى. لېكىن، بۇ نىيىتىنى ئايالى توختىخاندىن باشقا ئىنسانغا تىنمىدى. شۇ ئارىدا ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرىنىڭ تۇپراق ـ قەبرىلىرىنى يوقلاپ، دۇئا ـ تەكبىرلەرنى قىلىپ، ئۇلار بىلەن خوشلىشىۋالدى، يول تەييارلىقىنى قىلىپ پۈتتۈرۈۋالدى. بىر كۈنى ئاخشىمى ئەل ئۇيقۇغا كەتكەندە توختىخان بىلەن جۇمەخۇننى بىر ئېشەككە مىندۇرۇپ، بىر خورجۇن نان ـ پان بىلەن بىر قاپاق سۇنى يۈدۈپ يولغا چىقتى. مۇساپىرلار شەھىرى —

ئەنجاننى كۆزلەپ ۋېلى رەۋەندىنىڭ ئېشەك كارۋىنىغا ئەگىشىپ مىڭيول داۋنى ئارقىلىق يۈرۈپ كەتتى. داۋاننىڭ چوققىسىدا ھەمراھلار توختاشتى. ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ چۈشۈشتى. قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلگەن ھالدا قەشقەر تەرەپكە قاراپ دۇئا قىلىشتى:

— خوش، خۇداغا ئامانەت قەشقەر! خۇدا يەنە كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلغاي! ئامىن ... ئامىن ... ۋېلى رەۋەندە ئېشەككە مىندى، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى، چار ساقلىنى سىلىدى، ئوڭ قولى بىلەن ئوڭ مەڭزىنى تۇتقان ھالدا ياش يۇقى كۆزلىرىنى يۇمدى ـ دە، ھەر قېتىم مۇشۇ داۋاندىن ئاشىدىغان چاغدا ئېيتىدىغان ناخشىسىنى يەنە باشلىۋەتتى:

كېتەر بولدۇم ـ كېتەر بولدۇم،
يىراقلارغا كېتەر بولدۇم.
ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ مەن،
خار ـ مۇساپىر بولار بولدۇم.
...

توختىغان يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، يېنىدا كېلىۋاتقان باقاخۇنىڭمۇ يېشىنى سۈرتۈۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى ـ دە، كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئۆزىنى توختىتالماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ سالدى:

— ئاھ خۇدا! پېشانىمىز تەتۈر ئىكەن. غېرىب ـ مۇساپىرچىلىق پېشانىمىزگە پۈتۈلگەنىكەن! خۇدا ئۆزۈڭ بار! ...

## ئۈچىنچى باب

# شاھىت ئىسىملار

شۇ يىلى كەچ كۈز.

ئەنجان، قورغانتۆپە كوچىسى، ھەمدۇللاخان ئاشخانىسى.

خوجايىنىنىڭ سىمىزلىكىدىن ئىنجىقلاپ ئارانلا ماڭالايدىغان خوتۇنى شازادىبۇۋى ئىنجىقلاپ ھاسىرىغىنىچە كىرىپ كەلدى ـ دە، قىيپاشراق، ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان چىقىر كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ تۇرۇپ باقاخۇنغا تىكىلدى:

— ئى باقاخۇنىكە، تېزرەك بولىڭ، سۆيۈنچى بېرىڭ، سۆيۈنچى، پاقلاندەك ئوغۇل.

— رەھمەت ئايلا، سىزدىن سۆيۈنچى ئايلانسۇن، جېنىم بىلەن، ھە، قېنى كۆڭلىڭىزدىكىنى دەڭ.

— باشىڭىزدەگى قەشقەرنىڭ ئەنە شۇ چۇس دوپپەسى.

— ۋاي ـ ۋۇي خان ئاچا، تۇزۇكرەك بىرنېمە دېسىڭىزچۇ، كونىراپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن، مۇنداق دوپپىنى نېمە قىلىسىز؟ بەلەنرەك بىرنېمە دېسىڭىزچۇ؟

— مىنگە ئۇندەك ياخشىراغى يوق، كوھنە بولسا يەم بولەدى؟ دەدەمىنىڭ يۇرتلىرى، قەشقەرنىڭ تەبەررۇكى ـ دە. دەدەم يۇرتلىرىنى يوقلاپ كېلىمەن دېپ كېتىپ كىلالمادىلەر. تۇپراقلىرى ئەنە شۇ جايدە قالدى.

— مەرھەمەت.

شازادىبۇۋى كونىراپ كېزەكلىرى تىتىلىپ كەتكەن دوپپىنى قولىغا ئالدى. كۆزىگە سۈرتتى، مەيدىسىگە ياقتى. باقاخۇن پەشتامىسىنى يەشتى. ئوتتۇرا بويلۇق، ئاپئاق ساقاللىق

سالىمىجانغا چىنە ـ چەينەكلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، چايخانىنىڭ ئارقا قورۇسىدىكى ئۆيىگە كىردى. زاكىلانغان، كۆزلىرىنى يوغان ـ يوغان ئېچىپ ياتقان ئوماققىنا ئوغۇلنى قولىغا ئالدى. «ئاھ! شۇڭقارىم» دەپ مەيدىسىگە باستى. ھالسىزلانغان توختىخان يېقىملىقىنا پىسىڭگىدە كۈلدى.

ئەتىسى ئىمام غۇلامىدىنخان جايىنامازغا زاكىلانغان بالىنى قولىغا ئالدى:

— خوش باقاخۇنىكە، ئوغۇلنىڭ ئىسمىنى نېمە دەپ قويساق بولەر؟

— ئەنجانباي بولسۇن، ئەنجانباي. مۇساپىرچىلىقتا مۇشۇ يەردە تۇغۇلدى. مۇشۇ مۇساپىرلار شەھىرىنىڭ نامى قويۇلسۇن. مۇساپىرچىلىقنىڭ شاھىتى بولۇپ قالسۇن.

ئىمام ئەزان توۋلىدى. بالىنىڭ ئىككى قۇلىقىنى تۇتۇپ ئەزان ئوقۇپ «ئەنجانباي» دەپ ئىسىم قويدى. بالا تېتىك، ساغلام ئىدى. ئانچە ـ مۇنچە يۆتەل، ئىچى سۈرىدىغان، قىزىپ قالىدىغان پارچە ـ پۇرات ئاغرىق ـ سىلاقلىرىنى دېمىسە «ۋاي!» دېگۈدەك ئادەم قورقۇتىدىغان كېسەل بولۇپ باقمىدى. لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر ئىككى ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ تېخىچە ئايىغى چىقمىدى. ئەمتىلەپ مېڭىشقا تەمشىلەتتىيۇ، پۇتىنى يۆتكىيەلمەي دەلدۈگۈنۈپ يىقىلىپ چۈشەتتى. تېۋىپ: «ئەنسىرىمەڭ، بالىدا كېسەل يوق ئىكەن. قارىمامسىز، بۇ ئىككى يېرىم ياشلىق بالىنىڭ بويىنى، ئۈچ ياشلىق بالىنىڭ بويىدىنمۇ ئېگىز تۇرسا، قاۋۇل ئادەم بولىدىغان مۇشۇنداق بويى ئېگىز بالىلارنىڭ ئايىغى كېيىن چىقىدۇ. مۇبارەك بولسۇن، خۇدايىم سىزگە چوڭ بولسا پالۋان بولىدىغان مۇشۇنداق قاۋۇل پەرزەنت بېرىپتۇ. خۇداغا شۈكۈر قىلىڭ» دەپ، باقاخۇننى خاتىرجەم قىلدى.

1908 ـ يىلى ئەنجان، قىش پەسلى. بىر كۈنى كېچىسى چايخانىنىڭ يېنىدىكى پاختا دۇكىنىغا تۇيۇقسىزلا ئوت كەتتى. بۇ ئوت ئۇلغىيىپ ياغ دۇكىنىغا تۇتاشتى. ھەش ـ پەش دېگۈچە

چايخانىمۇ كۆيۈپ بولدى. پۈتۈن ۋەجىدىن قۇرۇق قالغان چايخانا خوجايىنى خاپىلىقتا تاشكەنتتىكى تاغىسىنىڭ قېشىغا كەتتى. باقاخۇن يەنە ئىش ئىزدەپ بارمىغان يېرى، كۆرۈشمىگەن ئادىمى قالمىدى. شۇ كۈنلەردە شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئىش ئىزدەپ قاتراپ يۈرۈشكەن مۇساپىرلار توشۇپ كەتكەنىدى. «غېرىبىنىڭ قاياشى مۇساپىر» دېگەن گەپ راست ئىكەن. باقاخۇن ئىش تاپالماي بېشى تازا قېتىپ قاتراپ يۈرگەندە، يەنىلا ئاشۇ توختىكام توقماق ئۇنىڭغا ئەسقاتتى. ئۇ تاشكەنتكە كارۋان ھەيدەپ ماڭىدىغان چاغدا باقاخۇننىمۇ بالا ـ چاقىسى بىلەن بىللە ئېلىپ يولغا چىقتى.

چۆل ـ جەزىرىدىكى «تىللابۇۋى قەبرىستانلىقى»غا كەلگەندە توختىخاننى تولغاق تۇتۇۋالدى. شالاڭ توغراقلىقلار ئارىسىدىكى بوران ئۇچۇپ تۈرىدىغان ۋەيرانە يالغۇز دەڭدە بىر قىز دۇنياغا كەلدى. بۇ قىزغىمۇ «مۇساپىرچىلىقنىڭ شاھىتى بولسۇن» ئۈچۈن، شۇ جاينىڭ نامى بىلەن «ئايىم تىللاخان» دەپ چىرايلىق ئىسىم قويۇلدى.

ئۇلار تاشكەنتكە كېلىپ شەھەرنىڭ چېتىدىكى سەللىم خوتەننىڭ دېگەن چۈشتى. بۇ خوپ كەڭرى، كاتتا دەڭ ئىدى. كۈنلۈكى كارۋانلارنىڭ ئىككى ـ ئۈچ يۈزدەك ئات ـ ئېشەكلىرىنى ئېغىللىرىدا ساقلاپ بېرەلەيتتى. لېكىن، ھويلىسىغا دۈۋىلىنىپ كەتكەن قىغ، كارۋانلارنىڭ لىققىدە ئاشلىق قاچىلانغان تاغارلىرى، قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغان ئېگەر ـ توقۇملارنىڭ تولىلىقىدىن ئۇيان ـ بۇيان ئۆتمەك خېلى مۈشكۈل ئىدى.

باقاخۇن ھېرىپ ـ چارچىغىنىغا قارىمىدى، بىرەرى دېمىسىمۇ، شۇ ئاخشىملا ئۆزلۈكىدىن بىرەر يۈزدەك قوزۇق ئۇچلاپ، تاملارغا قاتار قېقىپ، ئۇنىڭغا ئېگەر، توقۇملارنى ئېسىپ قويدى. قىغلارنى يۆتكىدى، يول بوشىدى. شۇندىلا ئۇ ئۇخلاشقا ياتتى. ئەتىسى سەھەردىلا ئورنىدىن تۇردى. دەڭجانىڭ ھارۋىسىدا

قىغلارنى تالاغا تـوشۇشقا بـاشلىدى. ئـەتىسـىمۇ، ئۆگۈنـىمۇ يەنـە شۇنداق ئۇدا ئۈچ كۈن ئىشلەپ، دەڭنى پاكىز رەتلەپ تەرتىپلىك قىلىۋەتتى.

باقـاخۇننىـڭ كاللىـسىنىـڭ سەگەكلىـكى، پۇت ـ قـولىنىـڭ چاققانلىقى، ئاغزىنىڭ يۇمشاقلىقى ... دەڭچاغىـا ياراپ قالدى. ئـۇ ئۇنى ئېڭىكىدە ئـىملاپ كۆرسـىتىپ تـۇرۇپ، توختـىكام توقمـاق بىلەن خېلى ئۇزاق مۇڭداشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ بۇ دەڭچانىڭ يارامـلىق ياردەمچىسى بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

1911 ـ يىلى تاشكەنت، ياز پـەسلى. سەلىـم خوتەنـىنىڭ ئاشـۇ دېڭىدە يەنە بۇدرۇققىنا بىر ئوغۇل بۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتـى. مـۇساپىرچـىلىقتا، بۇ يـىراق شەھەردە تۇغـۇلغانـلىقى ئـۈچـۈن ئۇنىڭغىمۇ مۇشۇ شەھەرنىڭ نامى بىلەن تاشكەنتباي دەپ ئىسـىم قويۇلدى.

*　　*　　*

شۇ كۈنلەردە بالىـلار چىرايلـىق، ساغلام، تېتىك ئـۆسمەكتـە ئىدى. باقاخۇن بىلەن توختىخان ئۇلارغا كۆز تېگىپ قېلىشتىـن ئەنسىرەپ، ئۆيگە پات ـ پات ئىسرىق سېلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ سەدىقە بېرەتتى.

مانا بۇ يىل ئەنجانباي مەكتەپ يېشىغا توشىدۇ. شـۇ تاپتا ئـۇ يەتتە ياشقا كىرەي دەپ قالدى.

ئـوقۇسۇن ! ... بالـىلار چوقۇم ئـوقۇسۇن ! بىـزگە ئوخـشـاش ئېلىپىنىڭ سۇنۇقـىنى بىـلمەيدىـغان كۆزى ئوچـۇق قارىغۇ، قـارا قـورساق ئـادەم بـولـۇپ قالـمـىسـۇن، خـەت ئـوقـۇيـالايـدىـغان، يازالايدىغان، ھېساب ـ كىتاب قىلالايدىغان، ئاق بىـلەن قارىنـى، ھەق بىلەن ناھەقنى پەرق ئېتەلەيدىغان يارامـلىق ئادەم بولسـۇن، ئوقۇسۇن ...

10 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئانچە يىراق ئەمەس، ئۇلار تۇرۇشلۇق

دەڭنىڭ ئالدىدىكى ئاچا يولنىڭ دوقمۇشىدىن ئوچۇقلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەنجانباي بۇ مەكتەپكە ئالىقاچانلا كۆنۈۋالغان، ئاكىسىغا ئەگىشىپ بېرىپ مۇئەللىملەرنى كۆرگەن، بالىلار بىلەنمۇ ئوبدانلا تونۇشۇۋالغانىدى.

1913 ـ يىلى، تاشكەنت، كۈز پەسلى.

شالاڭ چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان، ياشانغان، زىلۋا بويلۇق ئوقۇتقۇچى ئايال ئەنجانبايغا تىكىلىپ قارىدى. بويىنىغا ئۈچ بۇرجەكلىك كۆز تۇمار ئېسىلغان، ئۆسكىلەڭ، ساغلام بۇ بالىغا مەستلىكى كەلگەنلىكىدىن يېقىملىق قارا كۆزلىرىگە غىل ـ غىل ياش ئالدى: «ياشاشنىڭ يېڭى قەدىمىنى باسقانلىقىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن» دەپ ئۇنىڭ مەڭزىلىرىنى يۇمشاق ئالىقانلىرىغا ئېلىپ، پېشانىسىگە چوكىمدە سۆيدى. ئاندىن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئىككى ئۇكىسىنى تۇتۇپ تۇرۇشقان باقاخۇن بىلەن توختىخانغا قاراپ: «ئەجرىڭىزلەرگە بارىكاللا» دېدى ـ دە، ئۇنى يېتىلەپ سىنىپقا ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

* * *

1918 ـ يىلى، تاشكەنت.

ئەنجانباي 5 ـ سىنىپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈردى. ئۇ يەنە داۋاملىق ئوقۇشقا ئىنتىزار ئىدى، لېكىن ئىلاجى بولمىدى. تاشكەنت مالىمانچىلىق، قاچ ـ قاچ، بۇلاڭ ـ تالاڭ ئىچىدە قالدى. جان قايغۇسى كىشىلەرنى ساراسىمە قىلىۋەتتى. مەكتەپ تاقالدى !

بۇ مالىمانچىلىق، ئەنسىزلىك باقاخۇننىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋەتتى. دەككە ـ دۈككىدە باشقا جاي ـ شەھەرلەرنى تىڭلاپ باقتى. ئاھ خۇدا ! ھەممىلا جاي ئوخشاش ئىكەن، «ئۇر ـ ئۇر !»، «چاپ ـ چاپ ! !» جاھاننى قاپلاپتۇ !

بىر تەرەپ: «جاھان مېنىڭ !» دېسە، يەنە بىر تەرەپ: «ياق !»

دەيدۇ! يەنە بىر تەرەپ بولسا: «بىزمۇ بار!» دەپ سەكرەپ قوپىدۇ! زادى قايسىسىنىڭ توغرا؟ بۇنىڭغا خۇدايىم بىر نېمە دېمىسە، ئىنسان بىلىپ بولمايدۇ! بۇ مالىمانچىلىق قاچان تۈگەيدىغاندۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قارغىش تەگكۈر ئوغرى ـ بۇلاڭچىلارمۇ قوزىراپ ئەدەپ كەتتى. ئاچارچىلىق ھالسىراتتى. مۇساپىرلار كېسەل بىلەن قىرىلىشقا باشلىدى. ھايات قالغانلىرى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئەسكەرلىككە، ھاشارلارغا تۇتۇلدى. كەتكەنلەرنىڭ تولىسى كېلەلمىدى، ئىز ـ دېرىكىمۇ بولمىدى. باقاخۇندەك قۇرامىغا يەتكەن، ئۇنىڭدەك قاۋۇل ئادەملەرغۇ ئاللىبۇرۇنلا بورانىنىڭ بۇرنىغىلا ئۇچرىدى، تۇتۇلۇپ تۈگىدى. ئەمدى نۆۋەت قېرىلار بىلەن باللارغا كەلدى. شۇ كۈنلەردە قىرىق ـ ئەللىك ياشلىقلارنى «قېرى» دېمىدى، ئەنجانىباي، جۇمەخۇندەك ئون تۆت ـ ئون ئالتە ياشلىق باللارنى «كىچىك» دېمىدى. ئىشقىلىپ، مىلتىق، جوتۇ ـ كۆرەك تۇتالىغۇدەك ئەركەكلەرنى تاپقان يەردە تۇتۇپ كېتىۋەردى. لېكىن، باقاخۇن تۇتۇق بەرمىدى. ئىككى ئوغلىنى «قانتىغا قىستۇرۇپ» خۇمدانلاردا، ئەسكى تاشلاندۇق تاملىقلاردا، قەبرىستانلىقلاردا، چاتقاللىق ـ جاڭگاللىقلاردا يېتىپ ـ قوپۇپ قېچىپ يۈردى. لېكىن، بۇمۇ كار قىلمىدى. ھامان بىر كۈنى تۇتۇلۇپ قېلىش خەۋپى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىش بولۇپ قالدى. «ئۆزىمۇ مەيلى، تېنى ساقلا بولسا جېنىنى جان ئېتىدۇ. لېكىن، باللار قانداق قىلىدۇ؟ كىم باشپاناھ بولىدۇ؟ ياق! يەنە قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. باللارنى بۇ ئاپەتتىن قۇتقۇزمىسا، ئاتىلىق بۇرچى مەڭگۈ ئادا بولمايدۇ. توختىكام توقماقنى تاپىدۇ. ئۇ نۇرغۇن يوللارنى بىلىدۇ. كىشىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان ئوغرى يوللار بىلەن يولغا سېلىپ قويىدۇ. خۇدا خالىسا پات ئارىدا ئاھ! قەشقەر قايداسەن دەپ يولغا چىقىدۇ.»

«قەشقەرگە قايتىپ بارسا، يۇرتداشلار ئۇلارنى قېتىغا قاتار، ھېلىقىدەك كونا خامانىنى سورۇپ، ئۇنداق ماكانسىز، قەلەندەر،

دېۋانە !» دەپ ئاغزىنى ئۈششۈتۈپ يۈرمەس. ئارىدا ئۇن نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، بەلكىم بۇ چاغقىچە ئۇنتۇلۇپمۇ كەتكەندۇ ئىلاھىم. شۇنداق بولغاي، ئۇنتۇمىغان بولسا، تىلىغا كۆيدۈرگە چىقىپ زۇۋانى تۇتۇلغاي ! ...

مەيلى، نېمە بولسا بولسۇن، بالىلارنى ئېلىپ قەشقەرگە كېتەيلى، قەشقەرگە ! ... ئاھ خۇدا ! يولىمىزنى ئاسان قىلىپ، بىزنى ئامان ـ ئېسەن قەشقەرگە يەتكۈزگەيسەن ! خەير ـ خوش، بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە، بىزنى قوينىغا ئالغان ئىسسىق ماكان تاشكەنت، ئەنجان ...

## تۆتىنچى باب

# ئوغرى يولدا بۇلاڭچى يوق

1920 ـ يىلى، كۈز پەسلى.

ئۇلار ئالدىراشچىلىقتا ناشتىمۇ قىلىشمىدى. سەھەردىلا يولغا چىقتى. يۇلتۇز تېخى تارقاپ بولمىغانىدى. ئاسمان سۈپسۈزۈك، داغسىز ئىدى. كۆك قەرىدە ئاندا ـ ساندا يۇلتۇزلار پىلىلدايتتى، سۈس چاقنايتتى. توختىخان كۈنىدىكىدەك يەنىلا ئالىچىپار ئېشەككە مىندى. تاشكەنتبايىنى ئالدىغا، ئايىم تىللانى ئارقىسىغا ئالدى. كۆك ئېشەككە خۇرجۇن ـ قاپاق ئارتىلدى. ئۇنىڭغا «ئۈچ چوڭ ئەر كىشى» دەملىشىپ مىنىدىغان بولۇشتى.

قىزىق گەپ، ئەمدىلا تېخى ئون تۆت ياشقا كىرگەن بالىنى قانداقمۇ چوڭ ئەر كىشى دېگىلى بولسۇن؟ لېكىن، بۇنداق گەپلەرگە ئەنجانباي ئۇنىمايتتى، ئۆزىنى «راۋۇرۇس چوڭ ئەر كىشى» دەپ ھېسابلايتتى. دىمىسىمۇ يېشىغا قارىماي ئېگىزلا بوي تارتتى. تەڭتۇشلىرىدىن بىر غېرىچ ئېگىز تۇراتتى، ئاكىسى بىلەن تەڭلىشىپ، دادىسىنىڭ ئېڭىكىگە تاقاشتى. چوڭلاردەك خېلى ـ خېلى ئىشلارنى قىلالايتتى، تاغارغا يان بولالايتتى. زەمبىلنىڭ بىر بېشىنى كۆتۈرۈشكە يارايتتى، دەڭگە چۈشىدىغان مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئەدەپ بىلەن سالام بېرەتتى، ئات ـ ئۇلاغلىرىنى ئېلىپ جاي ـ جايىغا باغلايتتى، كېتىدىغان چاغلىرىدا، ئۇلارنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى ئارتىشىپ بېرەتتى. ئاق يول تىلەپ «خوش» دەپ يولغا سېلىپ قوياتتى. لىق چاي قۇيۇلغان پىيالە، چىنىلەر تىزىلغان پەتنۇسلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تۈز تۇتۇپ، داۋالغۇتماي جاي ـ جايىغا قويالايتتى. مەشرەپلەردە

چوڭلار بىللە ئۇسسۇلغا چۈشەتتى. ئوڭ قېشىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن لىك - لىك قاش ئېتىپ كىشىلەرنى كۈلدۈرەتتى. ئون ئۈرۈقلۇق چوتنى تاس - تۇس سوقۇپ، دەڭنىڭ كۈندىلىك ھېساب - كىتابلىرىنى بىردەمدىلا پۈتتۈرەلەيتتى. يەنە تېخى يېتىمچىلارنىڭ دۇئايىسالام خەت - چەكلىرىنى دۇدۇقلىماي ئوقۇپ بېرەتتى. ئەۋەتىدىغان سالام خەتلىرىنى قوشاقلار بىلەن تولدۇرۇپ يېزىپ بېرىپ ئۇلارنى خۇش قىلىۋېتەتتى. تېۋىپ باشلاپ كېلىپ، چۈشكۈنلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالىتاتتى. ئوتۇن ياراتتى. چوڭلار بىلەن بەسلىشىپ تامچى ئۇستاملارغا خىش - كېسەك تاشلاپ بېرەتتى. بەزىدە تېخى ئۇنىڭ چوڭلار بىلەن چېلىشىمەن دەپ مەيدانغا چۈشۈۋېلىپ، باشقىلارنى كۈلدۈرۈۋېتىشى تېخىمۇ قىزىق ئىدى.

ئىشقىلىپ، ئۇ شۇ كۈنلەردە بىر ئەر كىشىنىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا ئىنتىلەتتى، ئۆزىنى زورلايتتى.

ئالدىدا يول باشلاپ كېتىۋاتقان قارا ئېشەكلىك، چار ساقال بوۋاي توختىكام توقماق ئىدى. ئۇ سەپەرگە چىققاندا خۇرجۇنغا ئىككى ئۆرۈك ياغىچى توقمىقىنى سېلىپ يۈرەتتى، گاھىدا بىلىگە قىستۇرۇۋالاتتى، «لازىم بولىدۇ، ھەمراھ» دەپ دائىم يېنىدىن ئايرىمايتتى. مۇشۇ توقماقلىرىدىن ئوغرى - بۇلاڭچىلارنىڭمۇ ھەزەر ئەيلەيدىغانلىقىنى ماختىنىپ سۆزلەپ بېرەتتى. بوۋاي ياشانغانلىقىغا قارىماي بەكمۇ چاققان ئىدى. قېچىردەك ھەر يوغان ئېشەكلىرىنىمۇ ھەرگىز قىرغا تارتىپ يۈرمەيتتى، ئاختا قويۇپلا لىككىدە مىنىۋېرەتتى. ئۇنىڭ قىرىق يىللىق ئۆمرى چاكارچىلىق بىلەن ئۆتكەنىدى. رەۋەندىلەرنىڭ ئېشەكلىرىنى ھەيدەپ ئەل كېزەتتى. ئۇ بىلمەيدىغان يۇرت، ماڭمىغان يول يوق ئىدى. ئەل كېزىشتە دۆڭ - چوڭقۇرلارنىڭ ھەممىسىنى بىلەتتى.

باقاخۇننىڭ بوۋاي بىلەن تونۇشۇپ قېلىشى تۇيۇقسىز بولدى.

ئۇ ئەنجانغا كېلىپ كىرگۈدەك ماكان، قىلغۇدەك ئىش تاپالماي بەكمۇ بىئارام بولدى. ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ ئىشىكىدە يۈرۈپ، ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە سوكۇلداپ يۈرۈپ بىر ئايدەك ۋاقتى غەم بىلەن ئۆتتى. بىر كۈنى ئەنجاننىڭ غەربىدىكى ئۈستى يېپىق رەستىدە ئىش ئىزدەپ كېتىۋاتاتتى، ئالدى تەرەپتىن يىگىرمە ـ ئوتتۇزدەك ئېشەكنى ھەيدەپ بىر بوۋاي كېلىپ قالدى. ئېشەكلەر يولنى پۈتۈن ئالغانلىقتىن، باقاخۇن چەتكىرەك چىقىپ تۇردى. ئېشەكلەرگە لىققىدە ئاشلىق قاچىلانغان تاغارلار ئارتىلغانىدى. ئوتتۇرىدا كېتىۋاتقان ئىككى ئېشەك قىستىلىپ قالدى، بىر ـ بىرىگە ئۆرۈلۈپ، بىرىدىكى تاغار بىر يانغا ياندىپلا ئۆرۈلۈپ كېتىۋاتقاندا، بوۋاي ئېشەكلەر ئارىسىغا كىرىپ ھېلىقى تاغارنى يۆلىمەكچى بولدى. ئۇ ئەسلىدە ياندىپ كەتكەن تەرەپنى يۆلىمەكچىدى، لېكىن ئۇ تەرەپتە ئېشەكلەر تىقما ـ تىقما بولۇپ قاپلىشىپ قالغانلىقتىن ئۆتەلمەي، بۇ تەرەپتىكى ئېشەكتىن ئارتىلىپ تۇرۇپ تاغارنى كۆچەپ تارتقانىدى، ئېشەك دۈگجۈيۈپلا بوۋاي تەرەپكە يىقىلىپ تاغارلار بىلەنلا ئۇنى بېسىۋالدى. يىراقتىن قاراپ تۇرغان باقاخۇن تاختا ئېرىقتىن سەكرەپ ئۆتتى ـ دە، يۈگۈرۈپ كېلىپ تاغارنى بىر يانغا ئالدى. ئېشەكنى تارتىپ تۇرغۇزدى، بوۋاينى يۆلىدى. لېكىن، بوۋاي ئورنىدىن تۇرالمىدى.

— ئاتا، قەيەرلىرى ئاغرىپ كەتتى؟ بەك ئاغرىۋاتامدۇ؟ ئاپلا، ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى!

— ۋايجان! ۋاي پۇتۇم! ۋايىيەي! نەس باستى، سىز، ئوكام سىز يېتىمچى ئوخشىمامسىز؟

— شۇنداق، قەشقەرلىك. نەگە بارماقچىدىلە؟ مەن ئاپىرىپ قوياي.

— ۋايجان، ئەجەب ئاغرىپ كەتتى كاساپەت! ۋاي پۇتۇم، — بوۋاي تىترەپ تۇرغان قولىنى كۆتۈرۈپ ئالدى تەرەپنى كۆرسەتتى، — رەستىنىڭ ئاۋۇ بېشىدا، ئوڭ تەرەپتە ۋەلىخان باينىڭ دېگى بار. شۇلارغا: توختىكام توقماق بولالمىدى،

ماڭالمايۋاتىدۇ، دەپ قويسىڭىز، ۋاي پۇتۇم!
باقاخۇن بوۋاينى يۇدۇپ، ئېشەكلەرنى ھەيدەپ، ئۇ دېگەن دەڭگە كەلدى. ھاي ـ ھۇي دېگۈچە بوۋاينىڭ تونۇش ـ بىلىشلىرى گۈررىدە ئولاشتى. بىردەمدىلا بىر تېۋىپنى باشلاپ كەلدى. «يوتا گۆشى ئازراق بۆلۈنۈپ كېتىپتۇ» دېگەن بىلەن بوۋاي بىر ئايدەك يېتىپ قالدى. باقاخۇن ئۇنى كۆندە دېگۈدەك يوقلاپ تۇردى. توختىخانمۇ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاچ يېتىمچىلارنىڭ چاي ـ پايلىرىنى قاينىتىپ، ئاش ـ پاشلىرىنى ئېتىپ، نان ـ پانلىرىنى يېقىپ، كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ، ياماپ دېگەندەك ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولدى. ئەمدى يېتىمچىلار ئۆزلىرىدىن غەم يېمەيدىغان بولدى. «كەتسە ئىشىكلىرى ئوچۇق قالىدىغان، كەلسىمۇ ئوچۇق تۇرىدىغان» بولدى. ئاش ـ نېنى تەييار، كىيىم ـ كېچەكلىرى تەخ، ھەممىدىن خاتىرجەم بولدى.
چاكار دېگەن شۇنداق بولىدىكەن. رەۋەندە نەگە بۇيرۇسا، شۇ يەرگە ماڭىدىكەن، دېگەندەك شۇنداق بولدى، بوۋاي ئەمدىلا ساقىيىپ چاكارلار بىلەن بىللە باشقا ياققا كېتىشتى. مېڭىش ئالدىدا باقاخۇننى ھەمدۇللاخان دېگەن ئاق كۆڭۈل ئادەمنىڭ چايخانىسىغا تونۇشتۇرۇپ قويدى.
چاكارلار شۇ كەتكەنچە ھەپتىلەپ، ئايلاپ، گاھىدا تېخى يىللاپ يوقلىماي كېتەتتى. لېكىن، ئۇلار نەگىلا بارسۇن توختىكام ئۆزلىرىنىڭ خەۋىرىنى قىلىپ تۇراتتى. شۇڭا، باقاخۇن ئۇلارنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى، نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى.
چايخانىغا ئوت كەتتى. باقاخۇن نەگە بېرىپ، نەدە توختاشنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ تۇرغاندا ئۇنىڭغا يەنىلا توختىكام ئەسقاتتى. ئۇنى تاشكەنتكە بىللە ئېلىپ كەلدى. كۆنىمۇ جاھانغا قارىغاندا ھەرھالدا يامان ئەمەس ئۆتىدىغان بولۇپ قالدى. كېيىنمۇ «يېتىمچىنىڭ قاياشى مۇساپىر» دېگەندەك، توختىكام ئۇلارنى پەقەتلا تاشلىمىدى. «قاچ ـ قاچ» باشلانغان چاغدا ئۇلارنى

ئەپچىللىك بىلەن يوشۇردى. باقاخۇننى نىمجان بوۋايدەك، بالىلىرىنى قىز، چوكانلاردەك ياساپ، نە ـ نەلەرگە قاچۇرۇپ ئېلىپ يۈردى. باقاخۇن يېنىپ كەتمەكچى بولغاندا، «بولدى باقاخۇن، ئەمدى كەت، ئۆز تەۋەلىكىمىزگە كەت، ماغدۇرۇڭنىڭ باريدا يەر ـ زېمىنلىق بول» دەپ ئۇنى ئالدىراتتى. «ئىشىم بار» دېگەننى باھانە قىلىپ كارۋان بېشىغا دەپ قويۇپلا ئۇلارنى ئۈزىتىپ يولغا چىقتى.

مانا بۈگۈن تۆت كۈن بولۇپ قالدى. «خەتىرى يوق، يېقىن» دەپ، ئۆزى بىلگەن ئەگرى ـ توقاي چىغىر يوللار بىلەن مېڭىپ، ئۇلارنى باشلاپ كەلمەكتە ئىدى. يول ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئۆزى كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى ھېكايە، چۆچەك قىلىپ سۆزلەپ، ئۇلارنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋەتتى. ئۇ ئەل ئۇنداق ئاۋات، بۇ ئەل مۇنداق نامرات، ئۇ يول ئۇزۇن، ئەگرى ـ توقاي، بۇلاڭچى كۆپ، دەپ چۈشەندۈرەتتى. مۇشۇ يول بىلەن قەشقەرگە ئون بەش قېتىم بېرىپ يانغانلىقىنى، ھەتتا بىر يىلى تېخى ئۆزى يالغۇزلا تۆت قېتىم بېرىپ ـ كېلىپ ھېچقانداق خەتەرگە يولۇقمىغانلىقىنى ماختىنىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى. سۆزلەپ ـ سۆزلەپ، يەنە شۇ چوڭ يولنى باقىدىغانلاردىن قاقشايتتى. چوڭ يولدا بۇلاڭچى، ئوغرىلارنىڭ كۆپلۈكىنى، ھەتتا چوڭ يولنى توسىدىغان ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭمۇ بۇلاڭچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. شۇڭا، مۇشۇنداق «ئوغرى يول» بىلەن مېڭىش لازىملىقىنى تاپىلايتتى.

— ھىم، قاراۋۇلمىش تېخى! ھۆكۈمەت بۇلاڭچىلىرى! مەيلى ئۇ تەرەپتىكىسى بولسۇن ياكى بۇ تەرەپتىكىسى بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاشلا بۇلاڭچى! ئالدىڭنى توسۇپلا تاپقان ـ تەرگىنىڭنىڭ ھەممىسىنى بۇلىۋالىدۇ! سەل چىڭراق تۇرساڭلا جايىڭدىلا «گۇم» قىلىپ پېشانەڭدىن تۆتۈن چىقىرىدۇ! بۇنداق ئىشنى تولا كۆرۈپ زەردىگۈش بولۇپ كەتتۇق. ئىتتىن قورققان گاداي بولماپتۇ، جاھاننىڭ ئىتتىكى كەڭرى ئىكەن. قاتمۇقات

تاغلار ئارىسىدىن ئۇلار بىلمەيدىغان ئوغرى يول تاپتۇق. شۇنداق قىلىپ، ئۇيان ــ بۇيان ئۆتۈپ يۈرۈپ، رىزقىمىزنى تېپىپ يەپ يۈرۈۋاتىمىز. سۆگەتبوستانغا بارغاندا سىلەرنى ئاشۇنداق ئوغرى يولغا سېلىپ قويىمەن. ئوغرى يول بىلەن ماڭساڭلار خۇدايىم بۇيرۇسا، تاغ ــ داۋانلاردىن ساق ــ سالامەت ئۆتۈپ كېتەلەيسىلەر، هۆكۈمەتنىڭ قاراۋۇللىرىغا ئۇچراپ قالمايسىلەر. هېچ كىشى بىلمەيدۇ، چىغىر يول بىخەتەر، ئوغرى، بۇلاڭچى دېگەن چوڭ يولدا بولىدۇ، قورقماڭلار، خۇدايىم ساقلايدۇ.

ئۇ مۇشۇنداق گەپلەرنى تولا سۆزلەيتتى. نەچچە ــ نەچچە قېتىم دېگەنلىكىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. سۆزلەپ ــ سۆزلەپ توختىغاندا مۇساپىرلارنىڭ سەپەر ناخشىسىنى باشلايتتى. لېكىن، بۇگۈن ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىنتاڭ، گەپ ــ سۆز قىلمىدى، خۇددى مۇگدىگەندەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ جىممىدە مېڭىۋەردى. ئۇلار بۈگۈن تاڭ ئاتماستىلا يولغا چىققانىدى. ئالاھازەل ئىككى ئاش پىشىمدەك ۋاقىت يول يۈرۈپ تاڭنى ئاتقۇزدى. كۆن دەرەخ بويى كۆتۈرۈلگەندە دەل ــ دەرەخلىك غۇجمەك ــ غۇجمەك مەھەللىلەر تۈگىدى، پايانسىز قىزىل قۇملۇق يول باشلاندى. قىزىل قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى بۇ يول خېلى كەڭرى ئىدى، ئەگرى ــ توقاي بولسىمۇ هارۋىلار بىمالال ماڭالايتتى. لېكىن، ئۇششاق چامداپ قەدەمنى تېز يۆتكىمىسە ئوشۇقچە قۇمغا پېتىپ قالاتتى. بەزىدە بۇ يول ئارىلاپ ــ ئارىلاپ سازلىقنى ياندايمۇ قالاتتى. تولا دەسسىلىپ قېتىپ كەتكەن بۇنداق شورلۇق يولدا مېڭىش خېلى ئاسان ئىدى. ئۇستىدىن ئېغىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك خېلى يەڭگىللەپ قالاتتى.

قۇملۇقتىن چىقسا سازلىق، سازلىقتىن چىقسا يەنە قۇملۇق ... خۇددى ماڭسا ــ ماڭسا تۈگىمەيدىغاندەك پايانسىز چۆل ــ جەزىرىلەر باش ــ ئايىغى يوقتەك زەنجىرسىمان تۇتىشىپ تۇراتتى.

ئۇلار توختىماي مېڭىشتى. كېتىپ بېرىپ قاتتىق - قۇرۇق نان يېيىشتى. ئۇسسىغاندا قاپاقتىكى ئىسسىپ قالغان سۇنى ئىچىشتى. ئۇلار ئالدىرايتتى. ئالدىرىمىسا كۈن ئولتۇرغۇچە قونالغۇغا يېتىپ بارغىلى بولمايتتى. ئېشەكلەرمۇ بىر خىل يورغىلاپ يولنى خېلى ئاۋۇتتى. سەل قاشاڭلىق قىلسا، يۇلغۇن تايىقى ساغرىسىغا قارس - قۇرس تېگەتتى. ھاردۇقمۇ ئالمىدى. ھىم! خۇدايىمەي! نەدە ئىكەن ئۇ ھاردۇق ئالغۇدەك جاي؟! نە بىرەر تۈپ دەل - دەرەخ، نە سايە بولغۇدەك دالدا بولسىچۇ كاشكى! ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدىغان تىزغا چىقمايدىغان پاكار - پاكار يۇلغۇنلار، قۇلاقلىرى سارغىيىپ قورۇلۇپ قالغان شالاڭ قومۇشلار، كۆتەكلىرىنى شامال ئېچىۋەتكەن قۇرۇق يانتاقلار ... كۈن چۈش بولغاندا قۇملۇق تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. قۇملۇقتىن كۆتۈرۈلگەن ئىسسىقلىق ئۇلارنى خۇددى تونۇر يالقۇنىدەك لاپ - لاپ كۆيدۈرۈۋەتتى، چىپ - چىپ تەرلەپ كىيىملىرى ھۆل بولۇپ كەتتى.

— ۋاي خۇدايىم! مۇشۇمۇ كۈز كۈنلىرى بولدىمۇ؟ بالىلارنى ئىسسىق - سوغۇقتىن قاچۇرۇپ، مۇشۇنداق بەك ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس دەل كۈز ۋاقتىنى تاللاپ يولغا چىققىنى نېمىسى؟! — باقاخۇن ئېشەكلەرنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ غۇدۇرايتتى.

«بالىلارغا ئىسسىق ئۆتۈپ كەتمىسۇن!» دەپ ئۇلارنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ قويغان تۇماقلارنىڭ تېشىغا تەر ئۆرلەپ چىقىپ ھۆل قىلىۋەتكەندى. ئۇلارنىڭ مەڭزىلىرى ئاناردەك قىزىرىپ، لەۋلىرى گەز باغلاپ كەتكەندى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار يەنىلا غەيرەتلىك - تېتىك كۆرۈنەتتى. يۈز - كۆزلىرىدىكى تەرلىرىنى يەڭلىرى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، كۆزلىرىنى چىم - چىم چىمىلدىتىپ، كۈلۈشۈپ، ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇپ بېرىپ ناخشا توۋلاپ، يەنە بەزىدە تېخى ئانچە - مۇنچە ئۇچراپ قالغان توشقانلارنى قوغلاپ ئويناپ مېڭىشۋەردى. بەزىدە ئانچە - مۇنچە

قۇيۇن ئارىلاش غۇر ـ غۇر شامالمۇ چىقىپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا ئادەم سەگىپ قالاتتى. لېكىن، كۆزگە قۇم كىرىۋېلىپ ئاچقىلى قويمايتتى، ھاۋا ئىسسىغانسېرى توشقان، تۈلكە دېگەنلەرمۇ كۆرۈنمەيلا قالاتتى.

كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا توختىكام ئوك قولىنى ئوك قۇلىقىغا ياقتى ـ دە، بېشىنى شۇ تەرەپكە سەل قىيسايتىپ تۇرۇپ باياۋان ناخشىسىنى باشلاپ قالدى. مۈگدىگەنلەر سەگەكلەشتى. ئېشەكلەر چۆچۈشۈپ تېخىمۇ تېز ـ تېز يورغىلاشقا باشلىدى.

ئەنجان قۇم، تاشلىق،
مۇساپىرلار قاقشايدۇ.
تاغ ـ داۋاندىن ئۆتەلمەي،
ئاھ ـ زار ئۇرۇپ يىغلايدۇ.

يولىمىز يامان چۆللۈك،
قاتمۇقات ئېگىز تاغلىق.
قانداق قىلىمىز ئەمدى،
قالدى ئۆمۈرلەر چاغلىق.

ناخشا ئۇلارنى ئەزدى. باشلىرىنى كۆتۈرمەي شۈككىدە ميگىشتى. «خوتۇن خەق دېگەن بارغىمۇ يىغلايدۇ، يوققىمۇ يىغلايدۇ» دەپ خېلى پو ئاتىدىغان باقاخۇنىنىڭمۇ كۆزىگە ياش كەلدى. يۈزىدىكى تەرىنى سۈرتكەن بولۇۋېلىپ يېشىنىمۇ سۈرتۈۋالدى. ئۇلار شۇ ھالدا خېلى ئۇزاققىچە ئۈن ـ تىنسىز ماڭدى. ئەنجانبايىنىڭ كۆزىگە خېلى يىراقتىنلا يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان مۇشتۇمدەك قارىراق نەرسە كۆرۈندى، يېقىنلاشقانسېرى ئۇ نەرسە تېخىمۇ يوغىنىدى. باشقىلارمۇ ئۇ نەرسىنى كۆردى، يېقىنلاپ بېرىپ ئۈن ـ يىگىرمە قەدەمدەك قالغاندا ھەممىسى تەڭلا توۋلىۋەتتى:

— قوغۇن ! ...

دېگەندەك، ئەنجانباي يۈگۈرۈپ بېرىپلا ئادەم بېشىدىن يوغانراق بىر كۆكچىنى قولىغا ئالدى. ئاپتاپتا ئىسسىپ قالغان قوغۇن گۇپپىدە پۇراپ كەتتى. ھەممىسى توختىدى. شۇ تاپتا ئۇلار خوپ ئۇسسىغانىدى. گۇپ - گۇپ پۇراپ تۇرغان قوغۇننىڭ پۇرىقىدا ئېغىزلىرىغا سېرىق سۇ يىغىلدى. لېكىن، ھېچ كىشى يەيلى دېمىدى. قوغۇنغا قاراپ تۇرۇپلا قېلىشتى.

ئەنجانباي قوغۇننى بىردەم پۇراپ تۇردى - دە، يەنە پەم بىلەن جايىغىلا قويدى.

— قالسۇن. ئۇسساپ جېنى ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان بىرەر مۇساپىرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالسا ئەجەب ئەمەس. بىزنىڭ ئىچمىدىغان سۈيىمىز بار.

— بارىكاللا ئوغلۇم ! ئىنساپىڭغا ھەشقاللا ! — باقاخۇن خۇشاللىقتا توۋلىۋەتتى. كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. بالىسىنىڭ بېشىنى سىلىدى، — خۇدايىم دىلىڭنى يورۇق، ئىمانىڭنى ئۇلۇغ قىلسۇن ئىلاھىم !

توختىخان ئوغلىدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى، مەستلىكى كېلىپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى. ئىككى تامچە مەرۋايىتتەك سۈپسۈزۈك ياش مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى. بوۋاي مەمنۇن بولغان ھالدا مەيدىسىگە چۈشكەن ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ بېشىنى ئارقا - ئارقىدىن لىڭشىتتى.

— بولىدىغان گەپ، قالسۇن. ئىنىمنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىنى بايىلا پەملىگەنىدىم. مە، ئۇكام، سەنمۇ پۇرىۋالغىن. يۇرتقا بارغاندا چىلگە دېگەن جىق. ھە، ئۇكام، — جۇمەخۇن شۇنداق دەپلا ئانىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغان تاشكەنتبايغا بەردى. كىچىككىنە تاشكەنتباي قوغۇننى قۇچاقلاپ تۇرۇپ بىردەم پۇرىدى - دە، مىلىقىدە كۈلۈپ ئاكىسىغا ياندۇرۇپ بەردى.

ئۇلار ئاغزىغا كەلگەن سېرىق سۇنى غىرت - غىرت يۇتۇۋېتىپ يەنە يولىغا راۋان بولۇشتى.

ساۋابلىق ئۈچۈن بىرەر - ئىككى كۈنلۈك يىراق يەرلەردىن قوغۇن - تاۋۇزلارنى ئېلىپ كېلىپ چۆل - جەزىرىلەردىكى يوللارنىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىرىگە تاشلاپ كېتىش مۇشۇ ئەتراپتىكى ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى ئىدى. ئۇسساپ - چاڭقاپ تۇمشۇقى يەر تىرەپ قالغان مۇساپىرلار پىچىپ يەپ، قوغۇن - تاۋۇز ئەكېلىپ قويغان كىشىلەرنىڭ ھەققىگە غايىبانە دۇئالارنى قىلىشىپ كېتىشىۋېرەتتى.

كەچ پېشىن ۋاقتى بولۇپ قالدى، كۈن قىزىل قۇم دۆڭلىرىگە دەرەخ بويىلا قالدى. ئۇلار ئېگىز بىر دۆڭدىن ئايلىنىپ ئۆتكەندە يىراقتىن غۇژمەككىنە بىر يېشىللىق كۆرۈندى. شۇئان توختىكام ئۈنلۈك ۋارقىرىۋەتتى:

— ھاي - ھاي! ئاخىر يېتىپ كەلدۇق! سۆگەتبوستانغا كەلدۇق، بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونىمىز!

* * *

سۆگەتبوستان — كىچىككىنە ئۆتەڭ ئىدى. باراقسانلاپ ئۆسكەن قويۇق جىگدىلەر ئارىسىدىن يىگىرمە - ئوتتۇزدەك ۋەيرانە ئۆي چالا - پۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خېلى يىراقتىنلا جىگدە غازىڭىنىڭ قاڭسىق پۇرىقى گۈپ - گۈپ پۇراپ تۇراتتى. ئىسمىغا مۇناسىپ بىرەر تۈپ سۆگەتمۇ كۆرۈنمەيتتى. كۈنچىقىشتىن كۈن پاتقىچە قومۇش، يېكەن ئۆنگەن سازلىق، بۇ تەرىپى بولسا قومۇشلۇق، يانتاقلىق قىزىل قۇم بارخانلىرى بىلەن ئورالغانىدى.

كەچ كىردى. كۈن ئولتۇرۇپ زاۋال بولدى. توختىكام بىلەن ئەنجانباي تېخىچە يوق. ئۇلار كېلىپلا ئېشەكلەرنى دەڭجاغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە چىقىپ كەتكەنىدى، ساقلا - ساقلا پەيدا بولمىدى، توختىخان قايناتقان چاي ئاللىقاچان سوۋۇپ قالدى. باقاخۇن بىلەن جۇمەخۇن دالادا ئۇيان - بۇيانىنى ئىزدەپ باقتى.

قىمار ئويناۋاتقان نەشە چېكىۋاتقانلار ئۇچراپلا تۇردى. لېكىن، ئۇلار ھېچ يەردە كۆرۈنمىدى. بىر ئائىلىلىكنىڭ ھەممىسى دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ تىت ـ تىت بولۇپ تۇراتتى، توختىكام بوشاشقان، سالپايغان ھالدا كۆزلىرىنى قىزارتىپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار بوۋاينىڭ ھالىدىن ئەجەبلىنىپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى.

— توختىكا، بىرقىسىملا تۇرىدىلىغۇ؟

— مىجەزلىرى يوقمۇ؟

— بوۋا، نېمىدىن رەنجىدىلە؟ كۆزلىرى ياش يۇقى؟

بوۋاي ئۈنچىقمىدى. ئاستا كېلىپ كىگىزگە ئولتۇردى.

— ئانا، ئانا، ئۆردەك سوقۇۋالدىم ئۆردەك، شورپا ...

ئەمدىلا بىر پۈتىنى بوسۇغىنىڭ ئىچىگە قويغان ئەنجانباي ئۆيدىكىلەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇلار ئۆگىسۈلى ئۈچكەن ھالدا بوۋايغا تىكىلىشىپ تۇراتتى. بوۋاي بېشىنى كۆتۈرمەي پۈشۈلداپ ئولتۇراتتى، نېمە بولدى؟ بىلگىلى بولمايتتى، ئۇ تەشۋىش بىلەن دادىسىغا قارىدى.

— ساڭا نېمە بولدى؟ — باقاخۇن سەل ئاچچىقى بىلەن ئوغلىدىن ياندۇرۇپ سورىدى، — يەتتە خۇپتەنگىچە نەگە باردىڭ؟ ئەنسىرەپ ئىزدىمىگەن يېرىمىز قالمىدى. بۇنداق دەشت ـ باياۋاندا ...

— ھا ـ ھا ـ ھا ... ئەنسىرىگۇدەك نېمىسى بار. مەندىن ھەمىشە ئەنسىرەپلا ياكى مەن بىر كىچىك بالا بولمىسام، ئۆردەك تۇتقىلى باردىم. سازلىقتا غاقىلداپ ئالەمنى مالەم قىلىپ، مانا بۇنى جىگدە ئوتۇنىدا سوقۇۋالدىم. ئاكا، ئانامغا يۇڭداپ تەييارلاپ بەرگىنە، بىر شورپا قىلىپ بەرسۇن، بوۋام بىلەن ئوبدانلا خوشلىشىۋالايلى.

— ھىم ... توختىكام بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، لېكىن، شۇ ھامان شۈك بولۇۋالدى. بىردەم پېشانىسىنى ئۇۋۇلىدى، ناس چەكتى، كېيىن بېشىنى ئاستا

كۆتۈرۈپ تـوختىخـانغا تىكىلدى، ــ هـەي رەھمەتلىـك. سىـلى قۇراملىقتا ئىدى، جەسـىتى مۇشۇ يـەردە قالدى. تۇنـۇگۇن كېچـە چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەن، ئەتىگەندىن بېرى كۆڭلۈم پەرىشان، ئېـسىمگـە كەلسـىـلا يۈرىكـىم مۇجۇلـۇپ كـېتىـدۇ. بـىچارىـنى قەشقەردىن تۆتىنچى قېتىم چىقىشـىمدا ئېلىپ چىققان. ئۇنـى مۇشۇ يەردە كـېچىسـى كۆك پىت چېقىۋالـدى. زىغىر پـاخىلـىدا ئىسلىدۇق، كونا تۇماقتا تەرلەتتۇق، پەرۋا قىـلمىدى. هـەي ! ... ئېغىر بوي ئىدى. ئېشەكلەرنى سولاپ قويۇپلا تۇپرىقىنى يوقلاپ كەلدىم. مۇشۇ ئۆينىڭ كەينىدىكى دۆڭنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر تـوپ توغراقنىڭ يېنىدا. ئـۆز ۋاقـتىدا يـالغۇز قالـغـانىدى. ئـەمدى يىگىرمە ـ ئوتتۇز بوپتۇ. ئوتتۇز بەش يـىل بولدى. يـىلدا بىـرەر قېتىم يوقلىيالايمەن. يېشىمۇ مەندىن خېلى بەك كىچىك ئىدى.

توختىـكام ئۇلۇغ ـ كـىچىك تىنىدى. باقـاخۇن ئەر ـ خوتـۇن بوۋايغا ئۇنى ـ بۇنى تەسەللى بەرگەن بولدى. بىرھازادىن كېيىـن بوۋاي باقاخۇنغا تىكىلدى.

ــ خوش باقـاخۇن، يېتـىمچـىلارنىڭ ھەمـمىسـىنىڭ كـۈنى ئوخشاش قاتتىق، شۇڭا بۇنداق گەپلەرنى سورىمايتتىم. سوراپ قالدىم. خـاپا بولمـىغىن، ئـاز ـ تولا بىـرنـەرسە قىـلالىدىڭمـۇ، قانداق؟

ــ نەدىكىنى، ــ باقاخۇن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنـدى. خىجىـل بولغاندەك بېشىنى ئۇستۇن كۆتۈرمەي جاۋاب بەردى، ــ تاپقان ـ تەرگىـنىمىـز جان ساقلاشـتىن ئـاشـمىدى. هـايـاتلا بولـساق ... بـالىلارنى تـىنچ ـ ئامـان چوڭ قىـلـىۋالسـاقـلا بولدى. شـۈكـۈر قىلىمىز.

ــ خۇدايـىم بـېرەر، شۈكـۈر قىـلىـساق. هـە، يەر ـ زېمـىن سېتىۋالارسەن؟

ــ شـۇنداققۇ نـىيـىتـىم بار ئـىدى، ئۇخلـىسام ـ قوپـسام كاللامدا شۇ خىيال ــ يەر ـ زېمىن. يېتىمچىلار يىغىش قىلىـپ يوللۇق تۇتقان يىگىرمە ـ ئوتتۇز تەڭگىدەك بىرنېمە بار. بۇنـىڭ

بىلەن قانداقمۇ بىر نېمە قىلغىلى بولار؟

— قىل، قىل، قىلمىساڭ بولمايدۇ. جېنىڭنى تىكىپ قويۇپ يەر - زېمىنلىق بولمىساڭ كۆن ئالغىلى بولمايدۇ، بوۋاي باللارنىڭ باشلىرىنى بىر - بىردىن سىلىدى، — مانا بۇلارمۇ چوڭ بولۇپ قالدى، كارغا كېلىدۇ. قىل، قىل، — بوۋاي يېنىنى ئاختۇرۇپ بىر خالتىنى چىقاردى. ئۇنىڭدىن ئىككى قۇلاقلىق ئىككى يامبۇنى چىقىرىپ باقاخۇنغا ئۇزاتتى، — مە، باقاخۇن، بۇ چۆچۈرە قۇلاقلارنى يېنىڭغا سېلىپ قوي، دەردىڭگە دەرمان قىلارسەن، ئازراق يەر - زېمىنلىق بولۇپ قالساڭ تېخى ياخشى.

— بۇ ... بۇ. توختىكا، بۇ، — باقاخۇننىڭمۇ، توختىخاننىڭمۇ ئاغزىغا بۇنىڭدىن باشقا گەپ كەلمىدى، ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قېلىشتى.

— ھەي بولدى، بولدى، ئىلمۇال. بۇ تۇزۇت قىلغۇدەك ئۇنچە يوغان نەرسىمۇ ئەمەسقۇ. ئېلىپ قويغىن، لازىم بولار. ئاز بولسىمۇ يوللۇقۇم بولۇپ قالسۇن. ئوبدان ساقلا، ئاله، كۆڭلۇم قالمىسۇن. ھى - ھى - ھى، — بوۋاي كۈلدى، — بىر كېچە دەتتىكامغا چۈشتۇم. ئامىتىم كەپتىكەن، ھى - ھى - ھى. كۆڭلۈڭگە شەك كەلمىسۇن، سەن بىلەن ماڭا ھالال. قولۇمغا تۆت - بەش تەڭگە بىر نېمە كىرىپ قالسىلا ئابلاخان باينىڭ كۆزى قىزىرىدۇ، جىم تۇرمايدۇ، ئويىنايلى دەپ تولا خاپا سالىدۇ، ئۆزى ئۇستا قىمارۋاز، شۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. ئاچچىقىم كەپتىكەن ھى - ھى - ھى. مانا ئەمىسە دەپ تازا بابلىدىم. ئويىنايلى دەپ ئۇخلاتمىدى. ماقۇل دەپ قىمارۋازلار راسا جىق يىغىلىدىغان سورۇندا ئوينىدۇق. ئادەم ئاز يەردە ئوينىساق ئۇتتۇرۇۋەتسە بەرگىلى ئۇنمايتتى. ھىم! ئادەم جىق بولسا يۈزى كېتىشىدىن قورقىدۇ. يېڭىلىسە بېرىپ مەردلىكىنى كۆز - كۆز قىلىدۇ. ئابلاخان باي مەرد ئىكەن، چاكىرىغا ئۇتتۇرۇپ قويسىمۇ پۇلىنى بېرىدىكەن دەپ نام ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىككى ھەپتە ئىلگىرى تۆت يامبۇ ئۇتۇۋالدىم. نەچچە يىللاپ ئىشلەپ ئالالمىغان

ھەققىمنى بىر ئاخشامدىلا ئىلىۋالدىم. مە، ئۇكام، بۇنىمۇ ئىلىۋال. قېيىنانامغا تاشلاپ بەر، — ئۇ خالتىسىدىن يەنە ئىككى يامبۇنى چىقاردى، — مېنى چوڭ كۆرمەي، تاش يۇرتقا ئىلىپ كېتىدىكەن دېمەي، قورقمايلا قىزىنى كەينىمگە سىلىپ قويغاندى، قىرىپ كەتتى. ئۇنى - بۇنى ئەۋەتىپ تۇرىمەن. خام بازىرىدىكى ھېيتاخۇن گەزمالچىنىڭ دۇكىنىنىڭ يېنىدىلا ئۆيى بار، ئامىنەخان ئاچا دېسە ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئوپال بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقى، كىچىككىنە يول. يوق گەپ، ئاۋارە قىلىپ قويىمەن. ھە، ئەمدى ئۇخلايلى. بەك ھېرىپ كەتتىم. بىز مۇشۇ يەردە خوشلىشىمىز، سىلەر ئۇ تەرەپكە ماڭىسىلەر، مەن بۇ تەرەپكە ... ھە مۇشۇ ئۆينىڭ كەينىدىكى دۆڭلۈكنىڭ يېنىدىلا بىر چىغىر يول بار، ھېلىقى بىز كەلگەن يولنىڭ سول تەرىپىدە. شۇنداق ماڭسام خۇدا بۇيرۇسا بىر ھەپتىگە تاشكەنتكە چۈشۈپ بولىمەن. ئۇ يەردىن ئىستانبۇلغا جۆنەيدىكەنمىز، ئەمدى ئىشەك ھەيدىمەيدىكەنمەن، يۈك ساقلايدىكەنمەن. ھە، ئۇخلايلى، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم. بىردەمدىلا ئۇنىڭ خورەك ئاۋازى ئۆينى بىر ئالدى.

* * *

ئۇلار بۈگۈن سەل ۋاقىچىرەك يولغا چىقىپ قالدى. قورساقنى راۋۇرۇس تويغۇزۇپ ماڭمىسا ئىسسىق ئىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى. شۇڭا، ئاخشامقى ئۆردەكنى پىشۇرۇپ بولغۇچە كۈنمۇ چىقىپ قالدى.

توختىكام توقماق قوينىدىن كاللەك - كاللەك بىرنېمىلەر چىگىلگەن ئالىچىپار سەگەز ياغلىقنى چىقاردى:

— بۇنى سادىق پوچىغا ئالغاچ كەتسەڭ بوپتىكەن. قېينانام بىلەن بىر مەھەللىدە، سادىق پو دېسە ھەممە ئادەم بىلىدۇ. قەدىناس ئاغىنەم ئىدى. بىچارىنىڭ خوتۇن - بالىسى، ئۇرۇق -

تۇغقىنىمۇ، ھەتتا بىرەر مۇشۇكى، توخۇسىمۇ يوق. مۇشۇ نەرسە بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئاخشام ساڭا تەڭلەشكە نومۇس قىلدىم، لېكىن، كۆڭلۈم قويمىدى. كۆڭلىنى ئاچسۇن، بىر كۈن بولسىمۇ خۇشال - خۇرام ئۆتسۇن دېدىم. ئېغىر كەلمىسە ...

باقاخۇن ھەيران بولۇپ سورىدى:

— نېمە بۇ شۇنچە خىجىل بولغۇدەك؟

توختىكام يەرگە قارىۋالدى:

— نېمە بولاتتى، نەشە! مەنغۇ ئىللا - بىللا بۇنداق نەرسىگە ئەسلا يېقىن يولىمايتتىم. قىماردا ئۇتتۇۋالسام، بەرگىلى پۇلى يوق، مۇشۇ نەرسىنى ھېسابلاپ بەرگەنىدى. ئاشۇ ئاغىنەمنى دەپ ساقلاپ قويغان. كىچىك چېغىمدىلا ئۆگىنىپ قاپتىكەن. قانچە قىلدى، پەقەتلا تاشلىيالمىدى، بۇ نەرسىمۇ، ھېلىقى يامبۇلارمۇ قەشقەرنىڭ تەۋەررۇكى، ئاز - تولا بىر نەرسىگە ياراپ قالىدۇ. يامبۇ شۇ تەرەپتىلا ئاقىدۇ.

باقاخۇن ئۇنىڭ قولىدىن ئۇ نەرسىنى ئېلىپ قويىنىغا سالدى. توختىكام شۇندىلا ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، خىجىل بولغان ھالدا ئۇنىڭغا قارىدى:

— خوش ئۇكام، مەن ئەمدى ساڭا ماڭىدىغان يولنى ئوبدان كۆرسىتىپ قوياي، كۆرۈۋالغىن. خاتىرجەم بول، ئۇنداق ئوغرى يولدا بولاڭچى يوق. بۇلاڭچى دېگەن بارغۇ، ھە، دېگىن، ئادەم تولا ماڭىدىغان چوڭ يولدىلا بولىدۇ. بۇنداق چىغىر يوللارنى ئوغرى بىلمەيدۇ. كۆڭلۈڭنى توق تۇتۇپ مېڭىۋەرسەڭ بولىدۇ، ھەي! ئاشۇ چوڭ يولدىن مېڭىشقا خۇدايىم ساقلىسۇن. بۇ بۇلاڭچىدىن قۇتۇلساڭ، ھۆكۈمەتنىڭ قاراۋۇلخانىسىدىكى بۇلاڭچىلارغا تۇتۇلىسەن. شۇك تۈرمىساڭ جانىدىن ئايرىلىسەن. ئىلاھىم قۇرۇپ كەتسۇن ئۇ مۇناپىقلار! يۇرۇقلار، ماڭىدىغان تەرەپنى ئوبدان كۆرۈۋېلىڭلار. ئېزىقىپ قالساڭلار چاتاق بولىدۇ، — توختىكام ئېگىز بىر دۆڭنىڭ ئۇستىگە چىقىپ كۈنچىقىش تەرەپنى

كۆرسەتتى، — باقاخۇن، ئەنە ئاۋۇ يىراقتا كۆرۈنگەن ھەممىدىن ئېگىز تاغچۇ، ھە - ھە شۇ، تۆگە لوككىسىدەك ئېگىز - پەس. ھە، ھەببەللى، ھە ئاشۇ تاغنى قارارلاپ ماڭساڭلار كەچ كىرگۈچە ئۇ تاغنىڭ يېنىغا يېتىپ بارالايسىلەر. ئۇ يەردىن ئۇ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى چىغىر يولغا چىقىسىلەر. ئاشۇ چىغىر يولنى تاشلىماي ئوبدان بىر ھەپتە ماڭساڭلار، خۇدا بۇيرۇسا قاراقارتاغ ئاغزىغا چىقىسىلەر. ئايھاي! ئۇ يەر دېگەن ئۆز تەۋەلىكىمىز! ئۇ يەرگە يېتىپ بارساقلا كۆڭلىمىز خاتىرجەم بولىدۇ. قارا - قارتاغ ئېغىزىدىن چىقساڭلارلا ئاشۇ تاغنى بويلاپ ئاقىدىغان بىر جىلغا بار، كەڭلىكى ئالاھازەل يۈز قەدەمدەك كېلىدۇ، سۈيى تىزغىمۇ چىقمايدۇ. ئۇ جىلغىدىن ئۆتۈپ يەنە بىر كۈن ماڭسا، تېرەكداۋانغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئۇ جايلارنىڭ ھەممىسى ئۆز تەۋەلىكىمىز، ئۆز تەۋەلىكىگە ئۆتكەندە ئادەمنىڭ كۆڭلى باشقىچە كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. «ئۆز ئۆيۈڭنىڭ خۇشلۇقى، يۇت - قولۇڭنىڭ بوشلۇقى» دېگەن شۇ دە. ئوي - دۆڭلىرىنى بىلىسەن، دوست - دۈشمىنىڭمۇ تونۇش، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - جامائەتمۇ يېنىڭدا، ھە، خەپ سول قول تەرەپنى بېسىپ مېڭىپ سالماڭلار. ناۋادا سول قول تەرەپنى بېسىپ مېڭىپ قالساڭلار چوڭ يولغا چىقىپ قالىسىلەر، ئوغرى - بۇلاڭچىلارغا ئۇچراپ قالىسىلەر. ھە، يەنە ھېلىقى بۇلاڭچى قاراۋۇللارمۇ بار تېخى! ئۇلار ئادەمنى بۇلاپ سويغان پىيازدەك قىلىپ قويىدۇ. مەن دېگەندەك ماڭساڭلار بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بەلەن يول يوق. خەير يول بولسۇن، — بوۋاي قوللىرى تىترىگەن ھالدا بالىلارنىڭ مەڭزىگە بىردىن - بىردىن سۆيدى ئاقىيول تىلەپ دۇئا قىلدى، — ئامىن، سىلەرنى خۇداغا تاپشۇردۇم. ھە، باقاخۇن ئۇنتۇپ قالما، خام بازىرى، گەزمالچى، ھېيتاخۇن دۇكىنى، ئامىنخان، ھە، ئۇنتۇمىغان بولساڭ مەيلى. كەكە، پالتا، پىچاقلىرىڭنى چانمايدىغان، لېكىن، ئاسان قولغا چىقىدىغان قىلىپ جايلاشتۇر. ناۋادا ئوغرى - بۇلاڭچى ... ھەي بولدى، بولدى. خاتىرجەم بولۇڭلار، قورقماي مېڭىۋېرىڭلار. مەن

دېگەن ئۇ ئـوغرى يوللاردا بـۇلاڭچى يـوق. خـەير ـ خوش خـۇداغـا ئامانەت.

— خوش، خوش ! خۇداغا ئامانەت.

— بوۋا، خوش ـ خوش.

ئۇلار ئـۇزاپ قارىسى كـۆرۈنمىدى. شـۇندىلا تـوخـتـىكـام ئـۆز يولىغا راۋان بولدى. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئاخشام ئـۇلار قونغان سۆگەتبوستان دېگەن ھـېلىقـى جىگدىـلىك مەھـەللىـدىـن سالۋا تـۇماقلارنى چـۆكۈرۈپ كـيـمۋالغان ئـىككى ئـاتلىق ئـادەم چىقىـپ كەلدى. ئۇلار بـاقاخۇنلارنـىڭ ئارقـىسـىدىن ئـەگىشـىـپ مېڭىپ، باشقا بىر چىغىـر يولغا كـىرىپ كېـتىشتـى. بۇنى ھېـچ كىشى سەزمىدى.

*　　*　　*

ئۇلار دۆڭلەردىن ئاشتى، سازلىقلاردىن ئۆتتى. بىر ـ بىرىگـە مىنگىشىپ كەتكەندەك گىرەلەشكەن قاتمۇقات ئالىتـاغىل تاغـلار ئارىسـىدا چوققـىلىرى بۇلـۇتلارغا تاقىـشىـپ ھـەممىدىـن ئېگىـز كۆرۈنـگەن تاغنـى قارارلاپ مېڭىـۋەردى. ھېلـى يېتىـپ بارغىلـى بولـىدىغاندەك يېقىنلا كۆرۈنگەن بـۇ تاغ بارغانـسېرى ئارقـىسـىغا يۆتكىـلىـپ يـىـراقلاپ كـەتكـەندەك، چـوقـقـىلـىـرى تېخـىـمـۇ ئېگىزلەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. قۇملۇق تۈگىدى، شېغىل ـ تاشلىق باشلاندى. تاشلىقلاردا چىغىر يوللار پات ـ پات يوقىلىپ كېتەتتى ياكى باشقا ياقلارغا باشلايتتى. بـاقاخۇنىـىڭ بۇنـىڭ بىلەن كـارى بولـمىدى. ئاشـۇ ئېگـىـز تاغنـى قـارارلاپ ئوڭ قولـنـى بېسـىـپ مېـڭـىـۋەردى. ماڭـدى ـ مـاڭدى، خېـلـى داۋانـلاردىن ئـاشـتـى. ئېگىزلىرىدىن ئايلىنىپ، پەسلىرىدىن كېسىپ ئۆتتى. پات ـ پات كېيىكلەر ئۇچـراپ، بويۇنلـىرىنى تـىككـىـدە تۇتۇپ تـاق ـ تـاق سەكرەپ كېتىپ قالاتتى.

توختىكام ئۇلارنى يامان يولغا باشلىماپتىكەن، ئىشقىلىپ، ئۇ

يەردىن بولمىسا بۇ يەردىن، بۇ يەردىن بولمىسا ئۇ يەردىن ماڭغۇدەك يول تېپىلاتتى.

كۈن چۈشتىن قايرىلدى. ھېلىقى ئېگىز تاغنىڭ باغرىدا خېلى كەڭرى تۈزلەڭلىك باشلاندى. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن بۇ تۈزلەڭلىك تارىيىپ ـ تارىيىپ خۇددى تاغ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ يول ئالغاندەكلا ئىككى تەرىپى تىككىدە ھاڭغا ئايلاندى. يەنە بىردەم ماڭدى. ھاڭنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى تىك قىيا پەسلەپ چوڭقۇر جىلغىغا تۇتاشتى. ئۇلار شۇ تاپتا ئوڭ تەرىپى تېگى كۆرۈنمەيدىغان تىك جىلغا، سول تەرىپى ئۈستى كۆرۈنمەيدىغان ئېگىز تاغ ئارىسىدىكى بىرلا ئېشەك ئاران پاتىدىغان تارغىنا ھاڭ بىلەن مېڭىشقا توغرا كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ تارغىنا ھاڭنىڭ ئىچىدە ھەر ـ ھەر يوغان قورام تاشلار يولنى توسۇپ تۇراتتى، ئادەم ياكى ئېشەك ئوڭ تەرەپكە سەل ـ پەل سىلجىسىلا، تېگى كۆرۈنمەيدىغان چوڭقۇر ھاڭغا تىك موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كېتەتتى. باقاخۇن ئۇلارنى توختاتتى.

ـــ ئەنجانباي، سەن ماۋۇ ئېشەكنى تۇتۇپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن. جىم تۇرغىن جۇمۇ، مەن ئاكاڭ، ئاناڭ، ئۇكىلىرىڭنى، يەنە لاقا ـ لۇقىلارنى ئۇ باشقا ئاپىرىپ قويۇپلا كېلەي، پەخەس بول جۇمۇ.

باقاخۇن ئەنجانبايغا شۇ گەپلەرنى تاپىلاپ قويۇپلا ئالىچىپار ئېشەكنى يېتىلىدى. جۇمەخۇن ئۇ ئېشەكنىڭ ئارقىسىدىن ئەتتىرىپ ماڭدى. توختىخان تاشكەنتباينى كۆتۈرۈپ، ئايىم تىللاخاننى يېتىلەپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەتتى، دەل مۇشۇ يەردە ئۇلارنى پالاكەت باستى. ئۇلار ئۇزاپ بىر توقايدىن ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ئەنجانباي ئۇيان ـ بۇيانغا قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى قىيانىڭ يېنىدىن ئۈنۈپ چىققان پاخپاق ئارچىغا چۈشتى. ئۇ ئارچىنىڭ يېنىدىكى ئادەم بېشى پاتقۇدەك يوغانلا كاماردىن ئۇششاق ئوت ـ خەسلەر، ئۇچار

قۇشلارنىڭ پەيلىرى چىقىپ قالغانىدى. ئەنجانباي ئۇ كامارغا ئېشەك ھەيدەيدىغان ئۇزۇن تاياقنى ئۆزىتىپ باققانىدى، تاياق يەتمىدى. يامىشىپ چىقاي دېسە، تۇتقۇدەك، دەسسىگۈدەك بىرنېمە يوق، ئاخىر ئۇ ئېشەكنى سۆرەپ كامارنىڭ يېنىغا يېقىن ئەكەلدى. ئاندىن ئېشەكنىڭ ئۈستىگە لىككىدە چىقىپ ئۆرە بولدى. تىك تۇرۇپ تاياقنى يەنە ھېلىقى كامارغا كىرگۈزۈپ باقتى. بىر غۇلاچ ئۇزۇن تاياق ئارانلا بويلىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلىشكە بەكلا قىزىقىپ قالغان ئەنجانباي تاياق بىلەن ئۇ كامارنى كوچىلاۋەردى. دەل شۇ چاغدا كاماردىن يوغانلا بىر قۇش پالاق - پۇلۇق ئۇچۇپ چىقتى - دە، ئېشەكنى ئۈركۈتۈۋەتتى. ئەنجانباي قىيانىڭ يېنىغىلا يىقىلىپ چۈشتى. لېكىن، ئېشەك ئۆزىنى توختىتالمىدى. دەلدۈگۈنۈپلا جىلغىغا چۈشۈپ كەتتى. تاشلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ - سوقۇلغان تاراق - تۇرۇقلىرىنىڭ ئەكس ساداسى جىلغىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئەنجانباي جىلغىنىڭ يېنىغىلا يىقىلغانىدى. جەينەكلىرىنى، تىزلىرىنى يېغىر قىلىۋالدى. ناۋادا بىر غېرىچ ئۇيانغىراق يىقىلغان بولسا، ئۇ چاغدا "... ئاھ خۇدا ! ئۇمۇ تۈگەشكەن بولاتتى !

ئۇ قورقۇپ تاتىرىپ كەتكەنىدى. يۈرىكى ئات چاپقاندەك دۈپۈلدەپ، سوغۇق تەر بېسىپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇردىيۇ، لېكىن بەك قورقۇپ كەتكەنلىكتىن پۇت - قوللىرى لاغىلداپ تىترەپ جايىدىلا تۇرۇپ قالدى. بىرھازادىن كېيىن، يۈرىكىنىڭ ئېگىز - پەس سوقۇشى جايىغا چۈشكەندەك بولدى - دە، پەسكە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

ئەمدىلا چىغىر يولنىڭ ئۇ بېشىغا چىققان باقاخۇن، بايىقى تاراق - تۇرۇقنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى - دە، ئەنجانبايدىن ئەنسىرەپ «ئاپلا !» دەپ ئارقىسىغا يېنىپ چاپتى. ئۇ، ئەنجانباي قالغان ھېلىقى يەرگە كېلىپ ئۇيان - بۇيان قارىدى، لېكىن ئەنجانبايمۇ، ئېشەكمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر

پېشكەللىك يۈز بەرگەنلىكىنى تۇيۇپ قالدى ـ دە، يۈرىكى «قارتلا !» قىلىپ تېخىمۇ چۆچۈدى. كۆزلىرى چەكچىيىپ، پۇت ـ قوللىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ گاڭگىرىغان هالدا پەسكە قاراپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى:

— ئەنجانباي ! !

تاغ ـ تاشلاردىن، جىرالاردىن ئۆز ئاۋازىنىڭ ئەكس ساداسى ياندى. لېكىن، ئەنجانبايدىن سادا بولمىدى. باقاخۇن ئالاقزادە بولغان هالدا قوللىرىنى ئاغزىغا كانايچىلاپ تۇتۇپ تۇرۇپ يەنە توۋلىدى. ئەنجانباي ! ئەنجانباي ! ...

بىرهازادىن كېيىن جىلغىنىڭ ئىچىدىن خۇددى يەرنىڭ تېگىدىن چىققاندەكلا ئەنجانباينىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ۋاي ـ هە ! !

باقاخۇندا ئۈمىد پەيدا بولدى. خۇشاللىقتىن يۈرىكى ئويناپ، كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. ئوغلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىغا تازا ئىشەنچ قىلالماي يەنە توۋلىدى:

— ئەنجانباي ! !

— هە ... ! مانا مەن ! چىقىۋاتىمەن !

دېگەندەك، بىرهازادىن كېيىن ئەنجانباي خۇرجۇن، قاچا، كىگىز، كۆرپىلەرنى كۆتۈرۈپ هاسىرىغان هالدا جىلغىدىن يامىشىپ چىقتى. باقاخۇن ئىككى قوللاپلا ئوغلىنى قۇچاقلىۋالدى. ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى سىلاپ:

— بىر يېرىڭ ...؟ — دەپلا تۇرۇپ قالدى.

— ياقا، دادا، هېچنېمە بولمىدىم. ئېشە ...

— بولدى، بولدى هېچ ۋەقەسى يوق. بېشىڭغا كەلگەن بالا ـ قازا ئىكەن، بوپتۇ بالام، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. جان بولسا جاهان، ئاش بولسا قازان، ئۆزۈڭ ساق قالغان بولساڭ، شۇنىڭغا مىڭ مەرتەم شۈكۈر قىلساق بولىدۇ.

— قاپاق سۇنۇپ كەتتى.

— ئاپلا، چاتاق بوپتۇ. سۇ …
ئېشەك نېمە بولۇپ جىلغىغا چۈشۈپ كەتتى؟ ئۇرغانمىدىڭ؟
— ياق، ئاۋۇ كاماردا قۇشلارنىڭ پەيلىرى تۇرۇپتىكەن، نېمە باركىن، قاراپ باقاي دەپ … ـ ئەنجانباي خىجىللىقتىن بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ، بولغان ئىشنى سۆزلىدى. باقاخۇن ئوغلىنىڭ بالىلىق قىلغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ بوي جەھەتتە يوغان زەمدەك كۆرۈنگەن بىلەن تېخى بالا ئىدى. باقاخۇن گەپمۇ قىلمىدى. ئوغلىنىڭ ئېگىپ تۇرغان بېشىنى سىلاپ قويدى ـ دە، ئۇنى يېتىلەپ كەتتى. ئۇلار توختىمىغانلار ساقلاپ تۇرغان جايغا كەلگەندە ئانا نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئەنجانباينىڭ بېشىنى ئېگىپ تۇرۇشىدىن بىلدى، ئەمما ھېچ ئىشنى ئۇقمىغاندەك گەپمۇ قىلمىدى.
ئۇلار ئالاھازەل بىر ئاش پىشىمدەك مېڭىشقاندى، يول بارغانسېرى تارىيىپ كەتتى. بىر ـ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن قاتار تىزىلىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولۇشتى. دەل شۇ چاغدا ئالدىدىكى قىيالىقنىڭ ئارقىسىدىن تۆت ئادەم سەكرەپلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈشتى. ئۇلارنىڭ قولىدا كالتەك، توقماق، پالتا ـ كەكە بار ئىدى. ئەلپازىدىن ئادەم يەيدىغاندەك ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئارقىسىدىنمۇ ئۈچ ئادەم ئۇلارنى قىستاپ كېلىشتى:«قاراقچىلار! …» باقاخۇن بىلەن توختىخان قورقۇنچتا يۈرىكى پوكۇلداپ تاترىپ كېتىشتى. بالىلارمۇ قورقۇنچتا چىرقىرىشىپ، ئاتا ـ ئانىلىرىغا چاپلىشىۋېلىشتى. ئارىدىن بىرى ۋارقىرىدى:
— ئاتلاپ تۇرۇش! ھەرقايسىڭغا جان لازىم بولىدىغان بولسا ھەممە ۋەجىڭنى چىقىرىش! بولمىسا جېنىڭنى ئالىمىز! بولۇشە چاپسان!
باقاخۇن قول باغلاپ تۇرۇپ ئۇلارغا يالۋۇردى:
— جېنىم غوجىلىرىم رەھىم قىلىشسىلا، بىز يۇرت كېزىپ، قەلەندەرچىلىك قىلىپ جان بېقىپ يۈرگەن مۇساپىرلارمىز، ھەرقايسىلىرىغا يارىغۇدەك ھېچنېمىمىز يوق.

— ۋالاقلىما ! جىنىڭغا تۇرامسەن، مىلىڭغىمۇ؟ ! تېز بولە ! !
باقاخۇنىنىڭ چىكىسىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى. كۆڭلىكىمۇ تەردە ھۆل بولۇپ كەتتى.
توختىخان چاچلىرىنى چۇۋۇدى. خىرىلداپ، كۆڭۈل ئاينىغۇدەك خارقىراپ يۆتىلىپ، خۇددى قىرىپ بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان مومايلاردەك ئىنجىقلاپ تۇرۇپ نالە قىلدى:
— بالىلىرىم، مىنىڭ مۇشۇ يېتىم نەۋرىلىرىمگە رەھىم قىلىڭلار، ئاللا ئىگەم دۆلىتىڭلارنى زىيادە قىلسۇن، رەھىم قىلىڭلار.
بۇلاڭچىلارغا بۇنداق يىلىنىپ - يالۋۇرۇشلار كار قىلمىدى. باقاخۇنىنىڭ قويۇنلىرىنى، يانچۇقلىرىنى، ھەتتا ئىشتانىنىڭ لەپەزلىرىنىمۇ چالا قويماي ئاختۇرۇپ ھېچ نەرسە تاپالمىدى. توختىخاننىڭ بىلىكىدىكى قاشتېشى بىلەزۈكنى تارتىۋېلىشتى. خۇرجۇندىكى ياغلىققا چىگىكلىك ھېلىقى تۆت - بەش كاللەك نەشىلا ئۇلارنى خۇش قىلىۋەتتى، شۇنداق بولسىمۇ بۇنىڭغا يەنىلا رازى بولۇشمىدى.
— راست قەلەندەر ئىكەن. ئىسىت ! سۆگەتبوستاندىن ئەگىشىپ كەلگەنگە تۇشلۇق ئىش بولمىدى.
— بىكارغىلا تۆت كۈن ئاۋارە بوپتۇق.
— كېمى ئاۋۇ خوتۇننى ئېلىۋالساق تولىدۇ.
— ماڭ - ماڭاۋەي، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرماي ! بۇۋىمدەك يۈزىنى يۆگىۋالسا ئاسماندىكى ئايدەك كۆرۈنۈپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ بايا ئاڭلىدىڭغۇ، گەپ قىلالماي ئىنجىقلاپ خارقىراپ كەتكەنلىكىنى ! قىرىپ ماكىلداپ قالغان موماي ئىكەن.
— مەيلى، شۇ تاپتا ...
— تاغدا گۈلدەك قىز - چوكانلار ساماندەك.
بۇلاڭچىلار ئەنە شۇ ھالدا كاسىلدىشىپ، خۇرجۇن، كىگىز - كۆرپىلەر ئارتىلغان ئېشەكنى ئالدىغا سېلىشىپ پەسكە چۈشۈپ

كېتىشتى. باقاخۇن كۆزلىرى قىزارغان، چەكچەيگەن ھالدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپلا قالدى ــ دە، جايىدا زوڭلا ئولتۇرۇپ ھۆڭگىرەپ يىغلاپ سالدى:

ــ تۈگەشتۇق! ھەممىدىن قۇرۇق قالدۇق! ئىسىت ــ ئىسىت! بىر چىشلەم نانمۇ قالدۇرۇشمىدى! ھەممىنى بۇلاپ كېتىشتى! ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟! ئاھ خۇدا، مۇشكۇلىمىزنى ئاسان قىلغايسەن! باشپاناھ بولغايسەن!

بايا باقاخۇننىڭ بۇلاڭچىلار بىلەن تازا بىر ئېلىشقۇسى بار ئىدى، گەپ ــ سۆز يوق ئىككى ــ ئۈچىگە تېتىيتتى. لېكىن، بالىلىرىغا زىيان ــ زەخمەت يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزىنى ئاران تەستە بېسىۋېلىپ جىم تۇرۇۋالدى. ئاۋادا ئۆزى يالغۇز چاغدا ئۇچراپ قالسىدى، ئۆزىنىڭ نېمە بولۇپ كېتىشى بىلەن كارى يوق، پۇخادىن چىققۇچە ئېلىشاتتى. ھېلىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالغىنى ئوبدان بوپتۇ. بالىلىرى ئامان قالدى، خۇداغا شۈكۈر.

توختىخان بىلەن بالىلىرىمۇ مىشىلداپ يىغلاۋاتاتتى. پەقەت ئەنجانبايلا يىغلىمىدى ئۇ لېۋىنى چىشلەپ، قاپىقىنى تۈرگىنىچە بۇلاڭچىلار كەتكەن تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. ئۇ بۇرۇلۇپ ئانىسى بىلەن دادىسىغا بىردەم تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن تەمكىنلىك بىلەن:

ــ دادا، ئىككىمىز بۇلاڭچىلارنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ باقامدۇق، ــ دېدى.

ــ نېمە ئۈچۈن؟

ــ ياتىدىغان ــ قونىدىغان جايىنى كۆرۈپ باقايلى، ئېپى بولسا بابلىۋېتەيلى.

شۇ تاپتا باقاخۇننىڭ غېمى ئۇلارنى قانداق بابلاشتا ئەمەس، تەڭگە، يامبۇلاردىمۇ ئەمەس، بەلكىناندا ئىدى. ناندا ...

يېگىلى نان بولمىسا قانداق قىلىدۇ؟! تاغ ــ داۋانلاردىن قانداق ئېشىپ، يۇرت ئىچىگە قانداق بارالايدۇ؟! ماقۇل،

بۇلاڭچىلارنىڭ قونىدىغان جايىنى تاپقانمۇ بولايلى. لېكىن، بۇلاپ قاچقان ناننى بىز ئېلىپ قاچقۇدەك يەرگە تاشلاپ قويمايدۇ ـ دە! شۇ كۈنگە قەدەر ئەنجانبايىنىڭ تەلەپ ـ ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇپ كەلگەن، رايىغا باققان. ئۇنىڭ هازىرقى ئەلپازى خوپ يامان تۇرىدۇ، ياق دېسە ئۆزى يالغۇز بېرىشتىن يانمايدۇ. بۇ بالىنىڭ مىجەزى مۇشۇنداق، ئاچچىق هەم تاتلىق.

— ماقۇل، — دېدى باقاخۇن لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، — بارساق بارايلى، لېكىن قىلچە ئۈمىد يوق. خۇدايىم بىرنېمە دېمىسە ...

* * *

ئاتا ـ بالا ئىككىسى بۇلاڭچىلار كەتكەن يانتۇلۇق بىلەن تۆۋەنگە پەسلەپ، قات ـ قات تاغلار ئارىسىدىكى سەل ئاقىدىغان كەڭرى جىلغىغا چۈشۈشتى. تاشلىق، شېغىللار ئارىسىدا ئانچە ـ مۇنچە پەرق ئېتىشكە بولىدىغان ئىشەك تۇيىقىنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىپ، بۇلاڭچىلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. پەسرەك بىر تاغدىن ئايلىنىپ ئۆتكەندە، چەت ـ چەتلىرى يىراق ـ يىراقلاردىكى تاغلارغا تۇتاشقان ئاندا ـ ساندا يۇلغۇن، ئارچا، چىغلار ... ئارىلاش ئۆسكەن، كەڭرى ئالا يارلىققا چىقىپ قېلىشتى. بۇ ئالا يارلىقنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە خۇددى ياساپ قويغاندەكلا يۇمىلاق، چوققىسى بۇلۇتلارغا تۇتاشقۇدەك ئېگىز بىر تاغ كۆرۈندى. ئىشەكنىڭ ئىزىمۇ دەل شۇ تەرەپكە كەتكەنىدى. ئۇلار بىر چاي قاينىمى مېڭىپ ئۇ تاغقا يېقىنلاشتى ـ دە، تاغنىڭ قاپتىلىدىكى بىر ئۆڭكۈرگە كۆزى چۈشۈشتى. دەل شۇ چاغدا غۇر ـ غۇر شامال چىقىپ، ئۇلارنىڭ بۇرنىغا نەشىنىڭ سېسىق، ئاچچىق پۇرىقى گۇپپىدە ئۇرۇلدى. باقاخۇن ئاستا پىچىرلىدى:

— ئاران تۇرۇپتىكەن، نەشىگە دۇم چۈشۈپتۇ.

ئۇلار چىغلارنىڭ دالدىسى بىلەن مېڭىپ ئۆڭكۈرگە يېقىنلاپ

كەلدى. ئۆڭكۈرنىڭ ئەتراپىدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئېشەك ئۆڭكۈرنىڭ پەس تەرىپىدىكى چىغلىقتا باغلاپ قويۇلغاندەك كۆرۈنەتتى. هايۋان دېگەن شۇ دە. ئىگىسى نېمە غەمدە، نېمە كويدا؟ بىلمەيدۇ ـ دە؟ ئۇ ئېشەك ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى سېزىپ قالدى بولغاي، ئۇلار تەرەپكە قاراپ قۇلاقلىرىنى دىڭگىدە تىك قىلىپ هاڭراشقا باشلىدى. ئىككىسىنىڭ قورقۇنچتا پۇت ـ قوللىرى لاغ ـ لاغ تىترەپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئالاقزادە بولۇپ چىغنىڭ دالدىسىغا كىرىۋېلىپ، يەرگە چىڭ چاپلىشىپ يېتىۋالدى. هېلىمۇ خۇداغا شۈكۈر، بىرەر ئادەم چىقىپ ئۇيان ـ بۇيان قاراپمۇ قويمىدى. ئۇلار شەپە چىقارماي ئاستا مېڭىپ ئېشەكنىڭ قېشىغا كەلدى. خۇرجۇن، كۆرپىلەر يەنە ئاۋۋالقىدەكلا ئارتىقلىق پېتى تۇراتتى. خۇرجۇننىڭ ئىزمىسى يېشىلمىگەن، توقۇمغا قولمۇ تەگمىگەندى.

«نەشە خۇمارى تۇتۇپ، نەپسى تاقىلداپ تۇرالماي قالغانىكەن، نەشىنى كۆرۈپلا خۇدىنى يوقىتىپتۇ. كېلىپلا ئۆزىنى ئېتىپتۇ ئۆلگۈرلەر !» دەپ ئويلىدى باقاخۇن. شۇ ئارىدا ئەنجانباي شەپە چىقارماي تېز ـ تېز مېڭىپ، ئۆڭكۈرنىڭ يېنىغا بېرىۋالدى. باقاخۇن ئۇنى توسۇۋالالمىدى، هەتتا شەرەتلەپ «هاي !» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇنىڭغىچە ئەنجانباي بىر ياندىن يامىشىپ چىقىپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە قاراشقا باشلىدى. باقاخۇن تىت ـ تىت بولۇپ، «ئاپلا، چاتاق بولدى !» دەپ ئويلاپ لېۋىنى چىشلەپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئەنجانباي ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدا ئۇزاق تۇرمىدى، تېزلا يېنىپ چۈشتى. ئۇلار ئېشەكنى يېشىپ، ئەندىشە بىلەن پات ـ پات ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ، كەلگەن يولى بىلەن مېڭىپ يېنىپ كەلدى. توختىماي بىلەن بالىلار ساقلاپ تۇرغان جايغا ئاز قالغاندا، باقاخۇن ئوغلىغا كايىدى:

— نېمىشقا ئۇنداق قارامىلىق قىلىسەن؟ تۇتۇلۇپ قالساق ئۇلاردىن تىرىك قۇتۇلالامدۇق؟ ! ئۇ چاغدا ئاناڭ بىلەن ئاكا ـ

ئۇكىلىرىڭ بۆرە، قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم بولۇپ تۈگىشىپ كەتمەمدۇ؟! قاپاق باش!

ئەنجانباي خىجىل بولۇپ شۈك بولۇپ قالدى. لېكىن، قىلغىنىغا پۇشايمان قىلمىدى، دادىسىنىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇپ، تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— بىز يېتىپ بارغاندا بىرەر ئادەم كۆرۈنمىدى، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىنمۇ بىرەر ئاۋاز ـ تاۋۇش ئاڭلانمىدى. كۆڭلۈمگە گۇپپىدە گۇمان چۈشتى. ئۇلار بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى ئاۋادا سېزىپ قالغان بولسا، بىزنى بابلاپ تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن باشقا جايدا ماراپ تۇرۇۋاتامدىكىن دەپ ئويلاپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە قاراپ باققۇم كەلدى. ئۇلار ھەممىسى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە ئىكەن. مەستلىكتە ئوڭتەي ـ توڭتەي يېتىپ ئۇخلاپ كېتىشىپتۇ، مېڭىنى تەپسىمۇ تۇيمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇ ھالىغا قارىغاندا ئەتە مۇشۇ چاغقىچىمۇ ئويغانماي ئۇخلاۋېرىدىغان ئوخشايدۇ. باش ـ ئاياغلىرىدا چىلىملار تۇرىدۇ. يەنە قىپقىزىل بىر يارتا گۆش بىر يانغا تاشلاقلىق تۇرىدۇ. قارىغاندا، قوتاز گۆشىدەك قىلىدۇ. ئاچچىقىمدا ھەممىسىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەي دەپتىمەن، لېكىن، ئۆزۈمگە ھاي بېرىپ توختاپ قالدىم. نامەردلىك بولمىسۇن دېدىم، ئۇخلاپ قالغان ئادەمنى ئۇرۇش نامەردلىك بولىدۇ. ئۆلۈكنى ئۇرغانغا ئوخشاش. مەرد ئادەم ئۇنداق قىلمايدۇ. ئوچۇق ـ ئاشكارا بولىدۇ، ئوچۇق مەيداندا ئېلىشىدۇ. «مەردنى مەيداندا سىنا» دېگەن شۇ ـ دە. بولمايدىغان بولسا ۋاي ـ ۋۇي، ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدىكى كاللامدەك ھەر يوغان تاشلار بىلەن ئۇ ئەبلەخلەرنىڭ كاللىسىنى ھاي ـ ھۇي دېگۈچە يانجىپ تاشلايتتىم. ئۇلار بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى سېزىپ قالغان بولسىمۇ مەيلى ئىدى، بۇ كەڭرى مەيداندا بىر قەپەس ئېلىشاتتۇق، ئوبدانلا تېتىيتتۇق. ئەتىگەن ئالدىمىزنى توسۇۋالغان چاغدا ئاچچىقىم تازا كەلدى، بىر ئېلىشاي دېدىم، لېكىن، سىلەرنى ئويلاپ ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ شۈك تۇرۇۋالدىم.

— بولمىسچۇ؟ بىزنى ئۆيلىمىغان بولساڭ قانداق قىلاتتىڭ دەيمەن؟

— ئەدىپىمنى بېرەتتىم.

— قانداق بېرەتتىڭ؟

— تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، تاشلار بىلەن كالىلا - ماللىسىنى يېرىپ تاشلايتتىم. ھەرگىز تۇتۇق بەرمەيتتىم.

— سەن بەك نوچىغۇ؟

— مەن سىنىڭ بالاڭ - دە.

باقاخۇن ئوغلىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئەقلى ھەيرانۇھەس قالدى. ھاڭ - تاڭ بولۇپ ئوغلىنى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا قاراپ تۇرۇپلا كەتتى: «توۋا، كىچىككىنە تۇرۇپ گېپىنىڭ يوغانلىقىنى قارىمامدىغان بۇنىڭ، «ئۆزى مۇشتەك، كاللىسى قوش مۇشتتەك» دېمىدىگەن بەڭۋاشلىق، دېمىدىگەن قارام! شۇنداق بولسىمۇ خېلى جىگىرى بار ئادەم بولىدىغان ئوخشايدۇ. ھازىرقى زاماندا شۇنداق ئادەم بولمىسا بوزەك ئېتىدۇ، كۈن ئالالمايدۇ!

كەچ كىرىپ كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغانىدى. ئۇلار تېز - تېز مېڭىشقا باشلىدى.

توختىخان تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغانىدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، بالاڭچىلارنىڭ يەنە قوغلاپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇلار دەرھاللا يولغا چىقىپ كەتتى.

*　　*　　*

ئاي چىقتى. يۇلتۇزلارمۇ قويۇق ئىدى. لېكىن، يورۇقلۇقنى تاغلار توسۇۋالغانلىقتىن ئاسمان يورۇق، ئۇلار ماڭىدىغان يول قاراڭغۇ ئىدى. يولنىڭ تارلىقىدىن بىرىنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرى قاتار تىزىلىپ ماڭمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يول تولىمۇ ئېگىز - پەس، ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئىدى. يىقىلىپ -

قوپۇپ، ئۆرۈلۈپ ـ سوقۇلۇپ كېتەتتى. ئۇلار شۇ ھالدا مېڭىپ ھېرىپ ھالى قالمىدى. تاڭ سۈزۈلۈشكە ئاز قالغاندا بىر دوقمىدا ئولتۇرۇپ ھاردۇق ئېلىشتى. باللار ئولتۇرۇپلا جاي ـ جايىدىلا ئۇخلاپ قېلىشتى. شۇ چاغدا باقاخۇن ئۆزىگە يۆلىنىپ ئۇخلاۋاتقان ئەنجانباينىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن دېگەن ھېلىقى گەپلىرىنى توختىخانغا بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى. توختىخان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى.

— ھەي ... نېمە ئىلاجى بار دەيدىلا، بۇ بالا دېگىنىنى قىلىدىغان، كۆڭلى تارتمىغان ئىشنى زورلىسىمۇ قىلمايدىغان، خورىكى چوڭراقلارغا ئۆزىدىن چوڭ بولسىمۇ زادىلا سالام قىلمايدىغان كاج ئادەم بولۇپ قالدى. ئۆتكەن يىلى ھە، ئۇ چاغدا سىلى ئۆيدە يوق ئىدىلە، ئۇنىڭ بىر ساۋاقدىشىنىڭ پۇتىنى، غۇلامىدىن خان قانجۇقنىڭ ئىتى چىشلىۋاپتىكەن، بۇ بالا ئۇ ئىتنى بىر كۈن قوغلاپتۇ. ئاخىر تۇتۇۋېلىپ چىشىنى چېقىۋېتىپتۇ. بىر ھەپتە كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىپ، يالۋۇرۇپ ئاران تەستە ئۇلارنىڭ جېدىلىنى پەسلەتتىم. يەنە تېخى ھېلىقى تۇل خوتۇن سارىخان بۇۋىنىڭ بىر چۈجىسىنى سار ئېلىپ قاچقانىكەن، بۇ كاج بالا ئاشۇ سارنى تۇتىمەن دەپ بىر ھەپتە ھەپىلەشتى. ئاخىر تور تۇتۇپ، تورنىڭ يېنىغا بىر توخۇنى باغلاپ قويۇپ يۈرۈپ ئۇ سارنىمۇ تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ۋاي ـ ۋۇي! دەپ كەلسەك ئىش تولا. ئۇ چاغدا سىلى ئۆيدە يوق، ھەممە بالاغا يالغۇز مەنلا قالغاندىم. يەنە تېخى كەمبەغەللەرنىڭ باللىرىغا باش بولۇۋېلىپ، باينىڭ باللىرى بىلەن سوقۇشقان، مۇشتلاشقان ... ۋاي ـ ۋۇي! كۈندە جېدەل سوراپ كۈنۈم كەتكەن. شۇنداق بولسىمۇ بۇ بالىنىڭ ئوتى باشقىچە. يۈرىكىم گۈر ـ گۈر كۆيىدۇ. ئەس ـ يادىم مۇشۇ بالىدىلا قالىدۇ. «يامانىنىڭ ئوتى يامان بولىدۇ» دېگەن تەمسىل بىكارغا ئېيتىلمىغانىكەن. ئۇنىڭ ھازىرقى مۇشۇ ئەلپازىدىن قارىغاندا، تۇتسا سېپى بار ئادەم بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئىلاھىم شۇنداق

بولغىيدى، خۇدايىم مۇرادىغا يەتكۈزگىيدى. مەيلى نېمىلا بولسۇن، سىلىگە ئوخشاش بەدىنىدە ئەركەك تۈكى بار، نوچى ئادەم بولۇشىدا گەپ يوق.

— شۇنداق. سىلىنىڭ سۆتلىرىنى ئىمىپ چوڭ بولدى، ئۇمۇ سىلىگە ئوخشاش شەرەنداز - چېچەن ئادەم بولۇشىدا گەپ يوق.

— ۋۇي! — ئۇلار چۆچۈپ ئەنجانبايغا قاراشتى، — ئويغىنىپ كېتىپسەن - دە؟

— ...

قىيالىق پەسلىگەنسېرى يولمۇ كېڭەيدى. دېمى تۇتۇلۇشمۇ ئازلىدى، باشمۇ قايمىدى. ئەمدى ھېلىقى ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار ئارقىدا قالغانىدى. ئۇلار بارغانسېرى پەسلەپ بىر تاغنىڭ ئايلانمىسىدىن ئۆتكەندە، ئالدى تەرەپتە كەڭرى بىر ئېقىن كۆرۈندى. چوڭ - كىچىك ھەممىسى خۇشاللىقتا قەشقەر تەرەپكە قاراپ تەڭلا توۋلىۋەتتى.

— ھاي - ھۇي! ھاي - ھۇي! ھاي - ھۇي! ...

— ئاھ! ... ئۆز تەۋەلىكىمىزگە كېلىپ قاپتۇق! ...

ئېقىن خوپ كەڭ ئىدى. بۇ قاشتا تۇرۇپ توۋلىسا، ئۇ قاشقا ئاران ئاڭلىناتتى. لېكىن، ئانچە چوڭقۇردەك كۆرۈنمەيتتى، خۇددى گىل سۇيىدەك قىزغۇچ پوركاپ لاي سۇ تەكشى يېيىلىپ ئاستا ئاقماقتا ئىدى. چوڭقۇر - دۆڭ جايلىرىنى مۇنداق قاراپلا بىلگىلى بولمايتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار تەۋەككۇل قىلىپ «بىسمىللا» دەپ، بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇشۇپ سۇغا كىرىشتى - دە، تەكشى ئېقىۋاتقان دۆڭرەك جايلىرىنى پەملەپ مېڭىشتى. ھەرھالدا ئانچە چوڭقۇرمۇ ئەمەس ئىكەن، چوڭقۇر دېگەن يەرلىرىمۇ پۇتىدىن ئاشمىدى.

ئۇلار تىنچ - ئامان ھالدا ئۇ باشقا چىققاندا كۈن ئولتۇرايلا دەپ قالغانىدى، بىردەمدىلا زاۋال بولدى. ئۇلار قونغۇدەك ئەپلىكرەك جاي ئىزدەپ بىر داۋاندىن ئايلىنىپ ئۆتۈشتى. ئىككى تاغ ئارىسىدىكى ئوچۇقچىلىقتا چۈشۈشتى. باقاخۇن ئۈچ پۇتلۇق

داۋقاننى كۆتۈرۈپ يەنە ئارقىسىغا ياندى، ھېلىقى ئېقىنغا بېرىپ تولدۇرۇپ سۇ ئېلىپ كەلدى. ئوتۇندىن غەم قىلمىسىمۇ بولاتتى، قولنى ئۇزاتسىلا قۇرۇق ئوت ـ چۆپ چىقاتتى. توختىخان ياغلىققا يۆگىۋالغان قۇرۇتۇلغان ئۆگرە بىلەن يانچۇقىغا سېلىۋالغان تۆت تال چامغۇردا سۇيۇق ـ سەلەڭ ئاش ئەتتى. ئاش پىشتى، لېكىن، خېلى ئۇزاققىچە ئىچىشمىدى. قوم ـ لايلىرى تېگىگە ئولتۇرۇپ سۈزۈلگەندىن كېيىن ئىچىشتى. گىرىچ ـ گىرىچ قوم چاينىسىمۇ ھېچ كىشى غەم قىلمىدى. پايانسىز كۆك ئاسماندا سانسىزلىغان يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. ئاي يورۇقىدا باللار داق ـ داق قاتتىق، ئېگىز ـ پەس يەرگە سېلىنغان كىگىزدە كېيىملىرى بىلەنلا يېتىپ ئۇخلاپ قېلىشقانىدى. تاغدەك يۆلەنچۈكى بولغان ئانا بىلەن دادا يېنىدا تۇرسا ئۇلار نېمىدىن ئەنسىرەيتتى؟ غېمىدە يوق پۇشۇلدىشىپ سۈت ئۇيقۇسىدا ئۇخلىماقتا ئىدى. ئالدى پۇتلىرى چېتىپ قويۇلغان ئېشەك ئوت ـ خەس ئىزدەپ دىڭگوكلاپ مېڭىپ كىرسىلدىتىپ ئوت يەيتتى.

باقاخۇن غەمدە ئىدى. بۇ يەرگىچىغۇ سالامەت كېلىۋالدى. ئۇ تەرەپ قانداق بولار؟ قايسى تەرەپ بىلەن ماڭسا خەتەرگە ئۇچرىماس؟ ... خۇدايىم ساقلا، خېيىمخەتەرگە ئۇچرىماس. يۇرتىغا بېرىۋالسا، سالامەت بولسا، يېتىمچىلار بىلەن توختىكام يوللۇق تۇتقان پۇللارغا ئاز بولسىمۇ زېمىن سېتىۋالسا، باللىرىنى ئاچ ـ توق قويماي چوڭ قىلسا ... ئۇ يېرىم كېچىگىچە شۇ خىياللار بىلەن ياتتى. ئۇخلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۆرىلەر ۋە باشقا يىرتقۇچ ھايۋانلار مۇشۇ ئەتراپتا تولا دەپ ئاڭلىغانىدى. باقاخۇن ئۇزۇن ساپلىق چوڭ پالتىسىنى چىڭ تۇتتى. قىسقا ساپلىق كىچىك پالتىسى بېلىگە قىستۇرۇلغانىدى. ئۇ خىيال سۈرۈپ ياتقاندا يىراقتا بىر يەردە سۇنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ تېخىمۇ دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى. شىرىلداش ئۇلار كەلگەن تەرەپتىن ئەمەس، كۈنچىقىش تەرەپتىن

ئاڭلاندى. تازا زەن سالغاندى، نازۇك شىرىلداش يېقىنلا يەردە ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى، سۇ شىرىلدىغان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئالاھازەل ئەللىك ـ ئاتمىش قەدەمدەك ماڭغاندى، ئۆي ئورنىدىكى يوغانلا بىر تاشنىڭ تېگىدىن شىرىلداپ چۈشۈپ ئېقىۋاتقان بىلەكتەك سۈپسۈزۈك سۇنى كۆردى. يا ھەزرەت ! خۇدانىڭ قۇدرىتىنى. ئۇ قانغۇچە ئىچتى. بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن يېنىپ كەلدى، سوزۇلۇپ ياتتى. بىر ۋاقىتتا ئاتنىڭ كىشنىشى ئاڭلانغاندەك قىلدى. باقاخۇن قۇلىقىنى دىڭ تىكىپ تىڭشىدى، دېگەندەك، ناھايىتى يىراقتىن ئاتنىڭ سوزۇپ ـ سوزۇپ كىشنىشى ئاڭلاندى، باقاخۇن يەنە خېلى ئۇزاققىچە تىڭشاپ باقتى، لېكىن قايتا ئاڭلانمىدى. ئىشقىلىپ، قانداقلا بولسۇن، تاغنىڭ ئۇ تەرەپلىرىدە ئات بار، ئادەممۇ بار، يېقىن ئەتراپتا چارۋا باقىدىغانلار بولسا كېرەك. بەزىدە تېخى تۇرۇپ ـ تۇرۇپ بۆرىلەرنىڭ قورقۇنچلۇق ھۇۋلاشلىرى ئانچە ـ مۇنچە ئاڭلىنىپمۇ قالاتتى. زوھۇر مەھەلدە باقاخۇننىڭ كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىپ قالدى. غەپلەت ئۇيقۇسى ئۇنى ئىلكىگە ئالدى. دېمىسىمۇ، بىرنەچچە كۈندىن بېرىقى ئۇيقۇسىزلىق، يول ئازابى ئۇنى خېلى ھالسىراتقانىدى. ئۇيقۇچىلىقتا ئېشەكنىڭ ھاڭرىغانلىقىنى ئاڭلىغاندەك قىلدى، بىر چاغدا توختىخان ئۇنى جەينەكلەپ ئويغاتتى.

— ھوي ـ ھوي ! قوپسىلا ئېشەك كۆرۈنمەيدۇ.

باقاخۇن كۆزىنى ئاچتى. چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، تاڭ ئاتقان، كۈن قىزىرىپ چىققانىدى، ئۇ ئۇيان ـ بۇيان قارىدى، دېگەندەك، ئېشەك ھېچ يەردە كۆرۈنمىدى، بىرھازا ئىزدىدى. ئارغامچىدا چېتىپ قويۇلغان ئىككى پاچىقى بىلەن سۆڭەكلىرى ئۇچرىدى. ئېشەك بۆرىلەرگە يەم بولغانىدى.

ئاھ خۇدا ! جېنىمىز ئامان قاپتۇ، پاناھىڭدا ساقلىغىنىڭغا شۈكۈر !

*　　*　　*

ئۇلار خۇرجۇن، قاچا، كىگىز ـ كۆرپىلەرنى كۆتۈرۈپ نەچچە داۋانلاردىن ئاشتى. باقاخۇن كۆتۈرۈۋالغان سۇ چايقىلىپ، ئىچىلىپ تۈگىدى. چۈش بولغاندا ھېرىپ، ئۇسساپ بولالماي، ئىككى تاغ ئارىسىدىكى بىر ئوتلاقتا توختاشتى. شالاڭ ئارچىزارلىق تاغلار يېقىنلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. باقاخۇن شۇ تەرەپلەردىن سۇ تېپىلىپ قالارمىكىن دېگەن خىيال بىلەن ئەنجانباينى ئەگەشتۈرۈپ سۇ ئىزدەپ كەتتى. توختىخان باشقا باللىرى بىلەن بىللە قېلىپ ئۇلارنى خېلى ئۇزاق ساقلىدى. ئۇسسۇزلۇقتىن كالپۇكلىرى گەز باغلاپ، سىزىق ـ سىزىق يورۇقلار پەيدا بولدى. سۇ تۈگۈل، باقاخۇننىڭ ئۆزىدىنمۇ دېرەك يوق. توختىخان تىت ـ تىت بولدى، ئۇنىڭ پەمىچە، باقاخۇن كەتكەندىن كېيىن ئەرگە يارىماس ـ لايپاش خوتۇن بولسىمۇ، شۇ چاغقىچە ئۈچ قېتىم ئاش پىشۇرۇپ بولاتتى. نېمە بولغاندۇ؟ خۇدايىم ئۆزۈڭ ساقلا. جۇمەخۇن ئىزدەپ باراي دېگەنىدى، توختىخان قويمىدى. شۇنچە جىق تاغلار ئارىسىدا نەدىن ئىزدەيدۇ، نەگە كەتتى، نەگە ئەمەس، كىم بىلىدۇ؟ كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالدى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ توختىخاننى غەم باستى، ئۇ ئۇلار كەتكەن تەرەپكە قاراپ قايغۇرۇپ تۇرغاندا يىراقتىن باقاخۇن كۆرۈندى. ئۇ بىر ئادەمنى يۈدۈپ كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەنجانباي بىر مىلتىقنى ئۆشنىسىگە ئېسىپ، داڭقانىنى كۆتۈرۈپ ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى، توختىخان چۆچۈپ كەتتى، ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ تۇرۇپلا قالدى. باقاخۇن ئۇ ئادەمنى پەم بىلەن كىگىزگە ياتقۇزدى. ئۇ ئادەمنىڭ يىرتىلىپ تىتما ـ تىتما بولۇپ كەتكەن كىيىملىرى قېتىپ كەتكەن قان داغلىرى بىلەن ئالا ـ بۇلا بويىلىپ كەتكەنىدى. تاش تىلىۋەتكەن، دەرەخ پۇتاقلىرى

غاجىۋەتكەن بەدەنلىرىدىن تىخىچە قان تەپچىپ تۇراتتى. كۆزلىرىنى ئاچالماي «ئىھ ــ ئىھ !» دەپلا ئىنجىقلايتتى.

ـــ ئاسمان ــ پەلەك تىك قىيانىڭ قاپ بېلىدىكى ئارچا دەرىخىگە پۈتى ئاسمانغا، بېشى يەرگە بولۇپ ئىلىنىپ قالغانىكەن. تاغدىن يىقىلىپ چۈشكەن ئوخشايدۇ، قىيانىڭ تېگىدە ئېگەر، يۈگەنلىك بىر ئاق ئاتنىڭ ئۆلۈكى تۇرىدۇ. ئاۋۇ يانچۇقىنى شاخ ئىلىۋېلىپ يىرتىۋەتكەنىكەن، بىرمۇنچە پۇللىرى چېچىلىپ قاپتۇ، يىغىپ ساق قالغان يانچۇقىغا يەنە سېلىپ قويدۇم، خەنزۇدەك قىلىدۇ، قارىمامدىغان بېشىدىكى چېچىنى، خۇددى قىز بالىلارنىڭ كوكۇلىسىغا ئوخشايدۇ، كىيىمىمۇ شۇنداق. ھۆكۈمەتنىڭ ئادىمىدەك قىلىدۇ، بۇ تاغدا نېمە ئىش قىلىدىكىنتاڭ.

توختىخان ئۇ ئادەمگە بىردەم قورقۇمسىراپ قاراپ تۇردى ــ دە، بېشىدىكى رومىلى بىلەن ئۇنىڭ يۈز ــ كۆزلىرىدىكى توپا ــ چاڭلارنى سۈرتتى، يارىلىرىنى تازىلىدى.

قارىغاندا، ئادەمنىڭ ساق يېرى يوق ئىدى. توختىماي ئىنجىقلايتتى. باقاخۇن ئۇ ئادەمنىڭ بېشىنى يۆلىدى. توختىخان داڭقاندا ئۇنىڭغا سۇ ئىچكۈزدى. ئۇ ئادەمنىڭ ئىنجىقلىشى ئاستىلاپ، قىسىق كۆزلىرىنى مۆللىدە ئاچتى، يەنە يۇمدى، خېلىدىن كېيىن يەنە ئاچتى، ئەتراپىغا جانسىز قاراپ ئۇلارنى كۆرۈپ چۆچۈدى ــ دە، شۇ ھامان كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

ـــ ھۆكۈمەت ئادىمى ئوخشايدۇ، بولمىسا بۇ تاغدا خەنزۇ نېمە ئىش قىلىدۇ. تېخى ماۋۇ مىلتىقمۇ ھۆكۈمەت مىلتىقى ئىكەن، ئوۋ مىلتىقى بۇنداق بولمايدۇ.

ـــ ئاپلا، مۇشۇ ئادەملەردىن قېچىپ، يەنە مۇشۇلارغا ئۇچراپ قالدۇقمۇ نېمە؟

ـــ تاشلىۋېتىپ كەتسەك ھېلىلا بۆرە يەپ بولىدۇ. بوپتۇ، بۇمۇ خۇدايىمنىڭ بەندىسى ئىكەن. كۆڭلىگە ئىنساپ بېرەر. پېشانىمىزگە كەلگەننى كۆردۇق، ئېلىۋالسا شۇ پۇلنى ئېلىۋالار،

هايات ئادەمنى تاشلىۋېتىشكە ئادەمنىڭ كۆڭلى قويمايدۇ، ھەي، نەگىلا بارساق شۇ پېشكەللىك ! ساقلاپ باقايلى، قېنى نەدىن كەلدىكىن؟

ئۇ ئادەم يەنە كۆزىنى ئاچتى. ئەيىو ـ ئەيىو دەپ بېشىنى كۆتۈرمەكچى بولدى، لېكىن كۆتۈرەلمىدى. باقاخۇن ئۇنى يۆلىدى. ئۇ ئادەم چۆچۈپقىنا ھەممەيلەنگە بىردىن ـ بىردىن قاراپ چىقتى، ئاندىن ئۇيان ـ بۇيانغا تىكىلدى. يېنىدىكى مىلتىققا كۆزى چۈشتى. قولىنى مىلتىققا سوزماقچى بولدى، لېكىن ئەيىو دەپ ئىڭراپ سالدى. ئۇنىڭ بىر بىلىكى سۇنغان، يەنە بىر بىلىكى سۇنمىغان بولسىمۇ خېلى قاتتىق زەخىم يېگەنىدى. ئۇ باقاخۇنغا تىكىلدى، كۆزى بىلەن مىلتىقنى ئىشارەت قىلدى.

— خۇي① بۇ خۇي؟ باقاخۇن دادىل جاۋاب بەردى:

— خۇي.

— خاۋ ! تەي خاۋلياۋ. نو ... نىگە سەن، دا !

— ھە، نېمە دەپ كالدۇر ـ كولدۇرلىشىسلەر؟ نېمە دەيدۇ؟ راست بۇلارنىڭ زۇۋانىنى ئاز ـ تولا بىلىمەن دېگەنىدەك قىلاتتىلە، — دېدى توختىخان ئېرىگە.

— نېمە دەيتتى؟ مىلتىق ئاتالامسەن دېدى. ئەسكەرلەرنىڭ مىلتىق ئاتقانلىقىنى تولا كۆرگەنىدىم، ئاتالايمەن دېدىم، ئالدىمىزدىكى ئاۋۇ تاغقا قارىتىپ ئاتقىن دېدى.

— مەن، مەن، دادا، مەن ئاتاي. خۇش بولۇپ كېتەي مېنى ئاتقىلى قويغىنا ! ئەنجانباي دادىسىغا تەلمۈرۈپ تۇرۇپ مىلتىققا ئېسىلدى. باقاخۇن بۇ چاغقىچە بالىسىنىڭ پەقەتلا رايىنى ياندۇرمىغانىدى. شۇڭا:

— ھە، بوپتۇ. ئاتساڭ ئات، مۇرەڭگە تاقاپ تۇرۇپ ئات، بولمىسا ئارقاڭغا ئۈچۈپ كېتىسەن.

— ماقۇل، ۋاي دادا، خاتىرجەم بولغىنە. ئەسكەرلەردىن ئاغىنەم بار ئىدى، شۇلار مىلتىق ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويغان.

---

① خۇي — خەنزۇچە بىلەمسەن ـ بىلمەمسەن دېگەن مەنىدە.

ئەنجانباي شۇنداق دەپلا مىلتىقنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئون ـ ئون بەش قەدەمدەك نېرىغا يۈگۈرۈپ بېرىپلا ھېلىقى تاغ تەرەپكە قارىتىپ پاڭ ـ پۇڭ ئىككى پاي ئوق چىقاردى. مىلتىق ئاۋازى تاغلارنى لەرزىگە سالدى. ئۇنىڭ ئەكس ساداسى تاغ ئارىسىدا خېلى ئۇزاققىچە ياڭرىدى.

ئۇلار خېلى ئۇزاق ساقلاشتى، كۈنمۇ كىرىپ كېتەي دەپ قالدى. شۇ چاغدا ھېلىقى خەنزۇ ئادەم يەنە: «دا ـ دا !» دېدى. ئەنجانباي يەنە ئىككى پاي ئوق ئاتتى. كۈن كىرىپ كەتتى، گۇگۇم چۈشتى، دەل شۇ چاغدا ئاتلارنىڭ تاقىراقلىغان تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى، باقاخۇن ئاۋازىنىڭ بارىچە ئۈنلۈك توۋلىدى:

— ھاي ـ ھاي ! ... ھاي ـ ھاي ! ...

ئۈچ ئاتلىق ئادەم ئۇلار تەرەپكە ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كەلدى.

*     *     *

ئۇلار نەچچە كۈنلۈك يول ئازابىدا بەك ھېرىپ ـ چارچاپ، ئۇيقۇسىراپ كەتكەنلىكتىن تاڭ ئاتقانلىقىنىمۇ تۇيماي مىلىق ـ مىلىق ئۇخلاپ كېتىشتى، كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندىلا ئاندىن ئورنىدىن ئارانلا تۇرۇشتى. ئىشىكنىڭ يېنىغىلا سۇ تولدۇرۇلغان چېلەك ـ چەينەكلەر توختىتىپ قويۇلغانىدى. ۋاقىچە بولۇپ قالغان بولسىمۇ تاھارەت ئېلىپ نامازلىرىنى ئوقۇشتى. شۇ چاغدا ھەربىسىچە كىيىنگەن بىر قىرغىز پەتنۇسقا تىزىلغان قاچىلاردا ھورى چىقىپ تۇرغان شورپىلارنى ئەكىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ھە، ھاردۇقلىرىڭىز چىقىپ قاپتۇمۇ؟ بىگىم سىلەردىن بەك خۇرسەن. سەھەردىلا شەھەرگە دوختۇرغا بارماقچىدى، سىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئاندىن ماڭىدىغان ئوخشايدۇ، گېپى باردەك. قېنى بېقىڭلار، پاقلان شورپىسى، ئاللاھىدە سىلەرنى دەپ سويدۇق. تاماقتىن كېيىن مەن بىلەن كۆرۈشسۇن، دەيدۇ.

ئاچچىقى بەك يامان بەگ ئىدى. ئىككى ـ ئۈچ يىلدەك بولدى، ئاچچىقى يامان، تولا چىچىلىدىغان بولۇپ قالدى.

— بېگىم؟ نەنىڭ بېگى؟

— مۇشۇ قاراۋۇلخانىنىڭ بېگى.

تاماقتىن كېيىن باقاخۇن بەگنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەندە ئۇ ياستۇققا يۆلىنىپ ياتاتتى. ئۇ باقاخۇننى كۆرۈپ كۈلدى. بېشى بىلەن كارىۋات يېنىدىكى ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى.

— سىز ياخشىمۇ؟ تاماق يېدىڭىزمۇ؟

— يېدۇق. بىر ئاز ياخشى بولۇپ قالدىلىمۇ؟

— ھە، سەل يامان ئەمەس، ئىشقىلىپ، تۈنۈگۈنكىدىن خېلى ياخشى. ئوڭ قولۇم سۇنۇپتۇ، پۇتلىرىمنىڭ قايسىسى ساق، قايسىسى زەخىم يېدى، بىلگىلى بولمايدۇ، ئىششىپ كېتىپتۇ، مىدىرلاتقىلىمۇ قويمايدۇ. پېشكەللىك ـ پېشكەللىك!

— بېگىم، بۇ نېمە بولۇپ؟

— ھەي، نېمە بولاتتى، كۆڭلۈم يېرىم، يۇرتتا ئاتا ـ ئانام، خوتۇن ـ باللىرىم قالغان. ئون يىل بولدى كۆرۈشەلمىدىم، سېغىنىپ كەتتىم ياكى خەت ـ خەۋىرى يوق، ئىچىم تىتىلداپ بەكمۇ بىئارام بولىمەن، ئۆزۈمنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن ھەر كۈنى ئۇ تاغ، بۇ تاغقا چىقىمەن، ئۇنى ـ بۇنى ئېتىپ ئوۋ ئوۋلاپ دېگەندەك كۆڭلۈمنى خۇش قىلىمەن. ئوۋغا كۈنۈپ قاپتىمەن. كۈنۈم يەنە شۇ غەم بىلەن، تۈنۈگۈن جەنۇبىي تاغقا چىققانىدىم. بىر ئارقار ئۇچرىدى، قوغلاپ يىراققا كېتىپ قاپتىمەن. بىر يەردە ئۇنى يىتتۈرۈپ قويدۇم، نەگە كەتكەندۇ دەپ ئۇيان ـ بۇيان قاراپ خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قالدىم. ئېتىم تۇيۇقسىزلا قاتتىق كىشنەپ، سەكرەپ، چىچاڭشىپ كەتتى. شۇئاندا كۆزۈم ئاتنىڭ ساغرىسىغا چۈشۈپ قالدى. تۈلۈم چاشقاندىنمۇ يوغان ئاچىماق قۇيرۇقلۇق بىر نەرسە ئاتنىڭ ساغرىسىغا چاپلىشىۋاپتۇ. ئۆزۈمنى تاشلاپ بولغۇچە ئات بەك چىچاڭشىپ كېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن

قوشۇلۇپلا ھاڭغا چۈشۈپ كەتتىم. سىزگە ئۇچرىمىغان بولسام ياكى بۆرىگە يەم بولاتتىم، ياكى شۇ يەردىلا تۇگەشكەن بولاتتىم، رەھمەت، ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز، ھە، سورىۋالاي، سىز قايسى يۇرتتىن؟ تېخى ئىسمىڭىزنىمۇ بىلمەيمەن.

— ئوپالدىن، ئىسمىم باقاخۇن.

— ھە، باقاخۇن باقاخۇن. ئوپالمۇ بەلەن يۇرت، بۇ يەرگە يىراق ئەمەس. ئۇ يەردىكى لەڭزىگە پات - پات بېرىپ تۇرىمەن. بېرىپ - كېلىش ئاسان، سىزگە بىر مەسلىھىتىم بار، مەن ھېلى شەھەرگە ماڭىمەن، مەسلىھەتنى پۈتتۈرۈۋالساق، مۇشۇ يەردە بىللە ئىشلىسەك، قىرغىزلار جىق، تۇڭچىلىق قىلىپ بەرسىڭىز، سىزنى ئوبدان رازى قىلىمىز. ھازىرلا جاۋاب بېرىڭ دېمەيمەن، يۇرتقا بېرىپ ئويلىنىپ جاۋاب بەرسىڭىز، — قاراۋۇلخانا بېگى ئىشىككە قاراپ توۋلىدى، — قېنى سىلەر؟ — شۇ ھامان بىر ئەسكەر قىزىل تاۋارغا يۆگەلگەن بىرنېمە سېلىنغان تەخسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى، — باقاخۇن، ئاز بولسىمۇ ماۋۇ تەڭگىلەرنى ئېلىۋېلىڭ. بالىلىرىڭىزنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىڭ. ئاز بولسىمۇ، بىز يەنە بولغاندىكىن.

باقاخۇن تۇرۇپ قىلمىدى، ھەشقاللا دەپ تەڭگىلەرنى ئالدى.

— خوش، بۈگۈن مۇشۇنچىلىك بىرنېمە دېيىشەيلى، بولالمايۋاتىمەن، ئىشقىلىپ، يولىڭىزغا قارايمەن.

ئەسكەرلەر بەگنى ھارۋىغا ياتقۇزۇپ شەھەرگە ئېلىپ ماڭدى. باقاخۇن بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قاراۋۇلخانىنى ئايلاندى. بۇ قاراۋۇلخانا تاغنىڭ قاپتىلىدىكى يانتۇلۇققا جايلاشقانىدى، چۆرىسىگە تاشلاردىن ئادەمنىڭ قولى يەتمىگۈدەك ئېگىز تام قوپۇرۇلغان، ئۆيلىرى كېسەكتىن سېلىنغانىدى. ئات ئېغىللىرىمۇ شۇ قورۇننىڭ ئىچىدە ئىدى، ئانچە جىق ئادەم كۆرۈنمەيتتى، يەتتە - سەككىزدەك ئەسكەر ئۇيان - بۇيان چېپىشىپ يۈرۈشەتتى. قورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئارغامچا بويى ئېگىزلىكتە بىر پوتەي بار ئىدى، پوتەيدە ملتىقلىق ئىككى

ئەسكەر ئەتراپىغا سىنچىلاپ قارىشىپ تۇراتتى. قاراۋۇلخانىغا يانداشقان تىك قىيانىڭ يېنىدىكى كەڭرى يول خېلى يىراقتىنمۇ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇلار توسۇلۇپ قالىمىز دەپ قاچقان جاي دەل مۇشۇ قاراۋۇلخانا ئىدى. باقاخۇن ئايلىنىپ مېڭىپ دەل مۇشۇ قاراۋۇلخانىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى جىلغىغا كېلىپ قالغانىدى، ئەگەر بەگكە يولۇقۇپ قالمىغان بولسا، ئېھتىمال جىلغىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئارچىزارلىق تاغ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى، توختىكام كۆرسەتكەن يەرمۇ دەل شۇ ئىدى، كىم بىلىدۇ، تەقدىرنىڭ بۇ قىسمىتىنى؟ ...

ئەتىسى قاراۋۇلخانا ئىككى ئات قوشۇلغان بىر هارۋا بىلەن باقاخۇننى يولغا سالدى.

## بەشىنچى باب

# مەكتەپ

ئوپال، 1921 ـ يىلى كەچ كۈز.

كۈزلۈك ھوسۇل يىغىۋېلىنىپ، ئېتىز ـ ئېرىقلارنىڭ ئالدىراش ئىشلىرى تۈگىدى. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى كۈن ئەمدىلا چىقىشىغا باقاخۇن بىلەن توختىخان بالىلىرى ئەنجانىباي، ئايىم تىللاخان، تاشكەنتبايلارنى ئەگەشتۈرۈپ، بۇ دۇنياغا يېڭىلا كۆز ئاچقان قادىرخاننى قۇچىقىغا ئېلىپ، توختى موللام مەكتىپىگە كەلدى. بۇ مەكتەپ باقاخۇنلار ئولتۇرۇشلۇق يىكچى مەھەللىسىگە تۇتىشىپ تۇرىدىغان دۆڭئۆستەڭ مەھەللىسىدە ئىدى. ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، توخۇلارنىڭ چىللاشلىرى، كىشىلەرنىڭ تۈۋلاشلىرى، ناخشا ـ غەزەللىرى ئوچۇق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

باقاخۇن ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن بىر سەرپۇش تۇماق، يېڭىسارنىڭ قىزىل چەكمىنىدىن تىكىلگەن بىر تون، مەسىلەرنى توختى موللامنىڭ ئالدىغا قويدى. موللام قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، بالىلارنىڭ ئوبدان ئوقۇشىنى، ئىمانىنىڭ پاك بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى. ئەنجانباينىڭ خەت ساۋاتى خوپ ئوبدان ئىدى، لېكىن، ئايەتلەرنى ئانچە ياخشى بىلمەيتتى. شۇڭا، شۇ كۈنىلا «بىسمىللا» دەپ «كەلىمەتەييبە»نى يادلاشقا تۇغرا كەلدى. ئىككى سىنىپلىق بۇ مەكتەپنىڭ ھويلىسىمۇ ئىككى ئىدى، ئىككىلىسىنىڭ دەرۋازىلىرى ئوخشاشلا كۈنچىقىش تەرەپكە قارايتتى. ئوڭ تەرەپتىكىسىدە ئوغۇللار، چەپ تەرەپتىكىسىدە قىزلار ئوقۇيتتى، ئوتتۇرىسىنى ئېگىز بىر تام ئايرىپ تۇراتتى.

ئوغۇللارمۇ، قىزلارمۇ ئوخشاشلا سىنىپلىرىدا تاملارغا يۆلىنىپ، كىگىز - كۆرپىلەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئۈنلۈك توۋلىشىپ، ئۆز ساۋاقلىرىنى تەكرارلايتتى. ئوغۇللار بىلەن قىزلار ئارىلاشتۇرۇلمايتتى، پەقەت ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىنىلا ئاڭلاشقا، دەرۋازىلىرىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكىلا بولاتتى. ئوغۇللارنىڭ ئارىسىدا بەش - ئالتە ياشلىق نارەسىدە باللارمۇ، ساقال - بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ، قۇرامىغا يەتكەن يىگىتلەرمۇ بار ئىدى. قىزلارنىڭ ئارىسىدا بولسا ئون ياشتىن ئاشقانلىرى كۆرۈنمەيتتى.

ئەنجانباي تىرىشىپ ئوبدان ئوقۇدى، ئەتىياز كىرىپ بولغۇچە ھەپتىيەكنى تاماملىدى. لېكىن، قۇرئاننى باشلاش ئالدىدا ئويلىمىغان بىر سەتچىلىك يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئازار يەپ قالدى.

مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى ئازغىنە ئېرىقتا قىشمۇ ياز سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى ئېقىپ تۇراتتى. باللار ئارام ئېلىش ۋاقىتلىرىدا كېيىملىرى ھۆل بولۇپ كەتسىمۇ كارى بولماي سۇ كېچىپ، ئاتلىمىچۇق ئويناپ سەكرىشەتتى. ئۇلارنىڭ چۇرقىراشلىرى مەھەللىنىڭ ئۇ بېشىغىمۇ ئوچۇق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇ قىز سۇغا كىرمەيتتى. كۆڭلەكلىرىنى بېلىگە تۈرۈۋېلىپ، ئۇدۇلىغا قاراپ لىك - لىك سەكرەپ، ئېرىقنىڭ ئىككى قېشىدا ئاتلىمىچۇق ئوينايتتى، ئۇ ھەر سەكرىگەندە بىر پۇتى ئېرىقنىڭ بۇ قېشىغا، يەنە بىر پۇتى ئۇ قېشىغا تەڭلا چۈشەتتى. سېكىلەك چاچلىرى ئۇنىڭ مۈرىلىرىدە لىكىلداپ ئويناپ ئەنجانباينى زوقلاندۇرۇۋېتەتتى. ئۇ تاكى ئۇ قىز ئويۇنىنى توختاتقۇچە ئۇنىڭغا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالاتتى. بىر كۈنى دەرس ئارىلىقىدا توختى موللام ئەنجانباينى شەرەتلەپ يېنىغا چاقىرىپ قالدى. داستىخانغا چىگىلگەن پەيشەنبىلىك نانلارنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ، سەلىمىخان مومايغا ئاپىرىپ بېرىشنى تاپىلىدى. سەلىمىخان موماي يېشى سەكسەندىن ھالقىغان، ئىگە -

چاقىسىز قالغان، ئاجىز ئايال ئىدى. يۆلىنىسە ئورنىدىنمۇ تۇرالمايتتى. سەدىقىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرەتتى. توختى موللام مەكتەپكە چۈشكەن پەيشەنبىلىك نانلارنى ئۈزۈلدۈرمەي ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. ئاپىرىپ بېرىشنى بالىلارنىڭ چوڭى بولغان ئەنجانباي قىلاتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ ئادەتتىكىدەك يىغىلغان نانلارنى كۆتۈرۈپ سەلىمىخان مومايىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەردى. موماي ئادەتتىكىدەك يەنە يىغلامسىراپ تۇرۇپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى. ئەنجانباي مومايىنىڭ يېنىدىن يېنىپ مەكتەپنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ھېلىقى سىبىكىلىك چاچلىق قىزغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ قىز مىشىلداپ يىغلامسىراپ تۇرۇپ قوللىرى بىلەن تامبىلىنىڭ لېپىزىنى چىڭ تۇتۇپ ئۇستىگە تارتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ياشقا تولغان بىر جۈپ قارا كۆزلىرى شۇ تاپتا خۇددى سۇدىكى بىر جۈپ مەرۋايىتتەك ۋىل - ۋىل ۋىلىلدايتتى. ئەنجانباينىڭ ئۇنىڭغا بەكلا ئىچى ئاغرىپ كەتتى:

— ئايشەمگۈل، نېمە بولدى؟ نېمىشقا يىغلايسىز؟

ئايشەمگۈل ئېسەدەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تىكىلدى:

— ئېرىقتىن سەكرەپ ئاتلىمىچۇق ئويناۋاتسام، تامبىلىمنىڭ بېغى ئۈزۈلۈپ كەتتى، چىگەلمىدىم.

ئەنجانباي ئۈزۈلگەن قۇنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى، ئۇنى چىڭ چىگىپ ئۇلىدى.

— ھە، مانا ئەمدى بولدى، ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ، باغلىۋېلىڭ. ئۆيگە بارغاندا لېپىزىگە ئۆتكۈزۈۋالسىڭىز بولىدۇ.

لېكىن، قىز كىچىكلىك قىلدى. ئۇ قۇنى بېلىدىن ئايلاندۇرۇپ باغلىيالمىدى. تامبىلىنى كۆتۈرسە، كۆڭلىكى چۈشۈپ كېتىپ، كۆڭلىكىنى كۆتۈرسە، تامبىلى چۈشۈپ كېتىپ ئۇنى كۆپ ئاۋارە قىلىۋەتتى.

دېمىسىمۇ ئۇ بالىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىدى. مەكتەپكە كىرىش يېشىغا يېتىشكە يەنە تېخى بىر - ئىككى يىلدەك

ساقلاشقا توغرا كېلەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى «ئۆيدە زېرىكىپ قالمىسۇن، قولىقىنى پىشۇرغاچ تۇرسۇن» دەپ ئويلاپ، ئۇنى مەكتەپتىكى بالىلارغا قوشۇپ قويغانىدى.

— ئەمىسە سىز تامبىلىڭىزنى ئىككى قوللاپ ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇڭ، مەن باغلاپ قوياي، — ئەنجانباي شۇنداق دەپلا قونى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ، بېلىدىن ئايلاندۇرۇپ تامبىلىنىڭ ئۈستىدىن چىڭ باغلاپ قويدى، ھە، مانا بولدى، ئەمدى خاتىرجەم ئويناۋېرىڭ.

دەل شۇ چاغدا مەمتىمىن چىقىپ قالدى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قېلىپ، «قىز بالىنى قۇچاقلاۋاتىدۇ !» دەپ توختىماي مولىلامغا چېقىپ قويدى. شۇ كۈنى كەچتە ئەنجانباي «قىز بالىنى قۇچاقلىۋالغان !» دېگەن بەتنام بىلەن يەتكۈزۈلۈپ، تاياق سۇنىۇپ توگىگۇچە ساغرىسىغا راسا كېلىشتۇرۇپ «ئەدەپ تايىقى» يېدى.

مەمتىمىن بەگىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئەنجانباي بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىدى. بىللە ئوينايتتى، بىللە ئوقۇيتتى، ئادەتتە ئۇنى «ئاغىنەم» دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى، مانا ئەمدى قارا يۈزلۈك قىلىپ ئۇنى ئاھانەتكە قويدى.

ئەنجانباي بۇ ئىزا ـ ئاھانەتكە، ئەلەمگە چىدىماي بىرنەچچە كۈنگىچە مەكتەپكە بارمىدى. كېيىن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ زورلىشى بىلەن يەنە ئىلاجسىز ھالدا مەكتەپكە بېرىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلى مەكتەپتىن بەكلا سوۋۇپ كەتكەنلىكتىن بالدۇرقىدەك كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇشتىن قالدى.

دەل شۇ كۈنلەردە تاغدىن تاھىر، زاھىر ئىسىملىك قىرغىز ئاكا ـ ئۇكىلارنى ئۇلارنىڭ دادىسى توختى مولىلامنىڭ مەكتىپىگە ئەكېلىپ بەردى. بۇ بالىلار خۇش چاقچاق، ئويۇن ـ تاماشىغا ئامراق چېلىشچىلاردىن ئىدى. ئەنجانباينىڭ بۇ قاۋۇل يىگىتلەرگە مەستلىكى كەلدى. ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى ئۇزاتتى.

— ئاغىنە بولۇپ قالايلى.

— ئاغىنە بولۇپ قالايلى؟ سەن بىلەنمۇ؟ بەللى مۇنداق دېگىن تېخى! بىز دېگەن بارغۇ، ئاڭلاپ قويغىن، چېلىشچىلار بىلەن ئاغىنە بولمىمىز.

— ئەمىسە سىنىشىپ باقامدۇق؟

— بىز بىلەن سىنىشىمىز دېگۈچە نېنىڭنى جايلاپ يېسەڭچۇ! سەندەك ئۆزۈنتۇرا ـ شادىپاچاق، لەڭگۈشلەردىن چېلىشچى چىقمايدۇ.

— سىلەر بىلەن ماۋۇ ئوڭ قولۇمنى باغلاپ قويۇپ، ماۋۇ سول قولۇم بىلەنلا چېلىشىشقا چۈشىمەن، بولامدۇ؟

— پوچىلىقىنى!

— كىم پوچى، كىم نوچى؟ قېنى كۆرەرمىز.

* * *

مانا ئەمدى ئوبدان بولدى. ئەنجانباي خېلى ئوبدانلا تۈزۈلۈپ قالدى. ئۇنى مەكتەپكە بېرىشقا زورلاشنىڭ هاجىتى قالمىدى. ئۇنىڭ ھېلىقى كۆڭۈلسىزلىكلىرى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەندەكلا كۆڭلى ئۇچۇق، خۇشخۇي هالدا سەھەردىلا مەكتەپكە چاپىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ باللار كېلىپ بولغۇچە تاھىر، زاھىرلار بىلەن بەسلىشىپ، يىراقلارغا يۈگۈرۈيتتى. مەكتەپ قورۇسىنىڭ ئالتە قۇرلۇق تېمىنىڭ ئۈستىدە گاھى تىك تۇرۇپ يورغىلايتتى، گاھىدا تېخى پۇتلىرىنى ئاسمانغا قىلىپ ئىككى قوللاپ مېڭىپ چۆرگىلەيتتى، پۇتلىرىنى جۈپلەپ تۇرۇپ ئېرىقلاردىن ئاتلايتتى. شوتىنىڭ بالدىقىنى تۇتماي «تاق ـ تاق» دەسسەپلا ئۆگزىگە چىقاتتى. «هاي ! ـ هوي !» دېگۈچە خۇددى ئوغرى مۈشۈكتەكلا دەرەخلەرگە چاقانلىق بىلەن يامىشىپ چىقاتتى. ئاندىن بىر قەپەس چېلىشاتتى. تاكى توختى موللام ياكى خەلپەت، ئۇلارنى دەشكۈشلەپ ئاجراتمىغۇچە بولدى قىلمايتتى.

مۇشۇنداق خۇشاللىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ يەنە بىر قېتىم بەختسىزلىككە ئۇچرىدى. لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى. ئۇ ئالتە قۇرلۇق تامنىڭ ئۈستىدىن تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشتى. سۆڭگىچى ئېغىر زەخىم يەپ ئۆيىدە يېتىپ قالدى. تاھىر، زاھىرلار ئۇنى كۈندە دېگۈدەك يوقلاپ تۇردى. بىر كۈنى ئۇلار:

— پاتراق ساقايساڭ تاغقا بىللە بېرىپ كەلسەك، — دېدى.

ئەنجانباي خۇشال بولۇپ تولۇقلىدى:

— بەلەن گەپ بولدى! تاغدا مىلتىق تېپىلامدۇ؟

— بېلى چىڭ ئادەمگە ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ.

— ئاھ خۇدا!

# ئالتىنچى باب

## قارلىق

ئوپال يېكچى مەھەللىسى.

1924 ـ يىلى، باش باھار.

پېشايۋانلىق ئىككى مېھمانخانا ئەر ـ ئايال تونەكچىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ئۇلارنى ئوتتۇرىدىكى چوڭ ئايۋان ئايرىپ تۇراتتى. ياغ پۇرىتىلىپ، ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىنىدى. قۇيماق سېلىنىدى، چاي ئىچىلدى، شورپا تارتىلدى، يەنە دۇئا قىلىنىدى. شۇنىڭغىچە باللار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ يانلىرىدا خۇشال ـ خۇرام ئولتۇرۇشتى. لېكىن، يۈز رەكەت نەپلە ناماز تۈگەشكە ئاز قالغاندا ئۇلارنى ئۇيقۇ باستى. ئاتا ـ ئانىلىرى تووۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىپ يىغا ـ زارغا چۈشكەندە، ئۇلار چۆچۈپ يەنە ئويغىنىپ كېتىشتى ـ دە، ئۇلارنىڭمۇ ئىچى سىيرىلىپ، مىشىلداپ يىغلاشتىيۇ، دۇرۇت ئوقۇشقا ئۆتكەندە زېرىكىپ ئولتۇرالماي قېلىشتى ـ دە، بىر ـ بىرىنى شەرەتلىشىپ تالاغا چىقىشتى. ئۇ، بۇنى شەرەتلەپ، بىرى يەنە بىرىنى چاقىرىپ يۈرۈپ، بىردەمدىلا تونەككە كەلگەن باللارنىڭ ھەممىسى پېشايۋان ئاستىغا يىغىلىپ بولۇشتى.

ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلىغان، يۇلتۇزلاردىنمۇ قىلچە ئەسەر يوق، ئالەم ـ جاھان قاپقاراڭغۇچىلىق ئىلكىدە ئىدى، ھەتتا تۆت ـ بەش قەدەم نېرىدىكى ئادەم ياكى تۈۋرۈكنىمۇ پەرق ئېتىشكە بولمايتتى. بۇنداق قاراڭغۇلۇق مۆكىمۆكىلەڭ ئويناشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى پەيتى ئىدى. بۇنداق قاراڭغۇدا باللار بىر ـ بىرىنى ئاسان تاپالمايدۇ، جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ

قىزىق ئويۇن يوق. ئۇلار خۇشال هالدا بىردەم مۆكىمۆكىلەڭ ئوينىدى. ئۇلارنىڭ پالاقلاپ يۈگۈرۈشلىرى، بىر ـ بىرىنى تۇتۇۋالغاندا قاقاقلاپ كۈلۈشلىرى، قىيا ـ چىيالىرى هويلىنى بىر ئالدى. ئويۇن تازا قىزىغان چاغدا تۇيۇقسىز لەپىلدەپ قار يېغىشقا باشلىدى. بىردەمدىلا يەر يۈزىنى بىر غېرىچ قېلىنلىقتا قار قاپلاپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا دەرۋازا ئالدىدا ئىككى ئادەمنىڭ سۆزلىشىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ قالدى:

— ياپىرىم، ماۋۇ تېتىقسىزلىقنى! قىشنىڭ ئۆپكىسى كېتىپ قالغاندا قار يېغىۋاتقانلىقىنى كۆرمەمدىغان، چېچەك ـ چوكانلار ئېچىلاي دەۋاتسا!

— بۇ، بۇ يىل قىش كىرگەندىن بېرى ياغقان تۇنجى قېتىملىق قار بولدى. ئەتىياز كىرىۋاتقاندا سېرىق قار دېگەن شۇ دە، تۇنجى قار. ۋاي ـ ۋۇي! تۇنجى قاردا قارلىق تاشلىشىدۇ! بەللى، شۇنداق بولۇپ قالسا مەشرەپ ئوينامدۇق تېخى!

— ۋاي خۇدايىم، ئۇمۇ بار گەپ.

بالىلار ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلىدى. لېكىن، كارى بولمىدى، يەنىلا ئۆز ئويۇنلىرىنى ئويناۋەردى. مۆكىمۆكىلەڭ ئويناپ هېرىپ هالى قالمىغاندا دۇم ـ دۇم ئوينىدى. بۇ ئويۇننىڭمۇ تازا قىزىقى قالمىدى. تولا مۇشت يەپ بارا ـ بارا قاتاردىن چۈشۈپ قالغانلار كۆپىيىپ كەتتى. شۇندىلا بالىلار لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قارغا بىردەم قاراپ تۇرۇشتى ـ دە، يەنە چۇرقىراشقا باشلىدى:

— هەيهەي! بەلەن بولدى! ئەتىگەنلىككىچە، پۇخادىن چىققۇچە قوشقاچ تۇتىدىغان بولدۇق!

— سامانلىقتا!

— كامارلاردىمۇ بولىدۇ!

— توشقان تۇتىمىز!

ئۇلار چۇرقىراپ، هەركىم هەرنېمە دەيتتى، هەتتا بەزىلىرى دادىسى بىلەن بىللە تاغقا چىقىپ كېيىك، ئۇلار ئوۋلىماقچى بولسا، يەنە بەزىلىرى تېخى جىلغىدا مۇز تېيىلماقچى بولاتتى.

شۇ چاغدا ئاردىن بىرى ئۈنلۈك توۋلىۋەتتى:

— ئايھاي! ئەسلىي ئويۇننى مانا ئەمدى ئوينايدىغان بولدۇق! چوڭلار ئەتىلىككە بىرىنىڭ ئۆيىگە قارلىق تاشلايدىكەن، كەچتە مەشرەپ ئويناپ كۆڭۈل ئاچىدىكەن، بىزمۇ بارىمىز!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلار بىردەم شۈككىدە بولۇپ قېلىشتىيۇ، يەنە شۇئانلا چۇرقىراشقىلى تۇردى.

— بىزمۇ تاشلايلى!

— شۇنداق، چوڭلار چوڭلارغا تاشلىسۇن، بىزمۇ ئۆز ئاداشلىرىمىزغا تاشلايلى!

— بىزمۇ ئۆز ئالدىمىزغا مەشرەپ ئوينايمىز!

— قارلىق تاشلايمىز، مەشرەپ ئوينايمىز! ...

ئۇلار شۇنداق چۇرقىراشسىمۇ، لېكىن قارلىقنى قانداق يازىدۇ؟ نېمە دەپ يازىدۇ؟ دېگەندەكلەرنى بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خەت يازالايدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قارلىقنى قاملاشتۇرۇپ يازالمايدۇ ــ دە! ئۇلارنىڭ بىلىدىغانلىرىمۇ تايىنلىق تۇرسا، ئۇنىڭدىن ــ بۇنىڭدىن ئاڭلىۋالغان پارچە ــ پۇرات چويلىدا توختىمايدىغان گەپلەرنى قانداقمۇ قارلىق دېگىلى بولسۇن؟

— ياق، بولمايدۇ! قارلىقنى راۋۇرۇس قاملاشتۇرۇپ يازالايدىغان ئادەمنى تاپماي بولمايدۇ.

باللار ئۇنداق ئۇستا خەتتاتنى ئاخىر تاپتى. ئۇلار تۇنەكتە بىر بۇلۇڭدا يالغۇز ئولتۇرغان خەلپەتنى بىر بۇلۇڭغا تارتتى. ئۇ باللارنىڭ تەلىپىنى ئاڭلاپ، كۈلۈپ كۆزلىرى قىسىلىپ كەتتى ــ دە، باللار بىلەن بىللە ھويلىغا چىقتى.

— بەللى، بەللى، قار يېغىپتۇ ــ دە! بوپتۇ، بوپتۇ يېزىپ بېرەي. مۇشۇنداق تۇنجى قېتىم ياغقان قاردا قارلىق يازسا، ئۇ قارلىق بولىدۇ، بولمىسا ئىناۋەتسىز بولىدۇ. يۇرۇڭلار، ئۆيدە يازايلى.

دېمىسىمۇ بۇ يىل قىش كىرىپ تاكى شۇ كۈنگىچە بىرەر قېتىم بولسىمۇ قار ئۇچقۇنداپ باقمىغانىدى. بۇ «قوي قوزىسى»

خەلپەتنى توختى موللام شەھەردىكى مەدرىسىدىن ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ كۈندۈزى بالىلارغا ساۋاق بېرەتتى، ئۆلۈم ـ يېتىملەردە مۇڭلۇق خەتمىقۇرئان قىلىپ كىشىلەرنى يىغلىتىۋېتەتتى؛ كىشىلەرنىڭ خەت ـ چەكلىرىنى يېزىپ، ئوقۇپ بېرەتتى. ئۇ شۇ تاپتا غۇۋا چىراغ يورۇقىدا قومۇش قەلەمدە قارلىقنى ھەۋەس بىلەن يېزىپ پۈتتۈرۈپ بولدى ـ دە، كالتە ـ كالتە يۆتىلىپ قويۇپ ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

«قارلىق

ئاللا رەھمىتىدىن يەر يۈزىگە ياغدى قار،
رەھمىتىنى ياغدۇرۇپ، بىزگە قىلدى ئاشكار.
كۆڭۈل خۇشلۇقىدىن بۇ ئويۇننى باشلىدۇق،
كۆڭۈل تارتىپ سىلىنى، بۇ قارلىقنى تاشلىدۇق.
قارلىق ئېلىپ بارغانتى پەم ئەيلەپ تۇتسىلا،
قېشىغا ئوسما قويۇپ، چوڭ ئىبرەت قىلسىلا.
ئارقىسىدىن قوغلىشىپ تۇتالماي قالسىلا،
مەشرەپىنىڭ ھازىرلىقىنى ئوبدان قىلسىلا.
پەيزاۋات قوغۇنىدىن سەككىزنى تاپسىلا،
يەنە بەشكېرەم① ئالما، ئانارى ئالسىلا.
ھېلىم، سېلىم، دۇتار، داپ، غېجەكنى چالسىلا،
ئۇلار بولمىسا موللاق ساتارنى تاپسىلا.
ئۇسسۇلچىلار مەشرەپ ناۋانى قىزىتسىلا،
خېنىم ئاچا، چوڭ قازاننى پاتراق ئاسسىلا».

— قانداق بوپتۇمۇ؟
بالىلار تۇشمۇتۇشتىن چۇرقىرىشىپ جاۋاب بېرىشتى.
— بوپتۇ، بوپتۇ! تازا بەلەن بوپتۇ!

① بەشكېرەم — قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان بىر يېزىنىڭ نامى. ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 20 كىلومېتىر.

قارلىققۇ بولدى، لېكىن ئۇنى كىمگە تاشلايدۇ؟

باللار خېلى ئۇزاق تالاشتى. ئاخىر مۇشۇ تۇنەككە كەلمىگەن باللارنىڭ ئۆيىگە تاشلاشنى قارار قىلىشتى، ئۇلار يەنە تۇنەك بولۇۋاتقان ئۆيلەرگە كىرىشتى. چوڭلارنىڭ كۆزلىرىنى غەلەت قىلىپ، ھەممە ئادەمگە قاراپ چىقىشتى. يوقلارنى ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن سوراپ بېقىشتى. تەڭتۇش، تونۇش ـ بىلىشلىرىدىن سۈرۈشتۈردى. ئاخىرىدا ئەنجانباي بىلەن مەمتىمىننىڭ كەلمىگەنلىكىنى، باقاخۇنكام تاغدا كېسەل بولۇپ قېلىپ يېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، قاراۋۇللار ئۇنى ئاخشام ھارۋىدا ئەكېلىپ قويۇشقانىدى. ئۆيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى پايپېتەك بولۇشۇپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىۋاتاتتى. ئۇنداق بولمايدىغان بولسا ئەنجانباي بۇ تۇنەككە چوقۇم كېلەتتى، باللار بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ بىللە ئوينايتتى.

مەمتىمىننىڭ نېمىشقا كەلمىگەنلىكىنى ھېچ كىمشى بىلمەيتتى، بىلگۈسى كەلمەيتتى، ئۇنىڭ كەلمىگىنىمۇ ئوبدان بولدى، ناۋادا ئۇ كەلگەن بولسا، ئۇنى ئۇرۇپ، بۇنى سۈرۈپ باللارغا ئارام بەرمەيتتى، بۇگۈنكىدەك بۇنداق كۆڭۈللۈك ئوينىيالمايتتى.

ئۇلار ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ بىردەم تالاشقاندىن كېيىن ئاخىر ئەنجانبايغىلا تاشلايدىغان بولۇشتى.

— قارلىق دېگەننى مەرد ئادەمگە تاشلايدۇ!

— ئۇ دوستلىرى ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايدۇ!

مەمتىمىنگە ھېچقايسىسى ئۇنىمىدى:

— پىتىنىڭ ئىچىگە ھېسىپ قويىدۇ!

— نامەرد!

خوش، ئۇنداق بولسا قارلىقنى ئەنجانبايغا كىم تاشلاپ بېرىدۇ؟ ئۇنىڭغا ئۇلار گاڭگىراپ قېلىشتى. «مەن ئاپىرىپ تاشلاي» دېگىلى ئادەم چىقمىدى. خېلى ئۇزاققىچە غۇلغۇلا قىلىشتى. ئۇ بۇنىڭغا: «سەن ئاپارغىن» دېسە، بۇ ئۇنىڭغا: «ياق،

سەن ئاپارغىن !» دەپ ئۆتۈنمىدى. ئۇلار قارلىقنىڭغۇ جان دەپ ئاپىرىدۇ. لېكىن ئەنجانباينى بوشاڭ چاغلىغىلى بولمايدۇ ـ دە، ئىككى سەكرەپلا تۇتۇۋالىدۇ ! يۇگۇرۇش، چېلىشىشتا، ئۇپال تەۋەسىدە كىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيدۇ؟ !

ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقتى، شۇنداق. ناۋادا تۇتۇلۇپ قالسا، قارلىق ئۆزىگە يانىدۇ، جامائەتنى مېھمان قىلىپ، بىر ئاخشام مەشرەپ بېرىشقۇ ئاسان، ھەممىسى ماقۇل دەيدۇ، ئاتا ـ ئانىلىرىمۇ ياق دېمەيدۇ. گەپ ناۋادا تۇتۇلۇپ قالىدىغان بولسىلا، يۈزىگە قارا سۈرتۈپ، قوتۇر ئېشەككە تەتۈر مىندۇرۇپ، مەھەللىمۇمەھەللە ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ سازايى قىلىنىدىغان گەپ ! مانا مۇشۇلا ئادەمگە ئەلەم قىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، قارلىقنى ئەنجانبايغا تاشلاپ بېرىشكە ئادەم چىقمىدى.

— ئۇنداق بولسا، قارلىقنى يىرتىپ تاشلايلى، — دېدى خەلپەت خىتاب قىلىپ، — مەشرەپ ئوينىمىساق بولىدۇغۇ.

— ياق، ياق، يىرتمايلى، ئادەم چىقىدۇ.

— قېنى ئەمىسە كىم نوچى؟

— مەن !

بۇلۇڭدىن قىز بالىنىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلاندى، باللار تەڭلا شۇ تەرەپكە قاراپ ھەيران قېلىشتى.

— ئايشەمگۈل؟ سىز؟ ...

— ھەئە مەن، قارلىقنى مەن ئېلىپ بارىمەن. ئەنجانباي مېنى تۇتالمايدۇ، ئۇ دېگەن ئەنجانباي، قىز باللارنى، ئاجىزلارنى قوغلىمايدۇ، چېقىلمايدۇ. ھەممىڭلار ئۇنى مەرد دەيسىلەريۇ، شۇنىمۇ بىلمىدىڭلارمۇ؟

ئايشەمگۈل تۇنەكتە مومىسىنىڭ يېنىدا تۇرغانىدى. ئايىمخان بۇۋى قانداقتۇر بىر ئايەتنى ئوقۇغىلى تۇرغاندا ھەممىسى جىم بولۇشتى. دەل شۇ چاغدا ھويلىدىكى باللارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىپ قالدى ـ دە، ئۇنىڭمۇ ئولتۇرغۇسى

كەلمەي ھويلىغا چىقتى. بالىلارنىڭ تالاش - تارتىشلىرىنى ئاڭلاپ ئىشىنىڭ تېگىگە يەتتى - دە، قورقمايلا «قارلىقنى مەن ئېلىپ بارىمەن !» دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇمۇ بولدى، ئىش پۈتتى. ئايشەمگۈل كۆڭلىدە «تۇۋا ! ئۇنى ھېچ كىشى تېخى مەندەك چۈشەنمەپتۇ» دەپ ئويلاپ قالدى. دېمىسىمۇ شۇ تاپتا ئۇنى ھېچ كىشى ئۇنىڭدەك چۈشەنمەيتتى، — تۇۋا، بۇ تېتىقسىز گەپنى ! باشقىلارنىڭ ئۇنى ئۇنىڭدەك چۈشىنىشىگە نېمە ھەققى !

* * *

باقاخۇن يېرىم كېچىدىن كېيىن چىلىق - چىلىق تەرلىدى. قىزىتمىسىمۇ خېلى ياندى. كۆزى بىردەم ئۇيقۇغا ئىلىنغاندەك بولدىيۇ، لېكىن تاڭ سۈزۈلمەستىنلا ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى دىر - دىر تىترەيتتى. ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەكلا ئاغرىيتتى، باشلىرى قېيىپ، كۆڭلى ئېلىشاتتى. ئۇ شۇنداق بولسىمۇ دەلدۈگۈنۈپ يۈرۈپ تەرەت ئالدى، ئاندىن «مەسچىتكە بېرىپ جامائەت بىلەن كۆرۈشىمەن» دەپ تام تۇتۇپ، ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. توختىخان «ئۈزۈلۈپ قالىدىلا، سەل ساقايغاندىن كېيىن بارسىلىمۇ بولىدۇ» دەپ نەسىھەت قىلىپ ئالدىنى توسۇۋالسىمۇ ئۇنىمىدى، جۈمەخۇنغا يۆلىنىپ مەسچىت تەرەپكە كەتتى. توختىخان ئەنسىرەپ ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئالەمنى ئاپئاق قار قاپلىغانىدى، قار يەنىلا توختىماي يېغىۋاتاتتى. ئۇلار توغرا يولغا چىقتى، دوقمۇشتىن ئايلاندى، يىراقلاپ سۆگەتلىكلەر ئارىسىدا قارىسى كۆرۈنمەي قالدى. توختىخان شۇندىلا يېنىپ كىردى. ئۇزۇن ساپلىق شىۋاق سۈپۈرگە بىلەن ئىشىك ئالدىدىن تاكى توغرا يولغىچە سۈپۈردى. لېكىن، سۈپۈرۈلگەن يەرلەر بىردەمدىلا يەنە ئاپئاق قار ئاستىدا قالدى. ئۇ ياندۇرۇپ يەنە سۈپۈردى. يولغا بىردەم تىكىلدى. يولدا ئادەم قارىسى كۆرۈنمىدى. كىرىپ كېتىۋېتىپ ئارقىسىدا قارنىڭ

غىرىسلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىغانىدى، سۆگەتلىك ئارىسىدىكى چىغىر يولدا بىر ئادەمنىڭ مۈشۈ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ بوي - تۇرقى پاكارراق ئىدى، مېڭىشىمۇ چوڭ ئادەمگە ئوخشىمايتتى. ئۇششاق چامداپ تېز - تېز ماڭاتتى، يەڭگىل - يەڭگىل دەسسەيتتى. ئۇ ئادەم تېز - تېز مېڭىپ يېقىنلاپ كېلىپ توختىخاننىڭ ئالدىدا توختىدى - دە، توختىخان ئۇنى تونۇپ بولغۇچە ئارىلىقتا:

— هارمىسىلا توختىخان ئاچا؟ — دەپ تىنچلىق سورىدى.

توختىخان هاڭ - تاڭ قالدى. «توۋا، ماۋۇ قىزغا بۇگۈن نېمە بولغاندۇ؟ بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ، نېمە؟ كۈپكۈندۈزلىرى ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ قالسا، هەرقانچە زورلىسىمۇ تارتىنىپ (خوش) دەپ ئۆيگە كىرگىلى زادى ئۇنىمايتتى. ۋىل - ۋىل قىزىرىپ، بېشىنى كۆتۈرمەيلا كېتىپ قالاتتى. بۇگۈن غەلىتىغۇ، قار يېغىۋاتسا، تېخى تاڭ سۈزۈلمەستىنلا...»

— ۋۇي ئايشەم خېنىممۇ سىلى؟ ۋاي خۇدايىمەي، تونۇماي قاپتىمەن، ئۆيىمچى تىنچلىقتۇ؟ بۇ تەرەپلەرگە...

— شۇنداق ئاچا، ئالدىراپلا كەلگەنىدىم. ئاخشام ئوسمان قىرغىز بىزنىڭ ئۆيگە چۈشكەنىدى، سەھەردىلا كېتىدىكەن، باقاخۇنكام بىلەن كۆرۈشۈۋالسام دېگەنىدى. خەۋەر قىلغىلى كېلىشىم.

بۇ گەپلەرگە توختىخان قانداقمۇ ئىشەنسۇن، ئۆيىدە يەتتە - سەككىز چاكار - مەدىكارى تۇرسا، ئۇلار «هايت!» دېسىلا شۇ هامان بەجا كەلتۈرىدۇغۇ؟ ياق، بۇ بىر ئىشنىڭ شەپىسى. چوقۇم بىر گەپ بار، لېكىن توختىخان بۇنىڭ نېمىنىڭ شەپىسى، زادى قانداق گەپ ئىكەنلىكىنى دەماللىققا بىلەلمەي قالدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ چاندۇرمىدى.

— ئوبدان بوپتۇ قىزىم، يۇرسىلە ئۆيگە كىرەيلى، بىردەم ئولتۇرسىلا.

ئايشەمگۈل ھېچقانداق تۈزۈت قىلمايلا ھويلىغا كىردى. توختىخان ئۇنى ياندىكى كىچىكرەك بىر ئۆيگە باشلىدى. بۇ ئەنجانباي يېتىپ - قوپىدىغان ئۆي ئىدى. ئۆينىڭ ئىسسىقى ئۇنىڭغا لاپپىدە ئۇرۇلدى. ئايشەمگۈل سۈپىنىڭ لېۋىگىرەك ئولتۇرۇپ، قاپقارا قاشلىرىغىچە باستۇرۇپ تېڭىۋالغان تىۋىتلىق يۇڭ رومىلىنى كەينىگىرەك سۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ قىياقتەك قېلىن قاش - كىرپىكلىرىنى نېپىز بىر قەۋەت قىرو باسقان، ئىككى مەڭزى توغاچتەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. توختىخان ئەجەبلىنىش نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارايتتى، ئايشەمگۈل ئادەتتە ئىشىك ئالدىغا كەلسە قىزىرىپ - تاتىرىپ، ئۇنى - بۇنى باھانە قىلىپ ئۆيگە كىرگىلى ئۇنىمايتتى، بۈگۈن دەپ بولغۇچە كىردى، غەلىتە ئىش.

توختىخان چاي دەملەش ئۈچۈن ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى، بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئايشەمگۈل يانچۇقىدىن دەرھال قارلىقنى چىقىرىپ تەكىينىڭ تېگىگە تىقىپ قويدى. ئۇنى - بۇنى دەپ بولۇپ ئەنجانباينى ساقلىدى. لېكىن، ئەنجانباي كۆرۈنمىدى، سوراشتىن ئۇيالدى، ساقلاۋېرەي دېسە تېخى، تۈزۈك باھانە - سەۋەب يوق، ئاخىر ئۇ ئىلاجسىز ھالدا ئورنىدىن تۇردى.

— توختىخان ئاچا، مەن كېتەي، باقىكام كەلسە دەپ قويسىلا، بىزنىڭ ئۆيگە دىككىدە بېرىپ كەلسە، ھۆي، ھە راست، ئاغرىپ قالدى دېدىلە، كېلەلمەيدىكەن دەپ قوياي.

— ۋاي قىزىمەي، بىردەم ئولتۇرسىلا، گۆڭۈر - مۆڭۈر مۆڭدىشىپ ئولتۇرايلى.

قارلىقنى ئەنجانبايغا خەۋەر قىلىپ قويالمىغانلىقىدىن كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولغان ئايشەمگۈلنىڭ كۆڭلىدىن بىر ئوي كەچتى. قارىغاندا، ئەنجانباي سىرتتا بىرەر ئىش بىلەن ئاۋارە بولسا كېرەك» ئۇ سىرتقا چىقىپ قاراپ باقسا بەلكىم ئەنجانباينى ئۇچرىتىپمۇ قالار. شۇ چاغدا «قارلىق قالدى» دەپ قويۇپلا قاچسا

بولمىدىمۇ؟ ئۇ شۇ خىيال بىلەن توختىخانغا تىكىلدى:

— خوش خان ئاچا، مەن قايتاي، ئۆيدىكىلەر ئەنسىرەپ قالمىسۇن.

ئۇلار ئىشىك ئالدىغا بىللە چىقىشتى. بوسۇغىدىن ئۆتۈپ تۇرۇپلا قېلىشتى. دەرۋازا ئالدىدا ئالدىدىكى ئۇجمىنىڭ پۇتىقىغا ئەنجانباينىڭ چاپان، كۆڭلەك، تۇماقلىرى ئىلىقلىق تۇراتتى. سەل نېرىراقتا ئۇ بىلىنىڭ يۇقىرىسى يالىڭاچ هالدا بەدەنلىرىگە قار سۇرتۇۋاتاتتى. ئۇ قارنى شۇنداق هەۋەس بىلەن سۇرتەتتىكى، هەتتا ئۇلارنىڭ چىققانلىقىنىمۇ تۇيمىدى. توختىخان ئۇنىڭغا بىردەم تىكىلىپ قارىدى ـ دە، بوشقىنا توۋلىدى:

— ۋۇي بالام، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ئۇنداق قىلما، سوغۇق ئۆتۈپ قالىدۇ. مېهمان كەلسىمۇ كارىڭ يوق تېخى.

ئەنجانباي بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قارىدى ـ دە، ئۇلارنى كۆرۈپ هودۇقۇپ قالدى.

— ۋاي ـ ۋۇي، ئايشەمگۇل خېنىم ئوخشىمامدۇ؟ ئاپلا، بىخەۋەر بولۇپ قاپتىمەن، يۇرسىلە، ئۆيگە كىرەيلى.

— خوش، ئەنجانباي ئاكا، مەن كەلگىلى نەۋاق بولۇپ قالدى.

— ئايشەمگۇل سىز؟...

ئۇنىڭغىچە ئايشەمگۇل ئون نەچچە قەدەمدەك نېرىغىراق بېرىۋېلىپ توختىدى ـ دە، ئۇنلۇك توۋلىدى:

— ئەنجانباي ئاكا، ئامانەت، ئامانەتكە قىلماڭ خىيانەت. تەكىينىڭ تېگىدە قارلىق قالدى. ها ـ ها ـ هاهەي... ئۇنىڭ زىل، جاراڭلىق كۇلكىسىنىڭ ئەكس ساداسى يىكچى مەهەللىسىنىڭ تاڭ سەهەرىنى زىلزىلىگە كەلتۇرۇۋەتتى.

— قارلىق؟! ۋۇي بۇ... ئايشەمگۇل، هەي ئايشەمگۇل.

لېكىن، ئايشەمگۇل توختىمىدى. كۇلگىنىچە يۇگۇرۇپ سۆگەتلىك ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئەنجانباي جايىدا تۇرۇپلا قالدى، ئۇنىڭ قولىدىكى كاللەك قار ئېرىپ تۆكىدى.

— قارلىق. قوغلىسىلا بالام، تۇتۇۋېلىپ ئۆزىگە ياندۇرسىلا...

ئەنجانباي كۈلۈپ قويدى:

— ياق ئانا، ئات، تۆگە سويۇپ باشلىساقمۇ كەلمەيدىغان مېھماننى قوغلىساق بولمايدۇ. ئاھ !...

توختىخاننىڭ كۆڭلى بىرنېمىنى تۇيغاندەك بولدى. ئۆيگە كىردى، تالاغا چىقتى، كۆڭلىدىكى تۈگۈننى يېشەلمەي قولى ئىشقا بارمىدى. «شۇمىدۇ؟ — دېگەن خىيال ئۇنىڭ كۆڭلىدىن نېرى كەتمىدى، — شۇ بولسىدى، تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولغان بولاتتى، تۆردە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ خىزمىتىنى قىلاتتىم، — لېكىن ئۇ ئويلاپ - ئويلاپ كۆڭلىگە ئەندىشە چۈشۈپ لاسىدە بولۇپ قالدى، — ۋاي خۇدايىم، بۇ جاھاننى... ئۇ دېگەن باينىڭ قىزى تۇرسا... ئۇنىڭ ئۇستىگە تېخى كىچىككىنە سېكىلەك قىز تۇرسا، ئىغىز ئېچىشقا بەك بالدۇر، يەنە ئالتە - يەتتە يىل ساقلايدىغان گەپ.»

*  *  *

دېگەندەك، باقاخۇن ئەتىسى ئاخشىمىلا بالىلار ئۈچۈن مەشرەپ قىلىپ بەردى. مەشرەپكە كىچىكلەرمۇ، چوڭلارمۇ، قىز - چوكانلارمۇ كەلدى. بۈگۈنكى تۆر بالىلارنىڭ بولدى. چوڭلار رازىمەنلىك بىلەن پەگادا ئولتۇرۇشتى. ئۆيگە پاتمىغانلار ھويلىدا چېلىشىشقا چۈشتى. جۇمەخۇن بوز پاقلاننى سويدى. لېگەن - لېگەنلەردە ئالما، ئامۇت، قوغۇن - تاۋۇزلار تىزىلدى. شورپىدىن كېيىن پولۇ تارتىلدى، ھېلىماخۇن، سېلىماخۇنلارنىڭ ئورنىغا قاسىم راۋاب، سەمەت غېجەكلەر ھازىر بولدى.

داپ، غېجەك، ساتارلار سازلاندى. بۇ مەشرەپمۇ باشقا مەشرەپ، توي - تۆكۈنلەردە ئانچە - مۇنچە ئېيتىلىپ قالىدىغان «دوك موللام»نى دولان ئۇسسۇلىغا تەڭكەش قىلىپ باشلاندى. ئەنجانباي ئوتتۇرىغا چۈشتى، چۆرىدەپ تۇرغانلارغا تەزىم قىلدى، ساز، ناخشىلارغا ماس كەلتۈرۈپ ئۇسسۇلنى باشلىدى. ئۇ ئۇسسۇلنى

لەرزان ئوينايتتى. ساز، ناخشىلارغا پۇت ـ قوللىرى جاي ـ جايىدا ماس كېلەتتى. ناخشا قايغۇلۇق مۇقامدا سوزۇپ ئوقۇلغاندا بېشى ئېگىلەتتى، كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى ئەگىيتتى، خۇشاللىق كۈيلىرىدە كۆزلىرىدە، لەۋلىرىدە كۈلكە جىلۋىلىنەتتى.

موللام ـ موللام، ئەسلي ئەمەس موللام،
تۇغۇلۇپ قويۇلغان ئىسمى موللام.
قىش ـ ياز دېمەي ئون يىل ئوقۇپ موللام،
«موللام» دەپ يازالمىغان موللام.

ناخشىنىڭ ياندۇرمىسىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى، سازلارغا تەڭكەش قىلىپ چاۋاك بىلەن ئېيتاتتى:

موللام ـ موللام، دوك موللام،
ئاقساپ ماڭىسەن موللام.
بىر پۇتۇڭ ناكار بولدى،
زايە بولدۇڭ دوك موللام.

قىزىل جىلغا بېشىدىكى قاشتا،
تۇتۇۋاپتۇ ئۆزىدىن چوڭ ئاشنا.
يېشى ئەللىك ھەم ئورۇق ـ ئاشتاختا،
ساۋاب بولسۇن، دەپتۇ قولۇم ـقوشنا.

ياندۇرمىسى:

يولۇڭنى تېپىۋاپسەن،
مۇبارەك بولسۇن موللام.
جاھاندىكى ئىشلارنىڭ
قىزىقى شۇ دوك موللام.

ئـەنجانبـاي ئۇسسۇلـنى ھەۋەس بـىلـەن ئوينـايتتـى. پـۇت ـ قوللىرىنى ناخشا، سازلارغا كېلىشتۈرۈپ تەڭكەش قىلاتتى، گاھى ئوتقا چـۈشكەن قـىلـدەك تولغـىناتتـى، گاھى تال ـ چـىۋىقـتـەك ئېگىلەتتى. مولـلامـغا بەخـت كـەلگەنـدە مـەيدىسـىنى كېـرىـپ يىرقىرايتتى. قوللىرىدىن قارس چىقىرىپ، سىپتا قەدەم بىلـەن ئـالدى ـ ئارقـىسىغـا لـىك ـ لـىك دەسسـەيتـتـى. لەۋلـىرىـدە جىلۋىلىك كۈلكە يامراپ، ئوڭ قېشىنىڭ قۇيرۇقىدا لىپ ـ لىپ قاش ئېتىپ كىشىلەرنى كۈلدۈرۈۋېتەتتى.

ماڭاي دېسە ماجالى يوق موللام،
ئېشەكنى ياتقۇزۇپ مىنىپ موللام.
ئاخشام كېلىپ، سەھەردە كېتىپ موللام،
كۆڭلىنى ئوبدان خوش قىپتۇ موللام.

ياندۇرمىسى:

موللام ـ موللام، دوك موللام،
بوش كەلمەيسەن دوك موللام.
سەنمۇ ھەم ئوغۇل بالا،
غەيرەت قىلغىن دوك موللام.

مولـلامغا كۈلـپەت كەلدى. ئـەنجانبـاينىڭ بېشى ئېگىلىپ، چىـرايى تۇتۇلـدى، كۆزلىرى قىزىرىـپ، كـىرپىـكلىرىـدە ياش تامچىلـىرى يـالتىـرىـدى. ئۇ شۇ ھـالـدا ئورنىـدىـلا پىرقـىـراپ چۆرگىلـەۋەردى. ئەنە يىـقىلـىدۇ، مانا دۈم چۈشـىدۇ دەپ ھەمـمـە ئادەم دەككە ـ دۈككىگە چۈشتى. لېكىن، قاراۋېرىپ ئۆزلىرىنىڭ بېشى قېيىپ يەرگە قارىۋېلىشتى.

نالە قىپتۇ موللام ئاللاغا،
نان تېپىپ بېرەلمەي بالىلارغا.

نان تېپىپ بەرسە يېمەي، گۆش دەپتۇ،
ئاچچىقىدا راسا ساپتۇ باشلارغا.

ياندىكى ئۆيدە قىز ـ چوكانلار نەغمە ـ ناۋا قىلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ئولتۇرۇشقاندى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرى تازا قىزىمىدى. شۇڭا، «ئەنجانباينىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرىمىز» دەپ ئولتۇرالمايلا قېلىشتى. بىردىن، ئىككىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىپ ئۆيدە ئازلا قىزلار قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ ئۆز ئويۇنلىرىنى بولدى قىلىشتى ـ دە، توپۇرلىشىپ چىقىپ، ئىشىك ئالدىدا قىستا ـ قىستاڭ هالدا ئۆرە تۇرۇپ ئەنجانباينىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرۈشكە باشلىدى.

ئەنجانباي ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ لىككىدە بېشىنى كۆتۈردى. شۇ هامان كۆزلىرى ئىشىك ئالدىدىكى قىز ـ چوكانلار ئارىسىدا ئۆزىگە جىلۋىلىك ناز بىلەن تەبەسسۇم قىلىپ تىكىلگەن بىر جۈپ ئوتلۇق كۆز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. «ئاھ ! بۇ جادۇ كۆزلەرنى !...»

ئەنجانباي خۇدىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس ـ تاماس قالدى، لېكىن شۇئان ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، چاندۇرماي ئۇسسۇلىنى ئويناۋەردى. هەر قېتىم ئايلىنىپ ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە هېلىقى نازۇك تەبەسسۇملۇق كۆزلەرگە قاراپ يېنىك تەزىم بىلەن قايتۇرۇپ تۇردى. لېكىن، شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى خۇددى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك تازا قولاشماي ئۇسسۇلنى بايىقىدەك لەرزان، شوخ، چاققان ئوينىيالماي قالدى. چۈنكى، قىزنىڭ شەهلا كۆزلىرى ئۇنى ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى. ئۇ شەهلا كۆزلەر ئۇنى سىرتقا چىقىشقا ئىشارەت قىلدى. ئۇ سەل تېڭىرقىغان هالدا چاندۇرمايلا ئاستا مېڭىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. سەزگۈر ئانا توختىخان هەممىنى كۆرۈپ، تۇيۇپ تۇردى: «تۇۋا ! بويىغا يەتمىگەن تېخى ئەمدىلا ئون ياشتىن هالقىغان كىچىككىنە قىز بالا تۇرۇپ ئوغلۇمنى ئۆزىگە رام قىلىۋاپتۇ. كۆزلىرى ئەجەب

ئوتلۇق ئىكەن، رىزقى قىتىلسا كېيىنچە...»

توختىخان چوڭ ئوغلى جۇمەخۇننى ئەنجانبايىنىڭ ئورنىغا ئۇسسۇلغا چۈشۈشكە ئىشارەت قىلدى. جۇمەخۇن سەل تىڭىرقىغاندەك تۇرۇپ قالدىيۇ، لېكىن شۇ هامانلا ئۇچ ئاغىنىسى بىلەن بىللە ئۇسسۇلغا چۈشتى.

ئايشەمگۈل ئەنجانبايىنى دەرۋازىنىڭ ئۇ تەرىپىدىرەك ساقلاپ تۇراتتى.

— مومام ماۋۇ ئۈزۈكنى سىزگە بېرىڭ، رازى بولسۇن دېگەنىدى. ئۈزاق بولدى. سىز بىلەن كۆرۈشەلمىدىم، قارىڭىزنىمۇ كۆرسەتمىدىڭىز، — دېدى ئايشەمگۈل ئەنجانبايغا تەلمۈرۈپ قاراپ، — هېلىقى يىلى سىزنىڭ مېنىڭ كاساپىتىمدىن موللامدىن تاياق يەپ يېتىپ قالغانلىقىڭىزنى مومام مەندىن ئاڭلىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ داۋاملىق «ئۇنىڭغا ئوۋال بوپتۇ، سېنى دەپ ئازار يەپتۇ. ئۇنى ئوبدان رازى قىلمىساق بولمايدۇ» دەپ سىزنىڭ گېپىڭىزنىلا قىلىدۇ. شۇڭا، مومام سىزگە مۇشۇ ئۈزۈكنى ئەۋەتتى. رازى بولۇپ قالسۇن، دەيدۇ.

— ئۈزۈك؟

— هەئە ئۈزۈك، سىزنى كۆڭلىدىكىدەك رازى قىلىش ئۈچۈن، بۇنىڭدىن باشقا مومامنىڭ كۆڭلىگە يارىغۇدەك ئوبدانراق بىرنېمە تېپىلمىدى. سىزگە يادنامە بولۇپ قالسۇن، دەيدۇ. بۇ ئۈزۈك موماغا مومىسىدىن قالغان يادنامىسى ئىكەن. يېقىنراق كېلىڭە، ئاۋۇ بارمىقىڭىزغا ئۆز قولۇم بىلەن سېلىپ قوياي. سىزگە تازا يارىشىدۇ.

ئەنجانباي قاراڭغۇدا ئۇنىڭ قولىدىكى ۋىلىلداپ تۇرغان ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكنى كۆردى. ئۇ هاڭ - تاڭ قېلىپ هودۇقۇپ كەتكەنلىكىدىن خۇددى يوقاتقان هالدا ئۇ كۆرسەتكەن سول قولىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئايشەمگۈل ئۈزۈكنى ئاغزىدا هورداپ نەمدەپلا ئۇنىڭ كىچىك بارمىقىغا سېلىپ قويدى. ئەنجانباي داڭ

قېتىپ تۇرۇپلا قالدى:
— ۋاي خۇدايىم! ئۇ ئىش بولغىنىغا ئۈچ - تۆت يىل بولغان تۇرسا، تېخىچە ئۇنتۇماپتۇمۇ؟
— ۋىيەي، ئۇ ئىشنى ئۇنتۇش مۇمكىنمۇ؟ مەن ئەسلا ئۇنتۇمايمەن!
ئەنجانباي بارمىقىدىكى ئۈزۈكنى سىلاپ تۇرۇپ كەتتى.
— ئەنجانباي ئاكا، — دېدى ئايشەمگۈل سەل دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، مەن ئەتىدىن باشلاپ مەكتەپكە بارمايدىغان بولدۇم.
— نېمە، نېمە، نېمە دېدىڭىز؟
— مەن بۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپكە بارالمايدىغان بولدۇم.
— ۋۇي، نېمىشقا، نېمە بولدى؟
— بويۇمغا يېتىپ قاپتىمىشمەن.
— سىز؟
— ھەئە مەن. دېمىسىمۇ مەن ئون ياشتىن ئاشتىم.
— ۋاي خۇدايىم، ئەمدى كۆرۈشمىكىمىز تېخىمۇ تەس بوپتۇ - دە؟
— كۆڭۈلدە شۇنداق نىيەت بولسىلا، كۆرۈشۈش ئاسان، خوش خۇداغا ئامانەت.
ئايشەمگۈل ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپلا يەنە مەشرەپ بولۇۋاتقان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئەنجانباي تېخىمۇ ھاڭ - تاڭ قالدى. بىرھازادىن كېيىن ئۇمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېنىپ كىردى.

* * *

يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە مېھمانلارغا پولۇ تارتىلدى. ئاشتىن كېيىن ئۇلار خوشلىشىپ تارقىلىشقا باشلىدى. ئايشەمگۈل مومىسى بىلەن بىللە قايتىپ كەتتى. باللار ھېرىپ كەتكەندى، جامائەت تارقاپ بولۇشى ھامانلا كىرىپ ئۇخلاپ قېلىشتى. توختىخان باقاخۇنى يۆلەپ ئىچكىركى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى. ئاندىن ئۆيلەرنى يىغىشتۇردى. ئۇنىڭغىچە تاڭ

سەھەر ۋاقتى بولۇپ قالدى. ئۇمۇ خېلى ھېرىپ قالغانىدى. شۇڭا، كۆزىنى پەنتۇرۇپ ھاردۇقىنى ئېلىۋالماقچى بولدى. لېكىن، شۇ ھامانلا بالىلىرى ئېسىگە كېلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇلارنىڭ ئۇخلىغاندا يوتقانلىرىنى ئېچىۋېتىدىغان قىلىقى بار ئىدى. شۇڭا، ئانا ئۇلارنى كېچىلىرى بىر ـ ئىككى قېتىمدىن يوقلايتتى. ئانىغا بالىنىڭ ئۆگىيى بولمايدۇ. ھەممە بالىنىڭ ئوتى ئوخشاشلا بولىدۇ. لېكىن، نېمە ئۈچۈنكىنتاڭ، ئاش ـ تاماقتا ئەنجانبايغا كەلگەندە ئانىنىڭ قولىدا چۆمۈچ ئۇزاقراق توختاپ قالاتتى. «كىيىملىرى كىرلىشىپ قالدىمىكىن» دەپ ئويلاپ، ھەر كۈنى ئاخشاملىرى ئۇنىڭ كۆڭلەك، تامباللىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ باقاتتى. باشقا بالىلىرىنىڭ كىيىملىرى بىر قېتىم يۇيۇلۇپ بولغۇچە، ئۇنىڭ كۆڭلەك، تامباللىرى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم يەڭگۈشلىنىپ قالاتتى. ئەنجانباي ئاخشىمى سەل ـ پەل كېيىنرەك قالسىلا ئاكىسىنى ئۇيان ـ بۇيانغا چاپتۇراتتى. «ھەي، ئۆزى يامانىڭ ئوتى يامان دېگەن گەپ راست ئىكەن. بولمىسا بۇ كەپسىز بالىنىڭ ئوتى نېمىشقا باشقىچە بولىدۇ؟»

توختىخان ئەنجانباي ياتقان ئۆيگە كىرگەندە، ئۇ تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. يوتقىنى سەل ئېچىلىپ قالغان، سول قولىمۇ يوتقاننىڭ تېشىغا چىقىپ قالغانىدى. ئانا ئۇنىڭ قولىنى يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويماقچى بولدى. ئۇنىڭ كىچىك بارمىقىدىكى ۋىلىلداپ تۇرغان قىپقىزىل ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈككە كۆزى چۈشۈپ تۇرۇپلا قالدى. بۇ چاغقىچە ئوغلىنىڭ قولىدا بىرەر ئۈزۈكنى كۆرمىگەنىدى. كۈندە كېچىلىرى تولا تۇتۇپ، سىلاپ تويماي قارايدىغان بۇ قوللاردا بۇنداق نەرسە ئەسلا بولمىغانىدى. ئانا ھاڭ ـ تاڭ قالدى، بىرھازاغىچە ئويلاپ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمىدى.

تاڭ يورۇدى. ئەنجانباي ئادىتى بويىچە يەنىلا بالدۇر ئورنىدىن تۇردى، ئانىسى ئۇنىڭ بارمىقىدىكى ئۈزۈكنى ئىما قىلىپ كۆرسەتتى:

— بەك چىرايلىق ئىكەن، ساڭا ئوبدان يارىشىپتۇ. مۇبارەك بولسۇن.

شۇندىلا ئۇ بارمىقىدىكى ئۈزۈككە بىرھازاغىچە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن كېرىلىپ تۇرۇپ كۈلدى:

— ئايشەمگۈلنىڭ موممىسى ئەۋەتىپتۇ.

— ۋىيەي، نېمىشقا؟

ئەنجانباي ئۇيالغاندەك يەرگە قاراپ تۇرۇپ ئانىسىغا ھەممە ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

شۇندىلا ئانىسىنىڭ غەش كۆڭلى ئېچىلدى، كۆڭلىدىكى تۈگۈنمۇ يېشىلدى. ئەسلىدە ئۇ بۇ ئۈزۈكنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئويلاپ تاپالماي تاڭنى ئاتقۇزغانىدى. ئوغلىدىن ئەنسىرەپ «جاھاندا ئازمايدىغان كىم بار؟ ناۋادا ئېزىپ سېلىپ، قىمارغا ئارىلىشىپ قالغان بولسا، ئۇتتۇۋالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئوغلىدىن گۇمانلىنىپ خاپا بولۇپ قالغانىدى. دېمىسىمۇ شۇ كۈنلەردە ياشلار ئارىسىدا قىمار ئويناش ئەدەپ كېتىپ، ئاتا ـ ئانىلار غەم ـ ئەندىشىدە ئۆتۈشەتتى. ھە، مانا ئەمدى بولدى. ھەممە ئىش ئايدىڭلاشتى، توختىخانىنىڭمۇ كۆڭلى جايىغا چۈشتى.

— ھە ئەسلىدە مۇنداق ئىش ئىكەن ـ دە ! ۋاي خۇدايىمەي، ئاشۇ كىچىككىنە ئىشنىمۇ تاكى ھازىرغىچە ئۇنتۇمىغان بولسا... نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل ـ ھە. بىچارە موماي نەۋرىسىگە بەك ئامراق ئىكەن. بوپتۇ، بىزمۇ ئۇنىڭ ئوبدان يارىشقىنى قىلايلى.

توختىخان بىرھازاغىچە ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى، ئويلاپ ـ ئويلاپ ئاخىر ئورنىدىن تۇردى. ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كاتساندۇقنىڭ ئىچىدىكى كىچىككىنە تۆمۈر ساندۇقچىنى تېپىپ، قىزىل تاۋارغا يۆگەلگەن بىر تۈگۈنچەكنى يەشتى. ئۈنچە ـ مارجانلار ئارىسىدىن كۆپكۆك ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكنى ئالدى ـ دە، بىردەم تىكىلىپ قارىدى. بۇ ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكنى ئەنجانباي تۇغۇلغاندا شازادىبۇۋى ئۇنى مۇبارەكلەپ سوۋغا قىلغانىدى. ئۇ ئۈزۈككە يەنە بىردەم تىكىلىپ قاراپ ئاستا

ئورنىدىن تۇردى. ئەنجانبايىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۈزۈكنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى:

— سەنمۇ ماۋۇ ئۈزۈكنى ئايشەمگۈلگە بەرگىن. «بۇ مېنىڭ سىزگە تۇنجى قېتىم قىلغان سوۋغىتىم بولۇپ قالسۇن» دېگىن. ئۇ ئەقىللىق قىز، كۆڭلىمىزنى چۈشىنىدۇ.

توختىخان بۇ ئۈزۈكنى ئەنجانبايىنىڭ ھېلىقى قىزىل ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك سېلىنغان بارمىقىغا جۈپلەپ سېلىپ قويماقچى بولغانىدى، ئۇ بارماققا بۇ ئۈزۈك پاتمىدى. چىمچىلاققا ئوبدانلا پاتتى. توختىخان ئۈزۈكلەر سېلىنغان ئىككى بارماقنى تۇتۇپ جۈپلەپ باققانىدى، ۋاھ! ئوبدانلا جۈپ كەلدى. توختىخان كۈلدى:

— پاھ - پاھ! بىرى قىزىل، بىرى كۆك. جۈپلەنسە بەك چىرايلىق يارىشىدىكەن!

ئەمدى ھەر ئىككىلىسى تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. توختىخان جۈپلەنگەن ئۈزۈكلەرگە زوقلىنىپ يەنە بىردەم تىكىلىپ قاراپ تۇردى - دە، «خۇدايىم شۇنداق قىلغىلى نېسىپ قىلار» دەپ ئاستا چىقىپ كەتتى. ئۇ بۇ كۆپكۆك ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكنىڭ ئەتىلا ئاشۇ نازۇك بارماققا سېلىنىپ قويۇلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

## يەتتىنچى باب

# ئۆنىڭ كۆڭلىدىكى ئادىشى

ئوپال، قۇمباغ كەنتى يىكچى مەھەللىسى، 1927 ـ يىلى كەچ كۈز.

ـــ ئارغامچا ـ ئارغامچا ـ ئارغامچا ! ...

ـــ غەلۋىر ـ غەلۋىر ـ غەلۋىر ! ...

كۆك قەرىدە تىوپلىشىپ ئۇچۇۋاتقان قارا قۇشقاچلار گويا بالىلارغا ئىتائەت قىلغاندەكلا پەرۋاز قىلىشاتتى. گاھ غۇيىيدە تىزلىنىپ خۇددى ئارغامچىدەك ئۇزۇن سەپ بولاتتى، گاھ گۇرردە يىغىلىپ خۇددى غەلۋىردەكلا يۇمىلاق بولۇپ ئۇچاتتى. گاھ لاچىندىن ئۈركۈگەندەكلا ۋاششىدە كۆك قەرىگە شۇڭغۇيتتى، گاھ قومۇشلۇققا قارا قۇيۇن كەلگەندەكلا گۇر قىلىپ پەسلەيتتى. بالىلار قارا قۇشقاچلارنىڭ ئەنە شۇنداق گاھ غەلۋىردەك يۇمىلاق بولۇپ، گاھ ئارغامچىدەك ئۇزۇن سەپ بولۇپ، گاھ كۆك قەرىگە شۇڭغۇپ كۆتۈرۈلۈپ، گاھ گۇرردە پەسلەپ يەر يۈزىگە يېقىنلىشىپ ئۇچۇشلىرىغا زوقلىنىپ قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى، چاۋاك چېلىشاتتى، دوپپىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ سەكرىشەتتى، ھەۋەس بىلەن توۋلىشاتتى:

ـــ ئارغامچا ـ ئارغامچا ـ ئارغامچا ! ...

ـــ غەلۋىر ـ غەلۋىر ـ غەلۋىر ! ...

ـــ ئەنە شۇنداق قىلىپ بالىلىرىنى ئۆگىتىدۇ. تاغدىن ئۆتۈپ كەتمىسە، قىشتا... ئاھۇ ! ـ ئاھۇ !... ياز بولسا كېلىدۇ. قىش بولسا يەنە كېتىدۇ. ھەي ! ... شۇم قىش يەنە كەلدى ! يەنە شۇ دىشۋارچىلىق... سوغۇق...

شۇ تاپتا ئۇ ھېچنېمىنى سەزمەيتتى. يېنىدىلا پاراسلىتىپ قوناق شېخىنى باغلاۋاتقان بوۋاينىڭ ھېلىقىدەك ئېچىنىشلىق دادلاشلىرىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ ئاسمانغا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. قاپقارا ئويناق كۆزلىرى توختىماي چىمىلدايتتى، يۇمران لەۋلىرىدە پىسسىڭ - پىسسىڭ كۈلكە يۈگۈرۈيتتى.

— ھوي سۇلايمان! ھوي سۇلايمان قاپاق!!

ئۇ چۆچۈپلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ مەمتىمىنگە كۆزى چۈشتى - دە، قورقۇپلا كەتتى. مەمتىمىن قىر بېشىدا بېلىگە تىرىۋالغان ھاسىسىنى قولتۇقلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ پۇتلىرىنى خۇددى جۇۋازچىنىڭ قايچىسىدەك كېرىپ تۇرغان ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ بېلىنى كىندىكىنىڭ خېلى تۆۋىنىدىنلا باغلىۋالغانىدى. شۇڭا، مەيدىسى ئېچىلىپ، قورسىقى خۇددى ئېسىپ قويغاندەكلا پومپىيىپ چىقىپ قالغانىدى. چىغ يوللۇق يالاڭ تونىنىڭ ئۈستىدىن باغلىۋالغان قىزىل تاۋار بەلۋاغنىڭ ئۇچلىرى تىزىغىچە ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى بەئەينى قارانچۇققىلا ئوخشايتتى.

— كالىنى توسمامسەن ئەبگار!

كالىلار بېشىنى كۆتۈرمەي ئوتلاۋاتاتتى. لېكىن... ئالا بۇقا... «ئاپلا!...» سۇلايماننىڭ يۈرىكى قارتلا قىلدى - دە، ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. كۆز يەتكۈسىز كەڭرى قوناق ئېتىزلىققا باشتىن - ئاياغ قاراپ چىقتى، لېكىن ئالا بۇقا كۆرۈنمىدى.

— ھوي ھاڭۋاقتى قارىغۇ! ئاۋۇ كالىنى توسقىن دەيمەن! — مەمتىمىن ھاسىسىنى شىلتىپ يول تەرەپنى كۆرسەتتى، — تۇرغىنىنى دېپەيدەك!

ئالا بۇقا قىرغا يېقىن... 

لېكىن، كالا تۇۋلىغانغا پەرۋا قىلمىدى. قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ، شاختىن بېشىنى كۆتۈرمىدى، سۇلايماننىڭ قورقۇنچتا پۈت ـ قوللىرى كالانىپايلاشتى ـ دە، دەلدۈگۈنۈپلا ئورغاق قىيپاش كەسكەن ئۇچلۇق قوناق كۆتنىكىگە گاچچىدە دەسسەپ سالدى ! ئۇنىڭ پۇتى پىژژىدە ئېچىشىپ كەتتى. بىردەمدىلا ئۇنى تىترەك ئارىلاش سوغۇق تەر باستى، شۇ ئارىلىقتا مەمتىمىن هاسىسىنى پۇلاڭلاتقىنىچە يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، سۇلايماننى باش ـ كۆز دېمەستىن ۋاقشىتىپ ئۇرۇۋەردى. سۇلايمان «ۋاي»مۇ دېمىدى. پەقەت ئورۇق قوللىرى بىلەن يۈزىنى توسۇپلا تۇرۇۋەردى. لېكىن، هاسا ئۇنىڭ بىلەكلىرىگە، باش ـ كۆزلىرىگە ۋاقشىتىپ تېگىۋەردى.

— هۆي تۈزكور ! كىم نېجىس؟ !

— ...

— بىز نېجىسمۇ؟ !

— سۇلايماندىن سادا چىقمىدى. مەمتىمىن يەنە چىشىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ هاسىسىنى ئېگىز كۆتۈردى ـ دە، ئۇنىڭ بېشىنى چەنلەپ: «ئەي ! » دەپ شىلتىدى، لېكىن هاسا سۇلايمانغا تەگمىدى. «تارس !» قىلغان بىر تېپىك بىلەنلا «تاراڭڭىدە !» نېرىغا قاڭقىپ كەتتى. مەمتىمىن چۆچۈپلا يېنىغا قارىغانىدى، ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرغان ئەنجانبايغا سوقۇلۇپ كەتكىلى تاس ـ تاماس قالدى. ئۇ ئارقىسىغا بىر قەدەم داجىپلا ۋارقىرىدى:

— سەن؟ ! سەن... نېمە دەيسەن؟ !

— كىشىلەرنى ئۇرما دەيمەن ! قانداق؟ !

— هوي چىت لاتىسى ! سېنىڭ نېمە كارىڭ؟ !

— هوي تېزەك قۇرتى نېجىس ! مېنىڭ نېمىشقا كارىم بولمايدىكەن؟ ! نوچى بولساڭ يەنە ئۇرۇپ باقە ! ئاۋۇ هورپەيگەن تەخەي تۇمشۇقۇڭنى ئامۇت سالغان خورجۇن قىلىۋەتمىسەم هېساب ئەمەس !

ئېڭىزلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كۆتۈرمە ئېرىقنىڭ بويىدا بىرمۇنچە ئاياللار قوناق سويۇۋاتاتتى. ئىككىسىنىڭ توۋلاشقان ئاۋازى ئۇلارغا ئاڭلىنىپ قالدى بولغاي، ئارىدىن بىر ئايال ئورنىدىن تۇردى، قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ سايىۋەن قىلىپ تۇرۇپ ئۇ ئىككىسى تەرەپكە بىردەم تىكىلىپ قارىدى - دە، شۇ ھامان رومىلىنى قولىغا ئېلىپ بۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ توختىخان ئىدى. ئۇ پۈتلىشىپ نەچچە قېتىم يىقىلدى، يەنە تۇردى. ئاخىر بولالماي يىراقتىنلا ھاسىراپ تۇرۇپ توۋلىدى:

— ھاي، ھاي... بالىلىرىم، ئۇرۇشماڭلار ! نومۇس قىلىڭلار، جېدىلىڭلار نە - نەگە كەتتى ئالەمنى مالەم قىلىپ، — ئۇلار ئىككىسى تەڭلا لەپپىدە قاراشتى. توختىخان ھاسىراپلا ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى، — بولدى، بولدى ئۇرۇشماڭلار چۈجە - خورازلار، يىگىرمە ياشقا كىرىپ قالدىڭلار، غىجىلىشىۋەرمەي ئوبدان ئەل - ئاغىنە بولۇپ ئويناڭلار، — توختىخان ئىللىق كۈلۈمسىرەپ مەمتىمىننىڭ قېشىغا كەلدى. گەرچە توپا - چاڭ بولمىسىمۇ ئۇنىڭ چاپان، تامباللىرىنى قاقتى، — خاپا بولمىسىلا بالام، مەن ناماقۇل بولاي، ئۇنى مەن ئادەم قىلاي.

توختىخان مەمتىمىننىڭ مەيدىسىنى يېپىپ قويماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ چاپىنىغا قولىنى يېقىن ئەكېلىشىگە مەمتىمىن تەلەتىنى غۇژژىدە تۇردى - دە، ئىتتىرىۋەتتى:

— ئۆتۈپ بارسىلا نېرى ! قېلىنلىقىنى !

— خوش، خوش بالام، خاپا بولمىسىلا، كۆڭلۈلىرىگە ئالمىسىلا.

— ھىم، ئاغىنە بولىمىش تېخى ! كىم بىلەن؟ ھىم، — ئۇ تۈمشۇقىنى ئۈچلاپ، بوينىنى تولغىغىنىچە بېرىپ ھاسىسىنى قولىغا ئالدى. قىردىن ئۆتۈپلا ئاغزىنى بۇزدى، — شۇمتىكىگە گەپ قىلمايدۇ، ماڭا تېخى ھىتتىتى - پىتتىتى دەيدۇ سەت پۇچۇق ! ئەبگار دىۋانە ! ماكانسىز سۈپۈرۈندى !

«ماكانسىز ! قەلەندەر !» ئاھ خۇدا ! يەنە شۇ ئاھانەت !

ئاتا ـ بوۋىسىدىن مىراس قالغان، ئوتتىمۇ كۆيمەيدىغان، سۇدىمۇ ئېرىمەيدىغان بۇ قاباھەتلىك ئاھانەت يىللاردىن بېرى ئۇلارنىڭ پېشانىسىدىن نېرى كەتمىدى. مۇشۇنداق مۇناپىقلار گەپ ئارىسىدا گەپكە پۇتلاپ «ماكانسىز! قەلەندەر ! » دېگەندەك گەپلەرنى قەستەنگىلا ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى زەھەرلىك يىلاندەك چېقىۋالىدۇ. تىللاپ ئاھانەت قىلىدۇ، بۇنداق ھاقارەت ـ ئاھانەتلەرگە ئەنجانباي پەقەتلا چىدىمايتتى، زەردىگۈش بولۇپ خۇددى ئوتتا پۇچۇلانغاندەكلا تولغىنىپ كېتەتتى. ئۇ شۇ تاپتىمۇ مەتتىمىنىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئانىسىنى ئاشۇنداق سەت ھاقارەت قىلغانلىقىغا زادىلا چىداپ تۇرالمىدى. ئاچچىقىدا چىرايى تاتىرىپ كەتتى ! شۇنداق بولسىمۇ ئۇ چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئۆزىنى بېسىۋالدى.

— ھەي ئېشەك، يوغانلىق قىلما ! گېپىڭ بولسا ماڭا قىل، ئانامنى چىشلەپ تارتما !

— ھوي، مەن تېخى سەندىن قورقامدىم؟ ماكانسىز ! قەلەندەر !

«ماكانسىز ! قەلەندەر ! » ئاھ خۇدا !

يەنە شۇ قاباھەتلىك ھاقارەت ـ ئاھانەت !

مانا ئەمدى ئەنجانباي ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالماي قالدى. ئۇ ئېپلاسنىڭ ئاغزىنى يىرتىپ تاشلاش ئۈچۈن چىشىنى غۇچۇرلىتىپ ئۇنىڭغا تاشلاندى ! لېكىن، توختىخان كاپپىدە ئېسىلىۋېلىپ ئۇنى ماڭغىلى قويمىدى:

— قوي بالام، ئاۋارە بولما. ئەسكى بىلەن تەڭ بولما، خۇدايىم بىر كۈنى ئۇنىڭمۇ جاجىسىنى بېرىدۇ.

مەتتىمىن قېچىپ كېتىۋېتىپ يەنە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى:

— قېنى كەلمەمسەن ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغان پوچى، تاغدا تېزەك يەيدىغان ماكانسىز غالچىنىڭ بالىسى ! ئۇقۇپ قوي ! مەن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن ! غوجىكاڭ بەگنىڭ ئەتىۋارلىق بالىسى. خەپ توختاپتۇر، قاپىقىڭنىڭ بېزىنى ئالمايدىغان بولسام !

— ھىم، ھېلىغۇ بەگنىڭ بايۋەچچىسى ئىكەنسەن، ئامبالنىڭ

كۆچۈكى بولساڭمۇ پەرۋايىم پەلەك. مېنىمۇ ئوبدان بىلىپ قوي: باقاخۇنىنىڭ ئوغلى. تۇرغان ـ پۈتكىنىمنىڭ ھەممىسى باشتىن ـ ئاياغ ئەنجانباي! سەنمۇ ئالدىرىماي تۇر، خەپ نوخلاڭنى ئالمايدىغان بولسام!

— قويە بالام، تىلىغا كۆيدۈرگۈ چىققۇر ئۇ ئەسكىگە ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلمىغىنا.

سۇلايمان ئېخىچە پۇتىنى قۇشلاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ تىلىنىپ كەتكەن پۇتىدىكى قان توختىغان، لېكىن چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، ئۆزىمۇ تۇگۇلۇپلا قالغانىدى. توختىخان ئۇنىڭ سوغۇقتا قىزىرىپ چاك ـ چاك يېرىلىپ، خۇددى ئۆمۈچۈك توردەكلا تىلىم ـ تىلىم بولۇپ كەتكەن ئورۇق پۇتلىرىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ كەتتى ـ دە، ئاستا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ يارىلانغان پۇتىنى قۇچىقىغا ئالدى.

— بالام، بەك ئېچىشىۋاتامدۇ؟ ھەي ئىسىتەي ... — ئۇ يانچۇقىدىن كىچىككىنە قايچىسىنى چىقاردى. داكا رومىلىنى كىرت ـ كىرت كېسىپ بىر پارچىسىدا ئۇنىڭ كۆتىشەك تىلىنىۋەتكەن پۇتىنى سۈرتۈپ تازىلىدى، ئاندىن قالغان پارچىسىدا يارىنىڭ ئاغزىنى بېسىپ تۇرۇپ تېڭىۋەتتى. — ھە، مانا ئەمدى بولدى. ئۇششۇك يارىسى بولۇپ قالمىسىلا، ئاسانلا ساقىيىپ كېتىدۇ.

— رەھمەت توختىخان ئاچا، مەن بىلمىسەم، خۇدايىم بىلەر.

— ئو... رەھمىتىڭنى قوي. ياراڭ ساقىيىپ قالسا مەن شۇنىڭغا خۇش. پەخەس بول، سۇ ئوتلاپ قالمىسۇن، يىرىڭداپ قالىدۇ.

— ئانا.

— ھە.

— مېنىڭ ھېلىقى پۇتۇمغا پاتمىغان كەشىم نەدە؟

— كاتىنىڭ كەينىگە تاشلاپ قويغانىدەك قىلىۋىدىم، ئۆكىلىرىڭ كىيەمدىكىن دەپ.

— ھە، بولدى، ئۆلارغىمۇ خۇدايىم بېرىپ قالار، — ئەنجانباي قولىنى شىلتىدى ـ دە، ئۆي تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئارىدىن ھايال ئۆتمەيلا ھاسىرىغىنىچە نىمكەش بولغان بىر جۈپ تاسمىلىق كەشىنى كۆتۈرۈپ يېنىپ كەلدى، — قېنى ئاداش، كىيىپ باقە. چوڭ كېلىپ قالسىمۇ مەيلى، ئىشقىلىپ، سوغۇققا دالدا بولىدۇ.

ئانا ئۇنىڭ گېپىنى ماقۇللىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ پىسىڭگىدە كۇلدى.

— بىچارە بالا بۇ ھالى بىلەن كالىلارنى قانداقمۇ باقالار؟

— مەن بېقىپ تۇراي.

— سەن؟... ئاشۇ بەگنىڭ كالىلىرىنى؟ ...

— بولمىسا بەگ ئۇنى قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئۇ قارا يېتىم تۇرسا، بارىدىغان ـ تۇرىدىغان جايى بولمىسا...

— سەن ئوقۇۋاتساڭ؟

— ۋاي ئانامەي، ئوقۇش، ئوقۇش دەۋېرىدىكەنسەن، ئەجەبمۇ زېرىكتىم شۇ توختى موللامدىن! كۈندە جەڭگى ـ جېدەل، ئۆگەتكەن نەرسىسىنىڭ تايىنى يوق، ساپلا قۇرۇق ۋەز ـ نەسىھەت! ئۇنى دېمىسەمغۇ ئاللىبۇرۇنلا! ... «ھىم بولمىدى، دېمەيدىغان گەپ ئاغزىدىن چىقىپ كېتىپ قالدى!» ئانا ئەجەبلەندى. ئوغلىنىڭ گەپىنى ئۈزۈپ قويۇشى، ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلدى، ئۇ لەپپىدە ئوغلىغا قارىدى.

— ھە، نېمە دېدىڭ؟ ئۇنى دېمىسەم؟ بۇ... بۇ؟

ئوغلى يەرگە قارىۋالدى. ئاق سېرىق مەڭزى ۋىللىدە قىزاردى.

ئانا ئوغلىدىن جاۋاب كۈتۈپ تۇرۇپ قالدى. لېكىن، ئوغلى تەپكۈچ ئوينىغاندەك كۆتىشەككە يەڭگىل ـ يەڭگىل تېپەتتى. «توك ـ توك» چىققان ئاۋازغا تەڭكەش قىلغاندەك ئويچان كۆزلىرىنى لىپ ـ لىپ يۇمۇپ ئاچاتتى. ئانا سۆزمە قاپاقلىرىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ ئويلىنىپ قالدى:

«كىم بىلىدۇ باللار ئىشىنى، ئۇنى دېمىسەم، دېگىنىگە

قارىغاندا، ئۆزىگە ئوخشاش ئويۇن قېپى بىر ئاغىنىسىنى دەيدىغان ئوخشايدۇ بەلكىم.» لېكىن، ئانا ئوغلىنىڭ ئۇ «ئويۇنقېپى ئاغىنىسى»گە قىزىقىپ قالدى. «ۋاھ ئۇنى دېمىسە ئالىبۇرۇنلا مەكتەپتىن قالدىكەن ــ دە، قالتىسقۇ! شۇنداق تارتىشقۇدەك كۆڭۈلدىكى بىرەر ئادىمى بولمىسا، ئۇنداق گەپنى قىلامدۇ؟ شۇ ئاغىنىسىگە تارتىشىپمۇ بولسا مەكتەپكە كۆيۈك ئاپتاپتەك ئانچە ــ مۇنچە پال ــ پۇل بېرىپ يۇرۇپتۇ ــ دە.»

ئانا ئوغلىنىڭ كۆڭۈلدىكى ئاشۇ ئادىشىنى بىلمەيتتى. بىلسە ئىدى، ئۇنىڭغا ئۇنى ــ بۇنى بېرىپ مېھمان قىلاتتى. ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ ئوغلىغا تېخىمۇ ئامراق قىلاتتى. شۇ ئادىشى ئوغلىغا گەپ يېگۈزۈپ، ئۇنى مەكتەپتىن سوۋۇمايدىغان قىلاتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنداق قىلمايمۇ بولمايتتى. ئوغلى «تاپتىن چىقىۋاتاتتى». سەھەردىلا ئېرىق ــ ئۆستەڭلەردىن توت پۇتلۇق بولۇپ كېيىكچىلەپ ئاتلايتتى، مۇزلۇق سۇغا بېلىقچىلاپ سەكرەيتتى. ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن مەكتەپكە كېتەتتى. لېكىن، ئانا تېخى قاچا ــ قۇچىلارنى يۇيۇپ بولغۇچە ئەنجانباينىڭ قىزىل جىلغا بويىدا ئات چاپتۇرۇپ يۇرگەنلىكىنى ئاڭلايتتى، ئۇ يەردىن ياندۇرۇپ كەلسە، چېلىششش سورۇنىغا چاپاتتى. ئاتا ــ ئانىسىنى قورقۇتۇپ، ئالتە قۇرلۇق ئېگىز تامنىڭ ئۇستىدە سېرىق تورغايدەك يورغىلايتتى. تېخى بۇنى ئاز دېگەندەك، باشقىلارنى مۇشتۇمدەك يوغان تاشلارنى ئۆزىگە قارىتىپ ئاتقىلى سېلىپ، ئۇ تاشلارنى كاپ ــ كاپ تۇتۇۋېلىشلىرىنى دېمەمدىغان! يەنە تېخى ئادەم بېشىدەك يوغان ــ يوغان تاشلارنى ئېگىز ــ ئېگىز تاملارنىڭ ئۇ تەرىپىگە گۇپ ـ گۇپ تاشلاپ، ئادەمنىڭ تېنىنى جۇغۇلدىتىشلىرىچۇ ئۇنىڭ! كىيىملىرىنى يۇيۇپ، ياماپ ئۈلگۈرتكىلى بولمايتتى. ئەتىگىنى داغ ــ دۇغسىز، بېجىرىم چىقىپ كەتسە، كەچتە يۇزى كۆك، بۇرنى ئىششىق كېلەتتى. ئىشقىلىپ، نەدە ئەنسىزلىك بولسا ئەنجانبايمۇ شۇ يەردە بولاتتى. شۇنداق بولسىمۇ دەردى يامانىنىڭ ئوتى يامان دېگەندەك، ئانا

يەنىلا بۇ ئوغلىغا بەكلا ئامراق ئىدى. ئۇنى دەپ يېنىدىن دائىم بىر تۇقاچنى كەم قىلمايتتى. كەڭ غوللۇق يەلكىسى، تەڭتۇشلىرىدىن بىر غېرىچ ئېگىز تۇرىدىغان قاملاشقان بوي - تۇرقى، سوزۇنچاق قاش - قاپاقلىرى، ئويناپلا تۇرىدىغان يوغان كۆزلىرى، كىشىلەرنى كۆلكىگە قىستايدىغان قىيشىنىڭ قۇيرۇقىنى لىك - لىك ئېتىپ ئۇسسۇل ئويناشلىرى، بېشىنى تىك تۇتۇپ، قول سىلىپ مېڭىشلىرى، مۇڭلۇق ناخشىلىرى، ھەممىگە تەڭ ئېگىلىپ سالام بېرىشلىرى، يەنە... يەنە ئانا ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيدىغان خىلى - خىلى يېقىملىق ئوبدان ئىشلىرى... ئۇنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. لېكىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇنى قاتارغا قوشۇلدى دېگىلى بولمايتتى. ھېلىقىدەك قاملاشمىغان قىلىقلىرىنى تاشلاپ، ئوبدانراق ئوقۇپ چوڭ موللا بولالىسا تېخى ياخشى، ئۇنداق بولالمىسا، خەتمىقۇرئان قىلالىغۇدەك مىرزا بولالىسىمۇ، ئاز - تولا سالام خەتلەرنى يازالىغۇدەك ئاز - تولا سورۇنى بار، خەلقئالەم ئىچىدە: كەلسىلە دېگۇدەك يۈز - ئابرۇيى بار ئادەم بولسا، ئانا شۇنىڭغا رازى بولاتتى. ئۇنىڭ ھازىرقىدەك دادىسىدىن كەلگەن خەت - چەكلەرنى دودۇقلىماي ئوقۇپ بېرىشلىرى، يەنە ئۇنىڭغا دانىمۇدانە قىلىپ قاملاشتۇرۇپ جاۋاب خەت يېزىشلىرى، ئازنا، پەيشەنبە كۈنلىرى بوۋىسىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ سوزۇپ خەتمىقۇرئان قىلىشلىرى ئۇنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇنىڭدىن يەنىلا رازى ئەمەس ئىدى: «ھەي ! ... بۇ دېگەن كارى چاغلىق ئىشقۇ، ئۆزىنىڭلا ھۆددىسىدىن چىقسىلا بولامدىكەن؟ جامائەتنىڭمۇ دەردىگە دەرمان بولالىسا ھېساب بولىدۇ. شۇڭا، ئوقۇمۇشلۇق موللا بولمىسا بولمايدۇ !» ئانىسىنىڭ ئولتۇرسا - قوپسا ئويلايدىغىنى شۇ ئىدى. لېكىن، نېمە ئۈچۈنكىن، ئىككى يىلدەك بولدى ئوغلىنىڭ بۇ مەكتەپتىن كۆڭلى سوۋۇپ قالدى. ئاشۇنداق «بىمەنە» قىلىقلارنى قىلىپ، ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى. تۇسۇپ باقتى، نەسىھەت

قىلدى، خاپا بولدى، ئاچچىقلاندى.

دادىسىمۇ تاغدىن تولا كېلىپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى. ئۇ شۇ چاغقىچە ھېچقاچان ئوغلىغا قاش كۆتۈرۈپ ئالىيىپمۇ قارىمىغان، ئۇنى تىللاپمۇ سالمىغانىدى. لېكىن، كېيىنچە ئۇنىڭ «بىمەنە قىلىقلىرى»نىڭ تېخىمۇ ئەدەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئاچچىقى كەلدى، تاياق تەڭلەپ قورقۇتۇپمۇ باقتى، لېكىن كار قىلمىدى. «قاملاشمىغان قىلىقلىرى»دىن تەزمەكتە يوق، تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. خۇشى كەلسە مەكتەپكە باردى. خۇيى تۇتسا يەنىلا شۇ گۈلدۈر ـ پالاق ئىشلار بىلەن بەند بولدى. قولۇم ـ قوشنىلار «باللار گول كېلىدۇ، خۇي ـ پەيلىمۇ ئوخشىمايدۇ، گاھىدا ئاتا ـ ئانىسىنى پوش دېمىگەن باللار، كۆڭلىدىكى ئادىشىنىڭ گېپىگە (ھەببەللى !) دەپلا دوست تارتىدۇ» دېيىشتى. بۇمۇ ئوبدان مەسلىھەت بولدى. ئانا ئەمدى ئۇمىدىنى ئوغلىنىڭ كۆڭلىدىكى ئاشۇ ئادىشىغا باغلىدى. لېكىن، ئوغلىنىڭ كۆڭلىدىكى ئادىشى زادى كىم؟ ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن سۈرۈشتۈرۈپ سوراپ باقتى. لېكىن، ئۇلاردىن «ھەممىسى بىلەن ئوخشاش» دېگەن مۇجمەللا جاۋابقا ئېرىشتى. ئانا ئويلايتتى، سۈرۈشتۈرەتتى. «ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئادىشى زادى كىم؟» دېگەن ئوي ـ خىيال ئۇنىڭ كۆڭلىدىن نېرى كەتمەيتتى. «بەللى ـ بەللى، پەرەز توغرا چىقتى. مانا ـ مانا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۇ تارتىشقۇدەك ئادىشى بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ بولمىسا ئۇنى دېمەمسەم دەمدۇ؟ دېمەك، بۇ كۆڭلىدىكى ئاشۇ ئادىشىغا تارتىشىپ دېگىنى بولماي نېمە؟ لېكىن، ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىسا، يەرگە قارىۋالىدۇ. قىزىرىپ ـ تاتىرىدۇ، قىز بالا؟... ناۋادا شۇنداق بولسا ئىزا تارتىپ... ياق، ياق ... كىم ئۇنىڭ قىز بالا بىلەن بىللە يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ؟ تازا قاملاشمىغان گەپ بولدى ـ دە، ئايشەمگۈل بىلەنغۇ خېلى ئەپ ئۆتكەندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، ئۇ كىچىك تۇرسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ دېگەن باينىڭ قىزى، بىزنى ياراتمايدۇ، ئەپ ئۆتكەندەك قىلغان بىلەن، كۆڭلىدىكى ئادىشى

بولالمايدۇ. تاھىر، زاھىرلارمۇ خېلى بالدۇرلا تاغقا قايتىپ كەتكەن تۇرسا... يەنە كىم قالدى؟ ۋاي خۇدايىمەي، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئادىشى زادى كىم بولغىيدى؟»

سۇس تۇمانلىق كېچە، توختىخان ئانا غۇۋا ئايدىڭدا پاراسلىتىپ قوناق سويۇۋاتاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ خىيالى يەنىلا ئوغلىنىڭ ھېلىقى «كۆڭلىدىكى ئادىشى»دا ئىدى. ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى، توخۇلارنىڭ پاق - پۇق قانات قېقىپ سوزۇپ چىللاشلىرى ئۇنىڭ خىيالىغا دەخلى بولمايتتى. ئۇ پىچىرلايتتى:

— ئۇنى دېمىسەم ؟ ... تووۋا، ئۇ كىمنى دەيدىغاندۇ؟ ئۇ بۇ سوئالنى ئۆزىدىن نەچچە قېتىم سورىدى؟ ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، لېكىن، ئۇنىڭ كىملىكى ئۇنىڭ خىيالىغا ئەسلا كىرىپمۇ باقمايتتى. ئۇ ئويلاپ - ئويلاپ ئەنجانبايدىن يەنە شۇ سوئالنى تەكرارلاپ سوراۋېرەتتى.

— ئۇ كىمنى دەيدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئادىشى زادى كىم؟ ...

— ۋاي - ۋۇي ئانا، سىلىنىزە، كىشىلەر ئاياللارنى «ئەزمە كېلىدۇ» دېسە، مەن: «ياق، مېنىڭ ئانام ئۇنداق ئاياللاردىن ئەمەس» دەيتتىم. لېكىن سىلىنىمۇزە، مۇشۇ كۈنلەردە ئاشۇنداق يوقىلاڭ ئىشلارنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە تولا سوراۋېرىپ ئىچىمنى پۇشۇرۇۋەتتىلىغۇ ! — دېدى ئەنجانباي ئەتىسى - ئاخشىمى ئانىسى يەنە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئادىشىنى تىلغا ئالغاندا خاپا بولۇپ، — ئىلگىرىغۇ تاھىر، زاھىرلارغا تارتىشقانىدىم. يەنە ئايشەمگۈلمۇ ... تاھىر، زاھىرلار خېلى بالدۇرلار تاغقا قايتىپ كەتكەن. ئايشەمگۈلمۇ بويىغا يېتىپ قاپتۇمىش، ئەمدى مەكتەپكە بارسا بولماسمىش.

— ئايشەمگۈل؟ ۋاي خۇدايىمەي ! ئۇ دېگەن باينىڭ قىزى تۇرسا، سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكى ئادىشىڭ بولۇشقا مۇناسىپ كېلەرمۇ؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا.

# سەككىزىنچى باب

# «مەن ئۆزلىرىنىڭ...»

ئوپال، 1931 ـ يىلى ياز.

ئۇ مۇنداق «غەلىتە ئويۇنلار»نى ئويناپ يۈرگىلى ئالاھازەل يەتتە ـ سەككىز يىلدەك بولۇپ قالغانىدى. قىش ـ ياز دېمىدى، قار، يامغۇر، بوران ـ چاپقۇن بىلەنمۇ كارى بولمىدى. كۈن ئاشۇرماي ئويناۋەردى، ھازىرغىچىلىك تاشلىمىدى. ئۇ ئويۇنلىرىنى تاڭ سەھەردىلا باشلايتتى. كۈنچىقىش بىلەن تەڭ تاماملايتتى. ئالدى بىلەن جايىدىلا تۇرۇپ پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدىلا لىك ـ لىك سەكرەيتتى، پۇتلىرى يەردىن پەقەت بىر غېرىچىلا ئېگىز ئۆرلەيتتى. مۇشۇنداق سەكرەپ قىزىغاندا چوڭ يولغا چىقىپ «ھەزرىتى موللام»نى① قارارلاپ يۈگۈرۈيتتى. ئۇ يەردە مازايى ـ ماشايىخلارغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ بولۇپ، يەنە يۈگۈرۈپ قايتىپ مەھەللىسىدىكى ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ توختايتتى. ئۇنىڭ پەمىچە بۇ ئارىلىق ئۈچ مىڭ قەدەمدەك كېلەتتى. ھاردۇقمۇ ئالماي ئۆستەڭدىن ئاتلاشقا باشلايتتى. بۇ ئۆستەڭنىڭ كەڭلىكى ئۈچ قەدەمدەك كېلەتتى. ئۇيانغا ـ بۇيانغىمۇ يۈز قېتىم ئاتلايتتى، بىرەر قېتىم سەل ـ پەل قىرنىڭ ئېچىگىرەك سەكرەپ سالسا، ھەرگىز ھېساب قىلمايتتى، قايتا ـ قايتا سەكرەپ ئاتلايتتى. ئاتلاپ بولۇپ، تاش تاشلاشقا باشلايتتى. ئۇ تاشلارمۇ ئانچە كىچىك ئەمەس ئىدى، چوڭلىرى كىچىك بالىنىڭ بېشىدەك، كىچىكلىرىمۇ قوش مۇشتتەك كېلەتتى، يۇمىلاق ـ يۇمىلاق بۇ تاشلارنى ئالتە قۇرلۇق تامدىن بىردىن ـ

① ھەزرىتى موللام ــ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قەبرىسى بار جاي.

بىردىن ئاتلىتىپ باغ تەرەپكە تاشلايتتى. بۇ تاشلارنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. دەسلىپىدە كۆنلۈكى يىگىرمە - ئوتتۇزدىن تاشلىدى، كېيىنچە بارا - بارا كۆپەيتىپ، ئۈچ يىلغا يەتمەيلا تاشلار سانىنى ئۈچ يۈزگە يەتكۈزدى. ئارىلىقمۇ بارا - بارا يىراقلاۋەردى، قەدەممۇقەدەم ئارقىغا يېنىپ، يەتتە قەدەم كەڭلىكتىكى قوناقخانىنىڭ ئارقا تېمىغا تاقاشتى. ئۇ، بىرەر تاش تامغا سەللا تېگىپ ئۆتۈپ كەتسىمۇ ھېساب قىلمايتتى، ھەتتا پۈتىنى بەلگىلەنگەن چۆنەكتىن بىر غېرىچمۇ ئالدىغا سۈرمەيتتى. ئۈچ يۈز تاشتىن بىرەرى كەم بولۇپ قالسىمۇ ئۇنىمايتتى، ئۆزى رازى بولغاندىلا ئاندىن يۈگۈرۈپ بېرىپلا ئالتە قۇرلۇق تامنىڭ دەل ئۈچىنچى قۇرىغا پۈتىنى تەگكۈزۈپلا خۇددى ئېشەككە ئاختا قويغاندەكلا سەكرەپ چىقىپلا تامغا مىنەتتى. ئاندىن پۈتلىرىنى ئاسمانغا قىلىپ تىك تۇتۇپ، قوللىرى بىلەن مېڭىپ قوناقخانىنىڭ تېمىنى ئون قېتىم مېڭىپ ئايلىنىپ چىقاتتى. مۇشۇ ئويۇنلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، ئاندىن تامدىن سەكرەپ چۈشۈپ يالىڭاچلىنىپ، بۇلاقنىڭ مۇزلۇق سۈيىدە يۇيۇناتتى. ئۇنىڭ بۇ «غەلىتە ئويۇنلىرى» ئۇنىڭ ئۈچۈن «پەرزلىرىنىڭ پەرزى، ئارزۇلىرىنىڭ ئارزۇسى، شۇنداقلا ئۆزىگە تۆلىمىسە بولمايدىغان قەرزى» بولۇپ قالغانىدى. بىرەرى ساقىت بولۇپ قالسا، ھەرگىز بولمايتتى. يۇرت ئاتلاپ باشقا ياققا كېتىپ قالسىمۇ، يەنىلا بۇ «قەرز»نى «نەقلەشتۈرۈپ» يۈرەتتى، ھەرگىزمۇ «نېسى» قالدۇرمايتتى. زېمىننىڭ ئېتىكى كەڭرى، تام، ئېرىق - ئۆستەڭ، تاش - توقماقلار ھەممە جايدا تېپىلاتتى. مەيلى قەيەردە بولسۇن، ئۇنىڭ بۇ «قەرزلىرى» كۈن چىقىش بىلەن تەڭ تۈگەيتتى. لېكىن، ئۇنىڭ شۇ كۈنكى «قەرز»لىرىدىن باشقا، يەنە تېخى ئادا قىلمىسا بولمايدىغان «پەرز»لىرىمۇ بار ئىدى. بۇ «پەرز»لىرىنى ئادا قىلمىسا «كۆزى ئوچۇق كور، قاناتسىز قۇش، جانسىز تەن» بولۇپ قالاتتى. شۇڭا، بىردەم بىكار تۇرمايتتى. «ۋاقتىدا تاماق يېمىدىڭ، ئۆيدە تۇرمىدىڭ، ئەنسىرەتتىڭ !» دەپ

ئانىسى قاقشاپ قالاتتى. بىلىمىنى ئاشۇرمىسا، كورلۇقى بويىچە قېلىۋېرەتتى، كۆزى ئېچىلمايتتى، مېۋىسىز دەرەختەك ھوسۇلسىز بولۇپ قالاتتى. مۇنداق قارىغاندىمۇ، خەت ساۋاتى ئاز - تولا باردەك، لېكىنزە، يۇرتتىكى ئۆمەر داموللام، قۇربان ئاخۇن خەلپىتىم، قاسىم قازى ئاخۇنۇم، سىدىق مۇسا يەنە تېخى ئۆزى بىلەن تەڭتۇش ياكى خېلى كىچىك بولغان ئۆمەر مەمتىلاجى، ئەمەت قاسىم، مەمەت زۇنۇندەك ياش ئوقۇتقۇچىلارغا ئوخشاش بىلىملىك ئەمەس، ئاسمان - زېمىن پەرق بار. ئۇلار دېگەن بىلىمىنى ئىشلىتىپ گېپىنى ئۆتكۈزەلەيدۇ، جاھاننىڭ ئوڭ - تەتۈرىسىنىڭ نېمىلىكىنى ئوبدان پەرق قىلالايدۇ. ئۆزىچۇ؟ پەقەت خەت يازالايدۇ، ئوقۇيالايدۇ، تۆت ئەمەلنى ئىشلىيەلەيدۇ، شۇنچىلىك، بۇ نېمىگە دال بولسۇن؟ مۇشۇكىمۇ ئاپتاپقا چىقمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئەتىسى - ئاخشاملىرى ئۇلارنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەي، كىتابلارنى سوراپ ئېلىپ ئوقۇيتتى.

ئات مىنىشنى ئۆگىنىشمۇ ئۇنىڭ ئادا قىلمىسا بولمايدىغان «پەرزى» ئىدى. ئات بولمىسا «قاناتسىز قۇش» بولۇپ قالاتتى. ھازىرغىچە «ئۇنىمۇ خۇدايىم بېرەر» دەپ تاقەت قىلىپ كەلدى، لېكىن ئۇ ئاتسىز قالمىدى، يۇرت، ئەل - ئاغىنىلىرى ئۇنىڭدىن ئات ئايىمىدى. ئوغلاق سالىدىغان چاغلاردا، توي - تۆكۈنلەردە ئېگەر - يۈگەنلىك ئاتلار كىشىنىشىپ، چاپچىشىپ ئۇنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىنى چاڭ چىقىرىۋەتتى. ئاتلارنى تاللاپ مىنىپ ھەر نوچى چەۋەندازلارنى چاڭ - توزاندا قالدۇرۇۋېتەتتى.

بىرنەچچە يىل ئىلگىرى دادىسى تاغدىن بىر ئوۋ مىلتىقى ئالغاچ كەلگەنىدى، مىلتىقنى راۋۇرۇس ئېتىشنى ئۆگىنىشمۇ ئۇنىڭ «پەرزى» ئىدى. لېكىن، بۇ «پەرز»نى ھەر كۇنلۇكى تۇتۇشقا ئامالسىز ئىدى، ئوق يېتىشمەيتتى، ئوق ئىزدەپ تېپىشمۇ مۇشكۇل ئىدى، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ توختاپ قالمايتتى، ئىزدەپ - سوراپ تاپاتتى. لېكىن، تاپقانلىرىمۇ بەك

ئاز ئىدى، ئاشۇ ئون ـ ئون بەش تال ئوقنىڭ بىرەرسىنىمۇ زايە قىلماسلىق ئۈچۈن نىشانلىرىنى سائەت ـ سائەتلەپ قارىغا ئالاتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇ كۆزى ئىلىنغانلىكى نەرسىلەرگە بىمالال ئوق تەگكۈزەلەيدىغان، كۆك قەرىدە پەرۋاز قىلىۋاتقان ئۇچار قۇشلارنىمۇ تىك موللاق چۈشۈرەلەيدىغان بولۇپ قالدى، ھەتتا يىراقتا تىكلەپ قويۇلغان داچەننى كۆرەلىسىلا ئوقنى ئۇنىڭ تۆشۈكىدىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋېتەلەيتتى، لېكىن داچەن ئۆرۈلۈپ كەتمەيتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ھەرگىزمۇ يالغۇز بولمايتتى، ئۇ مىلتىقنى كۆتۈرۈپ چىققىنىمۇ بولدى، «تاماشا كۆرىمىز» دەپ يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئادەم ئۇنىڭغا ئەگىشىۋالاتتى. ئۇنى دەيدەيگە سېلىپ بەس ـ بەستە پۇل تىكىشەتتى.

ئۇلارنىڭ پۇتۇشۇپ قويغان نەرخلىرىمۇ بار ئىدى. تۇشقانغا تەگكۈزسە ئون پۇل، قىرغاۋۇلغا تەگكۈزسە يىگىرمە پۇل، ئۇلارغا تەگكۈزسە ئىككى تەڭگە، كېيىك، جەرەنلەرگە تەگكۈزەلىسە تۆت تەڭگە... دېگەن نەرسىگە تەگكۈزەلىسە، ئەنجانباي ئۇتقان بولاتتى، تەگكۈزەلمىسە ئۇتتۇراتتى. ئۇتقانلار پۇتۇشكەن نەرخ بويىچە پۇل ئالاتتى، ئۇتتۇرغانلارمۇ بىرنى كەم قىلماي تۆلەيتتى. ئۇۋلىرىنى شۇ يەردىلا كاۋاپ قىلىپ تەڭ يەيتتى، ئەنجانباي ئۇتتۇرمايتتى، لېكىن بەزىدە ئانچە ـ مۇنچە ئۇتتۇرۇپ قويغاندەكمۇ قىلاتتى، بۇنىمۇ ئاشۇلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا قەستەن شۇنداق قىلاتتى، لېكىن بۇنداق قىلىشقا باشقىلار ئۇنىمايتتى. «بۇنداق قىلسا ئويۇننىڭ مەززىسى بولمايدۇ» دەپ ئەيىبلەيتتى. شۇڭا، نىشانلاپ ـ چەنلەپ ئاتاتتى. لېكىن، ئۇ ئۇتۇۋالغان پۇللىرىنى ئالغىلى ئۇنىمايتتى، ئوق تېپىپ بېرىشكە قىستايتتى. مۇشۇنداق ئويۇننىڭ قىزىقچىلىقىدا بەزىدە تېخى يۇرت ئاتلاپ تاغلارغىمۇ چىقىپ كېتەتتى. ئۇ يەرلەردىمۇ ئويۇن بىلەنلا بەند بولۇپ قېلىپ ئون ـ ئون بەش كۈنلەرگىچىمۇ قايتىپ كېلەلمەي قالاتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئاكىسى جۇمەخۇن يۇرتتا يىگىتبېشى ئىدى. ئۇ ئىنىسىدىن ئەنسىرەپ، يىگىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇنىڭ

ئارقىسىدىن قوغلىشىپ يۈرەتتى. «هايت !» دېسىلا بىرى بېرىپ ئانىسىغا خەۋەر قىلىپ قوياتتى. شۇڭا، ئانىسى ئۇنىڭدىن ئانچە ئەنسىرەپمۇ كەتمەيتتى. لېكىن، تولا سېغىنىپ هالى قالمايتتى.

*　　*　　*

بۈگۈن شەنبە كۈنى ئىدى. ئەنجانباي ئويۇنلىرىنى ئويناپ ئەتىگەنلىك «قەرز»لىرىنى تۈگەتتى. ئالدىراپلا بۈگۈنكى ئۈجمە سەيلىسىگە بېرىشقا تەييارلاندى. ئۆتكەن شەنبە كۈنى تاغدىكى ئاغىنىلىرى بىلەن ئوۋدا بىللە بولۇپ قېلىپ، شۇ كۈنكى ئۈجمە سەيلىسىگە بارالماي ئايشەمگۈل بىلەن كۆرۈشەلمەي قالدى. پەقەت چۈشىدىلا تاتلىق دىدارلىشىپ تۇرالىدى. «ئەنە شۇنداق چۈشلەرنى تېخىمۇ جىقراق كۆرسە... ياق، ياق، ئۇڭدا كۆرسە... بۈگۈن سەيلىگە كېلەلەمدىكىن؟ ياق، چوقۇم كېلىدۇ. هە، مەيلى ئۇ بۈگۈن قەيەردە بولسۇن، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىمەن، مۇڭدىشىمەن، ئاه... ئايشەمگۈل، بۈگۈن جامالىڭنى بىر كۆرسەتكىنە...» ئۇ شۇ خىيال بىلەن ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ قىرلىرى ئارقىلىق ئۇدۇللاپ مېڭىپ ئۈجمە سەيلىسى بولۇۋاتقان هەزرىتى موللام تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئەينى يىللاردا هەزرىتى موللام نامى بىلەن مەشهۇر بولغان ئۇلۇغ ئەۋلىيا مەهمۇد قەشقەرىينىڭ ئىمانى ئۇلۇغ، دىلى يورۇق ئەۋلادلىرى، بوۋىسىنىڭ قەبرىگاهىنى جەننەتتەك كۆكەرتىش ئۈچۈن، قەبرىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن باش - ئاياغلىرى كۆرۈنمەيدىغان تەرەپ - تەرەپلەرگە ئۇزۇندىن - ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان، كەڭرى ئېرىق - ئۆستەڭ، يوللارنى ياساپ، يان - يانلىرىغا رەت - رېتى بىلەن قاتار ئۈجمىلەرنى سېلىپ كۆكەرتىشكەندى. شۇنىڭدىن بېرى هەر يىلى ئۈجمە پىشقاندا ئەر - ئايال، باي - گادايلارنىڭ هەممىسى بۇ تەۋەررۇك زېمىنغا يىغىلىپ نەغمە - ناۋا بىلەن ئۈجمە سەيلىسى قىلىپ كەلمەكتە

ئىدى. جامائەت ئۇجمە پىشقاندىن باشلاپ ھەر شەنبە كۈنى كۈن چىقماستىنلا بۇ يەرگە يىغىلىپ، تاكى كۈن ئولتۇرغۇچە تاماشىنى قىزىتاتتى. تونۇش ـ بىلىش، ئەل ـ ئاغىنە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار جەم بولاتتى، ئاشىق ـ مەشۇقلار دىدارلىشاتتى، مىسكىنلەرمۇ كۆڭۈل ئېچىشاتتى. بۇ ئۇجمە سەيلىسى پەقەت تۆت شەنبە كۈنىلا بولاتتى، تۆتىنچى شەنبە كۈنى سەيلە ئاياغلىشاتتى. ئۇجمىمۇ غازاڭ بولۇپ تۈگەيتتى.

بۈگۈن ئۇجمە سەيلىسىنىڭ تۆتىنچى شەنبە كۈنى ئىدى. شۇڭا، ئەنجانباي سەيلىگە بالدۇرراق بېرىشقا ئالدىرايتتى. ياق! مەشۇقىنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى. «ئۇ بۈگۈن كېلىدۇ، ھەممە ئادەم كېلىدۇ. بۇ شەنبە ئۆتۈپ كەتسە، ئۇجمە سەيلىسىمۇ تۈگەيدۇ، يەنە بىر يىلغىچە بولمايدۇ. ۋاي خۇدايىم، توۋا! مەن نېمە دەۋاتىمەن! ئۇ چاغقىچە ساقلاپ تۇرغۇدەك مادار نەدە؟ ئۇ چاغقىچە ئۇ پەرىشتە ئاللىقاچانلا مېنىڭ نىكاھىمغا ئۆتۈپ، ئۆزۈمنىڭ بولۇپ قالىدۇ. ئۆزۈمنىڭ!»

ئۇ ھەزرىتى مولىلامغا يېقىنلاشقانسېرى، يۈرىكى تېخىمۇ دۈپۈلدەشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن ئاۋازىنى بوشراق چىقىرىپ ناخشا ئېيتىپ ماڭدى:

بۇلبۇللىرىم سايرايدۇ،
باھار بولغان ئوخشايدۇ.
يۈرەكلىرىم جىغىلدايدۇ،
يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ.

ئىشىك ئالدى قوش تېرەك،
قوش تېرەككە سۇ كېرەك.
قەلەم قاشلىق يىگىتكە،
سۇمبۇل چاچلىق قىز كېرەك.

ئۇ قاتار سۆگەتلىكتىن چىقىشىغىلا، قوناقلىقنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ئايشەمگۈلگە كۆزى چۈشۈپ قالدى ـ دە، قەدىمىنى تاققىدە توختىتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ يان ـ يانلىرىدا باشقا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئەنجانباي ئاغزىنى ئۇچلاپ «هۇشت» قىلىپ ئىسقىرتتى. ئايشەمگۈل بۇ تەرەپكە لەپپىدە قاراپ قويۇپلا كېلىۋەردى. ئۇ قوناقلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدە، ئەنجانباي بۇ تەرىپىدە ئىككىلىسى ئۇدۇللا بىر ـ بىرىگە قاراپ مېڭىۋەردى. ئارىلىق يېقىنلاشقانسېرى ئەنجانباينىڭ پۇت ـ قوللىرى كالانپايلاشتى. ئۇلار يېقىنلاشقاندا ئۇلارنىڭ ئالدىنى بىر ئېرىق توستى. ئېرىقتا لىپمۇلىپ سۇ ئېقىۋاتاتتى. قەدىمىنى چوڭراق ئالسىلا ئۆتۈپ كەتكىلىمۇ بولاتتى، لېكىن ئەنجانباي ئالدىراپ قالدى. سەكرەپلا ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ ئاتلىشىغا، قېرىشقاندەكلا ئوڭ پۇتىدىكى تاسمىلىق كەشىنىڭ ئۇچى ئىشتاننىڭ سول تەرەپ پۇچقىقىغا كىرىپ قالدى ـ دە، پۇتىنى قاشقا قويالماي سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغىلا پالاققىدە يىقىلىپ چۈشۈپ چۆمۈلۈپ كەتتى. بۇ خۇددى چۈشىدە قارا باسقاندەكلا بىر ئىش ئىدى. ئۇ ئەندىكىپ تېزلا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭغىچە ئايشەمگۈلمۇ ئېرىق بويىغا كېلىپ بولدى. ئۇ ئەنجانباينىڭ سۇدا ئېقىپ كېتىۋاتقان بادامدوپپىسىنى سۈزۈۋېلىپ ئاستا ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. ئەنجانباي ئىزا تارتىپ كەتكەنلىكتىن يۈزلىرى قىزىرىپ، ئۆپكىدەك ئېسىلىپ كەتكەنىدى.

— ئەنجانباي ئاكا، هېچ گەپ يوق، شۇنىڭغىمۇ تەڭلىك بولامدىغان. ئادەمنىڭ يىلتىزى يوق، يىقىلمايدىغان كىم بار؟ — لېكىن، بۇ گەپلەر ئەنجانبايغا تەسەللى بولالمىدى. ئۇ ئاچچىقىدا بېشىنى تۆتۈپ قىىردىلا زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى، — بولدى قويىسىلا، شۇنچە بىئارام بولغۇدەك نېمە بوپتۇ؟ باشقا ئادەم كۆرمىدى. مەن ئۆزلىرىنىڭ ئادىمىغۇ؟ مەن ئۆزلىرىنىڭ!...

«ئۆزلىرىنىڭ؟ — بۇ گەپ بىلەن ئەنجانباينىڭ كۆڭلى خېلى ئېچىلىپ قالدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزغا قارىدى، —

شۈنداق، سىز مېنىڭ، چوقۇم ئۆزۈمنىڭ، چوقۇم !...»

— خېنىم، تىنچلىق تۇردىلىمۇ؟ بۇ تەرەپكە...

— ھە، سىلىنى تاغدىن ئاخشام يېنىپ كەپتۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم، — ئايشەمگۇل چېچىنى ئويناپ تۇرۇپ يەرگە قارىۋالدى، — كۆرگۈسى كېلىدىكەن... بۈگۈن مېنى سەيلىگە چىققىلى قويمىدى. سىلى بىلەن كۆرۈشۈپ قالغىلى بولارمىكىن دەپ ئويلاپ، يالغاندىن: «ھامما ئاچامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەي» دەپ بۇ تەرەپكە چىقىشىم ئىدى. ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ ئۇدۇللا مۇشۇ تەرەپكە كېلىشىم. ھېلىمۇ ياخشى بىرى كۆرۈپ قالمىدى. سىلىنى مەندىن ئەنسىرەپ قالمىسۇن دەپ.

ئەنجانباي ئاستا ئورنىدىن تۇردى. قىزغا مۇلايىمغىنا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. لېكىن، تىلى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك ئاغزى گەپكە كەلمەي دۇدۇقلىدى:

— سەيلىگە؟ بۇ قانداق گەپ بولدى؟ نېمىشقا چىققىلى قويمايدىكەن؟

— بىلمىدىم. ئىشقىلىپ، مۇشۇ كۈنلەردە مېنى تالا - تۈزگە چىققىلى قويمايدىغان بولۇۋالدى. ئەمدى بىز سەگەك بولمىساق بولمىدى.

— ھە ؟ ... مۇنداق دېسىلە تېخى، ماۋۇ ئىشنى !

دەل شۇ چاغدا سۆگەتلىك ئارىسىدىن غەلىتە يۆتەل ئاڭلىنىپ قالدى:

— ئۆھۆ ! - ئۆھۆ! ...

ئايشەمگۇل چۆچۈدى:

— خوش ئەنجانباي ئاكا، مەن كېتەي، ئارقىمىزغا ساقلانىدى كىرىۋاپتۇ. ھېلىقى ئاۋاز بىزنىڭ مالچىمىنىڭ يۆتىلىشىگە بەكمۇ ئوخشايدىكەن، — ئۇ شۇنداق دەپلا بىر قىزىل تاۋار تۇگۈنچەكنى ئەنجانبايغا ئۇزاتتى، — ئاز بولسىمۇ...

ئەنجانباي ھەيران بولغان ھالدا «ھەشقاللا» دەپ ئۇ تۇگۈنچەكنى قولىغا ئالدى. ئايشەمگۇل ئارقىسىغا پات - پات

قاراپ قويۇپلا قوناقلىققا كىرىپ كەتتى. قوناقلارنىڭ ئېگىزلىكى تىزغا كېلەتتى، لېكىن ئۇ كۆرۈنمەي قالدى. ئەنجانباي بىرھازادىن كېيىن ئېسىگە كەلدى - دە، ئۇ كەتكەن تەرەپكە قاراپ ئۈنلۈك توۋلىۋەتتى:

— شۇنداق! سىز مېنىڭ! چوقۇم مېنىڭ!

ئۇ سۆگەتلىككە كىرىپ تۈگۈنچەكنى ئاچتى: ۋاھ! پۇل؟ ياغلىقتا ئون تەڭگە پۇل پارقىراپ تۇراتتى.

«ماۋۇ ئىشنى؟ مەن پۇلسىز قالمىسام، بۇ قانداق گەپ، نېمىشقا پۇل تۇتىدۇ؟ — ئەنجانباي ئويلاپمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. ئاخىر، — بەلكىم دەردىگە دەرمان قىلسۇن دېگەندۇ» دەپ ئويلىدىيۇ، بۇ جاۋابقىمۇ تازا قانائەت قىلمىدى. كۆڭلى غەش ھالدا ئۆيىگە يېنىپ كەلدى. كېيىملىرىنى يەڭگۈشلەۋېتىپ، ئايشەمگۈلنىڭ ھېلىقى «سەگەك بولمىساق بولمىدى» دېگەن گېپى تۇيۇقسىزلا يەنە ئېسىگە كېلىپ قالدى - دە، كۆڭلىكىنىڭ بىر يېڭىنى بىلىكىگە سايقىنىچە تۇرۇپلا كەتتى. بۇ گەپ ئۇ تاكى سەيلە بولۇۋاتقان ھەزرىتى موللامغا يېتىپ بارغۇچە ئۇنىڭ كۆڭلىدىن نېرى كەتمىدى. پۇل بىلەن ھېلىقى گەپنىڭ قانداقتۇر بىر باغلىنىشى باردەك ھېس قىلىپ قالدى.

ئۇ يېتىپ كەلگەندە سەيلە تازا قىزىپ كەتكەنىدى. تەرەپ - تەرەپلەردە داپ - دۇمباقلار داراڭلاپ، ساز، ناخشىلار ياڭرايتتى. ئىلگىرى شاخ - شاخلاردا ۋىل - ۋىل مەي باغلاپ پىشقان ئۈجمىلەر مانا ئەمدى خېلى شالاڭلاپ قالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ توپ - توپ يىگىتلەر پۇتلىرى بىلەن شاخ - شاخلارنى گۈرس - گۈرس تېپىپ، قوللىرى بىلەن شالدۇر - شۇلدۇر سىلكىپ ئىرغىتىشاتتى. سارغىيىپ مىلىق - مىلىق پىشقان ئۈجمىلەر پەستە قىز - چوكانلار تۇتۇپ تۇرۇشقان شالدىرشاپقا توروكلاپ چۈشەتتى. سىۋەت - سىۋەت، لېگەن - لېگەنلەرگە توشقان ئۈجمىلەر سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيىدە چايقاپ يۇيۇلغاندىن

كېيىن، جامائەت سورۇن تۈزۈشۈپ ئولتۇرۇپ، ئاغىزلىرىنى چاكىلدىتىپ يېيىشەتتى. ئۈجمىنى يەپ بولۇشقاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە تاماشىغا چۈشۈپ كېتىشەتتى. چەشمە زۇلال، ھاي ـ ھاي تېرەك ئەتراپلىرىدا قەمبەر راۋاب، ئۈمەر ساتارلار مەشرەپنى تازا قىزىتىشقا باشلىغانىدى. جۈمەخۇن بىرەر يۈزدەك ئادەملەر ئارىسىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. نەگىلا قارىسا تىقما ـ تىقماق ئادەم، قىستا ـ قىستاڭچىلىق، ئويۇن ـ تاماشا، قىز ـ چوكانلارنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشلىرى... ئاكىسى ئەنجانباينى ئىزدەپ كېلىپ ئۇنى ئويۇنغا تارتتى، باشقا ئاغىنىلىرىمۇ ئۇنى ئۇسسۇلغا چۈشۈشكە خېلى زورلاپ باقتى، لېكىن ئۇ ئۇلار بىلەن كارى بولمىدى. ئاسمانغا قاراپ ئاھ ئۇرۇپ ئولتۇرىۋەردى. جۈمەخۇن ئۇنىڭغا بىردەم تىكىلىپ قاراپ تۇردى. ئىنىسىنىڭ كۆڭلىنىڭ بەك مەيۈسلۈكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى. ئۇمۇ تىڭتىڭلاپ يۈرۈپ بۇگۈن ئايشەمگۈلنىڭ كەلمىگەنلىكىنى بىلگەن، نېمە ئۈچۈن كەلمىگەنلىكىنى باشقىلاردىن ئاڭلاپ، ئىنىسى ئۈچۈن غەم يەپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇنى ئويۇنغا ئارتۇقچە زورلىمىدى.

— بولدى، بولدى، قويۇڭلار، رايىغا بېقىڭلار.

ئۇ يىگىتلەرنى باشلاپ كېتىپ قالدى.

ئەنجانباي كۆڭلى يېرىم ـ مەيۈس ھالدا پۈتىنى سۇغا چىلاپ خېلى ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ قالدى. لېكىن، كۆزىنى مۇھەممەتخان باينىڭ قومباغدىكى ھويلىسى تەرەپتىن ئۈزمىدى. كەچ پېشىندىن كېيىن كىشىلەر ئاستا ـ ئاستا تارقاشقا باشلىدى، سورۇنلارمۇ شالاڭلىشىپ قالدى. لېكىن، نەغمە ـ ناۋالار تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. سازەندىلەرنىڭ مۇڭلۇق ئاھاڭغا تەڭكەش قىلىپ چالغان سازلىرى ياشلارنى يەنىلا ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا ئىدى. يىگىتلەر ناخشا، سازلارغا تەڭكەش قىلىپ، گۈرس ـ گۈرس دەسسەپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىشتى. لېكىن، ئەنجانباينى ئۆزىگە تارتالمىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ بىر تۈپ ئۈجمىگە يامىشىپ چىقتى. شاختا پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ،

مۇڭلانغان ھالدا ئاۋازىنى بوش چىقىرىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

ھەر شەنبە كېلىپ يەيتتىم
مەي باغلىغان ئۈجمەڭنى.
يارىم بىلەن كۆرۈشۈپ،
خۇش قىلاتتىم كۆڭلۈمنى.

خۇمار كۆز مېنىڭ يارىم،
قەلبىمدە تىلتۇمارىم.
سېنى تولا كۆرەلمەي،
چىقمىدى دىل خۇمارىم.

شۇ تاپتا ئۇ ھېچنېمىنى سەزمەي ناخشىنى لەرزان ئېيتىماقتا ئىدى. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ ئۇ چىقىۋالغان ئۈجمىنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشىۋالغانلىقىنىمۇ سەزمىدى. زاۋال بولغاندىلا ئاندىن ناخشىسىنى توختاتتى. شۇ چاغدىلا ئۆزىگە قاراپ توپلىشىپ تۇرۇشقان جامائەتكە كۆزى چۈشۈپ ئۈجمىدىن سەكرەپلا چۈشتى. ئۇلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، تىنچ ـ ئامانلىق سوراشتى. ئاندىن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، بېشىنى كۆتۈرمەستىن ئۆستەڭ بويلاپ يۈرۈپ كەتتى.

ئايشەمگۈلنىڭ ھېلىقى گەپلىرى ئۇنى ئۆزىگە بەند قىلىۋالغانىدى. ئۇ شۇ تاپتىمۇ يەنىلا شۇ گەپلەرنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئويلاپ خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ خىيالىدا بىر نۇر غىل ـ پال چاقنىغاندەك بولدى ـ دە، شۇ ھامانلا قەدىمى ئاستا ـ ئاستا ئاستىلاپ توختاپ قالدى. بىر ھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى:

— تاپتىم، «ساقلاپ تۇرماڭ، پۇل تاپىمەن دەپ ئىشنى كەينىگە سۈرمەڭ، پۇلنى تويغا ئىشلىتىڭ!» دەپتۇ... ۋاي خۇدايىم، بۇ قىزنىڭ ھوشيارلىقىنى ...

## توققۇزىنچى باب

# تېرەكبوستاندىكى نىكاھ

ئوپال قۇمباغ كەنتى، 1931 ـ يىلى ياز.

باقاخۇن بىلەن توختىخان ئەسلىدە كۈزلۈك ھوسۇللارنى يىغىۋېلىپ، پۇت ـ قوللارنى بوشاتقاندىن كېيىن ئاندىن مۇھەممەتخان باينىڭ ئالدىغا قىزى ئايشەمگۈلنى ئۆزلىرىگە كېلىنلىككە سوراپ تەزىمگە بارماقچىدى، شۇ غەم بىلەن ئالدىراش تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىپ كېتىشتى. لېكىن، مانا مۇشۇنداق ئالدىراش، قايناق كۈنلەردە: پالانچى، پوكۇنچىلار مۇھەممەتخان باينىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭ قىزىنى كېلىنلىككە سوراپ ئەلچى كىرگۈزۈپتۇمىش... دېگەندەك مىش ـ مىش گەپلەرنى تولا ئاڭلاپ، كۆڭۈللىرى غەش بولۇپ قېلىشتى.

«بولماپتۇ، بىزمۇ بارايلى. ئايشەمگۈل باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە... ۋاي خۇدايىم! ئۇ چاغدا ئەنجانباي بىلەن ئۇنىڭغا ئۇۋال بولىدۇ! كېيىن ئىچىنى ئۇۋۇلاپ، لېۋىنى چىشلەپ قالغاننىڭ پايدىسى يوق. شۇڭا، بۇ توي ئىشىغا بالدۇرراق تۇتۇش قىلايلى. مۇھەممەتخان باينىڭ ئالدىغا تەزىمگە بارايلى، قىزى ئايشەمگۈلنى كېلىن قىلىۋېلىش ئارزۇيىمىزنى ئىزھار قىلايلى. قىز چوڭ قىلغان ئادەمنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق گېپى بولىدۇ. ھەرقانداق سېسىق گەپ، ئاھانەت ـ ھاقارەتلەرنى ئاڭلىساقمۇ مەيلى، چىدايلى، ھەممىگە چىدايلى. ئايشەمگۈل بىزگە كېلىن بولۇپ كىرسىلا، باللار مۇرادلىرىغا يەتسىلا، بىز شۇنىڭغا رازى، شۇنىڭغا خۇش...»

ئۇلار شۇنداق مەسلىھەتكە كەلگەندىن كېيىن، ئايشەمگۈلگە

چاي ئىچىۋىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى. بۇلارنىڭ ئالدىدا ئەلچى كىرگۈزۈپ مىش ـ مىش گېپى چىققان ھېلىقى كىشىلەرمۇ بوشاڭ ئادەملەر ئەمەس ئىدى، مېلى بار، ئەمىلى بار كاتتا بايلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ قايسىسىغا ماقۇل بولدى؟ تېخى بىلىپ بولمايتتى، ئۇلارنىڭ مەيلى قايسىسى بىلەن بولسۇن، ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ مەيلى، «ئەمەلنى، مال ـ دۇنيانى بېسىپ چۈشىدىغان ئايشەمگۈلنىڭ كۆڭلى بىز تەرەپتە، كۆڭۈلنىڭ ئالدىدا ئەمەل، مال ـ دۇنيا دېگەنلەر نېمىدى؟! ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان قۇرۇق نام ـ سۆلەت. بارايلى، بىر ـ بىرىگە تەلپۈنۈۋاتقان ئىككى يۈرەككە ئۇۋۇال قىلمايلى، مۇرادلىرىغا يەتكۈزەيلى.»

ئۇلار ئالاھىدە داستىخان راسلىدى. «ئىششىمىز ئوڭغا تارتسۇن» دەپ قۇتلۇق كۈنگە جۈمە كۈننى تاللىدى. باقاخۇن دەل شۇ كۈنى جۈمە نامىزىدىن يېنىپ، ئىمام، مەزىن، جامائەتلەر بىلەن بىللە مۇھەممەتخان باينىڭ ئۆيىگە باردى. قىزىنى كېلىنلىككە سوراپ تەزىم قىلدى. مۇھەممەتخان باي ئوچۇق چىراي قارشى ئالدى، ئوبدان مېھمان قىلدى. لېكىن، «قىزىمىزغا چاي ئىچۈرۈپ قويۇلغان، لەۋزىمىزدىن يېنىۋېلىشقا بولمايدۇ» دەپ ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى سىلىقسىلىق بىلەن رەت قىلىۋەتتى. ئۇلار بېشى چۈشكەن ھالدا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشىپ قايتىپ كېلىشتى. «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، بەلكىم بۇ چاغقىچە يۈمشاپ قالغاندۇ، باللارنىڭ دەردىگە يېتەر» دېگەن ئۈمىد بىلەن بىر ھەپتىدىن كېيىن يەنە باردى.

— گەپ بىر، قۇلاق ئىككى! باشقىلارغا ماقۇل بولۇپ بولغان دېسەك، يۈزۈڭلارنى كۆتۈرۈپ يەنە كەلدىڭلارمۇ؟ مېنىڭ سىلەرگە قىز قەرزىم يوق!

بۇنداق ئاھانەتلەر ئۇلارنى قاتتىق بىئارام قىلىۋەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار نىيىتىدىن يانمىدى. شۇ تاپتا ئۇلار باللىرى ئۈچۈن ھەرقانداق بالا ـ قازاغا يولۇقۇپ قالسىمۇ رازى ئىدى.

— قېنى، بۇ دورەم يەنە بىر قېتىم بىرىپ باقايلى. خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساپ بىرىپ ماقۇل بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ئۇنىمىسا، بۇ ئىشنى خۇدانىڭ ئۆزىگە قويايلى.

مۇھەممەتخان باي بۇ قېتىم ئۇلارنى دەرۋازىدىنمۇ كىرگىلى قويمىدى، قولىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى:

— نومۇسنى بىلمەيدىغان قېلىنلار! ماكانسىز، قەلەندەر - دىۋانىلەر! ئۆزۈڭلارنىڭ خىلىنى تېپىڭلار!

ئۇلار شۇ ھالدا ئەنە شۇنداق چېكىدىن ئاشقان قاباھەتلىك ئاھانەتلەرنى ئاڭلىسىمۇ، لېكىن ئەنجانباينىڭ پەرياد - نالىسىگە چىدىمىدى. مۇھەممەتخان باينىڭ ئالدىغا يەنە بوينىنى قىسىپ ئارقا - ئارقىدىن يەتتە قېتىم باردى، لېكىن مۇھەممەتخان باي يۇمشىمىدى. نىيىتىدىن يانماي ئۇلارنى تىللاپ، ھاقارەتلەپ ھەيدىۋەتتى. ئاخىر ئۇلار ئىلاجسىز ھالدا بۇ ئىشنى خۇدانىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولۇشتى...

* * *

— ۋاي - ۋۇي بۇ نومۇسسىزلارنى، ئۆز ھالىغا باقماي تېخى، بىزنىڭ ئايشەم خېنىمغا كۆز ئالايتىپ يۈرگەنلىكىنى قارىمامدىغان؟! تووۋا، ئۇ تېگى پەس، قاپاق نوچى بىزنىڭ خىلىمىزمىدى؟ قىچقىرسا ئېتى بار، تۇتسا سېپى بار كاتتا باي تۇرۇپ، ئەمدىزە، ئادەم تاپالمىغاندەك، ئۆتەپ - تېشىپ، ئاشۇ باقىۋاي، توختىخان قەلەندەردەك ماكانسىزلارنى «قۇدام» دەمدىم! تېگى پەس، ماكانسىز قەلەندەرلەر! لىللا گەپ قىلساڭ مانا ئالدىمىزدا تۇز تۇرۇپتۇ. ئوغلىنىڭ بەدىنىدە ئەركەك تۈكى بار، ياۋاشنى بوزەك قىلمايدۇ، ياماندەك بولمايدۇ، شۇغىنىسى تېگى پەس، ماكانسىز، قەلەندەر ئەۋلادى، بىزنىڭ خىلىمىز ئەمەس!

— دېگەنلىرىغۇ شۇنداق، ئېپىدىرەك يەردىن چىقسا ئوبدان بولاتتى. شۇغىنىسى ئايشەم خېنىمنىڭ كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ.

قازىنىڭنىڭ قايىنىشىغا باق، بالاڭنىڭ ئويىنىشىغا !...

— چۈشۈپ قاپتۇ؟ قانداق ئىتتىنىڭ كۆڭلى ئىكەن بۇنداق ئاسان چۈشۈپ قالىدىغان؟ ! گېپىم گەپ ! تىرىك كۆمۈۋېتىمەنكى، ئۇنداق ماكانسىز سولتەككە قىزىمنى بەرمەيمەن ! پىرىغا بېقىپ مۇرىت، ساقالغا بېقىپ بۇرۇت !

— شۇنداق بولسىمۇ ئايشەم خېنىمنىڭ سەمىگە سېلىپ قويساق...

— ياپىرىم، ئۇلۇغ خۇدايىم، ئاشۇ بىر پاتمان چاچنىڭ ئورنىغا بىر تال چاچتەك ئەقىل بەرسىچۇ سىلىگە، نېمىشقا سەمىگە سېلىپ يۈرىمىز؟ بالا ئۆزىمىزنىڭ، تۇتساق قولىمىزدا، ئاچساق ئالىقىنىمىزدا، يامان يولغا باشلىمايمىز، ئوبدان كۈن كۆرسۇن دەيمىزغۇ؟ يەنە نېمە گەپ، بولدى ! ھىتتىتى - پىتمىتىنى قويايلى، ۋاقتىدا ئېلى قازىنىڭ ئوغلىغا چېتىپ قويۇپ باشنى ساقايتايلى ! بەرمىسىمۇ باي ياخشى، يېمىسىمۇ ماي...

— ۋاقتىدا؟

— ھىم، ۋاقتىدا، مۇشۇ چارشەنبە كۈنى، مەن سىلىگە دېدىمغۇ؟ ھە، گەپ بىر، قۇلاق ئىككى. تۇيدۇرمايلا يەك ئىچىدە قىلىۋېتەيلى دەپ، بولمىسا بالا ئۈركۈپ كېتىدۇ. پوق يېمەكلىك قىلىپ يۈزىمىزنى سۆرۈن قىلىدۇ، يەنە دېسەم يەنە شۇ گەپ.

— ۋاي خۇدايىمەي، ئالدىراپ قالمامدۇق؟ بۇ دېگەن توي تۇرسا، چوڭراق قىلارمىز. تەييارلىق...

— بولدى، بولدى ! ئۇلار بىلەن پۈتۈشۈپ بولدۇم. بولمىسا بۈگۈنلا ئۇيانلىق قىلىۋېتەيلى دېگەن. كۈيئوغۇل بولغۇچى ئەھمەتخان تېخى تاغدىن كەلمەپتۇ، ئۆگۈنلۈككە كېلىدىكەن، شۇڭا چارشەنبىگە توختالدى. ھازىرچە ئون - يىگىرمە ئادەم ئارىسىدا نىكاھلا قىلدۇرىمىز، ھەشەمەتلىكنى كېيىن، ناغرىسىنىمۇ كېيىن ! ئەر ئەمرىگە ئۆتكەندە شەرىئەتمۇ، ھۆكۈمەتمۇ ئىگە بولىدۇ، ھېچ كىشى ھۆرۈ - پۆرۈ قىلالمايدۇ. بولمىسا... بولمىسا ھىم... ئۇ دېگەن ئەنجانباي. ھىم، ھەزەر

ئەيلەك لۈكچەكتىن، ئىچىدە توشكۈز قاترايدۇ، چىشىغا تېگىشۈەرسەك ھەر جايدا جايلايدۇ، دەيدىغان گەپ بار. ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. شۇڭا، غىمىبىل ـ غۇيلا قىلىشۈەتسەك باش ساقىيىدۇ. جاھاندا كۆز ـ قۇلاق بولىدىغانلار جىق ئىكەن، ئۇ يەردە كوت ـ كوت، بۇ يەردە مىش ـ مىش، پىتنىلەك ئىچىگە ھېسىپ قۇيىدىغانلارمۇ بار. تولا ئاڭلاپ بەك زەردىگۈش بولۇپ كەتتىم. ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ ئاشۇ ماكانسىز سولتەك بىلەن كوتوڭلىشىپ يۈرۈپتۇمىش. ھەي ئەقىلسىزلىق! ئۆز قەدرىنى بىلمىگەن نادان. كۆيگەن جۇۋانغا ئات تېزىكى ئاي كۆرۈنىمىش، ئەمما ماكانسىز لۈكچەكنىڭ نېمىسى ئەرزىگەندۇ بۇ گالۋاڭ قىزىمىزغا؟ بۇ گەپلەرنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغان، تۈيدۈرماي قىلتاققا چۈشۈرەي دەپ ئۈقمىغان ـ بىلمىگەن بولۇۋېلىپ بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ يۈردۈم. بولمىسا ئاللىبۇرۇن بىر تەرەپ قىلىدىغان گەپ ئىدى. پۇرسەت بولمىدى، ئەمدى پىچاق سۆڭەككە يەتتى، «ۋاقتى ئۆتكەندە قىلىچىڭنى پوققا چاپ» دېگەن تەمسىل بار. ئەمدى قىلمىساق بولمىدى، بۈگۈن ئۈجمە سەيلىسىگە بارغىلى قويمىساق بوزىرىپ ـ تاتىرىپ كەتتى. ھامامنىڭ ئۆيىگە بارىمەن دېدى. غەرەز باشقا، «ئات ئايلىخانغا، يول سارىخانغا»، قېنى ئارقىسىدىن كەتكەن ئادەم نېمىدەپ كېلىدۇ، ھېلى ئاڭلايمىز تېخى. ئۆزى بىلىپ بولغۇچە نىكاھ قىلدۇرۇپ قويغان ياخشى، شۇ چاغدا باش ساقىيىدۇ. ھەر ئىشقا پەم قىلمىساق بولمايدۇ. ئۆزى ئۈقمىسۇن، ھەر ئىشقا پەم كېرەك، ئۆتۈككە چەم.

— ئۆتكەن قېتىم ئامبالغا ماقۇل دېگەن بولسىلىمىغۇ، شۇ تاپتا مۇشۇ خاپىلىقمۇ يوق. بەگمۇ بولۇپ...

— ماۋۇ خوتۇننى، ئاخۇنۇم ئۇقەت كويىدا، قۇشناچىم... ئاپلا ئاغزىمغا نېمىلەر كېلىۋاتىدۇ. ھەي ئەخمەقنىڭ چاي خالتىسى، ئامبالنىڭ غەرىزى قىزىمىزدا ئەمەس، مەندە! ئۇقامسىلەر شۇنى! مەندە، مېنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ بارغۇ، ھە دەڭلا، يۈرتىغا يۈگەن

قىلماقچى. بۇ دېگەن باشتىن - ئاياغ ئوپال... كۇھقاپتا شامال چىقسا، بۇ يەردە بوران چىقىدۇ. ئوپال مىدىرلىسا، قەشقەر تەۋرەيدۇ. ئوپالنى دەستەك قىلىپ ئۆمۈرلۈك شەھەر سورىماقچى. ئامبالغا قۇدا بولۇپ، ئاستىدا بەگ بولۇپ چۆكۈلدىغىچە، بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان گاداي بولغىنىم مىڭ مەرتەم ياخشى. ھېلىغۇ قىزىمىزنى بەرسەك بەگ قىلىدىكەن، ئامبال قىلسىمۇ، پادىشاھ قىلسىمۇ، قىزىمنى ئۇنداق دوزاخقا تاشلىمايمەن، ئۇنداق مەنسەپلەرنى قىزىمنىڭ بىر تال چېچىغا تەڭ قىلمايمەن. قىزىمنىڭ بىر تامچە يېشى مېنى گۆر ئازابىغا سالىدۇ. قىزىنى بەگلىككە تېگىشەتتى، دەيدىغان ئاھانەتنى گۆرۈمگە ئېلىپ كېتىمەنمۇ؟ ئامبالنىڭ ھېلىقى بايۋەچچىسىنى دېمەمدىغان، ئاتىكارچىلىقىنى بۇنىڭ! تەپ تارتماي تېخى ھېلىقى بۆرە قانجۇقىنى كۇشكۇرتۇپ ئايشەم خېنىمنى تالىتىۋاتىدۇ. ئىمانىم قىرىق گەز ئۇچۇپ كەتتى. تۆمۈر ئارىنى پوسسىدە تىقىپ ئۇچەي - باغرىنى چۇۋۇۋەتتىم. نېمە بولسام بولاي دەپ توقۇمنى قارىنىغا ئېلىپ ئەلپازىنى تازا بۇزغانىدىم، خۇداغا شۈكۈر، ئاتا - بالا ئىككىسى شۇنىڭ بىلەن ئۇجۇقتى.

ھىم، بەگ قىلىمىش تېخى! ھېلىمۇ مەن قايسى بەگ، قازىدىن كەم؟ يامۇلنىڭ كاتتىلىرىمۇ مېنى كۆرسە ئاتتىن چۈشىدۇ. ئىككى قوللاپ كۆرۈشىدۇ. بۇ يۇرتتا مەن «ھىم» دېمىسەم قايسى بەگ، قايسى قازى مۈشۈكنى پەش، توخۇنى تاخ دېيەلەيدۇ؟! ئىماممۇ مەن بارمىغۇچە نامازنى باشلىمايدۇ، مەن كۆرمىگۈچە يۇرتتىكى خامانلارمۇ ئۇسۇلمايدۇ. مېنى كۆرسە چوڭ - كىچىك يولنى بىكارلاپ چەتكە چىقىپ قول باغلاپ تۇرۇشىدۇ. سورۇننىڭ تۆرى مېنىڭ! ماڭا يەنە نېمە لازىم ئىدى؟ قىزىمنىڭ كۆڭلى خۇش ئۆتسىلا بولدى، باشقا ھېچنېمىدىن تەمەيىم يوق. خۇداغا بىر جان قەرزىم بار، باشقا غېمىم يوق. زادى قىزىمىز خۇش بولسىلا، كۈنى ئوبدان ئۆتسىلا، مەن نېمە بولۇپ كەتسەممۇ مەيلى، قەلەندەر بولۇپ كەتسەممۇ مەيلى. قەلەندەر بولۇپ

كەتسەممۇ پەرۋايىم پەلەك. قىزىم ئازار يەيدىكەن، مەن ھەممىدىن بىزار بولىمەن.

— ھە، ماۋۇ گەپلىرى ئوك بولدى. ھېلىقىدەك تاغدىن تاش يۇمىلاتقاندەك ئالىتاغىل گەپلىرى تازا قاملاشمىغانىدى.

— ھىم، قايسى گېپىم قاملاشماپتۇ؟

— ئۆزلىرى دەۋاتىدىلا، قىزىمىزنىڭ كۆڭلى خۇش بولسىلا بولدى دەپ. ئۇنداق بولسا قىزىمىزنىڭ كۆڭلى چۈشكەن مەيلى بار ئادەمگە ئۇنى - بۇنى دېمەي ماقۇل بولساق بولمامدۇ؟ كۆڭلى خۇش بولمامدۇ؟ ئامبالنىڭ ئوقۇرى ئېگىز قىزىمىزنى خورلايدۇ دېدىلە، مەيلى بار ئادەمنى ياراتمىدىلا، قايسى گەپلىرى راستكىن، بىلمىدىم؟

— ھەي خوتۇن، ئەقلىسىز باشتىن سۆسىز قاپاق ياخشى دەپ قايسى ئۇلۇغ ئەۋلىيا دەپتىكەنتاڭ. ئەجەبمۇ جايىدا دەپتىكەن، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى خىلىمىز ئەمەس، لايىقىمىزمۇ ئەمەس. قاراڭلا، ئۆز لايىقىدا بولىدىغان بولسا، قىزىمىزنىڭ دولىسى ئايتاپ كۆرىدۇ، ئۆز بەختىنى تاپالايدۇ، خارلانمايدۇ، ناۋادا ئۇ قاقۋاش ئامبالغا قىزىمىزنى كېلىنلىككە بەرسەك، چېقىل - چۇقۇلغا ئۇچراپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئوقۇرى ئېگىز، ھاي دېيەلمەيمىز. قىزىمىز گۆر ئازابىدا قالىدۇ! پېلەككە ئالدىنىپ خەمەككە قالىمىز. ھە، سىلى دېگەن ھېلىقى سولتەككە كەلسەك، ئۇمۇ ئەسلا بولمايدۇ! تېگى پەس ئادەملەر. ھازىرچە قىزىمىز بەختۇاش كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ قىزىغان بىلەن كېيىنچە خوۋلۇق كۆرمەيدۇ، پەسنىڭ قولىدا پەسلىشىپ كېتىدۇ، شەنىمىزگە داغ چۈشۈرىدۇ، ئات ئوقۇرىغا ئېشەك باغلىساق بولمايدۇ.

ئېلى قازى بىزنىڭ خىلىمىز، مېلىمىز تەڭ، زېمىنىمىزمۇ تەڭ، يۈز - ئابرۇيىمىز تەڭ. بىزمۇ ئۇلارغا تەڭ كېلەلەيمىز، ئۇلارمۇ بىزدىن قېلىشمايدۇ. بولدى، تالاشمايلى، چېچىلىپ قالدىم، خاپا بولماڭلا، مەن چىقىپ يۇرت ئاقساقاللىرى بىلەن

يەنە بىر قېتىم مەسلىھەتلىشىپ كېلەي. تۇيدۇرماي قىلىشنىڭ يولىنى قىلايلى، ئۆزى ئۇقمىسۇن، پەقەت چاندۇرمايلى، چارشەنبە كۈنى خۇپتەن نامىزىدىن يانغان جامائەتنىڭ ئالدىدا نىكاھ قىلىپ ئىشنى پۈتتۈرەيلى. كۈندۈزى قىلساق، پەلىپەتىش گەپكە قېلىپ ئىشىمىز ئىش بولماي قالىدۇ. مەن كەتتىم.

*        *        *

ئايشەمگۈل چۆچۈپ، ئۇزۇم تال بارىڭىنىڭ ئۇ بېشىدىكى تۇۋرۈكنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋېلىشقا ئارانلا ئۈلگۈردى. دادىسى بېشىنى يەردىن ئۈستۈن كۆتۈرمەي قوللىرىنى كەينىگە تۈتقىنىچە كەشىنى كالاپىشتىپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى. خۇداغا شۈكۈر، دادىسى ئۇنى كۆرمىدى. ناۋادا ئۇ كۆرۈپ قالغان بولسا، ئۇ چاغدا ئايشەمگۈل ئىزا تارتىپ ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قالغان بولاتتى.

دادىسى ئايشەمگۈلگە بەك ئامراق ئىدى. ھازىرغىچە ئۇنى تىللىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇمۇ دادىسىغا بەك ئىشىنەتتى. يۈرەكنىڭ يېغىنى يەيدىغان ئاشۇنداق زەھەرلىك گەپلەر بىلەن ئۆزىگە شۇنداق سەت ئاھانەت ـ ھاقارەتلەرنى قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دادىسىنىڭ ھېلىقى غەيۋەتلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاپ قالدى. شۇڭا، ئۇ دادىسىنىڭ يۈزىگە قاراپ سېلىشتىن ئىزا تارتىپ ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋالغانىدى.

ئايشەمگۈل ئىزا ـ ئەلەمگە چىدىماي كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولغان ھالدا ئېسەدەپ، مىش ـ مىش يىغلاپ نالە قىلىشقا باشلىدى: «ھەي ... تاش يۈرەك دادا، سىزنىڭ بۇ ھاقارەتلىرىڭىز ماڭا ئەلەم قىلمامدۇ؟! سىز شۇنچە چېچىلىپ خاپا بولغۇدەك مەن زادى نېمە گۇناھ قىپتىمەن؟ ئۇنىڭ بىلەن يەتتە ـ سەككىز قەدەم نېرىدا تۇرۇپ ئانچە ـ مۇنچە مۇڭدىشىپ قالىمىز، سىز

شۇنچە غەزەپلەنگۈدەك قولۇمنىڭ ئۈچىنىمۇ تۇتقۇزمىدىم ! قىزىڭىز سىزنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىڭىزنى تۆككۈدەك شۇنچە نومۇسسىزمۇ؟ مال ـ دۇنياسى بىلەن ئۆزىگە تەڭلەشكەن ئادەمگە ياتلىق قىلىنسا كۆڭلى خۇشال ئۆتەمدىكەن؟ ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى مال ـ دۇنيا بىلەن ئۆلچىنەمدۇ؟ هازىرچە مال ـ دۇنياسى بىلەن تەڭلىشەلمىسە، كېيىنچە تەڭلىشەتتىغۇ؟ ! ئايشەمگۈلنىڭ كۆڭۈل قازىنىدا سوئاللار قايناپ كەتتى. قايناپ ـ قايناپ ئاخىرىدا دۇملەنگەن قازاننىڭ تۈۋىقىمۇ كۆتۈرۈلۈپ تېشىپ كەتتى، — ياق، دادا، مېنىڭ بەختىم سىز دېگەن يەردە ئەمەس. مەن بەختىمنى ئۆزۈم تاپىمەن. ئەپۇ قىلىڭ، مەن سىزنى ئاخىر رازى قىلىمەن، هازىرچە خاپا بولسىڭىزمۇ ئىلاجىم يوق.»

«دادام نىيىتىدىن قەتئىي يانمايدىكەن، ئەمدى ئىختىيار ئۆزلىرىدە قالدى. ئەتە (چارشەنبە كۈنى) خۇپتەن نامىزىغا ئەزان تۈۋلانغان چاغدا هېلىقى سۆڭگۈچتە كۆرۈشەيلى، بۇ يەردىن يىراقلارغا كېتەيلى.»

ئۇ پاتلانغان سامان قەغەزگە يېزىلغان بۇ خەتنى خىزمەتچى ئايالغا بەردى:

— بەختىخان ئاچا، بۇ خەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرغايلا، خەپ، شەپە بولۇپ قالمىسۇن.

— خوپ، خېنىم، مەندىن خاتىرجەم بولسىلا، كۆڭۈللىرىنى توق تۇتسىلا، «ئىشق ئازابىنى ئاسان قىلغۇچىغا دوزاخ ئازابى هارامدۇر» دېگەن نەقىل بار، بۇ ئازابقا هېچنېمە تەڭ كېلەلمەيدۇ، خېنىم.

* * *

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، دادىسى سېمىز بىر ئېرىكنى يېتىلەپ كىرىپ هويلىدىكى بىر تۈپ قېرى ئۈجمىگە باغلاپ قويدى. ئېرىكنىڭ دۈمبىسىنى سىلىدى، تۆشىنى تۇتۇپ بېقىپ،

دۈمبىسىگە پاققىدە شاپىلاقلاپ قويدى. ئاندىن ئۆرە بولۇپ قويغا يەنە بىردەم قاراپ قويۇپ دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى. ئۇچ ـ تۆت قەدەم مېڭىپ بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك تاققىدە توختىدى. كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۇ تۇرغان يان ئۆيگە مۇنداقلا بىر قارىۋېتىپ بېشىنى شىلىغانىدى، تېخى بۇگۈن كىيگەن بادامدوپپىسى گەدىنىگە سۇرۇلۇپ تۇتۇۋالغۇچە يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ دوپپىنى ئېلىپ چېكىپ ـ چېكىپ توپىسىنى قېقىۋېتىپ كىيىپلا دالان ئۆيگە كىردى. ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ يەنە ئۇ تۇرغان ئۆيگە لەپپىدە قاراپ قويدى. ئايشەمگۇلنىڭ قۇلىقى دىڭڭىدە بولۇپ ئىچكەركى ئۆيگە قۇلاق سالاتتى. دەسلەپتە ئۇلار پىچىرلاشتى بولغاي، ھېچنېمە ئۇققىلى بولمىدى. كېيىن دادىسىنىڭ: «ياق، ياق، ئۇلگۇرمەيدۇ، ناۋايدىن ئەكىرەيلى» دېگىنى ئاڭلاندى، دادىسى يەنە چىقىپ كەتتى. ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئېرىك ئەتراپلىرىغا قورقۇمسىراپ تەلمۈرەتتى، ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ ئەنسىز مەرەيتتى، مۇڭگۇزسىز تاز بېشىنى ھەدەپ ئۇجمىگە سۇركەيتتى. بىردەمدىن كېيىن مەھەللىدىكى قېرى قاسساپ كىردى. ئېرىكنى يېشىپ يان ئىشىك بىلەن باغقا يېتىلەپ چىقىپ كەتتى.

ئايشەمگۇل بىردەم خىيال سۇرۇپ تۇردى. «مەيلى، نېمە قىلسا قىلمامدۇ، قېنى كۆرىمىز، ۋاقتى كەلسۇن قېنى، ئۇ ئىشىكنى تاقىدى، يالىڭاچلىنىپ يۇيۇندى، چاچلىرىنى تارىدى. تال ـ تال قىلىپ ئۆرۈدى. ساندۇقنى ئاچتى، كۆڭلىگە ياقىدىغان يارىشىملىق قارا ئەتلەس كۆڭلىكىنى كىيدى. قىزىل دوخاۋىغا يۆگەپ قويغان توپچاق ئالتۇن زىرىنى قۇلىقىغا، ھېلىقى كۆك ياقۇت كۆزلۇك ئۇزۇكنى قولىغا سالدى، ئاق سەدەپ گۇللۇك چازىسىنى قىستى. كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىچىككىنە بوپا قىلىپ تاڭدى. كەچ كىردى. ئانىسى بىلەن ئىككىسى بىللە ئولتۇرۇپ غىزالاندى. بولۇۋاتقان ئىشلارنى بىلمىگەندەك، كۆرمىگەندەك قىياپەتتە بەخىرامان يۇرىۋەردى. دادىسى

خىزمەتچىلەرنىڭ بىلىپ قېلىپ شەپە بېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنى نېرى - بېرى ئىشلارغا بۇيرۇۋەتكەنىدى، ھەتتا ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلارغىمۇ خەۋەر قىلمىدى. ئۆيىدە پەقەت ئانىسى بىلەن خىزمەتچى ئايال بەختىخانلا ئۇيان - بۇيان پالاقلاپ قازان بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. كەچ كىردى، قاراڭغۇ چۈشتى. بىردەمدىن كېيىن مەزىنىنىڭ خۇپتەنگە ئەزان چىللىغىنى ئاڭلاندى. خۇپتەندىن يانسا، ئۇنى ئىبلى قازىنىڭ ئوغلى ئەھمەتكە نىكاھ قىلىپ بېرىدۇ. ياق، ياق! خۇدايىم ساقلىسۇن! ئۆلۈكۈممۇ ئۇنىڭغا خوتۇن بولمايدۇ.

ھويلا تىپتىنچ، ئادەم كۆرۈنمەيتتى، يەنە ساقلاشقا بولمايتتى. بۇ پۇتۇشكەن ۋاقتىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئۇ بوپىنى قولتۇقىغا قىستۇردى. يان ئىشىك بىلەن باغقا كىردى. ئارقىسىغا قارىدى، ئۆيدە چىراغ يېنىپ تۇراتتى. «خوش ئانا» دېدى - دە، ئۆكسۈپ يىغلاپ سالدى. ياش تامچىلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى.

«ئاھ قىسمەت! دادامنىڭ جاھىللىقى مېنى مۇشۇ كۈنگە سالدى. مەيلىم بارغا بەرمىدى، مەيلىم يوققا زورلىدى. ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ! مېنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاجىم بولمىدى. مەنمۇ ئادەم، تورغاي ئەمەس، قەپىسىمدە دەرد تۆكۈپ ۋىچىرلاپ ياتمايمەن، پەرۋاز قىلىپ ئۇچىمەن، ياشاش يولىنى تاپىمەن. كۆڭلۈمنىڭ ئىچىلغىنى، بەختىمنىڭ تېپىلغىنى! تەڭرى پاناھ بولىدۇ. تاغدەك يۆلەنچۈكۈم ئەنجانباي ھەمراھ بولىدۇ.»

ئۆزى ئويناپ چوڭ بولغان بۇ باغدا نەدە ئالما - ئانار، نەدە ئۆرۈك - شاپتۇل، گۈل - گىياھ، نەدە ئېرىق، قىر بار، ئايشەمگۈل ئوبدان بىلىدۇ، ھەتتا ئوت - چۆپلەرمۇ ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھېچ تەمتىرىمەيلا سۇڭگۇچكە يېتىپ باردى. سۇڭگۇچنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ناھايىتى پەس ئىسقىرتىش ئاڭلاندى. ئايشەمگۈل «ئاھ، شۇ !» دېدى. يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك ئويناپ كەتتى. باغدىن چىقىش

ئۈچۈن بوينى سۆڭگۈچتىن سۇنۇپ بېرەي دەپ ئەمدى قولىنى ئۇزىتىشىغا بىرنىمە ئۇنىڭغا سۈركۈندى، قورقۇنچتا يۈرىكى قارتلا قىلىپ كەتتى. ئۇ ئېسىگە كېلىپ بولغۇچە بىر ئىت ئالدىغا ئۆتتى، شۇندىلا ئايشەمگۈلنىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشتى. بۇ ئىت مۇشۇ ھويلىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانىدى. ئۇنى پەنتۇرۇپ قويمىسا، ئايشەمگۈل نەگىلا بارسا ئەگىشىۋالاتتى، چۈشتىن كېيىن ئۇنى تاپالمىدى، تاپالىسىدى باغلاپ قوياتتى. «ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئاپلا، يامان ۋاقتىدا كاشىلا قىلىدىغان بولدى، مەيلى بوپتۇ، ئەگەشسە ئەگىشىۋەرسۇن، بىر يەرلەرگە بارغاندا يېنىپ كېلەر». ئىت قاۋىمىدى، سۆڭگۈچنىڭ ئۇ تەرىپىگە قاراپ خىرقىراپ - خىرقىراپ توختاپ قالدى. ئىت ئەنجانباينى تونۇپ قالغانىدى.

ئۇلار قاراڭغۇيار بېشىدىكى غوجاقونداق مازارنىڭ بۇلاق بېشىدىكى تېرەكبوستانغا يېتىپ كەلگەندە ئەنجانباينىڭ ئاكىسى جۇمەخۇن يىگىرمە - ئوتتۇزدەك يىگىتلەر بىلەن ئۇلارنى ساقلاپ تۇرۇشقانىدى، جۇمە مەسچىتنىڭ ئىمامىمۇ ھازىر ئىدى. ئىمام نىكاھ قىلدى. تۇزغا چىلانغان ناننى ئۇلار تەڭلا يېيىشتى. ھەممەيلەن «مۇبارەك بولسۇن» دەپ ئۇلارنى قۇتلۇقلاشتى، بالىۋاقىلىق بولۇشى، ئىناق ياشاپ، تەڭ ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشتى. يەنە ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايتتى، بۇ يەردىن تېز كەتمىسە كاشىلا چىقاتتى. پەستە تەمبەل ئىككى قىرغىز يىگىت ئۈچ ئاتنى تۇتۇپ ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار خوشلاشتى. ئەنجانباي بىلەن ئايشەمگۈل تورۇق ئايغىرغا مىنگەشتى. ئايشەمگۈل ئۈنسىز مىشىلداپ يىغلاۋاتاتتى. لېكىن، ئەنجانباينىڭ كارى بولمىدى. ئاتقا قامچا سالدى. ئىت قاۋىغىنىچە چېپىپ ئۇلارغا ئەگەشتى. ئات تۇياقلىرىنىڭ تاق - تۇق ئاۋازى تۈن قاراڭغۇسىدا خېلى ئۇزاققىچە ئاڭلىنىپ تۇردى. بۇ يەردە قالغانلار مەشرەپ ئويناپ تاڭنى ئاتقۇزۇشتى.

# ئونىنچى باب

## ساز يىگىت

ئوپال قومباغ مەھەللىسى، 1931 ـ يىلى ياز.

ئۇلار «كەتكىلى مانا ئون بەش كۈن بولدى» دېگەن كۈنى ئەللىك ـ ئاتمىشتەك يىگىتنىڭ ھەمراھلىقىدا تاغدىن قايتىپ كېلىشتى. بۇ يىگىتلەرنىڭ ئارىسىدا يىگىرمە ـ ئوتتۇزدەك قىرغىز يىگىتمۇ بار ئىدى. ئايشەمگۈل گۈلدەك ئېچىلىپ، قاش ـ قاپاقلىرى تۈزۈلۈپ، رەڭگى سۈزۈلۈپ، تېخىمۇ سومباتلىق، چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى.

توختىخان ئانا قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ قارشى ئالدى، مەڭزىلىرىگە سۆيدى، خۇشاللىقىدا يىغلاپمۇ سالدى. «ھېرىپ كەتتىلە» دەپ قاتمۇقات تاۋار كۆرپىلەرگە ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى سىلاپ ئۇۋۇلىدى، ئۇستىخانلىرىنى تۇتتى. ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى تولا سىلاپ، تولا تەلمۈرۈپ قاراپ تويمىدى.

باقاخۇنمۇ «ۋاي قىزىم» دەپ پايپېتەك بولۇپ، چۆرگىلەپ يۈرۈپ ئۇنىڭدىن نېرى كېتەلمىدى.

يىگىتلەر ھەۋەسلىنەتتى، زوقلىناتتى، ئايشەمگۈلنىڭ باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئوقۇيتتى. «قىز دېگەن شۇنداق باتۇر، كېلىشكەن، لەۋەن بولسا...»

مەيلى كىشىلەر نېمە دەپ غەيۋەت ـ شىكايەت، سۆز ـ چۆچەك قىلىشسۇن، شۇ تاپتا ئەنجانبايىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرى ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇرادىغا يەتكەنلىكىدىن خۇشال ئىدى. لېكىن، ئۇلار بۇ خۇشاللىقنىڭ

ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئۇلارنى «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» كۈتۈپ تۇراتتى. ئېلى قازىنىڭ ئوغلى ئەھمەت جامائەت ئوتتۇرىسىدا «ئەنجانبايىنىڭ قېنىنى ئىچىمەن» دەپ قەسەم ئىچكەنلىكىدىن ئۇلارنىڭ خەۋىرى بار ئىدى.

ئەھمەت ئۇچىغا چىققان بىشەم ئىدى. جېدەل دېسە بېلىنى مىڭ يەردىن باغلايتتى، قولى قىچىشىپ ئىزدەپ سوراپ تاپاتتى. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش يىگىرمە - ئوتتۇز گەۋدىلىك، كۈچلۈك، جېدەل خۇمار ئاغىنىلىرى بار ئىدى. خۇددى بىر پادا مالدەك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلدىشىپ يۈرۈشەتتى، ئۇ «ھايت !» دېسىلا مەيلى كىم بولسۇن، باش - كۆز دېمەي سالاتتى، ئۆلۈپ قېلىشى، ناكار بولۇشى بىلەن كارى بولمايتتى. بۇ ئىشلار ئۇلار ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. خۇددى پاشا - چىۋىنلارنى قورۇغانچىلىكمۇ بىلىنمەيتتى. ئەھمەت: «ھە، ھۆددىسى بولسا ئۆزۈمگە» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ ئۇلارغا يەل بېرەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ دادىسى قازى ھەممە ھۆكۈمنى شۇ كېسىدۇ - دە ! لېكىن، شۇ تاپتا ئۇ جېدەل قىلسا، ئۇنى ھەرگىز بىشەملىك قىلدى دېگىلى بولمايتتى. زامانلاردىن بېرى بەدىنىدە «ئەركەك توكى بار» قايسى ئەركەك ئالىدىغان قىزىنى بىراۋ ئېلىپ قاچسا چىداپ تۇرالىغان؟ يەنە كېلىپ توي ئاخشىمى؟ تويدا پەشۋا يەپ غۇرۇرى، ئىناۋىتى يەكسان قىلىنغان، يۈزى سۆرۈن بولۇپ بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالغان ئەھمەت شۇ كۈنلەردە ھەممە توقۇمنى قارىنىغا ئېلىپ «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم»گە تەييارلىنىپ بولغانىدى.

«ئەنجانباي بىلەن ئايشەمگۈل يېنىپ كەلدى !» بۇ خەۋەر ئوپاللىقلارنى چۆچۈتۈۋەتتى.

— ھە؟ !

«ھە؟ !» بىلەن تەڭ ئۇلارنىڭ ئاغزىلىرى ئېچىلىپلا قالدى. خۇددى ئۇلارنىڭ كېلىشى مۇمكىن بولمايدىغاندەك، مۇمكىن بولسىمۇ ھازىر بولمايدىغاندەك غەلىتىلا تۇيۇلۇپ كەتتى. خېلى بىرھازادىن كېيىن ئۇلار ئەسلىرىگە كېلىپ ئۇيان - بۇيان

قاراشتى ـ دە، قىلمىۋاتقان ئىشىنى تاشلىدى، يەۋاتقان نانلىرىنى قويدى، خۇددى ئۆۋىسى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك پىتىراپ ئۆي ـ ئۆيلەرگە چېپىشتى. يېقىندىكىلەرنىڭ قۇلاقلىرىغا كۇسۇلداشتى:

— ئەنجانباي بىلەن ئايشەمگۈل يېنىپ كەپتۇ!

— ھە؟!

يىراقتىكىلەرگە ئاغزىلىرىنى ئۇچلاپ، قوللىرىنى كاناي قىلىپ توۋلاشتى:

— ئەنجانباي بىلەن ئايشەمگۈل يېنىپ كەپتۇ!

— ھە؟!

— ...

ئاللا كارامەت! بۇ خەۋەر خوتۇنلارغا بولۇپ بەردى. ئۇلار دەسلەپتە چۆچۈپ ھاڭۋېقىپلا قېلىشتى، ئەسلىرىگە كېلىشكەندىن كېيىن «توۋا!» دەپ ياقىلىرىنى چىشلەشسە، بەزىلىرى خۇددى زاۋالدا قالغان قۇشقاچلاردەك جاۋۇلداشتى:

— ۋاي خۇدايىم!

— بۇزۇقلار!

— توۋا!

— بىزنىڭمۇ باللىرىمىز بار!

— كۆڭلىگە ئىنساپ بېرەر!

— خوپ بولدى!

— جايىدا قىلدى!

— مەيلى بارغا بەرمىسە، مۇشۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ!

— يىگىت ئاشۇنداق ساز بولسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىم ئەگەشمەيدۇ؟

كەچ كىرگۈچە ئۇلارنىڭ ئاغزى بېسىقمىدى. قاراڭغۇ چۈشكەندىمۇ يەنە شۇ گەپنى دېيىشىپ، بىردىن ـ ئىككىدىن تارقاشتى.

ئۇ ئۇنى دېدى، بۇ بۇنى دېدى، ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا «خوپ

بولدى» دېگۈچىلەردىن «توۋا» دېگۈچىلەر كۆپ بولدى.

* * *

قىزنىڭ يۈزى نېپىز ئىدى، بېشىنى ئۈستۈن كۆتۈرمەيتتى، قاش كۆتۈرۈپ قارىمايتتى، بېشىدىن رومالنى چۈشۈرمەيتتى. قۇلىقىمۇ يۇمشاق ئىدى، گەپ ئاڭلايتتى، دادىسىنىڭ، ئانىسىنىڭ گېپىنى زادى يىرمايتتى. «ماقۇل، خوپ، ئوبدان»نى بىلەتتى، «ياق»تىن يىراق ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئازدى !... ئېزىپ سالدى. ئۇنى ئاشۇ ئالدامچى، هارامزادە ئازدۇردى، ئىسسىتقۇ ـ سوۋۇتقۇ قىلىپ ئۇنىڭغا ئەنجانباي ناملىق جىننى چاپلاشتۇردى، سەۋدايى قىلىپ قويدى، ئەس ـ هوشىنى قويمىدى، بېشىنى ئايلاندۇرۇپ يولدىن چىقاردى. شۇنداق، قىزى يولدىن چىقتى، نابۇت بولدى، ئىسىت !... توۋا، توۋا ! كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇمىش تېخى ! ئاشۇ سولتەككە ـ هە؟ ئەخمەق قىز ! غەلىتىلا ئىش، قىزنىڭ كۆزىگە ئۇ هارامزادىنىڭ زادى نېمىسى چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتىكىنتاڭ. تىل ـ تاياقتىن قورقمايدىغان، ئىزا ـ ئاهانەتكىمۇ پىسەنت قىلمايدىغان، ھەممىدىن، ھەتتا ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ كەچكۈدەك تەلۋىلىك قىلغۇدەك شۇنچىلىك ئالىيجانابمىدۇ ئۇ ئەنجانباي؟ ئۇنىڭ تارتىشقۇدەك يا شۇنچە جىق گۆھەر، ئالتۇن ـ كۈمۈشى بولمىسا...

توۋا ! ئۇنى ئۇ لۈكچەك يا ئۇرماپتۇ، تىللىماپتۇ ياكى زورلىماپتۇ، ئۆزى ئەگىشىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قېچىشقا زادى نېمە مەجبۇر قىلغاندۇ؟ ! پۇلمۇ، مېلىمۇ؟ ياكى يەر ـ زېمىنىمۇ، ئەمىلىمۇ؟ هېچنېمە ! هېچنېمىسى يوق، قۇرۇق سۆلىتىلا بار، شۇ ! ئۇنداق سۆلەتنى نېمە قىلغىلى بولىدۇ؟ ئىچكىلى، يېگىلى، كىيگىلى بولامدۇ؟ ئۆلمەن، كۆيمەن دەپ توقۇمنى قارنىغا ئالغىلى سالغان بۇ كۈچ قىزىغا زادى نەدىن

كەلگەن؟ زادى نېمىسىنىڭ كاساپىتىدىن قىزىنىڭ ئەقلى كوتا، كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالدى؟ كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقىدىن؟! ياپىرىم! بەندىنىڭ ئىشىنى خۇدايىم ئۆزى بىلمىسە...

ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىمۇ بەڭۋاشلىق قىلىپ، يول تاشاقاپ مېڭىپمۇ سالغان، تاپقان يەردە ئانچە ـ مۇنچە سوقۇپمۇ كېتىۋەرگەن. ئاتا ـ ئانىسى كېيىن ئۆزىمۇ كۆرمىگەن، بىلمىگەن مۇشۇ خوتۇننى ئېلىپ بېرىۋىدى، مانا ھازىرغىچە بىر ئوبدان ئۆتۈۋاتامدۇ؟ كۆڭلى چۈشتى دېگەن شۇ! قىزىدەك كىشىنىڭ كەينىدىن چاپمىغان، ساراڭلىق قىلمىغان، شۇنداق، قىزى ساراڭلىق قىلدى، تاپتىن چىقتى، ئۇنىڭ يۈزىنى تۆكتى، باش كۆتۈرگۈسىز قىلىۋەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئۇنى قارغىمىدى. ئاللادىن قىزىنىڭ ئىنساپىنى تىلىدى. ھېلىقى نومۇسلۇق يولدىن يانسىلا، قىلغىنىغا پۇشايمان قىلسىلا، قېشىغا يېنىپ كەلسىلا بولدى، ھەممە گۇناھىدىن ئۆتىدۇ، يەنىلا بالدۇرقىدەكلا ئارزۇلۇق بالىسى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. «شۇ چاغدا ئانىسىنىڭ كوت ـ كوت، ۋىت ـ ۋىتاڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، تېخى قىزىم گۆدەكلىك قىلىۋاتىدۇ، بۇ دېگەن ياشلىقتىكى بىر دەملىك قېنى قىزىغانلىق دەپ ئويلاپتىمەن. بۇنداق بولۇپ كېتىشىنى بالدۇرراق بىلگەن بولسامغۇ، ھەي! كۆزۈمنى يۇمۇپلا بوپتۇ، بېشىڭ باش بولسا، پاچىقىڭ تاش دەپلا... ھەي ئىسىت! مېنى مۇشۇ كوي، مۇشۇ كۈلپەتكە سالغان ئاشۇ ئەنجانباي! خەپ، خەپ، ئەنجانباي! بۇ نومۇسنى قان بىلەن يۇمۇسام ھېساب ئەمەس، ئەنجانباي!!»

نومۇس ـ ھەسرەت ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى بولغاي، قىزى قېچىپ كەتكەندىن بېرى مۇھەممەتخان باي تالا ـ تۈزگە چىقمىدى، ھەتتا نامىزىنىمۇ ئۆيدە ئوقۇدى. پەقەت جۈمەنىلا جامائەتنىڭ ئەڭ كەينىدىكى «كېپىش بازىرى»دىلا تۇرۇپ، ھاپىلا ـ شاپىلا ئوقۇپلا يېنىپ چىقتى. ھېچ ئىشقا قولى بارمىدى. يوقلاپ كىرگەنلەر بىلەنمۇ بېشىنى كۆتۈرمەي سوغۇقلا كۆرۈشتى. ئاش ـ تاماقتىنمۇ قالدى. تولا سەپرايى ئۆرلەيدىغان، ئاسان

چېچىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئىش سوراپ كىرگەن يىلىلىقچى، مەدىكارلارغىمۇ ھېچ ئېغى بىلەن بېغى يوقلا ۋارقىراپ سالدى، ھەتتا پايپېتەك بولۇپ يېنىدىن كېتەلمەيدىغان ھېلى تاماققا، ھېلى چايغا زورلاۋاتقان، ھېلى پۇت ـ قوللىرىنى تۇتۇپ، ھېلى يەلپۈپ تۇرۇۋاتقان قەدىناسىنىمۇ تولا تىللاپ سالدى. دېمىسىمۇ شۇ كۈنلەردە ھەممە ئادەم، ھەتتا ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان مۇشۇ ئۆيمۇ، ئوتتۇز يىللىق قەدىناس خوتۇنىمۇ ئۇنى ئەيىبلەپ: «ھە، قانداق مۇھەممەتخان باي ! ئۆزۈڭنى مەن دەيتتىڭ، ھېچ كىشىنى كۆزۈڭگە ئىلمايتتىڭ، شۇنچە چوڭ ئوپالنى ئالىقىنىڭدا تۇتالايتتىڭ. ئەمدىزە، قىزىڭ ئانىسىغا ئەگەشكەن تەخەيدەك ئەنجانباينىڭ ئارقىسىدىن قېچىپ كەتسە توسۇپمۇ قالالمىدىڭغۇ؟ سەن شۇنداق بالا باققانمىدىڭ، ھالىڭ شۇنچىلىكمىدى؟» دەپ ئاھانەت قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇ كاللىسىغا كىرىۋالغان ئاشۇنداق «ئىلمەك ـ توقۇناق چىگىكلەر»نى يېشەلمەي تۇرغاندا، تۇيۇقسىزلا قەيەردىن چىقتى بىلمىدى، ئېھتىمال باغ تەرەپتىن چىقتى بولغاي، ئۇلارنىڭ ئىتى ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى ـ دە، ئۇنىڭغا سۈركىلىپ، پۇتلىرىغا ئېسىلىپ ئەركىلەپ كەتتى.

بۇ ئىت ئايشەمگۈل بىلەن تەڭلا يوقىلىپ كەتكەنىدى. مۇھەممەتخان باي ئاستا زوڭ ئولتۇردى. تىلىنى ساڭگىلىتىپ ھاسىراۋاتقان ئىتنىڭ باش ـ كۆزىنى سىلىدى. شۇ چاغقىچە ئۇ بۇ ئىتنى بۇنداق سىلاپ باقمىغانىدى. ئەركىلەپ، سۈركىلىپ ئالدىدا تۈغرا يېتىۋالسىمۇ، پۇتىدا ئىتتىرىۋېتىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. بۈگۈن... بۈگۈن ئۇنى سېغىنغانىدى، ياق ! ئۇنى ئەمەس، قىزىنى ! قىزى نەدە قالغاندۇ؟ كېلىپ قالدىمۇ يا؟ شۇنداق، كەلگەن ئوخشايدۇ. قىزى كەلمىگەن بولسا، ئىتمۇ كەلمەيتتى، ئەزەلدىن قىزىدىن ئايرىلمايتتى.

— كەپتۇ !

— كەپتۇ ! ھوي، راست، ئىت كەپتۇغۇ؟

بۇ ئاۋازدىن مۇھەممەتخان باي سەل چۆچۈپلا ئارقىسىغا بۇرۇلدى. خوتۇنى ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

— كەپتۇ دېسىلە تېخى، كىم كەلدىكىن دەپ چىقىپتىمەن. ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى سۆزلەپ.

مۇھەممەتخان باينىڭ سەل ئاچچىقى كەلدى. ناۋادا مۇشۇ ئىت كەلمەستە خوتۇنى شۇنداق تەنە قىلغان بولسىدى، ئازا تىللايتتى. لېكىن، شۇ تاپتا ئۇ ئۇنى تىللىمىدى. ئۇنىڭغا كۈلۈپ قارىدى:

— ھە، خوتۇن، قىزىمىز يېنىپ كەپتۇ.

— ئايشەمگۈل؟ قېنى ئۇ؟

— ھەي سىلىمزە، مۇشۇ ئىت قاچان ئايشەمگۈلدىن ئايرىلغان؟ ئىتنىڭ پەيدا بولغىنى ئايشەمگۈلنىڭ كەلگىنى. ئىتمۇ بىزنى سېغىنىپتۇ، بىز كەلدۇق دەپ خەۋەر قىلغىلى كەپتۇ. شۇ تاپتا ئايشەمگۈل باقىۋاينىڭ ئۆيىدىمىكىن...

دەل شۇ گەپنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ يىلىلىقچىسى ئابدۇش يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ھاسىراپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا توختىدى:

— يېنىپ كەلدى، يېنىپ كەلدى.

— كىم يېنىپ كەلدى؟ ئالدىرىماي سۆزلە !

— ھېلىقى ئىككى بوزۇق.

— قايسى ئىككى بوزۇق؟

— ئايشەمگۈل بىلەن ئاۋۇ ئەنجانبايچۇ.

مۇھەممەتخان باينىڭ جان - پېنى چىقىپ كەتتى.

— ھۇ كالۋا ! كىم بوزۇق ئىكەن؟ ! — ئۇ ۋارقىرىغىنىچە بېرىپ ئابدۇشنىڭ قولىدىكى ھاسىسىنى تارتىۋالدى - دە، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە كەلتۈرۈپ بىرنى سالدى. مېنىڭ قىزىم بوزۇقمىكەن؟ !

ئابدۇش قورقۇپ بەدەر قاچتى.

— ھەممە ئادەم شۇنداق دەۋاتسا.

مۇھەممەتخان باينىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى. ئۇنى

قوغلىغانچە سۈرۈپ دەرۋازىدىن چىقىرىۋەتتى. جان ـ جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئايشەمگۈل بۇزۇق ئەمەس ! !

* * *

كەچتە ئەنجانبايىنى يوقلاپ كەلگەنلەر سەل بېسىقتى، شۇنداقتىمۇ كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئىچكەركى ئۆيدىن يەنىلا خۇشال كۈلكە ـ چاقچاقلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لېكىن، شۇ تاپتا باقاخۇننىڭ كۆڭلى غەش ئىدى. پېشانىسىنى تۇتۇپ پېشايۋاندا ئولتۇراتتى. بۇ ھال توختىخاننىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى بولغاي، ئاستىلا مېڭىپ ئېرىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— نېمە بولدىلا؟ بالىلار يېنىپ كەلسە خۇشال بولماي، تېخى بۇ يەردە نېمىشقا ئولتۇرۇپ قالدىلا؟ قوپسىلا، ئۆيگە كىرسىلە، مېھمانلار بىلەن ئىچىلىپ، يېيىلىپ كۆڭۈل ئاچسىلا. بۇنداق قىلسىلا مېھمانلارنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ قالامدۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق. بۈگۈنغۇ خۇشال ـ خۇرام كۆڭۈل ئاچارمىز، ئەتىگە نېمە كۈنلەرنى كۆرىمىز.

— ئەتىگە خۇدايىمنىڭ بۇيرۇغىنى باردۇ. باشقا كەلسە باتۇر بوپتۇ، دەپتىكەن. بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرمەمدۇق. بۈگۈنكى كۈن غەنىيمەت، قوپسىلا.

باقاخۇن مىدىرلاپمۇ قويمىدى، پېشانىسىنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇۋەردى، توختىخان كىرىپ ـ چىقىپ يۈرۈپ پات ـ پات زورلىسىمۇ ئورنىدىن تۇرمىدى. «ئۇھ» تارتىپلا قويدى. ئاخىر توختىخان كايىغاندەك قىلىپ ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتتى.

— قوپسىلا، بۇ يەردە دەسسەپ سالغان شاپتۇلدەك ئېزىلىپ ئولتۇرماي ئۆيگە كىرسىلە، ئۇنى ـ بۇنى دېگەچ بولسىمۇ ئولتۇرسىلا.

باقاخۇن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ خوتۇنغا تىكىلدى.
ـــ جىيەلىنى پۇلغا سېتىۋالساق.
ـــ پۇلغا قانداق سېتىۋالىمىز؟
ـــ يوللۇقراق قىلساق سېتىۋالغىلى بولامدىكىن دەيمەن.
ئېلى قازىنىڭ ئاغزىنى ياغلىساق، ئىتنى سۆڭەك بىلەن ئۇرسا ھاۋشىمايدۇ. ئايشەمگۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدىنمۇ ئوبدانراق ئۆتسەك بىر گەپ بولار. قىز چوڭ قىلغان ئادەمنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق گېپى بولىدۇ، ـ دە! يۈز ـ ئابرۇيىنى ئوبدانراق قىلساق تىلىمىز ئۇزۇنراق بولىدۇ. شۇغىنىسى قولىمىز قىسقىراق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئىشنى ئەتىلا تۇگەتمىسەك چوڭ جىدەل چىقىدۇ. جىدەل چىقسىغۇ قورقۇپمۇ كەتمەيمىز، ئۇلارغا تېتىغۇچىلىكىمىز بار، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ. ئىش بوغىنايدۇ. يۇرت ـ جامائەتنىڭ، ئايشەمگۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئوبدانراق ئالساق خىمىرىغا يېنىپمۇ قالار. بۇ يەردە جۇمەخۇن بىلەن ئەنجانباينىڭ ئەللىك ـ ئاتمىشتەك ئاغىنىلىرى كالتەك ـ توقماق تەييارلاپ قويۇپتۇ. ئۇ يەردە ئۇلارمۇ بوش تۇرمىغاندۇ. يۇرتتا قان تۆكۈلسە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بالاغا قالىمىز، يۇرت ـ جامائەتنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىمىز.
باقاخۇن قاراڭغۇ چۇشۇشى بىلەن قوشقا ياراپ قالغان قارا تورپاقنى يېتىلەپ، ئىككى قىزىل چەكمەننى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، «بىسمىللا» بىلەن دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى.
ئايشەمگۇلنىڭ سوۋغا ـ سالام قىلمىسا بولمايدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى خېلى جىق ئىدى. توختىخان بارماقلىرىنى بىردىن ـ بىردىن بۇكۇپ ساناپ چىقىپ چۆچۈپ كەتتى ـ دە، «ۋاي خۇدايىم!» دەپ سالدى. ئۇنىڭ بوغچىسىدىن ياخشى كۇننىڭ يامىنىغا ئاتاپ قويغان ئىككى كېيىملىك قارا ئەتلەستىن باشقا ھېچ نەرسە چىقمىدى. قالغىنىغا قانداق قىلىدۇ؟ توختىخاننىڭ بېشى قېتىپ تۇراتتى. جۇمەخۇن كىرىپ قالدى. ئۇ ئانىسىنىڭ مۆگىلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ سەل چۆچۈدى:

— نېمە بولدىلا ئانا؟ مىجەزلىرى يوقمۇ، بىرقىسىملا تۇرىدۇلىغۇ؟

توختىخان باقاخۇننىڭ دېگەنلىرىنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە سۆزلىدى ھەم «دادىلىرى راست دەيدۇ» دەپ ئەسكەرتىپمۇ قويدى. جۇمەخۇن ئېغىر - بېسىق ئىدى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلەتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ گېپى بىلەن بىردەم جىم ئولتۇرۇپ قالدى - دە، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا ماڭدى.

— بالام، بىرنېمە دېمەمدىلا، قانداق قىلىمىز؟

— مەن بىر يولىنى قىلاي.

لېكىن، قانداق يولىنى قىلىدۇ؟ شۇ تاپتا ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ئىشىك ئالدىدىكى كۆتەكتە ئولتۇرۇپ ئويغا چۆمدى. كىرىۋاتقان - چىقىۋاتقانلار ئۇنى ئۇجمىنىڭ دالدىسىدا كۆرەلمىدى.

شۇنداق، بىر ئىلاجى قىلىپ جېدەلنى سېتىۋالىلى، بولمىسا بۇ ئۆينى كۈلپەت باسىدۇ، ئاتا - ئانىسىنى داغدا قويىدۇ. جېدەلنى سېتىۋېلىشنى ئىنىسى بىلىپ قالسا تېخى بولمايدۇ، بىلىپ قالسا بەك بىئارام بولىدۇ، ھەتتا بىز يەنە بوزەك بولامدۇق. باش ئېگەمدۇق دەپ بىر بالا تېرىپ قويۇشى مۇمكىن.

ئۆيدە مەشرەپ قىزىۋاتاتتى. جۇمەخۇننىڭ مەشرەپ بىلەنمۇ كارى بولمىدى. كۆڭلى تارتقان ئاغىنىلىرىنى تالاغا شەرەتلىدى، بىردىن - بىردىن مۇڭداشتى.

ئۇلار تەڭلىكتىن قۇتۇلدى. شۇ كۈنى يېرىم كېچىگە قالمايلا كۆڭۈلدىكىدەك ئون يەتتە كىشىلىك سوۋغاتمۇ تەخ بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە شۇ چاغلاردا بازارلاردا تېپىلمايدىغان دۇخاۋا - دۇردۇنلار، ئىسكىلاچ - مەسىلەرمۇ بار ئىدى.

* * *

مۇھەممەتخان باي قىزىنىڭ يولىغا بىر كېچە تەلمۈردى، كەلسە تۇرۇپ قالمىسۇن دەپ دەرۋازىنى ئۇلۇغ ئېچىپ قويدى.

كەلمىدى، مانا كېلەر، ھېلى كېلەر دەپ ساقلىدى، كەلمىدى. خوتۇنى بىلەن ھويلىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ تاڭنىمۇ ئاتقۇزدى، قىزى كەلمىدى، ياق! كېلەلمىدى. تىل ـ تاياق، دەشنامدىن قورقتى. ھەي نادان بالا، دادىسىنىڭ كۆڭلىنى بىلمىدى، كەلمىدى. بالا چىدىغانغا ئاتا ـ ئانا چىدامدۇ؟! شۇنىمۇ بىلمىدى، كەلمىدى. شۇ تاپتا كەلسىمۇ مەيلى ئىدى، كەلمىدى. ئالدىغا ئوبدان چىقاتتى، ھەرگىز قاش كۆتۈرۈپ قارىمايتتى، كەلمىدى. ئىتمۇ تۈنۈگۈن بىر دەم ئەركىلەپلا يوقالدى، ھازىرغىچە پەيدا بولمىدى. بولمىدى، ئۆزۈم باراي. ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئالدىراپلا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ تالاغا قاراپ ماڭدى. دەل شۇ چاغدا دەرۋازىنىڭ تېشىدىن بىرىنىڭ كەشىنى سۆرەپ شىپىلداپ ـ شىپىلداپ ماڭغان ئاياغ ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ، شۇ، كەلدى! مۇھەممەتخان باي خۇش بولۇپ كەتتى. لېكىن، دەرۋازا ئالدىدا قىزى كۆرۈنمەيتتى، ئېلى قازى پەيدا بولغاندا كۆڭلى لاسسىدە بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئېلى قازى ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

ــ بۇ ئىشنى قانداق قىلاي دەيدىلا؟ دەپ سورىدى. شۇ تاپتا قازىنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا ئايدىڭ بولغانلىقتىن، ئۇمۇ كېسىپلا جاۋاب بەردى:

ــ نومۇسنى يۇيىمەن!

ــ نومۇسنى يۇغۇدەك سىلىدىن قانداق سەۋەنلىك سادىر بولدى؟

ــ قىز چوڭ قىلغان!

ــ قاچسا قىز قېچىپتۇ، بۇنى سىلىدىن كۆرگىلى بولماس. قىز ئېلىپ قېچىش زامانلاردىن بار ئىشقۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنى ئېلىپ قېچىش دېگىلى بولماس، ئۆزلىرى ئىختىيار قىپتۇ، نىكاھلىنىپتۇ، نىكاھلانغانىكەن، ئەر ئەمرىگە ئۆتتى دېگەن گەپ. شۇڭا، بىللە كېتىش، يۇرۇش شەرىئەتكە مۇخالىپ ئەمەس! پېشانىگە پۈتۈلگىنى شۇ ئىكەن، تارتماسلىقتا چارە يوق، شۇكۇر

قىلماق لازىم.

قازىنىڭ بۇ گەپلىرى مۇھەممەتخان باينى گاڭگىرىتىپ قويدى. «تۇۋا! ماۋۇ قازى نېمە دەيدۇ؟! نېمە بولدى؟ مەن نېمىگە شۇكۇر قىلىدىكەنمەن؟ قىزىمنى بۇلاپ قاچقانغىما؟! تۇۋا! بىزگە قۇدا چۈشكەن ئادەم دەل ئۆزى، ئوغۇلنىڭ دادىسىمۇ ئۆزى، ئۆزىگە كېلىن بولغۇچىنى توي ئاخشىمى بىراۋ بۇلاپ كېتىپ، يۈزى سۆرۈن، پوق بولغىنىمۇ ئۆزى. ئۇنداق خولىگەنلەرنىڭ جاجىسىنى بەرمەكتە يوق، يەنە تېخى شەرىئەتكە مۇخالىپ كەلمەيدۇ دەيدۇيا بۇ قاپاق باش قازى! مېنى سىناۋاتامدۇيا؟»

— سىلىچە؟ ...

ئېلى قازى مۇھەممەتخان باينىڭ غەزەپتىن چەكچىيىپ پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ئۆزىگە نەپرەتلەنگەنلىكىنى تولۇق چۈشەندى ـ دە، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ دۇدۇقلىدى:

— مۇھەممەتخان باي، مېنى ئۆزلىرى ئوبدان بىلىدىلا، مەن چوڭ بىر يۇرتنىڭ قازىسى. كىشىلەرنىڭ ئۆلۈش ـ تىرىلىشى مېنىڭ ھۆكمۈمگە باغلىق. ھۆكۈمەتمۇ، يۇرت مۆتىۋەرلىرىمۇ مەندىن رازى. مەن شۇنداق قىچقىرسا ئېتىم بار، تۇتسا سېپىم بار بىر ئادەم تۇرسام، مېنىڭ بولغۇسى كېلىنىمنى بىراۋ توي ئاخشىمى بۇلاپ قاچسا، مەن ئىزا تارتمامدىم؟ بۇ سەتچىلىك ئەلەم قىلمامدۇ؟ ئۇنداق ئاسان ئىش يوق! قىلىدۇ، تازا قىلىدۇ! بىزنىڭ ئوغۇلمۇ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. پوق يېمەكلىك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋالمىسۇن دەپ يەتتە ـ سەككىز ئاغىنىلىرى بىلەن ئۇنى تاغقا چىقىرىۋەتتىم، كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندە يېنىپ كېلەر، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىمامدۇ؟ بالا ئەمەسمۇ؟ نى ئات، نى نومۇس! شۇ تاپتا ئۇ ئەنجانباي دېگەن لۇكچەكنى چايناپ پۇركۇۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ. تۇتۇشۇپ قالساق ئۇلارمۇ پەشۋا يەيدۇ، بىزمۇ زىيان تارتىمىز. شۇڭا، ئىش تۈگىگەندە كەينىدىن پىچاق ئۇرساق دەپ ئۆزۈمگە ھاي بېرىپ

توختاپ قالدىم. ئۇ چاغدا ئۇلار خاتىرجەم بولىدۇ، ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ، بىخۇدلىشىدۇ. شۇ چاغدا پەنتۇرۇپ ئارقىسىدىن ۋاقلا قىلىپ پىچاق سالىمىز، تۇيمايلا قالىدۇ. قىزىمىزمۇ ئۆزى يېنىپ كېلىدۇ. ھېچ كىشى بىلمەيلا قالىدۇ. سىلى بىلەن بىزدىن ھېچ كىشى خاپا بولمايدۇ، سىلى يەنە مۇھەممەتخان باي، مەن يەنە ئېلى قازى بولىۋېرىمىز، قانداق؟ ھە، چۈشەنگەن بولسىلا مۇنداق قىلايلى، ئۇلار ئالدىلىرىدىن ئوبدان ئۆتسۇن، جامائەتكە چاي قويسۇن. سىلىمۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن كەڭ - كۇشادە توي قىلىپ بەرسىلە. ئوغلاق سېلىپ بەرسىلە، جامائەتنىڭ كۆڭلىنى ئۇتماق مۇھىم.

— ياق، قازىئاخۇنۇم، بۇ باشنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن. ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلەر تەييارلىنىپ بولدى. ئاشۇ ماكانسىزلارنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇپ، نومۇسۇمنى يۇيىمەن!

— سەۋر قىلسىلا.

— قۇرۇتمىغۇچە سەۋر قىلالمايمەن.

— قۇرۇتالماي قالارلىمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، ئەنجانباي ئەللىك - ئاتمىش ئادەمنى تەخلەپ قويدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاڭلىشىمچە، كېچە يۇزدىن جىقراق قىرغىز كەپتۇمىش. تەخىر قىلسىلا، هازىرچە مەن دېگەندەك تويىنى ئوبدان ئۆتكۈزۈپ بەرسىلە، چاندۇرمىسىلا. ئۆزلىرى دەپ يۈرگەندەك ئۆتۈككە چەم، ئىشقا پەم، پەم قىلايلى. «ياز بار، قىش بار، ئالدىرىماڭ ئىش بار»، بۇ ئىشنى تويدىن كېيىنلا مەسلىھەتلىشىمىز. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئايشەم خېنىمنىڭ كۆڭلىنى ئۇ لوكچەكتىن سوۋۇتۇش، رايىنى ياندۇرۇش زۆرۈر.

مۇھەممەتخان باي ئىندەككە كەلدى. ئۇ بوشىشىپ لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. شۇندىلا ئېلى قازىنىڭ كۆڭلى دەككە - دۇككىدىن توختىدى. ھە، مانا ئەمدى بولدى، جېدەلنى توسۇپ قالدى، پۇتۇن ئوپالنى ساقلاپ قالدى. يۈرىكىگە قولىنى سېلىپ لىللا گەپنى قىلسا، ئۆزىنى ساقلاپ قالدى، ئوپال يەنىلا ئۆزىنىڭ

قولىدا بولىدىغان بولدى. بولمىسا... قازىلىقى قولدىن كېتەتتى. ئۇنىڭ قورقىدىغىنىمۇ شۇ ئىدى. مال - مۈلكى، زېمىنى، ھەتتا بىرەر بالا - چاقىسى بىرنېمە بولۇپ كەتسىمۇ مەيلى، لېكىن، قازىلىقى قولدىن كەتسە بولمايتتى. جېدەل بولۇپ قالسا قازىلىقى غىرتتىدە قولدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئاللاھۇئەكبەر، شۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگەيدۇ، شۇنداق! بۇ قېتىم جېدەل چىقسىلا، جېدەلنىڭ بىر بېشى ئۆزى بولۇپ قېلىشى مۇقەررەر. چۈنكى، بۇلانغۇچى دەل ئۆزىگە كېلىن بولغۇچى - دە، بۇنىڭغا چىدىغىلى بولمايدۇ، چىدىمىسا قازىلىق قولىدىن كېتىدۇ. چىداي! چىداش كېرەك. ھەي!... ھۆكۈمەتمۇ ۋاپاسىز، جېدەلنىڭ بىر بېشىدا سەن تۇرۇپسەن، ئۆزىمىزنى ساقلاپ قالالمايۋاتساق، سەن تۆپىلەپ يەنە بىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىپسەن دەپ، مېنىڭ بىر تەمەدە چېچىنى تاراپ يۈرگەنلەردىن بىرىگە قازىلىقنى تۇتقۇزۇپ قويسا، نېمە دېگىلى بولىدۇ. بېشىڭنى تاشقا ئۇرساڭ بېشىڭ يېرىلىدۇ، زىيان ئۆزۈڭگە! شۇڭا، بالا قورساقتا تەۋرەۋاتقاندىلا تۇنجۇقتۇرۇۋەتكەن ياخشى. ھەببەللى، بولىدىغان چارە، شۇنداق قىلماي بولمايدۇ. ناۋادا بۇ جېدەلگە ئۆزى چېتىلىپ قالمىسىدى، بۇ جېدەل باشقىلار تەرىپىدىن سادىر بولسىدى، ھەي، ئۇ چاغدا ئاغزىمۇ ياغ، قولىمۇ ياغ، داستىخىنىمۇ ياغ... ھەممىسى ياغ بولاتتى. بىر تۆشۈكنى ئون كۆرسىتىپ پۇخادىن چىققۇچە نەپ ئالاتتى. ئەپسۇس، بۇ قېتىم پەلەك تەتۈر چۆرگىلەپ قالدى. ياق! مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، قازىلىقى قولدىن كەتمىسۇن! كىم دەيدۇ قازىغا قازا كەلمەيدۇ دەپ؟ ۋاقتى كەلگەندە قازىغا قازا كەلسە بېلى سۇنۇپتۇ دېگىنى راست گەپ، زامانلاردىن بېرى شۇنداق ئىشلار بولغان.

توي، قازىنىڭ دېگىنىدەك بولدى. مۇھەممەتخان باي ئەلىمنى ئىچىگە يۇتتى. مەردلىك قىلغاندەك ئوغلاق سېلىپ بەردى، پەتىسىگە چەكمەن تون، كەشتىلىك چاسا بەلۋاغ قىلدى، ئاتلارنىڭ قۇلىقىغا قىزىل تاۋار باغلاپ «ناماقۇللۇق تويى»غا توي

قوشتى. قاراڭغۇيار بېشىدىكى سازلىقبۇلاقتا ئوغلاق تارتىشىشنى تازا قىزىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ جېدەل تىنچىغاندەك بولدى. لېكىن، شۇ ئاخشىمىلا مۇھەممەتخان باي ھېلىقى پەنتۈرۈپ ئارقىسىدىن پىچاق ئۇرىدىغان ئىشنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئېلى قازىنىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە مۇھەممەتخان باي قىزىنى ئەنجانباينىڭ ئىلكىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەشنا ئىدى.

# ئون بىرىنچى باب

## بەتنام

ئوپال، كۆز پەسلى.

ئەنجانباي بۈگۈنمۇ «ئويۇن»لىرىنى كۈندىكىدەك يەنە تاڭ سەھەردىلا باشلىدى. سەكرىدى، يۈگۈردى، ئۆستەڭدىن ئاتلىدى. تاشلارنى تاشلىدى، ئالتە قۇرلۇق قوناقخانا تېمىنىڭ ئۈستىدە پۇتلىرىنى ئاسمانغا قىلىپ قوللىرى بىلەن مېڭىپ ئايلاندى... يەنە دەل شۇ ۋاقىتتا كۈنچىقىش بىلەن تەڭلا تۈگەتتى. ئاندىن ئۇ ئاپئاق چوتا كۆڭلىكىنى سالدى. ئۇنى قويغىلى پاكىزرەك يەر تاپالماي ئېرىقتا يانداشقان يولنىڭ بۇ تەرىپىدىكى سۆگەتنىڭ شېخىغا ئىلىپ قويدى. يەنە يېنىپ بۇ تەرەپكە ئۆتۈپ سۇدا راھەتلىنىپ يۇيۇنۇشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا قوناقلىقتىن پاكارغىنا بىر ئادەم ئۆمىلەپ چىقتى ـ دە، غىپپىدە ھېلىقى سۆگەتنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپلا ئەنجانباينىڭ كۆڭلىكىنى قولىغا ئالدى. ئالىقىنىدىكى يېلىم سۈيىگە چىلانغان بىرنەچچە تال ئۇزۇن ـ قىسقا چاچلارنى كۆڭلەكنىڭ ياقىسى، مەيدىسى، قولتۇقىغا چاپلىدى. بۇنى ئەنجانباي سەزمىدى. قاشقا چىقىپ ئۇيان ـ بۇيان قارىغاچ بەخىرامان ھالدا كۆڭلەكنى كىيىۋاتقاندا يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قوناقلىق شىلدىرلاپ قالدى، ئۇ ئىتتىكلا شۇ تەرەپكە قارىدى، قوناقلىقتا ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى. ئۇ ئىتلار ئوينىشىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ كارى بولمىدى، ئالدىراپلا كۆڭلىكىنى كىيدى. ئۇ ئالدىرىمىسا بولمايتتى. بۈگۈن جۈمە، ئازنىلىق قىلىدىغان خاسىيەتلىك كۈن، ئايشەمگۈلنى بالدۇرراق ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارمىسا بولمايدۇ. پۈخادىن

چىققۇچە ئازنىلىق قىلىنىۋالسۇن، كېيىن قالسا، ۋاقىت قىسقا بولۇپ قالىدۇ، ئازنىلىق كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالىدۇ.

ئۇ ئۆيگە كەلگەندە مۇھەممەتخان باينىڭ خىزمەتچىسى بەختىخان ئايشەمگۈل بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى. بەختىخان سالام - سەھەتتىن كېيىن، شەھەردىن مېھمان كېلىدىغانلىقى، ئۆيدە ئادەم يېتىشمىگەنلىكتىن ئايشەمگۈلنىڭ قارىشىپ بېرىشى لازىملىقى، شۇڭا ئۈچ - تۆت كۈن تۇرغۇدەك بولۇپ كەلسۇن، دەپ مۇھەممەتخان باينىڭ ئالاھىدە جېكىلەپ ئۆزىنى ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئەنجانباي ماقۇل دەي دېسە بۇ ۋاقىت بەك ئۇزۇن، ھېلىغۇ ئۈچ - تۆت كۈن ئىكەن، بىر دەم بولسىمۇ بولمايدۇ، ئايشەمگۈل بىر دەم بولمىسا بۇ ئۆي دوزاخ بولىدۇ. تۆت بۇلۇڭ، بىر كۇلۇڭ ئۇنى تۇتۇپ يەيدۇ. ياق دەي دېسە تېخى بولمايتتى، بالا ئەمەسمۇ؟ مۇشۇنداق قاتىلاڭچىلىقتا ئۈچ - تۆت كۈن قارىشىپ بېرەلمىسە ئەمگەن سۈتى ھارام بولىدۇ. خەير بوپتۇ، ئۈچ - تۆت كۈننى بىر ئاماللاپ ئۆتكۈزۈۋېتەرمەن. ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ماقۇل بولدى. ئايشەمگۈلمۇ ئۇنىڭغا چىدىمايتتى، چىدىمىسا تېخى بولمايتتى. ئەنجانبايغۇ مەرد ئادەم، ماقۇل دەيدۇ. لېكىن، كۆڭلىدە رەنجىپمۇ قالارمۇ، قانداق؟ دەپ ئويلىنىپ تۇرغاندا ئەنجانباي ماقۇل بولدى.

ئايشەمگۈل مىننەتدارلىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى. شۇ چاغدا ئايشەمگۈلنىڭ كۆزى تۇيۇقسىزلا ئەنجانباينىڭ مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇزۇنلا ئىككى تال چاچ ئۇنىڭ مۇرىسىدىن ئارتىلىپ ياقىسىنى بويلاپ چاپلىشىپ تۇراتتى. ئايشەمگۈل چاچنى ئالدى. ئۆزىنىڭ چېچى بىلەن ئۇ چاچنى ئالىقىنىغا قويۇپ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ باققانىدى، ئوخشىمىدى. ئۆزىنىڭ چېچى توم قارا، بۇ لەنتى چاچ بولسا سارغۇچ ئىدى.

ئايشەمگۈلنىڭ كۆزلىرى ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا يۈگۈرۈپ قولتۇقىغا كەلگەندە يەنە قادىلىپ تۇرۇپلا قالدى. قولتۇقىدىمۇ يەنە ئۈچ - تۆت، سارغۇچ چاچ ئۇنىڭ

مەيدىسىگە يېقىن چاپلىشىپ قالغانىدى. شۇ ھامان ئايشەمگۈلنىڭ كۆڭلىدىن گۈپپىدە بىر يامان خىيال كەچتى: «ھە، ئىش باشقىچە ئىكەن ـ دە!» ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، چىرايى ئۆڭدى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا تاتىرىپ كەتتى، ئەنجانباي ھەيران بولۇپ سورىدى:

— خېنىم، كۆڭلەكنى ئاسقۇدىن ئېلىپ بەرگەندەك قىلغانىدىلە؟

ئايشەمگۈل سوغۇقلا جاۋاب بەردى:

— شۇنداق. ئاسقۇدىن ئېلىپ بەرگەن. تەكىيىنىڭ قېشىدا قويمىغان. سەھەردە سىلى چىقىپ كېتىش ۋاقتىدا توپا قونۇپ قالدىمىكىن دەپ پۈدىگەن، سۈرتكەن، داغ بولۇپ قالمىسۇن دەپ سىنچىلاپ قارىغان. ئۆزلىرى كۆردىلىغۇ، بۇ چاچ مېنىڭ چېچىمغا ئوخشىمايدىكەن. باشقا تەكىيىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

ئەنجانباي بۇ تەنىدىن ئوتتا پۇچۇلانغاندەك ئازابلىنىپ كەتتى. تەڭلىكتە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تىترەپ تۇرۇپ دۇدۇقلىدى:

— خېنىم، ئۇنداق دېمىسىلە، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ھەرقىسما بولمىغۇر خىيالغا كېلىپ قالمىسىلا.

— مەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمىدىم، ئۇ شەيتان سىلىنىڭ كەينىلىرىگە كىرىۋاپتۇ.

— خېنىم، تۆھمەت بولۇپ قالمىسۇن يەنە، بۇنداق غەلىتە گەپنى قىلمىسىلا!

— ياق، تۆھمەت ئەمەس. مەيدىلىرىگە بىرى بېشىنى قويمىسا، ئەمىسە بۇ چاچ نەدىن كېلىدۇ؟

— مەن نەدىن بىلەي.

ئايشەمگۈل ھۆڭرەپ يىغلاپ سالدى. ھارۋىدا كېتىۋېتىپمۇ ئۇنىڭ مىشىلدىشى توختىمىدى. دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە ئېرىقتىكى سۇدا يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇۋەتتى. ھېچ ئىش

بولمىغاندەك ئۆيگە كىردى. لېكىن، سۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى قىزىللىقنى يۇيۇۋېتەلمەيتتى...

*　　*　　*

دەل شۇ كۈنى گۈگۈم چۈشۈپ كۆز باغلانغان چاغدا قەشقەر تەرەپتىن قوڭغۇرقىنى جىرىڭلىتىپ كەلگەن ئىككى ئات قوشۇلغان بىر مەپە قىزىلجىلغا كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپلا توختىدى. مەپىدىن بىرى گەۋدىلىك، يەنە بىرى زىلۋا، لېكىن، ئوخشاشلا سېرىق قالپاق، سېرىق تون كىيگەن ئىككى ئادەم چۈشتى. مەپە شۇ هامان ئارقىسىغا ياندى. هېلىقى ئىككى ئادەم ئۇيان ـ بۇيانغا قاراپ تۇراتتى. جىلغا ئىچىدىن بىر ئاتلىق ئادەم ئىككى ئاتنى يېتىلەپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇلار ئاتلارغا مىنىپ جىلغا بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. چىغىر يوللار بىلەن ئەگرى ـ توقاي ئايلىنىپ يۈرۈپ بىرهازادا ئېلى قازىنىڭ هويلىسىغا كەلدى. كۈنچىقىشتىكى ئالاهىدە تەييارلانغان ياسىداق كىچىككىنە بىر ئۆيگە كىرىشتى. شۇندىلا هېلىقى زىلۋاراق كەلگەن ئادەم بېشىدىكى سىيرىپ تىكىلگەن سېرىق قالپاقنى ئېلىۋېتىپ، ئۈچىسىدىكى سېرىق چەكمەنىمۇ سېلىۋەتكەنىدى، ئايهاي! ئۇزۇن چاچلىرى تېقىمىغا چۈشكەن، دۇردۇن كۆڭلەكلىك، قارا دۇخاۋا جىلىتكىلىق زىلۋا ئايالغا ئايلاندى.

بۇ يېڭىشەهەردە «بايتال»، «بەگەك» نامى بىلەن مەشهۇر بولغان داڭلىق جالاپ ئايزىم ئىدى. تېخى ئەمدىلا يىگىرمە ئىككى ـ يىگىرمە ئۈچ ياشلارغا كىرگىنىگە قارىماي، بوي ـ تۇرقىنىڭ كېلىشكەنلىكى، رەڭگىنىڭ سۈزۈكلۈكى، خۇلقىنىڭ جەلپ قىلارلىقىدىن مەهلىيا بولۇپ خۇدىنى يوقاتقانلار خېلى بار ئىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇنۇك ـ جانسىز ئىدى. بىر قاراشتا خۇددى دۇغ سۇ يىغىلىپ قالغان تاشنىڭ كامىرىغا، يەنە بىر قاراشقا لەش بېسىپ كەتكەن كونا قۇدۇققا ئوخشايتتى.

شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلدايدىغانلار ئىت چىۋىنىنىڭ قۇرتىدەك كۆندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە ئىدى، ھەتتا ئۇنى ئۆزئارا قىزغىنىپ بىر - بىرىگە پىچاق تىقىدىغانلارمۇ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ يېڭىشەھەرگە پەيدا بولۇپ قالغىلى ئۈچ يىلدەك بولغانىدى، لېكىن، ئۇنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېچ كىشى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ يۇرتىنى سورىغاندا «يۇرتۇمنىڭ نامىنى بۇلغىمايمەن !» دەپ چورتلا كېسىپ جاۋاب بېرەتتى.

ھېلىقى گەۋدىلىك ئادەم ئېلى قازىنىڭ ئوغلى ئەھمەت ئىدى. ئۇمۇ قالپاقنى ئېلىۋەتتى، چەكمەننى سېلىۋەتتى، يۈز - كۆزىنى سۈرتكەچ سۆز باشلىدى:

— خوش خېنىم. شەھەردە كېلىشكىنىمىزدەك بىر كېچىلىكلىرى يۈز تەڭگە بولىدۇ. ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ بېجىرەلىسىلە، يەنە رازى قىلىمىز. تاڭ ئاتقۇچە ئۆتكەن قېتىملارغا ئوخشاش يەنە بىر - بىرىمىزگە ھەمراھ بولىمىز. ھېلىقى ئىشنى تاڭ بىلەن باشلايمىز.

— ئۇ ئۆينى كۆرسىتىپ قويسىلىرىلا بولىدۇ.

— ئۇ يەرلىرىدىن خاتىرجەم بولسىلا، ئۆزۈم باشلاپ بارىمەن.

— بۇ توغرۇلۇق شەپە بولۇپ قالمىسۇن، بولمىسا جېنىمغا ۋاي !

— ھازىرمۇ، كېيىنمۇ ھەرگىز شەپە بولمايدۇ. مۇشۇ توغرۇلۇق شەھەردە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىپ بەردىمغۇ؟ شۇ ھېساب. ئىش تۈگىشى ھامان ھېلىقى بىزنى ئېلىپ كەلگەن مەپە سىلىنى دېگەن جايلىرىغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. قىزىلجىلغىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىرىنىڭ ئۆيىدە ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ.

دەل شۇ چاغدا قوي گۆشى كاۋىپىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ ئىشىك ئېچىلدى. يوغانلا پەتنۇسقا لىق تىزىلغان كاۋاپنى كۆتۈرۈپ بىرى كىرىپ كەلدى.

* * *

ئەنجانباي ئادىتى بويىچە تاڭ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇردى.

كۆندىلىك «ئويۇنلىرى»نى ئويناش ئۈچۈن تالاغا ماڭدى. ئۇ ئىشىكنى شۇنداق ئىتتىرىشىگە بىرىنچى ئۆرۈلۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى ــ دە، چۆچۈپلا ئارقىسىغا بىر قەدەم داجىدى. ئۇ شۇنداق قاراپلا تاڭ سەھەرنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئۇنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى بىلدى ــ دە، ھەيران بولۇپ توۋلىدى:

— كىمسەن؟ !

ئايال غىلجىڭلىق بىلەن ئەركىلەپ جاۋاب بەردى:

— ۋاي ئەنجانبايكا، مەن بولماي كىم بولاتتى؟ قەدىناس دوستلىرىنى بىلمەس، تونۇماس بولۇۋالمىسىلا يەنە. ئۇيقۇلىرىنى ھارام قىلماي دەپ كېچىدىن بېرى ئىشىكلىرىنى بېقىپ چىقتىم، — ئايال سۆزلىگەچ ئۇنىڭغا سۈركىلىشكە باشلىدى، — بەك توڭلاپ كەتتىم، بىر ئىسسىتىپ قويسىلىچۇ. شۇنداق قوش قوۋۇرغىلىق يىگىت تۇرۇپ، دەسسەپ سالغان شاپتۇلدەك ئېزىلىپ تۇرىدىلىغۇ؟ بولسىلا چاققان. ئۇ شۇنداق دەپلا ئەنجانباينىڭ بوينىغا قولىنى سالدى. ئەنجانباي غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋەتتى. ئايال بوسۇغىغا پۈتلىشىپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى.

— سەن زادى كىم؟ بۇ يەردە نېمە ئىشىڭ بار؟ !

— غوجام، بەك تاش يۈرەك ئىكەنلا، سىلىنى دەپ بىر كېچە مۈزلاپ چىقسام ھالىمغا يەتمەكتە يوق، تېخى ئىتتىرىپ يىقىتىۋەتتىلىغۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ۋاي خېنىم، جېنىم دەپ ھېلىقى تاتلىق يەرلىرىمنى چىشلەپ، سۆيۈپ كەتكەن سىلى ئەمەسمۇ؟ ئەمدىزە مېنى ئۇرغۇدەك بولۇپلا ــ دە؟

ئايالنىڭ ھاياسىز گەپلىرى ئەنجانباينىڭ تېخىمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. ئۇ غەزەپ بىلەن ئايالنىڭ گەجگىسىدىن قاماللاپ تالاغا سۆرىدى.

— چىق تالاغا ! نومۇسسىز جالاپ !

ئايال جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

— ۋايجان ! ئادەم ئۆلدى ! ئادەم بارمۇ؟ !

دەل مۇشۇ چاغدا خۇددى مۇشۇنى كۇتۇپ تۇرغاندەك بىر نەچچە ئادەم ھويلىغا بېسىپ كىرىشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەنجانباينى تونۇيدىغانلارمۇ، تونۇمايدىغانلارمۇ، مۇشۇ مەھەللىكلەرمۇ، باشقا مەھەللىلىكلەرمۇ بار ئىدى. شۇ ئارىدا مەسچىتكە ماڭغان، ئۇيان - بۇيان كېتىۋاتقانلارمۇ كىرىشتى. بۇلارنى كۆرۇپ ئايالنىڭ يىغىسى تېخىمۇ ئەدەپ بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ چىرقىرىغىلى تۇردى:

— ۋاي ئىسىت! بۇ يۇزۇمنى قانداق قىلارمەن! بۇ يۇزۇمنى نەدە قويارمەن! ۋاي بۇ نومۇسنى قانداق قىلاي!! بۇ لۇكچەك مېنى گوللاپ ئېلىپ كېچىچە خوتۇن قىلىپ جېنىمنى قويمىدى، ۋاي قورساقلىرىم! ۋايجان! دېيىشكەن ھەققىمنى بەرمەي تاڭ ئاتماستا قوغلاپ چىقىرىۋاتىدۇ؟ — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا ئەنجانبايغا ئېسىلدى، — ھەي لۇكچەك، بىر يىلدىن بېرى مېنى نەچچە يۇز قېتىملاپ خوتۇن قىلدىڭ، بىر قېتىممۇ ھەققىمنى بەرمىدىڭ! ھۇ، ئىنساپسىز! توختاپ تۇر، ئىنساپسىز لۇكچەك! يۇز - كۆزۇمنى يۇيۇۋېتىپ سەن نائەھلى بىلەن جامائەت ئوتتۇرىسىدا ھېسابلاشمىسام، خەپ توختاپ تۇر!

ئايال تالاغا چىقىپ كەتتى. بىلمىگەنلەر ئۇنى ئېرىقتا يۇز يۇيۇۋاتىدۇ دەپ ئويلاشتى، يەنە نېمە بالانى تېرار دەپ دەككە - دۇككىگە چۇشۇشتى. ئەنجانباي ھويلىغا پەۋەس يىغىلغانلارنىڭ ئىچىدە دادىسى، ئاكىسى، ئانىسىنى كۆرۇپ نومۇستىن ئۆلەيلا دەپ قالدى. شۇ تاپتا ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق ئىدى. مۇشۇ ئەھۋالدا نېمە دەپ چۇشەندۇرسىمۇ، ئۇنىڭ گېپىگە ھېچ كىشى ئىشەنمەيتتى. ئايالنىڭ نالىسى ئۇلارنىڭ يۇرىكىنى ئېزىۋەتكەندى.

خېلى ئۇزاق ساقلاشتى. ئايال يېنىپ كىرمىدى، ئۇيان - بۇيان ئىزدەشتى، ھېچ يەردە كۆرۇنمىدى.

* * *

شۇ سەتچىلىكتىن كېيىن ئەنجانباينىڭ دىمى ئىچىگە چۇشۇپ

كەتتى. بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆيدىن تالاغا چىقمىدى. ئەل ـ ئاغىنىلىرى يوقلاپ كەلگەنىدى، ئۇلار بىلەنمۇ تۈزۈكرەك ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ مۇڭدىشالمىدى، دەرد ـ ئەھۋالىنى تۆكۈپ ئىچ ـ قارنىنى بوشىتالمىدى. «كىشىنىڭ دەردىگە كىشى يەتمەس، ئۇچلانمىغان قوزۇق تامغا ئۆتمەس» دېگەنىدەك، ئۇ ھېلىقى چاچنىڭ گېپىنى قىلغانىدى، ئۇلار پىسىڭىدە كۈلۈپلا قويدى خالاس. ھېلىقى جالاپنىڭ گېپىنى چىقارغاندا قاقاقلاپ كۈلۈشتى. شۇڭا، ئۇنىڭ تازا ئاچچىقى كەلدى، ئىچىلمىدى. ئۇزاتقىلىمۇ چىقمىدى. ھەتتا ئاكىسى جۇمەخۇنغا نېمە بولدىكىنتاڭ، خۇددى ئاشۇ سەت ئىشلار ئۇنىڭدا سادىر بولغاندەك، «ھە، قىلسا نېمە بوپتۇ؟! ئوغۇل بالا ساز بولسا، ئاشۇنداق بولىدۇ، ئارقىسىدىن چوكانلار قوغلايدۇ» دەپ يۈرۈپتۇ. ئانىسى بىلەن دادىسى پايپېتەك بولۇپ، ئۇنى ـ بۇنى دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. ياسىغاندىمۇ بۇ قېتىم باشقىچىرەك ياسىدى.

يا ھەزرەت، مۇنداقمۇ كۆڭۈل ياساش بولامدىغاندۇ؟

بىر كۈنى ئۆيدە لىققىدە ئادەم بار چاغدا دادىسى «بالام، ھېچقىسى يوق. ياشلىقتا بولىدىغان ئىش. كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئازمايدىغان ئىنسان يوق» دېدى تېخى. بەللى! بۇ دەل «ئاشۇ سەتچىلىك سەندىن ئۆتۈپتۇ، توۋا قىل» دېگەنلىك بولماي نېمە؟ ئانىسى بىلەن دادىسى ئۇنىڭغا ئىشەنمەيۋاتسا، باشقىلارغا نېمە دېگۈلۈك، شۇ تاپتا ئايشەمگۈل خورلۇقتا پۇچۇلىنىپ نېمىلەر بولۇپ كەتكەندۇ؟ ئاھ، ئىسىت ئايشەمگۈل!...

ئەنجانباي ئەلەمگە چىدىماي تولغىنىپ ئۆزىچە:

— ئاھ خۇدا! راست ـ يالغاننى پەقەت سەنلا بىلىسەن. ئەي خالايىق! كۆزۈڭلارنى تۆھمەت تۇمانلىرى توسۇۋالدى!!

ئەنجانباينىڭ بۇ نالىسىگە ھەممىسىنىڭ شۈككىدە جىم بولۇۋېلىشى جاۋاب بولدى.

ئايشەمگۈلنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى سۇغا چىلاشقان شۇ كۈنلەردە، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا جەزمەن چۈشەندۈرىمەن دەپ

ئويلاش خۇددى ئۆزىنىڭ شولىسىنى تۇتىمەن دەپ قوغلاش بىلەن باراۋەر ئىدى. ھېلىقى رەزگى چاچنى كۆرۈپ قاتتىق گۇمان بىلەن شۇنچە خاپا بولۇپ كەتكەن ئايشەمگۈل ئەمدىزە، پۈتۈن ئوپالنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ھېلىقى رەسۋاچىلىقتا ئىشەنمەي قالامدۇ؟!

ھېلىقى ئايزىمنى ئىزدەپ تەرەپ - تەرەپلەرگە ئادەملەر چاپتى. لېكىن، جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى، بۆلۈك - پۇچقاقلىرى ھېسابسىز ئىكەن، ھېچ يەردىن دېرىكى بولمىدى. ياق! ئۇ ئايزىمنى چوقۇم تاپىدۇ. ئاقنى ئاق، قارىنى قارا قىلىدۇ. ئۇ پەرىشتە ئەمەس، ئاسمانغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ. شۇنىڭغىچە تېخى خۇدايىم بۇ بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تۆھمەتلىكىنى ئايشەمگۈلنىڭ دىلىغا سېلىپ يورۇتسا ئەجەب ئەمەس، ھازىرچە تەخىر قىلماق تۇزۇك. ئاھ خۇدا، مەدەت قىلغايسەن! قۇرۇق سۆز - قۇرۇق تۆھمەتتىن ساقلاپ مۇشكۈللىرىمنى ئاسان قىلغايسەن! خەپ جالاپ! ئاخىر بىر كۈنىغۇ قولۇمغا چۈشەرسەن! خۇدايىمنىڭ قازىنى ئاستا قاينايدۇ، قاينىسا تاشماي قالمايدۇ.

ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ھازىرچە ئايشەمگۈلنىڭ ئۆيىگە بارمىغان تۈزۈك دەپ قارىدى. ھېلىقى ئايالنى ئىزدەپ تەرەپ - تەرەپلەردە چېپىپ يۈرگەن ئاغىنىلىرىدىن ئۈچۈر كەلگۈچە بۇ بۇرۇقتۇرمىلىقتىن بىزار بولۇپ، ئەلەمگە چىدىماي مىلتىقىنى، قارچىغىسىنى ئېلىپ تاغقا يۈرۈپ كەتتى.

*             *             *

تىنچىق ئۈنى تەرلىتىۋەتتى. ئاپئاق چوتا كۆڭلىكىنىڭ دۈمبىسى، مەيدىسى چىلىق - چىلىق ھۆل بولدى. لېكىن، شۇ تاپتا ئۇ بۇنى تۇيمىدى. ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇپ بېرىپ ناخشىسىنى ئېيتىۋەردى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ناخشا ئاۋازى، خۇددى كەلكۈن سۈيىنىڭ تاشقىن پەيدا قىلىش ئالدىدىكى قاشقا

ئۇرۇلۇشقا ئوخشاش دولقۇنلۇق ئىدى، بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسلەيتتى. ئۇ ناخشىسىنى ئېيتقانسېرى دەردىگە دەرمان بولىدىغان بىرىگە دەرد تۆكۈپ يېنىكلەپ قالغاندەك، بوغۇزىدا تۇرۇۋالغان تۇگۈن كىچىكلەپ نەپىسىنىڭ سىقىلىشى ئازلىغاندەك بولۇپ قالاتتى.

ئۆز ئىگىسىنىڭ خۇيىنى ئوبدان ئالغان ئات بىر خىل يورغىلاپ، پات ـ پات پۇشقۇرۇپ قويۇپ، خۇددى ئۇنىڭ ناخشىسىغا تەڭكەش قىلغاندەك «تاق ـ تۇق، تاق ـ تۇق» قەدەم تاشلايتتى.

ئۇچۇپ كەتتىڭ جانانىم،
قارلىغاچتەك قانات قېقىپ.
قالدىم ئاھ دەپ ھەسرەتتە،
كۆيگەن قىلدەك تولغىنىپ.

ئايشەمگۈلۇم گۈزىلىم،
سەھەردىكى چولپىنىم.
دىدارىڭنى كۆرۈشكە،
تەشنا بولدى يۈرىكىم...

ئەمدى ناخشا باشقا كۈيگە كۆچتى. بۇ كۈي خۇددى كەلكۈن توختاپ سۇ ئۆز ئېقىنىدا شىر ـ شىر ئاققاندەك لەرزان، مۇڭلۇق ئىدى.

لەۋلىرىڭدە ئاق پىستە،
چېقىشىڭنى كۆرسەمچۇ.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
بېقىشىڭنى كۆرسەمچۇ.

ئۇنىڭ تاغدا ئۆتكەن كۈنلىرى بىكار كەتتى، پايدىسى بولمىدى. كۆڭلى ـ كۆكسى بوشىمىدى. ئۆتكەن كۆڭۈلسىزلىكلەر خۇددى ئۆزىنىڭ شولىسىدەك ئۇنىڭدىن نېرى بولماي، يەنىلا كۆڭلى غەشلىك، پەرىشانلىق بىلەن ئۆتتى.

ئىلگىرى، ئايهاي ! تاغنىڭ پەيزىنى ئەجەب بەلەن سۈرەتتى... چىگىكلىرى يېشىلىپ، كۆڭلى باشقىچە ئېچىلىپ قالاتتى. بۇلۇتلاردىنمۇ ئېگىز تاغ چوققىلىرىغا ئاسانلا چىقاتتى. بىر ـ بىرىگە ياندىش كەتكەن قاتمۇقات ئېگىز ـ ئېگىز تاغلارغا قاراپ بار ئاۋازى بىلەن «هاي ـ هاي !» دەپ توۋلايتتى. ئۇ تاغلاردىن خۇددى ھەربىر تاغ چوققىسىدا بىر ئادەم توۋلىغاندەكلا ئارقىمۇئارقا بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپلا چىققان ئەكس سادا جاراڭلايتتى:

— هاي ـ هاي ! هاي ـ هاي ! هاي ـ هاي !...

بۇ سادالاردىن ئۈركۈپ چىققان ئۇچار قۇشلار ئۇنىڭ ئۈستىدىن قاناتلىرىنى كېرىپ لەرزان ئۇچۇپ ئۆتكەندە، خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ كۆڭلى يايراپ كېتەتتى.

بۇ قېتىم ھەي ئىسىت، كۆڭلى ھېچنېمىنى تارتمىدى. ھەممە نەرسە غەلىتىلا كۆرۈندى. خۇددى بىرنېمە ئېسىپ قويغاندەك پۇت ـ قولىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. تاغقىمۇ خېلى تەستە چىقتى. «هاي ـ هاي !» دەپ توۋلىغانىدى، ئاۋازى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك، خۇددى كېسەل ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك بوش چىقتى، ئەكس سادا ئۇنداق جاراڭلىق ئەمەس، خۇددى سەل ئۇنلۇكرەك يۆتەلگەندەك غاژ ـ غۇژ ئاڭلاندى. ئۇچار قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىمۇ قاناتلىرىنى لەپىلدەتمەستىن ئەگىپ ئۇچۇشىدەك چىرايلىق ئەمەس، خۇددى بوراندا قالغان قاغىدەك ئېگىز ـ پەس. سايرىشىمۇ خۇددى قاغىنىڭ قاقىلدىشىدەك يېقىمسىز بىلىندى

بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوتلاپ يۈرگەن كېيىكلەر، ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ سايراپ دانلاپ يۈرگەن كەكلىك، قىرغاۋۇللار... ئادەتتە ئۇ ھەۋەس بىلەن ئىزدەيدىغان تاغنىڭ ئېگىز ـ ئېگىز قاپتاللىرىدىكى قۇش ئۇۋۇلىرى... بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنى ئۆزىگە تارتالمىدى. «ياشىسۇن، ئۆمۈر كۆرسۇن، مەندەك

بىچارىلەر ئىكەن» دەپ ئۇلارغا چىقىلمىدى. شۇڭا، بىر پاي ئوق ئاتمىدى، قارچىغىمۇ سالمىدى. كۆرگىنى كۆرگەن يەرلەردە قېلىۋەردى. كېچىلىرى ئىتىنى، مىلتىقىنى، قارچىغىسىنى ھەمراھ قىلىپ ئارچا ـ قارىغايلارنىڭ تۈۋىدە ياتتى. تاغنىڭ باغرىدىلا كۆرۈنۈپ تۇرغان قىرغىز ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىگە زورلىسىمۇ، تارتىسىمۇ بارمىدى. قىرغىز ئاغىنىلىرى ئۇنى ئوبدان بىلەتتى. ئىلگىرى ھەر كەلگىنىدە نەچچە كۈنگىچە ئوغلاق ـ مەشرەپنى تازا قىزىتىپ، ئۇلارنى ئوبدان خۇش قىلاتتى. چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى بىلەن كۆرۈشەتتى، ئۇزاق ـ ئۇزاق مۇڭدىشاتتى. شۇڭا، ئۇلار بۇ قېتىم ئۇنىڭدىن خاپا بولمىدى. بېشىغا بىر مۇشكۇللۇك كەپتۇ دەپ كۆڭلى يېرىم بولۇشتى. خالىغانچە ئويىنىسۇن دەپ ئۆز ھالىغا قويدى، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ قېشىدىن ئون ـ يىگىرمە يىگىت كەم بولمىدى. قولىدىن كېلىشىچە ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشتى. ئوغلاق سالدى. مەشرەپ قىلدى، چېلىشتى، قوۋۇز چېلىپ بەردى. ئاتلارنى بەيگىگە سالدى... بۇلارمۇ كار قىلمىدى. ھازىرغىچە ھېلىقى ئايالنىڭ دېرىكى بولمىغاچقا، ئەنجانباي يەنىلا خامۇش، كۆڭلى پەرىشان يۈرۈۋەردى. شۇ ئارىلىقتا ئايشەمگۈلنى بەك سېغىنىپ كەتتى، كۆرگۈسى كېلىپ تۇرالمايلا قالدى. ئاخىر ئون بەش كۈن بولدى دېگەندە زادىلا چىدىيالماي يولغا چىقتى.

ئۇ ئالدىرايتتى، ئايشەمگۈل بىلەن بالدۇرراق كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. «ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەي، نېمىلا بولسۇن ئەھۋالنى ئېيىنەن دەي. چۈشىنىپ قالار، ماڭا ئىشىنىپ تەگكەن، يەنە ئىشىنەر.»

ئۇ ئاتقا يەڭگىل قامچا سالدى. ئات خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك سىلىق يورغىغا چېپىشقا چۈشتى. شۇ چېپىشتا مەھەللىگە كىرىپ كەلدى. دوقمۇشتىكى كۆل بويىغا كەلگەندە ئالدى تەرەپتىن بىر ئايالنىڭ قاتتىق چىرقىرىغان ئاۋازى

ئاڭلاندى:

— ۋايجان ! ۋايجان ! ۋاييەي ! ئادەم بارمۇ؟ !

ئەنجانباي شۇنداق قاراپلا يولغا ياندىش سىيلىنغان بىر كونا ئۆي تېمىنىڭ يېنىدىكى ئۈجمىنىڭ بىر تال شېخىغا ئېسىلىپ قالغان بىر ئايالنى كۆردى ـ دە، يۈرىكى قارتلا قىلىپ كەتتى. ئايالنىڭ پۇتى دەسسىگۈدەك بىرنېمىگە ئىلىشالماي ئۇيان ـ بۇيان پىلتىڭلايتتى. قولى شاختىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتسە تۈگەشكىنى شۇ ! قاتتىق يەرگە چۈشىدۇ. سۆڭەكلىرى چېقىلىپ چۇل ـ چۇل بولۇپ كېتىدۇ.

ئەنجانباي قارچىغىنى قويۇۋەتتى. ئاتقا قامچا سالدى. بۇ چاغقىچە بۇنچە قاتتىق قامچا يېمىگەن ئات غەزەپ بىلەن چاپقانچە چېپىپ ئۈجمىنىڭ تېگىگە كېلىشىگىلا ئايال ئېسىلىپ قالغان ھېلىقى شاخ يىرىلىپ ئايال بىلەن دەل ئەنجانباينىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئەنجانباينىڭ ئايالنى كاپلا تۇتۇۋېلىشى بىلەن شاخنىڭ ساغرىسىغا شاققىدە تېگىشىدىن قورقۇپ كەتكەن ئات ئۇلارنى ئېلىپ قاچتى. تىزگىننى كۈچەپ تارتسىمۇ كار قىلمىدى. ئۇ شۇ قېچىشىدا چاپقانچە چېپىپ كېتىۋاتقاندا جۈمەدىن يانغان جامائەت ئۇلارنى كۆرۈپ قورقۇنچىدا چىرقىرىشىپ كېتىشتى. بۇ چىرقىراشتىن ئۈركۈگەن ئات يولنى تاشاقاپ چېپىپ بېرىپ مەسچىتنىڭ تېمىغا ئۈرۈلۈپ، ئالدى پۇتلىرىدا تامنى چاپچىپ ئۆزۈپ ـ ئۆزۈپ كىشنەپ توختاپ قالدى. ئەنجانباي ئايالنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ يەرگە قويدى. ئايالنىڭ قورقۇنچىدا پۇت ـ قولىدا جان قالمىغانىدى. ئۇنى يەرگە قويۇشىغىلا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ جامائەت ئارىسىدا تۇرغانلىقىنى بىلىپ قوللىرى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى. ئۇنىڭ ياغلىقى ئاللىقەيەرلەردە چۈشۈپ قالغانىدى، جامائەت ھاڭ ـ تاڭ بولۇشۇپ تۇرۇشاتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان تۇرسۇن موزدۇز ھودۇققانچە مېڭىپ ئايالنىڭ قېشىغا كەلدى:

— سىڭلىم سىلى؟ ...

ئايال يىغلامسىراپ جاۋاب بەردى:

— سىلى جۇمەگە چىقىپ كەتتىلە، ئىچىم پۇشۇپ يىلىگە بېرىدىغانغا غازاڭ ئالاي دەپ ئۇجمىگە چىقسام شاخ يىرىلىپ كەتتى.

تۇرسۇن موزدۇز ئەنجانبايغا ئېگىلىپ تۇرۇپ بەكمۇ تەسىرلەنگەن هالدا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى:

— رەهمەت ئىنىم، خۇدايىم دىللىرىغا سالغاندەك، ۋاقتىدا كېلىپ قاپتىلا. دۇنيالىقتا بىرلا سىڭلىم بار ئىدى، بالا ـ قازادىن قۇتقۇزۇپ قاپتىلا. خۇدايىم مۇرادلىرىغا يەتكۈزگەي.

تۇرسۇن شۇنداق دېگەچ سىڭلىسىنى يېتىلەپ جامائەت ئارىسىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئەنجانباي ئۇ ئايالنى تونۇمايتتى. قاچان كۆرگەنلىكىنىمۇ ئەسلىيەلمىدى، تۇرسۇن موزدۇزنىڭ ئۇنداق بىر سىڭلىسى بارلىقىنىمۇ ئاڭلىمىغانىدى، جامائەتمۇ بىلمەيتتى. پەقەت تۇرسۇن موزدۇزنىڭ نەچچە يىل ئىلگىرى شەهەردىن مۇشۇ يەرگە يالغۇزلا كۆچۈپ چىققانلىقىنى ئەسلىيەلەيتتى. تۇرسۇن موزدۇزنىڭ ئۇ سىڭلىسىمۇ تېخى تۇنۇگۈنلا شەهەردىن ئاكىسىنى كۆرۈشكە كەلگەنىدى، هېچ كىشى بىلەن تونۇشمايتتى.

ئەنجانباي بىرنەچچەيلەن بىلەن كۆرۈشۈپ هال ـ ئەهۋال سورىشىۋاتقاندا، بىر بۆلۈك ئادەملەرنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ غودۇڭشىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى :

— نەدىكىن بۇنداق ئاسان توغرا كېلىپ قالىدىغان ئىش؟

— قەستەنگە شۇنداق قىلغان.

— سەن قىزىڭنى ئولتۇرغۇزۇۋالساڭ، ماڭا خوتۇن دېگەن جىق دەپ قېيناتىسىغا كۆز ـ كۆز قىلغانلىق.

— مۇهەممەتخان باينىڭ تازا ئوغىسى قاينايدىغان بولدى.

— ئايشەم خېنىمغا ئۇۋال بولدى.

ئۇلار ئارىسىدىن بىرى غىپپىدە ئايرىلدى، قوناقلىققا كىرىپ غايىب بولدى. بۇنى هېچ كىشى كۆرمىدى، ئۇلارنىڭ هېلىقى

گەپلىرى ئەنجانباينىڭ غۇژژىدە ئاچچىقىنى كەلتۈردى. «تۇۋا ! ياخشىلىقىمۇ گۇناھ بولىدىكەن ـ دە !» ئۇ ئەھۋالنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ ئۇلار تەرەپكە مېڭىۋىدى، ئۇلار ئۇنى كۆرۈپ تارقاپ كېتىشتى. «يا ھەزرەت !» دەپلا ئۇمۇ تۇرغان جايىدىلا تۇرۇپ قالدى. «ھەي ! نادان قېرىنداشلىرىم ! ئۆلۈۋاتقاننى قۇتقۇلدۇرمايدىغان، يىقىلغاننى يۆلىمەيدىغان ئۇنداق رەزىل ئادەم مەن ئەمەس، مەن ئەنجانباي !» دەپ تازا بىر تۇۋلىغۇسى كەلدىيۇ، «خەير، بوپتۇ. نېمە دېسە دېمەمدۇ، مەن ئۆزۈمگە پاك، ئاللاغا پاك» دەپ ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئۇ ئاچچىقىدا ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپلا قالدى. يۈز ـ كۆزىنى يۇدى. ئات جىم تۇرماي يەر تاتىلاپ، ئۇنىڭ بويۇنلىرىنى پۇراپ ئېسىگە كەلتۈرگەندىلا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭغىچە زاۋال بولۇپ قالغانىدى. ئاسماندا قاپقارا بۇلۇتلار لەيلىشىپ يۈرەتتى. ھېلىلا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئەسلىدە ئەنجانباي بۈگۈن كەچرەك بولسىمۇ ئايشەمگۈلنى يوقلىماقچى، دەردىنى تۆكۈپ ئۇنى يۇمشاتماقچى، ئاتا ـ ئانىسىنى ماقۇل قىلىپ ئۇنى ياندۇرۇپ كەلمەكچىدى، ھېلىقى زەھەرلىك گەپلەر ئۇنىڭ زەردىسىنى قايىنىتىپ قويدى. شۇ ئاچچىقىدا ئولتۇرۇپ قالدى. مانا ئەمدى باراي دېسە ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە «ھە ! مانا ماراپ كەپتۇ. باشقا غەرىزى بولمىسا قاراڭغۇدا نېمىشقا كېلىدۇ؟» دەپ گۇمان چۈشۈپ قېلىشتىن قورقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايشەمگۈلنى يۇمشىتىپ، ئاتا ـ ئانىسىنى ماقۇل قىلىپ ئۇنى ياندۇرۇپ كەلگۈچىلىك يولدا يامغۇردا قالسا... خەير، بوپتۇ. ئەتىگەندە... ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئۆيىگە ماڭدى.

قارچىغا پېشايۋان تۈۋرۈكىنىڭ قوزۇقىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيگەن، تۈكلىرى ھۈرپەيگەن ھالدا تېپىرلاپ تۇرالماي قالغانىدى. ئۇ ئەنجانباينى كۆرۈپ ئۈچۈپلا كېلىپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە قوندى، سوزۇپ «ۋىك ـ ۋىك» قىلىپ سايرىدى. ئۇ ئادەتتە ئۇۋغا ئېتىلغان چاغدا ياكى تويۇقسىز

بىر نېمىدىن ئۈركۈپ كەتكەن چاغلاردا ئەنە شۇنداق سايرايتتى. قارچىغا ئۇنىڭ مۈرىسىدىن يەنە ئۇچتى. ھويلىنى ئۈچ - تۆت قېتىم ئايلاندى، يەنە سوزۇپ - سوزۇپ ئەنسىز سايراپ يەنە ئۇنىڭ دۈمبىسىگە قوندى. ئەنجانباي سەل ھەيران بولدى. لېكىن، قارچىغا ھېلىقى ئايالنىڭ ۋارقىرىشى، ئۇلارنى ئېلىپ قاچقان ئاتنى كۆرگەن جامائەتنىڭ چۇرقىرىشىدىن قورقۇپ كېتىپ تېخىچە ئېسىگە كېلەلمىگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ كارىمۇ بولمىدى. ئۆيگە كىردى، قارچىغىنى كارىۋاتنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاسقۇغا قوندۇرۇپ قويدى. ئۆيدىمۇ قارچىغا يەنە تېپىرلاپ، قانات قېقىپ زادىلا جىم بولمىدى، يەنە سوزۇپ - سوزۇپ سايراۋەردى. ئۇ قارچىغىنى خاتىرجەم قىلمىش ئۈچۈن ئۇنى سىلىدى، ئىسقىرتىپ ئەركىلەتتى. لېكىن، قارچىغا زادى جىم بولمىدى، بۇ غەلىتە ئەھۋال ئىدى. ئەنجانباي ھېلى ئويلىنىپ قالار دەپ ئۇنىڭغا قاراپ يېتىپ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. تۈنۈگۈن كېچە تاغ باغرىدىكى قارىغاي تۈۋىدە زادىلا ئۇخلىيالمىغان، بوران چىقىپ بىر كېچە تىك ئولتۇرۇپ چىققانىدى. شۇنىڭ دەردىمىكىن، مانا ئەمدى ئۇنى غەپلەت ئۇيقۇسى ئىلكىگە ئالدى.

سامانلىقتىن بىر قارا كۆلەڭگە ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، تام ياقىلاپ مېڭىپ ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلدى. ئىشىكنىڭ تاقاقسىزلىقىنى بىلىپ ئاستا ئىتتىردى. ئىشىك شەپە چىقارماي ئېچىلدى. ئۇ شۇنداق ئۆيگە كىرىشىگىلا قارچىغا ناھايىتى ئەنسىز سايراپ پالاقشىپ كەتتى. بۇنىڭدىن چۆچۈگەن ھېلىقى كۆلەڭگە پالتىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەنجانباينىڭ بېشىنى چەنلەپ كۈچەپلا ئۇردى. لېكىن، پالتا دېگەن نىشانغا تەگمىدى، ئاسقۇغا تەگدى. ئاسقۇنىڭ بىر بېشىدىكى شوينىسى ئۈزۈلۈپ، پالتا ئاسقۇدىكى نەرسە بىلەن قوشۇلۇپلا ئەنجانباينىڭ مۈرىسىگە چۈشتى. ئەنجانباي «ۋاي !» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە ھېلىقى كۆلەڭگە قېچىپ دەرۋازا ئالدىغا بېرىپ بولدى.

دەل شۇ چاغدا قاتتىق چېقىلغان چاقماق ھويلىنى يوپيورۇق قىلىۋەتتى. ئەنجانباي ئۇنى ئوچۇق كۆردى. «ئەھمەت ! !» دەپ توۋلىدى ـ دە، ئۇنى قوغلىماقچى بولۇپ ئالدىغا چامدىدى، لېكىن ئاغرىق ئازابىدىن بېشى قېيىپ جايىغىلا يىقىلدى.

*　*　*

ھېلىمۇ ياخشى، خۇدايىم ئۇنى بىر ساقلىدى.

پالتىنىڭ بېشى تەكمي، كۆرپە، كىگىزلەردىن ئۆتۈپ كارىۋاتنىڭ شېلىنىمۇ يېرىۋېتىپتۇ. خۇداغا شۈكۈر، كۆرىدىغان كۆنى، يەيدىغان رىزقى بار ئىكەن. ھەرنېمە بولسا ئامان قالدى. پالتىنىڭ پەقەت گېلىلا ئۇنىڭ سول مۈرىسىگە تېگىپ، بىسىنىڭ ئۇچى تەرەپ ئۇچىلا تاغىقىنىڭ تېرىسىنى كېسىۋەتتى. قېنى جىقراق ئېقىپ كەتتى. تېۋىپ ئۇنىڭ ئومۇرتقىسىنى دەز كەتكەنگە چىقاردى، بىر ئاي داۋالاپ تالا ـ تۈزگە چىققۇدەك قىلىپ قويدى. شۇغىنىسى، تېخىچە قولىنى پەسكە چۈشۈرۈپ ماڭالمايدۇ. زىڭىلداپ ئاغرىيدۇ، يېڭىنىمۇ ساپالمايدۇ، بوينىغا ئېسىپلا يۈرمىسە بولمايدۇ.

ئەسلىدە دۈشمەنىنىڭ غەرىزى ئۇنىڭ بوينىنى ئۈزۈۋېتىش ئىكەن، خۇدانىڭ قۇدرىتى ئۇلۇغدە ! دۈشمەن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئۈزەلمىدى، مەقسىتىگە يېتەلمىدى، خۇدا ئۇنى خۇددى پاختىنىڭ ئىچىدە ئوتنى ساقلىغاندەك ساقلاپ قالدى. خۇدايىم دۈشمەنىنىڭ قەستىنى قارچىغىنىڭ كۆڭلىگە سالمىغان بولسا، قارچىغىسى دۈشمەننى قورقۇتۇۋەتمەيتتى، ئۇ چاغدا پالتا ئاسقۇغا تەگمەي ئۇنىڭ كاللىسىغا تېگەتتى، كاللىسى پېلىكىدىن ئۈزۈلگەن تاۋۇزدەك دومىلاپ چۈشەتتى. دۈشمەنلەر خۇش بولاتتى، ئانىسى، دادىسى، ئايشەمگۈل... ھە، ئايشەمگۈل يىغلاپ قالاتتى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرى مۇسىبەتتە بولاتتى.

ئۇ بىر ئاي ياتتى. بەزىدە ھوشسىزلىنىپمۇ قالدى. ئانىسى،

دادىسى، ئۆرۈق ـ تۇغقانلىرى، ئەل ـ ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قان يىغلاپ يېنىدىن نېرى كەتمىدى، ئەل ـ جامائەتمۇ كۆندە ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ يوقلاپ، ئېسەنلىك سوراپ تۇردى. لېكىن، قېيناتىسى تەرەپتىن... ياق ياق! بىرەرىمۇ بولسا كېلىپ باقمىدى، ئايشەمگۈلمۇ قارىسىنى كۆرسەتمىدى. ئۇنى ئىزدەپ بارغانلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىدى. ھەي نادان خوتۇن، بىچارە ئەخمەق، شۇ كۈنلەردە بىرەر قېتىم بولسىمۇ يوقلاپ قويغان بولساڭ، قانچە خۇش بولۇپ كېتەتتىم. يوقلاپ قويغانغا نېمە بولۇپ كېتەتتىڭ؟!

قىزىق ئىش، ئاكىسىغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇنى كۆرسىلا ئۆپكىدەك قىزىرىپ ئېسىلىپ كېتىدۇ، يەرگە قارىۋالىدۇ. تۈنۈگۈن ئۇ دەرۋازا ئالدىدا بىرىگە ۋارقىراۋاتقاندا ئەنجانباي گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاپ قالدى:

— ... قىزىتىۋەرسۇن! قارنىنى بۆسۈۋېتىمەن. ئىنىمغا تىرناقتا توختىغۇدەك قىز ئېلىپ بېرەلمىسەم مەن جۇمەخۇن بولماي كېتەي! — گەپنىڭ ئاخىرىغۇ شۇنداق بولدى. بېشىدا نېمە دېگەن بولغىيدى؟ كىمگە قىز ئېلىپ بېرىمەن دەيدىغاندۇ؟ تاشكەنتباينى دەمدىغاندۇ؟ ياق، ئۇنىڭ كېلىشىپ قالغان بىر ئوبدان خوتۇنى بار. ئەمىسە كىمنى دەيدۇ؟ توۋا، ئاكىسى خېلى ئېغىر ـ بېسىق، توختالغۇسى بار ئىدى، نېمىگە شۇنچە ئاچچىقى كەلگەندۇ؟ ئەنجانباي نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىۋىدى «ھېچ ئىش» دەپلا بېشىنى كۆتۈرمەي چىقىپ كەتتى. ئاغىنىلىرىنىڭ قاپاقلىرى نېمىشقا غورا يېگەندەك تۈرۈلۈپ كەتتى. ئانىسى، دادىسىنىڭ «ئۇھ» تارتىپ يۈرۈشلىرىنى دېمەمدىغان تېخى.

ئەنجانباي ئاشۇنداق گىچماچ خىياللار بىلەن قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ بۈگۈن ئايشەمگۈلنى ئېلىپ كەتمەكچى، ھېچبولمىسا ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشۈپ، دەرد ـ ئەھۋالىنى ئاڭلىماقچى، ھالىغا يەتمەكچى، ئۆزىمۇ بېشىغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەملىرىنى تۆكۈپ، ئۇنىڭ «ياق، ئۇنداق ئادەم ئەمەس»

دېگىنىنى ئاڭلىماقچى. ئۇ شۇنداق دەيدۇ، چوقۇم شۇنداق دەيدۇ. بۇ گەپنى ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىم دەيتتى؟! ئۇ ئاشۇ گەپنى دېسە، يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان تاغنى چۆرۈۋەتسە!... ئىلاھىم شۇنداق بولغاي!

ئەنجانبايىنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىنى ئۆيدىكىلەرنى بىلمەي قالدى، بىلگەن بولسا، «ھەي بولدى، سەن ساقايغاندا بارايلى» دەپ كەلگىلى قويمايتتى. ئۇلار نېمىدىن خاپا بولىدىكىنتاڭ.

ھېلىقى ئىت ئۇنىڭ پاچىقىغا ئىسىلىپ ئەركىلەپ تۇراتتى. قېيىناتىسى چىقتى، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. نازۇنېمەتلەر بىلەن ئوبدان مېھمان قىلدى. لېكىن، ئەنجانبايدىن ھال - ئەھۋال سورىمىدى، پەقەت ئۇنىڭ ئىسسىقلىق قولىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىلا قاراپ قويدى، خالاس. ئايشەمگۈلمۇ، قېيىنانىسىمۇ، خىزمەتچى ئايال بەختىخانمۇ كۆرۈنمىدى. بۇلار نەگە كەتكەندۇ؟ دەپ خىيال قىلىپ ئولتۇراتتى، باغ تەرەپتىكى ھويلىدىن نەغمە - ناۋانىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. مېھمان بار ئوخشايدۇ، ئايشەمگۈلنى بىللە ئېلىپ كەتسەم بىئەپ بولىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ ئەتە كەلمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. قېيىناتىسى سىلىق - سىپايىلىك بىلەن ئۇنى يەنە ئولتۇرغۇزدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى:

— بالام، مەن سىلىگە دۇئا قىلاي، بىز بىر يىلدەك ئاتا - بالا بولدۇق، ئوبدان ئۆتتۇق، مەن رازى. ئەمدى مەن شۇ بالىنى سىلىدىن تىلەيمەن، خېتىنى بەرسىلە. جاھاندا خوتۇن جىق، سىلىگە خۇدايىم ئوبدان يەردىن بەخت گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇپ بېرەر. بالىنى سىلىدىن تىلەيمەن.

ئەنجانباي بۇ گەپلەرنىڭ ئۆزىگە قىلىنىۋاتقانلىقىغا ئىشەنمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، ھاڭ - تاڭ بولۇپ ئەتراپىغا قارىدى. ئۆيدە ئۆزى، قېيىناتىسىدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. ئۇ قېيناتىسىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي، چۈشىنىپ

تۇرسىمۇ ئىشەنمەي:

— نېمىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— قىزىمنىڭ، ئايشەمگۈلنىڭ خېتىنى بەرسىلە دەۋاتىمەن، خېتىنى بەرسىلە.

ئەنجانباي شۇندىلا ئۆزىنىڭ خاتا ئاڭلىمىغانلىقىغا ئىشەندى - دە، تۇيۇقسىزلا بېشىغا كالتەك تەگكەندەك چۆچۈپ كەتتى. چاچراپلا ئورنىدىن تۇردى، لېكىن شۇ ھامان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ قول باغلاپ تۇرۇپ:

— دادا، غەلىتە گەپ قىلىۋاتىدىلىغۇ؟ نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ ئۇنداق دېمىسىلە، ئۆيىمىزنى تۇتۇپ قالايلى. سىلىگە ئۆمۈرلۈك بالا بولۇپ قالاي، — دەپ يالۋۇردى.

— ياق، بولمايدۇ، ئايشەمگۈل ئەمدى بارالمايدۇ.

— دادا، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ گۇناھىم بولسا تىلەي.

— ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە ئايان. بولدى ئەمدى، بىزنى باش كۆتۈرگۈسىز قىلىۋەتتىلە، ئايشەمگۈلمۇ نومۇس - ئەلەمدىن ئۆلەيلا دەپ قالدى. ئۇنىڭ ئەمدى سىلىگە قارايدىغان كۆزى يوق. شۇنداق بولسۇن، گەپ بىر، قولاق ئىككى، ۋەسسالام، ئىشىمىز تۈگىدى!

— ئايشەمگۈل...

— بولدى! يەنە نېمە راڭ - راڭ؟ — ئەنجانباينىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى، قېيناتىسى گەپنىڭ بېلىگە تېپىپ گەپنى ئۈزۈپ ۋارقىرىدى، — ئايشەمگۈل مېنىڭ قىزىم، مېنىڭ گېپىم گەپ! سېنىڭ ھەققىڭ يوق، چىق ئۆيدىن!

ئەنجانباينىڭ ئاچچىقىدا بۇرۇتلىرى لىك - لىك تىترەپ كەتتى. ئۇ ئىچكەركى ئۆيدىن چىقىۋېتىپ ئايشەمگۈلنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ قاتار ئۆيلەرنىڭ بىرىدىن چىقىپ يەنە بىر ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

— ئايشەمگۈل.

ئايشەمگۈل تاققىدە توختىدى، كەينىگە قارىدى.

ئەنجانباي تېزلا ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. شۇ ئارىدا ئايشەمگۈلنىڭ ئۆدۈلىدىكى ئۆيدىن بىر قول چىقىپلا ئۇنى سۆرەپ كىرىپ كەتتى. ئەنجانباي دەمبەس قەدەم بىلەن بېرىپ بولغۇچە ئىشىك تاقىلىپ بولدى. ئىتتىرىپ باقتى، ئېچىلمىدى. چېكىپ باقتى، سادا چىقمىدى، ئاخىر بولالماي ئىشىكنى يەڭگىل مۇشتلاپ تۇرۇپ توۋلىدى:

— ئايشەمگۈل، ئايشەمگۈل، ئايشەمگۈل... — ئىشىك ئېچىلمىدى، جاۋابمۇ بولمىدى. ئەنجانباي يەنە توۋلاۋەردى، — ئايشەمگۈل، ئىشىكنى ئاچسىلا، بىر ئېغىز بولسىمۇ گېپىمنى ئاڭلىسىلا.

ئىشىك غاچچىدە ئېچىلدى، قېيىنانىسى بېشىنى چىقاردى:

— ھە، نېمە گەپ؟ ئايشەمگۈلدە نېمە ھەققىڭ بار؟ قىلغۇلۇقنى قىلىپ، يۈزىمىزنى يوق قىلدىڭ، ئىزا تارتماي يەنە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ يۈزى يوق پەس، نائەھلى ماكانسىز، رەسۋا!

ئەنجانباي چىداپ تۇرالمىدى. قېيىنانىسىنى قىستاپلا ئۆتۈپ ئۆيگە كىردى. ئايشەمگۈل گىجىم رومالنى چوڭقۇر سېلىپ يۈزىنى يۆگەپ ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى ياكى خىجىل بولۇپ ئولتۇرغانلىقىنى، رەڭگىرويىنىڭ قانداق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، پەقەت ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشلىرىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. نېمىگە ئازابلىنىدۇ؟ ئۆزىگە كەلگەن خورلۇققىمۇ ياكى خۇدايىم بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭ دىلىغا سالغان بولسا، تۆھمەتلىكنى بىلىپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپمۇ؟

— ياق، ياق! مەن كەتمەيمەن! بۇ جاندىن تويدۇم!

ئايشەمگۈل ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى.

— خېنىم، ماڭا ئىشەنسىلە، خۇدا ھەققى ماڭا ئىشەنسىلە، سىلىنىڭ ئاڭلىغان - بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسى تۆھمەت! قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىمەنكى، مەندە ئۇنداق ئىش يوق.

شۇ ئارىدا قېيىناتىسى ھاسىراپ كىرىپ كەلدى:

— ھە! سەن تېخى خوتۇن خەقنى بوزەك ئېتىۋاتامسەن؟ مەن گەپنى ئۇزۇپ بولغان! يەنە نېمىگە گىزىرىپ تۇرىسەن؟! چىق ئۆيدىن.

ئۇ شۇنداق دەپلا ئەنجانبايىنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ سۆرەپلا تالاغا ئېلىپ چىقتى. دەل شۇ چاغدا نەغمە ئاۋازى يېقىنلىشىپ، باغ تەرەپتىن يىگىرمە - ئوتتۇزدەك لۈكچەكلەر چىقىپ كېلىشتى. ئۇلار ئالىتاغىل ناخشا ئېيتاتتى. ناخشىغا داپ - دۇمباق، چاۋاكلىرىنى تەڭكەش قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئېلى قازىنىڭ ئوغلى ئەھمەت يەنە بىرى بىلەن ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناپ كېلىپ ئەنجانبايىنىڭ ئالدىنى توستى. باشقىلىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ناخشا ئېيتىپ، داپ - دۇمباق، چاۋاكلىرىنى چېلىپ، ئەنجانبايىنى چۆرىدەپ ئوتتۇرىغا ئېلىشتى.

ئەھمەت ناخشا، سازلارغا ماس كەلتۈرۈپ، قوللىرىدىن قارس چىقىرىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ ئەنجانبايىنى ئايلىنىپ ئوينايتتى. ئايلىنىپ يۈرۈپ ھەر قېتىم ئەنجانبايىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۆزلىرىنى ھەر قىسما قىلاتتى، ئاغزىنىڭ بىر بۇرجىكىنى مىت - موت قىلىپ قوياتتى، ئالىيىپ تۇرۇپ قېشىنى سەت تاشلايتتى. تۇمشۇقىنى سوزۇپ بوينىنى قىساتتى.

لۈكچەكلەرنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرى مەھەللىنى بىر ئالدى. ئەھمەت ناخشىغا ماس كەلتۈرۈپ، ئەنجانبايىنى ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئويناپ ئۇنى مەسخىرە قىلىۋەردى.

ئاخشام كەپتۇ ئاشنام،
يامانلاپ ئېرىدىن.
ئويىنىدىم قانغۇچە،
قۇچاقلاپ بېلىدىن.

ئۇلار ناخشىنىڭ ياندۇرمىسىنى سوزۇپ - سوزۇپ ئېيتاتتى.

ئەنجانباي غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ مىڭ يېرىگە پىچاق تىقسا قان چىقمايتتى. خورلۇق ئەلىمى جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى چەكچەيتىپ ۋارقىرىدى:

— ھەي لالىلار، بۇ ئۆيدە بۇنداق قالايمىقان تۇۋلاشقا نېمە ھەددىڭ؟ ! !

قېيناتىسى ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— تىلىڭنى تارت، لالما ئىت دېگەن سەن ! سەندەك ماكانسىزلارنى لالما ئىت دەيدۇ ! بۇلار مېنىڭ مېھمانلىرىم !

— دادا، ئۆزلىرىنى بېسىۋېلىپ سۆزلىسىلە، سىلىمۇ بۇ لالما ئىتلارنى بۇ ئۆيگە نېمىشقا ئۆگىتىلا؟ ! سىلىنىڭ ئۆيدە، سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا ئاغزىلىرىدىن پوقنى ئاقتۇرۇپ ئايشەمگۈلنىڭ شەنىنى بۇلغاپ ھاقارەت قىلىۋاتسا نېمىشقا توسمايدىلا؟ ! نومۇس قىلمامدىلا؟ !

— ھە ! نومۇس قىلغۇدەك نېمە ئىش قىپتىمەن؟ ! سولامچىلىق قىپتىمەنمۇ؟ !

— ئەمىسە بۇ لالىلار بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ !

ئەھمەت ئاغزىنى مايماق، بىر قېشىنى ئۈستۈن، يەنە بىر قېشىنى پەس قىلىپ ۋارقىرىدى:

— ھەي ماكانسىز غالچا ! ! نېمە ھۆركىرەيسەن؟ ! نوچى بولساڭ، نوچىلىقنى بىزگە كۆرسەت قېنى !

ئۇ قولىنى كەينىگە شىلتىدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ لۈكچەكلىرى شارتلا قىلىپ پىچاقلىرىنى چىقىرىشتى. خۇددى ئەنجانباينىڭ كۆزىنىلا قوچۇپ تاشلايدىغان ئەلپازىدا پىچاقلىرىنى دەل ئۇنىڭ كۆزىگە تەڭلەپ دېۋەيلەپ كېلىشتى. ئەنجانباي قەدەممۇقەدەم ئارقىغا چېكىندى. چېكىنىپ ـ چېكىنىپ دەرۋازىدىن چىقىپ يولغا چۈشتى ـ دە، بەدەر قاچتى. ئۇ قورقۇپ قاچمىدى، ياق، ياق ! ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، نومۇس قىلدى ! نومۇس كۈچىدىن قاچتى، نومۇستىن ! «ئەنجانباي خوتۇنىنى كۈنلەپ قېيناتىسىنىڭ ئۆيدە جېدەل چىقاردى» دېگەن ئاتاقتا قېلىشتىن قورقتى !... ئۇ

قېچىۋاتقاندا ئېسىقلىق قولى رومالدىن چىقىپ كەتتى. قولى زىڭغىدە قىلىپ، ئاغرىق مېڭە ـ مېڭىلىرىگە چىقتى. قولىنىڭ ئاغرىقىدا تېزرەك يۈگۈرەلمەي قالدى. ئۇ قېچىپ تۈگمەننىڭ قېشىغا بارغاندا ئەھمەتنىڭ لۈكچەكلىرى ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى. بىرى ئۇنى پۇتلاپ يىقىتىۋەتتى. قالغانلىرى بىر تەرەپتىن تەپسە، بىر تەرەپتىن مۇشتلاۋەردى، ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدىغاندەك، ئەمدى ئەنجانباي چىداپ تۇرالمىدى. ئوڭ قولى بىلەن ئاغرىق قولىنى جەينىكىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، بىر سىلكىنىپلا ئورنىدىن تۇردى. ئالدىغا كەلگەننى بىرلا تېپىپ تىك موللاق چۈشۈرۈۋەردى. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئون نەچچە ئادەم يەر چىشلەشتى. قالغانلىرى قېچىشتى. قېچىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدىن ئەھمەتنى قوغلاپ بېرىپ ئۇنىڭ گەدىنىگە كەلتۈرۈپ بىر مۇشت قويۇپ ئۇنى دۈم يىقىتىۋەتتى. ئاچچىقىنى باسالماي ئۇنىڭ ئىككى تاغىقىغا بىرنەچچىنى تىزلىۋەتتى، گەدىنىدىن تۇتۇپ بېشىنى يەرگە ئۇستۇردى. يەنىلا ئاچچىقى بېسىلماي ئۇنى بىر قولى بىلەنلا قاماللاپ كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئەھمەت چىرقىراپ سالدى:

— ۋايجان! ئادەم ئۆلدى!! ئادەم ئۆلدى!!

ئېلى قازى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماراپ كەلگەنىدى. ئوغلىنىڭ ئۆلەر ھالىدىكى چىرقىرىشىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭغىچە ئەنجانباي ئۇنى تۈگمەننىڭ غولىسىغا تاشلىۋەتتى.

ئېلى قازى بۇنداق بولارنى ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا ئەنجانباي ئاشۇنداق يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئادەمنىڭ قولىدىكى بىر سىقىم تۈك ئىدى. ئۇلارنى مۇشۇ ئىشقا يارايدۇ دەپ باققان، ھېلىقى قوشاقنىمۇ ئۆزى توقۇپ بەرگەن، نېمە قىلىشنىمۇ ئۆزى ئۆگەتكەنىدى. بۇنداق رەسۋا بولۇشىنى كىم بىلسۇن؟ ئۇ ئەلىمىگە چىدىماي بېرىپلا ئەنجانبايغا ئېسىلدى، تەستەك بىلەن بىرنى سالدى. ئۇ قازى تۇرسا، كىمنى ئۇرسا ئۇرۇۋېرىدۇ، كىم

ئۇنىڭغا قول ياندۇرالىغان؟ ! لېكىن، بۇ قېتىممۇ ئۇ ئويلىمىغان ئىش يەنە يۈز بەردى، ئەنجانباي ئۇنى تەتۈر مۇشت بىلەن كەلتۈرۈپ بىرنى سالدى. بۇرنى مىجىلدى. بېشى قېيىپ يىقىلىپ چۈشتى.

ئەنجانباي خىر قىرىشىپ ئىنجىقلاپ ياتقانلارغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا مەنسىتمەسلىك بىلەن شۇنداقلا قاراپ قويدى ـ دە، «ھىم !» دەپ دىمىغىدا مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇپ تۈگمەن ئۆستىڭىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى.

ۋەقەدىن خەۋەردار بولغان ئوپاللىقلارنىڭ شاھىت بولۇشىچە، شۇنىڭدىن كېيىن مەيلى ئاز، مەيلى كۆپ بولسۇن، ئۇنى بىلىدىغان ھېچ كىشى ئۇنىڭغا ئوچۇق چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان...

* * *

ئەنجانبايغا كەلگۈلۈك تۆپە ـ تۆپىلەپ كېلىۋەردى...

لۈكچەكلەر بىلەن ئېلىشقاندا جاراھەت قوزغىلىپ قالغانىدى، ئۇ يەنە يېتىپ قالدى. مۈرىسى تاغىقى بىلەن قوشۇلۇپ خۇددى چۆل ـ چۆل بولۇپ كەتكەندەك ۋىژىلداپ ئاغرىپ، ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزدى، رەڭگىمۇ سارغىيىپ كەتتى. ئۇ شۇ ھالدا ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزدى. تۆتىنچى كۈنى ناماز بامداتتىن كېيىن ھويلىغا ئادەم تولدى. ئەنجانباي خۇش بولۇپ كەتتى، ھەرنېمە بولسا جامائەت يوقلاپ كەپتۇ، بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇنى تاشلىماپتۇ.

ئۇ دادىسىغا يۆلىنىپ ئارانلا تۇردى. ئۇلارغا ئېگىلىپ سالام قىلدى. لېكىن، كىرگەنلەر ئۇنىڭدىن ئېسەنلىك سورىمىدى، بېشىنى سەل ئېگىپلا سالام قىلىپ قويغاندەك قىلدى. ئارىدىن بىر يۈزبېشى ئالدىغا چىقتى:

— ياقۇپباينىڭ ئۈچ قويىنى، بىر كالىسىنى ئوغرى ئاپتۇ. ئوغرىنى تاپايلى دەپ جامائەت مەھەللە ـ مەھەللىلەرگە بۆلۈنۈپ

ئۆي ئاختۇرۇۋاتىدۇ، شۇ ۋەجدىن بىزمۇ ئۇ ئۆي ئاختۇرۇپ نۆۋەت بويىچە سىلىنىڭ ئۆيگە كېلىپ قالدۇق. بىزمۇ ئۇ ئۆي چالا قالمىدى. خاپا بولمىسىلا، ئۆيلەرنى كۆرۈپ باقساق.

— بولىدۇ، بولىدۇ. ناھايىتى ئوبدان قىلىشىپلا، كۆرۈپ بېقىشسىلا، — دېدى ئەنجانباي خۇشاللىق بىلەن ھېچنېمىدىن خەۋەرسىزلا.

جامائەت ئۆگزىلەرگە چىقىشتى. شاخ - شۇمبىلارنىڭ ئارىسىنى ئاختۇرۇشتى، ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئۇيان - بۇيان يۆتكەپ ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتى. ئۇلار ئىزدىگەن گۆش - پۆش، كالىلا - پاچاق، تېرە - پېرە دەيدىغان نەرسىلەر چىقمىدى. شۇ چاغدا يۈزبېشىنىڭ كۆزى ئۇدۇلدىكى ئۆيگە چۈشتى. بۇ قىشلايدىغان كىچىككىنە ئۆي ئىدى. ئەنجانبايلار باش ئەتىيازدىلا يازلىق ئۆيگە يېنىپ چىققانىدى. ھاجىتى بولمىغانلىقتىن، شۇ چاغدىلا قۇلۇپ سېلىپ قويۇلغانىدى، ئىككى - ئۈچ ئايدىن بېرى ئۇ ئۆي قۇلۇپ سېلىنغان پېتى تۇراتتى.

— ئاشۇ ئۆيلا قاپتۇ، — دېدى يۈزبېشى تۇمشۇقى بىلەن ئۇ ئۆينى شەرەتلەپ كۆرسىتىپ، — ئۇ ئۆيمۇ چالا قالمىسۇن.

— ئەنجانباي ئاچقۇچنى يۈزبېشىغا تەڭلىدى.

— مانا مۇشۇ ئاچقۇچ.

يۈزبېشى ئاچقۇچنى ئالغىلى ئۇنىمىدى:

— ياق، ياق، ئۆزلىرى باشلاپ بەرسىلە.

ئەنجانباي ئىلاجسىز دادىسىغا يۆلىنىپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆيگە كىرىشىگىلا گۆشنىڭ گۇپپىدە پۇرىقى ئۇرۇلدى. ئەنجانباي ھەيران قالدى. غەلىتە ئىش، گۆش پۇرايدىغۇ؟! جامائەت ئۇيان - بۇيان ئىزدەشتى، ئاخىر ئوچاق ئالدىدا توختاشتى. ئوچاققا كەپلىشىپ قالغان جۇل - جۇل قىل تاغارغا كۆزى چۈشۈشتى. پۇراق شۇ تاغاردىن كېلىۋاتاتتى. تارتىپ چىقىرىپ ئاغزىنى ئېچىشتى، ئىچىدىن كالىنىڭ تېرىسى

چىقتى. ھەممە ئادەم تىمتاس تۇرۇپ قالدى، بىردەمدىن كېيىن يەنە زۇۋانى ئېچىلدى:

— تېپىلدى، تېپىلدى!

— چىقتى، ئىشقىلىپ چىقتى! بولمىسا ئاۋۇ ئالدىمىكىن، ماۋۇ ئوغرىلىدىمىكىن دەپ ھەممىمىز گۇمانغا قالاتتۇق.

— شۇنداق بولمامدىغان، ئوغرى بىردىن گۇمان قىلسا، ساق ھەممىدىن!

— ئۇنداق ئادەم ئەمەس ئىدى.

— ئەمدى... ئىنسانچىلىق...

— بۆرىسى يوق جاڭگال بولماس، ئوغرىسى يوق يۇرت بولماس.

— ۋاي خۇدايىم، توۋا قىلدىم، توۋا!

ئەنجانباي داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بىر ھازادىن كېيىن ھوشىنى تېپىپ مورىنىڭ ئىچىگە قارىدى. مورىنىڭ ئىسلىرى خۇددى بىرى سۈپۈرۈپ - سىيرىپ چۈشۈرۈۋەتكەندەك ئوچاق بېشىغا تولۇپ كەتكەنىدى. بۇ تاغارنى مورىنىڭ تۆپىسىدىن تاشلىغاندا تاغار بىلەن بىللە سىيرىلىپ چۈشكەن ئىس ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. بۇنى ھەممە بىلگەنىدى.

— دۈشمەنلىك قىپتۇ، بىرى مورىدىن تاشلاپتۇ. ئەنە قاراڭلار! مورىدىن تاشلاپتۇ، دۈشمەنلىك! — دەپ توۋلىدى ئەنجانباي، — ماقۇل، تېرىغۇ مۇشۇ ئۆيدىن چىقىپتۇ، ئويلاپ بېقىڭلار، مەن مۇشۇ ھالىم بىلەن قانداقمۇ كالا ئوغرىلاپ كېلەلەيمەن، ئىمانىڭلار بىلەن بىرنېمە دېمەمسىلەر؟ ھوي مۇسۇلمانلار، لىللا بىر گەپ قىلىڭلار!

يۈزبېشى سەل خىجىل بولغاندەك قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئۇ تەرەپلىرىنى بىز بىلمىدۇق، ئىشقىلىپ، تېرە مۇشۇ ئۆيدىن چىقتى. يوقالغان كالا بىر، قوي ئۈچ، بۇنىڭغا ۋاقتى كەلگەندە ئۆزلىرى بىرنېمە دەرلا، — ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلدى، —

قېنى سىلى ياقۇپباي، تېرىنى كۆرۈپ باقسىلا، كالىنى تونۇۋالسىلا.

ياقۇپباي تېرىنى ئۇيان ئۆرۈپ، بۇيان ئۆرۈپ تازا سىنچىلاپ بىرهازاغىچە قارىغاندىن كېيىن چوڭ بىرنى تىنىۋالدى:

— بىزنىڭ كالىنىڭ سۆڭگىچىدە ئالىقاندەك يېغىرى بار ئىدى، ئەتىيازدا قوشچىلار تولا سانجىپ يېغىر قىلىۋېتىپتىكەن، بۇنداق ئالىسى يوق ئىدى.

— هوي ياقۇۋاخۇن، ئەتىيازدا يېغىر بولغانىدى، دەيدىلا. هازىر نەۋاخ، هازىر ئورما ئاياغلاشتى، نەچچە ئاي ئۆتكەن تۇرسا، يېغىر ساقايماي قالامتى؟ يېغىر ساقايسا ئورنىغا ئاشۇنداق ئاق تۈك ئۈنىدۇ، ئالا بولۇپ قالىدۇ، — دېدى بىرى ئۈنلۈكلا. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسىنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ شۈك بولۇپ قېلىشتى.

ئەنجانبايغا چاپلانغان بەتنامىلار ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى! ئايشەمگۈل ئىزا ـ ئاهانەتلەرگە چىدىيالماي كېچە ـ كۈندۈز يىغىدىن باش كۆتۈرەلمىدى، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالدى.

— ياق، كۆرۈشمەيمەن! ئۇنداق يۈزسىز بىلەن ھەرگىزمۇ ياراشمايمەن! ئۇ ئاشۇ جالاپلارنى چېكىسىگە گۈل قىلىپ قىسىۋالسۇن! مېنى شۇنداق خورلامدۇ؟! ئىسىت ئەقىدەم! لېكىن، ئۇ ئوغرى ئەمەس، بۇنىڭغا ئىمانىم كامىل!

يالۋۇرۇش، نەسىھەت قىلىشلارمۇ كار قىلمىدى، ئەلچى بولۇپ بارغانلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق غەزەپلىك جاۋابلارنى ئېلىپ كېلىپ، يەرگە قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

ئەنجانباي ئىلاجسىز قالدى، «بوپتۇ، ئۇنداق بولسا هازىرچە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا ئازراق ۋاقىت تۇرۇپ تۇرسۇن. شۇنىڭغىچە ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپمۇ قالار ھەمدە مېنىڭ ئۇنداق ناپاك ئادەم ئەمەسلىكىمنىمۇ بىلىپ قالار،» ئۇ شۇنداق ئۈمىد ـ ئىشەنچ بىلەن ساقلاپ تۇرۇش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇش، دەردىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن شۇ

كۆنلەردە ئەدەپ كەتكەن چېلىشىش سورۇنلىرىغا كىرىپ كەتتى.
شۇ كۈنلەردە بىرنەچچە ئۈيلۈك ئادەملەر بىرلىشىپ تۆت ئوغرىنى تۇتۇۋېلىشتى. بۇ ئوغرىلارنىڭ ئارىسىدىكى ياقۇپ قىلتاق دېگەن ئوغرى ھېلىقى ياقۇپبايىنىڭ كالا، قويلىرىنى ئۆزىنىڭ ئوغرىلىغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. لېكىن، ئەنجانبايىنىڭ ئۆيىنىڭ موريسىدىن ھېلىقى كالا تېرىسىنى كىمنىڭ تاشلىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ئادەم چىقمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، جامائەت غۇلغۇلا قىلىشىپ، باشقا بىرىنىڭ ئۈنىگە بەتنام چاپلاش ئۈچۈن قەستەن شۇنداق قىلغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ قېلىشتى.

# ئون ئىككىنچى باب

## چېلىشچى

1938 ـ يىلى ھوشۇر ئېيى، جۇمە كۈنى، ئوپال ئىماملىرىم. مىڭ ـ مىڭ ئادەملەر توپى چەۋەندازلارنىڭ ئوغلاق تارتىشلىرىنى، پالۋانلارنىڭ چېلىشىشلىرىنى تاماشا قىلماقتا... ھاۋا ـ جاھان ئىللىغان، قۇرت ـ قوڭغۇزلارمۇ مېڭىپ، سۆگەت چوكانلارمۇ ئېچىلغاندى. قۇيۇن ئارىلاش شامال چىقىپ غازاڭ ـ غۇزۇڭلارنى ئۇچۇرۇپ، توپىلارنى توزۇتاتتى. توپا ـ چاڭدىن دىماغلار قۇرۇپ، قۇرۇق يۆتەل تۇتاتتى، چۇشكۇرەتتى. لېكىن، كىشىلەرنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمايتتى، ھەۋەس بىلەن ئويۇن كۆرەتتى.

چېلىشچىلار دەسلەپتىلا ئىككى توپقا بۆلۈندى. ئوپاللىق پالۋانلار بىر توپ بولۇپ بىر تەرەپتە تەييار تۇرۇشتى، باشقا يۇرتتىن كەلگەن پالۋانلار بىرلىشىپ بىر توپ بولۇپ يەنە بىر تەرەپكە ئۆتۈشتى. چېلىشىش سورۇنى قىلىپ ئۈچ تەرىپى ئېگىز دۆڭلۈك، ئوتتۇرىسى تەكشى تۈزلەڭلىك مەيدان تاللانغانىدى. چېلىشىشنى چېلىشىشتا پىشقان، ھازىر قېرىپ كۈچىدىن قالغان، بۇرنى مايماق، بىر قولى چولاق، ئوڭ تاغىقى سۇنۇق، ئاغزىدا چىشى يوق بىر توكۇر بوۋاي باشقۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا جېدەل قىلغۇچىلارنى ئەدەپلەش ئۈچۈن، كالتەك، چوماقلىرىنى تۇتۇشۇپ بىرنەچچە دورغا تىك تۇرۇشاتتى. بەگلەر بىلەن يۇرت كاتتىلىرى ئاتلارغا مىنىشىپ تۇرۇپ، «ھە» «ھۇ !» دەپ ۋارقىراپ چېلىشنى قىزىتماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋارقىراشلىرىنى، چېلىشچىلارنىڭ قارشى تەرەپنى گۇپ ـ گۇپ يەرگە ئاتقان

ئاۋازلىرىنى جامائەتنىڭ ساداسى بېسىپ چۈشمەكتە ئىدى:

— بەللى، بەللى ! ئەزىمەت ئىكەن.

— كۆتۈرۈپ ئاتمىسا ھېساب ئەمەس !

— بارىكالللا ! يارايسەن !

— ئاۋۇ پاكىز چېلىشچى ئىكەن، چىرماق سالمايدىكەن، كۆتۈرۈپ تاشلايدىكەن !

— ئاۋۇ يىگىت يىغمايلا كۆتۈرۈپ ئاتىدىكەن ! ئۇنىڭغا ئادەم چىقمايدۇ.

— ماۋۇ بىرنېمە پاسكىنا چېلىشچى ئىكەن، چىرماق سالىدىكەن !

چېلىشىش راسا قىزىدى. چېلىشچى پالۋانلار كۆپ ئىدى. بەش جۈپتىن بولۇپ چۈشەتتى. كەچ كىرىپ قالاي دېگەندىمۇ يەنە بىرمۇنچىسى تېخى نۆۋەت كۈتۈشۈپ تۇرۇشاتتى. دەل شۇ چاغدا بىرى بەگنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇلداپ:

— سايباغ① دىن بىر پالۋان كەپتۇ، چېلىشمەن دەپ تەقەززا بولۇۋاتىدۇ، دېدى. بەگ قامچىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ شىلتىپ ۋارقىرىدى:

— ھاي، توختاڭلار ! چېلىشچىلار بىر - بىرىنىڭ بەللىرىنى تۇتۇشقان ھالدا چىپپىدە توختىدى، — خالايىق، سايباغدىن كەلگەن پالۋاننىڭ چېلىششىنى كۆرەيلى، قىزىق ئۇچاقتا تۇتۇرۇق لازىم ئەمەس ! قېنى پالۋان مەرھەمەت !

تاماشا كۆرۈۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدىن كېلىشكەن، ئوتتۇرا بوي، سىم ساقال، سېمىز، قىرىق ياش چامىسىدىكى بىر ئادەم ئورنىدىن تۇردى. كۆكسىگە قولىنى ئېلىپ جامائەتكە سالام قىلدى.

ئوپال پالۋانلىرىدىن ياشلا بىر يىگىت مەيدانغا چۈشتى. ئۇ سايباغلىق پالۋاننى پەسەنت قىلمىغاندەك ئۆرۈرەك تۇرۇپ ئۇنى

① سايباغ — قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىن 4.1 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

كۆتۈرۈپ تۈزلىنىۋاتاتتى، ھېلىقى پالۋان تۈيۈقسىزلا ئۇنى يۇتمىگە ئېلىپلا بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ يەرگە تاشلىۋەتتى. بەگ ئېگەردىن كۆتۈرۈلۈپ «ئاپلا! چاتاق بولدى، بۇ پەلۋەتمۇ چېلىشىدىغان نېمىكەنغۇ!» دەپ ئەتراپقا قارىدى. ئۇنىڭغىچە تۆت يىگىت تەڭ مەيدانغا كىردى. باشقۇرغۇچى بوۋاي بىردىن ـ بىردىن چۈشۈشنى بۇيرۇدى. ئىككىنچى قېتىم چۈشكەن يىگىتمۇ خوپ داڭلىق چېلىشچى ئىدى. ئۇ يۇتمىگە ئېلىنىپ يەرگە ئۇرۇلدى، ئۈچىنچى پالۋانمۇ چۈشتى، ئۇنىمۇ ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە يەرگە ئۇردى. شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى مېھمان ئارقا ـ ئارقىدىن يىگىرمە بەش پالۋاننى توپىغا مىلىدى. ئۇپال پالۋانلىرىغا ئەندىشە چۈشتى. بۇ چاغدا ئەنجانباي ئۇغلاقچىلار بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. بىر دورغا ئەنجانباينى ئىزدەپ كېلىپ، «بېگىم خىجىل بولۇپ قالدى. سايباغدىن كەلگەن مېھمان ئادەم قويماي تاشلىۋەتتى، ئادەم چىقىشمىدى» دېدى. ئەنجانباي ئۇغلاقنى تاشلاپ، ئېتىنى چاپتۇرغانچە چېلىشىش مەيدانىغا كەلدى. ئۇ مېھمان ئابدۇللاخان دېگەن پالۋان بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. ئابدۇللاخان ئۇ مېھماننى ئۈچ قېتىم كۆتۈرۈۋالدى. ھەر قېتىم تاشلىغاندا دەسسەپ چۈشتى، يىقىلمىدى. ئاخىر ئۇ ئابدۇللاخاننى «ھو!» دەپلا يۇتمىگە ئېلىپ تاشلىۋەتتى. «يىگىرمە يەتتىنى ئاتتى» دېيىشتى جامائەت.

ئەنجانباي ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، توپىنى يېرىپ مەيدانغا كىردى. ئابدۇللاخان قالتىس چېلىشچى ئىدى. ئەنجانبايغا يان بولالايتتى.

ئەنجانباي سېرىق يۇڭ چەكمەن كىيىدى، بېلىگە بەلۋاغ باغلىدى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئۆتۈكنىڭ قونچىدىكى كۆك ساغرا غىلاپلىق پىچىقىنى ئېلىپ باشقۇرغۇچىغا چۆرۈپ تاشلاپ بەردى. تەرەپ ـ تەرەپتىن كىشىلەر:

— دىققەت قىلسىلا، بۇ پەلۋەتمۇ چېلىشچى ئىكەن. پاخشە قىلىپ قويمىسۇن يەنە! — دەپ ئەنجانباينى ئاگاھلاندۇردى.

ئەنجانباي ئۇ مېھمان بىلەن كۆرۈشتى. ئاندىن تىك تۇرۇپ:

— قېنى مېھمان، تۇتۇشۇپ باقايلى، — دېدى.

مېھمان تەكەللۇپسىزلا قول ئۇزىتىپ ئەنجانباينىڭ بىلىكى بەلۋاغىنى ياندىن تۇتۇپ ئوڭ قولىغا ئۈچ قېتىم ئوراپ توختىدى.

— تۇتۇپ بولدىڭىزمۇ؟

— تۇتۇپ بولدۇم.

— خوپ. ئەمدى مەن تۇتۇۋالاي.

ئەنجانباي شۇنداق دەپلا بىر قولىدا مېھماننىڭ بەلۋېغىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى چىگىلگەن يېرىنى، يەنە بىر قولىدا بىقىنىدىن تۇتتى. مېھمان تۇيۇقسىزلا يۇتمىگە ئالماقچى بولۇپ «ھو !» دېيىشىگە، ئەنجانباي قولىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈپلا كاپىلا تۇتۇپ ئۇنىڭ قورسىقىدىن سىقىۋالغانىدى، مېھمان توغرىسىغا بولۇپ قالدى. ئەنجانباي ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاتقانىدى، ئۇ دەسسەپ چۈشتى. ئۇ ئۆزىنى توختىتىپ بولغۇچە يەنە كۆتۈرۈپ ئاتتى، يەنە دەسسەپ چۈشتى. ئاشۇنداق قىلىپ ئەنجانباي ئۇ مېھماننى ئون قېتىم كۆتۈرۈپ ئون قېتىم ئاتتى. ئۇمۇ ئون قېتىم دەسسەپ چۈشتى. يىقىلمىدى. ئەنجانباي ئۇنى ئون بىرىنچى قېتىم كۆتۈرۈۋالدى. سىلكىپ مەيدىسىگە ئالدى، ئون نەچچە قېتىم پىرقىرىتىپ ئايلاندۇرۇپ ئاتقانىدى، مېھمان يەنىلا دەسسەپ چۈشتى. ئەنجانباينىڭ ئاچچىقى كەلگەن بولسا كېرەك، سىم بۇرۇتلىرى لىك - لىك تىترەپ كەتتى، يۈزى قىزىرىپ پوكانداك ئىششىلدى. ئۇ «ئاللاھۇئەكبەر !» دەپ بىرلا تۇۋلاپ مېھماننى خۇددى دەرەخنى يۇلۇۋالغاندەك گۇرسسىدە كۆتۈرۈپلا يەنە مەيدىسىگە ئالدى. جامائەت تېپىرلاپ جايىدا تۇرالماي قالدى. ئەنجانباي مېھماننى توقماق ئۇرغاندەك پۈتىچە يەرگە ئۇردى، مېھمان «ۋاي !» دەپلا چىرايى تاتىرىپ سوزۇلۇپ يېتىپ قالدى. ئەنجانباي قەددىنى رۇسلاپ مېھماننى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزماقچى بولغانىدى، مېھمان «بولالمىدىم» دەپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. يەرگە ئۇرۇلغان زەربىدىن ئۇنىڭ سېرىقئېتى

يىرتىلىپ كەتكەنىدى.

ئەنجانباي ئۇنى ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن باقتى. ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى، تېۋىپ تەكلىپ قىلىپ كېسىلىنى داۋالاتتى. مېھمان «ئانامنى سېغىنىپ قالدىم، كېتەي» دەپ تۇرۇۋالدى. ئەنجانباي ئىلاجسىز ئۇنى جىرغىغا سېلىپ يۇرتىغا ئاپىرىپ قويدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەنجانباينىڭ نامى تارىلىپ كەتتى. ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغان پالۋانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئۇلار ھەرگىزمۇ ئەنجانباينى مۇنداقلا كۆرۈشكە كەلمەيتتى، ئۇنىڭ بىلەن بەل تۇتۇشۇپ چېلىشىپ خۇماردىن چىقمىغۇچە پەقەت قايتقىلى ئۇنىمايتتى. لېكىن، بىرەرسىمۇ ئۇنى يىقىتالمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار ئەپسۇسلانمايتتى، ئۇنىڭ ماھارىتىگە قايىل بولاتتى، كۆڭلىدە ئۇنى دوست تۇتۇپ پەخىرلىنەتتى. ئۇنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالاتتى.

* * *

شۇ يىلى ئەتىياز، ئوپال بازىرى.

كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغانىدى. ھەزرىتى موللام تېغىنىڭ ئېگىز - پەس چوققىلىرى كەچكى كۈننىڭ سۇس نۇرىدا خۇددى گۈل سۈيىدە يۇيۇنغاندەك قىزغۇچ پارقىرايتتى.

ھەزرىتى موللام مەسچىتىدە ناماز ئەسىرنى ئوقۇپ چىققان ئۈچ ئادەم ھەزرىتى موللام قەبرىسىگە خېلى ئۇزاققىچە دۇئا - تىلاۋەت قىلىشتى - دە، پەسكە چۈشۈپ ئالدىراپ بازار تەرەپكە مېڭىشتى. ئۇلار بازارغا كىرىپ «قايسى ئاشخانىغا كىرسەك بولاركىن» دەپ ئۇيان - بۇيان قاراشتى. ئاشخانىلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى. لېكىن، ھەممىسىدە تىقما - تىقماق ئادەم، نەغمە - ناۋا قىزىپ كەتكەن، ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن تۇرۇپ بولمايتتى. ئۇلار قايسى ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كەلسە، شۇ ھامان بىر ئادەم ئۇلارنىڭ

ئالدىغا چىقاتتى، ئوچۇق چىراي بىلەن سالام - سەھەت قىلىپ ئاشخانىسىغا تەكلىپ قىلاتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلى بۇ ئاشخانىلارغا تارتمىدى. ئۇلار سەپەردە ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەنلىكتىن، پۇت - قوللىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ، ئارامخۇدا ھاردۇقىنى چىقىرىپ ئولتۇرغۇدەك ئازادە ئاشخانا ئىزدەيتتى. ئۇلار شۇنداق ئازادە ئاشخانا ئىزدەپ يۈرگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئېگىز، سىم بۇرۇت، بادامدوپپىلىق، ئاق خەسە كۆڭلەكلىك، بېلىنى شايى رومالدا باغلىۋالغان بىر يىگىت بىرنەچچە يىگىتنى ئەگەشتۇرۇپ كېلىپ قالدى. ئۇ يىگىت ھاۋانىڭ ئىسسىق، دىمىق بولۇشىغا قارىماي پۇتىغا ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى. ئۆتۈكنىڭ ئۇزۇن قونچىدىن پىچاقنىڭ سېپى چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ئۇ يىگىتكە قاراپ تۇرۇپلا قېلىشتى. ئۇ يىگىت ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەملەرگە قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام قىلاتتى. يولنىڭ چېتى بىلەن ماڭاتتى. قېرىلار، خوتۇن - قىزلار، بالىلار ئۇچراپ قالسا، يولنى بىكارلاپ چەتكە چىقىپ بېشىنى ئېگىپ تۇراتتى. ئەنە! ئاۋۇ ئېشەككە مىنەلمەي تۇرغان بوۋاينى كۆتۈرۈپ ئېشەككە مىندۇرۇپ قويدى. يەنە تېخى ئارغامچىدا ئۇزەڭگە ئېتىپ پۇتىغا سېلىپمۇ قويدى. ئەنە! لايدا مىلىنىپ ئويناۋاتقان كەيمە تاز بىر بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى. ھېچقانداق يىرگەنمىدى.

— ئەجەبمۇ پەزىلەتلىك يىگىت ئىكەنغۇ بۇ؟ — دېدى ھېلىقى ئۈچ ئادەمنىڭ ئارىسىدىكى يېشى چوڭراق قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى گەۋدىلىك، ئېگىز، قاڭشارلىق، غولى كەڭ، كۆرۈنۈشىدىن كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان ئادەم، ئاندىن كېتىۋاتقان بوۋايغا سالام قىلىپ سورىدى:

— ئاتا، ئاۋۇ ئالدىدا كېلىۋاتقان قاۋۇل يىگىت كىم بولىدۇ؟

— بوۋاي ئارقىسىغا بۇرۇلدى.. كۆزىنى قىسىپ ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى:

— ھە، ئۇ دېگەن ئەنجانباي بولىدۇ. نوچىلارنىڭ نوچىسى،

ئاجىزلارنىڭ دوستى.

ھېلىقى ئادەم ئالدىراپ قالدى. ئىككى ھەمراھىنى ئەگەشتۈرۈپ ئەنجانباينىڭ ئالدىغا باردى ــ دە، ئېگىلىپ سالام قىلدى:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

ئۇلار قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئەھۋاللاشتى. لېكىن، ئەنجانباي بۇ كىشىلەرنى تونۇمىدى، نەدە كۆرگەنلىكىنىمۇ ئېسىگە ئالالمىدى. بۇنى سەزگەن ھېلىقى ئادەم دەرھاللا ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

ــ مېنىڭ ئىسمىم قاسىماخۇن، سەمەنلىك، ئاز ــ تولا چارۋا ــ مېلىمنى تاغقا ئېلىپ ماڭغانىدۇق. كەچ بولۇپ قالدى، بازارنىڭ سىرتىدىراق بىر ئۆستەڭ ئۇچۇق دەڭگە سولاپ قويدۇق. مەن تەلەيلىك يارالغانىكەنمەن، مەن نېمىنى تەلەپ قىلسام خۇدايىم شۇنى بۇيرۇيدۇ، سىلىنىڭ نامىشەرىپلىرىنى تولا ئاڭلىغانىدىم، دىدارلىرىنى بىر كۆرۈشكە تەقەززا ئىدىم، مانا بۈگۈن خۇدايىم بىزنى كۆرۈشتۈردى، مۇرادىمغا يەتتىم.

ئەنجانباي ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى. «بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدە بىللە قونايلى، خىزمەتلىرىدە بولاي، گۆش ــ مۇڭ مۇڭدىشايلى» دەپ ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى. ئۆيدە ئۇلارنى ئوبدان مېھمان قىلدى. خۇددى كونا قەدىناس دوستلاردەك كېچىچە مۇڭدىشىپ سىرداشتى. ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي تاغقا بىللە چىقتى. تاغدا ئەنجانباينىڭ ئاغىنىلىرى، تونۇش ــ بىلىشلىرى خېلى بار ئىدى. ئاق ئۆي، ئالا ئۆي، قارا ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە چالا قالماي مېھمان بولۇشتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن يەنە بىللە يېنىشتى. سۇلتانباغدىن ئۆتكەندە نېمە ئۈچۈندۇر ئەنجانباينىڭ قورسىقى مۇجۇپ ئاغرىپ زادى بولالمىدى، ئاتتا ئولتۇرغۇدەك ماجالى قالمىدى، رەڭگى تاتىرىپ كەتتى. قاسىماخۇن خۇددى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك ئەنجانباينى

لىككىدە ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ، قوچىقىدا كۆتۈرۈپ يېنىپ كەلدى. ئوپالدا چېپىپ يۈرۈپ تېۋىپ تاپتى، دورا ئەكەلدى، بىر ھەپتە ئۆتكەندە ئەنجانباي سەللىمازا ساقايدى. ئەمدى قاسىماخۇن ئۇنىمىدى: «بىللە كېتىمىز، بىزنىڭ ئۆيدە بىرنەچچە كۈن بىللە تۇرىمىز» دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى، ئاخشىمى قاسىماخۇننىڭ ئۆيىدە مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ ئەنجانباي ئۆزىچە پىسىڭگىدە كۈلۈپ سالدى:

— قاسىمكا، مەن سىلىنىڭ ماھارەتلىرىنى سېزىپ قالدىم.

قاسىماخۇن ئەجەبلىنىپ سورىدى:

— قانداق ماھارەتتۇ ئۇ مەن ئۆزۈممۇ ئۇقمايدىغان؟

— ئۆتكەن قېتىم مەن ئاغرىپ قالغاندا مېنى خۇددى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەكلا كۆتۈرۈپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئالدىلا. ئادەتتە مېنى ھېچ كىشى ئالدىراپ ئۇنداق ئاسان كۆتۈرەلمەيتتى.

— ھە، مۇنداق دېسىلە. مەندە نەدە ماھارەت بولسۇن، خۇدايىم ماڭا كۈچنى ئايىماي بېرىپتىكەن، لېكىن، ئازراقمۇ ماھارەت بەرمەپتىكەن. كۈچۈم ئاز - تولا بار. بىر چاغلاردا بىزنىڭ ئۆيدە بىر موزاي بار ئىدى. تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن كۈندە ئۈچ - تۆت قېتىم كۆتۈرۈپ ئوينىدىم، تاكى ئىككى چىشلىق بولغۇچە كۆتۈرۈپ ئوينىدىم. كېيىن ئۇ تورپاق قورسىقى ئېسىلىپ ئۆلۈپ قالدى. باشقا كالىلارنى كۆتۈرەلمىدىم.

ئىككىسى خېلى ئۇزاققىچە كۈلۈشتى. ئەنجانباي كۈلۈپ تۇرۇپ چاقچاق قىلدى:

— قاسىمكا، پەممىچە، ئۇستا چېلىشچىدەك تۇرىدىلا، بىردەم چېلىشىپ كۆڭۈل ئاچساق قانداق؟

ئۇلار خامانغا چىقىشتى. سۈتتەك ئايدىڭدا بىر - بىرىنىڭ بەللىرىنى تۇتۇشتى. لېكىن، تاڭ ئاتقۇچە بىر - بىرىنى ئاتالمىدى، ھېرىپ قالغاندا دەم ئالدى، چاي ئىچىشتى، يەنە ئېلىشتى. خۇددى رەقىبلەردەك بىر - بىرىگە يول قويۇشمىدى. ئاخىر كۈن قىزىلدا ئەنجانباي قاسىماخۇننى چەپ تەرەپ يانپاشقا

ئېلىپ يىقىتتى.

بۇ ئويۇن ئۇلارنى قىزىتىپ قويدى. چېلىشىپ ئويناپ كۈننى ئۆتكۈزدى. بىر كۈنى قاسىماخۇن بىر گەپنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— ئەتە دوتەي لەڭگىرىدە① چوڭ مەرىكە بار ئىكەن، داڭدار ئوغلاقچى، چېلىشچىلار يىغىلىدىكەن. بېرىپ تاماشا قىلىپ كەلمەيلىمۇ؟

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار دوتەي لەڭگىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. كېتىۋېتىپ قاسىماخۇن ئۆز ئەندىشىسىنى ئەنجانبايغا دېدى:

— قارىغاندا، بۈگۈن ئېغىر - بېسىق بولمىساق بولمىغۇدەك. ئاڭلىسام، شەھەر - شەھەرلەردىن پالۋانلار كەپتۇمىش. تاغدىنمۇ نوچىلار چۈشۈپتۇ دەيدۇ. بىز كۆرمىگەن - بىلمىگەنلەر بىلەن ئۈچرىشىمىز، شەھەردىن شىرمەت، ئۆمەر قارىي دېگەن پالۋانلارمۇ كەپتۇدەك، بىرەر جېدەل چىقىپ قالسا بىز يالغۇزلۇق قىلىمىز.

— جېدەل قىلماسىمىز قاسىمكا، — دېدى ئەنجانباي چىرايلىق بۇرۇتىنى ئويناپ، — ھېچقانداق ئاداۋىتىمىز بولمىسا، ناۋادا جېدەل قىلسا بوش كەلمەيمىز، گىدىيىۋالسا بىر گەز ئېگىز تۇرىمىز. «ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت» دەپتىكەن كونىلار. ئىززىتىنى قىلىمىز، ئۇنى بىلمىسە بىزمۇ قاراپ تۇرمايمىز. ئەسكىگە مەردلىك قىلسا «قورقتى» دەيدۇ. نامەرد قولىدا ئازابلانغۇچە، مەرد قولىدا ئۆلگەن ياخشى.

— دۇرۇس گەپ. «ياخشىلىقتىن نام قالىدۇ، يامانلىقتىن ۋاي داد!»

— شۇنداق.

① دوتەي لەڭگىرى — (ھازىرقى لەڭگەر يېزىسى) قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان بىر يېزىنىڭ نامى. ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 13.35 كىلومېتىر. 1932 - يىلى قەشقەر دوتىيى ماشاۋۇ بۇ يەردە باغ ياساپ، ياز كۈنلىرى بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ يازنى ئۆتكۈزگەن. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئاممىسى بۇ جاينى «دوتەي لەڭگىرى» دەپ ئاتاشقا باشلىغان.

ئادەملەر تەرەپ - تەرەپتىن كەلمەكتە. يۇرت كاتتىسى چوڭخۇنىڭ تۆت چوڭ مېھمانخانىسى پالۋانلار بىلەن توشۇپ كەتتى. ئەنجانبايلار كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئوغلاق باشلاندى. بۈگۈنكى ئوغلاقچىلارمۇ، ئاتلارمۇ خىل ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئوغلاق ئويناشنى تارتىپ قالدى. ئۇلار ئەمدى تېخى ئوغلاق تارتىشقا چۈشەيلى دەپ مېڭىشىغا ئىككى ئادەم ئۇلارنى ئىزدەپ كېلىپ قالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ:

— ھەربىرلىرى بىزنى تونۇشمىسىلا كېرەك، بىز قەشقەر شەھىرىدىن چىقتۇق. سىلىنى بىز كۆپ سورۇنلاردا كۆرگەن، داڭقىلىرىنىمۇ كۆپ ئاڭلىغان. بايا باشقا يەرلەردىن كەلگەنلەرنىڭ گېپى قۇلىقىمىزغا چۈشۈپ قالدى، ئۇلار ئاغزىغا كەلگەننى كاپشىپ: «ھە، ئەنجانباي كەپتۇ. بۇ قېتىم تەلپەكنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قويمىساق ھېساب ئەمەس» دېيىشىۋاتىدىكەن، ئۆزلىرىنى ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويايلى دەپ كەلگەندۇق، — دېيىشتى.

شەھەرلىك پالۋانلار بىلەن تونۇشۇش ئەنجانباينىڭ خېلى بالدۇرلا كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇسى ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان غەمخورلۇقىغا رەھمەت ئېيتىش ھەم شۇ باھانىدە ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ قېلىش ئۈچۈن قاسىماخۇن بىلەن ھېلىقى ئىككى ئادەمگە ئەگىشىپ ئۇلار تۇرۇشلۇق ئورۇنغا كەلدى. شەھەرلىك پالۋانلار ئۇلارنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. تۆرگە باشلاپ ھەمداستىخان بولۇشتى، مۇڭدىشىپ سىرداشتى. ئانچىمۇ گەۋدىلىك بولمىغان، لېكىن بوي - تۇرقى كېلىشكەن، قارىراق بىر يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ ئاغىنىلىرىگە خىتاب قىلدى. بۇ ئۆمەر قارىۋاي دېگەن باتۇر ئىدى.

— ئاغىنىلەر، بۈگۈن بىز چېلىشىش مەيدانىدا بولىمىز. ئەنجانباينىڭ داڭقىنى ھەممىمىز ئاڭلىغان، سورۇنلاردا كۆرگەن. بىزگە يىگىتبېشى بولۇپ بەرسە، ھەممىمىز ئىتائەت قىلساق قانداق؟

ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى تۇشمۇتۇشتىن جاۋاب بېرىشتى:
— بولىدۇ، بولىدۇ! شۇنداق قىلايلى!
لېكىن، بىر كۆزىدىن ئايرىلغان، ئۇستىخانلىق، كۆرۈنۈشىدىن چەپەر بىرى قېتىلمىغاندەك، بىرىنچىمىنى ئويلاۋاتقاندەك شۈك ئولتۇرۇۋەردى. شۇنداق، ئۇ قېتىلمىغانىدى. «ھەر - ھەر پالۋانلار تۇرساق، ئەمدىزە سەھرالىق بىر ئاداش بىزگە باش بولغىنى قانداق» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.
ئەنجانباي ئورنىدىن تۇردى. كۆكسىگە قولىنى ئېلىپ خىجىل بولغان ھالدا.
— مەن بىر پېقىر ئادەم، كۆرگەن - بىلگىنىممۇ ئاز. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىگىتلەرنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيمەن، شۇڭا بىز ئۆمەر دوستۇمغا ئىتائەت قىلساق دېدى.
— بولدى، بولدى، تالاشمايلى. ئەنجانباي بولسۇن!
ئۇلار چېلىش مەيدانىغا باردى. چېلىشىش ئەمدى باشلانغانىدى. كۇنچىقىش تەرەپتە ئولتۇرۇشقان بىر توپ ئادەملەرنىڭ كۆزى ئەتراپتىكى كىشىلەردە ئىدى. ئۇلار كېلىۋاتقانلار قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتى.
كۇنپېتىش تەرەپتە ئولتۇرغان شايى شاپاقدوپپا، قارا تونلۇق كىيگەنلەر بولسا باشقا جايلاردىن كەلگەنلەر ئىدى. ئۇلار قاۋۇل، قورقماس باتۇرلار ئىدى.
قاسىماخۇن بېلىگە قىستۇرۇۋالغان سىم قامچىسىنىڭ سېپىنى تۇتۇپ تۇرۇپ كىشىلەرنى كۆزەتمەكتە ئىدى.
— ئەنجانباي، بىز ئوغلاقتا چۈشسەك بىزدىن قورقتى، قاچتى دەيدۇ. چېلىشقا چۈشەيلى «يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال» دېدى.
— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، چېلىشايلى!
چېلىشىش ئاستا - ئاستا ئادەتتىكى پالۋانلاردىن داڭدار پالۋانلارغا كۆچۈپ، تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. شۇ ئارىدا ھېلىقى شايى شاپاقدوپپىلىقلاردىن دىقماق، قارىراق كەلگەن بىرى ئون

نەچچە ئادەمنى تاشلىۋېتىپ ئۆتلۈك توۋلىدى:

— ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى. مەن ئەمدى باشقا ئادەم بىلەن چېلىشمايمەن، پەقەت ئەنجانباي دېگەن بىلەن چېلىشىمەن!

ئەتراپتىكىلەر چۇرقىرىشىپ كېتىشتى:

— نوچى بولسا مەيدانغا چۈشسۇن! كارامىتىنى كۆرسەتسۇن!

بۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق زورلۇق ئىدى. شۇڭا، ئەنجانباينىڭ ئاچچىقى كەلدى. تۇيۇقسىز قىزىغان ئاتتەك تېپىرلاپ تۇرالماي قالدى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇشىغا قاسىماخۇن ئېسىلىۋالدى. ئۇ ھېلىقىلارنىڭ ئەلپازىدىن قەستەنگە ئەنجانباي بىلەن جېدەل چىقىرىش غەرىزىنىڭ بارلىقىنى سېزىپ قالغانىدى، بولمىسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چېلىشىشقا چۈشۈشكە زورلايدۇ؟!

— سىلى تەخىر قىلسىلا، ئۇلار بىلەن مەن چېلىشاي، مېنى يىقىتىۋەتسە ئاندىن سىلى چۈشسىلە.

لېكىن، ئەنجانباي ئۇنىمىدى.

— ئۇ كىشى مېنى تەلەپ قىلىۋاتسا، مەن چۈشمەي سىلى چۈشسىلە نامەردلىك بولىدۇ، — ئەنجانباي شۇنداق دەپلا قولىنى سىلكىپ مەيدانغا كىرىپ كەتتى.

ئۇ مەيدانغا كىرىپ تۆت تەرەپكە تۆت قېتىم ئېگىلىپ جامائەتكە سالام قىلدى. ئاندىن ھېلىقى يىگىت بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى - دە، — قېنى مەرھەمەت، — دېدى.

— مېنىڭ ئۈچ شەرتىم بار، — دېدى ھېلىقى يىگىت قاپىقىنى تۈرۈپ، — بىرىنچى، كۆتۈرۈپ چېلىشمىز، باشقا پەنت قىلساق ھېساب ئەمەس، ئىككىنچى، يېڭىلىپ قالساق جېدەل قىلمايمىز. ئۈچىنچى، قايسىمىز ئاتساق ئۈچ قېتىم چېلىشىپ ئاندىن ئايرىلىمىز. قانداق، بولامدۇ؟

ۋاھ! نېمىدېگەن يەلەن، قالتىس شەرتلەر بۇ؟

— خوپ، سىلىنىڭ دېگەنلىرى بويىچە بولسۇن.

ئۇلار تۇتۇشتى. ھېلىقى يىگىت كۈچلۈك، ھېيلىسىمۇ تولا ئىدى. ئەنجانباي ئۇنى ئارقا - ئارقىدىن ئىككى قېتىم ئاتتى. ئۈچىنچى قېتىمدا ئەنجانباي سەل بوشراق كۈچەۋاتاتتى، ھېلىقى يىگىت ئۇنى بىر چۆرۈپلا ئېتىۋەتتى - دە، ۋارقىرىدى:

— مەن ئاتتىم، ئۇتتۇق مېنىڭ!

ئۇنىڭ شېرىكلىرى تەڭ چۇرقىراشتى:

— ئۇتتۇق سېنىڭ! سەن يەڭدىڭ! — دېدى.

قاسىماخۇن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ مەيدانغا چۈشتى:

— ئىككى قېتىم تېگىمدە يېتىپ تېخى ئۇتتۇق يەنە سىلىنىڭمۇ؟ ئۇنداق نامەرد بولماڭلار! پالۋانمىكىن دېسەم رومال سالىدىغانلاردىن ئىكەنسىلەر!

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ بولغۇچە ھېلىقى يىگىتنىڭ ئون نەچچە شېرىكى خەنجەرلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كېلىپ ئەنجانباي بىلەن قاسىماخۇننى ئارىغا ئېلىۋالدى. ئەنجانباي «توختاڭلار!» دېدى - دە، قورشاۋنى يېرىپ، قىردىكى سۆگەتكە سەكرەپلا چىقىپ تۇۋلىدى:

— جېدەل قىلمايلى، ئاشۇ مېھماننىڭ دېگىنى ھېساب، مەن يېڭىلدىم!

مېھمانلار ئۇنى قاچىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى بولغاي، شۇ ھامان سۆگەتنى قورشىۋالدى. ئەنجانباينىڭ جۇدۇنى تۇتتى:

— سىلەر جېدەل قىلماقچىمۇ؟ ياخشىلىقچە ئۆتەيلى، جېدەلدىن پايدا چىقمايدۇ!

— سىلەر قانداق قىلساڭلار، بىزمۇ شۇنداق قىلىمىز! — دېدى مېھمانلاردىن بىرى.

ئەنجانباي سۆگەتتىن سەكرەپ چۈشتى. مېھمانلار، «ھە، مانا بىزنى ئالداپ قويۇپ ئەمدى ھۇجۇمغا ئۆتتى» دەپ ئويلاشتى - دە، خەنجەرلىرىنى تەڭلەپ كېلىشتى. بىرى ئەنجانبايغا قارىتىپ زەردە بىلەن خەنجەر ئۇردى. ئەنجانباي ئۆزىنى سەل يانغا قاچۇرغانىدى، خەنجەر ئۇنىڭغا تەگمىدى، خەنجەر ئۇرغان ھېلىقى

ئادەم ئۆزىنى توختىتىۋالالماي دەلدۈگۈنۈپ ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ يەنە ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئۇ خەنجىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دەل ئەنجانباينىڭ گېلىنى قارارلاپ ئۇردى. ئەنجانباي شاققىدە ئۆزىنى بىر يانغا ئېلىپ ئۇنىڭ قولتۇقىغا كەلتۈرۈپ بىرنى تەپتى. خەنجەر ھېلىقى ئادەمنىڭ قولىدىن چاچراپ چىقىپ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان بىرىنىڭ يوتىسىغا گاچچىدە سانجىلدى. ئۇ ئادەم «ۋاي !» دەپلا يىقىلدى. ئۇنىڭ شېرىكلىرى پىچاق، كالتەكلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئەنجانبايغا ئېتىلدى. ئەنجانباي ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۇلارنى يېقىن كەلتۈرمىدى. قاسىماخۇن ئۇلارنى سىم قامچىسى بىلەن ۋاقشىتىپ ساۋىداشقا تۇرغاندا، ئۆمەر قارىۋايمۇ چوقمىقىنى كۆتۈرۈپ شەھەرلىك پالۋانلار بىلەن مېھمانلارنى ئۇرۇپ سۇر - توقاي قىلغىلى تۇردى. دەل «ئۆلۈم پىششىقى چىقىدىغان بولدى» دەپ تۇرغاندا، قوراللىق ئالتە ئەسكەرنى باشلاپ يامۇلنىڭ يايىسى كېلىپ قالدى. ئۇلارنى كۆرۈپ ھەممىسى خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك تۇرغان جايىدا جىممىدە توختاپ قېلىشتى.

يايى گىدەيگەن ھالدا جامائەتكە بىر قۇر ئالىيىپ قاراپ چىقتى، ئاندىن قاسىماخۇننى ئالدىغا چاقىرىپ: «نېمە ئۈچۈن جېدەل قىلىشىسەن؟» دەپ سورىدى. قاسىماخۇن تەمكىنلىك بىلەن ئالدىرىماي بولغان ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇبىر بايان قىلدى. يايى خۇددى سېغىنىزغان «كاڭ - كاڭ - كاڭ» قىلىپ سايرىغاندەك سەت قاقاقلاپ كۈلدى:

— ھا - ھا - ھا... بولدى، بولدى. ئالدىنقىسى ھېساب ئەمەس. مەن ئاسانلا ئايرىيمەن، بۇ قېتىمقىسى ھېساب، قېنى مەيدانغا چۈشۈڭلار !

ئەسلىدە يايى مۇشۇ جېدەلنى باھانە قىلىپ بىرمۇنچە پۇل ئۈندۈرۈۋالماقچىدى. لېكىن، ئۇ ئەنجانباينىڭ چېلىشىشتىكى داڭقىنى تولا ئاڭلىغان، ئۆزىنىمۇ كۆرگەن، ئەمما چېلىشقىنىنى

ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ چېلىشقىنىنى كۆرۈش ھەۋىسى ئۇستۇن كېلىپ پۇلنىڭ مەرىدىن كەچتى. ئۇ ئەنجانباي بىلەن ھېلىقى پالۋاننى يېتىلەپ مەيدانغا ئېلىپ كىردى. بۇلار بىر ـ بىرىنىڭ خۇيىنى ئوبدان بىلىۋالغانىدى، بوش كەلمەي بىر ـ بىرىنى خېلى ئۇزاققىچە تۇرتۇشتى. تۇيۇقسىزلا ئەنجانباي «ئاللاھۇئەكبەر !» دەپلا ھېلىقى مېھماننى كۆتۈرۈۋالدى ـ دە، ئون ـ يىگىرمە قېتىم ئايلاندۇرۇپ يەرگە چالا ـ بۇلا دەسسەتكەندەك بولۇپ چەپ پۇتى بىلەن ئېلىپ ئاتتى. ھېلىقى مېھمان خۇددى كۆمەچ ئۆرۈگەندەك گۈپپىدە يىقىلدى. ھېچ كىشى غىدىڭ ـ پىدىڭ قىلالمىدى.

ئۇلار شەھەرلىك پالۋانلار بىللە قايتتى. يولدا ئەنجانباي بىلەن يايى مۇڭدىشىپ كەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ يايى ئەنجانباينى «ئاغىنەم» دەيدىغان بولۇۋالدى.

* * *

شۇ يىلى ياز.

بۇرۇنقى زاماندا بىر بۇۋى ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىر يېتىم قىزغا خەيرخاھلىق قىلىپ، قاتارغا قوشۇپتۇ. يامانلارنىڭ كۆزىدىن، ھەسەتخورلارنىڭ پىتنىسىدىن ساقلاپتۇ.

بىر سەيشەنبە كۈنى بۇلاڭچىلار ئۇ قىزنى بۇلاشقا كەپتۇ. بۇۋى قىزنى قاچۇرۇۋېتىپ، ئۆزى زەھەر سېلىنغان تۇگۈنچەكنى تۇمارچە قىلىپ قولتۇقىغا قىسىپتۇ ـ دە، قىزنىڭ سىياقىدا ياسىنىپ بۇلاڭچىلارنىڭ ئالدىغا چۇشۇپ قېچىپتۇ. بۇلاڭچىلار بۇۋىنى قىز دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. بۇۋى ھېرىپ قېلىپ بىر ئۆڭكۈرگە كىرىۋاپتۇ. بۇلاڭچىلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاپ باستۇرۇپ ئۆڭكۈرگە كىرىشىگە، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىن بىر ئەجدىھا چىقىپ بۇۋى بىلەن ئۇلارنى قوشۇپلا دەم تارتىپ يەپ كېتىپتۇ. ئەجدىھامۇ زەھەرلىنىپ ئۆلۈپتۇ. ئەسلىدە

بۇۋى بۇلاڭچىلارنى ۋاقتى كەلگەندە زەھەرلەپ قويۇپ قېچىپ كەلمەكچىكەن. بۇ دەل ئۇچمە پىششىقى كۈنلەر ئىكەن. قىز ئۆڭكۈرنى ماكان تۇتۇپتۇ. بۇۋىنىڭ قەبرىسىنى قاتۇرۇپتۇ. ھەر سەيشەنبە كۈنى نەزىر - چىراغ قىلىپ، ھازا تۇتۇپتۇ. قەبرىنىڭ ئەتراپىغا، يول بويلىرىغا نۇرغۇنلىغان ئۈجمىلەرنى تىكىپ كۆكەرتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇۋىنىڭ مازارى «بۇۋى ئانام مازارى» دەپ ئاتىلىدىغان، ئۇ يەردە كىشىلەر ئۈجمە پىششىقىنىڭ سەيشەنبە كۈنلىرى ئۈجمە سەيلىسى قىلىپ بۇۋىنى ياد ئېتىدىغان، ھاجەتمەنلەر خۇدادىن مەدەت تىلەيدىغان، پالۋانلار يىغىلىپ كۈچ سىنىشىدىغان سورۇن بولۇپ قالغانىكەن.

ئەنجانباي يېڭىسارلىق مەسۇم چوڭ بىلەن كۈچ سىنىشىپ ئاغىنە بولۇپ قالدى. مەسۇم چوڭ ئاغىنىدارچىلىق يۈزىسىدىن ئەنجانبايغا ئۆزى ئەتىۋارلاپ بېقىپ چوڭ قىلغان ئارغىماق ئېتى بىلەن قىماردا ئۇتتۇۋالغان بىر خۇرجۇن پۇلنى ھەدىيە قىلدى. دۈشەنبە كۈنى ئۇلار ئىككى خۇرجۇن پۇلنى ئېلىپ، ئون بەش ئاتلىق ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە «بۇۋى ئانام» سەيلىسىگە ماڭدى. شۇ كېچىسى شەھەردە قوندى. ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن ئاپاق خوجىغا بېرىپ زىيارەت، دۇئا - تەلەپلەردە، بولدى، ئاندىن بۇۋى ئانامغا يول ئالدى. ئۇلار قەشقەر شەھىرىنىڭ تۆشۈكدەرۋازىسىدىن كىرىپ كەسكەنيارغا ئۆتكەندە، ئەنجانباي ئېتىنى توختىتىپ:

— ئاغىنىلەر، يولنى خاتا بېسىپتۇق. بۇ يول بىلەن ماڭساق ئەلچىخانا، ھېيتگاھلار ئالدىدىكى جامائەتنىڭ ئالدىدىن ئاتلىق ئۆتۈپ سالىدىكەنمىز. ئۇنداق قىلساق سەت بولىدۇ، ئادەمگەرچىلىك بولمايدۇ، چۈشۈپ ماڭساق كەچ قالىمىز، ئۈلگۈرەلمەيمىز، سىپىل ياقىلاپ ماڭساق بوپتىكەن، — دېدى.

— شۇنداق قىلساقمۇ بولغانىكەنۇ، — دېدى مەسۇم چوڭ، — بىراق سىپىل ئايلىنىپ ماڭمىز دېسەك، ئارقىمىزغا يېنىپ يەنە بىرمۇنچە مېڭىشقا توغرا كېلىدىكەن. ئەتىگەندە ئۇ يەرلەردە

ئادەملەر ئازراق بولىدۇ، كېتىۋەرمەيلىمۇ.

ئۇلار ھېيتگاھقا كەلگەندە، بۈگۈنكى بۈۋى ئانام سەيلىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنىگە بېرىش ئۈچۈن ئۆز شېرىكلىرى بىلەن تەييارلىنىپ كەلگەن خەلپەت بايۋەچچە ئۇلارنى كۆرۈپ قالدى. چاي ئىچىپ ئولتۇرغان بىر ئاغىنىسى ئۇنى نوقۇپ كۆزىنى ئىشارەت قىلىپ ئەنجانباينى كۆرسەتتى.

— بېگىم، بۈگۈن كۆڭۈللىرىدە ئۇ يالاڭتۆش نوچى بىلەن بىر ئېلىشىپ، تۇغۇلغىنىغا بىزار قىلىۋەتكۈلىرى بارغۇ دەيمەن، — دېدى.

— ھىم، دېدى خەلپەت بايۋەچچە پىسەنت قىلمىغاندەك دىمىغىنى قېقىپ، — ئەسلى كەلمەيتتىم، ئۇنداق تېگى پەس پوچى بىلەن ئېلىشىپ قولۇمنى بۇلغىمايمەن، مەمتىمىن بەگنىڭ گېپىنى يىرالمىدىم.

ئەنجانبايلار ھېيتگاھ ئالدىدا ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى. ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، بەزىلىرى بىلەن سالاملىشىپلا يولىغا كېتىۋەردى. ئەلچىخانىدىن خېلى نېرى ئۆتكەندىلا ئاتلىرىغا مىنىشتى. ئاتلىرىنى بىر خىل يورغىلىتىپ گۈڭ ـ مۈڭ مۆڭدىشىپ مېڭىشتى. سەمەن يولىغا كەلگەندە خەلپەت بايۋەچچە ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ يېتىپ كېلىشتى ـ دە، ئەنجانباي بىلەن سالاملاشتى. بىردەم بىللە ماڭغان بولدى. بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندە «ئالدىرايتتىم» دەپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتقان بولۇپ، ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە ئەنجانبايلارنى توپا ـ چاڭدا قالدۇرۇپ ئۇزاپ كەتتى. ئەنجانباينىڭ ئاچچىقى كەلدى، چىرايى ئۆڭدى. بۈۋى ئانامغا كەلگەندىمۇ كۆڭلى ئېچىلمىدى. بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك غەمكىن يۈردى.

سەيلە قىزىپ كەتكەنىدى. نەغمە ـ ناۋا ياڭرايتتى. ئېلىپساتارلارنىڭ، ئاشپەز ـ ناۋايلارنىڭ، مەدداھلارنىڭ ۋارقىراش ـ جارقىراشلىرىنى، ئوغلاقچىلارنىڭ «ھايت ـ

ھۆيت»لىرىنى چېلىش سورۇنىدىكىلەرنىڭ «بارىكاللا»لىرى، نەغمە ـ ناۋالىرى بېسىپ كەتكەنىدى. ئەنجانبايلار كېلىپ مىغىلداپ كەتكەن ئادەملەر قايىنىمىغا چۆكۈپلا كېتىشتى. ئۇلار ئۇيان ـ بۇيان ئايلاندى، دۆڭلۈكنىڭ باغرىدىكى كەڭرى تۈزلەڭلىكتە بولۇۋاتقان ئوغلاقچىلارنىڭ ماھارەتلىرىنى كۆرۈشتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئايلىنىپ چېلىش مەيدانىغا كېلىپ قالدى. مەپىلەرنىڭ، ھارۋىلارنىڭ، ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇۋېلىشقان كىشىلەر قىستىلىشىپ بويۇنلىرىنى سوزۇشقان ھالدا چېلىش كۆرۈۋاتاتتى. مەسۇم چوڭ چېلىشنى ئوبدانراق كۆرۈش ئۈچۈن، ئەنجانباينىڭ قولىدىن تارتىپ توپنى يېرىپ ئالدىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇلار ئەمدى توپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ تۇرۇشىغا، ئۇلارغا يېقىنلا يەردە توپلىشىپ تۇرۇشقان بىر توپ ئادەم چۇقان كۆتۈرۈشتى:

— خەلپەت بايۋەچچە ئەنجانباي بىلەن سىناشسۇن!

— ئەنجانباينى پاخشە قىلسۇن!

— ئامىن! ئامىن! ئامىن!!... چېلىشىۋاتقانلار شىپپىدە توختاشتى. ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ مەيداندىن چىقىپ كېتىشتى. شۇ چاغدا خەلپەت بايۋەچچە يەڭلىرىنى تۈرۈپ، ئىرغاڭلاپ مېڭىپ مەيدانغا كىردى. بېلىنى تۈتۈپ، كۆكرىكىنى كېرىپ توۋلىدى:

— پەقىر، جامائەتنىڭ لەۋزىنى ئالىمەن! دىۋانە، ماكانسىز بولسىمۇ مەيلى، ياق دېمەيمەن!

ھېلىقىلار يەنە توۋلاشتى:

— ئەنجانباي مەيدانغا چىقسۇن!

— نوچىلىقىنى كۆرسەتسۇن!

— ياكى قۇيرۇقىنى قىسىپ يوقالسۇن!

ئەنجانباي شۇنداق قاراپ ئۇلارنىڭ خەلپەت بايۋەچچىنىڭ يالاقچىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. بەدىنىدىكى قانلىرى يۈزىگىلا يىغىلغاندەك قۇلاق تۈۋىگىچە قىزىرىپ كەتتى. خۇددى بىرى

سۆرىگەندەك، ئارقىسىدىن ئىتتىرگەندەك گۇرس ـ گۇرس مىڭىپ مەيدانغا كىردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قان قۇيۇلغاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئالدى بىلەن جامائەتكە سالام قىلدى، ئاندىن خەلپەت بايۋەچچىنىڭ شىرىكلىرىگە تووۋلىدى:

— مەنمۇ خەلپەت بايۋەچچىنىڭ يۇندىخورلىرىنىڭ لەۋزىنى يەردە قويمايمەن! بايۋەچچە شەلپەر ئىشتان كىيىپ كەلگەن بولسىمۇ ئېلىشىمەن! ھەرگىز يانمايمەن!

— نوچىلىقىڭنى كۆرسەت!

— ئالدى بىلەن سەن كۆرسەت!

— قانداق كۆرسىتىمەن؟

— قانداق كۆرسىتىمەن دېسەڭ شۇنداق كۆرسەت!

— مۇشتلىشىمەن!!

— خوپ!

سورۇن باشقۇرغۇچى جاكارلىدى:

— خالايىق. ھازىر ئىككى پالۋان ئاداۋىتى بولمىغان ھەم بولمايدىغان كۈچ سىنىشىپ، سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارنى خۇش قىلىدۇ، مۇشتلىشىدۇ.

جامائەت گۇر ـ گۇر تووۋلاشتى:

— ئامىن! ئامىن! ئامىن!...

— مۇشتلاشقاندا، — دېدى سورۇن باشقۇرغۇچى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچ قېتىمدىن مۇشت ئاتىدۇ، شۇ ئۈچ مۇشتتا مەيلى كىم بولسۇن، يىقىلىپ چۈشۈپ ئورنىدىن تۇرالمىسا، شۇ يېڭىلگەن بولىدۇ.

— ئامىن! ئامىن! ئامىن!...

— قېنى ئىككىڭلىرى قانچە پۇلدىن تىكىشىسىلەر؟ — دېدى سورۇن باشقۇرغۇچى ئەنجانباي بىلەن خەلپەت بايۋەچچىگە قاراپ، — ئاز بولۇپ قالسا، ھەربىرلىرىنىڭ سۈپەتلىرىگە ياراشمايدۇ. چاكىنا بولۇپ قالىدۇ.

خەلپەت بايۋەچچە ئەنجانبايغا قاراپ سوغۇقلا ھىجايدى،

دىمىغىنى قىقىپ ئۈنلۈك توۋلىدى:

— مەن ئارغىماق ئېتىم بىلەن بىر خۇرجۇن پۇل تىكىمەن. ئەنجانباي پۇل چىقىشتۇرالمىسا، مەن جامائەت ئالدىدا ئۇنى ئېشەك قىلىپ مىنىپ سازايى قىلىمەن!

سورۇن باشقۇرغۇچى ئەنجانبايدىن سورىدى:

— چىقىشتۇرغۇدەك پۇللىرى بارمۇ؟

ئەنجانباي جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللىشىگە مەسۇم چوڭ ۋارقىرىدى:

— بار!

— شۇ هامان جامائەت چۇرقىرىشىپ كېتىشتى:

— بار! پۇل بار! مانا بار!

جامائەت ئارىسىدا بىرەر يۈزدەك ئادەم تۇتام - تۇتام پۇللارنى ئېگىز تۇتۇپ پۇلاڭلىتىشتى.

ئەنجانباي ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى تونۇدى، بەزىلىرىنى تونۇمىدى، لېكىن بۇرنى ئېچىشىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ ئىككى تامچە ياش مەڭزىگە ئېقىپ چۈشتى، ئۇ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، ئاندىن تىترەك ئاۋاز بىلەن ئۈنلۈك توۋلىدى:

— رەھمەت قېرىنداشلىرىم، كۆڭلۈڭلارنى چۈشەندىم، ئۈمىدىڭلارنى ئاقلايمەن! — ئاندىن شاققىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ سورۇن باشقۇرغۇچىغا ئېيتتى، — مەنمۇ ئارغىماق ئېتىم بىلەن بىر خۇرجۇن پۇل تىكىمەن! پۇل كەملىسە مۇشۇ مەيداندىلا تولدۇرىمەن!

— ئامىن! ئامىن! ئەنجانبايغا ئامىن! ئامىن!!

ئاتلار كەلتۈرۈلدى. ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدىغان بۇ ئاتلار بىر - بىرىدىن خىل ئىدى. تۇكلىرى ۋال - ۋۇل پارقىرايتتى، يەر چاپچىپ جىم تۇرمايتتى، كىچىككىنە قۇلاقلىرىنى تىككىدە قىلىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ كىشنەيتتى. پۇللار سانالدى. خۇددى ئالدىن كېلىشىپ

قويغاندەك ئوخشاشلا تەڭ چىقتى. شۇ چاغدا سورۇن باشقۇرغۇچى يېنىدىن ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان تىلخەتنى چىقىرىپ ئېگىز كۆتۈردى، پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ جامائەتكە كۆرسەتتى.

— جامائەت، ماۋۇ تىلخەت، ئوقۇپ بېرەي، گۇۋاھ بولۇپ قويۇڭلار. ئىككى پالۋان ماقۇل بولسا قول قويسۇن!

«تىلخەت

ئىككىمىز ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن مۇشتلىشىپ كۈچ سىنىشىمىز. ناۋادا قازايى ـ قەدەر يېتىپ ئۆلۈپ كەتسەك ياكى ناكار بولۇپ قالساق ئۆزىمىز ھەم ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىز ھېچقانداق دەۋا ـ دەستۇر قىلمايدۇ.»

— قېنى ئىككىڭلار نېمە دەيسىلەر؟ ھە، باشقا گەپ ـ سۆز بولمىسا مانا مۇشۇ يەرگە قوللىرىنى قويۇشسىلا، — سورۇن باشقۇرغۇچى موللا سوپەت ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق باشقۇرۇشتىن چۈنتىكىگە كىرىدىغان پۇل، يەڭگۈچىنىڭ ئۇتقان پۇلىنىڭ تۆتتىن بىرى بولاتتى. ئۇ ھېجىيىپ تۇرۇپ بەلۋېغىغا قىستۇرۇلغان سېرىق ساپلىق مىس دەۋەت بىلەن موللامچە تومىقىغا قىستۇرۇۋالغان قومۇش قەلەمنى ئۇزاتتى. ئەنجانباي بىلەن خەلپەت بايۋەچچە قوللىرىنى قويۇشتى.

— ھە، بولدى، بولدى. ئەمدى چەك تاشلايمىز، چەك كىمگە چىقسا شۇ ئالدىن قول سالىدۇ، — دېدى باشقۇرغۇچى.

— ياق، دېدى ئەنجانباي، — چەك تاشلىمايلى، نۆۋەتنى خەلپەت بايۋەچچىگە بەردىم.

جامائەت چۇرقىراشتى:

— ئامىن! ئامىن! ئامىن!...

— نۆۋەت خەلپەت بايۋەچچىنىڭ!

سورۇن باشقۇرغۇچى ئۇلارنىڭ يېڭىلىرىنى ئېلىۋالدى.

ئەنجانباي تەمكىن، تىك تۇرۇپ دېدى:

— قېنى مەرھەمەت، خەلپەت بايۋەچچە.

خەلپەت بايۋەچچە ئايلىنىپ كېلىپ بار كۈچى بىلەن ئەنجانباينىڭ بوينىغا بىر مۇشت ئۇردى. ئەنجانباي دەلدۈگۈنۈپ بىر تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىيۇ، يەنە شۇ ھامان ئورنىدىن تۇردى. خەلپەت بايۋەچچىنىڭ شېرىكلىرى ئاللا ـ چۇقان كۆتۈردى:

— بارىكاللا ! !

— خەلپەت بايۋەچچىگە ئامىن ! ئامىن ! ئامىن ! !

خەلپەت بايۋەچچە ئىككىنچى مۇشتىنى ئەنجانباينىڭ چېكىسىگە قويدى. ئەنجانباي مىدىر ـ سىدىرمۇ قىلمىدى، تىك تۇرىۋەردى. ئۈچىنچى قېتىمدا خەلپەت بايۋەچچە ئارقىسىغا تۆت قەدەم ياندى، مۇشتلىرىنى جۈپلىدى، قوشقارچىلاپ كېلىپ ئەنجانباينىڭ كىندىكىنىڭ سەل ئۈستىگىلا گۈپپىدە قويدى. ئەنجانباي ئالدىغا پۈكۈلۈپ قالدىيۇ، يىقىلمىدى. ئۇنىڭ چىرايى سەل تاتىرىپ قالغانىدى.

سورۇن باشقۇرغۇچى جاكارلىدى:

— ئەمدى نۆۋەت ئەنجانباينىڭ !

— ئامىن ! ئەنجانبايغا ئامىن ! ئامىن !...

ئەنجانباي جامائەتكە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ـ دە، خەلپەت بايۋەچچىنى يانپاشلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە مۇشت بىلەن پەشۋا سالدى. خەلپەت بايۋەچچە ئىككى پۇتى ئاسمانغا بولۇپ گۈپپىدە يىقىلدىيۇ، يەنە شۇ ھامان بېشىنى كۆتۈردى. لېكىن، ئورنىدىن تۇرالمىدى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ بېشىنى گۈپپىدە يەرگە قويدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاققان قان يۈك چەكمىنىنىڭ ئالدىنى قىپقىزىل بوياپ ئۈلگۈرگەنىدى.

سورۇن باشقۇرغۇچى جاكارلىدى:

— ئەنجانباي ئۇتتى !

خالايىق تەۋرەپ كەتتى، قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى:

— ئامىن ! ئەنجانبايغا ئامىن ! ئامىن !...

— بارىكاللا ! !

— مۇبارەك بولسۇن ! !

سورۇن باشقۇرغۇچى ئاتالارنى يېتىلەپ كېلىپ، تىزگىنلىرىنى ئەنجانبايغا تۇتقۇزدى:

— مۇبارەك بولسۇن ! هالال پۇل، هالال مال !

جامائەتمۇ تەكرارلاپ تووۋلاشتى:

— مۇبارەك بولسۇن !

ئەنجانباي ئاتلارنى يېتىلەپ ماڭاي دەپ تۇراتتى، جامائەت كوتە - كوتە قىلىپ ئۇنى خۇددى كىچىك بالىنى كوتۇرگەندەكلا كوتۇرۇپ خەلپەت بايۋەچچىنىڭ ئېتىغا مىندۇرۇپ قويدى، خۇرجۇن پۇلنى ئۇنىڭ ئوزىنىڭ ئېتىغا ئارتىپ توشلەپ قويدى.

ئەنجانباي ئاتتا تۇرۇپ، قولىنى كوكسىگە قويۇپ جامائەتكە تەزىم قىلدى:

— هەربىرلىرىنىڭ ئالدىدىن ئاتلىق ئېگىپ ئەدەپسىزلىك قىلىپ قالدىم، خاپا بولۇشمىسىلا.

— بەلەن بولدى، تازا بەلەن بولدى !

— خەير - خوش، يول بولسۇن !

ئەنجانباي جامائەتنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرى ئاستىدا ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە شەهەرگە قايتتى. ئۇنىڭ ئېتىنىڭ جۇلاسىغا چىگىلگەن شەلپەر ياغلىقلار قۇياشنىڭ كەچكى نۇرىدا قىپقىزىل جۇلالىنىپ يالتىرايتتى. ئەنجانباينىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ توپى ئىچىدە قۇمدەرۋازا ساقچى ئەمەلدارى زۇنۇن ئەپەندىمۇ بار ئىدى. بۇلار پاختا بازىرى مەسچىتىنىڭ ئارقىسىدىكى ئالدىدا يوغان بىر توپ قاپاق تېرەك سايە تاشلاپ تۇرىدىغان بالىخانىلىق سارايغا كىرىشتى. سارايدا ئوپاللىق ئەلنەغمىچىلەردىن ئومەر ساتار، سەمراخۇنلار سورۇن راسلاپ تۇرۇشقانىدى. كېچىچە مەشرەپ ئوينىدى. ئەنجانباي ئۇسسۇلغا چۇشكەندە قاش - كوزىنى هەر خىل ئوينىتىپ جامائەتنى كۇلدۇرۇپ، تېلىقتۇرۇۋەتتى. ئەتىسى ئاغىنىلىرىنى باشلاپ هېيتگاهنى،

ئاپاق خوجىنى ئايلاندى. ئىككى خۇرجۇن پۇلنى ئۇچرىغانلىكى يوقسۇل، ئاجىزلارغا سەدىقە قىلىپ تۈگەتتى. بۇنىڭغا ھېچ كىشى ئەجەبلەنمىدى. چۈنكى، ئۇتۇۋالغان پۇللىرىنى ئاشۇنداق سەدىقە قىلىش ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى.

* * *

شۇ يىلى كۈز، يەكشەنبە. بوراختاي[①] بازىرى. بۇ قېرى قارا سۆگەت خوپ يوغىناپ كەتكەنىدى، ئۈچ ـ تۆت ئادەمنىڭمۇ قۇچىقى يەتمەيتتى. پورلىشىپ كەتكەن كاۋىكىغا بىر ئادەم بىمالال سىغاتتى. تەرەپ ـ تەرەپلەرگە شاخلاپ كەتكەن قۇچاققا يەتكۈسىز يوغان، باراقسان شاخلىرى ھەيۋە بىلەن بازارغا سايە تاشلاپ تۇراتتى.

ئەنجانباي چاي ئىچكەچ بۇ قېرى سۆگەتكە خېلى ئۇزاققىچە تىكىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى. سەيخانىچى چىلىمنى ئۇنىڭغا تۇتقاندىمۇ ئۇنىڭ كۆزى يەنىلا ئاشۇ سۆگەتتە ئىدى. «تېنى پورلىشىپتۇ، شېخى تېخى يەنىلا ياشىرىپ تۇرۇپتۇ. ھەي!... بىچارە سۆگەت، ئىچى كاۋاك ئىكەن، قۇرۇشقا يۈزلىنىپتۇ. بىر دەملىك ھەيۋىسىلا قاپتۇ. ئىسسىت!...» ئۇ شۇ خىيال بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى، ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشلاردىكى بىر بالا ئۇنى ئىزدەپ كىرىپ كەلدى:

— ئەنجانباي ئاكا، سىلىنى بېگىم ئىزدەۋاتىدۇ.

— بېگىم؟ قايسى بېگىم؟

— مەمتىمىن بېگىم.

مەمتىمىن بەگ بۇ يەرگە ئالۋان سۈيلەپ كەلگەنىدى. ئۆستەڭبويىدىكى چايخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، تازا ۋاژ ـ ۋاژ قايناق جېدەلنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالدى. يىگىرمە ـ ئوتتۇزدەك

① بوراختاي — ھازىر بولاقسۇ دەپ ئاتىلىدۇ. قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. ناھىيە مەركىزىدىن 13.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا.

ئادەم ئۆرتتۆپە بولۇپ مۇشتلىشىۋاتاتتى. پىچاق يېگەن يەنە بىر نەچچىسى ۋايجانلاپ يېتىشاتتى. شۇ تاپتا بۇ جېدەلنى بېسىقتۇرمىسا ئۇنىڭ ئالدىدىلا ئۆلۈم پىششىقى چىقاتتى ـ دە، ئۇنىڭ يۈزى تۆكۈلەتتى. ئۇ تىللىدى، ۋارقىرىدى... لېكىن، ئۇنىڭ جارقىراشلىرى كار قىلمىدى. بەلكى مۇشتلىشىش تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. ئۇنىڭ تازا ئاچچىقى كەلدى. بىر نەچچە يۇرتنىڭ چوڭ بېگى تۇرۇپىزە، مۇشۇ ئالتە توك ـ توك قەلەندەرنىڭ جېدىلىنى پەس قىلالمىسا ـ ھە!

ئۇ غەزەپ بىلەن قامچىسىنى شىلتىدى. بەش ئاتلىق دورغا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەيدانغا باستۇرۇپ كىردى ـ دە، كاللا ـ ماللا دېمەي قامچا بىلەن ۋاقشىتىپ ساۋاشقا چۈشتى. شۇندىلا مۇشتلاش توختىدى. لېكىن، خىرقىراشقان، ئىنجىقلاشقان، ھاسىراشقان ئاۋازلار خېلى ئۇزاققىچە بېسىقمىدى.

مەتتىمىن بەگ غەزەپ بىلەن سورىدى:

— ھە، نېمە گەپ؟ نېمە بولاشتىڭ؟! ھۇ! ھارام سۈيدۈكلەر!

ئوتتۇرىدىن بىر بوۋاي ئاغزىدىن قانلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— نەدىن كەلگەن لالمىلاركىن بىلمىدۇق، بىزنىڭ ئەنجانبايىنى «پوستەك نوچى» دەپ كەم سۇندۇرۇۋاتىدۇ، ئادەمنىڭ زەردىسىنى قايىنتىپ.

شۇئان خاپان كاللا، كوسا، بەكمۇ قوقلاق چىراي، بىلى قۇچاققا يەتكۈسىز يوغان بىر ئادەم يېرىم يالىڭاچ ھالدا بەش ـ ئالتە ئادەمنى ئەگەشتۇرۇپ كېلىپ غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋاز بىلەن بەگكە ۋارقىرىدى:

— ئەنجانباي نوچى بولسا، مەن بىلەن مەيدانغا چۈشسۇن، ھېلى ئاستىمدا چۈجىدەك چۈكۈلدىمىسا ھېساب ئەمەس! مەندەك خوجا ئاكىسىنىڭ تاپىنىنى ئون يىل يالاپ ئاندىن ئۆزىنى نوچى دېسۇن!

بەگ ئۇنى كۆرۈپ تېنى سىرقىراپ كېتىپ دۈدۈقلىدى:

— ئۆزلىرى ؟ ...
— بىز يېڭىساردىن كەلدۇق، ئېتىم غوجا قاسىم. سىلىنىڭ ئەنجانباي دېگەن پوستەك نوچىلىرى بىلەن كۆرۈشتۇرسىلە.
«غوجا قاسىم؟ ھە، شۇ ئىكەن ـ دە! داڭدار مۇشتلاشچى، تەڭدىشى يوق كۈچتۈڭگۈر، دەپ ئاڭلىغىنىم بىكار ئەمەس ئىكەندە! خۇدايىم بەردى. ھىم، دېدى بەگ ئىچىدە، — پۇرسەت دېگەن شۇ! ماۋۇ قارا دىۋە ئەنجانباينى يېڭىپ تازا ئەدىپىنى بېرىپ، يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغان بولدى. خۇماردىن چىقىدىغان بولدۇم. ھىم، ئاھ خۇدا! ئەنجانباينىڭ ئەدىپىنى بەرگەيسەن!»
— ئۇنداق بولسا ئۇپالغا بارساق، شۇ يەردە خىزمەتلىرىدە بولساق، ئەنجانبايمۇ ھازىر ئۇپالدا.
— ياق! ئۇنى مۇشۇ بازاردا دەپ ئاڭلىدۇق.
— ئىزدەڭلار!
ئەنجانباي مەمتىمىن بەگ بىلەن بوراختاي بېگىنىڭ ھويلىسىدا كۆرۈشتى.
— بايا بىر جېدەلنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قاپتىمەن، جېدەل سىلى توغرۇلۇق بوپتۇ. ئۆستەڭبويىدىكى چايخانىدا مۇشۇ يۇرتلۇق بىرنەچچە ئادەم سىلىنىڭ بۇ تەرەپكە كەلگەنلىكىڭلارنى، باتۇرلۇقتا نامىڭلارنىڭ بارلىقىنى ماختىشىپ پەخىرلىنىپ ئولتۇرۇشسا، بۇنى ئاڭلىغان يېڭىساردىن كەلگەن پالۋانلار سىلىنى بىلمىگەنلىكى، تونۇمىغانلىقى ئۈچۈن سىلىنى سۆندۈرۈپ گەپ قىلىپ ساپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جېدەل چىقىپتۇ. مېنىڭمۇ قەۋەت ئاچچىقىم كەلدى. غوجا قاسىم دېگەن بىرى سىلى بىلەن كۈچ سىنىشىمەن، دەپ تۇرۇۋالدى. تازا ئەدىپىنى بېرىپ قويىمامسىلە، قارىغاندا، خوپ نوچىدەك تۇرىدۇ. مىجەزىڭلا قانداق؟ ئۇلار ئارماندا قالمىسۇن. بىزنىڭ يۇرتنىڭ يۈزى، بىر تۇتۇشۇپ باقمامسىلە. چۈشمىسەڭلا «قاچتى»، «يېڭىلدى» دەيدۇ.
ئەنجانباي سوغۇقلا كۈلۈپ قويدى:

— ھەم، مېھمان ئۆزى تەلەپ قىلغان تۇرسا، رايىنى قايتۇرساق ئەدەپسىزلىك بولار.

غوجا قاسىم ئۆزىنى «تەڭدىشى يوق پالۋان» دەپ ئاتايتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىنىڭ يەرگە تەگكەنلىكىنى تېخى كۆرمىگەنىدى، غالىب مۇشتلاشچى ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتى. ئۇ ئەسلىدە بۇ تەرەپلەرگە بىرنەچچە شېرىكلىرى بىلەن قىمار قوغلىشىپ كېلىپ قالغان. ئەنجانباي بىلەن تۇتۇشۇش غەرىزى يوق ئىدى. چايخانىدىكى ھېلىقى «سەندەك نوچىلار ئەنجانباينىڭ ئارقىسىدىن ئون يىل ئەگەشسەڭ ئاندىن ئاران ئۇنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرگۈدەك بولالايسەن! ھازىر ئۇنى كۆرسەڭلا، ئىشتانغا چىقىرىۋېتىسەن!» دېگەن گەپ ئۇنىڭ قېنىنى قىزىتىپ قويغانىدى. «ھىم، — دېدى ئۇ مەيداندا كېتىۋېتىپ، — مېنى يېڭەلەيدىغان ئادەم تېخى ئانىسىدىن تۇغۇلمىدى.»

مەيدانغا ھېلىقى قېرى قارا سۆگەتنىڭ كۇنچىقىش تەرىپىدىكى يايمىچىلار بازىرى تاللانغانىدى. بۇ يەرنى بازارغا كەلگەن مىغ ـ مىغ ئادەملەر توپى ئورىۋېلىپ، قىستا ـ قىستاڭ تۇرۇشاتتى، كىشىلەر ئالدىغىراق ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى قىستايتتى. ئاتلىق دورغىلار ئۇلارنى قامچا بىلەن ساۋاپ ئارقىسىغا ياندۇراتتى.

مەمتىمىن بەگ مەيدانغا ئاتلىق كىرىپ جاكارلىدى:

— جامائەت، ھازىر يېڭىسارىدىن كەلگەن پالۋان غوجا قاسىم بىلەن ئەنجانباي كۈچ سىنىشىدۇ. ئىككى تەرەپتىن كىمدە كىم غوۋغا قىلسا، ئۆزىگە ئاگاھ بولسۇن، تانابى تارتىلىدۇ. يەنە بىرى، ئىككى تەرەپ بىرلا قېتىم ئېلىشىدۇ. ناۋادا، شۇ بىرلا قېتىمدا بىرى يەنە بىرىنى يېڭەلىسە، يەڭگۈچى يېڭىلگۈچىنى قانداق قىلىمەن دېسە، شۇنداق قىلسا بولىدۇ. ناۋادا بىرلا قېتىمدا بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىسە، كېيىن قايتا ئېلىشىدۇ.

ئۇلار ئىككىسى مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىدىن تەڭلا كىرىپ كېلىشتى، ئەنجانباي ئايلىنىپ يۈرۈپ جامائەتكە سالام بەردى.

ئاندىن غوجا قاسىم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى:

— خوش مېھمان، قانداق سىنىشىمىز؟

— مۇشتلىشىپ.

— سىلى بىزگە مېھمان، نۆۋەتنى سىلىگە بەردىم، قېنى مەرھەمەت.

غوجا قاسىم تەكەللۇپسىزلا ئارقىسىغا ئىككى قەدەم ياندى. ئىككى مۇشتىنى جۈپلەپ ئېگىز كۆتۈرۈپ چۆرۈپلا ئەنجانباينىڭ مەيدىسىگە گۈپپىدە ئۇردى، خېلى ـ خېلى ئىشلارغا تەۋرىمەيدىغان ئەنجانباي يىقىلىپ چۈشكىلى تاس ـ تاماس قالدى، دەلدۈگۈنۈپ ـ دەلدۈگۈنۈپ ئاران ـ ئاران توختاپ قالدى. جامائەت چۇرقىرىشىپ كېتىشتى:

— ياپىرىم!

— ۋاي خۇدايىم، بىر ساقلىدى!

— بازغاندەك تەگدى!

ئەنجانباينىڭ چىرايى سارغىيىپ كەتكەندى. سېرىق سىبىم بۇرۇتى لىك ـ لىك تىترەيتتى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەندى. ئەمدى نۆۋەت ئۇنىڭغا كەلدى. ئۇمۇ ئارقىسىغا ياندى، تەمكىن كېلىۋېتىپ تەتۈر مۇشت بىلەن تەڭ سەكرەپلا غوجا قاسىمنىڭ قۇلاق تۈۋىگە بىرلا پەشۋا قويدى. ئۇ گۈپپىدە يىقىلدى. ئەنجانباي ئۇنى دەس كۆتۈرۈپ مەيدىسىگە ئالدى ـ دە، تىزلاپ تۇرۇپ ئىرغىتىۋەتتى. ئەنجانباي بولدى قىلىپ ئەمدى يېڭىنى سىيپاپ تۇرۇشىغا، رەقىبىنىڭ شېرىكلىرى چوماقلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. لېكىن، دورغىلار توسۇۋالدى. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە دەڭنىڭ ئۆگزىسىدىكى بادىرىلار تاشلىنىپ، ئۈچ ـ تۆت يۈزدەك ئادەم قوراللىنىپ بولدى. بەگ غوجا قاسىمغا قارىغانىدى، ئۇ دۇم يېتىۋېلىپ يىغلىغىلى تۇردى.

— ئىسىت، ئۇتتۇردۇم! ئۆمرۈمدە بۇنداق بولمىغانىدىم.

بەگ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى. غوجا قاسىمغا كۆڭۈل قويماقچى بولۇپ تۇراتتى، كىشىلەرنىڭ غۇلغۇلىسى قۇلىقىغا كىرىپ

قالدى.

دېمىدىممۇ، بىزنىڭ ئەنجانبايىنى ھېچ كىشى يېڭەلمەيدۇ، — دەپ!

— يېڭىلمەيدۇ!

— خۇدايىم ساقلايدۇ!

— ئۇنىڭغا بەتنىيەتلىك قىلغانلارمۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ!

بەگ چىشىنى غۇچۇرلاتتى. جامائەتكە ئالىيىپ قاراپ قويۇپ مەيداندىن چىقىپ كەتتى.

*   *   *

شۇ يىلى كەچ كۈز پەيشەنبە. قەشقەر يېڭىشەھەر، ياندۇرما[1].

قاسىمباي ئەنجانبايغا «ياندۇرمىدىكى دوسمەت بەگ ھاجى كاتتا مەرىكە قىلىدىكەن، چېلىشىش، ئوغلاق تارتىشىش قالتىس قىزىيدىكەن، شەھەر ـ شەھەر، يۇرت ـ يۇرتلاردىن كەلگەن نوچىلار يىغىلىپ بوپتىمىش، كۆرۈپ كەلسەك» دېگەن مەزمۇندا خەت ئەۋەتتى. ئەنجانباي چارشەنبە كۈنى ئاخشىمى يېتىپ كەلدى. ئىككىسى يەنە يېرىم كېچىگىچە چېلىشتى. تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قېلىشتى. ئۇلار ئويغانغاندا ئاشۇاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئالدىراپ ئاتنى تويغۇزۇشتى. چالا ـ بۇلا ناشتا قىلىپ يولغا چىقىشتى. ئۇلار يېتىپ كەلگەندە چېلىشىش ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى. ئوغلاق مەيدانىدىمۇ بىر خىل كۆڭۈلسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

ئۇلار ئاتلىرىنى دەڭجاغا تاپشۇرۇپ، ئارىلاپ تاماشا كۆرگەچ چېلىش مەيدانىغا كەلدى. «چېلىشىشتا يېنى يەرگە تەگمەيدىغان پالۋان» سالىھ بەقەسەم تون، ئۆتۈك، مەخسۇمچە تۇماق كىيىۋالغان، گەۋدىلىك، سېمىز، شاپ بۇرۇت ئادەم ئىدى. شۇ

[1] ياندۇرما — قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بىر يېزىنىڭ نامى.

تاپتا ئۇ قىنىغا پاتماي قالغانىدى، ئۇ مەيداننى بېشىغا كىيىپ «باتۇر بولساڭ مەيدانغا چىق !» دەپ جىېنىنىڭ بارىچە توۋلايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بىلەن بەل تۇتۇشۇشقا بىرەر ئادەم جۈرئەت قىلىپ چىقمايتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ھەربىيچە كۆل رەڭ كىيىم كىيگەن بىر چېرىك ئايلىنىپ يۈرەتتى. يېنىغا ئاسقان قىلىچى يەرگە سوزۇلۇپ تۇراتتى. جامائەت چۇرقىراشتى:

— بۇ سۇ بۇقىسىغا ئادەم بەس كېلەلمەيدۇ !

— يېنى يەرگە تەگمەيدۇ !

— خىزىر نەزەر سالغان ئادەم.

ئەنجانباي بىلەن قاسىمباي ئىككىسى «كېلىپ قۇرۇق كەتمەيلى، تونۇش - بىلىشلەر كېلىپ قالغان بولسا كۆرۈشۈپ كېتەيلى» دەپ جامائەتنى ئارىلاپ ئۇيان - بۇيان ماڭدى. لېكىن، بىرەر تونۇش - بىلىش ئۇچرىمىدى. شۇ ئارىدا ئاق سېرىق، كېلىشكەن بىر يىگىت ئەنجانبايدىن سەل نېرىراقتا توختىدى. ئۇ كېلىپ ياكى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىدى، ياكى نېرى كەتمىدى. ئۇنىڭغا كۆلۈمسىرەپ قاراپ ئەگىشىپ يۈردى. لېكىن، بۇنى ئۇلار ئىككىسى سەزمىدى. ئۇلار ئارىلاپ يۈرگەندە بۇلارنى يەنە بىر ئادەم كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئۇلارنى تونۇپ قالدى بولغاي، ئۇدۇللا بېرىپ سالىمە پالۋاننىڭ يېنىدا تۇرغان چېرىككە پىچىرلاپ، ئەنجانباي تۇرغان جاينى قولى بىلەن شەرەتلەپ كۆرسەتتى. چېرىكنىڭ كۆزلىرى يوغان - يوغان ئېچىلدى. ئەتراپقا قاراپ ئۇدۇللاپ ئۇلارنىڭ تۇرغان يېرىگە كېلىپلا توخلۇق بىلەن:

— ئەنجانباي دېگەنلىرى قايسىلىرى؟ — دەپ سورىدى.

ئەنجانباي ئۇنداق توخلۇقنى كۆتۈرمەيتتى، تولۇق ئادەمنى كۆرسە جۇدۇنى ئۆرلەيتتى. شۇڭا، خۇددى ئۇنى كۆرمىگەندەك، گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك ئۈنچىقمىدى، بەخىرامان بۇرۇتىنى تولغاپ تۇرىۋەردى. ئۇ «قاسىمكام نېمىشقىمۇ مۇشۇنداق قاملاشمىغان سوغۇق سورۇنغا باشلاپ كەلگەندۇ» دەپ ئويلىدى.

قاسىمباي لاپپىدە ئەنجانبايغا قارىۋېتىپ سەل ئويلاندى ـ دە، تەمكىنلىك بىلەن.

ـــ ھە، خوش، نېمە گەپ؟ ئەنجانباي دېگەن مۇشۇ كىشى بولىدۇ، ـــ دەپ ئۇنى كۆرسەتتى.

قاسىمباينىڭ سۇرلۇك، تەمكىنلىكى، ئەنجانباينىڭ بەستلىك قاۋۇل ئۇستىخىنى، سالىھنى كۆزگە ئىلمىغاندەك ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇشى چېرىكنى تەمتىرىتىپ قويدى بولغاي، ئۇ دۇدۇقلىدى:

ـــ سىلىنى قالتىس پالۋان دەپ ئاڭلىغان. ئاۋۇ پالۋانىنىڭمۇ يېنى يەرگە تەگمىگەن. «ئېسىلساڭ نارغا ئېسىل، يىقىلساڭ ناردىن يىقىل» دەپتىكەن. بىر چېلىشىپ جامائەتنى خۇرسەن قىلىۋەتسىلە.

ـــ يوغسۇ، بىز چېلىشقىلى كەلمىگەن. تاماشا كۆرگىلى كەلگەن بىر مۇساپىر، چېلىشمايمىز.

سالىھ بار ئاۋازى بىلەن كۆرەڭلەپ توۋلىدى:

ـــ مەرد بولساڭ مەيدانغا چىق! بولمىسا كۆزۈمدىن يىت! ئەنجانباي دەپ ئاڭلىغان! قۇرۇق نامى بار ماكانسىز پوچىمىش!

«ماكانسىز؟!» يەنە شۇ بەتنام. يەنە شۇ ھاقارەت! «قاچان ئۇنىڭدىن ساقىت بولار بۇ زەھەرلىك تامغا!»

ئەنجانباي ئاچچىقىدا تىترەپ كەتتى. نومۇستىن لېۋىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى.

ـــ شۇنداق. ساق كېتەلمەيدۇ.

ئەنجانباي ئەسلىي بوگۈن چېلىشماقچى ئەمەس ئىدى. قاسىمبايغا ئەگىشىپ تاماشا كۆرگىلى كەلگەنىدى. ھېلىقى ھاقارەت ئۇنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى. «ماكانسىز دېگەن تىلنى كۆزۈڭگە كۆرسەتمىسەم خەپ!» ئۇمۇ ئۈنلۈك توۋلىدى:

ـــ بولدى! مەن سالىھ پالۋان بىلەن چېلىشىمەن!

ئۇ سالماق قەدەم بىلەن مەيدانغا كىردى. قولىنى كۆكسىگە

ئېلىپ جامائەتكە سالام بەردى. ئاندىن سالىھقا قاراپ:

— قېنى مەرھەمەت، تونۇۋېلىڭ، — دەپ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ بەردى. سالىھ پەرۋاسىزلارچە بىر تىزىنى ئېگىپ تۇرۇپ قولىنى بەلۋاغقا ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ ئىككىنى تولغىدى.

نۆۋەت ئەنجانبايغا كەلدى. ئۇ تولغام سالمىدى، ئۇنىڭ يانپىشىدىن بوشلا تۇتتى. سالىھ ئەنجانبايىنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، ئەنجانباي ئوڭ قولىنى شاقلا بوشىتىپ ئۇنىڭ بەلۋېغىنىڭ كەينىگە چىگىلگەن چىگىككە ئۆتكۈزۈپ «يا ئېلى» دەپلا ئۇنى دەس كۆتۈرۈپ مەيدىسىگە ئالدى ـ دە، تىزىدا ئىتتىرىپ ئىرغىتىپ تاشلىۋەتتى. سالىھ خۇددى كۆتەكتەك گۈپپىدە يانتۇ چۈشتى ـ دە، «ۋايجان !» دەپلا ئۇنى ئۆچتى. ئۇنىڭ تولغام سالغان قولى قايرىلىپ سۇنغان، يەرگە چۈشكەن قاتتىق زەربىدىن تىلى چاينالغانىدى. ئاغزىدىن توختىماي قان چىقىۋاتاتتى. ئۇ شۇ ھالدا ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭغىچە قاسىمباي ئەنجانبايىنىڭ قولىدىن سۆرەپ ئاتلارنى تاپشۇرۇپ بەرگەن دەڭگە قاراپ ئېلىپ ماڭدى. دەل شۇ چاغدا ئەنجانبايىنىڭ قېشىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ھېلىقى ئاق سېرىق يىگىت ھاسىراپلا ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى:

— ئۆلگۈرەلمەيمىز، ئاتلار ئەنە، چاققان بولۇڭسىلا ! — دېدى.

ئەنجانباي شۇنداق قاراپلا خېلى نېرىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىرىنى بىر كىچىك بالىنىڭ تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ يىگىت ئەنجانبايىنىڭ كۆزىگە خېلى ئىسسىق كۆرۈندى. لېكىن، ئۇنى تونۇيالمىدى. بۇ بىر چاغلاردا ئۆزى ئوبدان يولغا سېلىپ قويغان ھېلىقى دىۋانە يىگىتنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئېسىگىمۇ كەلمىدى. پەقەت رەھمەت دەپلا ئاتقا قامچا ئۇردى.

سالىھنىڭ شېرىكلىرى ئۇنىڭ دەردى بىلەن بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئەسلىرىگە كەلگەندە ئەنجانبايىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. قورال‌لىق ئىككى چېرىك سالىھنىڭ ئون شېرىكىنى ئەگەشتۈرۈپ

ئۇلارنى قوغلاپ يولغا چۈشتى.

ئەنجانباي ئاتقا مىنىشتە ئۇستا چەۋەنداز ئىدى. قاسىمبايمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. بۇلار ئاتلارنى شۇنداق قويۇۋېتىشتىكى، ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن چاچرىغان تاش ــ چالمىلار خۇددى سالغىدا تاش ئاتقاندەك «ۋىڭ ــ ۋىڭ» ئۇچاتتى. هايت ــ هۇيت دېگۈچە قىزىل دەرياسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنى كۆرگەن كىشىلەر «ئوغلاقنى پەتتە قىلغان چېغى» دەپ قاراپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئون ئىككى ئاتلىق ئۇلارغا يېتىشەلمىدى. پەقەت يىراقتىن كەلگەن توپا ــ چاڭنى قارارلاپ مېڭىۋەردى.

قاسىمباينىڭ ئۆيىدە چۆچۈرە تەييار بولغانىدى. ئۇلار يۈز ــ كۆزلىرىنى يۇيۇپ ئەمدى داستىخانغا ئولتۇرۇشىغا دەرۋازا ئۇرۇلدى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرىمۇ ئاڭلاندى. ئەنجانباي دەرۋازىنىڭ شورىسىدىن سىرتقا قارىۋىدى، ئون ئىككى ئاتلىق ئادەمنىڭ ئۆينى قورشىۋالغانلىقى كۆرۈندى. چېرىكلەر دەرۋازىنى بولۇشچە ئۇرۇۋىدى، ئەنجانباي سەل ئەنسىرەپ قالدى.

— ئاپلا، جېدەلنىڭ يوغىنى چىقىدىغان بولدى. مەن سىلىگە بالا ــ قازا تېپىپ بەردىم.

— نېمە قورقاتتۇق؟ — دېدى قاسىمباي زەردىسى قايناپ، — يا ئۆلۈم! يا كۆرۈم! — خۇدايىم بەرگەن جاننى يەنە خۇدايىم ئالىدۇ. جاننى تىكىپ ئېلىشامدۇق.

ئۇ شۇنداق دەپلا ئەنجانباينى باشلاپ ئۆگزىگە چىقتى. ئوق مىلتىقنى ئوقلىدى، ئىككى كەتمەننى يېنىدا قويدى. ئىشىك تاقايدىغان يوغان دەمىنىمۇ تامغا يۆلەپ قويدى. ئۇنىڭ يىگىرمە بىر ياشلىق قاۋۇل، بەستلىك ئوغلىمۇ تۆمۈر ئارىنى ئېلىپ تەييارلاندى. هويلىنىڭ تېمى يەتتە قۇرلۇق بولۇپ، سىلىق سۇۋالغانىدى. قورشاپ تۇرغانلار بۇ تامدىن يامىشىپ چىقالمايتتى. ئۆگزىدە تۇرۇپ تالادىكى ئەھۋاللارنى ئوچۇق كۆرۈپ تۇرغىلى بولاتتى. ناۋادا ئىشىكنى بۇزۇپ كىرمەكچى بولسا،

بىردىن ـ بىردىن ئۇجۇقتۇرغىلى بولاتتى. قاسىمباي: «بىز نېمە گۇناھ قىپتۇق؟! زادى نېمە گۇناھ قىپتۇق؟ ئۆلسەك ئۆلمىسەكمۇ، ھەرگىز ئۇ ئەبلەخلەرگە باش ئېگمەي ئالدىغا چىقمايمىز» دەپ چىشىنى غۇچۇرلىتاتتى. دەل شۇ پەيتتە ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىشىپ چېپىشقان، كىشنەشكەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. قاسىمباي شۇنداق قارايلا خۇش بولۇپ كەتتى:

— ۋاي! تازا بەلەن بولدى. بۇ غالچىلارنىڭ ئەدىپىنى تازا بېرىدىغان بولدۇق. تەلىيىمىز ئوڭدىن كەلدى. تاشمەمەت، ئوسمان غالى، قوندۇزبايلار كەلدى. ئۇلار تاغدىكى جان دوست ئاغىنىلىرىم، ئەجەب بەلەن بولدى، دەل ۋاقتىدا كەلدى.

قاسىمباينىڭ قىرغىز ئاغىنىلىرى دەرۋازا ئالدىدىكى ئادەملەرنىڭ يىرگىنچلىك تەلەتىنى كۆرۈپ بىر ھەر پېشكەللىكنى سەزدى بولغاي:

— ۋاي دوستۇم، نېمە ۋۇلدى! جۇلۇڭلەرگە جۇندەمەي قاسىمكامنىڭ ھويلىسىنى قاپسايسىلەر؟ — دەپ سورىدى. چېرىك زەردە بىلەن جاۋاب بەردى:

— ھەي بەدرەڭ، سېنى سوراقچى قويدىمۇ؟ يولۇڭغا ماڭ!

بۇ زەھەرلىك گەپنى ئاڭلاپ قىرغىزلارنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى. سىم قامچىلىرى بىلەن ئۇلارنى باش ـ كۆز دېمەي راسا ساۋاشقا تۇردى. ئىككى چېرىكنىڭ بېشى يېرىلىپ سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى. باشقىلىرى كىرگىلى تۆشۈك تاپالمىغان چاشقانلاردەك تەرەپ ـ تەرەپلەرگە پىتىراشقا باشلىدى. ئۇنىڭغىچە قاسىمباي بىلەن ئەنجانباي ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ تازا سالدى. بىر چېرىك ۋايجانلاپ يىقىلدى. ئۇ ئەنجانباينى سالىھ بىلەن چېلىشىشقا زورلىغان ئەسكەرنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئەنجانباي ئۇنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى، بېشىنى ئاق ماتا خام بىلەن تېڭىپ قويدى، چاي ئىچكۈزدى. ئاندىن ئۇنى يۆلەپ ئېتىغا مىندۈرۈپ يولغا سېلىپ قويدى.

ئاخشىمى ئەنجانباي چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ قاسىمبايدىن

سوراپ قالدى:

— قاسىمكا، بىزگە ئاتلارنى تەييارلاپ تۇرغان ھېلىقى يىگىت سىلىنىڭ يېقىن تونۇشلىرى ئوخشايدۇ ـ ھە؟ ھەرنېمە بولسا بىزنى چوڭ بالا ـ قازادىن ساقلاپ قالدى، ئامان قالدۇق.

— ھېلىقى مونچاق قۇلاقلىق يىگىتنى دەملا؟ ۋاي ياقەي، مەن تېخى ئۇنى سىلىنىڭ يېقىن ئاغىنىلىرى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ خۇش بولۇپ قاپتىمەن. ئۇ سىلىگە كۆز ئۇزمەي قاراپ تۇرغاندا، كۆزۈم ئۇنىڭ قۇلىقىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ ئاتلارنى دەل ۋاقتىدا ئەكېلىپ قويمىغان بولسىزە، مانا كۆرۈڭ تاماشىنى! ئۇ چاغدا بىز دەڭگە بېرىپ ئاتلارنى ئەكېلىپ بولغۇچە ئارىلىقتا ئۇ گۇيلار باستۇرۇپ كېلىپ بىز بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشتىن يانمايتتى. ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇرىدۇ، ناۋادا تۇتۇشۇپ قالساقلا، ئۆلۈم پىششىقى چىقماي قالمايتتى.

— مونچاق قۇلاقلىق؟

— شۇنداق، مونچاق قۇلاقلىق.

ئەنجانباي ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. بىرھازادىن كېيىن تۇيۇقسىزلا ئېسىگە ئالدى.

— شۇ ئىكەن ـ دە، ۋاي خۇدايىم، ئەمدى ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ.

— تونۇشىدىكەنلا دە؟

— بىر قېتىملا كۆرۈشكەن. ئۇزاقىراق مۇڭدىشالمىغان، ئېغىزغا ئالغۇدەك چوڭ ئىشلارمۇ بولمىغان، بىر يىلدىن ئېشىپتۇ، شۇڭا ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ. ئەمما زە، ئۇنىڭ ھېلىقى ناخشىلىرى ھېلىمۇ قۇلىقىمنىڭ تېشىدىلا جاراڭلاپ تۇرغاندەك بىلىنىدۇ.

— ۋاھ، قىزىق گەپ ئوخشايدۇغۇ؟ ئاڭلاپ باقايلى بىكار ئولتۇرغۇچە. قېنى مەرھەمەت.

بۇ ئىش بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى بولغانىدى. شۇ كۈنى ئەنجانباي ئەتىگەنلىك «ئويۇنلىرى»نى تۈگىتىپ بولۇپ ناشتا قىلىۋېلىش ئۈچۈن بازار تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

* * *

بازارنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى چايخانىنىڭ ئالدىدا مەمتىمىن غادىيىپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىۋاتاتتى. ئۇ دادىسىنىڭ ئورنىغا يېڭىلا بەگ بولغانىدى. شۇڭا، بىرنەچچە ئادەم پايپېتەك بولۇپ ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتاتتى. ئەنجانباينىڭ ئۇ ھاكاۋۇر بىلەن پەقەتلا خۇشى يوق ئىدى، ئۇنى كۆرسىلا جۇدۇنى ئۆرلەيتتى. شۇڭا، ئۇ تاق توختىدى. ئارقىسىغا يېنىپ يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى توختى مۇللام مەزىنىنىڭ چايخانىسىغا كىردى. ئۇ ئەمدىلا بىر پىيالە چاينى قولىغا ئېلىپ تۇرۇشىغىلا كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بىر دىۋانە يىگىت ساپايى سوقۇپ كىرىپ كەلدى. قارىغاندا، ئۇ ئون توققۇز ـ يىگىرمە ياشلاردا باردەك كۆرۈنەتتى. كۆزىنى چالا يۇمۇۋېلىپ چاقپەلەكتەك پىرقىراپ ھۆكمەت ئوقۇيتتى. بىر قولىدا ساپايىسىنى چېلىپ، يەنە بىر قولىنىڭ ئالقىنىنى كەڭ ئېچىپ جامائەتكە تەڭلەيتتى. ساپايى ھالقىلىرىنىڭ شاراق ـ شۇرۇق سوقۇلۇشىغا ئۇنىڭ ھەرىكىتى تەڭكەش ئىدى. ئۇ ھۆكمەت ئوقۇپ، ساپاينى چېلىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ مەمتىمىن ئولتۇرغان چايخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ھۇم ئاللا، ھۇم ئاللا! ياھۇ، يامەن ھۇ! مەشرەپ كەچتى جاندىن، بېشىنى قويۇپ ئاستانىلەرگە، رەھمەت ئەيلىمەمسەن ئەي ناتىۋانلار، غېرىب ـ مىسكىن دىۋانىلەرگە، ھەق ـ ھەق ئاللاھۇ، ھەق، ھەق، ھەق!...

مەمتىمىننىڭ بىر ئادىمى ئۇنىڭغا بىر نان بەردى:

— بولدى نېرى كەت! بېگىمنىڭ بېشىنى تولا ئاغرىتماي!

دىۋانە يىگىت ساپايىسىنى شاراقشىتىپ چالغاچ ئاستا مېڭىپ

توختى مولللام مەزىننىڭ چايخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. جامائەت يىغىلىشقا باشلىدى، بىردەمدىلا چايخانا ئالدى ئادەملەرگە توشۇپ كەتتى. دىۋانە يىگىت پىر - پىر چۆرگىلەيتتى، ئۇنىڭ مورىسىگە ئېسىۋالغان ئۇزۇن يەنجىسىمۇ خۇددى چاقپەلەكنىڭ قانىتىدەك پىر - پىر پىرقىرايتتى. ئۇ ساما قىلىۋېتىپ كىشىلەرنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ قارايتتى. بىر بوۋاي ئۇنىڭغا بىر زاغرا نان تەڭلىدى، ئۇ تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتكەن پېشانىسى، يۈز - كۆزلىرىنى بەلۋېغىنىڭ ئۇچىدا سۈرتتى، ئاندىن ئاستا كېلىپ ناننى ئىككى قوللاپ ئالدى. باشقىلارمۇ پۇل - پۇچەك، نان - پان سەدىقە قىلدى. ئۇ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئالىقانلىرىنى كەڭ ئېچىپ دۇئا قىلدى:

— ئامىن ! خالايىق، خۇدا رىزقىڭلارنى كەم قىلمىغاي، دۈشمەن كۆزىدىن نېرى قىلغاي، ئەي خالايىق، مەندەك يېتىمگە بەرگەن سەدىقەڭلار قىيامەت كۈنىدە بېشىڭلارغا سايىۋەن بولغاي، ئامىن !...

ئۇ دۇئادىن كېيىن يەنجىسىنى دولىسىغا سېلىپ مېڭىشقا تەمشەلدى. دەل شۇ چاغدا ئەنجانباي كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن تۇردى - دە:

— ھەي يىگىت، مەيەرگە كېلىڭ، — دەپ ئۇنى يېنىغا چاقىردى.

ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ سىلىق، يېقىملىق ئىدى. چىرايىدا غەمخورلۇق، مېھرىبانلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بىر جۈپ نۇرلۇق كۆزىنى ئۇنىڭغا تىكتى. بىر قولىدا سارغۇچ بۆرۆتىنى سىلاپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولىنى يىگىتنىڭ مورىسىگە قويدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۇ يىگىتكە ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقى، ئېچىنغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى دىۋانىنىڭ مونچاقلىق قۇلىقىغا چۈشۈپ قالدى.

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— ئانامنىڭ دېيىشىچە، بۇ يىل ئۈجمە پىششىقى كەلسە ئون

توققۇز ياشقا كىرىدىكەنمەن.

— ئاتا - ئانىڭىز تىلەمچىلىك قىلىدىغان ئوخشايدۇ - ھە؟

— دادام يوق، تاياقتا ئۆلۈپ كەتكەن. باينىڭ ئىككى ئۆكۈزى سوقۇشۇپ قېلىپ، بىرىنىڭ مۈڭگۈزى چېقىلىپ كەتسە، كالىغا ئوبدان قارىمىدىڭ دەپ ئۇرۇپتىكەن، بىر ئاي يېتىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئانام بىز چوڭ بولغۇچە چىقىپتىكەن. ئەمدى بىز چىقىمىز.

— سىلەر نەچچە بالا؟

— بىر قىز، ئىككى ئوغۇل؟

— سىز چوڭىمۇ؟

— ياق، بىر ئاكام بار، ئۇمۇ چىقىدۇ.

ئەنجانباينىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئوتلىرى ياندى. ئۇ پۈتۈن بەدىنىدىكى قانلارنى خۇددى يۈزىگىلا يىغقاندەك قىزىرىپ كەتتى. «ئۇھ !» دەپ چوڭقۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىندى - دە، ناۋايغا قاراپ.

— ئۇستام، ئاۋۇ تەۋەككۈلدىكى نانلارنىڭ ھەممىسىنى مۇنۇ بالىنىڭ خالتىسىغا سېلىپ بەرسىلە، — دېدى.

ناۋاي سەل ھەيران بولغاندەك تۇرۇپلا قالدىيۇ، ئەنجانباينىڭ چىرايىغا قاراپ، شۇ ھامانلا نانلارنى جۈپتىن - جۈپتىن ساناپ ئۇ يىگىتنىڭ يەنجىسىگە سېلىشقا باشلىدى:

— بىر جۈپ، ئىككى جۈپ، ئۈچ جۈپ... ئون جۈپ... يىگىرمە جۈپ... ھە، مانا ساقمۇساق ئەللىك جۈپ چىقتى، خالتىمۇ توشتى.

يىگىت ئۆزىگە شۇنچە كۆپ سەدىقە بەرگەن بۇ ئادەمگە ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرۇپلا قالدى: «بۇ سېخىي ئادەم كىمدۇ؟ جاھاندا مۇشۇنداق قولى ئوچۇق ئادەممۇ بولىدىكىنا؟ ئون كۈن ساپايى سوقۇپ، كانىيى يىرتىلىپ كەتكۈدەك ۋارقىراپ يىغلاپ كاركىرىسىمۇ يەنجىنىڭ يېرىمىمۇ توشمايتتى.»

ئەنجانباي يىگىتكە يەنە بىر دەم تىكىلدى - دە، ئۇنىڭ باش -

ئايغىغا قاراپ:

— ھەي بىچارە يىگىت، — دېدى ھەسرەتلىك تىنىپ، ئاندىن ئۇچىسىدىكى يېڭىلا تىكتۈرگەن قىزىل چەكمەن چاپاننى سېلىپ، يىگىتكە ئاۋايلاپقىنا كىيدۈرۈپ قويدى. بېشىدىكى كېلىشكەن بادامدوپپىنىمۇ يىگىتنىڭ بېشىغا كىيدۈردى. ئۆزى پەقەت ھېلىقى بادامدوپپا ئىچىدىكى ئاق شاپاقدوپپا بىلەنلا قالدى.

— ھەببەللى، ئوبدان ياراشتى، — دېدى ئۇ يىگىتكە سىنچىلاپ قاراپ، — ئىنىم، يوقسۇزلۇق ھەممە كەمبەغەلنىڭ بېشىدا بار. شۇنداق، يوقسۇزلۇق تاشتىن قاتتىق. جىگەرلىك بولساقلا يوقسۇزلۇقنى يوقاتقىلى بولىدۇ. ياش ئىكەنسىز، قاۋۇل ئىكەنسىز، رەڭگىڭىزمۇ پاكىز ئىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق سەت ئىشنى قىلماڭ. نەدىن بولىسىز؟

— خانئېرىقتىن.

— ھە، مانا، ئوبدانلا يۇرتىڭىز بار ئىكەن. ئۇنداق قىلماڭ. ئەكېلىڭ ساپايىڭىزنى، — دېۋانە يىگىت ساپايىنى ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى. ئەنجانباي ساپايىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆردى - دە، چۆرۈپلا دۇكاننىڭ ئۆگزىسىگە تاشلىۋەتتى، — ئۆيىگە بېرىپ ئانىڭىز، ئاكىڭىز بىلەن ئوبدان مەسلىھەت قىلىڭ. ھۈنەر ئۆگىنىڭ، ئوقەت قىلىڭ، تىلەمچىلىك نومۇس!

يىگىت يەرگە قاراپ تۇرۇپ دۇدۇقلىدى:

— ئاكا، دېگەنلىرىڭىز ناۋاتتىن تاتلىق گەپ بولدى. بىزمۇ شۇنداق قىلايلى دېگەن، ئىككى تەڭگە بىرنېمە قىپتىكەنمىز، شۇنىمۇ «داداڭدىن قالغان قەرز» دەپ تارتىۋالدى. بىرنېمە دېمىسەك بوزەك قىلىدۇ، دەيلى دېسەك كۈچىمىز يەتمەيدۇ، پېشانىگە پۈتۈلگەننى تارتماقتىن باشقا چارە يوق ئىكەن.

— ئىنىم، جاھاندا ئادەمنى بوزەك قىلىدىغانلار ئاز، بوزەك بولىدىغانلار كۆپ، بوزەك بولساق بوزەك قىلىۋېرىدۇ. يۇرتۇڭلاردا سىلەردەك ياشلار كۆپ. ئادەم بوزەك قىلىدىغانلارغا ھەممىڭلار

بىرلىشىپ ئۆزۈڭلارنى ئوبدان تونۇتۇپ قويۇڭلار! ئاغىنىلەرنى تويلاڭ، ھەممىڭلار بىرلىشىپ ئىلىشساڭلار ئۇلار سىلەرنى ئۇنداق ئاسان بوزەك قىلالمايدۇ! ھەر ۋاقىت مۇشتۇمنى تۈگۈپ تۇرۇش كېرەك! بىز يەنە كۆرۈشۈپ تۇرايلى.

— خۇدايىم كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا نېسىپ قىلار. ئىلاھىم.

يىگىت قايتا - قايتا تەزىم قىلدى، چايخانا ئالدىغا توپلاشقانلار غۇلغۇلا قىلىشىپ قالدى.

— راست دەيدۇ، توپلاشمىساق ئۇلارغا تېتىغلى بولمايدۇ!

ئۇلار غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقاندا يىراقتىن ھېلىقى دىۋانە يىگىتنىڭ قوشاق قوشۇپ ئېيتقان ناخشا ساداسى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتتى،
كەمبەغەل ياش يىگىتلەرنى.
چالا قويماي بۇلاپ كەتتى،
بۇغداي، قوناق ھەم ياغلارنى.
...

# ئون ئۈچىنچى باب

## «مېنىڭ ماكانىم ئوپال»

ئوپال، 1942 ـ يىلى 6 ـ ئاي، دۈشەنبە.

بۈنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى مەمتىمىن بەگ ئىنىسى ئابلىزنى يېنىغا چاقىرتتى:

ــ خوش، لەلەڭلەپ نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىسەن؟ ــ دېدى ئۇ ئىنىسىغا چەكچىيىپ قاراپ.

ئابلىز سەل چۆچۈدى. ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. «تۇۋا، شۇ چاغقىچە ئاكىسى ئۇنىڭغا بۇنداق سەت ئالايمايتتى. ئەتىۋارلاپ ئىنىم دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىپ، (سىلى... ئۆزلىرى) دەپ سىلىق سۆزلەيتتى، بۈگۈن نېمە بولدىكىنتاڭ! ياكى ھېلىقى تۇل خوتۇننىڭ قىزى سەلىمەكنى ئۇلۇشكۈن قوناقلىقتا تۇتۇۋالغىنىمنى ناۋادا بىرى كۆرۈپ قالغان بولسا، چېقىشتۇرغانمىدۇ يا؟ ياكى ئۇ پاسكىنا ئۆزى كېلىپ... ياق، ياق، بۇنىڭ كارى چاغلىق. ئىلگىرى ئاكىسى بۇنداق ئىشلارغا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سالمىغان، ئەرز قىلغۇچىلارنىڭ چالمىسىنى سۇغا چىلاشتۇرۇپ قويغان... ياكى قەشقەرگە ئاپىرىپ سېتىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن قوتازلار توغرىسىدا ئاكامغا ئەرز قىلغانمىدۇ؟ ياق، ئۇنىڭغا ئۇنچىلىك ئاچچىقلانمايدۇ. ئۆتكەن قېتىم ئاشۇ قىرغىزلارنىڭ يىگىرمە نەچچە قوينى كېچىدە ئەكېلىپ قاسساپقا ساتقاندا ئاكىسى كۆرۈپ غىڭ قىلمىغان تۇرسا، تۆت قوتازغا نېمە دەيتتى؟ زادى نېمە بولغاندۇ؟ چۈشى بۇزۇلۇپ قالدىمۇ يەنە».

— ھېچ ئىش، كەينىلىرىدىن سايىلىرىدەك ئەگىشىپ يۈرۈپ يۈرت سوراشنى ئۆگىنىۋاتىمەن، — دېدى ئابلىز دۇدۇقلاپ.
بەگ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى:
— ھەي پەمىسىز ئىنىم، ئۇ ئىشنى دېمىدىم، ئەنجانباي توغرۇلۇق سۆزلەۋاتىمەن، ئەنجانباي !...
— ھە، ئەنجانباي؟
— ھەئە، ئەنجانباي. قارا سېنى، مەن نەچچە يۇرتنىڭ بەگلىرىنىڭ بېگىمەن. سالاي دېسەم قوشۇم، ئالاي دېسەم كۈچۈم بار ئىسمى جىسمىغا لايىق بەگمەن. ھەر - ھەر كاتتا يۇرتلارنى ئالقىنىدا لايدەك مىجىپ تۇتۇپ تۇرالايدىغان ئاشۇنداق سالاپەتلىك بەگلەر مېنىڭ ئالدىمدا چۈجىدەك چۆكۈلداپ، بەزگەكتەك تىترەۋاتقان مۇشۇ زاماندىزە، ئاشۇ ئەنجانبايدەك قاپاق نوچىلار مېنى كۆزگە ئىلماي بوينىنى خادىدەك تۈز تۇتۇپ مەيدىسىنى كېرىپ يۈرۈۋاتسا، كىشىلەرنى يولدىن چىقىرىپ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىماس قىلىپ قويۇۋاتسا، سەن مېنىڭ ئىنىم تۇرۇپ بۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمايۋاتسا، شۇنىڭغا ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇ.
— مەن... مەن...
— ھە، بولدى، بولدى، تىلىڭنى تولا چايناپ زەردەمنى قايناتما ! ئارتۇقچە گەپ ئېشەككە يۈك. مۇنداق قىل. سەن ئىلاج قىلىپ ئەنجانباينى بىر جېدەلگە تىقىپ قوي، قان تۆكۈلىدىغان، جان چىقىدىغان بولسۇن. ئىشنىڭ پۈتكىنى شۇ ! ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلىدۇ، تۈرمىدە سېسىپ تۈگەيدۇ. ھېچبولمىغاندا بىرنەچچە زامان قۇلىقىمىز تىنچ بولىدۇ.
ئابلىز ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ بىر ھەپتىنى ئۆتكۈزدى. ئاخىر كۆڭلىگە بىر شۇملۇقنى پۈكتى.
بۈگۈنكى بازار تازا قىزىغانىدى. ئادەمنىڭ تولىلىقىدىن ئۇيان - بۇيان مېڭىشمۇ تەس ئىدى. ئابلىز تىقما - تىقماق ئادەملەر ئارىسىغا يوغانلا بىر باغدات خورازنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى -

دە، كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىرىدى:

— ھوي خالايىق، ئاڭلىمىدىم، ئىشىتمىدىم دېمەڭلار، مېنىڭ بۇ خورىزىم نۇرغۇن خورازلارنى پاخشە قىلىپ قاچۇردى، ماختانغانلارنىڭ تاۋۇزىنى قولتۇقىدىن چۈشۈرۈۋەتتى. ئاڭلىسام، ئەنجانباينىڭ ئىنىسى قادىرخاننىڭ بوز خورىزى بارمىش، شۇ خورىزى بىلەن ماختىنىپ بازارغا پاتماي قاپتۇ. نوچى بولسا بۇگۈن جامائەت ئوتتۇرىسىدا مېنىڭ خورىزىم بىلەن ئۇنىڭ خورىزى مەيدانغا چۈشسۇن! بۇنىڭدىن قورقسا قىزىل شەلپەر ئىشتان كىيىپ، بازارنى بىر ئايلىنىپ چىقسۇن!

ئۇنىڭ ئەتراپىدا توپلىشىپ تۇرۇشقان بىرنەچچە ساقلاندى تەڭلا چۇرقىراشتى:

— شۇنداق قىلسۇن، شەلپەر ئىشتان كىيسۇن!

— ھا ـ ھا ـ ھا!...

بۇ گەپ ھايال ئۆتمەي قادىرخاننىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ھېلىقى ساقلاندىلار ئۇنى ـ بۇنى دەپ قادىرخاننى ئېچىتتى ـ دە، ئۇنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىۋەتتى.

— بولدى، مەيدانغا چۈشتۇم. يېتىپ ئۆلگۈچە ئېتىپ ئۆلگەن ياخشى. لېكىن، قادىرخاننىڭ توخۇ سوقۇشتۇرۇش نىيىتى بولمىسا خوراز نېمىش قىلسۇن. ئۇ ئاچچىقىدا بىر قويىنى يېتىلىدى ـ دە، توخۇ بازىرى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ توخۇ بازىرىغا يېقىنلا قالغاندا بىرى ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتتى. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ كۆزلىرىنى چاپاق باسقان ۋىجىك بىر بوۋايغا كۆزى چۈشتى. قادىرخان تۇرۇپلا قىلىپ «نېمە گەپ» دېگەندەك قىلىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى.

بوۋاي ئالدىرىماي قولتۇقىدىكى خوددى چالا يۇڭدالغاندەك بولۇپ قالغان، ئالاپاساق پەيلىرى ئارىسىدىن قىپقىزىل ئەتلىرى كۆرۈنۈپ قالغان كىچىك، كۆرۈمسىز خورازنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى:

— يىگىت، مۇشۇ خورازنى سېلىپ باقسىلا.

قادىرخان بۇ ئۆلۈمجان خورازغا شۇنداق بىر قاراپلا تېرىكتى:

— ھوي ئاتا، مېنى مازاق قىلمىغان سىلى قالدىلىمۇ ئەمدى. مۇشۇ ھۆپۈپتەك بىرنېمىنى ماڭا تەڭلەپزە، مېنى ئاشۇ خۇمسىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراتماقچىمۇ سىلى، كۆتۈرسىلە نېرى!

بوۋاي چاپاق كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى:

— كىچىك، كۆرۈمسىز كۆرۈۋاتامدىلا. نادان بولمىسىلا. مالنىڭ خۇيىنى ئىگىسى بىلىدۇ، خاتىرجەم بولسىلا، بۇركۇتكە بەرگۈسىز جانىۋار، سىلىنى يەرگە قاراتمايدۇ. ئابلىزخان باغداتنى ئالغان يەردە مەنمۇ بار، سىلىگە سالىمەن دېگەننى ئاڭلاپ، سىلى ئۈچۈن ئەمەس، ئەنجانباي ئۈچۈن مۇشۇ خورازنى ئەكەلدىم. قاچان مەيدانغا چۈشىدىكىن دەپ ساقلاپ يۈرگىلى ئۈچ بازار بولۇپ قالدى. سىلى ئەنجانباينىڭ ئىنىسى بولمىغان بولسىلا تىللاغا ساتمايتتىم. ناۋادا يېڭىلسە مۇشۇ توخۇغا يەنە بىر قوي قوشۇپ بېرىمەن، يەڭسە ماڭا ئىككى قوي بېرىدىلا. ئەنجانباينى دېمىسەم بۇنداق قىلىپمۇ يۈرمەيتتىم.

ئەمدى قادىرخانغا ھېچقانداق شەككە ئورۇن قالمىدى، گەپ قىلمايلا قولىدىكى قوينى بوۋايغا بېرىۋەتتى.

* * *

خورازلارنى سوقۇشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاختاملىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى داڭگال - چالمىلىرى يوق كەڭرى بىر ئېتىز تاللاندى. بازاردىن توپلىشىپ چىققان جامائەت قىرنى پاسىل قىلىپ چۆرىدەپ تۇرۇشتى.

خورازلار قۇچاقتا ئىدى. بىر - بىرىنى كۆرۈپلا چۆچۈشتى. خۇددى قارا ياقۇتتەك قاپقارا كۆزلىرى ھېلى چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچىيىشتى، بويۇنلىرى سوزۇلۇپ تىككىدە بولدى. تاجلىرى شەلپەردەك قىزاردى، ھوقۇقلاپ تېپىرلىدى، تېپىرلاپ - تېپىرلاپ خۇددى بەسلەشكەندەك ئىككىلىسى تەڭلا ئۈزۈپ - ئۈزۈپ چىللاشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىگىلىرى

بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان كېلىشكەن، تەمبەل يىگىتلەر ئىدى. شۇ تاپتا ئۇلارمۇ تېپىرلاپ تۇرالماي قالدى. كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ بىر ـ بىرىگە مىختەك قادالدى.

— قېنى قادىر، ئەمىسە گېپىمىز گەپ ـ ھە؟ — دېدى يوغانلا باغداتنى كۆتۈرۈۋالغان ئابلىز تەئەددىي بىلەن، — قولۇڭدىكى پاختەك ھېلى ئاسمان تاپان بولغاندا شەلپەر ئىشتان كىيمەيدىغانسەن؟ نومۇس قىلماي تېخى سارغا يارىمىغان بىرنېمىنى مەيدانغا كۆتۈرۈپ كىرگىنىنى !

— گېپىم گەپ ! — دېدى قادىرمۇ بوش كەلمەي قولىدىكى قىزىل خورازنى سىلاپ تۇرۇپ، — سېنىڭ ئاۋۇ ھۆپۈپۈڭ پاخشە بولۇپ قالسا ئەۋرەت لاتاڭنى يۈزۈڭگە يېپىۋالمىغىن جۇمۇ !

— يوغان گەپنى قوي، ھېلى كۆرىمىز نوچىلىقىڭنى ! قېنى نېمىنى دو تىكىسەن؟

— مەن بىلەن توخۇ سوقۇشتۇرىمەن، دەپ داۋراڭ سالغان سەن ئۆزۈڭ دېگىن !

— قارا تورپاقنى ئالىمەن. داداڭ ساڭا چىچقاق توخۇ بېرىشكىمۇ ئۇنىمايۋاتسا، تورپاققا چىدامدۇ؟ !

— چىدايدۇ، ئەنە ئاۋۇ ئۇجمىگە باغلاپ قويدۇم.

جامائەت گۇررىدە قايرىلىپ قادىر كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراشتى. دېگەندەك، توپتەك سەمرىگەن يوغانلا بىر قارا تورپاق ئالدى پۇتلىرىدا يەر تاتىلاپ توپىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ ئۇجمىگە بېشىنى سۈركەۋاتاتتى.

— خوش، ئۆزۈڭچۇ؟ تاغدىن ئوغرىلاپ ئېلىپ كەلگىنىڭ بارمۇ ياكى داداڭدىن سوراپ بېرەمسەن؟

— ھىم، تېخى، سەنمۇ ئۆزۈڭ دېگىن !

— ئالا ئايغىرىڭنى تىك !

— ئۇخلىماي چۈش كۆرمە ! ئۇنداق پاختەكتىن مىڭنى سالساڭمۇ مېنىڭ ئۇ قارا قوشۇم كۆزىنى مىت قىلمايدۇ. نوچى بولساڭ ئۇتۇۋال. ئايغىر ئەنە ئاۋۇ تامنىڭ قېشىدا.

جامائەت ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە تەڭلا قاراشتى. دېگەندەك، يىراقتىكى سوقما تام قېشىدا بىر ئادەم ئالا ئايغىرنى يېتىلەپ يۈرەتتى. ئايغىر تىنىم تاپماي يەر چاپچىپ توپا تۇزۇتۇۋاتاتتى، كىچىككىنە قۇلاقلىرىنى دىڭگىدە تۇتۇپ كىشنەپ توختىمايتتى.

— گېپىمىز گەپ - ھە؟ !

— گەپ، گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ. جانمۇ ئېغىزدىن !

— خوپ !

ئۇلار قوللىرىنى يەرگە ياق - يۇق ئۇرۇپ توپىغا سۈركەشتى، ئاندىن بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى چىڭ قىسىشتى. بۇ ئۇلارنىڭ ۋەدىلىرىدە تۇرۇش ئۈچۈن قىلغان قەسەملىرى ئىدى.

خورازلار ئوتتۇرىغا تاشلاندى. دېمىسىمۇ قىزىل خوراز باغداتتىن خېلىلا كىچىك ئىدى. ئۇ باغداتنىڭ قېشىدا خۇددى مېكىيانغا ئەگىشىپ يۈرگەن چۈجىگىلا ئوخشايتتى.

خورازلار خۇددى دانلاۋاتقاندەك بېشىنى تۇمشۇقلىرى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىپ بىر - بىرىگە ھۆرپەيدى. قاناتلىرىنى ياق - يۇق قېقىپ خورزەكلىرىنى خۇددى يەلپۈگۈچتەك ئېچىپ تىكىدە قىلدى - دە، غەزەپ بىلەن بىر - بىرىگە ئېتىلدى. باغدات ئايلىنىپ بولغۇچە قىزىل خوراز ياندىن كېلىپ ئۇنىڭغا ئىككى ئېتىلىپلا بەدەر قاچتى. جامائەت ئىچىدە غۇلغۇلا باشلاندى.

— قاچتى !

— ياق، بازلاۋاتىدۇ، پەنخودەك قىلىدۇ.

— قاچتى !

— قىزىلنىڭ كارامىتى باردەك.

— باغدات ئېشەكتەك تۇرسا !

— قانچە پۇل تىكىسەن؟ !

— قارىغۇ !...

— كۆزۈڭگە ئىشتان كىيىۋالدىڭما؟

— ئاناڭنى، يان باسماي سۆزلە !

— هە، هە، بولدى، بولدى، كىشى ئۆچۈن يېگەن مۆشت، ھونىاقا تۇرۇپ قالغان سۆڭەكلىك گۆش !

— خالانىڭ يان ياغىچىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە !

قىزىل خوراز قېچىۋەردى، ھېچ تونىتايدىغاندەك ئەمەس. سوقۇشقۇدەك ئەپتىمۇ يوق، تۇگۇلۇپ قاچقىنى قاچقان. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن يېڭىلدى دېگىلى بولمايدۇ - دە، ۋاك دېسە ھېساب. لېكىن، قاچان ۋاك دەيدۇ؟ بۇنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ جامائەتنىڭ قىزىل خورازدىن كۆڭلى سوۋۇدى، ھامان يېڭىلىدۇ دەپ جەزملەشتۈردى، قىزىل خورازنى بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ، دەپ بەسلەشكەنلەرمۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ جىمىپ قېلىشتى. پەقەت ھېلىلا بۇ قىزىل خورازنى بىر قويغا تېگىشىپ بەرگەن ھېلىقى بوۋايلا مىدىر - سىدىر قىلمىدى، ھېلى كۆرىمىز دېگەندەك خاتىرجەم تۇرىۋەردى.

شۇ تاپتا قادىر قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتاتتى. بوۋاي ماختاپ بەرسە، ئالدىنىپ بىر قوينى موككىدە ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى مىڭنى تىللايتتى. ئاشۇ ئەبگار قېرى ئالدىنى توسۇۋالمىغان بولسا، بۇنىڭدىن ياخشىراق خورازنى بازاردىن ئالاتتى. ئابلىزنىڭ غالىبلارچە بېلىنى تۇتۇپ ھىجىيىپ كۆز - كۆز قىلىپ، ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەلەم قىلدى. ئۇنىڭ قادىر بىلەن بۈگۈن توخۇ سوقۇشتۇرىمەن، بۈگۈن مەيدانغا چۈشمىسە قىزىل شەلپەر ئىشتان كىيىپ، بېشىغا رومال ئارتىپ بازارنى ئايلانسۇن دېگەن گېپى زەردىسىنى قايناتمىغان بولسا، مۇشۇنداق ھۆپۈپكە ئوخشايدىغان كىچىك خورازنى كۆتۈرۈپ مەيدانغا كىرمەيتتى. ھەي، بوۋاينىڭ داڭلاپ بېرىشىگە ئالدىنىپ ئىشىنىپ كەتتى - دە! قېرىشقاندەك ماۋۇ سەت خورازنىڭ! كەكلىكتەك يورغىلاپ قاچقىنىنى! ھەي نەسچىلىك، خەپ بوۋاي!...

— ۋۇي، دېگەندەك، قىزىل خوراز راست پەنخوكەن، ئۇ قېچىۋېتىپ باغدانقا تۇيۇقسىزلا ئېتىلىپ پەشۋا قويدى. يەنە

قاچتى، يەنە پەشۋا قويدى. ئاخىر باغدات ھېرىپ توختىمىدى. لېكىن، دەل شۇ چاغدا قىزىل خوراز ئارقىسىغا يېنىپ بىرلا پەشۋا قويغانىدى، ئويلىمىغان يەردە باغداتنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالدى. باغدات ئۇنى باسماقداپ چوقۇيتتى، چوقۇپ چىشلەپ سىلكىيتتى. قىزىل خورازنىڭ تاجى، بويىنى قىپقىزىل قانغا بويالدى، لېكىن، ۋاك دېمىدى.

جامائەت «ھە، مانا، قىزىلى بولالمىدى، پاخشە بولىدىغان بولدى، قارا تورپاق قولدىن كەتتى» دەپ تۇرۇشقاندا، قىزىل خوراز بىرلا سىلكىنىپ باغداتنىڭ چاڭگىلىدىن بوشاندى ـ دە، بەدەر قاچتى. لېكىن، باغداتنىڭ قوغلىغۇدەك مادارى قالمىغانىدى. ئۇ تۇمشۇقىنى سوزۇپ دەلدۈگۈنۈپ تۇرۇپ قالدى. دەل شۇ چاغدا قىزىل خوراز ياندىن كېلىپلا ئېتىلدى ـ دە، باغداتنىڭ توم تاجىنى بىرنەچچىنى چوقۇپلا قاچتى. باغدات قوغلىيالمىدى، قىزىل خوراز يەنە ئارقىسىغا ياندى. شىددەت بىلەن ئېتىلىپ باغداتنى چوقۇلاۋەردى. ئۇياندىن كېلىپ ئېتىلىپ، بۇياندىن كېلىپ ئېتىلىپ چوقۇپ باغداتنى ھالسىراتتى، شۇنداقتىمۇ باغدات يەنە بوش كەلمىدى، تۇمشۇقىنى سوزۇپ چوقۇپمۇ باقتى. لېكىن، كار قىلمىدى. قىزىل خوراز بىر سەكرەپلا باغداتنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئۇنىڭ توم تاجىنى چىشلەپ، سىلكىشلەۋەردى، ئاخىر باغدات بولالمىدى، تۇمشۇقىنى يەرگە تىرەپ بىرنەچچە قېتىم «ۋاك ـ ۋاك» دەۋەتتى.

— ۋاھا ! باغدات ۋاك دېدى. پاخشە بولدى، — جامائەت چۇرقىرىشىپ كېتىشتى.

— دېمىدىمما، ئەنە شۇ قىزىل خوراز يېڭىدۇ، دەپ.

باغداتنىڭ ۋاك دېيىشى بىلەن تەڭ ئۆزىنىڭ خورىزىنىڭ پاخشە بولغانلىقىدىن قاتتىق ئىزا تارتقان ئابلىز بېرىپلا قىزىل خورازنى تېپىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن جېدەل باشلاندى.

— ھوي چىدىماس، خورىزىمنى نېمىشقا تېپىسەن؟ !

— كىم تەپتى؟ ! ئۆزى پاخشە بولۇپ ۋاك دېدىغۇ !

— ھەي قارا يۈز، نومۇسسىز ئەبلەخ، شۇنچە كۆپ جامائەت كۆرۈپ تۇرۇۋاتسا، قارا يۈزلۈك قىلىپ يەنە يالغان سۆزلەۋاتىسىنا!

— جۆيلۈمە، كىم چىدىماس؟ ئاشۇ پاختەكتىن مۇشۇ قارا قۇش يېڭىلەمدۇ؟ سېنىڭ ئۇنداق ئۇسۇرۇق گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟!

— ئەنە يېڭىلدىغۇ؟ ۋاك دېدىغۇ؟

— سېنىڭ ۋاك دېدى.

— سەن تەپسەڭ ۋاك دېمەمتى ھايۋان!

— كىم تەپتى؟!

قادىر ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى، غەزەپ ئاچچىقى كەلدى.

— ماڭە نېرى، ئايغىر مىنىڭ! — ئۇ جامائەت ئوتتۇرىسىدىن ئات تەرەپكە ماڭدى.

— ئايغىردا ھەققىڭ يوق، ھوي بۇلاڭچى!

ئابلىز بىرلا ئىسلىپ قادىرنىڭ ئاق كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى ۋارتتىدە يىرتىۋەتتى. قادىر غەزەپ بىلەن بىر مۇشت ئاتتى. ئابلىزنىڭ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى، بىردەمدىلا ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ ئالدى قانغا بويالدى.

ئابلىزنىڭ مەقسىتى توخۇ سوقۇشتۇرۇشنى باھانە قىلىپ جېدەل چىقىرىش ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئاغىنىلىرى بىلەن مۇنداق كېلىشكەنىدى: ئابلىز قادىرنى يېڭىدۇ (بۇ شەك ـ شۈبھىسىز)، ئاندىن ئۇنىڭ يېغىرىغا تېگىدىغان سەت گەپلەرنى قىلىدۇ (بۇنى يادلاپمۇ بولدى)، زەردىسىنى قايىنتىپ قول سېلىشقا زورلايدۇ. ئۇ قول سالىدىغان چاغدا جامائەت ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئاغىنىلىرى ئېتىلىپ چىقىپ ئۇنى راسا دۇمبالايدۇ. بىرى ئالدىن بېرىپ مۇشۇ ئىشنىڭ ئۇستىگە دەل ئۇلگۇرتۇپ ئەنجانبايىنى گوللاپ ئېلىپ كېلىدۇ.

— قالدىسىغا ئۆزۈم ئىگە، — دېدى ئۇ مەيدىسىگە مۇشتلاپ، — سىلەرنىڭ كارىڭلار بولمىسۇن.

قالدىسى ئاسان، ئەنجانباي قادىرنى ئاجرىتىۋاتقاندا پەملەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆتۈكىنىڭ قونچىدىكى پىچىقىنى سۇغۇرۇپ ئالىدۇ – دە، كىشىلەرگە سەزدۇرمەيلا ئۆزىنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئۆلىدىغان يېرىگە تىقىۋېتىدۇ. پىچاق ئەنجانباينىڭ بولغانلىقتىن، ھەممە ئادەم ئەنجانباي پىچاق سالپتۇ، دەپ بىلىدۇ. ئەنجانباي تۈرمىدە سېسىپ تۈگەيدۇ.

ئەپسۇس، ئىش تەتۈر كەلدى، تەقدىر ئۇنى ئالدىدى، ئىشنى بۇزغان ئاشۇ داڭدار باغدات، ئىست! بىر ئاتقا تېگىشمەپ كەلگىنى تېخى! جامائەتنىڭ ئالدىدا قادىرنىڭ قولىدا يېڭىلدى! ئاغزى – بۇرنى قان بولدى، رەسۋا بولدى. ئابلىز ئەلەمگە چىدىماي يىغلىۋەتتى.

جېدەل چىقىپتۇ، بېگىمنىڭ ئىنىسى بىلەن ئەنجانباينىڭ ئىنىسى ئۇرۇشۇپ قاپتۇ، دېگەن خەۋەر بىردەمدىلا پۈر كەتتى. جامائەت «ئاقىۋىتى قانداق بولار؟» دېيىشىپ توخۇ سوقۇشتۇرۇش مەيدانىغا چېپىشتى. دېگەندەك، ئابلىزنىڭ خەسە كۆڭلىكى يىرتىلغان، ئاغزى، بۇرنى قان ئىدى. ئۇ كالىدەك ھۆڭگىرەپ يىغلاۋاتاتتى. قىستا – قىستاڭچىلىقتا كىشىلەر بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ ئۇلارغا قارايتتى. قادىر مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا قاپىقىنى تۈرۈپ زوڭلا ئولتۇراتتى.

— پوش، پوش، بېگىم كەلدى، يولنى بىكارلاڭلار!

— ھاي كۆكەمىلەر، نېرى تۇرۇش! قامچا يەيسەن! يولنى بوشات!

ئوخشاشلا تالالىق شايى شاپاقدوپپا، ئاق كۆڭلەك كىيگەن ئىككى دورغا مىخلىق چوماقلارنى كۆتۈرۈشكەن ھالدا تومشۇقى ئۇچلۇق كەشلىرىنى كالاپلىتىپ مېڭىپ، كىشىلەرنى ئۇيان – بۇيان ئىتتىرگىلى تۇردى. جامائەت چۆچۈدى. ئالاقزادە بولۇشۇپ يانغا قىستىشىپ ئارىلىقنى بوشاتتى، تارغىنا يول ئېچىلدى، بەگ ھەيۋە بىلەن كىرىپ كەلدى. سىم قامچىسىنى كەينىگە تۇتۇپ، قورسىقىنى پومپايتىپ غادايغىنىچە ئەتراپىغا كۆزلىرىنى پال –

پۇل پارقىرىتىپ قاراپ قويۇپ، كېلىپ ئىنىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇنىڭ باش ـ ئايىغىغا تازا قارىۋېتىپ ئاغزىنى پۇرۇشتۇردى ـ دە، قادىرغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ هومايدى. ئاندىن يەنە ئىنىسىغا تىكىلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تازا ئاچچىقى كەلگەنىدى، دورداي كالپۇكلىرى لىك ـ لىك لىكىلدايتتى، قامچا تۇتقان قوللىرى لاغىلداپ تىترەيتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟ سۆزلە !

ئابلىز «ماۋۇ قەلەندەر مېنى ئۇرۇۋاتىدۇ» دەپلا پاڭگىدە يىغلىۋەتتى.

— نېمىشقا ئۇرىدىكەن؟ بىرنېمىسىنى ئېلىۋالغانمىدىڭ ئۇ ئۇششۇق كۆكەمىلەرنىڭ؟ دېدەك ئەمگەن ئۇ غالچىلار ئەمدىزە مېنىڭ ئىنىمغا قول سالغۇدەك بوپتۇمۇ؟ ۋۇي قادىق ! سەن نېمانچە يوغىناپ كەتتىڭ، يۈز ـ خاتىر يوقمۇ؟ هۇ ئۆزىنى بىلمىگەن تېگى پەس !

غەزىپىنى باسالماي لېۋىنى چىشلەپ تۇرغان قادىرنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكى قالمىدى:

— بېگىم، جامائەتتىن سورىسىلا، گۇناھ زادى كىمدە، بىلىپ بىرنېمە دېمەمدىلا؟ نېمانچە ئاغزىلىرىنى بۇزىدىلا؟ بۇ چىدىماس خوراز سوقۇشتۇرىمەن دېگۇچە، تۇخۇمىچىلىق قىلسا بولمامدۇ؟

جامائەت ئاغزىلىرىنى تۇتۇشۇپ پىخ ـ پىخ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— گەپتە تازا بابىلىدى، چىدىماسلىق قىلغۇچە خوتۇن كىشىدەك توقۇمىچىلىق قىلسا بولمامدۇ؟

— بوش كەلمە، ئىتقا كالتەك كېرەك. ئېشەككە سانجىغاق !

پىخ ـ پىخ كۈلكە بىردىنلا پاراق ـ پۇرۇق كۈلكىگە ئايلىنىپ مەيداننى بىر ئالدى:

— ها ـ ها ! ها ـ ها !...

— ...

بۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ يىراقتىكىلەرنىمۇ ئۆزىگە تارتتى. ئۇلار پالاقشىپ كېلىپ توپقا قوشۇلدى، قىستا ـ قىستاڭچىلىق

ئەۋجىگە چىقتى. يۇرت ئاقساقاللىرى، يۈزبېشىلەرمۇ پەيدا بولدى. توپ ئىچىدىن بىرى «ئاپلا، ئەنجانباي ئاكامۇ كەپتۇ ئەمەسمۇ. بەگ بەك كۆرەڭلەپ كەتمىسە بولاتتى، چاتاق بولمىدىغان بولدى. بەگ يوغانلىق قىلغىنىغا بۇرنى - قۇلىقىغىچە تويىدىغان بولدى» دېدى. جامائەت ئەنسىزلىك بىلەن ئۇيان - بۇيان قارىدى. دېگەندەك، ئەنجانباي كەينىدىرەك تۇراتتى، ئۇنىڭ گەۋدىلىك بەستى كىشىلەردىن بىر غېرىچ ئېگىز كۆرۈنەتتى. ئۇ تەمكىن ئىدى. خۇددى تاماشا كۆرۈۋاتقاندەك بەخىرامان تۇراتتى. كىمدۇر بىرى ئەنجانباينىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. ئەنجانباي مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ بېشى سەل دوقمىراق ئىدى. ئالدىغىراق كىيگەن بادامدوپپىسى، ئاق چوتا كۆڭلىكى ئۇنىڭ بەستلىك قامىتىگە خوپ ياراشقانىدى.

قادىرنىڭ «تۇخۇمچىلىق قىلسا بولامدۇ» دېگەن تەنىسى بەگكە خېلى ئەلەم قىلدى بولغاي، ئۆزىنى باسالماي ئىرغاڭلاپ قالدى.

— هوي ۋەتەنسىز، ماكانسىز لالما! نېمەڭگە ئىشىنىپ شۇنچە يوغانلىق قىلىسەن - هە؟ — بەگ قامچىسىنى كۆتۈردى. قادىرمۇ بوش كەلمىدى، كاپلا ئېسىلىپ قامچىنى تۇتۇۋالدى. ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئاغزىنى قويۇپ بەردى:

— ئاۋۇ قانجۇقۇڭغا گەپ قىلمامسەن! بەگ بولساڭ ئۆزۈڭگە بەگ! مېنىڭ ساڭا قەرزىم يوق ياكى ئالۋاڭنى ئۆكسۈتۈپ قويدۇممۇ؟! سۈرۈشتۈرۈپ، گۇناھ كىمدە بىلىپ بولۇپ ئاندىن گېپىڭ بولسا قىلمامسەن؟!

دورغىلار هېلى ئادەم يەيدىغاندەك ئەلپاز بىلەن قادىرغا دېۋەيلەپ كەلدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئەنجانبايغا چۈشۈپ قېلىپ، چوماقلىرىنى ئاستا چۈشۈرۈشتى.

جامائەتنىڭ كۆزى ئەنجانبايدا ئىدى. ئۇلار ئىچىدە ئاستا پىچىرلايتتى: «ئاپلا، يامان بولدى. بەگ دېمەيدىغان گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىپ سالدى» دېمىسىمۇ، ئەنجانباي «ماكانسىز»،

«ۋەتەنسىز» دېگەن ھاقارەتنى ھەرگىز كۆتۈرەلمەيتتى. كەچۈرمەيتتى، بۇنداق ھاقارەتنى ئاڭلىغاندا كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ھەرقانداق بالا تېرىشتىن يانمايتتى، بۇنداق چاغلاردا ھەرقانداق قارا كۈچ ئۇنى توسۇپ قالالمايتتى. غەزىپى تاشقانلىقتىن، «مىڭ يېرىگە پىچاق تىقسىمۇ قان چىقمايتتى»، لېكىن شۇ تاپتا ئۇ تەمكىن تۇرغاندەك قىلاتتى، مىدىرلىمىدى، جايىدا تۇرىۋەردى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ سارغۇچ بۇرۇتلىرى تىترەپ لىكىلداپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ قىزىرىپ كەتكەنىدى.

بەگ غەزەپ بىلەن قامچىسىنى سىلكىشلەپ قادىرنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى ــ دە، ئۇنى ئۇرۇش ئۈچۈن يەنە كۆتۈردى.

ــ ھوي ئەبگار قەلەندەر، ئېيتە! سەن كىم، مەن كىم؟!

يېنىدىكى ئىككى دورغىمۇ بەگنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ چوماقلىرىنى كۆتۈرۈپ دېۋەيلەپ كەلدى. بەگ قامچىسىنى قادىرنىڭ كۆزىگە شىلتىپ تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى.

ــ سەنلەر دېگەن دېدەك ئەمگەن قەلەندەرلەر، ۋەتەنسىز، ماكانسىز لاللار. مېنىڭ ئالىقىنىمدىكى بىر مىجىسىلا تۈگەيدىغان قۇرتلار. تېگى پەسلەر!... بىز دېگەن بارغۇ، ئوبدان بىلىپ قويۇش! ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ يۇرت سوراپ كەلگەن بەگلەرنىڭ بېگى بولىمىز!!

جامائەت ئارىسىدا غۇلغۇلا باشلاندى:

ــ ئاپلا، يامان بولدى. بەگ بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، دېمەيدىغان گەپنى ئەزۋەيلەپ تىلىنى چايناۋەردى. ئەمدى بالا تېرىلىدىغان بولدى.

«ۋەتەنسىز!» «ماكانسىز!»، «قەلەندەر!!»

ئۇنىڭ بۇ سۆزدا ئېرىمەيدىغان، ئوتتا كۆيمەيدىغان، پېشانىسىگە بېسىلغان تامغىدەك ئۇنىڭدىن نېرى بولمايدىغان بۇ ھاقارەتلىك نامنى ئاڭلىغاندا جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ، يۈرىكى ئۆرتىنەتتى، ئېچىشاتتى. بۇنداق ھاقارەت مانا مۇشۇ بىرىنەچچە مىنۇت ئىچىدىلا بەگنىڭ شۇم ئېغىزىدىن بىرنەچچە قېتىم

چىقتى. شۇنداق بولسىمۇ ئەنجانباي بۇ خورلۇققا چىداپ، لېۋىنى چىشلەپ تۇرىۋەردى. بەگ ھېلى سەۋر قىلا، مانا بولدى قىلا، يۇرت چوڭلىرى توسۇۋالا دەپ شۇنداق كۈتسىمۇ «ھاي» دېگىلى ھېچ كىشى چىقمىدى. ئاخىر ئەنجانباي «بەگ گېپىمنى يەپ يۇمشاپ قالسا ئەجەب ئەمەس، قادىر ئۇچۇن مەن ناماقۇل بولسام توختاپ قالار» دەپ ئويلاپ مەيدانغا قاراپ ماڭدى.

— بېگىم، توختىسىلا، — ئەنجانباي شۇنداق دەپلا جامائەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ بەگنىڭ ئالدىدا توختىدى. قول باغلاپ بېشىنى ئەگدى، — بېگىم، بۇ ئىككى نادان ئۇچۇن مەن ناماقۇل بولاي، يۇرت ـ جامائەت نەسىھەت قىلايلى، سىلىگە، ئابلىزخانغا چاي قۇيايلى، گۇناھىدىن ئۆتسىلە، ئاندىن ئىنىسىغا قاراپ ۋارقىرىدى، — قادىق! سەن نېمانچە گەپ ئاڭلىماس بولۇپ كەتتىڭ ـ ھە! نېمىشقا بېگىم بىلەن تاكاللىشىسەن؟ ئۇ شۇنداق دەپلا قادىرنىڭ يۈزىگە چاڭ ـ چۇڭ ئىككى تەستەك سالدى، — ھۇ، ئەقىلسىز ھايۋان!

بەگ تېخىمۇ كۆرەڭلىدى:

— يۇندا ئىچىپ چوڭ بولغان ئادەمدە ئەقىل نېمە قىلسۇن؟!

بەگنىڭ بۇ سېسىق گېپى بىلەن ئەنجانباي تۇرۇپلا قالدىيۇ، يەنە ئۆزىنى بېسىۋالدى:

— بېگىم، خاپا بولمىسىلا، بۇ ھايۋاننى مەن ئادەم قىلاي.

لېكىن، بەگ ئەنجانباينىڭ يالۋۇرۇشلىرىنى پىسەنتىگە ئالمىدى، «ھىم» دەپ ئەنجانبايغا تەتۈر قاراپ قويۇپ توۋلىدى:

— ھىم، ئەنجانباي، قادىر دېسە، ھەددىدىن ئېشىپ يۇرتقا پېتىشمايسەن، ھېچ كىشىنى كۆزۈڭگە ئىلىشمايسەن! قېنى مۇشۇ جامائەت ئالدىدا دەپ بېقىشە! سەنلەر كىم، مەن كىم؟! ھۇ خۇدىنى بىلمىگەن قەلەندەر، ماكانسىزلار!

قەلەندەر! ۋەتەنسىز!! ماكانسىزلار!!!...

ئەنجانباينىڭ قولىقى ۋاڭىلداپ، كالىلىسى زىڭىلداپ، يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. بەگنىڭ دورداي

كالپۇكلىرى بىر ئاغزى مىڭ بولۇپ ھاقارەتلەپ ماكىلدايتتى:

قەلەندەر ! ۋەتەنسىز ! ! ماكانسىزلار ! ! !...

— شۇنداق، — دېدى ئەنجانباي ئۆزىنى ئاران توختىتىپ، بەگكە غەزەپ بىلەن قاراپ، — سەن بەگ، بىز پۇقرا، بۇنىڭدىن تانمايمىز. سەندەك زالىمنىڭ زۇلمىدىن ئاتا ـ ئانام يۇرتتىن كېتىشكە مەجبۇر بوپتىكەن، بۇنىڭدىنمۇ تانمايمىز. قەلەندەرچىلىك قىلسىمۇ، ئوغرىلىق قىلماپتىكەن، بۇنىڭدىن سەنمۇ تانالمايسەن ! سەن بىلەن تەڭ چوڭ بولدۇم، سېنىمۇ ئوبدان بىلىمەن، جامائەتمۇ سېنى خوپ ئوبدان بىلىدۇ. رەھىم پوقاقنىڭ ئوغلىمغۇسەن ! ! رەھىم ئوغرى دېسە كىم بىلمەيدۇ. بۇنىڭدىن تانالمايدىغانسەن ! ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتىمىدىڭ يا؟ ! — ئەنجانباينىڭ بارغانسېرى غەزىپى تاشماقتا ئىدى، — «ھېچقىسى يوق، مەن ناماقۇل بولاي» دەپ بوينۇمنى ئېگىپ تۇرسام قورقتى دەپ ئويلىدىڭمۇ؟ ! نېمانچە كۆرەڭلەيسەن ! ئەمدى قىلە گېپىڭنى ! سەندەك لەڭمەنتاقتاقلار بىلەن سۆزلەشكۈچىلىكىم بار ! ھۇ خوتۇنىغا ئۇسما توشۇيدىغان شوۋچى ! شۇنى ئوبدان بىلىپ قوي: مېنىڭ ۋەتىنىم — ئاتا ـ ئانام، ئەجدادلىرىمىزنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مۇشۇ ئوپال. مۇشۇ ئوپال ئۇچۇن جان بېرىمەن، مۇشۇ ئوپال ئۇچۇن جان ئالىمەن، قېنى ئېيتە، مەن راست ۋەتەنسىز ئىكەنمەنمۇ، ماكانسىز ئىكەنمەنمۇ؟ ! سۆزلە ئەي مۇناپىق ! مۇشۇ جامائەت ئالدىدا سۆزلە !

ئەنجانباي غەزەپ بىلەن ئۆتۈكىنىڭ قونچىدىن خەنجىرىنى سۇغۇردى ـ دە، بەگنىڭ يۈرىكىگە تەڭلىدى. جامائەت قورققىنىدىن چۇرقىرىشىپ كەتتى، بەگ قورققىنىدىن سارغىيىپ تاتىرىپ، خۇددى يىغىلەپ قالغان خەمەكتەكلا تۈگۈلۈپ قالدى. لاغ ـ لاغ تىترەپ زوۋانى تۇتۇلۇپ قالدى. دەل شۇ چاغدا يۇرت ئاقساقاللىرى، يۈزبېشىلەر ئوتتۇرىغا چۈشۈپ نەسىھەت قىلىشتى:

— ئەنجانباي، بېگىم ئىككىلىرى بىللە ئويناپ، بىللە چوڭ

بولغان، يۈرتىمىزنىڭ باللىرى ھەم چوڭلىرى، خاپا بولۇشمىسىلا، پەيلىلىرىدىن يېنىشىسىلا، بىز ئاماقۇل بولايلى.

بۇ گەپلەر جامائەتنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى.

— قەلەندەر، ۋەتەنسىز، ماكانسىز، غالچا، دېدەك، يۇندا ئىچكەن دەپ شۇنچە سەت ھاقارەت قىلسا ھېچ كىشى غىڭ - پىڭ قىلمايدۇ، ئەمدىزە ئۇنىڭ سورىقىنى قىلغاندا ئارىغا كىرەمدىكەن؟! شەرمەندىلەر!

— بۇنداق ھاقارەتكە كىم چىدايدۇ؟! كۆتۈرسۇن كەشنى!!

ئەسلىدە ئەنجانباي بۇگۈن توخۇ سوقۇشتۇرۇشنى كۆرمەكچى ئەمەس ئىدى، زۆرۈر بىر ئىش بىلەن ئىنىسى قادىرنى تاشمىلىققا ئەۋەتمەكچىدى، ئىزدەپ سوراپ تاپالمىدى. ئاخىر بىرەيلەن «قادىرخان زۆرۈر ئىش چىقىپ قالدى، ئاكام توخۇ سوقۇشتۇرىدىغان يەرگە دىككىدە بىر كېلىپ كەتسۇن» دەيدۇ دېدى. كىم بىلسۇن جېدەلنىڭ نەق ئۈستىگە كېلىپ قالىدىغانلىقىنى، كېتەي دېسىمۇ پۇتى ئۆزىگە بويسۇنمىدى، مىخلاپ قويغاندەك تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە ئادەم ئۇنى كۆرۈپ قالدى. شۇ تاپتا ئەنجانباينىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى، قۇلىقىغا گەپمۇ كىرمەيتتى. كاللىسىدا پەقەت ھېلىقى گەپلەرلا جاراڭلايتتى:

قەلەندەر! ۋەتەنسىز!! ماكانسىز!!!...

ئەمدى ئۇ ئۆزىنى پەقەتلا تۇتۇۋالالمىدى. سول قولىدا بەگنىڭ ياقىسىنى تۇتۇپ، ئوڭ قولىدىكى خەنجەرنى ئېگىز كۆتۈردى:

— ئېيت مۇناپىق! مېنىڭ يۇرتۇم بارمۇ، يوق؟ ئېيتە!! بەگ تامدەك تاتىرىپلا قالغانىدى، لاغ - لاغ تىترەيتتى، ياردەم سورىغاندەك ئەتراپىغا قارايتتى:

— خالايىق، گۇۋاھ بولۇڭلار! مېنى... مەن...

شۇ ئەسنادا ئىككى قېرى يۇزبېشى ياشلىرىنى تۆكۈپ ئەنجانباينىڭ پىچاق تۇتقان قولىنى تۇتۇۋالدى:

— جېنىم بالام، سەۋر قىلسىلا، بىر قوشۇق قېنىدىن

كەچسىلە.

بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن بەگ بەدەر قاچتى.

ئەنجانباي بۇ ئىككى قىرىنىڭ قولىدىن بوشىنىپ خۇددى ئىتنى قوغلىغاندەك بەگنى سۈرۈپ توپتىن چىقتى. قاسساپ بازىرىغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى... گەدەندىن تۇتۇپ يەرگە ئاتتى:

— ئېيتە، كىم ماكانىسىز؟!!

— بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن.

ئەنجانباينىڭ شۇ تاپتىكى ئاچچىقىدا ئۇنداق گەپلەر قۇلىقىغا كىرەمدىغان، خەنجىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كاناينى چەنلەپ شۇنداق ئۇرۇۋىشىغا، كۈچلۈك بىر قول كاپلا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ يۈزبېشى ھاشىم ئىدى. ئەنجانباي ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ بولغۇچە بەگ يەنە بەدەر قاچتى. ئەنجانباي قوغلىدى، قوغلاپ قازىخانىنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى. تۇتاي دېگەندە ئۇ قازىخانىنىڭ ئىچىگە ئۆزىنى ئاتتى. قازى ئىشىكنى تۇسۇۋېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى:

— جېنىم بالام، ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچكىن، ھەرقانداق دەردىڭ بولسا مەن ئېلىپ بېرەي.

ئەنجانباي ئۆزىنى كاچاتلاپ:

— جېنىم ئاتا، تۇسمىسىلا، جېنىمنى تىكتىم، — دەپ ئۆزىمۇ ھۆكرەپ يىغلاپ سالدى.

— بالام، ئۆمرۈڭگە دۇئا قىلاي. ھەر ئىش بولسا شەرىئەت بويىچە سورايلى، تەخىر قىل بالام، — قازىنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلدى.

ئەنجانباي ھېچنېمىدىن قورقمايتتى. لېكىن، ئانىسىنىڭ، بوۋاي - مومايلارنىڭ، بالىلارنىڭ كۆز يېشىدىن بەك قورقاتتى، ئىچى ئاغرىپ پۇت - قولىدا جان قالمايتتى. ئاپئاق ساقاللىق قازىنىڭ تاراملاپ ئېقىۋاتقان يېشى ئۇنى بوشاشتۇرۇپ لەسسىدە

قىلىپ قويدى. قازى قورقۇپ كەتكەنلىكتىن يىغلىدىمۇ ياكى بەگكە ئىچى ئاغرىپ يىغلىدىمۇ ۋە ياكى ئۆزىگە يالۋۇرۇپ يۈرىكى ئېرىپ كەتكەنلىكتىن يىغلىدىمۇ؟ بۇنى ئەنجانباي بىلەلمىدى. ئىشقىلىپ، قازىنىڭ يېشى ئۇنى توختاشقا مەجبۇر قىلدى، لېكىن ئاچچىقىنى باسالماي قولىدىكى خەنجەرنى غەزەپ بىلەن ئاتقاندى، ئوقيا ئوقىدەك ۋاششىدە بېرىپ قازىخانا ئالدىدىكى قاپاق تېرەككە تىككىدە قادالدى. ئۆزىمۇ زوڭ ئولتۇرۇپ دەرد ـ ئەلەمگە چىدىماي ھۆڭرەپ يىغلاپ سالدى. ئۇلارغا ئەگىشىپ يۈگۈرۈپ كېلىشكەن جامائەت بىر تەرەپتىن.

— غوجامنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى! جىم تۇرسا بوزەك قىلىدۇ، ئەدىپىنى بەرسە موزايدەك قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ قاچىدۇ، خوپ بولدى، ئوبدان ئەدىپىنى يېدى. قىنىغا پاتماي قالغانىدى، — دەپ بەگنى قارغىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەنجانبايغا ئىچى ئاغرىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— خاپا بولمىسىلا، ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، ئىنتىقام ئالىدىغان پۇرسەتمۇ كېلەر...

مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن بەگ قازىخانىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چىقىپ قازىنىڭ ئېتىغا مىندى ـ دە، شەنگەن يامۇلىغا قاراپ يول ئالدى.

* * *

شۇ ئاخشىمىلا ئوپالنىڭ يۇرت چوڭلىرى ئېلى قازىنىڭ ئۆيىگە جەم بولۇشتى. مەسلىھەتلىشىپ ئەرز يېزىپ شەھەر يامۇلىغا يوللاشتى.

## شەھەر يامۇلىغا ئەرز

تەۋەيىمىزدىن ئەنجانباي باقىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا، شەرئەتكە خىلاپ قىلمىشلىرى ھەددى ـ

ھېسابسىز، جىنايىتى چېكىدىن ئاشتى.

بىرىنچىدىن، تەبىئىتى لۈكچەك. داۋاملىق ئادەم ئۇرىدۇ، ئۆتكەن قېتىم ئون ئىككى ئادەمنى ئۇرۇپ يىقىتىپ ئېغىر زەخىملەندۇردى، ئۇلارنىڭ ھاياتى ھېلىمۇ خەۋپ ئىچىدە ياتىدۇ. ئەڭ قەبىھلىكى شۇدۇركى، بۇ جېدەلنى نەسىھەت قىلىپ توسۇشقا بارغان مۆتىۋەر قازىمىزغا قول تەگكۈزۈپ قاتتىق ئۇردى. ھۆرمەتلىك قازىمىز ھازىر ئادەم تونۇيالمايدۇ، بىھوش ياتىدۇ. بۇ قېتىم بىرنەچچە يۇرتنىڭ بېگى مەتىمىن بەگنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن پىچاق كۆتۈرۈپ بېرىپ قوغلىدى، ھازىرغىچە بېگىم يۇرتقا كېلەلمىدى، يۇرت باشقۇرۇشسىز قالدى. ئۇنىڭمۇ ئالدىدا كۆۋرۈكنى نېمىشقا ياسىمىدىڭ دەپ ئادەم ئۇرامسەن؟ كۆۋرۈككە يېقىن يەردە ئۆي بولۇش گۇناھمىكەن؟ دەپ ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ ئەسكىرىنى ئۇرۇپ باغلاپ قويغان.

ئىككىنچىدىن، تۇغما ئوغرى. تاغدىن مال ئوغرىلاپ بازاردا ساتىدۇ، يۇرتتىن ئوغرىلاپ تاغدا ساتىدۇ، يۇرتىمىزدىن ياقۇپ باينىڭ بىر كالىسى، ئۈچ قويىنى ئوغرىلاپ نەق تۇتۇلدى. ھېچقانداق تاپاۋىتى يوق. لېكىن، پۇلنى سۇدەك خەجلەيدۇ، داۋاملىق قىمار ئوينايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، تېگى بۇزۇق، نومۇسسىز ئەبلەخ، خوتۇن - قىزلارنى بۇلايدۇ. ئازدۇرۇپ يولدىن چىقىرىدۇ، شۇنىڭ كاساپىتىدىن نۇرغۇن ئۆيلەر بۇزۇلدى، باللار يېتىم قالدى. مىسالەن مۇھەممەتخان باينىڭ قىزى ئايشەمگۈلنى توي ئاخشىمى بۇلاپ قاچتى. كېيىن كەڭ قورساقلىق قىلىپ نىكاھ قىلىپ قويدۇق. بۇ نومۇسسىز ياخشىلىقنى بىلمەي خوتۇننى خارلىدى. باشقا خوتۇنلارنى ئازدۇرۇپ خوتۇن قىلدى. قېيىناتىسى مۇھەممەتخان باينى سولامچى دەپ ھاقارەت قىلدى.

تۆتىنچىدىن، يامانلارنى يېنىغا تارتىپ، ئادەم توپلاپ سېلىق تۆلىگىلى ئۇنىمىدى، باشقىلارنىمۇ سېلىق - ئالۋان تۆلىمەسلىككە قۇتراتتى. پەقەت گەپكە كىرگۈزەلمىدۇق. ھېچ كىشىنى كۆزگە ئىلمايدۇ! نەسىھەت قىلساق ئۇنىڭدىن بىر

قوشۇق قىنىمىزنى تىلەپ، يالۋۇرۇپ يىلىنىمىغۇچە زادىلا قۇتۇلالمايمىز. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۇرتلار مالىمان بولۇپ كەتتى، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە ئىلاجسىز قېلىۋاتىمىز. شۇڭا، يۇرتىمىزنىڭ ئامانلىقى، ھۆكۈمەتنىڭ، شەرىئەتنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى قوغداپ قېلىشنى كۆزلەپ، مەزكۇرنى قاتتىق جازالاپ، جامائەتكە ئىبرەت قىلىپ بېرىشلىرىنى تەلەپ قىلىمىز.»

بۇ ئەرزگە قازى مۆھۈرىنى باستى، ئۇن ئىككى مۆتىۋەر قوللىرىنى قويدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇن ژاندارما ئەسكەر كەلدى. ئۇلار ئەنجانباينى باغلاپ ئېلىپ ماڭدى. لېكىن، ئايشەمگۈلنىڭ دادىسى مۇھەممەتخان باي ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى:

— بۇ بەتنىيەت گۇناھكارنىڭ ئايالى مېنىڭ قىزىم بولىدۇ، ئاجراشتۇرۇپ بېرىپ ئاندىن ئېلىپ مېڭىشسىلا.

ژاندارما ئەسكەرلەر گەپ - سۆز سورىمايلا ئەنجانبايغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى.

— بولىدۇ، — دېدى ئەنجانباي جامائەتكە قاراپ تەمكىنلىك بىلەن، — ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتتى، ھەق - ناھەق، ئاق - قارا ئايرىلمىدى، ئايشەمگۈل خېنىم دۈشمەنلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتتى! مېنىڭ ئامالىم بولمىدى. شۇڭا، بۈگۈندىن باشلاپ ئۇنى تالاق قىلىۋەتتىم! ئەمدى مېنىڭ نىكاھىمدا ئەمەس! ئەرگە تەگسۇن! خۇدايىم ئۇنىڭغا بەخت - تەلەي ئاتا قىلغاي، مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزگەي.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولغانىدى. بۇنى كۆرۈپ جامائەتمۇ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي قېلىشتى، مىشىلداپ يىغلاشقان ھالدا ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.

— خوش، خۇداغا ئامانەت.

— خۇدايىم مۇشكۇلۇڭنى ئاسان قىلغاي!

— ئامىن!

# ئون تۆتىنچى باب

## مەھبۇس

قۇمدەرۋازا تۈرمىسى، 1939 ـ يىلى قىش پەسلى.

ئەنجانباي تۈرمىگە قامىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن تۇنجى قېتىملىق سوراق باشلاندى.

— ئىسمىڭ؟

— ئەنجانباي.

— يۇرتۇڭ؟

— ئوپال قۇمباغلىق.

— نەچچە ياش؟

— 33 ياش.

— كەسپىڭ؟

— دېھقان.

— ھىم، دېھقانمىش تېخى، قانداق دېھقان؟ !

— ئۆزىمىز تېرىپ، ئۆزىمىز پەرۋىش قىلىپ، ئۆزىمىز يىغىپ، ئۆزىمىز يەيدىغان دېھقان.

— ھىم، مۇنداق دېگىن تېخى، سېنىڭ يەنە باشقا كەسپىڭ بارمۇ؟

— يوق.

— خوش، ئۇنداق بولسا، چوڭ ـ چوڭ خەجلىشىڭ نەدىن كېلىدۇ؟

— ئىشلەپ تاپىمەن.

— قانداق ئىشلەپ تاپىسەن؟

— دېھقانچىلىق، بورداقچىلىق، قاسساپلىق، سودىگەرچىلىك

قىلىپ ...

— يەنە قىمار ئويناپ؟

— شۇنداق، ئۇنىڭدىنمۇ تاپىمەن. ئۆزۈم ئىزدىمەيمەن، ئىزدەپ كەلسە، پۇلى جىق نوچى بولسا ياق دىمەي ئوينايمەن.

— يەنە بار، يەنە بار، خۇپسەنلىك قىلماي ھەممىنى سۆزلە !

— يوق.

— يوق دەيسىنا تېخى، ئۇنداق بولسا، بۇ يەرگە نېمىشقا كىرىپ قالدىڭ؟ !

— بىلمەيمەن.

— بىلمەيمەن؟ ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ، رەسۋا بولۇپ كىرىپ قالغانلىقىڭنى بىلمەيسەن؟ !

— مەن ئوغرىلىق قىلمىدىم، ئوغرىلىق قىلىش مەن ئۈچۈن نومۇس ! ئۆلۈم !

— ئۇنداق بولسا ئۆيۈڭدىن چىققان كالىنى كىم ئوغرىلىدى؟ قويچۇ؟ !

— تۆھمەت ! ماڭا قىلىنغان قەست !

— ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە، ساڭا كىم قەست قىپتۇ؟ !

— بەگ ! قازى ! غالچىلىرى !

— ئاغزىڭنى يۇم ! تولا ھەددىڭدىن ئاشما ! بۇ قەيەر؟ !

— گۇندىخانا !

— بىلىپ قوي، بۇ يەر سەندەك ئوغرىلارنى جايلايدىغان جاي ! ھېلى جۇمۇ، گەپ ئاڭلىمايدىغان قۇلىقىڭنى يۇلۇپ، پارقىراتقان كۆزۈڭنى ئويۇپ قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويماي يەنە ! ھۇي بىشەم لۈكچەك ! ھېلى كالتەك ئاستىدا ئۆلىسەن، تىلىڭ كېسىلىدۇ !

— ھىممەتلىرىگە رەھمەت ! توغرا دېدىلە، بۇ جاي ئوغرىنىڭ شېرىكلىرىنىڭ ئۇۋىسى ئىكەنلىكىنىمۇ، روشەن كۆزلەرنىڭ ئويۇلىدىغانلىقىنىمۇ، لىللا سۆزلەيدىغان تىللارنىڭ كېسىلىدىغانلىقىنىمۇ، بېجىرىم قۇلاقلارنىڭ يۇلۇنىدىغانلىقىنىمۇ ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن ! گاس، گاچا،

كور بولساق بولىدۇ، سەنلەرگە لازىمى شۇ! مېنى مۇشۇ مۇددىئا بىلەن مۇشۇ يەرگە سولىغان! بۇ ئېشەكلەرنىڭ ئادەملەرگە مىنىدىغان جايى، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل، غالچا!

— ئەدەپلەنسۇن!

— خوپ!

ئىككى ئەسكەر شۇ جايدىلا ئەنجانباينىڭ قولىغا كويزا، پۇتىغا ئىشكەل سالدى. تۇنجى سوراق شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. يەنە قاراڭغۇ ئۆيگە سولاندى.

*          *          *

سوراقچىنىڭ گۇناھكارلارنى ئىقرار قىلدۇرۇشتىكى «خوپ ئەپچىل ئەدەپلەش كارامەتلىرى» بەزىدە خېلى ئوبدانلا ئەسقېتىپمۇ قالاتتى. بۇنداق چاغدا سوراقچى، فېئودالىزمنىڭ بۇ سادىق غالچىسى ئۆزىنىڭ كارامەتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ تېرىسىگە سىغماي خىڭشىلداپ كېتەتتى، تولا خىڭشىلداپ ئۆزىنى زادى باسالمايتتى. بۇ ئۇنىڭ كۆلكىسى ئىدى. ئۇنىڭ كۆلكىسى، خۇددى تاپ تالاشقان ئىتلارنىڭ بىر - بىرىگە خىرقىراپ خىرىس قىلغىنىدەك خىرىلداپ چىقاتتى. خاپان كاللا، باداڭ قورساق، سېمىز گەۋدىسى شۇ تاپتا خۇددى بەئەينى ئۇستىگە قاچا كۆمتۈرۈلگەن، ئورنىدا تۇرالماي دومىلاپ كېتىش ئالدىدا داۋالغۇۋاتقان كۈپكىلا ئوخشاپ قالاتتى.

ئۇ تۈرمىگە سولانغان گۇناھكارلارنى سوراق قىلىشقا ئانچە ئالدىراپ كەتمەيتتى. ئالدى بىلەن ئۇلارنى تۇنجى قېتىملىق سوراقتا چېكىپ باقاتتى. «توڭ قوغۇندەك توڭ - توڭ قىلىدىغانلىرى»نى گەدەنكەشكە، «پىشقان قوغۇندەك پوك - پوك قىلىدىغانلىرى»نى ياۋاشقا ئايرىيتتى. بۇنداق ياۋاشلار تاراق - تۇرۇق پوپوزا بىلەن ئاسانلا ئەيۋەشكە كېلەتتى. لېكىن، گەدەنكەشلەر ئۇنداق ئاسان تۇتۇق بەرمەيتتى، بويۇنتاۋلىق

قىلاتتى. شۇڭا، دوپپىسىنى ئالدىغا قويۇپ، چىلىمىنى خورۇلدىتىپ چېكىپ تۇرۇپ، باش قاتۇرىدىغان گەپ! خۇدايىم چىلىمنى ئۇنىڭدىن ئايرىمىسۇن! بولمىسا تۈگەشكىنى شۇ! چىلىمنىڭ ھۇزۇرى بىلەن «ئاجايىپ دانا، كارامەت ئەپچىل ئەدەپلەش چارىلىرى» ئۇنىڭ كاللىسىدا ھازىر بولىدۇ. «ئاشۇ چىلىمنىڭ ئىجادچىسىغا ئانام نەزىرى بولۇپ كەتسۇن ئىلاھىم!»

سوراقچى چىلىم بىلەن مۇڭدىشىپ تازا كۆڭۈللۈك ھۈنەرلەرنى تېپىپ چىقتى. ھاھھا! نېمىدېگەن قالتىس! مانا ئالايلۇق، بەزى گەدەنكەش گۇناھكارلار تاياق ـ توقماقتا مىجىقى چىقىپ كەتسىمۇ ئىقرار قىلغىلى ئۇنىمايدۇ، لېكىن زە، ئاتا ـ ئانىسى، خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ كۆزىدىن مىرتلا قىلىپ ئىككى تامچە ياش چىققانلىقىنى كۆردىمۇ، بولدى، ئىشنىڭ پۈتكىنى شۇ! شۇ ھامان مياۋ مۈشۈكى بولۇپ «خوش ـ خوش»قا چۈشىدۇ. گۇناھىغا ئىقرار قىلىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ بويۇنتاۋلىق قىلىپ ئىقرار قىلمىسا، بۇنىڭ كارى چاغلىق، يەنە ئاسانلا قىلتاقىقا چۈشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن گۇناھكارنىڭ خوتۇنىنى ئىچكەركى ئۆيگە سولايدۇ. ئوتتۇرىدىكى ئۆيدە ئۇ خوتۇننىڭ خۇلق ـ نازلىرىنى، سۆز ئاھاڭلىرىنى پىششىق ئۆگىنىۋالغان ھەزىلەكلەر تۇرىدۇ. تاشقىرىقى ئۆيدە تۇرغان گۇناھكار بۇنى بىلمەيدۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۆيدىن ھەزىلەكلەر ئورۇندىغان «سۆز ئويۇنى» باشلىنىپ، «ئايالىنىڭ» مىشىلداپ يالۋۇرغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ:

— ۋاي غوجام، بارنى دېسىلە، ئىقرار قىلسىلا. سەۋەنلىك ئۆتۈلدى، ئەمدى ئىقرار قىلمىسىلا بولمىدى. ئىقرار قىلسىلا قويۇپ بېرىدىكەن، بىللە كېتىدىكەنمىز، بولمىسا يالغۇزلۇقتا ئادەم چىدىمايدىكەن، دېسىلە.

بۇنداق چاغدا نەپسى تاقىلداپ كەتكەن جېنى بوشلىرىنىڭ يېلى چىقاتتى ـ دە، لەسسىدە بوشىشىپ قالاتتى. بۇنىڭغىمۇ ئىقرار قىلمىسا، «خوتۇنى»نىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلايتتى:

— ۋاي بېگىم، ئۇنداق قىلمىسىلا، نامەھرەم بولىدۇ! ۋايجان!

ۋايىەي ! غوجام، ئىقرار قىلسىلا، بولمىدى ! تېز بولسىلا ! ۋاي بىلىم ! بېگىم ـ بېگىم سەل تەخىر قىلسىلا، ئېرىم ھازىر ئىقرار قىلىدۇ. غوجام تېز ئىقرار قىلسىلا، ۋايجان ! ئاستىراق ! ئۇھ !...

«گۇناھكار» تۇرالماي قالىدۇ. «مانا مەن قىلدىم، ئەتتىم» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ ئىقرار قىلىدۇ ـ دە، قاراڭغۇ ئۆيگە ئاسانلا سولىنىدۇ. بۇرنىدىن ئىلىندى دېگەن شۇ ! ئۇنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئىنسان ئەقلى يەتمەيدىغان ئاجايىپ ئىقرار قىلدۇرۇش كارامەتلىرى بار.

ناۋادا بەڭگى گۇناھكار بولسا، تاماكا چەكتۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ تازا خۇمارى تۇتۇپ كۆزلىرى قىزىرىپ، يۇمۇلۇپ كەتكەن چاغدا بەڭگىلەرنى يىغىدۇ. بۇ بەڭگىلەر گۇناھكارنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ راسا خورۇلدىتىپ چېكىشىدۇ. دۇگىلەك ـ دۇگىلەك ئىسلارنى بۇرۇنلىرىدىن ـ ئېغىزلىرىدىن چىقىرىشىپ لەززەتلىنىشىدۇ. ۋاھ، بۇ ھۇنەرمۇ بولىدىكەن. گۇناھكار خۇمارغا چىدىماي ئىقرار بولىدىكەن.

يەنە تېخى بۇ ھۇنەرنىڭ مۇنداق قىزىقىمۇ بار دەڭ.

يۇزى نېپىز گۇناھكار بولسا، ئۇنى ئىقرار قىلدۇرۇش بەكمۇ كۆڭۈللۈك. ئۇرمايدۇ، قىينىمايدۇ. گۇناھكارغا جامائەتنىڭ ئالدىدا مادا ئېشەكنىڭ كۆتىنى سۆيدۈرىدۇ، ئۇنىمىسا بوينىدىن بېسىپ سۆيدۈرىدۇ. يۇزى نېپىز گۇناھكار ئىزا ـ نومۇس كۈچىدىن «قىلمىدىم» دەپ ئېشەكنىڭ كۆتىنى مەجبۇر سۆيۈشتىن كۆرە، «قىلدىم» دەپ يوقنى بار قىلىپ «ئىقرار» قىلىشنى مىڭ ھەسسە ئەۋزەل بىلىدۇ !

ئىقرار قىلمىغان ئايال گۇناھكارلارنى ئەدەپلەش تېخىمۇ قىزىق. يامان ئوغرىمۇشۇكتىن بىرنى تۇتىدۇ. مۇشۇكنىڭ بېشى بىلەن ئالدى پۇتلىرىنى ئايالنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە سولايدۇ ـ دە، چىڭ باغلاپ، مۇشۇكنىڭ ئىشتاندىن چىقىپ تۇرغان يوتىسى بىلەن پاچاقلىرىغا ۋاقشىتىپ ساۋايدۇ.

مۇشۇك ئاغرىقىدا چىدىماي ئايالىنىڭ ئالدىنى تاتىلايدۇ، تالايدۇ، چىشلەپ ۋايجانلىرىنى چىقىرىۋېتىدۇ! ھا ـ ھا ـ ھا! قانداق كۆڭۈللۈك ـ ھە! بۇ چاغدا كۆرۈڭ تاماشىنى! ئاغزى مومىيادا يەملىنىپ قالغان ھەر ـ ھەر، مەن ـ مەن دېگەن نوچى ئايالالارنىڭمۇ ئاغزى ئېچىلماي قالمايدۇ. «غوجام»، «غوجىكام» دەپ تۇمۇچۇقتەك سايراپ، «قىلىپ ساپتىمەن» دېمىسە ھېساب ئەمەس! دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ كۆڭۈللۈك تاماشا بولامدىغان. ھا ـ ھا ـ ھاھا!...

دەپ كەلسە بۇنداق ئەپچىل كارامەتلەر ئۇنىڭدا يېتىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ، ناھايىتى نۇرغۇن. «ساڭا بېقىپ مەن، ئىشىككە بېقىپ دەم» ئۇنىڭ «كارامەت ئەپچىل ئەدەپلەش چارىلىرى» بەزىدە كارغا كەلمەي ئۇنى خاپا قىلىپمۇ قويىدۇ. لېكىن، ئۇ كۆڭۈل سوۋۇتمايدۇ. تاياق ـ توقماقنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. «بېھىشتىن چىققان كۆك تاياق، يوگۇرتىدۇ يالاڭ ئاياغ» دېگەن بىكار گەپ ئەمەس. ئىقرار قىلمىسا «ئاسمان تاپان» قىلىپ باسىدۇ، شېغىل تاشقا، قىرلىق ياغاچ ـ تۆمۈرلەرگە يۈكۈندۈرىدۇ، چېچىنى كېرىدۇ، دولىسىغا، مەيدىسىگە، دۈمبىسىگە، پاچاقلىرىغا ياغاچ قويۇپ «لىڭگىرتاقتاق» ئوينايدۇ، ئۆگزىدىن ئىتتىرىدۇ، بۇرنىغا لازا سۈيى قۇيىدۇ... ئىشقىلىپ، قانداقلا بولسۇن، ھەممە ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ گۇناھكارلارنى ئىقرار قىلدۇرىدۇ.

لېكىن... ماۋۇ ئەنجانباي دېگىنى ئۈچىنچى چىققان گەدەنكەش، خورىكى چوڭ بىرنېمە ئىكەن. قارىغاندا، باشقا گۇناھكارلارنى ۋاڭ دېگۈزگەن ھۈنەرلەر ئۇنىڭغا ئاقمايدىغاندەك. شۇنچە جىق «ھۈنەر»لەرنى ئۆگەتكەن قېيناتىسى بۇنىڭغىمۇ يەنە ئەپچىل ھۈنەردىن بىرنى كۆرسەتسە ئەجەب ئەمەس!

ئۇ شۇ خىيال بىلەن خام بازىرى تەرەپكە بۇرۇلدى. يېنىدا يوغانلا بىر توپ قېرى ئۈجمىسى بار دەرۋازىنى يەڭگىل قاقتى. «خەپ ئەنجانباي، ئەمدى نوچى تىلىڭنى بىر كۆرەي!»

لېكىن، ئەنجانباينىڭ نوچىلىقىنى كۆرۈش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ جەسىتى تۇمەن دەرياسىنىڭ كۈنچىقىش تەرەپكە ئەگىپ ئاقىدىغان ئېتىپوقى دېگەن جايدىكى توقايدىن چىقتى.

*　　*　　*

ئەنجانباي سولانغان قاراڭغۇ ئۆي تۈرمە ئارقا قورۇسىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى بۆلۈكىدە ئىدى. ئادەم بېشى ئارانلا پاتقۇدەك كىچىككىنە تۆڭلۈكى بىلەن، ئۇدۇلدىكى تامدىكى پەنجىرىسى خۇددى قەپەسكە ئوخشاش بالداقلىق ئىدى. كۈن بىلەن ئاينىڭ نۇرى ئۇ بالداقلار ئارىسىدىن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا خۇددى كاتەكچە رەختنى يېيىپ قويغاندەكلا يول - يول بولۇپ يورۇق چۈشۈرۈپ تۇراتتى. پەنجىرە ئېگىز ئىدى. ئەنجانباينىڭ قولى ئارانلا يېتەتتى.

مانا ئۈچ ئايدەك بولدى، ئۇ ئېنى بىلەن گېزىنىڭ تايىنى يوق بۇ تامدىن ئۇ تامغىچە ئۈچ چامدام، ماۋۇ تامدىن، ئاۋۇ تامغىچىمۇ يەنىلا ئۈچ چامدام تۆت چاسا ئۆيدە ياتىدۇ. ئىتتەك تۈگۈلۈپ ياتمىسا، پۇتلىرى تامغا تاقىشىپ قالىدۇ. قولىدىكى كويزا بىلەن پۇتىدىكى ئىشكەل ئۇنىڭغا ھەمراھ، بۇرگە ئازابىدىن يا كېچە، يا كۈندۈزى ئارام يوق ... كارت - كارت قاشلىغان، يۇمىلانغان، تاملارغا سۈركەلگەن ... بۇ بۇرگىلەرگە يەم بولۇپ، كۈندە ئىككى ۋاخ كۆكىرىپ كەتكەن، قاتتىق - قۇرۇق پارچە نانلارنى غاجاپ يەپ، ئاداپتەك سۇيۇق كور - كور ئوماچلارنى ئىچىپ، جان قىينىماقتىن باشقا ئىلاج يوق.

شاراق - شۇرۇق قىلىپ ئىشىك ئېچىلدى. سۆرۈن تەلەت ئۈچ ئادەم كىرىپ، گەپ - سۆزسىزلا ئۇنىڭ كۆزىنى قارا لاتا بىلەن تاڭدى. «يەنە سوراق ! ... » دەپ ئويلىدى ئەنجانباي. دېگەندەك، ئۇلار ئۇنى ئىتتىرىپ تالاغا ئېلىپ چىقتى.

«ئاھ، ئەجەب خۇشياقتىغۇ ساپ ھاۋا، تەنگە داۋا ...»
شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىگىكلىرى يېشىلىپ كەتكەندەك، پۇت ـ قوللىرىنىڭ بېغىشلىرى بوشىشىپ، خۇددى ئۇستىدىن ئېغىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەكلا يەڭگىللەپ قالدى. ئۇلار ئۇنىڭ يېڭىدىن سۆرەپ، ئەگرى ـ توقاي، ئېگىز ـ پەس يەرلەر بىلەن ماڭدۇرۇپ يۈرۈپ ئاخىر قوڭغۇراقسىز مەيىگە چىقاردى. ئاندىن ئۇنىڭ كۆزىنى تاڭغان لاتىنى يېشىۋەتتى. مەيىنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىغا، يانلىرىغا قارا مىلەڭزە تارتىلغانلىقتىن، سىرتنى كۆرگىلى بولمايتتى. مەيىنىڭ ئىچىمۇ گۆردەك قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئات تۇياقلىرىنىڭ تاق ـ تۇق ئاۋازلىرى، مەيىكەشنىڭ ئاتقا تارسىلدىتىپ قامچا ئۇرۇشلىرى، كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى، بولقىلارنىڭ بىر خىل رىتىمدا تاڭ ـ تۇڭ، تاڭ ـ تۇڭ ئۇرۇشلىرى... ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
قەشقەر دېگەن مۇشۇنداق شەھەر ـ دە !
مەيلى كېچە، مەيلى كۈندۈز، مەيلى رەستىلىرى، مەيلى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرى خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ۋاڭ ـ ۋۇڭ ئادەم قاينىمى، تاققۇڭ ـ تۇققۇڭ بولقا ـ سەندەل ئاۋازى... شۇڭا، ئەنجانباي نەگە كېتىپ بارىدۇ، قايسى يول بىلەن مېڭىۋاتىدۇ، بىلەلمىدى. لېكىن، ئۇنىڭغا ئايدىڭكى، ئۇلار ئۇنى سوراققا ئەكېتىۋاتىدۇ، سوراققا !
ئۇنى ھارۋىدىن چۈشۈرۈپلا كۆزىنى يەنە تېڭىۋەتتى. بىر ھازاغىچە ئۇيان ئايلاندۇرۇپ، بۇيان ماڭدۇرۇپ بىر ئۆيگە ئەكىرگەندىن كېيىن يەنە يېشىۋەتتى.
ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئۇدۇلىدىكى سوراقچى ئورنىدا ئولتۇرغان مايمۇننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. «ئۇخلۇممۇ، چۈشۈممۇ؟ ياكى لاتىدا چىڭ تېڭىۋەتكەن كۆزلىرىم تېلىپ قالغان بولسا، مايمۇن كۆرۈنۈۋاتامدۇ، نېمە؟» ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى، چىمىلدىتىپ تۇرۇپ يەنە ئۇنىڭغا قارىدى. يەنە شۇ سەت مەخلۇق ! يۈز ـ كۆزلىرىنى ساپسېرىق يىرىك

ساقال باسقانلىقتىن، ھەتتا قولاقلىرىمۇ كۆرۈنمەي قالغان، پېشانىسىگە خۇددى يوغانلا پومىنى چاپلاپ قويغاندەكلا دوقا ماڭلاي، چار كۆز، پاناق بۇرۇن، خۇددى قوينىڭ تۇمشۇقىدەك ئۇزۇن ئېڭەك، ئورۇق، ۋىجىك بىر مەخلۇق ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ شۇ تۇرقى دەل مايمۇننىڭ ئۆزىگىلا ئوخشايتتى. «خۇدايا تووۋا !» ئەنجانباي ئىختىيارسىز ياقىسىنى چىشلەپ سالدى.

— ھە، ئەنجانباي، ياقاڭدىكى پىتلارنى قاساۋاتامسەن؟ !

ئۇنىڭ جۇغى كىچىك بولغىنى بىلەن ئاۋازى خۇددى دۇمباق چالغاندەك يوغان بوم - بوم چىقاتتى. ئۇنىڭ پۈلتىيىپ چىققان يوغان كۆزلىرى ھېلىلا چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچىيىپ، مىتمۇ قىلماي دەل ئەنجانباينىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قادالدى.

— شۇنداق، پىت چېقىپ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ.

— ھىم، بولدى بەس ! ئاغزىڭنى يۇم ! — ئۇ لىكىكىدە ئورنىدىن تۇرغاندى، قولتۇقى ئالدىدىكى شىرەگە ئارانلا تەگلەشتى. ئۇ خۇددى مايمۇننىڭ قوللىرىدەك ئورۇق، ئىنچىكە قوللىرىنى شىلتىپ توۋلىدى، — سەن تېخى ھالىڭغا باقماي بىزنى پىتقا ئوخشىتىۋاتامسىنا ! قېنىمىزنى شورىدىڭ، چاقتىڭ، دېمەكچىمۇ سەن؟ ! ھۇ بەچچىغەر ! ئېيتە، بىز پىتمۇ؟ ! ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى پىتمۇ؟ ! قىزىل پاچاقتەك يوغان گەپ قىلىسەنغۇ؟ ! نەدە ئاڭلىدىڭ؟ ! كىم دېدى ئۇ گەپنى؟ ! سۆزلە. مېنىڭ ئالدىمدا تەنە گەپ قىلىشقا، ئېشىكىڭ ھەلەپ يېمەيدۇ سېنىڭ ! نوختاڭنى ئالمىسام، ئاچ ئالىقىنىڭنى ! ئۇ ۋارقىراپلا شىرەدە تۇرغان ئۇچ قىرلىق «ئەدەپ تاختىسى»نى قولىغا ئالدى. «ئەدەپ تاختىسى» ئۇيۇپ قالغان قان داغلىرىدا ئالىچىپار بولۇپ قالغانىدى. ئۇ گۇناھكاردىن سورار - سورىمايلا ئالدى بىلەن ئۇرۇپ، باشلىرىنى ئايلاندۇرۇپ ھوش - كاللىسىدىن كەتكۈزۈۋېتىپ ئاندىن سوراق قىلاتتى. بۇ ئۇنىڭ «تۆمۈرچىلىك

ھۆنىرى» ئىدى.

تۆمۈرنى قىزىتىپ سوقسا، ئويلىغان شەكىلگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ، گۇناھكارمۇ شۇنداق. ئالدى بىلەن ھوش ـ كاللىسىدىن كەتكۈزۈۋېتىپ ئاندىن سوراق قىلىنسا، ئاسان ئەيۋەشكە كەلمەيدۇ، ھوناقمۇ قىناققا كەلمەيدۇ.

ئەنجانباينىڭ ئىككى يېنىدا تۇرغان ئىككى ئادەم ئۇنىڭ قوللىرىنى قايرىپ، ئالىقانلىرىنى كېرىپ ئاچقۇزۇپ تۇتۇپ تۇردى. سوراقچى «ئەدەپ تاختىسى»نى خۇددى ئويۇنچۇق ئوينىغاندەك ئۆزىنىڭ ئالىقىنىغا يەڭگىل ـ يەڭگىل ئۇرۇپ ئەنجانباينىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئالىقىنىدىن چىققان ئاۋاز خۇددى تاختاينى تاختايغا ئۇرغاندەك تاق ـ تۇق چىقاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى خۇددى چاشقاننى كۆرگەن مۇشۇكنىڭ كۆزلىرىدەك پارقىرىتىپ چەكچەيتتى ـ دە، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەنجانباينىڭ ئالىقىنىغا ئۇرىۋەردى. ئۆينىڭ ئىچى قاڭ ـ قۇڭ ئاۋازدىن چۇڭقۇلداپ كەتتى! ئەنجانباينىڭ قوللىرى ۋاژىلداپ ئاغرىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. سوراقچى ئۇرۇشتىن توختايدىغاندەك ئەمەس، ئۇنىڭ قولىدىكى تاختاي قاڭ ـ قۇڭ، قاڭ ـ قۇڭ ئاۋاز چىقىرىپ، ئەنجانباينىڭ ئالىقىنىغا تېگىۋەردى. ئاغرىق ئۇنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى! ئۇ ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي تولغىنىپ تۇرۇپ سوراقچىغا تىكىلدى. سوراقچى ھۇزۇرلانغاندەك كارى يوق، بەخىرامان ھالدا تازا كۈچەپ ئۇرىۋەردى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكى ئەنجانباينىڭ قولتۇقىغىمۇ كەلمەيتتى. ئەنجانباي ئاغرىققا چىداپ تۇرالمىدى، «مەيلى نېمە بولسام بولدۇم» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئېڭىشىپ تۇرۇپلا سوراقچىغا كاللا قويدى. «ۋايجان» بىلەن تەڭ سوراقچى شىرەنىڭ تېگىگە تىك موللاق چۈشتى.

ئاللا كارامەت، ماۋۇ ئىشنى! گۇناھكارنىڭ سوراقچىنى ئۇرغانلىقىنى شۇ چاغقىچە كۆرمەكتە يوق، ئاڭلاپمۇ باقمىغان

ھېلىقى ئىككى يالاقچى چۆچۈپ، ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قېلىشتىيۇ، يەنە شۇ ھامان ھوشىنى تېپىپ، ئەنجانبايىنى باسماقداپ، تېپىپ، مۇشتلاپ ئۇرۇشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ياشانغان، ئېگىزگىنە، كەكە ساقال بىر ئادەم كىرىپ كەلدى ـ دە، سوراقچىنى يۆلەپ تۇرغۇزدى، توپىسىنى قاقتى. ئاندىن يان ـ يانلىرىغا قارىۋېتىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاشقا باشلىدى. سوراقچىنىڭ چىرايى ئۆڭدى، چېقىر كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ يەنە يۇمۇلدى، شالاڭ بۇرۇتلىرى خۇددى خىرىس قىلمۇۋاتقان مۈشۈكنىڭ بۇرۇتىدەك تىككىدە بولدى. ئۇ شۇ ھالدا ھېلىقى ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن بىرھازا تۇرۇپ كەتتى ـ دە، كۆزىنى يەنە ئېچىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى:

— نېمە، نېمە؟ ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم دېدىڭما؟

— خوش.

سوراقچى يەنە گەپ سوراش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى، ھېلىقى ئادەم شۇ ھامان يېنىچە ئېگىلىپ، قۇلىقىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تۇتتى. ئۇلار پىچىرلاشقاندەك سۆزلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ گېپى ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاڭلاندى.

— ھېلىقى مۇۋەققەت ئامبال؟

— خوش.

— مۇنداق دېگىن تېخى، توۋا بۇ ئىشلارنى، ئۇ شۇنداق دېدى؟

— شۇنداق، قوي، كالا ئوغرىلىغان ئوغرى ياقۇپ قىلتاق دېگەن ئادەم ئىكەن، ئۆزى ئىقرار قىپتۇ. ھېلىقى ئۇرۇش، جېدەل قىلدى دېگەن ئەرزدىكى گەپلەر ئانچە چوڭ ئىشلار ئەمەس، ئادەتتە بولۇپ تۇرىدۇ. پاشا، چىۋىنلار چاقسا، ئادەملەر ئەمەس، بەلكى ھايۋانلارمۇ ئۆزىنى قورۇيدۇ. شۇنچىلىكلا ئىش ئىكەن. گۇناھسىز ئىكەن، قويۇپ بېرىلسۇن، دەيدۇ.

— ماۋۇ شالتاق ئىشنى، بۇ ئىشتا يالغۇز ئۇنىڭلا گېپى گەپ بولامدۇ؟ يەنە باشقىلارمۇ بارغۇ، ئۇلار نېمە دەيدۇ؟ قېنى كۆرەرمىز.

سوراقچى مەڭدىگەندەك بىرھازا تۇرۇپلا قالدى. خېلىدىن كېيىن قولىدىكى «ئەدەپ تاختىسى»نى شىرەنىڭ ئۈستىگە پاققىدە تاشلىدى ـ دە، ئەنجانباينىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە بىر قارىۋېتىپ چىقىپ كەتتى.

ئەنجانباينىڭ كۆزى يەنە تېڭىلدى.

شۇ تاپتا كوچىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، تاقىقۇڭ ـ تۇقىقۇڭ ئاۋازلار ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى، ئۇ كاللىسىغا كىرىۋالغان خىياللار ئىلكىدە بەند ئىدى.

توۋا ! ئادەمنىڭ سەتلىرى سوراقچى بولامدۇ، نېمە؟ ئالدىنقى قېتىمقى سوراقچى بويى يوق قاپاقتەك باداڭ قورساق، ھە، ئۇ بۇگۈن كۆرۈنمەيدۇغۇ، نەگە ئۇجۇقتىكىن ئۇ؟ ھىم، بۇ قېتىمقىسى مايمۇندەك ئاۋاق. توۋا ! تەڭرى ـ ئاللا شۇنداق ياراتقان ـ دە. ھە، راست بۇ مايمۇن غەلىتە گەپنى قىلىدۇغۇ؟ تېخى مېنى قىزىل پاچاقتەك گەپ قىلىۋاتىسەن، نەدىن ئاڭلىدىڭ، كىم دېدى، دەپ سوراۋاتىدۇغۇ؟ قىزىل پاچاق؟ قانداق ئادەمنى قىزىل پاچاق دەيدىغاندۇ؟ ئۆز ۋاقتىدىغۇ، ئەنجان، تاشكەنتلەردە سەرسانلىقتا يۈرگەندە، قىزىل ئارمىيە، قىزىل ھاكىمىيەت دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىغان، كېيىن دادىسىمۇ تولا دەپ بەرگەن. قىزىل ئارمىيە يوقسۇللارنىڭ ئارمىيىسىمىش، قىزىل ھاكىمىيەت دېگىنىمىز، يوقسۇللارنىڭ ھۆكۈمىتىمىش، زالىملارنى يوق قىلىپ، ھەممە ئادەمنى باباراۋەر قىلىمىش. شۇ قىزىل ئارمىيە بىلەن قىزىل ھۆكۈمەتنى قىزىل پاچاق دەمدىغاندۇ يا؟ ئۇ مايمۇن بۇنى قانداق بىلىدىغاندۇ؟ ئۇ قىزىل پاچاقلار نەدىدۇ، كىملەردۇ؟ ھەي ئىسىت ! ئۇلارنى تاپالىسام، مىنىڭ جېنىم بولسىمۇ ھەممىنى شۇلارنىڭ يولىغا ئاتىۋەتسەم، ئۇلۇغ خۇدايىم ئاشۇ قىزىل پاچاقلار بىلەن كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلسا !...

ئۇلار زادى نەدە، ئۇلار كىم؟...

ئەتىسى ئۇنىڭ قول، پۇتىدىكى كىشەنلەر ئېلىۋېتىلدى. ئۇنى يوغانلا بىر ئۆيگە ئەكىرىپ يەتتە ـ سەككىز ئادەمنىڭ ئارىسىغا قوشۇۋەتتى. ئۇ بۇ ئىشلارنى ئويلاپ تېگىگە ھېچ يېتەلمىدى.

*           *           *

شۇ كۈنلەردە ئەنجانباي غەلىتىلا بولۇپ قالدى. گاھىدا خۇددى بىر نېمە ئىزدىگەندەك تۈرمە قورۇسىدا يەردىن ئۈستۈن قارىماي، ئۇيان ـ بۇيان ئايلانسا، گاھىدا تېز مېڭىپ كېتىۋېتىپ، خۇددى بىر نېمىگە ئۇسۇپ سالغاندەك تاپ تۇختايتتى ـ دە، جايىدا تۇرۇپلا قالاتتى. گاھىدا خۇددى «تاۋكا ئۈستىدىكى قىمارۋازلار» دەك قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا زوڭلا ئولتۇرۇپ ئېڭىكىنى سىلىغىلى تۇرسا، گاھىدا بىر بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ ئېڭىكىنى تىزلىرىغا قوياتتى ـ دە، قوللىرى بىلەن پاچاقلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ تۇتقىنىچە خۇددى پۈت ـ قوللىرى يىغىلىپ قالغان مەجرۇھتەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپلا قالاتتى. گاھىدا ناخشىنى ۋاڭشىتىپ ئېيتىپ، كەتمەننى غۇلاچلاپ چاپسا، گاھىدا ئاۋازى بارا ـ بارا پەسلەپ، ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتەتتى ـ دە، توپىنى يېنىغىلا تاشلايتتى.

بۈگۈنكى قىلىقىنى دېمەمدىغان، تېخىمۇ قىزىق. بۇ ئىشنى كۆرۈپ بەزىلەر «توۋا» دەپ ياقىلىرىنى چىشلەشسە، يەنە بەزىلەر «دەرد تۈگەشتۈرۈۋەتتى» دەپ ئۇنىڭغا ئىچىنى ئاغرىتىشتى.

دورغىلارنىڭ گۇناھكارلارنى «ئاستا ماڭدىڭ»، «ئاز كۆتۈردۈڭ !» دەپ شۇپۇڭ بىلەن تارسىلدىتىپ ساۋاشلىرى، ھەيدەپ ۋارقىراپ ـ جارقىراشلىرى كېسەك توشۇش سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. لېكىن، ئەنجانباينىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. ئۇ قانداقتۇر بىر ناخشىنى دىمىغىدا غىڭشىپ ئېيتقاچ، كېسەكلەرنى بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرىنى قويۇپ تەكشى تىزدى، ئاندىن ئارقىسىنى قىلىپ، دۈمبىسىگە ئالدى. كېسەكلەر ئۇنىڭ گەدىنىگە تاقاشتى. بۇ باشقىلار كۆتۈرۈپ ماڭغان كېسەكتىن خېلى كۆپ ئىدى. ئىككى ـ ئۈچنى ئېلىۋەتسىمۇ دورغىلار غىڭ قىلمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ بىرەر كېسەكنىمۇ

ئېلىنىۋەتمىدى. بېشىنى ئېگىپ يەردىن ئۈستۈن قارىماي، يەنە ھېلىقى ناخشىسىنى غىڭشىپ ئېيتىپ كېتىۋەردى. كېسەكلەرنى قويىدىغان يەرگە ئاز قالغاندا بېشىنى كۆتۈردى. كېسەكلەرنى قويۇپ يانغانلارنى كۆرۈپ، ئۇمۇ ئارقىسىغا ياندى. كېسەك ئالىدىغان يەرگە بارغاندا، دۈمبىسىدىكى كېسەكلەرنى يەرگە قويدى - دە، قۇرۇق قول بېرىپ، توشۇپ بولۇنغان كېسەكلەرنى دۈمبىسىگە ئېلىپ ياندى. بۇنى باشقىلار كۆرۈپ، پاراق - پۇرۇق كۈلۈشۈپ، ئۇنى مازاق قىلىشتى. ئۇ شۇندىلا ئېسىگە كەلدى - دە، ئۆزىمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى. چار ساقال، دىقماق گۆندىپاي نەقىشلىك، ۋال - ۋۇل پارقىراپ تۇرغان يېپيېڭى دۇتارنى كەينىگە تۇتۇپ تۇرۇپ سۆزلەپلا كەتتى:

— نېمە بولدىلا؟ خامانغا قاتقان كالىدەك باشلىرىنى كۆتۈرمەي پۇشۇلداپلا يۈرىدىلا! ئاھ دەيدىلا، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدىلا، زادى نېمە بولدى؟

— ناھەق سولىنىپ قالغىنىمغا ئىچىم قاينايدۇ، ئاتا. ئويلايمەن، ئويلايمەن، ئويلاپ ھېچ تېگىگە يېتەلمەيمەن. دەردىنىڭ تولىلىقىدىن يۈرەك زەرداب بولۇپ كەتتىغۇ!

— بەللى - بەللى، ئەجەبمۇ تاتلىق گەپ قىلدىلا، ئاغزىلىرىغا ناۋات! سىلىچە ئاۋۇ ئويناپ - كۈلۈپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى تۈرمىگە ھەق سولىنىپتىكەن - دە، شۇنداقمۇ؟ جاھاندا ھەق - ناھەقنى ئايرىيدىغان ئىش بولىدىغان بولسا، بۇ بىچارىلەر مۇشۇ تۈرمىگە سولانمايتتى. ئۇلار تۈرمىدىمۇ تاۋكانى قىزىتىپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىۋاتىدۇغۇ؟! مۇشۇنداق قىلغاندا خاپىلىقنى ئۇنتۇغىلى بولىدۇ، كۈنمۇ ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدۇ، باشقا نېمە ئىلاج؟

— ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن.

— قىلسىلا - قىلمىسىلا بولمايدۇ. بولمىسا، بۇ تۈرمىدە يا ساراڭ بولۇپ قالىدىلا، يا بولمىسا ئۆلۈپ تۈگەيدىلا. نېمە قىلىدىلا تۆت كۈنلۈك ئالەمدە ئۆزلىرىنى قىيناپ، كۈننىڭ

سىرىقلىقى ئەۋزەل. جاھاندا ھەق ئىش يوق. ھەممە يەر ئوخشاش، قازاننىڭ قۇلىقى ھەممە يەردە تۆت. ھەق ـ ناھەق پەقەت گۆردىلا سورۇشتۇرۇلىدۇ، گۆردە تەڭسىزلىك يوق. كىم گۇناھنى كۆپ قىلغان بولسا، دوزاختا كىرىدۇ، توقماقنىمۇ كۆپ يەيدۇ، مانا ماڭا قارىسىلا ئۇكام، مەنمۇ ياكى بۇلاڭچىلىق قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ تۈرمىگە سولىنىپ قالمىغان، خەقنىڭ ئارپىسىنىمۇ خام ئورۇمىغان. ھاشار ـ مەدىكاردىن قاچسام، تۇتۇۋېلىپ ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بەردى، ئەسكەرلىكتىن قاچسام يەنە تۇتۇۋالدى، يەنە قاچسام، يەنە تۇتۇۋېلىپ ئاخىر قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويدى. جان تاتلىق ئىكەن، كۈن كۆرەي دېدىم. تۇر دېسە تۇردۇم، قىل دېگەننى قىلدىم. ئۆز ۋاقتىدا مەنمۇ جاھانغا پاتماس گاڭگۇڭ ئىدىم. ئاسماندا قىمار بار ئىكەن دېسە، شوتىسى نەدە ئىكەن دەپ يۈگۈرۈيتتۇم. تۈرمىدە تاۋكانى تازا قىزىتتىم. جىق ئۇتۇۋېلىپ تاپقان ـ تەرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى گۇندىپايلارغا، خوجايىنلارغا بېرىپ ئۇلارنى رازى قىلىپ تۇردۇم. بەش يىل كۈنۈم شۇنداق ئۆتتى. ئەمدى ئۈچ يىلدەك بولدى، مانا مۇشۇ قىرىق ـ ئەللىكتەك ئاچقۇچىنى تۇتقۇزۇپ گۇندىپاي قىلىپ قويدى. قەسەم قىلىمەنكى، گۇناھكارلارغا پايدام تەگسە تەگدىكى، زىيىنىم تەگمىدى. كۆرۈۋاتىدىلا، شۇڭا ھەممىسى مېنى ھۆرمەتلەپ «ئاتا» دەيدۇغۇ؟ مانا ماۋۇ دۇتارنى چېلىپ كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىسىلا. زۇنۇن شۇڭگۇن ئەۋەتتى. جان كۈندە چېچەكلىمەيدۇ، تۆت كۈنلۈك جاھان بۇ. ھە، يەنە بىر گەپ، تويلۇبۇلۇڭ دېگەن يەرگە زاك كولاشقا بارىدىكەنمىز. ئىش ـ كۈشلىرىنى پۈتتۈرۈۋالسىلا، ئۆگۈنلۈككە ماڭماقچى، قىرىقتەك ئادەم. قىش كىرگەندە يېنىپ كېلىدىغان ئوخشايمىز. دۇتارنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، چېلىپ بېرىدىلا.

# ئون بەشىنچى باب

# تەشنالىق ساداسى

تويلۇبۇلۇڭ، كېيىنكى باھار پەسلى.

كۆدە ـ كۆرپىلىرىنى دۈمبىسىگە تېڭىۋالغان قىرىق «گۇناھكار» قاتارىسىغا تۆتتىن ـ تۆتتىن تىزىلدى. بەللىرى ئارغامچىلاردا باغلىنىپ، ئالدى ـ ئارقىسىدىن، يانلىرىدىن بىر ـ بىرىگە چېتىلدى، ئارغامچىلارنىڭ ئىككى ئۇچى ئالدىدا ماڭىدىغان ئىككى ژاندارما ئەسكەرنىڭ ئاتلىرىنىڭ غانجۇغىسىغا باغلاندى. «گۇناھكارلار» ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرىنىڭ دىدارلىرىنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ خۇددى تورغا چۈشكەن بېلىقلاردەك ئۇيان ـ بۇيان تېپىرلايتتى. لېكىن، ئۇلار بىر ـ بىرىگە چېتىلىپ كەتكەنلىكتىن، بىر قەدەممۇ ئۇيان ـ بۇيان ماڭالمايتتى. ئالدىدىكى ئىككى ئاتلىق ژاندارما ئەسكەر ماڭسا، ئۇلارمۇ ماڭالايتتى، توختىسا، توختايتتى. ئارقىسىدىن، يان ـ يانلىرىدىن ئاتلىق دورغىلار، ژاندارمىلار قامچىلىرىنى ئوينىتىپ يالاپ ماڭاتتى. ئۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتى خۇددى رەھىمسىز پادىچىلار ھەيدەپ ماڭغان بىر قوتان مالغا ئوخشايتتى. تۈرمە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا خۇددى قىيامەت قايىم بولغاندەك يىغا ـ زار، قىيا ـ چىيا، داد ـ پەرياد كۆتۈرۈلدى. سانجاق ـ سانجاق توپلىشىپ تۇرۇشقان قەشقەر خەلقى ئاللا ـ چۇقان سېلىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرىنى ئىزدەيتتى. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنى توۋلاپ چاقىرىشقان سادالار قۇمدەرۋازا كوچىسىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى! لېكىن، ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشەلمەيتتى، يېقىنمۇ

كېلەلمەيتتى. ناۋادا بىرەرى قولىنى ئۈزىتىپ سالىدىغان بولسا ياكى سەل يېقىنلىشىپ قالىدىغان بولسىلا، شۇ ھامان دورغىلارنىڭ قامچىلىرى ئۇلارنىڭ باش - كۆز، قوللىرىغا خۇددى يۇڭ ساۋىغاندەكلا رەھىمسىزلەرچە ۋاق - ۋۇق تېگەتتى. ئەنجانباي ئارقىدىكى قاتاردا ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرىنى كۆرۈۋېلىشقا تەشنا ئىدى. شۇڭا، تىت - تىت بولۇپ جامائەت ئارىسىغا تەلمۈرۈپ قارايتتى. لېكىن، ئۇلار كۆرۈنمەيتتى. «ئاھ! ئانا، دىدارىڭنى كۆرسەتكىنە، شۇ تاپتا خۇددى كىچىكىمدە، ھەتتا چوپچوڭلا بولۇپ بۇرۇنتۇم خەت تارتقاندىمۇ يەنە، (ئانام بالام، دادام بالام) دەپ ئەركىلىتىپ بېشىمنى سىلىغاندەك يەنە بىر قېتىم سىلاپ قويغىنا.

ئاەتتە دادىسى چېلىنىشى، ئات بەيگىسى، مەشرەپ، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم سورۇنلىرىدا ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى كېتەلمەيتتى، خۇددى سايىسىدەكلا ئەگىشىپ يۈرەتتى، گۆش، نانلارنى بېلىگە تۇگۇپ يۈرۈپ ئۇنى يېيىشكە زورلاپلا تۇراتتى. كېچىلىرى قارا چىراغ نۇرىدا ئۇنىڭغا قاراپ تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپ تاڭنى ئاتقۇزاتتى. «كۆز تەگمىسۇن» دەپ ئىسرىق سېلىپ، موللا - ئاخۇنلارغا دۇئا ئوقۇتۇپ، تۇمار يۈتتۈرۈپ، ئۇنىڭغا پەرۋانىدەك پەرمان بولۇپ، پايپېتەك بولۇپ جان كۆيدۈرۈپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى ئۇ يىراقلارغا كېتىدىغان چاغدا نېمىشقا دىدارىنى كۆرسەتمەيدۇ؟ قېنى ئۇنى جانلىرىدىن ئەزىز كۆرىدىغان ئاكىسى، ئىنىلىرى، سىڭلىسى؟ ئاھ خۇدا! ئۇلارنى بىر كۆرۈۋالسىچۇ كاشكى! ئىسىت! شۇ تاپتا ئاشۇ قىيامەتلىك ئاغىنىلىرى بىلەن بىر كۆرۈشۈۋالسا، ئىككى - ئۈچ ئېغىز دىن چاقچاقلىشىۋالسا... ھېچبولمىسا، شۇنداقلا لەپپىدە بىر قارىشىۋالسا... كاشكى، ئۇ شۇ خىياللار بىلەن مەيۈسلىنىپ كېتىۋاتقاندا، جامائەت ئارىسىدىن تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ئانىسى قىستىلىپ چىقتى - دە، «دادام بالام!» دەپلا ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى. لېكىن، شۇ ھامانلا ئۇنىڭ بېشىغا قامچا تەگدى. توختىخاننىڭ ئاچچىقى كەلسە،

ھەرقانداق بالا ـ قازادىن قورقمايتتى. ئەۋلىيا، ئەزرائىل بولسىمۇ جېنىنى ئالىقنىغا ئېلىپ ئېلىشاتتى، ئۇنىڭ «چىشى يولۋاس» نامىمۇ شۇنىڭدىن كەلگەنىدى. ئۇ ئۆزىگە قامچا تەڭلەۋاتقان دورغىغا كۆزلىرىنى ئالايتىپ قاراپ، قامچىنى تۇتۇۋېلىپ غەزەپ بىلەن پەسكە سىلكىپ تارتتى. دورغا بىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋالغان قامچا سىپىپىدىكى تاسمىدىن قولىنى چىقىرىۋالالماي ئاتتىن موللاق ئېتىپ چۈشتى. توختىخان ئۇنى بىرنى تەپتى ـ دە، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى:

— ۋۇي ئىتتىن تۆرەلگەن نىجىس يالاقچى ! سەن ئانىدىن تۇغۇلمىغانمۇ؟ ! ئانىسى بالىسى بىلەن كۆرۈشسە گۇناھمىكەن؟ ! سەنىمۇ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان بولساڭ، ئاناڭ سەن نىجىسنى، مەن بالامنى باغرىمغا ئالغاندەك باغرىغا ئالماسمىدى؟ !

بۇ غەزەپلىك شىكايەتتىن ژاندارمىلار، دورغىلار سەل سالپىيىپ قېلىشتى. دەل شۇ چاغدا باش نازارەتچى ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ توختىخاننىڭ دەل بېشىغا قامچا سالدى. ئەنجانبايىنىڭ ئاچچىقىدا جان ـ مانى چىقىپ كەتتى ! ئۇ غەزەپ بىلەن:

— تارت قولۇڭنى ! — دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، باش نازارەتچىنىڭ قامچا تۇتقان قولىنى كاپلا تۇتۇۋېلىپ ئامبۇردەك قىسىۋالدى.

ئاغرىققا چىدىمىغان باش نازارەتچى تولغىنىپ كەتتى ـ دە، «ۋاي !» دەپ خۇددى مياۋغا چۈشكەن مۈشۈك مياۋلىغاندەكلا چىرقىراپ سالدى. بۇنى كۆرگەن باشقا دورغا، ژاندارمىلار پالاقلىشىپ كېلىپ، ئەنجانبايغا قوراللىرىنى تەڭلەشتى. دەل شۇ چاغدا توپ ـ توپ جامائەت خۇددى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك تەڭلا غەزەپلىك ۋارقىراشتى:

— ھاي ! ھاي ـ ھاي ! !

بۇ غەزەپلىك سادادىن چۆچۈپ كەتكەن ژاندارما، دورغىلار مەڭدەپ ھاڭۋاققىنىچە جاي ـ جايىدا تۇرۇپلا قېلىشتى. قورال

كۆتۈرگەن قوللىرىمۇ خۇددى تېنى چىرىپ كەتكەنلىكتىن يېرىلىپ چۈشكەن دەرەخ شاخلىرىدەك ئاستا ـ ئاستا پەسكە چۈشتى.

كۆزلىرى غەزەپلىك چەكچەيگەن، مۇشتلىرى چىڭ تۈگۈلگەن باقاخۇننىڭ بالىلىرى شۇ تاپتا ئوۋغا تاشلىنىشقا تەييار تۇرغان قاپلانغا ئوخشاش باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، مەيدىلىرىنى چىقىرىپ، پۇتلىرىنى كېرىپ تۇرۇشاتتى. ۋاھ! ئەمدىلا تېخى ئون ئالتە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئەزىزنىڭ نوچىلىقىنى دېمەمدىغان! ئۇ پىچىقىنى كەينىگە تۇتۇپ، ھەدەپ ئالدىغا تەۋرەپ ئېتىلىشقا ئىنتىلىۋاتاتتى. قاسىمباي ئاتىنىڭ چويۇن ئۈزەڭگىسىنى يېشىۋېلىپ تاسمىسىنى قولىغا يۆگەۋاتاتتى. شەھەرنىڭ يىگىرمە ـ ئوتتۇزدەك گاڭگۇك يىگىتلىرىمۇ پىچاقلىرىنى چىقىرىشىپ: «قېنى، يەنە بىر ئۇرۇپ بېقىشە! كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمىز» دېگەن ئەلپازدا ئۇلارغا يەرنىڭ تېگىدىن ھومىيىپ قاراپ، تاشلىنىشقا تەييار تۇرۇشاتتى. شۇ تاپتا ئەنجانبايغا ياكى ئۇنىڭ ئانىسىغا بىرەر قامچا سالىدىغان بولسىلا، ئۇ چاغدا ئىش تېخىمۇ يوغىنايتتى. ئۆزلىرى تاياق ـ توقماقنىڭ ئاستىدا قالاتتى. گۇناھكارلارنىمۇ قاچۇرۇپ قويۇشاتتى. دەل شۇ چاغدا ئاۋۇتاخۇن ئاتا كېلىپ قالدى ـ دە، ژاندارمىلار بىلەن دورغىلارنى ئالدى تەرەپكە ماڭدۇرۇۋەتتى. شۇندىلا ئەنجانباي باشقىلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشەلىدى. ئايىم تىللاخان ئاكىسىغا ئېسىلىپ يىغلىدى. خېلى ئۇزاققىچە ئۇنى قويۇپ بەرمەي ئېسەدەپ يىغلاپ ماڭدى.

قاسىمباي چىرايلىق، ياشلا ئىككى تورۇق ئاتنى يېتىلىۋالغانىدى. ئۇ ئەنجانباي بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. توختاشقا بولمايتتى، ياندىشىپ ماڭغاچ گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر مۇڭداشتى، ھال ـ ئەھۋال سوراشتى. باشقىلار بىلەنمۇ كۆرۈشتى. ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئارىسىدا ئىنىسى تاشكەنتباي كۆرۈنمەيتتى، ئەنجانباي دادىسىنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— دادا، تاشكەنتباي كېلەلمىگەن ئوخشايدۇ؟

باقاخۇن ئۇلۇغ - كىچىك تىندى:

— كېلەلمىدى، ئۆيدە بولسىغۇ كېلەتتى، يوق، — ئۇنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. ئەنجانباينىڭ كۆڭلى قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى.

— يوق، نەگە كەتتى؟

— ھەي ... بىچارە بالىنىڭ پېشانىسى تەتۈر ئىكەن. ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ قاپتۇ.

— ئەسكەرلىككە، قاچان؟ ھەي ئىستەي !

— تۆت ئايدەك بولدى. بىر كۈنى ئۇ «ئەنجانباي ئاكامنى سېغىنىپ قالدىم، يوقلاپ كېلەي» دېدى. «ۋاي بېرىپ كۆرۈشۈپ كەلسىلە بالام» دەپتىمىز. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى، ھەپتىمۇ ئۆتتى، ئۇ يېنىپ كەلمىدى. ئىزدەپ - سوراپ دېرىكىنى ئالالمىدۇق. ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ تىت - تىت بولۇپ يۈرسەك، بىر كۈنى تۇردى رەۋەندى بىزنى ئىزدەپ ئۆيىمىزگە كېلىپ قالدى. ئۇ «تاشكەنتباينى ئاتۇشتا كۆرۈپ قالدىم، ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ قاپتۇ» دەپ خەۋەر ئېلىپ كەپتۇ. جۇمەخۇن بىلەن ئابلىزخان «ئۇنى ئاجرىتىپ كېلىمىز» دەپ ئارقىسىدىن ئاتلىق قوغلاپ كېتىپ، ئۇنىڭغا ئاقسۇدا يېتىشىۋاپتۇ. لېكىن، ئۇنى ئاجرىتىۋېلىشنىڭ ئىلاجىنى قىلالماپتۇ، پەقەت بىردەملا مۇڭدىشالاپتۇ. تاشكەنتباينىڭ دېيىشىچە، ئۇ سىلى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن تۇرمىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بىرنەچچە ئادەم كېلىپلا ئۇنى باغلاپ يامۇلغا سولىۋاپتۇ. ئالتايغا ئېلىپ مېڭىپتۇمىش، قازاقلار بىلەن سوقۇش قىلىشقا ئاپىرىدىكەن. خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي ئۇ بىچارە بالىنى... ھەي ! ... قاچان ئاشنى ئاش، ناننى نان دەپ يېگۈدەك زامان بولار !

باقاخۇننىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئاق يەكتىكىنىڭ ياقىسىنى ھۆل قىلىۋەتتى. باشقىلارمۇ مىشىلدىشىپ يىغلاشماقتا ئىدى. بۇ شۇم خەۋەر ئەنجانباينىڭ

يۈرىكىنى ئېزىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ تاپتا ئۇ ئۆز قايغۇسىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ زېدە قىلغۇسى كەلمىدى. پەقەت «تاشكەنتىباي ياش، ئەقىللىق، چاققان، ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئېلىپ كېتەلەيدۇ. خۇدايىم بۇيرۇسا، ئۇزاققا قالمايلا يېنىپ كېلىدۇ» دەپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئازراق تەسەللى بېرەلىدى.

«گۇناھكارلار» خۇددى باغلاقتىكى قويلاردەك بىر ـ بىرىگە چېتىلغان ھالدا باغلىنىپ كوچىلاردىن ئۆتۈشكە باشلىغاندا، زامانىنىڭ زۇلمى، خورلۇقلىرىدىن جاق تويۇپ، يۈرەكلىرى لەختە ـ لەختە قان بولۇپ كەتكەن باغرى سۇنۇق قەشقەر خەلقى يولنىڭ ئىككى چېتىدە توپلىنىشىپ تۇرۇپ، ئۇلارنى يىغا ـ زار بىلەن ئۇزىتىپ قويۇشتى.

— خوش، خۇداغا ئامانەت!

— خۇدايىم مۇشكۇلۇڭلارنى ئاسان قىلغاي!

— خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!

جامائەت ئۇلارغا ئامانلىق تىلەپ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ دۇئا قىلىشتى.

ناۋايلار ساۋابلىق ئۈچۈن پەشخۇن ـ پەشخۇن نانلارنى ئۇلارنىڭ قوللىرىغا تۇتقۇزۇپ قويۇشاتتى. قويۇنلىرىغا تىقىشاتتى. دوغچىلار قاچا ـ قاچا دوغلارنى ئۇلارغا ئىچكۈزەتتى. باققاللارمۇ قاراپ تۇرمىدى، يەل ـ يېمىشلىرىنى ئۇلاردىن ئايىمىدى، ھەممىسىگە بولۇشىچە ئۇلەشتۇرۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار شەھەردىن چىقىپ بولغۇچە قويۇنلىرى نان ـ پان، يەل ـ يېمىشلەر بىلەن توشۇپ كەتتى.

ئۇلار يېڭىشەھەردىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك، ئېگىز سېپىللىرىمۇ كۆرۈنمەي قالدى. تەلۋىچۇك دەرياسىدىن ئۆتۈپلا سازلىققا يېقىن كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ئاتلىق، ئېشەكلىك، ھارۋىلىق بولۇپ بىرەر يۈزدەك ئادەم داپ ـ دۇمباق، راۋابلارنى چېلىشىپ، نەغمە ـ ناۋا بىلەن چىقىپ كەلدى.

چىرايلىق ياسىنىشلىرى، خۇشال كۈلكە ـ چاقچاقلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلار كۆڭۈللۈك بىر توي ـ مەرىكىدىن قايتقاندەك قىلاتتى. ئۇلار «گۇناھكارلار»نى كۆرۈپ ئاستا ـ ئاستا ئاستىلاپ توختاپ قېلىشتى. ئەنجانباي شۇنداق قاراپلا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوپاللىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەنجانباي بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى. يەنە بەزىلىرى يىراقتىنلا باشلىرىنى ئېگىپ سالاملاشتى. ئېلى قازىنىڭ ئوغلى ئەھمەت تۆت ـ بەشتەك لوكچەكلەرنىڭ ئارىسىدا خۇددى بەزنى مارىغان مۈشۈكتەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئۇنىڭغا گۆلىيىپ قاراپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا يۈزىنى گىجىم رومال بىلەن يېپىۋالغان بىر ئايال ئاتتىن لىككىدە چۈشتى ـ دە، ئۇدۇللا ئەنجانباينىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنى كۆرۈپلا ئەنجانباينىڭ يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى ـ دە، ئۆزىگە ئارانلا ئاڭلانغۇدەك پەس ئاۋازدا پىچىرلاپ سالدى:

— شۇ، شۇ، دەل ئۆزى، شۇ! ۋاي خۇدايىم، ئاھ! ئايشەمگۈل!

ئۇنىڭغىچە ئۇ ئايال يۈزىنى ئېچىۋەتتى ـ دە، ئۇنىڭغا ئېگىلىپ سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئايشەمگۈل خېنىم.

ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى تىترەپ چىقىشتى. بىر ـ بىرىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇپلا قېلىشتى. ئايشەمگۈل كەمزۇلىنىڭ يانچۇقىدىن ئەينەك، تارغاق يۆگىگەن ئاق مونچاقلىق، ئانارگۈلدەك قىپقىزىل ياغلىقنى چىقىرىپ ئەنجانباينىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن ئەھمەت چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ كېلىپ، ئايشەمگۈلگە ۋارقىرىدى:

— نومۇس قىلسىلا ئايشەمخان! ھايا قىلسىلا! خەلقئالەم ئالدىدا ئىزا!

ئايشەمگۈل غەزەپ بىلەن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ ۋاقىقىدە بىر قامچا سالدى ـ دە، ھۆكۈرەپ يىغلاپ

ئىسەدەپ تۇرۇپ ئۇنى تىللىدى:

— نومۇسسىز دىگەن سەن! مەن ياكى سىنىڭ نىكاھىڭغا ئۆتۈپ قالغان، سىنىڭ ئىلكىڭدىكى ئادەم بولمىسام، مىنى سىلكىشلەپ تارتقۇشلاشقا نىمە هەددىڭ؟! كۆزۈمنىڭ سەتى؟! مەن نىمىدىن نومۇس قىلاتتىم؟ ئۆزۈمنىڭ ئىرىدىنمۇ؟ قازىنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە بىر پارچە ئىپلاس تالاق خىتىز، مىنى ئەنجانبايدىن ئاجراشتۇرالامدۇ؟! قىنى قايسىمىزنىڭ رازىلىقىنى ئاپتۇ؟ مىنى تونۇمىغان ئۇنداق شەرىئەتنى مەنمۇ تونۇمايمەن!

قارىشىپ تۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى «ياپىرىم!» دەپ ياقىلىرىنى چىشلەشسە، يەنە بەزىلىرى هاڭ - تاڭ قىلىشىپ، ئاغزىلىرىنى كاماردەك ئىچىشىپلا قالدى. ئايشەمگۇل بۇلار بىلەن كارى بولمىدى، ئاتقا لىككىدە مىندى:

— خوش، ئەنجانباي ئاكا، خۇداغا ئامانەت! زامانىنىڭ زۇلمى غالىب كەلدى، مەن بىقوۋۇل بولۇپ قالدىم! — ئۇ شۇنداق دىدى - دە، ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈپ تۇرۇپ ئاتقا قامچا سالدى.

— خوش، خوش ئايشەمگۇل! ئامان بولسىلا! زۇلۇمنىڭ گۆرى كولىنىپ بولدى!

باش نازارەتچىنىڭ ئاچچىقى تىخىچە يانمىدى. پۇت - قوللىرىغا تىترەك ئولىشىپ، چىشلىرى غۇچۇرلايتتى. «يائاللا! بۇ بەترەڭلەرگە نىمە بولۇپ كەتكەندۇ؟! خۇددى قۇترىغان هەرىلەرگە ئوخشايدۇغۇ! شۇنداق بىرىگە تىگىپ سالدىڭمۇ، بولدى! شۇ هامانلا هەممىسى تەڭلا چۇۋۇلۇپ چىقىدۇ! ياپىرىم! خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن! بالدۇرقى چاغلاردا كوچىلاردىن يۈزلىگەن گۇناهكارلارنى هەيدەپ ماڭدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئىرىدا تۇرۇپ يىغلىشىپ، قاقشىشىپ قالاتتى، هەرگىز يىقىنلىشالمايتتى. ناۋادا يىقىنلىشىپ قالىدىغان بولسا هاي! دەپلا خۇماردىن چىققۇچە ئۇرسىمۇ هىچ كىشى غىدىڭ - پىدىڭ قىلالمايتتى. كۆڭۈل ئىچىش ئۈچۈن ئاتلارنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ مىڭىپ، كىشىلەرنى دەسسەپ - چەيلىۋەتسىمۇ،

ئاچچىقى كەلگەندە قامچىسىدىن قان تامغۇچە ئۇرسىمۇ، قولى قىچىشقاندا جامائەت سورۇنلىرىغا بۆسۈپ كىرىپ، بىرەرىنى ئۇرۇپ يېرىم جان قىلىپ قويسىمۇ ھېچقانداق سوئال - سورىقى بولمايتتى، ئۇلار پەقەت لېۋىنى چىشلىشىپ قالاتتى. چىرايلىق خوتۇن - قىزلارنى بۇلاپ ماڭسا، ۋارقىراپ - جارقىراپ يىغلاپ قالاتتى، خالاس! مەيلى نېمە قىلسا قىلسۇن، قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قەشقەر ئۆزىنىڭ ئىدى. خالىغاننى قىلالايتتى. ئەمدىچۇ؟ مانا ئەمدى يەنە شۇنداق قىلىپ باققىنا، ئانا - ماناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىدۇ! ھەي! ... مانا ئەمدى زامان ئوخشىماي قالدى! ھېلىقىدەك... «ھە» دېسىلا پىچىقىنى چىقىرىشىدۇ، توپلىشىپ كېلىپ ئۇرۇشىدۇ! مەن نېمە بولدۇم دەپ كۆزىنى ئېچىپ بولغۇچە، ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق! ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەي قالىدۇ! بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىن تاش - چالمىلار ۋىڭ - ۋىڭ ئۇچۇپ كېلىپ، كاللا - ماللىنى يارىدۇ! كۈپكۈندۈزدىمۇ يالغۇز تالاغا چىققىلى تېخى بولمايدۇ! بۈگۈنكىدەك بىر گۇناھكارنى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى بىر قامچا سالغانغا ھەممىسى تەڭلا تەۋرەپ قويىدىغان، دورغىلار، گۇناھكارلاردىن تاياق يەيدىغان تەتۈر ئىش قاچان بولغان؟! ھەي! ... بۇ ناھەقچىلىكنى! ... ھېلىقى بىرى بىزگە بولۇشۇپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلغاندەك قىلىۋىدى، يىگىرمە - ئوتتۇزدەك ئادەم تەۋرەپ كېلىپلا ئۇنى يالاقچى دەمدۇ، غالچا دەمدۇ، ئىشقىلىپ، بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ تىللاپ، باسماقداپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس - تاماس قالدىغۇ؟! قانداق زامانلار بولۇپ كەتتى - ھە بۇ؟! ئادەمنىڭ كاللىسىدىن پەقەتلا ئۆتمەيدۇ. ئەقلىمۇ يېتىشمەيدۇ! بالدۇرقىدەك خوش - خوجام دەيدىغان زامان نەگە كەتتى؟! ئاھ! شۇ كۈنلەر! ... ئىسىت! ئەجەب بولدى - دە!» باش نازارەتچى ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە يۇرتىدا بولغان بەزى ئىشلار ئۇنىڭ كۆڭلىدىن غىل - پاللا ئۆتۈپ قالدى - دە، يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ كەتتى، — ۋۇي شۇنداقمۇ

بولۇپ قالارمۇ؟ ! كومپارتىيە مۇشۇ يەرگىمۇ كېلىپ قالارمۇ؟ ! تووۋا، تووۋا ! بۇ جاھاننىڭ ۋاپاسىزلىقىنى ! بۇ ياۋايىلارنىڭ بالدۇرقىغا ئوخشىماي قېلىۋاتقانلىقى شۇلارنىڭ شامىلىنىڭ كاساپىتىدىن بولمىسۇن يەنە؟ شۇنداق بولىدىغان بولسىلا ئۆزىنىڭ تۇگەشكىنى شۇ ! خۇدايىم ساقلىسۇن، ئۇ ئاپەتلەرنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قېلىشقا نېسىپ قىلمىسۇن ! — ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ پوكۇلدىشىنىڭ سەۋەبى بارئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى پىڭلياڭدا[1] كومپارتىيىنىڭ بىر ئالاقىچىسىنى تۇتۇپ بېرىپ ئىنئام ئالغان. كېيىنچە خورىكى ئۆسۈپ، ھەددىدىن ئېشىپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان، قان قەرزگە بوغۇلغان، ئىنتىقامچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ پېيىگە چۈشكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ، يۇرتتا تۇرالماي قەشقەرگە كېلىپ يوشۇرۇنۇۋالغانىدى، — بولدىلا، زاك پۇلىنى يالغۇز مەنلا ئالامتىم، تۆپىمىزدە تەييارغا ھەييار بولۇپ شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇۋاتقانلار ئازمىدى ! كومپارتىيە كېلىپ بولغۇچە تەننىڭ ئىسسىقىدا جاننى ساقلايدىغان بىرەر جاي تېپىۋالغان تۈزۈك. جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى، جان ساقلىغۇدەك جاي بۇ يەردە بولمىسا، يەنە باشقا بىر يەردە بار. يىغىپ قويغان ئالتۇن ــ كۈمۈشلىرىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» پاھ ــ پاھ ! بۇ خەقلەرنىڭ تەمسىلىنىڭ خوپ جېنى بار ئىكەن جۇمۇ ! ئۇ شۇ خىياللار بىلەن كېتىۋاتقاندا، زۇنۇن ئەپەندى بىلەن قاسىمباي ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا يانداشتى.

* * *

ئۇلار ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ سالام قىلدى. ئاندىن قاسىمباي كۆك شايى بەلۋېغىدىن ئىككى قۇلاقلىق يامبۇنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى:

---

[1] پىڭلياڭ — گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى بىر تاغلىق رايوننىڭ نامى.

— ئۆزلىرىگە ئازراق بولسىمۇ يوللۇقمىز بار ئىدى. ئاز بولسىمۇ چاي پۇلى بولۇپ قالار، كۆڭلىمىز ئىكەن، ئىلتىپات قىلسىلا.

— قولىمىزنى ياندۇرمىسىلا.

باش نازارەتچى مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلدى:

— سەندە توكان بۇسا كوكىمايدۇ، ئۇمايدۇ. كوساكى ئاچ ئەمەيسى، پاڭشىلىڭ بوسا بولىدى. يەنە كانىداك ئىشى بوسا مەن كىلەدى.

ئۇ ئۇيغۇر تىلىغا خېلى چولتا بولسىمۇ، لېكىن دىققەت بىلەن ئاڭلىسا ھەرھالدا ئۇنىڭ غەرىزىنى تولۇق چۈشەنگىلى بولاتتى.

— بېگىم، — دېدى زۇنۇن ئەپەندى ئۇنىڭغا قاراپ، — ئۆزلىرىگە مالال كەلمىسە، ئاۋۇ ئادەمنى، — ئۇ قولى بىلەن ئەنجانباينى شەرەتلەپ كۆرسەتتى، — بوشىتىۋەتسىلە، ئاتقا مىنىۋالسا.

باش نازارەتچىنىڭ چىرايى ئۆزگۈرۈپ كەتتى. خاتا ئاڭلاپ قالدىمىكىن، نېمە؟ دېگەندەك ئۇلارغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

— ياك، ياك، ئۇنىداك كىسا بومايدۇ، بومايدۇ.

— بېگىم، ئىلتىپات قىلسىلا، ئۇ ئادەمگە بىز بۇرۇن بولىمىز، چاتاق يوق. بىز تونۇشمىساققۇ سىلىنى ھەرگىز خىجىل قىلمايتتۇق، ئاغىنىدارچىلىق يۈزىسىدىن لەۋزىمىزنى يەيدۇ، دەپ ئىشەنچ قىلىپ دەپ سالدۇق.

شۇ تاپتا نازارەتچى ئاغزىدا «ياق، ياق» دېسىمۇ، لېكىن ئىككى قۇلاقلىق ئىككى يامبۇ ئۇنى خېلى ئوبدانلا يۇمشاتقانىدى. جېنىنى ياقىغا ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇشۇنداق كۆمۈش پۇل لازىم بولاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە زۇنۇن ئەپەندى بىلەن خېلى باردى - كەلدىسى بار ئىدى. قاسىمبايمۇ زامانىنىڭ داڭدار بايۋەچچىلىرىدىن بولغانلىقتىن، ئۇنىمۇ ئوبدانلا تونۇيتتى. شۇڭا، ئۇ ئۇلارنى «لازىم بولىدىغان ئادەملەر» دەپ ئويلىدى - دە، ھىجىيىپ تۇرۇپ سورىدى:

— سەن، يەنە سەن، بۇ ئادەمۇ ئاگىنا؟

— شۇنداق، بىز جان دوست - ئاغىنىلەر.

— ئاكا - ئۇكىلاردىنمۇ يېقىن.

— سەندە ئاگىنا، يەنە سەندە ئاگىنا، هە، مەندە ئاگىنا بۇدۇ.

ئۇلارنى ئۇزىتىپ كەلگەنلەر شۇ يەردە توختاپ قېلىشتى، ئەنجانباي تورۇق ئاتقا ئاختا قويۇپلا مىنىۋالدى. بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن نازارەتچىگە ياندىشتى:

— بېگىم، ئاۋۇ قېرى توكۇر ئىكەن، ماڭالمايۋاتىدۇ. يولدىن قالىدىغان بولدۇق، ئىجازەت قىلسىلا، ئۇنى ئاتقا مىندۇرۇۋالسام.

باش نازارەتچى بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولدى.

ئۇلار شۇ هالدا پاپچان، يېڭىسار، سۆگەت، ئېگىزيەر، قىزىلتاغ، ئاقتالا، سېسىقتىكەن، چىلگۇمبەز قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ توققۇزىنچى كۈنى تويلۇبۇلۇڭغا ساق - سالامەت يېتىپ باردى.

شۇنىڭغىچە «گۇناهكارلار» ئەنجانباينىڭ ئېتىغا مىنىش باهانىسىدە باغلاقتىن نۆۋەت بىلەن بىردىن - بىردىن بوشىنىپ بولۇشتى. قايتا باغلانماي، ئاتقا پات - پات ئالمىشىپ مىنىپ ئازادە مېڭىشتى.

* * *

باش نازارەتچى جېنىنى ياقىغا ئېلىش ئۈچۈن تەييارلانمىسا بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ ئەتىسىلا شۇ يەردە قالىدىغان گۇندىپاي ئاۋۇت ئاتىغا قىرىق گۇناهكارنىڭ ئىسمى يېزىلغان بىر هۆججەتكە «ساق تاپشۇرۇۋالدىم» دەپ قولىنى قويدۇرۇۋالدى.

هە، بۇ يەردىكى ئىش پۈتتى. ئەمدى قايتىپ بېرىپ جېنىنى بىر ياقىغا ئېلىش ئۈچۈن، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى يىغىپ توپلاپ، بىر ئاخشامدىلا غىپپىدە تىكىۋەتسە بولىدۇ. كومپارتىيىنىڭ قاچان كېلىشىنى بىلگىلى بولمايدۇ، لېكىن،

ھامان كېلىدۇ ! بۇ يەردىن قانچە بالدۇر كەتسە شۇنچە ياخشى، كەينىگە سۇرۇش خەتەرلىك، كاللا كېتىدۇ، چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتسىلا بولدى. كومپارتىيە ئۇنى تۇتالمايدۇ.

لېكىن، ئۇ جېنىنى ياقىغا ئالالمىدى. يولدا سوغۇق سۇنى كۆپ ئىچىۋالغانلىقتىن، نەچچە كۈندىن بېرى ئىچى سۈرۈپ بولالماي قالدى. ئاتلىرىمۇ ھېرىپ ھالى قالمىغان، قامچىلاپ تۇرسىمۇ، ئاران چامدايدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئىلاجسىز ھالدا بۇ يەردە يەنە تۆت - بەش كۈن يېتىپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن، بۇ ئارام ئېلىشتىن ھېچقانداق خوۋلۇق بولمىدى. كومپارتىيە ئەتىلا كېلىپ ئۇنىڭ كانىيىنى بوغىدىغاندەك دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ، يۈرىكى پوكۇلداپ، دېمى سىقىلىپ زادىلا خاتىرجەم بولالمىدى. ئاخىر بولالماي تالاغا چىقتى. بۇ چاغدا كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغانىدى. تاغ تەرەپتىن قىيپاش چۈشكەن كۈننىڭ ئۆتكۈر نۇرى ئۇنىڭ كۆزىنى چېقىپ ئاچۇرمىدى. ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ بىرھازاغىچە تۇرۇپ قالدى. كۆزى تالاغا كۆنگەندىن كېيىن ئەتراپىغا قاراپ بىر قىرغىز بوۋايغا كۆزى چۈشتى. بۇ بوۋاي تونۇگۈندىن بېرى مۇشۇ ئەتراپلاردا تىمىسقىلاپ بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ ئاستا مېڭىپ بوۋاينىڭ قېشىغا كەلدى. «گېپىمگە جاۋاب بېرەلەمدۇ، قانداق؟» دېگەندەك قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر قۇر قاراپ چىقتى. ئاندىن تېخىمۇ يېقىنراق كېلىپ، ئۇنىڭدىن مۇشۇ چوڭ يولدىن باشقا شەھەرگە بارغىلى بولىدىغان يەنىمۇ يېقىنراق يولنىڭ بار - يوقلۇقىنى سورىدى. بوۋاي گەدىنىنى قاشلىۋېتىپ ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى. كۆزلىرى مىتىلداپ يۇمۇلۇپ - ئېچىلىپ بىرھازا تۇرۇپ قالدى. كۆزلىرى ئېچىلغاندا پارقىراپ، ئۇنىڭ قاپقارا كۆز قارىچۇقلىرىدىن چاقناپ چىققان نۇرلار نازارەتچىنىڭ يۈرىكىگە غاچچىدە سانجىلغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى - دە، ئۇنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ تۇرۇپلا قالدى. بوۋاي بىرھازادىن كېيىن ھاسىسى بىلەن كۈنپېتىش تەرەپتىكى تاغنى كۆرسەتتى.

نازارەتچى ئۇ كۆرسەتكەن تاغ تەرەپكە قارىۋېتىپ، بوۋاينىڭ چولاق قۇلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. تۆۋەن تەرەپكە قىيپاش ھالدا ئېقىپ چۈشكەندەك ساڭگىلاپ قالغان بۇ قۇلاق قارىداپ خۇددى قارا قازان دانچىلىرىنى چاپلاپ قويغاندەكلا، قاپقارا مۇدۇر — چوقۇر بولۇپ كەتكەنىدى.

— بولۇشىغۇ بار، — دېدى بوۋاي كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ تۇرۇپ، — ئەنە ئاۋۇ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە، سۆگەتلىك يول دەيمىز، لېكىن تار. ئېگىز — پەس، چىغىر يول بار. بىزغۇ ئۇ يول بىلەن ئۈچ كۈندىلا شەھەرگە يېتىپ بارالايمىز. ئەمما، ئەممازە، بېگىمنىڭ ئاتلىرى قانداق قىلاركىن، ماڭالامسىكىن؟ تاغقا كۆنمىگەن ئاتلار — دە.

— سەندە ئات ماڭىدۇ، مەندە ئات ماڭالمايدۇ؟ كاپاكى باشى !

بوۋاي كۈلدى. ئۇ كۈلگەندە كۆزلىرى قىسىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزى قىسىلغان چاغدا، دەل يەنە ھېلىقى نۇر چاقناپ كەتكەندەك بولدى. نازارەتچى يەنە شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ بوۋاينى تونۇغاندەك، ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر ئەزاسى ئۆزىگە تونۇشتەك بىلىندى. لېكىن، ئەسلىگۈسى كەلمىدى: «ۋاي بولدىلا، جاھاندا بۇنداق ئادەملەر ئازمىدى؟ بۇنداق رەزگىللەرنى ئەسلەپ ئولتۇرۇشقا كىمنىڭ چولىسى، دۆتلۈكۈمنى !» لېكىن، بۇ «قېرى رەزگى» كۆرسەتكەن ھېلىقى سۆگەتلىك چىغىر يول ئۇنى قىزىقتۇرۇپ قويدى. باشقىلاردىنمۇ سۈرۈشتە قىلىپ كۆرگەنىدى، راست شۇنداق بىر يولنىڭ بارلىقىنى، لېكىن ئاتلارنىڭ ياندىشىپ ماڭالمايدىغانلىقىنى، بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى تىزىلىپ ماڭسا، ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلىشتى. كېچىسى ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى. يەنە ھېلىقى بوۋاي كۆزىگە كىرىۋالدى: «ئۇنى كۆرگەندەك قىلىمەن، شۇنداق، مەن ئۇنى كۆرگەن. قەيەردە كۆرگەن بولغىيدىم؟ ھەي ! ... مەيلى، كارىم نېمە؟»

ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە تۆت ژاندارما ئەسكەر بىلەن ئىككى

دورغىنى ئەگەشتۇرۇپ يولغا چىقتى. ئۇلار يايلاقلاردىن ئۆتكەندە يول خېلى كەڭرى ئىدى، ئاتلارمۇ ياندىشىپ ماڭالايتتى، بىر – بىرىدىن يول تالىشىپ سوكۇلدايتتى، لېكىن يول يۇقىرى ئۆرلەپ، داۋاننىڭ ئۇستىگە كۆتۈرۈلگەنسېرى تارىيىپ كەتتى. ئاتلارمۇ بىر – بىرىنىڭ كەينىدىن، تىزىلىپ يورغىلاپ مېڭىشقا مەجبۇر بولۇشتى.

باش نازارەتچى ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇ يەنە ھېلىقى بوۋاينى ئەسلەپ قالدى: «بۇ قېرىنى قەيەردە كۆرگەن بولغىيدىم؟ شۇنداق، كۆرگەن، كۆرگەندىمۇ ئۇنداق – مۇنداق ئەمەس، ئادەمنىڭ خېلى ئېسىدە قالغۇدەك ئەپچىل كۆرۈشكەن ! بولمىسا، بۇ قېرى نېمىشقا مېنىڭ كاللامدىن زادى نېرى كەتمەيدۇ؟ ! بۇ زادى نېمە ئىش؟»

چۇشكە يېقىن ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدە شالاڭ سۆگەتلىك كۆرۈندى. قاقاس تاغقا ئاجايىپ ھۆسن قوشۇپ تۇرغان بۇ تۈت تۇپلا تاغ سۆگىتىنىڭ مۇشۇ قاتتىق تاشلىق قاپتالدا ئۆسۈپ، ياشىرىپ تۇرالىغانلىقىدىن ئۇلار ھەيران قالدى. نازارەتچىنىڭ خىيالى يەنىلا ھېلىقى بوۋايدىلا قالدى. «بۇ قېرى شەھەرلىكتەكقۇ ئەمەس. مېنىڭمۇ بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كېلىشىم، قەيەردە كۆرگەن بولغىيدىم، بۇ زادى كىم؟» سۆگەتلىكتىن ئۆتكەندە يول تېخىمۇ تارىيىپ، مېڭىش تېخىمۇ قىيىنلاشتى. سول تەرىپى ھەر يوغان قورام تاشلىق تىك تاغ، ئوڭ تەرىپى يانتۇلۇق قىيا، قارىسا ئادەمنىڭ بېشى قېيىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كېتىدىغان، تېگى كۆرۈنمەيدىغان چوڭقۇر جىلغا !

«ۋاي خۇدايىم !» باش نازارەتچىنى قورقۇنچتا چىلىق – چىلىق سوغۇق تەر باستى. ئۇ ئىچىدە: «مۇشۇنداق خەتەرلىك يولغا سېلىپ قويۇپتۇ !» دەپ بوۋاينى تازا تىللىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىكىلەرنىڭ ھالىمۇ شۇ تاپتا ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى، ئۇلارنىڭمۇ قورقۇنچتا كۆزلىرى چەكچىيىپلا كەتكەنىدى. ئۇلارمۇ

ئىچىدە «بىزنى يامان يولغا باشلىدى» دەپ باشلىقىدىن خاپا بولۇشماقتا ئىدى. شۇ تاپتا ناۋادا ئاتلار ئۆلۈك تەرەپكە سەل - پەللا مۇدۇرۇپ كېتىدىغانلا بولسا، خۇدايىم ئۆزى ساقلىسۇن، ئۇ چاغدا ئاللا كارامەت! ئات - يات بىلەنلا جىلغىغا دومىلاپ چۈشۈپ كېتىشى تۇرغانلا ئىش! ئاتلار پۇشقۇرۇشۇپ ئاستا - ئاستا ئىلگىرىلەۋاتاتتى. نازارەتچى تۇيۇقسىزلا تىزگىنىنى تارتتى، ئات تاپ توختىدى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ۋارقىرىدى:

— تاپتىم، تاپتىم! شۇ، شۇ! دەل ئۆزى شۇ! ھېلىقى قاچقۇن!

شۇئان تاغلار ئارىسىدا ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنىڭ ئەكس ساداسى ياڭرىدى.

ئۇنىڭ كەينىدىكى ئادەملەر چۆچۈشۈپ، داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قېلىشتى.

نازارەتچى ئاتنى كەينىگە ياندۇرماقچىدى، لېكىن بۇ بىر گەز كەڭلىكتىكى تار يولدا ئات قانداقمۇ كەينىگە ئايلىنالىسۇن؟! ئات ئايلىنالمىسا كەينىگىمۇ يانالمايدۇ - دە، «مەيلى» دەپ تەۋەككۈل قىلىپ ئاتنى كەينىگە ياندۇراي دېسە، جىلغىغا موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كېتىشتىن قورقتى. «ۋاي بولدىلا!» دەپ ئۆزىگە ھاي بەردى. ئۇتالىسىغۇ تېخى ياخشى، ناۋادا ئۇنى يەنە تۇتالماي قالسا، ۋاقىت زايە بولۇپ كېتىدۇ. نەچچە كۈن قۇرۇق ئاۋارە بولىدۇ! جاننى ياقىغا ئالىدىغان ۋاقىت كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىدۇ. مەيلى كىم تۇتسا تۇتامدۇ، ئۇنىڭ نېمە كارى!

بۇ بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرىكى ئىش ئىدى. بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇنىڭ قېشىغا تولا قېچىپ، تولا تۇتۇلغان، ھەر تۇتۇلغاندا ئۆلگۈچە تاياق يەيدىغان، بۇ قېتىممۇ قېچىپ كېتىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە تۇتۇلۇپ قالغان بىر قىرغىزنى سۆرەپ ئەكىرىشتى. شۇ چاغدا ئادەتتىكى يايلىق مەنسىپىدىكى بۇ خۇنخور «گەپ ئاڭلىمىغان قۇلنىڭ شۇمۇ؟!» دەپ ئۇنىڭ قۇلىقىنى تولغاپ تۇتۇپ شارتتىدە كېسىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ يۈك چاپىنى بىردەمدىلا قىپقىزىل قانغا بويالدى، ئۆزىمۇ

هوشسىزلىنىپ يىقىلدى. كېيىن ئۇ يەنە قاچتى، لېكىن زادىلا تۇتۇق بەرمىدى.

باش نازارەتچى شۇ ئىشلارنى ئەسلەپ هۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ كەتتى:

— پاھ - پاھ! شۇ چاغدا ئەجەب بەلەن قىپتىكەنمەن. ها - ها - هاها!... شۇغىنىسى يەنە بىر قۇلىقىنىمۇ قوشۇپ كېسىپ تاشلىغان بولسام بوپتىكەن. هەي، خەپ - خەپ! ئۆزۈمدىن ئۆتتى - دە، بولمىسا...

دەل شۇ چاغدا تاغنىڭ ئۇستى جالدۇر - جۇلدۇر، جاققۇڭ - جۇققۇڭ بولۇپ كەتتى. ئۇ چۆچۈپ كېتىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغانىدى، قاپتىن يوغان ساپسېرىق بىر تۇلۇمچاشقان تاشتىن تاشقا دىك - دىك سەكرەپ، خۇددى قوڭغۇراقلىق ئات بەيگىگە چۈشكەندەك جالدۇرۇڭ - جۇلدۇرۇڭ ئاۋاز چىقىرىپ، دەل ئۆزىگە قاراپ چۈشۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. قورقۇپ كەتكەن نازارەتچى ئۆزىنى ئاتتىن تاشلاپ بولغۇچە، هېلىقى تۇلۇمچاشقان دەل ئاتنىڭ سول يېنىغىلا چۈشتى - دە، خۇددى توپتەك قاڭقىپ ئۆرلەپ جالدىرلاشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن قورقۇپ، ئۈركۈپ كەتكەن ئات مۇدۇرۇپ كەتتى - دە، ئۆزىنى توختىتىۋالالماي جىلغىغا چۈشۈپ كەتتى. باشقا ئاتلار ئۈركۈپ ئارقىسىغا يانماقچى بولغاندا ئوخشاشلا جىلغىغا چۈشۈپ كەتتى.

ئاتلاردىن ئۆزىنى تاشلاپ جېنى ئامان قالغان ئىككى ژاندارما، بىر دورغا شۇ كۈنى نامازشام ۋاقتىدا جىلغا ئىچىدىن بويىنى سۇنۇپ كاللىسى مىجىلغان باش نازارەتچىنىڭ جەسىتىنى، قورام تاشلار ئارىسىغا كەپلىشىپ قېلىپ يېرىم جان بولۇپ قالغان ئىككى ژاندارما ئەسكەر بىلەن بىر دورغىنى تېپىشتى. باش نازارەتچىنىڭ جەسىتىدىن ئون - ئون بەش قەدەم نېرىدا هېلىقى توپتەك چوڭ يەل بېرىلگەن، چوڭ - كىچىك بولۇپ يىگىرمە - ئوتتۇزدەك قوڭغۇراق ئېسىلغان تۇلۇم هېلىمۇ ئۇلارنى قورقۇتۇپ، يەنە هازىرلا توپتەك ئۆرلەپ قاڭقىپ كېلىپلا

ئۆزلىرىنى ئورۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغاندەكلا ھەيۋەتلىك داردىيىپ تۇراتتى.

*  *  *

ئەنجانباي «تويلۇبۇلۇڭ» دەپ نامىنى ئاڭلىغان بۇ جاي قاقاس، تاقىر باش تاغ باغرىدىكى تاغ قويۇنلىرىغا جايلاشقان چەللىسى چوڭقۇر، تاملىرىنىڭ تۈزۈك تايىنى يوق، ئاران ئالتە - يەتتە ئۆيلۈك كىچىككىنىلا بىر مەھەللە ئىدى.

تاغ باغرىدىكى كەڭرى جىلغىدا قىشمۇياز توختىماي سۇ ئېقىپ تۇراتتى. سۇنىڭ شارقىراشلىرى خېلى يەرلەرگىچە ئاڭلىناتتى. جىلغا بويىدىكى ياپيېشىل چۆپلۈكتە كالا، قوتاز، قوي پادىلىرى، تۆگىلەر ئوتلاپ يۈرەتتى. ئاندا - ساندا كۆزگە چېلىقىدىغان شالاڭ ئۆسكەن سۆگەت، تېرەكلەر قويۇق جىغان، يۇلغۇنلار ئارىسىدا خۇددى مۇشۇ زېمىننىڭ يەلپۈگۈچلىرىدەك غۇر - غۇر شامالدا لەرزان ئىرغاڭلايتتى. تاشقورغان يولىنىڭ بويىدىكى ھەيۋەتلىك گۇمبەزنىڭ ئەتراپىدا بىر - بىرىگە ياندىشقان تاشلاندۇق قەبرىلەر زاك كېنىدا يۈز بەرگەن پاجىئەلەرنىڭ شاھىتلىرى سۈپىتىدە مىسكىن يېتىشاتتى.

گۇناھكارلار ياتىدىغان گەمىلەر جىلغا بويىدا ئىدى، يەردىن بىر گەز كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئىشىكلىرى گەمىلەرنىڭ ئىشىكلىرىگە ئۇدۇل قارىتىپ سېلىنغان تۆت ئېغىز ئۆي يايىلار بىلەن دورغىلار ئۈچۈن جابدۇلغانىدى. گەمىلەردىن يىگىرمە قەدەمچە نېرىدىكى چوڭ گەمە ئاشخانا ئىدى. ئاشخانا بىرلا بولغان بىلەن، قازانلىرى باشقا - باشقا ئىدى. ئاشخانىنىڭ بىرىدىكى كىچىك قازاندا يايى - دورغىلار ئۈچۈن پولۇ دۈملىنىپ گۆش قاينىسا، نېرىسىدىكى چوڭ قازاندا گۇناھكارلار ئۈچۈن چامغۇر بىلەن كور - كور ئوماچ قاينايتتى.

گەمىلەرنىڭ سۈپىلىرىنى ئوڭلاپ، ئاشخانىنىڭ ئوچاقلىرىنى

سىلىپ بولغۇچە ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى. «ھە، ئەمدى بولدى، زاك كولاشقا چۈشسەك بولىدۇ» دېگەن كۈنىلا ئاۋۇت ئاتا ئەنجانباي بىلەن كۆرۈشتى:

— ئىنىم، — دېدى ئۇ كۆتمەك ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، — مەن بىر ئىشتىن بەك ئەنسىرەۋاتىمەن. ئاۋۇ گۇمبەزنىڭ قېشىدىكى قەبرىلەرنى كۆردىلە، ئۇ قەبرىلەرگە مۇشۇ يەردە زاك كولاشتا ئۆلۈپ كەتكەنلەر كۆمۈلگەن. ئىلگىرى بۇ يەرگە زاك كولاشتا نۇرغۇن گۇناھكارلارنى ئەكېلىشەتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسى قايتىپ كېتەلمىگەن، ھەر - ھەر گۇسمەستەك قاۋۇل ئادەملەر مۇشۇ يەردە جېنىدىن جۇدا بولغان، سۇرۇشتۇرۇپ ئۇقۇشۇمچە، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ جېنىغا تاغدىن دومىلاپ چۈشكەن تاشلار زامىن بولغان، يەنە بىر قىسمىلىرىنى كان بېسىۋالغان. بۇ ئىشلارنىغۇ ھە - پە دەپ تۈگەتكىلى بولار، لېكىنزە ھەممىدىن يامىنى ئاغرىق - سىلاق، مۇشۇ ئاغرىق - سىلاقتىن ئۆلۈپ كەتكەنلەر جىق. ئۇلار ئاسانلا ئىچىدىن يادىپ ئاجىزلايدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى خۇدادىن كەلگەن ئەجەل. ئەجەل شۇنداق، شۇنداق بولسىمۇ دەللىك گەپنى قىلساق، قورساقنىڭ ساپاسى يوق، ئىش ئېغىر. ئويلاپ باقسىلا، دوپپىمىزنى ئالدىمىزغا قويۇپ كۆڭلىمىزنى ئوچۇق - يورۇق تۇتۇپ ئويلاپ باقايلى. نېمىشقا بۇ يەرگە كەلگەن يايى - دورغىلار سەمرىپ تىقىلىپ كېتىدۇ، بىرىمۇ ئۆلمەيدۇ، ئەممازە، بىچارە گۇناھكارلار ۋابا تەگكەندەكلا قىرىلىپ كېتىدۇ؟ ئۇنى دەيمىز، بۇنى دەيمىز، بۇنىڭ جان تومۇرى قورساق ! ھەي، ئادەم ئىكەنمىز، ئادەملەرنىڭ ئاشۇنداق نابۇت بولۇشىغا چىداپ تۇرالمايدىكەنمىز، ئىچىمىز ئاغرىيدىكەن. تەمىناتنىغۇ يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلاردىن يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بولغان، ئۇلارغا شۇنداق ئۇقتۇرۇلغان، ھەي ! شۇ كور - كور سۇيۇق - سەلەك ئۇماچ، قاتتىق - قۇرۇق نانلار بىلەن مۇشۇ تاغ ئارىسىدا قانداق جان ساقلىغىلى بولىدۇ دەيدىلا؟

ئەنجانباي گاڭگىرىغاندەك ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى:

— سىلىچە...

— مېنىڭچە، — دېدى ئاۋۇت ئاتا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ كەسكىن هالدا، — خېيىمخەتەرنىڭ ئالدىنى ئالايلى، قورساقنى ئەستەرلەشنىڭ يولىنى قىلايلى. قىرىق ئادەم ساق - سالامەت كەلدۇق، يەنە ساق - سالامەت قايتايلى، بۇ ئىشلارنى كۆڭلۈمدە هوناپ باقتىم، سىلىنى هۆددىسىدىن چىقالايدۇ دەپ ئىشەنچ قىلدىم. ئۆزلىرى قانداق قارايدىلىكىن؟

ئەنجانباي سارغۇچ، ئۆسكىلەڭ بۇرۇتىنى سىلاپ بىردەم ئولتۇرۇپ كەتتى - دە، بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، — بولىدۇ، بۇ ئىشنىڭ هۆددىسىدىن مەن چىقاي! ئىشەنگەنلىرىگە رەهمەت. لېكىنزە قۇرۇق قول بىلەن قانداق بولاركىن؟ — دېدى.

— بولدى، بولدى. دېمىسىمۇ شۇنداق، قۇرۇق قول بىلەن بىرنېمىنى قىلىش تەس. يولىنى مەن قىلاي.

* * *

ئاۋۇت ئاتا ئەنجانباي بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ، هېزىم يايىنىڭ قېشىغا باردى. ئۇ يېپىشى قىرىقتىن هالقىغان، گەۋدىلىك، قارا ساقال، تەمبەل، مىجەزى چۇس ئادەم ئىدى. ئاۋۇت ئاتا بايا ئەنجانبايغا دېگەن ئەندىشىلىرىنى ئۇنىڭغىمۇ دېدى. ئۇمۇ ئاڭلاپ قوشۇمىسىنى تۇرۇپ بىرهازاغىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

— مېنىڭچە، — دېدى ئاۋۇت ئاتا تاغ تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئاڭلىشىمچە، مۇشۇ ئەتراپلاردا ئوۋلىغىلى بولىدىغان جان - جانىۋار خېلى بارمىش، ئوۋلاپ...

— هى - هى، هىھ - هىھ، — هېزىم يايى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — شورپا سالساق، گۆش - ياغ چاينىساق دېمەكچى ئىكەنلا - دە، بەللى - بەللى، ئاۋۇتاخۇن، بەلەن گەپ ئىكەن. بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ شۇ تاپتا ئاغزىمغا سېرىق سۇ يىغىلىپ

كەتتى. بولسا شۇنداق قىلساق بولاتتى. لېكىن، تەقسىر، ئۇ گۇناھكارلارنى دەپ مېنىڭ تاغدا ئۆمىلەپ يۈرۈشكە چولام يوق، ھەم!

ئۇ سوغۇققىنا كۈلۈپ دىمىغىدا خىڭىلداپ تەتۈر قارىۋالدى.

— ئۇ تەرەپلىرىدىن خاتىرجەم بولسىلا، جانابلىرىنى ھەرگىز مالال قىلمايمىز، — دېدى ئاۋۇت ئاتا تەمكىنلىك بىلەن، — ئۇ ئىشقا ئەنجانبايىنى سالاي دەيمەن، داڭلىق مەرگەنمىش، مىلتىقلا بەرسەك...

— ئاشۇ گۇناھكارغا مىلتىقنى تۇتقۇزۇپ قويامدۇق؟! ياپىرىم، — ھېزىم يايى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھېلى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىپ كەتكەنىدى، — ئاڭلىمىغان گەپنى قىلدىلا. خۇدايىم ساقلىسۇن! سىلىنىڭغۇ ئالدى - ئارقىلىرىدا يوق، تەنھا ئادەم. ئەمما مېنىڭ بەش بالام بېتىم قالسا، ئۇلارغا ئۇۋال بولىدۇ. ناۋادا بەك بەرگۈلىرى كەلسە، ئۆزلىرىنىڭ تاپانچىسىنى بەرسىلە، ئۇنىڭغا مېنىڭ چىشىم پاتمايدۇ. ئەمما، يايىلارنىڭ مىلتىقلىرىنى گۇناھكارغا تۇتقۇزۇشقا مېنىڭ بېشىم كۆتۈرمەيدۇ، سىلى مۇشۇ يەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل، مەن گۇناھكارلارنى قاچۇرۇپ قويماسلىققا مەسئۇل. ئۇنداق يۈزى سۆرۈن بولىدىغان ئىشقا مەن ماقۇل بولمايمەن.

ئۇ شۇنداق دەپلا دوكۇلداپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. لېكىن، ئاۋۇت ئاتىمۇ بوش كەلمىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرۈپ، ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئاخىر ئۇنى ماقۇل قىلدى.

ئەتىسى ئەنجانباي بىر مىلتىق بىلەن پەقەت ئىككى تاللا ئوقنى ئېلىپ ئوۋغا ماڭدى. ئۇنىڭغا بىر يايى بىلەن بىر دورغا ئەگىشىۋالدى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئۇنى بېقىپ چىققانلار ئىدى. شۇڭا، يايى كۆزلىرىنى تەرىتى قىستىغان مۈشۈكنىڭ كۆزىدەك پارقىرىتىپ ئۇنىڭغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئەنجانبايىنىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولمىدى، جىلغىنى بويلاپ يۈرۈپ

كەتتى. يۇلغۇن، جىغانلارنى ئارىلىدى، نەچچە داۋانلاردىن ئاشتى، غىلاڭ تاشلىق كەڭرى سايلىقلاردىن ئۆتتى. كەكلىك، قىرغاۋۇللاردىن باشقا چوڭراق بىرنېمە ئۇچرىمىدى. نېمە قىلىدۇ ئوق زايە قىلىپ، ئىككى تال ئوق بىلەن ئاران ئىككى كەكلىك ئاتقىلى بولىدۇ، ئىككى كەكلىك قانچىلىك نېمە ئىدى؟ يايلارنىڭ چىشىنىڭ كاۋىكىدىلا قالىدۇ. بىچارە «گۇناھكار» قېرىنداشلىرى لېۋىنى يالىماقتىن باشقا چارە يوق.

ئۇ توختىماي ئىلگىرىلەۋەردى سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇرسىمۇ، پۇتلىرى قاپىرىپ ھېرىپ ـ تالسىمۇ بىردەم ئارام ئالمىدى. ھېلىقى ئىككىسىمۇ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ سۆرىلىپ ئۇنىڭدىن كېيىن قالماي پايپاسلاپ كەلمەكتە ئىدى. كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا ئۇلار جىلغىنىڭ بويلىرىدا ئولتۇرۇپ نانلىرىنى يېيىشتى، جىلغا سۈيىنى ئوچۇملاپ ئىچىشتى. بىر دۆڭگە چىقىپ يىراقلارغا سىنچىلاپ قارىغاچ ئارام ئالدى. بىرھازادىن كېيىن ئەنجانباينىڭ كۆزى تۇيۇقسىزلا تاغ باغرىلاپ جىلغا تەرەپكە كېلىۋاتقان كېيىكلەرگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ ھېلىقى ئىككىسىگە جىم يېتىشنى، بېشىنى كۆتۈرمەسلىكنى تاپىلىدى ـ دە، دۆڭنىڭ يانباغرىنى بويلاپ، خۇددى مۈشۈكتەك مەيدىسىنى يەرگە يېقىپ ئۆمىلەپ ماڭدى. ئۇ بىر تاشنىڭ كەينىگە ئۆتتى. كېيىكلەر تۆت ئىدى، بىر ـ بىرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ قاتارلىشىپ جىلغا تەرەپكە كەلمەكتە ئىدى. ئەنجانباي «بىسمىللا» دەپ ئالدىدىكى ئىككى كېيىكنى قارىغا ئالدى. ئارىلىق يۈز قەدەمچە قالغاندا ئۆزىنى توختىتىپ تۇرۇپ تەپكىنى بېسىۋەتتى. گۈم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ خۇددى تاغۇتاشلار تەۋرەپ كەتكەندەك قاتتىق ئەكس سادا ياڭراپ كەتتى، سادا چىقىپ بولغۇچە ھېلىقى كېيىكمۇ تىك موللاق چۈشۈپ يىلتىڭلاشقا باشلىدى. قالغان كېيىكلەر چۆچۈپ تۇرۇپ قېلىشتىيۇ، يەنە شۇ زامانلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بەدەر قېچىشتى. ئۇنىڭغىچە ئەنجانباي يەنە بىرىنى قارىغا ئالدى ـ دە، ئۇنىمۇ تىك

موللاق چۈشۈردى.

كۈن ئولتۇراي دەپ قالغاندا ئۇلار ئىككى كېپىكنى كۆتۈرۈشۈپ يېنىپ كېلىشتى. خۇشاللىقتا ئاۋۇت ئاتىنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. ھېزىم يايىمۇ خېلى يۇمشاپ قالغاندەك قىلاتتى، ئۇ ئەنجانبايغا سەل ئېگىلىپ سالام قىلىپ قويدى ـ دە، كېپىكلەرگە قاراپ «پاھ، پاھ! ئوقلارنىڭ جايىغا تەگكىنىنى، ھەر ئىككىسىنىڭ دەل بېشىغىلا ـ ھە!» دەپ ماختاپمۇ قويدى.

* * *

تاغ قاپتاللىرى توغرا كەلگەنلا يەرلەردىن «ئەندىمۇ يوق، گەزدىمۇ يوق» كولىنىپ كەتكەنىدى. بەزىلىرى قۇدۇقتەك تىك، بەزىلىرى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردەك ئۈستى ئوچۇق، يانتۇ، يەنە بەزىلىرى لەخمىدەك ئويۇلۇپ خۇددى سېرىققۇيرۇق تەشكەن تۆشۈكلەردەك ئەگرى ـ بۈگرى، ئېگىز ـ پەس، ئىشقىلىپ، قەيەرنىڭ توپىسى قىزغۇچ ياكى كۆل رەڭ بولسىلا، «ھە بولدى، مانا مۇشۇ يەردىن زاك چىقىدۇ» دەپ قىياس قىلىپلا بۇ يەردىن كولاپ كىرىپ، ئۇ يەردىن تېشىپ چىقىرىۋەتكەنىدى. توپىلار تاغدەك ئېگىز دۆۋىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، كارى بولماي، بېسىۋالارمۇ دېمەي، يېنىدىلا يەنە قۇدۇقلار كولىنىپ كەتكەنىدى.

ئەنجانباي بۇنداق جان بىلەن ئوينىشىدىغان يەردە مەھبۇسلارنى ئىشلىتىشكە ئۈنىمىدى. ئۇ ئىككى قەدەمنى بىر چامداپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، «پاينەكۋاش» قاقاس تاغ چوققىلىرىنى، ئالتاغىل قاپتاللىرىنى، يانباغىرلىرىنى ئارىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تاغ تەۋەسى قىزىپ كەتتى. تاشلار، داشقاللار توپىلارنى توزۇتۇپ، پەسكە گۈلدۈرلەپ دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئىككى كۈنگىچە تاش، داشگاللارنىڭ جاق ـ جۇق، تاق ـ تۇق ئۇرۇلغان سادالىرى تاغلارنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ چاڭ چىقىرىۋەتتى. تاغ ئۈستىدىكى تاش، داشگاللار تازىلىنىپ

بولـۇنغـانـدىـن كـېـيـىـن، دۈۋە ـ دۈۋە تـوپـىـلـىـرىـمـۇ پـەسـكـە سىيرىلدۇرۇپ تۇگىتىلدى.

ــــ ئاغىنىلەر، ــــ دېدى ئەنجانىباي ئۆسكىلەڭ، سارغۇچ بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ، ــــ بىزگە جان لازىم، جانلا بولىدىكەن، بەلنى چىڭ باغلاپ ئوغۇل بالىدەك ئىشلىسەكلا ھەممىنى قىلىپ تۇگىتەلەيمىز. خۇدادىن ئۆمرىمىزنى تىلەيلى، ئۇزاقراق ئۆمۈر كۆرەيلى، شۇڭىا زاكىنى چاشقان تۆشۈكىدەك ئۆڭكۈر كولاپ ئالمايلى، جان بىلەن ئويناشمايلى، ئېرىق ـ ئۆستەڭ چاپقاندەك ئۇستىدىن كولاپ ئالايلى. خۇدايىم مۇشكۇلىمىزنى ئاسان قىلغاي. كاللىمىز سەگەك، كۆزىمىز روشەن، قولىمىز ئوچۇق، پۇت ـ قولىمىز چاققان، دىلىمىز يورۇق، كۆڭلىمىز خۇدادا بولسۇن. بولمىسا... بولمىسا ئۇ چاغدا، ــــ ئۇ بۇرۇلۇپلا گۇمبەز تەرەپكە تىكىلدى ـ دە، تۇرۇپلا قالدى: «ئىم، ئاپلا، ئاغزىمدىن كۇپۇرلۇق چىقىپ كەتكىلى تاس ـ تاماس قالدىغۇ؟ تىلىم قۇرۇسۇن. تووۋا قىلدىم! تووۋا! شۇم خىيال، يامان نىيەت، يامان ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىغايسەن، تووۋا!» ئۇ ياقىسىنى تۇتۇپ لېۋىنى چىشلەپ جىممىدە تۇرۇپ قالدى. شەكسىزكى، ئۇنىڭ قەبرىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ جىم بولۇپ قېلىشى ھوشيار بولمىساق، بىزمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش ئۆلۈپ كېتىمىز، دېمەكچى ئىكەنلىكى ئايان ئىدى. لېكىن... ئۇ، ئۇنداق دېمىدى. ياق، ئۇنداق دېمەيتتى! دېيەلمەيتتى!... ئۇنىڭچە بولغاندا، ئاشۇنداق قامالاشمىغان گەپلەر بىلەن ئۆلارغا ئوخشاش كۆڭلى سۇنۇق، قىسمەت دوزىخىدا گۇناھسىز كۆيۈۋاتقان باشپاناھسىز بىچارىلەرنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىش ئۆلۈمگە لايىق گۇناھ بولاتتى، ــــ يۇرۇڭلار، ــــ دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا، ــــ ھەممىمىز تەڭ باش قاتۇرايلى، ئامان ـ ئېسەنلىكىمىز ئۇچۇن يول ئىزدەيلى.

زاك كولاش باشلىنىپ كەتتى. كولىنىۋاتقان ئازگاللار خۇددى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردەك ئۇستىدىن ئېچىپ كولىنىشقا باشلىدى.

تاغ قاپتىلىنى بويلاپ چىپىلىۋاتقان كەتمەن - گۈرجەكلەر قىيپاش چۈشكەن كۈننىڭ قىزغۇچ نۇرىدا ۋال - ۋۇل، پار - پۇر پارقىرايتتى.

* * *

ئەنجانباي تاڭ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. جىلغىغا سەكرەپ چۈشۈپ، مۇزدەك سوغۇق سۇدا ھۇزۇرلىنىپ يۇيۇندى، تەرەت ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. گۈمبەزنىڭ قېشىغا بېرىپ، تۇپىسى سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتكەن قەبرىلەرنىڭ توپىلىرىنى يۆلەپ ئېگىزلەتتى. ئاندىن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ خەتمىقۇرئان قىلىپ ئەرۋاھلارغا ئاتاپ دۇئا قىلدى. كۈن چىقىشى بىلەن تەڭ ئۇۋغا چىقىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ئوۋغا چىققاندا ئۇنى نازارەت قىلىپ ئارقىسىدىن ئەگىشىۋالىدىغانلار يوق ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئوق يەنىلا ئىككى تال ئىدى. مۇشۇ ئىككى تال ئوق بەدىلىگە ئىككى كېيىك كېلىدىغان، بىرى كەم بولسا بولمايدىغان بولدى. ئۇنىڭ مەرگەنلىكى ھەممىنى قايىل قىلغانىدى. تاغدا ئەنجانباينىڭ ئىلگىرى تونۇشقان خېلى كۆپ قىرغىز ئاغىنىلىرى بار ئىدى. بۈگۈنى ئۇنى ئىككىسى يوقلاپ كەتسە، ئەتىسى، ئۆگۈنى يەنە ئىككى، ئۈچى كېلىپ ئۇنى ئىزدەپ تۇراتتى. ئۇلار ھەر قېتىم كەلگەندە ئۆزلىرى ئوۋلىغان كېيىك ۋە باشقا ئوۋ نېمەتلىرىنى ئالغاچ كېلەتتى، لېكىن، بۇنى ژاندارما، دورغىلار بىلىپ قالسا بولمايتتى. ناۋادا بىلىپ قالسا، ئۇ چاغدا «ھە، مانا ئەمەسمۇ، ئەنجانباي، كىشىلەر ئېلىپ كەلگەن كېيىكلەرنى بىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ ھېسابىغا بىزدىن ئالغان ئوقلارنى يوشۇرۇۋېلىپ ئادەم ئالداپتۇ» دېگەن گۇمان پەيدا بولاتتى. دېمىسىمۇ ئىش دەل شۇنداق ئىدى. شۇڭا، ئۇلار تاغ جىلغىسىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئالدىدا ئۇچرىشىدىغان، ئۇلار ئېلىپ كەلگەن كېيىكلەرنى شۇ يەردىلا

سويۇپ ئاندىن بۇ تەرەپكە ياندۇرۇپ كېلىدىغان بولۇپ كېلىشكەنىدى. شۇنداق قىلىپ، كېيىنكىلەرنى ئۇنىڭ قىرغىز ئاغىنىلىرى ئوۋلاپ كېلىدىغان، ئوقلارنى ئەنجانباي ساقلاپ قويىدىغان بولۇشتى. بىر كۈنى ئۇ، يىغىلىپ قالغان ئوقلارنى تاھىر، زاھىرلارغا بېرىۋېتىپ:

— ئوقلارنى ئوبدان ساقلاپ قويۇڭلار، ۋاقتى كەلگەندە ئوبدان ئەسقاتىدۇ، — دېدى.

— ئەنجانبايكا، — دېدى زاھىر ئوقلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرۇپ، — تېپىلسا مۇشۇنداق ئوق چۈشىدىغان مىلتىقتىن بىرەرنى قولغا چۈشۈرگەن بولساق بەك ياخشى بولاتتى.

— بولىدۇ، سەن دېگەن مىلتىقلار چوقۇم قولغا چۈشىدۇ، — دېدى ئەنجانباي كۈلۈپ تۇرۇپ، — مىلتىق بولمىسا بىز زۇلۇمدىن قۇتۇلالمايمىز!

ئۇلار كەچ كىرگەندە ئاندىن خوشلاشتى. ئەنجانباي ئۇلار قاپقاندا تۇتۇپ ئالغاچ كەلگەن ئىككى كېپىكنى سويۇپ ئۆشنىسىگە ئارتىپ، جۇغى كىچىك، قىزىل تۇمشۇق، قىزىل پاچاق، تاغ قاغىسىنى بېشىغا قوندۇرۇپ مېڭىپ يېنىپ كەلدى. بۇ تاغ قاغىسى ناھايىتى شوخ ئىدى. ھېلى ئۇنىڭ ئۇ مۈرىسىگە قونۇپ قۇلاقلىرىنى چوقۇسا، ھېلى بۇ مۈرىسىگە لىككىدە ئۆتۈپلا ئۇنىڭ بۇرنىنى تاتىلايتتى. توختىماي «كىشكاك، كىشكاك» ئاۋاز چىقىرىپ سايرايتتى.

شۇ كۈنلەردە پا - پا ئاپتاپ، پىژغىرىم ئىسسىق جاننى قىيىنغىلى تۇردى. ئاسمان ئەينەكتەك سۈپسۈزۈك، بۇلۇت دىدارى كۆرۈنمەيتتى، ھەتتا «پۇۋ» قىلسىلا ئۇچۇپ كېتىدىغان قۇرۇق غازاڭلارنىمۇ شىرىققىدە مىدىرلىتالىغۇدەك تاغ شامىلىمۇ چىقمىدى. قاقىرام - پىژغىرىم ئىسسىقلاردا ئىشلەشكىنىمۇ ئۇلار كۆنۈپ قالغان، ھېچقىسى يوق، لېكىنزە، يالاڭ ئاياغلارغا بەك ئۇۋال بولدى. ئۇلار تاپانلىرى كۆيۈپ، يەرگە دەسسىيەلمەي شېغىللىقتا خۇددى توشقانلاردەك دىك - دىك سەكرەيتتى. ئەڭ

يامىنى بۆرىندىن قان كېتىدىغانلار، ئىچى سۆرىدىغانلار، بېشى ئاغرىيدىغان، قايىدىغان، قىزىتىپ قالىدىغان... لار كۆندىن - كۈنگە كۆپىيىپ كەتتى. شەكسىزكى، ئۇلارغا ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەنىدى، ئاۋۇت ئاتىنىڭ بېشى قاتتى، دورا تېخى يوق، قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ كېسەل كېزىككە ئايلىنىپ كەتسە !... ئاپلائەكبەر، خۇدانىڭ ئۇرغىنى شۇ دە ! يايى، دورغا، زاندارمىلارنىڭ كارى نېمە؟ پەرۋايى پەلەك ! نەشىسىنى چېكىپ، قىمارىنى ئويناپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرگەن ! ئاۋۇت ئاتىنىڭ ئىچى تىتىلدايتتى. لېكىن، كېسەللەرنىڭ قانداق قىلسا شىپالىق تاپىدىغانلىقىنى ئۇ بىلمەيتتى، ئاخىر ئۇ باشقا ئىلاج قىلالماي يەنە ئەنجانباي بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭغا ئىلاجىنى قىلىپ، بىر تېۋىپ تېپىپ كېلىشنى تاپىلىدى. ئەنجانباي تاغ قاغىسىنى مۈرىسىگە قوندۇرۇۋېلىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنى ئۈچ كۈن ساقلاشتى. لېكىن، ئۇ تېخىچە قايتىپ كەلمىدى. شۇ چاغدا ھېزىم يايى زەھەرلىك ھىجايدى:

— قانداق، مەن دېمىدىممۇ، جېنىدىن تويغان ئۇنداق ئادەملەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ دەپ، مانا ئەمدى جاۋابىنى ئۆزلىرى قىلىسىلا.

دەل شۇ چاغدا ئەنجانباي لىققىدە قۇرۇق ئوت - خەس قاچىلانغان تاغارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ تېۋىپ تاپالماپتۇ. ئۇيان چېپىپ، بۇيان قاتراپ يۈرۈپ، ئاخىر توقسان ياشتىن ھالقىغان بىر دېھقانغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ دېھقان ئۇنىڭغا مۇشۇ بىر تاغار قۇرۇق ئوت - خەسنى بېرىپتۇ. مۇشۇ ئوت - خەسنى قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، يەنە ئەتىگىنى، ئاخشىمى سوغۇق سۇغا چۆمۈلۈپ بەرسە، ئىسسىق ئالمايمىش. ناۋادا ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، مۇشۇ ئوت - خەسنى قاينىتىپ ئىچىپ بەرسىلا، كېسىلى شىپالىق تېپىپ ساقىيىپ كېتەرمىش.

مۇشۇ گەپ بويىچە ئەنجانباي ھېلىقى ئوت - خەسلەرنى

قايىنىتىپ كېسەللەرگە ئىچكۈزۈشكە باشلىدى. مەيلى ساق بولسۇن ياكى كېسەل بولسۇن، ھەممە ئادەمنى ئەتىگىنى، ئاخشىمى جىلغىدىكى سوغۇق سۇغا چۆمۈلدۈردى. دېگەندەك ئۇزاققا قالمايلا كېسەللەر ئاستا ـ ئاستا ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەنلەر كۆرۈلمىدى. شۇندىلا ئەنجانباينىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى، لېكىن، ئۇ يەنىلا ئالدىراش ئىدى. تاڭ سەھەردىلا كىشىلەرنى سۇغا چۆمۈلۈشكە ئېلىپ باراتتى. نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا ھېلىقى مىسكىن قەبرىلەر ئىچىدە ياتقان ئىگە ـ چاقىسىز بىچارىلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلاتتى. ئۇۋۇدىن يېنىپ كېلىپلا زاك كولىنىۋاتقان ئازگاللارنى ئارىلايتتى، تەكشۈرۈپ خەتەرلىكنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. ئۇ مۇشۇنداق ئالدىرىمىسا ئايدا ئىككى قېتىم كېلىدىغان قىرىق نەچچە ئېشەك كارۋىنىغا يۈكلەشكە زاك ئۈلگۈرمەيتتى. زاك كەملەپ قالىدىغان بولسىلا ئەمەلدارلارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ مەھبۇسلارنىڭ تۈرمىدە قامىلىپ ياتىدىغان ۋاقتىنى ئۇزارتىۋېتەتتى، لېكىن مەھبۇسلار بالدۇرراق يورۇق دۇنياغا چىقىشقا، ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن جەم بولۇشقا تەقەززا ئىدى. ئۇلارنىڭ قەلبىنى پەقەت شۇلارغا ئوخشاش تۈرمە ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئادەملەرلا چۈشىنىشكە قادىر ئىدى.

ئەنجانباي ئاخشاملىرى دۇتارنى سازلاپ چېلىپ، ناخشىسىنى لەرزان ئېيتىپ، مەھبۇسلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچاتتى. گاھىدا تېخى يېرىم كېچىگىچە مەشرەپمۇ قىلىپ بېرەتتى. سول قېشىنى لىپ ـ لىپ قىلىپ ئويناپ باشقىلارنى كۈلدۈرەتتى. بۇنداق چاغلاردا ژاندارما، دورغىلارمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، ناخشا ئېيتىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشاتتى، ئەنجانباينىڭ تاغ قارغىسى يايى، ژاندارما، مەھبۇس دەپ ئايرىمايتتى، تىنىم تاپماي كىشكاك ـ كىشكاكلاپ سايراپ، ھېلى ئۇنىڭ بېشىغا قونۇۋېلىپ قۇلىقىنى چوقۇسا، ھېلى بۇنىڭ مۈرىسىگە قونۇۋېلىپ بۇرنىنى

تاتلايتتى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. ئۇ بىر چىشلەم، بۇ بىر چىشلەم گۆش تاشلاپ بېرىپ باقاتتى. ئۇ شۇنچە كۆپ ئادەملەر ئارىسىدىن ئەنجانباينى ئاسانلا تونۇۋالاتتى. ئەنجانباينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالسىلا سايراپ، ئۇنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ كېلەتتى.

* * *

ئاخشىملا سىمىلداپ يېغىشقا باشلىغان يامغۇر تاڭ سەھەرگە يېقىن ئۇلغىيىپ، بورانلىق شارقىراتما يامغۇرغا ئايلىنىپ كەتتى. پات ئارىدا ھاۋا ئېچىلىدىغاندەك ئەمەس، كۈنپېتىش تەرەپتىن خۇددى خۇمداندىن چىققان تۈتۈندەك تۈرۈلۈپ - تۈرۈلۈپ كەلگەن قاپقارا بۇلۇتلار ئاسماننى قاپلاپ كەتكەنلىكتىن، شۇ تاپتا كۈن ئاشۋاقتى مەزگىلى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئالەم - جاھان خۇددى قاپقارا ئىس - تۈتەك ئاستىدا قالغاندەكلا غۇۋالىشىپ قالغانىدى. ئەنجانباينىڭ بۇنداق جۇدۇنلۇق ھاۋا بىلەن كارى بولمىدى، ئوۋغا چىقىش ئۈچۈن ھازىرلاندى. ئاۋۇت ئاتا بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— قارىسىلا ئىنىم، بۈگۈن ھاۋانىڭ ئەلپازى بەك ئوسال، خېيىمخەتەر چىقىپ قالمىسۇن. بىر - ئىككى كۈن گۆش يېمىگەنگە بىرنېمە بولۇپ قالماسمىز، بارمىسىلا. بۇنداق بوران - چاپقۇنلۇق يامغۇردا ھايۋانلارمۇ، ئۇچار - قۇشلارمۇ ئۇۋىسىغا كىرىۋالىدۇ، تاپقىلى بولمايدۇ.

ئەنجانباي كۈلۈپ قويدى:

— ھەي ئاۋۇتكا، ئوغۇل بالا دېگەن مۇشۇنچىلىك شالدىر - شاخىنەك بوران - چاپقۇندىن قورقۇپ قالسا بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوۋنى ئۇۋىسىدا ئوۋلاش تېخىمۇ بەك كۆڭۈللۈك بولىدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپلا بىر قىل تاغارنىڭ ئىككى بۇرجىكىنى

قاتلاپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ بېشىغا ئولپاقچىلاپ كىيىپلا يۈرۈپ كەتتى. ئالدى تەرىپىدىن قىيپاش ئۆرۈلگەن بورانلىق يامغۇر ئۇنىڭ يۈزلىرىگە تارسىلداپ چۈشۈپ كۆزلىرىنى ئاچقىلى قويمايتتى. تاغ باغرى پاتقاق، تېيىلغاق بولۇپ كەتكەنىدى. بوران ئۇنىڭغا ئۆرۈلمەقتا، يامغۇر شارقىراپ قۇيۇلماقتا. چىت ـ چاتقاللار، ئېگىز ـ ئېگىز تىك قىيالار، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل، ئېگىز ـ پەسلىكلەر ئۇنىڭ مېڭىشىغا پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتاتتى. لېكىن، ئەنجانباي پات ـ پات توختاپ، ماڭىدىغان يولنى ئوبدان پەرق قىلىۋېلىپ بەخىرامان ھالدا مېڭىۋەردى. ئۇلۇشكۈن ئۇ ئالدىدىكى توقايدا بىر مالچى قىرغىز بىلەن كۆرۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ ئۇنىڭغا: «تاھىر، زاھىرلار سىز بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن، مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىشىمىز بار، ئۈچ كۈندىن كېيىن قارا ئۆڭكۈردە كۆرۈشەيلى دەيدۇ» دەپ كېتىپ قالغانىدى. شۇ گەپ بىلەن ئالدىن پۈتۈشكىنى بويىچە، دەل مانا بۈگۈن ئۇلار بىلەن كۆرۈشمىسە بولمايتتى، شۇڭا ئۇ شىۋىرغانلىق يامغۇرغا قارىماي ئالدىراپلا يولغا چىققانىدى.

كىيىم ـ كېچەكلىرى چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئەنجانباي ئۆزىنىڭ پەرىزى بويىچە ئالاھازەل چۈش ۋاقتىدا ئۈستىدىن شىرىلداپ يامغۇر سۈيى چۈشۈۋاتقان بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئەتراپىغا بىرقۇر قارىۋېتىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىردى. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى قىيپاش چۈشكەن كۈن نۇرىدا ئۇنىڭ ئىچىدىكى قورام تاشلارنى، ئېگىز ـ پەسلىكلەرنى ئانچە ـ مۇنچە ئىلغا قىلغىلى بولغان بىلەن، بۈگۈنكىدەك ھاۋا تۇتۇق تۇمانلىق كۈنلەردە ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. شۇڭا، زامان ـ زامانلاردىن بېرى «قاراڭغۇ ئۆڭكۈر» دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى.

ئەنجانباي سىلاپ ـ سىيپاپ يۈرۈپ بىر قورام تاشنى تاپتى ـ دە، ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ مىلتىقنى قويۇپ تۇرۇشىغا ئۇنىڭ

يېنىدىن بىر نېمە شىپپىدە ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ شۇنداق قاراپلا ئۆچكۈرنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان بىر بۆرىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ كەتتى: «ۋاي كاساپەت! مىلتىق دورىسىنىڭ پۈرىقىنى ئېلىپ قورقۇپ قېچىپسەن ـ دە! بولمىسا، تۇيۇقسىزلا بويۇنغىلا ئېسىلسالىڭ!... ۋاي، خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ!»

ئۇ شۇ خىيال بىلەن دەككە ـ دۈككىدە ئولتۇرغاندا، تالادا ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەپ ماڭغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. ئەنجانباي لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى. باشلىرىغا خۇددى ئەنجانبايغا ئوخشاشلا قىل تاغارنى ئولپاقچىلاپ كىيىۋالغان گەۋدىلىك ئىككى يىگىت ئاتتىن چۈشتى، بۇلار ئاكا ـ ئۇكا تاھىر، زاھىرلار ئىدى. ئۇلار كۆرۈشۈپ، تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ئۆچكۈرگە كىرىشتى، ئاتلارنىمۇ ئەكىرىشتى.

— مەن تېخى سىلەرنى كېلەلمەسمىكىن دەپ ئەنسىرەپ تۇراتتىم، — دېدى ئەنجانباي كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھاۋا ـ جاھان مۇنداق...

— بۇ گېپىڭ قاملاشمىدى ئاداش، — تاھىر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — قايسى قىرغىز بوران ـ چاپقۇندىن قورقىدۇ دەيسەن؟ بىز ئەسلىدىنلا مۇشۇنداق بوران ـ چاپقۇنلۇق زېمىندا تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ پىشىپ كەتكەن تۇرساق...

زاھىر گەپكە لوقما سالدى:

— لەۋزىمىز، لەۋزە. قىلىمىز دېگەننى چوقۇم قىلىمىز!

ئۇلار ئۈچ ئاغىنە تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

— ئاغىنە، — دېدى تاھىر سۆز باشلاپ، — ئاڭلىساق، ئىلى تەرەپلەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىۋېتىپتۇمىش. سەن ئەنجان، تاشكەنتلەردە كۆرگەندەك يوقسۇللارنىڭ ھۆكۈمىتىنى قۇرىدىكەن. ئورۇسلار تەۋەسىدىن مال قوغلاپ كەلگەن مالچىلار شۇنداق دەيدۇ. ئۇ مالچىلار تېخى سىلىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكىرى

قىسمىدىمۇ يوقسۇللار ئاللىقاچان قوزغالغان، ئۇلارغا كومپارتىيە رەھبەرلىك قىلىدىكەن. دەھشەتلىك سوقۇش بولۇۋېتىپتۇمىش، دېدى.

— بارىكاللا ! — دېدى ئەنجانىباي خۇشاللىقىدا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپ، — ئەجەب ئوبدان بوپتۇ ! ئەزىمەت ئادەملەر ئىكەن. ئۇلار ئۇ مەلئۇنلارنىڭ جاجىسىنى بالدۇرراق بەرگىيدى ئىلاھىم ! مۇشۇنداق ئەزىمەتلەرنىڭ چىقىشىنى خۇدايىمدىن كېچە - كۈندۈز تىلەيتتىم. ئاھ ! ئۇلۇغ خۇدا، مۇرادىمىزغا يەتكۈزگەيسەن ! مەدەت قىلغايسەن ! بىزنىمۇ ئادەمدەك ياشاشقا نېسىپ قىلغايسەن ! مەن ئەنجانىدا كوممۇنىستلارنى كۆرگەن، ئۇلار كارامەت نوچى ئادەملەر جۇمۇ ! بىزنىڭمۇ كۈنىمىز تۇغۇلىدىغان بولدى، خۇدايىم بەردى دېگەن شۇ ! ئەمدى بىزمۇ شۇك ياتمايلى !

— شۇڭا، دەل بۇگۈن مەسلىھەتلىشىۋالايلى، دەپ ساڭا خەۋەر قىلغانىدۇق.

— تاشقورغان تەرەپلەردىمۇ قوزغىلاڭنىڭ شەپىسى بار دەپ ئاڭلىدۇق.

— بىز ياكى ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ ئۇ يەردىكى قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇش، ياكى مۇشۇ جايىمىزدا تۇرۇپ قوزغىلاڭ قىلىشتا تالاش - تارتىش قىلدۇق، لېكىن بىر قارارغا كېلەلمىدۇق.

— بەزىلىرىمىز بۇ يەردە بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئاز، ھۆكۈمەتنىڭ ئەسكەرلىرى كۆپ، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيمىز، شۇڭا ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتەيلى، دەيمىز، — يەنە بەزىلىرىمىز، ياق، مۇشۇ يەردە قوزغىلايلى. بىرنەچچىمىز باش بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقساقلا، باشقىلار بىزگە قوشۇلىدۇ، ئادەملىرىمىز كۆپىيىدۇ، دېدۇق. لېكىنزە، قۇرۇق قول بىلەن بىرنېمە قىلىش تەس. شۇڭا، بىز مەسلىھەتلىشىپ سەندىن ئەقىل سوراشقا كەلدۇق. مەيلى قانداقلا بولسۇن، بىز ئەمدى جىم ياتمايمىز !

— مۇنداق قىلايلى، — دېدى ئەنجانباي بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن ئېڭىكىنى سىلاپ تۇرۇپ، — مېنىڭچە، بۇ جايلارنىڭ تاغ - دەريا، ئېگىز - پەسلىكلىرى، ئادەملىرى بىزگە بەش قولدەك ئايان. قوزغىلىدىكەنمىز، چوقۇم ئۇرۇش قىلىمىز. «ئۇرۇشنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ» دېگەن ھېكمەتلىك تەمسىل بار. بىزنىڭ شارائىتىمىز ئۇرۇشتا رەڭ ئىشلىتىپ، دۈشمەننى يوقىتىشقا بەك پايدىلىق. مېنىڭچە، ئۆز جايىمىزدىلا قوزغالغىنىمىز تۈزۈك. بىزدە قورال يوق. لېكىن، بىزدە ئۇنى دۈشمەننىڭ قولىدىن تارتىۋالغۇدەك غەيرەت بار.

ئۇلار خېلى ئۇزاق مەسلىھەتلەشتى. بۇ مەسلىھەت بويىچە تاھىر، زاھىرلار يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ تىڭ تىڭلاپ ھەربىرى يۈزدەك باتۇر، قاۋۇل ئادەملەرنى تېپىش، ئۇلارنىڭ يۈرىكى قانداق سوقىدۇ، «چېكىپ بېقىش»، ئاندىن نوچىلىرىنى تاللاپ تەييار بولۇپ تۇرۇش، بۇلار ئۇ ئىشلارنى پۈتتۈرۈپ بولغۇچە ئارىلىقتا ئەنجانبايمۇ زاك كولاۋاتقان مەھبۇسلارنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇش، پۇرسەت كەلگەندە بىر ئاخشامدىلا ژاندارما، يايى، دورغىلارنى گاچچىدە جايلىۋېتىپ قورالغا ئىگە بولۇش. مەسلىھەتى پۈتتى، ئۇلار تالاغا چىقىشتى. بۇ چاغدا بوران پەسلەپ، يامغۇر توختاپ، بۇلۇتلارمۇ تارقاپ، ھاۋا - جاھان سۈزۈلۈپ قالغانىدى. بۇ ئۈچ ئاغىنە ئازگاللارغا يىغىلىپ قالغان يامغۇر سۈيىدە تەرەت ئېلىشتى. ئاندىن تاھىر قوينىدىن قۇرئاننى چىقاردى، ئۇلار ئالدىنى قىبلىگە قىلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قۇرئاننىڭ ئۈستىگە قوللىرىنى قويۇپ قەسەم قىلىشتى: «زۇلۇمنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاللا يولىدا جېنىمىزنى ئاتىدۇق. ناۋادا ئاللا كۆڭۈللۈك قىلىپ يولىمىزدىن يېنىۋالساق، بىزنى كالامۇللا ئۇرغاي!»

* * *

ئەنجانباي ئىككى كېيىنكى ئۆشنىسىگە ئارتىپ ناخشىسىنى بولۇشىچە ۋاڭشىتىپ ئېيىتىپ قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا كەچ كىرىپ، زاۋال ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. گەمىلەرنىڭ ئالدىدا بىرمۇنچە ئادەملەر ئۇنىڭ يولىغا قارىشىپ تۇراتتى. ئۇ يېقىنلاپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىراق تۇرغان دادىسىنى تونۇپ قالدى. دادىسىنىڭ يېنىدا ئاكىسى جۇمەخۇن، ئۇلارنىڭ يانلىرىدا... ۋۇي، بۇ ئوپاللىق مەھەممەت ئىمىن ئەخمەت مۇئەللىمغۇ، ئاۋۇ ئادەم مۇشلۇق مامۇت ئاتاۋۇللا مۇئەللىم، ماۋۇ بوراخىتايلىق تۇرغۇن تۇرسۇن مۇئەللىم، بەللى، بەللى! يەنە تېخى قونساقلىق مەمتىلى سابىت مۇئەللىم، ياپچانلىق سابىت مۇئەللىم، ئاتۇشلۇق ئىبراھىم مۇئەللىم ... ھەممىسى ئىسسىق چىراي، تونۇش كىشىلەر... «ئاھ، ئۇستازلىرىم، دىلىمىزنىڭ چىراغلىرى!...»

ئۇلار قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ كۆرۈشتى. مۇئەللىملەرنىڭ تاغارمادىن قايتىشى ئىكەن. ئۇلار ئەنجانباي بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقاندا، خۇددى ئالدىن كېلىشىپ قويغاندەكلا يولدا قەشقەر تەرەپتىن بۇياققا قاراپ كېلىۋاتقان باقاخۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ ـ دە، بۇ يەرگە بىللە كەپتۇ. باقاخۇن ئەنجانبايغا يۇرت ـ مەھەللىدىكى جامائەتنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. «ئانىلىرى بىلەن ئۇكىلىرى تىنچلىق، ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ» دېدى. لېكىن، تاشكەنتباي بىلەن ئايشەمگۈل توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمىدى. ئىككى ئاي ئىلگىرى ئانىسى بىلەن دادىسى كەلگەن چاغدىمۇ ئۇلار توغرىسىدا ھېچنېمە دېمىگەن. خۇددى ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاشقا تەقەززا ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىزدەكلا گەپنى ئۇيان ـ بۇيان ئېلىپ قېچىپ ئولتۇرغان. لېكىن، ئۇ ئۇلارنىڭ مەيۈسلۈك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىر شۇملۇقنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى

سېزىپ قېلىپ، لېۋىنى چىشلەپ جىمىمىدە بولىۋالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ زادى قانداق ئىش سادىر بولغانلىقىنى ئەنجانبايىنىڭ بەكلا بىلگۈسى كېلەتتى. سوراپ بېقىشقا تېخى پېتىنالمىدى. دېمىسىمۇ شۇ كۈنلەردە تاشكەنتبايىنىڭ ئالتايدىكى بىر قېتىملىق سوقۇشۇشتا قازا قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئاتا ــ ئانىسى، ئۇرۇق ــ تۇغقان، يۇرت ــ جامائەتلىرى مۇسىبەتلىك ماتەم كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئايشەمگۈلمۇ مەجبۇرىي ھالدا ئېلى قازىنىڭ ئوغلى ئەھمەتكە ياتلىق قىلىنغانىدى. ئەنجانبايىنىڭ ئاتا ــ ئانىسى بۇ شۇم خەۋەرلەرنى ئۇنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ناۋادا ئۇ مۇشۇ ئازابلىق كۈنلەردە يەنە بۇ شۇم خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا تېخىمۇ بەك ئازابلىنىپ بىر دەردىنىڭ مىڭ بولۇپ كېتىشىدىن ھەزەر ئەيلەپ قالدى. شۇڭا، ئۇلار «كېيىنچە بىر گەپ بولار» دەپ ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ كەلگەنىدى.

— پاھ ــ پاھ! — دېدى كېيىك سويۇۋاتقان ئادەم ئەجەبلىنىپ، — ماۋۇ كېيىكنىڭ پاچاقلىرى سۇنۇق تۇرىدۇ. ئوق ھەر ئىككىلىسىنىڭ پېشانىسىگە تېگىپتۇ. خۇددى باغلاپ قويۇپ ئاتقاندەكلا.

— ھە، تاغىنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپتىكەن، قارىغا ئېلىپ ئاتقانىدىم. جىراغا تىك موللاق چۈشۈپ پۇتى سۇنۇپ كېتىپتۇ، — دېدى ئەنجانباي باشقىلارنىڭ «قاپقاندا تۇتۇلغان كېيىك ئىكەن» دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، — بەزىدە مۇشۇنداق ئامەتمۇ كېلىپ قالىدۇ.

— مەرگەنلىكمۇ قالتىس ھۈنەر جۇمۇ، لېكىن ئوقنىڭ مۇشۇنداق دەل جايىغىلا تەگكەنلىكى يەنە بىر ئامەتنىڭ يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، — دېدى ئاۋۇت ئاتا خۇشال ھالدا، — مېنىڭ چەپ قاپىقىم تارتسا يارىشىدۇ، نەچچە كۈن بولدى مۇشۇ قاپىقىم تولا تارتقىلى.

ھەممە ئادەم قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشتى:
— ئىنشائاللا ! ئىلاھىم دېگەنلىرىڭدەك بولغاي ! خۇدايىم ھەممىمىزگە ئاسايىشلىق بەرگەي، ئامىن !

شورپا قايناۋاقتا، يۇلغۇن ياغىچىدا ياسالغان زىخلارغا ئۆتكۈزۈلگەن كېيىك گۆشى كاۋىپىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئەتراپلارغا تارقىلىپ تۇراتتى. ئەنجانباي دۇتارنى سازلاپ چېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتقان ناخشىلىرىنىڭ ساداسى سۇتتەك ئايدىڭ دالادا جىلغىلاردىكى شارقىراتمىلارغا جور بولۇپ، قىيا - چوققىلارنىڭ ئۈستىدە جاراڭلىماقتا. لېكىن، ئۇنىڭ بۈگۈنكى ناخشىلىرى ئىلگىرىكىدەك كىشىلەرنى كۆلدۈرىدىغان، يىغلىتىدىغان، ئەركىلىتىدىغان، مەسخىرە قىلىدىغان ناخشىلىرىغا ئوخشىمايتتى. خوتۇن - قىزلارنى مەھلىيا قىلىدىغان مۇھەببەت ناخشىلىرىمۇ ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇخلىغاننى ئويغىتىدىغان، ئويغاقلارنى ئويغا سالىدىغان، بەدىنىدە ئەركەك تۈكى بارلارنى ئورنىدىن دەس تۇرۇشقا قوزغايدىغان كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ناخشىلار ئىدى.

نەشىدە ئەقلى بۇلغانغان مەست كالىلا يايى، دورغا، ژاندارمىلار ئۇنىڭ يۈرەك ساداسىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇلار خۇددى ئۇيقۇسىرىغان ئادەمدەك كىشىلەرگە ئەلەڭ - سەلەڭ قارايتتى. باشقىلار كۈلسە، ئۇلارمۇ ئاغزىلىرىنى كالچايتىپ سەت ھىجىيىشاتتى.

ئەنجانباينىڭ ئۆزىمۇ بۈگۈن باشقىچە بولۇپ قالغانىدى. كۆزلىرى باشقىچە پارقىراپ قالغان، ئادەمگە تىكىلىپ قارايدىغان، گەپنىمۇ ئايىغاندەك ئاز قىلىدىغان، ئويچان بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ناخشىلىرى تويلۇبۇلۇڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك جۇشقۇن، يارقىن جاراڭلايتتى:

ئۆچقىن قۇرغۇيۇم ئۆچقىن،
پەلەكتۇر سېنىڭ قارارىڭ.
كۆز تەگمەس ئەسلا ساڭا،
خەلقىڭدۇر تىلتۇمارىڭ.

ئۆچقىن قۇرغۇيۇم ئۆچقىن،
مەدەت تىلەپ تەڭرىدىن.
چىقىپ تاشلا قەپەسنى،
قالماستا سەن نەپەستىن.

...ئۆچقىن قۇرغۇيۇم ئۆچقىن،
چىقسۇن مېنىڭ خۇمارىم.
قەلبىمىزدە شاد ئەيلەپ،
كەلسۇن يېڭى زامانىم.

شۇ ئاخشىمى ئەلياتقۇدا شەھەردىن ئىككى چاپارمەن كەلدى. ئەتىسى ئەتىگەندىلا مەھبۇسلار تويلۇبۇلۇڭ بىلەن خوشلاشتى. ئەنجانباي تاھىر، زاھىرلار بىلەن خوشلىشىشقا ئۇلگۇرەلمەي «ئاپلا» دەپ قالدى. باقاخۇن بىلەن ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۇلار بىلەن بىللە يولغا چىقتى.

# ئون ئالتىنچى باب

## ئازابلىق كۈنلەر

1944 ـ يىلى، قۇمدەرۋازاسى تۈرمىسى.

مەھبۇسلار تويلۇبـولۇڭدىن قـايتىپ كـەلگىـلى مانا ھـازىـر ئىككى يىلدىن ئاشتى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇلار قىش ـ ياز، ئىسسىق ـ سوغۇق، قار ـ يامغۇرلاردا «سېپىل ياماش ئۇچۇن» دۇمبىلىرىدە خام خىش توشۇماقتا ئىدى.

«جاراق ـ جۇرۇق»، «شاراق ـ شۇرۇق» قىلغان كىشىلەرنىڭ يىرگىنچلىك سەت ئاۋازلىرى، ھارۋىلارنىڭ غىچىرلاشلىرى، زەمبىل، كاتىلارنىڭ غىسىلداشلىرى، مەھبۇسلارنىڭ ئىنجىقلاش، ھاسىراشلىرى، قىقىلىپ ئۇنلۈك ـ ئۇنلۈك يۆتىلىشلىرى... تۈرمە سېپىلىدىن قاڭقىپ ئۆتۈپ، قۇمدەرۋازا ئەتراپىلىرىدىكى جامائەتنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ، جىنىنى قاقشىتاتتى. ئۇلار مەھبۇسلارنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىغا ئىچىنى ئاغرىتىپ ئاھ ئۇرۇپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشاتتى: «ئاھ! خۇدا، بەندىلىرىڭنىڭ مۇشكۈلىنى ئاسان قىلغايسەن!» دېيىشەتتى.

ئەنجانبايىنىڭ پەمچە، شۇ كۈنى خىش توشۇۋاتقان مەھبۇسلار ئىككى يۈزدىن كەم چىقمايتتى. بېسىلغان خىشلارنىڭ ئېغىرلىقىدىن ھارۋىلارنىڭ چاقلىرى سەت غىچىرلاپ تۇپىغا پېتىپ قالاتتى. توقۇلما زەمبىللەرنىڭ چىۋىقلىرى چۈۋۈلۈپ، كاتىلارنىڭ بالداقلىرى چىقىپ كېتەتتى. مەھبۇسلار تۇپا ـ چاڭدىن دىماغلىرى ئېچىشىپ چۈشكۈرەتتى، يۆتىلەتتى. كۆزلىرىمۇ غۇۋالىشىپ، بىر ـ بىرىنى تونۇيالمىغۇدەك بولۇپ

قىلىشقانىدى. ئۇلار ھاسىراپ، ئىنجىقلاپ قەدىمىنى ئاران ــ ئارانلا يۆتكەيتتى، شۇنداقتىمۇ دورغىلار قامچىلىرىدىن قارس چىقىرىپ ئۇلارنى خۇددى پادا ھەيدىگەندەك قوغلايتتى. زۇلمەتلىك دۇنيانىڭ لەنەت تەگكۈر بۇ غالچىلىرى شۇ كۈنلەردە خۇددى غالجىرلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىتقا ئوخشاش قۇتراپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئاچلىق ھەم ھېرىپ ــ چارچاشتىن ماغدۇرسىزلانغان بۇ بىچارە مەھبۇسلارنى قامچىلاپ تېز ــ تېز مېڭىشقا زورلايتتى. ناۋادا بىرەرى دەلدۈگۈنۈپ يىقىلىپ چۈشۈپ، يەنە تىرىشىپ ــ تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتسىمۇ ۋاقىتىپ ئۇرۇپ دەسسەيتتى. بۇ دورغىلارنى نەشە خۇمارى ئەنە شۇنداق غالجىرلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇلارغا شۇ كۈنلۈكى ئۈچۈن كۆرسىتىپ بېرىلگەن خىش توشۇپ تۈگىتىلسە بىر چىمدىم نەشە ئىنئام قىلىپ بېرىلەتتى. ئۇلار نەشىنى تولا چېكىپ خوردىلىشىپ كەتكەنىدى. چىرايىدا ئادەم سىياقى قالمىغان، قانسىز زەپىران، كۆزلىرى خۇنۇك، خۇددى ئەلەسلەردەك مايماق قارايدىغان مەخلۇقلارغا ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇڭا، مەھبۇسلار ئۇلاردىن يىرگىنەتتى، رەھىم ــ شەپقەت تىلىمەيتتى. ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي جاھىللىق بىلەن ئالدىغا چامدايتتى. «كىشىلەرگە قىلساڭ يامانلىق، ساڭىمۇ يوقتۇر ئامانلىق» دېگەندەك، بۇ ھايۋان تەبىئەتلىك دورغىلارغىمۇ ئۆز قىلمىشىغا يارىشا ياخشى كۈن يوق ئىدى. مەھبۇسلارنىڭ ئۇرۇق ــ تۇغقان، ئەل ــ ئاغىنىلىرى ئۇلارنىڭ تېگىشلىك جاجىسىنى بېرەتتى. بۇلۇڭ ــ پۇچقاق، كوچا ــ كوي، قاراڭغۇ كېچىلەردە مەھبۇسلارنى قىيىنىغانىنىڭ سازايىسى قىلىپ، راسا ئەدەپلەپ، «ئاللا ــ توۋا !» دېگۈزەتتى، «بۇ كىمدۇ؟ !» دەپ تونۇپ بولغۇچە ئۇلار غايىب بولاتتى، ئاقتىمۇ ــ كۆكتىمۇ كۆرۈنمەي قالاتتى. بۇنداق غايىبتىن تاياق يېگەن دورغىلار قاپاقلىرى يېرىلغان، يۈز ــ كۆزلىرى كۆكەرگەن، ئېغىز ــ بۇرۇنلىرى ماكچايغان، چىشلىرى چۈشكەن ــ سۇنغان، خۇددى كالتەك يېگەن ئىت قۇيرۇقىنى چاترىقىغا قىسىۋېلىپ،

تۆمشۇقى يەر تارتىشىپ قالغاندەك باشلىرى چۈشكەن ھالدا پەيدا بولاتتى ــ دە، مەھبۇسلارغا ئۇتىلوكرەك ۋارقىراشقىمۇ پېتىنالماي، خۇددى سۇغا چۈشكەن مۇشۇكتەك شۈمشىيىۋالاتتى. ئەتىجىدە بۇ «يارىماسلار» قوغلىنىپ، يەنە يېڭىسى يەڭگۈشلىنەتتى. بۇلارنىڭمۇ ھەددىدىن ئاشقانلىرى ئوخشاشلا ئەدىپىنى يەپ ئۇزاققا قالمايلا خۇددى پوسسىدە يىلى چىقىپ كەتكەن توپتەك سالپىيىپ قالاتتى.

لېكىن، دورغىلارنىڭ ھەممىسىمۇ ئۇنداق نائەھلىلەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت جان بېقىش ئۈچۈنلا دورغىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار يېقىن ئەتراپلاردا ئۆزلىرىنى پايلاپ تۇرغان باشلىقلار بولمىسىلا، مەھبۇسلارغا ئىچىنى ئاغرىتقاندەك، ئېچىنغاندەك قىياپەتتە قاراپ قويۇپ، ئۇلاردىن يىراقلاپ كېتەتتى، ناۋادا پايلاپ تۇرغان نازارەتچىلەر بولۇپ قالسا، ۋار ــ ۋۇر ۋارقىراپ ــ جارقىراپ قوياتتىيۇ، ئۇرمايتتى.

كىشەن ئۇنىڭ ئوڭ پۇتىنى غاجىۋەتكەنىدى. ئوشۇقىنىڭ سەل ئۈستىگىرەك تېگىپ قويۇلغان لاتىنىڭ تېشىغا قان تەپچىپ چىقىپ تۇراتتى. قانغا چاپلاشقان توپا ــ چاڭلار قىزىل لايغا ئايلىنىپ قەدەمدە بىر دېگۈدەك يەرگە قان ئېقىپ چۈشەتتى. ئۇ ئاقسايتتى. ئوڭ پۇتىنى ئاۋايلاپ سۆرەپ، سول پۇتىنى تېزرەك يۆتكەيتتى. لېكىن، ئۇ قەدىمىنى ھەر قېتىم يۆتكىگەندە خۇددا ئۇرغۇر بۇ كىشەننىڭ قالپاقلاپ مىخلانغان ئىككى ئۇچى بىر ــ بىرىگە تاقىشىۋېلىپ ئۇنىڭ مېڭىشىغا كاشىلا قىلاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ قەدىمىنى سەل چوڭراق ئېلىپ سالسىلا گەجگىسىدىكى كاتىلغا بېسىلغان خىشنىڭ ئېغىرلىقىدىن دەلدۈگۈنۈپ كېتەتتى ــ دە، كىشەننىڭ ئۇچلىرى بىر ــ بىرىگە جاراق ــ جۇرۇق سوقۇلۇپ كېتىپ توختاپ قالاتتى. كىشەنگە چېتىلغان ئەخلەت ــ چاۋالارنى يىغىۋېلىپ، توپىلارنى توزىتىپ سۆرىلىۋالغان زەنجىرى شۇ ھامان شاراق ــ شۇرۇق ئۇرۇلاتتى.

«جاراق ـ جۇرۇق...» ئاپلا چاتاق بولدى. كىشەنىنىڭ ئۇچلىرى يەنە سوقۇلۇپ كەتتى. ئۇ دەلدۇگۇنۇپ گۇپپىدە يىقىلىپ چۈشتى. دۈمبىسىدىكى بوينىغىچە تىزىلغان خىش سىيرىلىپ چۈشۈپ ئۇنىڭ بېشىنى بېسىۋالدى.

ئەنجانباي ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي نېرىدىن كېلىۋاتاتتى. ئۇ دۈمبىسىدىكى خىش بېسىلغان كاتىلىنى يەرگە قويدى ـ دە، يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى يۆلىدى. يۈز ـ كۆز، ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىدىكى توپا ـ چاڭ، قانلارنى سۈرتتى. ئۇ خۇددى ئۆزۈنىغا يۈگۈرۈپ ھېرىپ، دېمى كېسىلىپ قالغاندەكلا تىنىقى تىنىقىغا ئۇلگۇرمەي ھاسىرايتتى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن كۆزىنى ئاچتى. ھاسىرىشىمۇ ئاستا ـ ئاستا پەسلىدى. لېكىن، تولا يۆتىلىپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا بىر دورغا خىرقىراپ يېتىپ كەلدى ـ دە، «تۇر ئورنۇڭدىن !» دەپلا ئۇ يىگىتنى قامچىدا ۋاقشىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇ يىگىت ئورنىدىن تۇرالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ دورغا ئەلپازىدىن يانماي تېخىمۇ ئەدەپ، يەنىلا ئۇ يىگىتنىڭ باش ـ كۆزلىرىگە ئۇرىۋەردى. ئەنجانباي ئىلاجسىز ھالدا دورغىنىڭ قامچىسىنى كاپپىدە تۇتۇۋالدى:

ـــ سەۋر قىلسىلا بېگىم، مانا ھازىرلا...

لېكىن، دورغا ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى، غەزەپ بىلەن قامچىسىنى سىلكىپ تارتىۋېلىپ، «سېنىڭ نېمە كارىڭ؟ !» دەپلا ۋارقىراپ ئەنجانباينىڭ باش ـ كۆزلىرىگە كۈچەپ ئۇرۇپ كەتتى. ئەنجانباي ئاغرىققا چىدىماي ئۆزىنى ئۇيان ـ بۇيان قىلسىمۇ توختىماي يەنە ئۇرىۋەردى. نەشىدە ئىمانى بۇلغىنىپ ئادەمگەرچىلىك قېلىپىدىن چىققان بۇ مەخلۇق شۇ تاپتا خۇددى غالجىر ئىتقىلا ئوخشاپ قالغانىدى. چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، سىم قامچىسىدا ئۇنى ئۇرىۋېرىپ شالىلىرى ئېقىپ كەتتى. ئەنجانباي ئەمدى ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالماي قالدى ! ئۇ غەزەپ بىلەن

دورغىنىڭ قامچىسىنى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ سىلكىپلا تارتىۋالدى ـ دە، قامچىنىڭ سېپىنى تىزلاپلا سۇندۇرۇۋېتىپ دورغىنىڭ يۈزىگە ئاتتى. شۇ ھامان دورغا، ژاندارمىلار ئۇنى ئورىۋېلىشتى ـ دە، قولىغا كويزا، پۇتىغا كىشەن سېلىپ قويۇپلا، ئىتتىرىپ ئاپىرىپ يەنە ھېلىقى يالغۇز كىشىلىك كامېرغا سولاپ قويدى. يالغۇز كىشىلىك كامېر يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن ھېلىقى يىگىتنىمۇ شۇ ئاخشىمىلا ئەنجانباي ياتقان كامېرغا سولىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەنجانباي قايتا خىش توشۇشقا چىقمىدى، سوراققىمۇ ئاپارمىدى، مۇشۇ قاراڭغۇ كامېردا خۇداغا ئاھ ئۇرۇپ، نالە قىلىپ، ھېلىقى يىگىتكە ھەمراھ بولۇپ يېتىۋەردى.

ئۇ يىگىت ئوتتۇرا بوي، قارا قاش، ئاقپىشماق، دوغىلاق يۈز ئىدى. يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدا كۆرۈنەتتى. ئۇ گەپ قىلمايتتى. پەقەت كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ تورۇسقا قاراپلا ياتاتتى. ئەنجانباي گەپ سورىسا، ئۇ «بىلمەيمەن» دېگەندەك بېشىنى ئۇيان ـ بۇيان چايقاپ قوياتتى. سوراققا مېڭىپ چىقىپ كېتەتتى، لېكىن، سوراقتىن يانغاندا ئۆزى ماڭالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئىككى ژاندارما دارقىرىتىپ سۆرەپ ئەكىرىپ تاشلايتتى. ئۇ بىھوش ھالدا خېلى ئۇزاققىچە كۆزىنى ئاچالماي ياتاتتى. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى تاياق زەربىسىدىن پەيدا بولغان يارىلار كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ، يوغىناپ، يىرىڭداپ كەتتى. ژاندارما، دورغىلارنىڭ كارى بولمىدى، ئۇ مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ھالدا خېلى ئۇزاق يېتىپ قالدى. كېيىن ئاۋۇت ئاتا باشلاپ كەلگەن تېۋىپلارنىڭ دورىلىرى ئۇنىڭ يارىلىرىغا شىپا بولۇپ ساقىيىشقا باشلىدى. لېكىن، تېنى بەكلا ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن، يۆلىنمىسە ئورنىدىن تۇرالمايتتى. ئۇيان ـ بۇيان ماڭالمايتتى. كېيىن گۇندىپايلار تېۋىپلارنى كىرگىلى قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى.

ئەنجانباينىڭ ئۇنىڭغا پايپېتەك بولۇپ كۆيۈنۈشى، ئۇستىخانلىرىنى تۇتۇپ، ئۇۋۇلاپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بېشىدىن

ئۆتكەن ئىچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىشى ئۇ يىگىتنى تەسىرلەندۈردى بولغاي، شۇنىڭدىن كېيىن ئەنجانباي گەپ سورىسا جاۋاب بېرىدىغان، بەزىدە تېخى ئۆزىمۇ ئۇنىڭدىن ئۇنى ـ بۇنى كوچىلاپ سورايدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ئىككىسى مۇڭدىشىپ ئولتۇرغاندا، ئۇ يىگىت تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭدىن سوراپ قالدى:

— تۈرمىدىن چىقسىڭىز نېمە ئىش قىلىسىز؟

— دۈشمەنلىرىمدىن ئىنتىقام ئالىمەن!

— سىزنىڭ دۈشمەنلىرىڭىز كىملەر؟

— كىم بولاتتى، ئاشۇ زومىگەرلەر ھەم ئۇلارنىڭ ئارقا تىرىكى ھۆكۈمەت بولمامدۇ!

— ئۇلاردىن ئىنتىقامىڭىزنى قانداق ئالىسىز؟

— بىرى ئۈچىرىسا بىرنى، ئىككىسى ئۈچىرىسا ئىككىنى، ئۈچىنى تېپىۋالسام ئۈچىنى، ئىشقىلىپ، دۈشمەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلايمەن!

— قانداق ئۇجۇقتۇرىسىز؟

— كۈچۈم، كاللام، كالتەك ـ توقماق، پىچاق، قىلىچ، مىلتىق بىلەن! شۇ تاپتا «ھايت!» دېسەملا ئەللىك ـ ئاتمىش ئاغىنەم يېنىمغا ھازىر بولىدۇ. بۇلۇڭ ـ پۇچقاق، تاغ ـ داللاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ دۈشمەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىپ قىساس ئالىمەن. ناۋادا كۈچىمىز يەتمەي قالسا، ئاغىنىلىرىمنى باشلاپ ئېلى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىمەن. شۇغىنىسى بىزگە قورسىقىدا ئۇمىچى بار، كاللىسى سەگەك بىر باشلامچى بولغان بولسا بەك ئوبدان بولاتتى. بىز مەيدانغا چۈشسەكلا، ئۇنداق ئادەممۇ تېپىلىپ قالىدۇ دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىمەن. ئىسىت! شۇنداق ئادەم تېپىلسا مۇرادىمغا يېتەتتىم.

يىگىت ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇلار ئەتىسى يەنە مۇڭدىشىپ قالدى. لېكىن، يىگىتنىڭ ھالى خېلى پەس ئىدى. ئىنجىقلاپ ھاسىرايتتى، گېلى غىژىلداپ،

خىرقىراپ تۇرۇپ ئاران ـ ئاران سۆزلەيتتى:

— ئەمدى سىزگە ئىشەندىم، سىزنى چۈشەندىم. قەلبىڭىز پاك ئىكەن، ۋىجدانلىق ئىكەنسىز، ئىنقىلاب قىلىشقا ئىنتىلىدىكەنسىز، شۇنداق، ئازادلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، جەڭ قىلىش كېرەك! جەڭ! پەقەت كۈرەش، جەڭلا بىزنى قۇتقۇزۇپ يورۇقلۇققا چىقىرالايدۇ. كۈرەش! ئۇنىڭدىن باشقىسى ھەممىسى قۇرۇق گەپ، ئاقمايدۇ! مەنمۇ ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈن ئىلىدىن بۇ يەرگە كەلگەنىدىم. ئىسىت ـ ئىسىت، مەقسەتكە يېتەلمىدىم! «قوچقار» مېنى سېتىۋەتتى! تۇتۇلۇپ قالدىم. ئەسلىدە بىز ئون ئادەم ئىدۇق. سودىگەر سىياقىدا ياسىنىپ يۇرۇپ ھەرىكەت قىلاتتۇق. كىشىلەرنى ئىنقىلاب قىلىشقا قوزغاش ئۈچۈن تەشۋىق قىلاتتۇق. لېكىن، بىر ـ بىرىمىزنى تونۇمايتتۇق، بىلمەيتتۇق. ھەرقايسىمىز ئۆز ئالدىمىزغا ئايرىم ـ ئايرىم ھەرىكەت قىلاتتۇق. بىز پەقەت بىزنى بۇ تەرەپكە ئەۋەتكەن باشلىقىمىزنىلا تونۇيتتۇق. ئۇ ماڭا: «سىلەر ئون ئادەم، ھەممىڭلارنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ۋەزىپىسى بار» دېگەنىدى. جامالىدىن تاشقورغانغا كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇ يەرگە كەتكەنلىكىنى مەندىن باشقا ھېچ كىشى، ھەتتا «قوچقار»مۇ بىلمەيتتى. ئون ئادەمنىڭ ئىچىدە مۇشۇ ئۈچىمىزلا بىر ـ بىرىمىزنى تونۇيتتۇق. قوچقار يوقىلىپ كېتىپ ئون كۈندىن كېيىن مېنى تۇتتۇرۇۋېلىشتى. «باشقا ئەزالارنى تېپىپ بەر» دەپ كۈندە قىيىنايدۇ! بىلمەيمەن دېسەم، سادىن سېنى «ھەممىنى بىلىدۇ، تونۇيدۇ» دەيدۇ دەپ مېنى قىيىناۋاتىدۇ. ئۇلار ھەتتا سادىنىڭ مەخپىي نامى قوچقار ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىۋاپتۇ، — تۈن يېرىم بولغانىدى. جىنچىراغ كامېرنىڭ ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. يىگىت بىردەم دېمىنى ئېلىۋېلىپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، — سىز تۈرمىدىن بالدۇرراق چىقىپ كېتىشنىڭ يولىنى قىلىڭ. جامالىدىننى ئىزدەپ تېپىڭ، ئۇنىڭغا مەن دېگەن ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىڭ. باشقىلارنى

خەۋەرلەندۈرۈپ قويسۇن، پەخەس بولسۇن، جامالىدىن ئېگىز بويلۇق، قاڭشارلىق، گەۋدىلىك ئادەم. سەل ئاقسايدۇ، سىز ماۋۇ تۈگمىنى، — ئۇ چاپىنىنىڭ يۇقىرىقى بىرىنچى تۈگمىسىنى قولى بىلەن كۆرسەتتى، — كۆرسەتسىڭىز ئۇ سىزگە ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭدىمۇ خۇددى مۇشۇ تۈگمىگە ئوپمۇئوخشاش تۈگمىدىن يەنە بىرى بار. مېنىڭ ئىسمىم تۇرغۇن. تاشقورغاندا يېقىندا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ، شۇ چاغدا ئۇنى تېخىمۇ ئاسان تاپالايسىز، هەي ... ئىسىت ـ ئىسىت! ئاشۇ ئۇلۇغ كۈنلەرنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم. ئاھ! خۇدا. قېنى ئەمسە تۈگمىنى ئۈزۈۋېلىڭ. بۇ تۈگمە بىزنىڭ بەلگىمىز.

ئەنجانباي ئۇ كۆرسەتكەن تۈگمىنى ئاستا سۆكۈۋالدى. بۇ تۈگمىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ناهايىتى ئىنچىكە سىزىلغان تۈگۈلگەن مۇشتنىڭ سۈرىتى بار ئىدى، ئۇ سۈرەتنىڭ ئاستىدا «ئازادلىق» دېگەن خەت بولۇپ، جىنچىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا سۇس كۆرۈنۈپ تۇراتتى، شۇ ئارىدا چىراغنىڭ يېغى تۈگەپ ئۆچۈپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن يىگىت خارت ـ خارت خارتىلداپ جىمىپ كەتتى. ئەنجانباي ئۇنى ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. لېكىن ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنىڭ تىنىقى توختاپ، تېنىنىڭمۇ سوۋۇپ قېتىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ، داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى بىر دورغا ئەنجانبايغا بۇيرۇق قىلدى:

— كۆدە ـ كۆرپىلىرىڭنى يىغىشتۇر!

— ھەممىنى؟

— ئۆزۈڭنىڭكىنىلا!

— نەگە بارىمىز؟

— ھېلى بىلىسەن.

ئەنجانباي گاڭگىراپ قالدى: نېمە ئىش بولغاندۇ؟ مېنى يالغۇز قەيەرگە ئاپىرىدىغاندۇ؟ بۇ يېقىنلاردا بىرەر ئىشنىڭ

شەپىسىمۇ بولمىغان، يا ئۇنداق ـ يا مۇنداق بولمىش دېگەندەك مىش ـ مىش گەپ ـ سۆزلەرنىمۇ ئاڭلىمىغان، ئاۋۇت ئاتىمۇ ھېچنېمە دېمىگەنىدى.

ھېلىقى دورغا ئۇنى ئالدىغا سىلىپ دەرۋازا ئالدىغا ئېلىپ چىقتى:

— ھە، ئەمدى بولدى، سىلى بوشاندىلا، ئۆيلىرىگە كەتسىلە بولىدۇ. خوش.

ئەنجانباي تېخىمۇ گاڭگىراپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھامان بىر كۈنى تۈرمىدىن بوشىنىپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. لېكىن، بۇنداق تۇيۇقسىزلا قويۇپ بېرىلىشىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ بىرھازادىن كېيىن خۇددى چۆچۈگەندەكلا:

— بېگىم توختىسىلا، ئىجازەت قىلسىلا، مەھبۇسلار بىلەن خوشلىشىۋالاي، — دېدى.

— ياق بولمايدۇ، بەلگىلىمە شۇنداق. خۇداغا شۈكۈر دەپ يوللىرىغا راۋان بولسىلا، ئادەمگەرچىلىكنى بىلسىلە، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمغا، يەنە ئاۋۇ، — ئۇ شەرەتلەپ تام تەرەپنى كۆرسەتتى، — ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرىگە سالام ـ رەھمەت دېسىلە بولىدۇ.

ئەنجانباي دورغا كۆرسەتكەن تام تەرەپكە قارىدى، دېگەندەك بىر ياندا زۇنۇن ئەپەندى بىلەن قاسىمباينىڭ ئۇچ ئاتنى يېتىلەپ، ئۇنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ھال ـ ئەھۋال سوراشتى. ئاتلارغا مىنىپ، گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر مۇڭداشقاچ مېڭىپ، سەمەن تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. يول بويىدىكى ئېتىزلىقلاردىكى سارغايغان بۇغداي باشاقلىرى يازنىڭ ئىسسىق غۇر ـ غۇر شامىلىدا يەلپۈنەتتى.

# ئون يەتتىنچى باب

# جامالىدىن، سىز قەيەردە؟

1945 ـ يىلى ياز پەسلى.

ئەنجانباي تۇرمىدىن چىققان كۈنى قاسىمباينىڭ ئۆيىدە پەقەت بىر كېچىلا قوندى، مۇڭداشتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ مۇڭدىشىدىغان يۈرەك سۆزلىرى تېخى تۈگىمەستىنلا تاڭ ئېتىپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئەتىگەندىلا ئالدىراش يولغا چىقتى. قاسىمباي زورلىسىمۇ، خاپا بولسىمۇ، يەنە بىر كېچە قونۇپ بېرىشكە زادىلا ئۇنىمىدى، ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ ئاتقا مىنىۋالدى. قاسىمباي ئىلاجسىز قېلىپ، كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا ئۆزىنىڭ بۇ جاھىل ئاغىنىسىنى ئۇزىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئەنجانباي شۇ كۈنى ئاخشىمىلا ئوپالغا كېلىپ بولدى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدىمۇ بىر كېچىلا قونۇپ، قاق سەھەردىلا ئۇلار بىلەن خوشلاشتى ـ دە، تاشقورغانغا قاراپ يولغا چىقتى. ئاتا ـ ئانىسى خاپا بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى:

ـــ ھوي بالام، ئۇنداق قىلما، كەتمە، تۇرمىدە ئۈچ يىلغىچە تازا ئازاب تارتتىڭ، ئەمدى ئۆز ئۆيۈڭدە بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ ئارامخۇدا يېتىپ، ئوبدان ئارام ئېلىۋالغىن. ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنە، تونۇش ـ بىلىشلەر بىلەن كۆرۈشۈۋالغىن، ئۇلار سېنى خوپ سېغىندى.

ـــ تېخى ئاخشاملا كەلدىڭغۇ؟ شۇ تاپتا يەنە كېتىمەن دېسەڭ تازا قاملاشمايدۇ جۇمۇ.

لېكىن، ئۇنىڭ توسۇۋالغانغا توختايدىغان ئۇنداق «ماقۇلچى» ئادەم ئەمەسلىكى ھەممىگە ئايان ئىدى. ئۇ ئانچە ئاسان ياق

دېمەيتتى. لېكىن، ئۇ ياق دېدىمۇ بولدى، ھەرگىزمۇ ماقۇلغا كەلتۈرۈشكە بولمايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاشۇنداق جاھىل مىجەزى يەنە قوزغالدى ـ دە، ئاتا ـ ئانىسىغا قاراپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

ــ رەھمەت، بولدى. ئەمدى مېنى توسماڭلار، بەك زۆرۈر ئىشىم بار ئىدى.

ــ ئۇنىڭ ئۇستىگە ھاۋا ـ جاھان بەك ئىسسىپ كەتتى. ئېھتىمال كەلكۈن كېلىپ تاغ يوللىرىنى بۇزۇۋەتكەن بولسا، ماڭالماي قالارسەنمىكىن، بىزنى ئەنسىرىتتىپ.

ــ خاتىرجەم بولۇڭلار، يول تېپىلىدۇ. مېنىڭ ئىسسىقىم بۇنداق ئىسسىقنى بېسىپ چۈشىدۇ، شۇ تاپتا مەن قىزىپ ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتىمەن. دوزاخنىڭ ئوتىدىنمۇ قورقمايمەن!

دېگەندەك، تاغدىن كەلگەن كەلكۈن سۇيى يوللارنى بۇزۇۋەتكەنىدى. ئەنجانباي ئۇيان ئايلىنىپ، بۇيان چۆرگىلەپ يۈرۈپ تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ، دەريا ـ جىلغىلاردىن كېسىپ ئۆتۈپ، بىر ھەپتە يول يۈرۈپ ئاران تەسلىكتە تاشقورغانغا يېتىپ كەلدى ـ دە، جامالىدىننى ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى.

تاشقورغان قاتمۇقات گىرەلىشىپ كەتكەن، خۇددى تىقما ـ تىقماق بولۇپ چۆرگىلىشىپ يېتىشقان تۆگە پادىلىرىدەك ئېگىز ـ پەس كۆرۈنىدىغان تاغ تىزمىلىرى ئارىسىغا جايلاشقان، بازىرى كىچىك، يۇرت ـ مەھەللىلىرى شالاڭ، لېكىن، يايلاقلىرى پايانسىز كەڭرى، توختىماي سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان دەريا ـ جىلغىلىرى خۇددى قان تومۇرلاردەك بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن، بوران ـ چاپقۇنلۇق، چاڭ ـ توزانلىق، سوغۇق شامال چىقىپ تۇرىدىغان زېمىن ئىدى. ئەنجانباي جامالىدىننى ئىزدەپ بۇ پايانسىز زېمىندىكى سېرىقتاش، قوزغۇن، سارجىلغا، تىزناپ، تاغارما، دەپتەر، كۆكيار، ۋەچە، بەلدىر، قوغۇشلۇق، مەرياڭ، داتۇڭ، بۇرۇمسالالارنى ئارىلىدى، ئېگىز تاغلاردىن ئاشتى، چوڭقۇر دەريا، جىرا ـ جىلغىلاردىن ئۆتتى، پايانسىز يايلاقلارنى

كەزدى. قوي، قوتاز، تېرە، قار لەيلىسى، قانتېپەر، لاچىندانە، مېھرىگىياھلار سودىسى قىلغان بولۇۋېلىپ، كىشىلەرگە سەپسالدى، گەپ - سۆزلەرگە قۇلاق سالدى، ھەتتا تۇرغۇنىنىڭ دىگىنى بويىچە جامالىدىنىنىڭ رەڭگىرويىنى سۈرەتلەپ بېرىپ، مۇشۇنداق بىر ئادەمنى كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ باقتى. لېكىن، جامالىدىنىنىڭ دېرىكىنى زادىلا ئالالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ جامالىدىن ئىكەنلىكىنى، ئىلىدىن بۇ تەرەپكە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا كەلگەنلىكىنى ئېغىزدىن چىقىرىشقا ھازىرچە بولمايدىغانلىقى ئەنجانبايغا ناھايىتى ئايان ئىدى: «ياق، ئۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ناۋادا شۇنداق قىلىپ سالىدىغان بولسىلا، شۇ كۈنلەردە ئىلى تەرەپتىن بۇ تەرەپلەرگە كەلگەن ئىنقىلابچىلارنى لالما ئىتلاردەك پۇراپ ئىزدەپ يۈرگەن دۈشمەنلەر بىلىپ قالىدۇ!»

بىر كۈنى ئۇ تاشقورغان بازىرىدا كىشىلەرگە سىنچىلاپ يۈرگەندە، ئالدى تەرەپتىن ئون نەچچە ئاتلىق ئەسكەر ئىككى تۆگە ھارۋىسىنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېلىپ قالدى. ئۇ شۇنداق قاراپلا ھارۋىلارغا لىق ئوۋ مىلتىقلىرى بېسىلغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ھارۋىلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈز - كۆزلىرى يېرىلغان، كۆكەرگەن، بەزىلىرى ئاقسىغان، يەنە بەزىلىرى قوللىرىنى بويۇنلىرىغا ئېسىۋالغان ھالدا يىگىرمە - ئوتتۇزدەك ئادەم ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئەنجانباي «بۇ بىچارىلەرگە نېمە بالا - قازا كەلگەندۇ؟ مىلتىقلار ئاشۇلارنىڭ ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، يىگىرمە - ئوتتۇز قەدەم نېرىدا ئۇلارغا ئەگىشىپ ئاقساپ كېلىۋاتقان بىر تاجىك بوۋايغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئەنجانباي ئاستا كېلىپ ئۇ بوۋايغا سالام قىلدى - دە، ئۇنىڭ بىلەن ياندىشىپ بىللە ماڭدى. بېشى بىلەن ھارۋىلارنى شەرەتلەپ كۆرسىتىپ: «بۇ نېمە ئىش؟» دەپ سورىدى.

— نېمە ئىش بولاتتى، — دېدى بوۋاي يۈز - كۆزلىرىدىكى

ياش يۈقىلىرىنى سۈرتكەچ مىڭىۋېتىپ، — تېخىچە ئۇقماپسىز — دە، مىلتىقلارنى يىغىۋالىمىز، دېدى، بەرمىسەك ئۇردى. ئاڭلىساق، تېخى ۋەچىدە ئىككى ئادەمنى ئېتىپ تاشلاپتۇمىش! لەڭزىگە بېرىپ يالۋۇرۇپ باقساق قايتۇرۇپ بېرەرمىكىن، دەپ ئويلاپ ئەگىشىپ كېلىۋاتىمىز. ھەي ... يامان بولدى، بىز ئاشۇ مىلتىققا تايىنىپ ئوۋچىلىق قىلىپ جان بېقىۋاتساق، — بوۋاي شۇنداق دەپلا يىغلاپ سالدى.

ئەنجانباي چۆچۈپ جايىدا توختاپ قالدى: «ئاپلا! چاتاق بوپتۇ. دۈشمەنلەر قوزغىلاڭنىڭ شەپىسىنى سېزىپ قاپتۇ! بولمىسا مىلتىقلارنى نېمىشقا يىغىۋالىدۇ؟! بولمىدى، مىلتىق ئىگىلىرىگە دەرھال خەۋەر قىلىش كېرەك!» ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مىلتىقى بۇلۇڭكۆلدىكى بەگمۇرات دېگەن قىرغىز ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە ئىدى. ئۇ بۇ مىلتىقنى ھەيدەر بايۋەچچىدىن ئۇتۇۋالغانىدى.

بۇ ئىشنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە مانا ھازىر بىرنەچچە يىل بولۇپ قالدى، لېكىن، بۇ ئىش تاكى ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقمىدى. بۇ دەل ئۇ مىلتىق خۇمارلىقىدا تەرەپ - تەرەپلەرگە قاتراپ، تۇزۇكرەك بىرەر مىلتىققا ئېرىشەلمەي كۆڭلى يېرىم يۈرگەن چاغلار ئىدى. بۇ قارا قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇق كۈنلىرى ئىدى. ئۇستىخانلىق، قارىمۇتۇق، كەكە ساقال بىر نوچى يەتتە - سەككىز دەك ئادەمنى ئەگەشتۇرۇپ ئوپال بازىرىغا كېلىپ قالدى. ئۇ جۇمە نامىزىدىن يېنىپ چىققان جامائەتكە قاراپ تۇرۇپ ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— مېنىڭ ئىسمىم ھەيدەر بايۋەچچە، بەگنىڭ ئوغلى بولىمەن. مەن بۇ يەرگە سىلەرنىڭ مەرگەنلىك ماھارىتىڭلارنى كۆرگىلى كەلدىم. ئوپاللىقلار ئۆزلىرىنى قالتىس نوچى مەرگەن ھېسابلايدىكەن دەپ ئاڭلىدىم. نوچىمۇ ياكى پوچىمۇ؟ قېنى بۈگۈن كۆرىمىز! ئاڭلىسام، سىلەرنىڭ ئەنجانباي دېگەن ئادىمىڭلار ئۆزىنى قالتىس مەرگەن ھېسابلاپ، مەيدىسىگە مۇشتلاپ

يۇرىمىش. مەن ئاشۇ مەرگەننىڭ نوچىلىقىنى كۆرمەكچىمەن.

— شەرتى مۇشۇ مىلتىق بىلەن ئوقنى يېگىرمە قەدەم ئارىلىقتىن مىس داچەن پۇلنىڭ تۆشۈكىگە تەگكۈزۈش. ئەگەر دېگەن نىشانغا تەگكۈزەلىسە، مۇشۇ قىممەت باھالىق مىلتىقىمنى ئۇنىڭغا بېرىمەن، ناۋادا تەگكۈزەلمىسە، ئۇنى ئېشەك قىلىپ مىنىپ، مۇشۇ مەسچىت ئالدىدىكى مەيداننى تۆت قېتىم ئايلاندۇرىمەن! بۇ، مېنىڭ پۈتۈن ئوپاللىقلارنى ئېشەك قىلىپ مىنگىنىمگە ئوخشاش بولىدۇ! بۇنىڭغىمۇ ياق دېسە، ئون كالا سېتىۋالغۇدەك پۇل ئالىمەن. شۇ چاغدا ئوپاللىقلارنىڭ پوچىلىقى ئاشكارىلىنىدۇ، يۈزى تۆكۈلۈپ شەرمەندە بولىدۇ! ناۋادا ياق، بولدى، بىز دېگەن ئاغزىمىزدا شەھەر ئالىدىغان، قولىمىزدىن ئىش كەلمەيدىغان، پۇلىمىز يوق، قىزىل شەلپەر ئىشتان كىيىپ يۈرۈشكە لايىق پوچىلارمىز، مەيدانغا چۈشمەيمىز، يېڭىلگەنگە تەن بېرىپ پۇل تۆلەيمىز، قىزىل شەلپەر ئىشتان كىيىپ، ئېشەك قىلىپ مىنىشكە رازىمىز دېسەڭلارمۇ مەيلى. قېنى ئىككىسىدىن بىرىنى تاللاڭلار، ئىختىيار ئۆزۈڭلاردا!

ئوپاللىقلار ھەيران قالدى، بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپلا قېلىشتى: بۇ نائەھلىنىڭ گېپىگە قارىغاندا، مەيدانغا چۈشمەي پۇل تۆلىسىمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە تېخى ئېشەك قىلىپ مىنىشكە رازى بولۇپ تۇرۇپ بېرىدىكەنمىز. ۋاي خۇدايىم، جاھاندا تېخى مۇنداقمۇ بىشەملىك، رەھىمسىزلىك بولىدىكىنا؟! بوپتۇ، مەيدانغا چۈشسۇن دەيلى دېسە، تېخى بولمايدۇ، ئۇ مىس داچەن پۇلنىڭ تۆشۈكى چاشقاننىڭ كۆزىدەك كىچىككىنە تۇرسا، قەدەم ئارىلىقتىن داچەننىڭ ئۆزىنىمۇ كۆرۈش تەس تۇرسا، ئوقنى ئۇ تۆشۈككە قانداق تەگكۈزگىلى بولىدۇ؟ خۇدالىق جاھان بۇ، ناۋادا ئوقنى تۆشۈككە تەگكۈزەلمەي قالسا، ھەممىمىز ئېشەك دېگەن نام - ئاتاقتا قالىمىز. ياق، چۈشمىسۇن دېگىلى تېخى بولمايدۇ. پوچى، قورقۇنچاق دېگەن سەت بەتنامغا قېلىپ، شەرمەندە بولىدۇ، يۈزى تۆكۈلىدۇ. بۇ

ئـوپاللـىقلار ئۇچۇن نـومۇس ! تەگـكـۈزەلمىدى دېگەندىـن كـۆرە، مەيدانغا چۈشكىلى ئۇنىمىدى دېگەن ئـاتاققا قـالىشىمۇ مەيلى، بـۇ گـۈيىنـىڭ خـورلـىشـىغـا قـاراپ تـۇرامـدۇق؟ ! تـازا ئـەدەپـلـەپ قوغلىۋېتىش كېرەك !

دەل شۇ چاغدا ئەنجانباي ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭ غەزەپتىـن چىشلىرى غۇچۇرلايـتتى، بۇرۇتلىرى لـىك - لـىك تـىتـرەيتتـى. باشقا چاغلار بولىدىغان بولسا، ماھىماي كۆرۈڭ تامـاشىنى ! ئـادەم خورلايدىغان بۇ مۇنـاپىقنـى شۇ تاپتـا ئۇ تازا ئەدەپلەپ ئوبـدانـلا دەككـىسىنـى بېرىپ، كـۆتىگە تېپىپ قـوغلـىۋەتكەن بولاتتـى. لېكىن، ئۇ بۇ قېتىم ئوپاللـىقلارنـىڭ يۈز - ئابرۇيىنى كۆزلـەپ ئۇنداق قىلمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ قولىدىكى مىلتىققا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئىچىدە: «توختا، بۇ نائەھلىنىڭ يـېلىنـى چىقىرىپ، يوغانچىلىقىنى كۆزىگە كۆرسىتىپ قـويـاي» دەپ ئويـلىدى - دە، خورلـۇققا چىـداپ، غەزىپىـنى بېسىـپ، ئۇنـىڭ قولىدىن مىلتىقنى ئالدى.

— گېپىڭ ھېساب - ھە؟ — دېدى ئۇنىڭغا تىكىلىپ قـاراپ، — يېـتىۋالـىدىغان بولـساڭ، مەنمـۇ ساڭا قىـزىل شەلپـەر ئېشـتـان كىيدۈرىمەن. سېنى ئېشەك قىلىپ مىنىپ مۇشۇ مـەيداننى ئـون قـېتىـم ئـايلاندۇرىـمەن. يەنە شـۇنـىمۇ بىـلـىپ قـويغـىنـكـى، ئۇتۇۋالسام، مىلتىقنىمۇ ئالىمەن ھەم سېنى تېخى ئېشەك قىلىپ مىنىمەن، مۇشۇ مەيداننى ئون قېتىم ئايلاندۇرىمەن. ئۇقتۇڭمۇ؟

ھەيدەر بايۋەچچە مەرگەنلىكتە ئوپاللىقلارنى يەرگە قارىتىش، كۆپ پۇل ئۇتۇۋېلىش ئۈچۈن يىگىرمە قەدەم ئارىلىقتىن ئوقنى داچەن پۇلنىڭ تۆشۈكىگە تەگكۈزۈشنى شەرت قىلىپ قويغانىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، بۇنداق ئۇزۇن ئارىلىقتىن ئۆزىنى مەن - مەن دېگەن ھـەرقانداق ئۇستا مەرگـەنمۇ تەگـكـۈزەلمەيـتتى. باشقـا يۇرتـلاردا مۇشۇنداق ئـۇسۇل بىلـەن كىشىـلەرنى خـورلاپ، كـۆپ پۇللارغا ئېرىشىپ، ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرگەن چاغـلاردا بىـرەرمۇ مەرگەن بـۇنداق يىگـىرمە قەدەم ئـارىلىقتىـن ئـەمـەس،

بەلكى ئۇن بەش قەدەم ئارىلىقتىنمۇ تەگكۈزەلمەي ئىمزا ـ ئاھانەتكە قېلىپ نۇرغۇن پۇل تۆلەپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ بۈگۈن ھېچقانداق ئىككىلەنمەيلا يۈز تىللاغا ئالغان بۇ مىلتىقنى دوغا تىكتى:

— بولدۇ! — دېدى ئۇ كىشىلەرنى خورلاش، پۇلغا تەشنا بولغان كۆڭلىنى قاندۇرۇش تەمەسىدە كۆرەڭلىك بىلەن مەيدىسىگە مۇشتلاپ، — گېپىم ھېساب! ئاش ـ ناننى ئېغىزىمىزدا يەيمىز، گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ، لەۋزىمىز لەۋزە! — ئۇ شۇنداق دەپلا بىر توپ سۆۋادان تېرەكنىڭ ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى جايىغا بىر دانە مىس داچەن پۇلنى بىرنەچچە تال مىخ بىلەن چۆرىدەپ مىخلاپ بېكىتتى ـ دە، يوغان ـ يوغان چامداپ ئۇ تېرەكتىن يىگىرمە قەدەم نېرىغا تاياقتا جىجىلاپ بىر سىزىق سىزدى. ئاندىن ئەنجانبايغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ ئېيتتى، — ئېشەك بولغۇڭىز كەلگەن بولسا، قېنى باشلاڭ! ئارىلىق مانا مۇشۇ.

ئەنجانباي گەپمۇ قىلماي مىلتىقنى قولىغا ئالدى. خېلى ئۇزۇن سىنچىلاپ قاراپ قارىغا ئالدى ـ دە، «بىسمىللا» دەپ تەپكىنى شاققىدە بېسىۋەتتى. گۈم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇ تېرەك سەل ـ پەل لىڭشىغاندەك بولدى. «ۋاي خۇدايىم، خۇدا ئۆزۈڭ مەدەت قىلغايسەن» دەپ ئەنسىرەپ، دەككە ـ دۈككىدە تۇرۇشقان جامائەت شۇ ھامان گۇررىدە كېلىپ تېرەككە مىخلانغان داچەن پۇلنىڭ تۆشۈكىگە قاراشتى.

ياھ، خۇدايىم مەدەت قىلىپ مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ! دېگەندەك، ئوق جامائەتنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەكلا ئۇ مىس داچەن پۇلنىڭ دەل تۆشۈكىدىنلا كىرىپ كەتكەنىدى. مىلتىق ئەنجانبايغا قالدى. لېكىن، ئۇ ھەيدەر بايۋەچچىنى ئېشەك قىلىپ مىنمىدى. جامائەت خۇشال بولۇپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا غۇلغۇلا قىلىشىپ قالدى:

— ياق، ئەنجانباي ئۇنداق ئىپلاس ئادەم ئەمەس، ئادەمنى

ئۇنداق ئېشەك ئورنىدا كۆرمەيدۇ.
— شۇنداق، ئۇ بىزنى ھەرگىز يەرگە قاراتمايدۇ!
ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن يۇرتىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەردىن خالىي راق تۇرۇش ئۈچۈن ھېلىقى مىلتىقنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، تاغلاردا ئوۋ ئوۋلاپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈردى. بىر قېتىم بىر ھەپتىدىلا كېيىكتىن بەشنى ئوۋلىدى. بىرىنى بەگمۇراتقا قالدۇرۇپ، قالغىنىنى ئاتا - ئانىسىغا ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ئاتقا ئارتىپ ئۆيالغا قاراپ يولغا چىقتى. لېكىن، ئات بۇ ئېغىر يۈكلەرنى كۆتۈرەلمەي ئىنجىقلاپ قالدى. ئەسلىدە ئۇ ئوۋ ئىشتىياقىدا ئۆيالغا بېرىپلا يەنە قايتىپ كەلمەكچىدى. شۇڭا، يۈكنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، بەزى لازىملىق لاقا - لۇقىلىرى بىلەن مىلتىقىنىمۇ قالدۇرۇپ قويۇشقا توغرا كەلدى. لېكىن، كىم بىلسۇن؟ ئۇ ئۆيالغا كېلىپ تېخى بىرنەچچە كۈن ئۆتەر - ئۆتمەيلا تۇرمىگە قامىلىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بەگمۇراتنىڭ ئۆيىگە بارالمىدى. مانا ئەمدى بارمىسا بولمىدى. «كىشىلەر ئەسكەرلەرنىڭ مىلتىق يىغىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپسۇن، مىلتىقلىرىنى ئۆبدان يوشۇرۇپ قويسۇن. مانا ئەمدى مىلتىق تازا ئەسقاتىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى!»

*                    *                    *

ئەنجانباي بۇلۇڭكۆلگە كېلىپلا بەگمۇراتنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ئۇلار كۆرۈشمىگىلى تۆت يىلدىن ئاشقانىدى. بىر - بىرى بىلەن خۇددى بىرتۇغقان ئاكا - ئۇكىلاردەك قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ كۆرۈشتى. ھال - ئەھۋال سوراشتى. ئەنجانباي تۈرمىنىڭ خۇددى قاباھەتلىك چۈشتەك ئېچىنىشلىق تۇرمۇش ھاياتىنى بايان قىلىپ بەردى. بەگمۇراتنىڭ قىسىق كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالدى:
— سەن بىلەن ئۇزاقتىچە كۆرۈشەلمىدىم. ئىز - دېرىكىڭنىمۇ ئالالمىدىم. كېيىن تۈرمىگە قامىلىپ

قالغانلىقىڭنى ئاڭلىدىم. قانچە قېتىم سىزنى يوقلاپ كېلەي دەپ ئويلىدىم. لېكىن، يالغۇزلۇق قىلىپ قالدىم. مەن بىقىۋاتقان ماللارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ ماللىرى بولغانلىقتىن تاشلاپ كېتەلمىدىم، قەشقەرنىمۇ بىلمەيمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغلۇم شىخاي ھاشارغا تۇتۇلۇپ قالغىلى بىر يىلدىن ئاشتى، ھازىرغىچە قويۇپ بەرمەي ئىشلىتىۋاتىدۇ. ھەي ! ... كۈن ئالماق مۈشكۈللىشىپ كەتتى ! خۇدا بۇيرۇپتىكەن، ھەرنېمە بولسا بىز يەنە كۆرۈشتۇق.

— ھاشار؟ بىر يىلغىچە تۈگىمەيدىغان قانداق ھاشار ئىكەن ئۇ؟

— قانداق ھاشار بولاتتى؟ ئەسكەرلەرگە گازارما ياسايدىغان ھاشار بولمامدۇ !

— ئەنجانباي ئاكا، — دېدى شىخاي ئۇنىڭ مىلتىقىنى سۈرتۈپ ئولتۇرۇپ، — تاشقورغانغا بىرەر زۆرۈر ئىش بىلەن بارغان ئوخشايسىز - ھە؟ بولمىسا تۇرمىدىن بوگۇنى چىقىپ، ئەتىسىلا بۇنداق ئالدىراپ ئالمان - تالمان تاشقورغانغا چاپمايتتىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— ھەئە، بىر ناتونۇش ئادەمنى ئىزدەپ. ئاڭلىسام، ئۇ كاتتا باي سودىگەرمىش، ئۇنىڭ بىلەن شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلايمىكىن دەيمەن. شۇغىنىسى ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان، لېكىن ئۆزىنى كۆرمىگەن. ئۇنى ئىزدەپ بارمىغان جاي قالمىدى، تاپالمىدىم.

— ھە، مۇنداق دەڭ، بىزنىڭ بۇ تەرەپلەرگىمۇ سودىگەرلەر كېلىپ تۇرىدۇ، سىز ئىزدىگەن ئادەمنى ئۇچرىتىپ قالساملا مەن سىزگە خەۋەر قىلاي. ئىسمى نېمە ئىكەن ئۇ ئادەمنىڭ؟

— جامالىدىن.

— جامالىدىن؟

— ھەئە، جامالىدىن.

— سودىگەر؟

— شۈنداق، كاتتا سودىگەر.

شىغاي ئېگىز قىغان ھالدا ئەنجانبايىنى بۇرۇن كۆرمىگەندەك، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشمايدىغاندەك، ئۇنى خۇددى ھازىر كۆرۈۋاتقاندەكلا ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ تۇرۇپ قالدى. بىرھازادىن كېيىن:

— ئېسىت، سىز دېگەن ئۇ ئادەمنى مەن كۆرگەن بولسام، سىزگە دەپ بېرەتتىم، كۆرمەپتىكەنمەن، — دەپ بىردەم جىمىپ كەتتى.

— نېمە بولدۇڭ، ئولتۇرۇپلا قالدىڭغۇ؟

— ھەئە، ۋاي ياقەي، سىزنىڭ بۇ مىلتىقىڭىززە، كارامەت ئوبدان جۇمۇ، مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈپ خېلى ئۇستا مەرگەن بولۇپ قالدىم. سىزدەك ئوقنى داچەننىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزەلمىسەممۇ، ھەرھالدا كېيىك، بۆرىلەرگە تەگكۈزەلەيدىغان بولۇپ قالدىم.

— بەللى - بەللى، تازا ئوبدان بوپتۇ. ئۇستا مەرگەن بولغاندىلا دۈشمەننى ئاسان جايلىغىلى بولىدۇ. مەرگەنلىك ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان پەيت كەلدى. يارايسەن يىگىت.

— پەيت، قانداق پەيت ئۇ؟

— ۋاقتى كەلگەندە بىلىسەن، ئاز قالدى.

شىغاي ئېگىكىنى يۆلەپ بىرھازا ئولتۇرۇپ كېتىپ تۇيۇقسىزلا كۈلۈپ سالدى:

— ھى - ھى - ھى... سىزمۇزە، بوشاڭ ئادەم ئەمەس ئىكەنسىز جۇمۇ. «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» تىجارىتىگە چۈشىدىغاندەك ئوخشايسىز.

— قانداق دەيسەن؟

— تىجارەتچى دېگەن سودىنىڭلا گېپىنى قىلىدۇ، سىزدەك دۈشمەننى يوقىتىش، مىلتىقلارنى ئوبدان ساقلاش، مەرگەنلىك ماھارىتىنى پۇختىلاش دېگەندەك ئۇنداق جان بىلەن ئوينىشىدىغان گەپلەرنى قىلمايدۇ. ھەي ئەنجانباي ئاكا، قويۇڭا سىزنى،

چاندۇرۇپ قويدىڭىز، گېپىڭىزدىن غەرىزىڭىز ئاشكارىلىنىپ قالدى، مېنى ئۇنداق دۆت چاغلىماڭ، لىللا نان تېگىدىغان گەپنى قىلساق، سىزنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش غەرىزىڭىز بار ئىكەن. ھېلىقى جامالىدىن دېگەن ئۇ ئادەمنى چوقۇم تېپىڭ، ئۇبدان ئىزدىسەڭ چوقۇم تېپىلىدۇ.

ئەنجانباي ئالدىرايتتى. ئۇ شۇ ئاخشىمىلا ئاتا ـ بالا ئىككىسىگە تاشقورغاندا كۆرگەن ئەسكەرلەرنىڭ مىلتىق يىغىۋاتقانلىق ئەھۋالىنى يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بەردى. ئاخىرىدا ئۇ:

— ھۆكۈمەت مۇشۇ يېقىندا تاشقورغاندا بىرەر ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قاپتۇ. بولمىسا ئۇۇ مىلتىقلىرىنى نېمىشقا يىغىۋالىدۇ؟! شۇڭا، مىلتىقى بارلارغا دەرھال خەۋەر قىلىڭلار، ئۇلار ئۇۇ مىلتىقلىرىنى پۇختا يوشۇرۇپ ئوبدان ساقلىسۇن، — دەپ تاپىلىدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ مىلتىقىنى تېرىگە يۆگەپ قوتاندىكى قىغنىڭ ئاستىغا كۆمدى. ئەتىسى ئەتىگەندە شىغاي كۆرۈنمىدى، ئەنجانباي ئىلاجسىز پەقەت بەگمۇرات بىلەنلا خوشلىشىپ يولغا چىقىپ كەتتى.

*          *          *

ئالا ئايغىر لەرزان يورغىغا چۈشتى.

ساپ ھاۋالىق، تىپتىنچ، مېھرى ئىسسىق، جانغا راھەت، تەنگە شىپالىق بۇ كەڭرى زېمىننىڭ خۇددى تىقما ـ تىقما قىستىلىشىپ يېتىشقان مال.پادىلىرىدەك ئېگىز ـ پەس كۆرۈنىدىغان قاتمۇقات تاغ ـ داۋانلىرى، بىر ـ بىرىگە ئەگرى ـ بۈگرى تۇتىشىپ كەتكەن دەريا، جىلغا، كۆللىرى، قىشمۇياز كۆپكۆك كۆكىرىپ تۇرىدىغان قارىغايزارلىقلىرى، شالاڭ مەھەللە، پايانسىز يايلاقلىرى ئۇنىڭغا ئوبدانلا تونۇشلۇق ئىدى. كىچىكىدە ئۇنى دادىسى بۇ جايلارغا تولا ئېلىپ كېلەتتى، تاھىر،

زاھىرلار بىلەنمۇ بىللە كېلىپ ئويىنىغانىدى، قۇرامىغا يەتكەندىمۇ نەچچە قېتىم بۇ جايلاردا چېلىشىشلارغا، ئات بەيگىلىرىگە چۈشكەنىدى. شۇنىڭدىن بېرى بۇ جايلار ئۇنى مەپتۇن قىلىپ ئۆزىگە تارتىپلا تۇراتتى. شۇڭا، كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يولۇقسا، ئۇ بۇ جايلارغا كېلىپ خاراموش ـ غەش كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزاتتى. ئاشۇ قاباھەتلىك يىللاردا ئائىلىسى بىلەن يۇرتىدا يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكلەردىن خالىي بولۇش ئۈچۈن، مۇشۇ تاغ ـ داۋان، دەريا ـ جىلغىلار ئارىسىدا ئوۋچىلىق، تېرىكچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرگەنىدى.

«بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مېنىڭ كۆڭلۈم مۇشۇ يەرلەردە يايرايدۇ. ۋاي ـ ۋۇي، بۇ تاغ ـ داۋان جىلغىلارنى، بۆكتۇرمە قويۇشقا نېمىدېگەن ئەپچىل جايلار بۇ. ئاھ خۇدا، مېنى جامالىدىن بىلەن بالدۇرراق كۆرۈشتۈرگەيسەن !...»

ئەنجانباي بوران، يامغۇرغا قارىماي گەز دەرياسىنىڭ ئېقىن جىلغىلىرىنى بويلاپ مېڭىپ، گەز، ئويتاغ ئاغزى، ئويتاغ، قارا تاش، تاشمىلىق، كاپاتاغ، چالمىرىق، چۇلۇقباشلارنىڭ مەھەللىلىرىنى ئارىلاپ، يايلاقلارنى كېزىپ يۈرۈپ تونۇش ـ بىلىشلىرى بىلەن مۇڭداشتى. ئۇلارغا مىلتىقلىرىنى ئوبدان ساقلاشنى، باشقىلارغىمۇ خەۋەر قىلىپ قويۇشنى تاپىلىدى. ئاندىن ئوپالغا يېنىپ كېلىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن جەم بولدى. ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىپ تاڭنى ئاتقۇزدى. ئۇلارغىمۇ ئوخشاشلا يەنە شۇ گەپنى تەكرار ـ تەكرار تاپىلىدى:

— مىلتىق لازىم بولىدىغان پەيت كەلدى. ئوبدان ساقلاڭلار. باشقىلارنىمۇ خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇڭلار.

ئەنجانباي بۇ قېتىممۇ ئوپالدا ئۇزاق تۇرالمىدى. جامالىدىننى تېپىش تەقەززالىقىدا ئىچى تىتىلداپ بولالماي تاشقورغانغا يەنە كەلدى. بۇ ئادەمنى تاشقورغاندا دېگەنىدى، ئۇنى ئىزدەپ بارمىغان تاغ ـ داۋانلار، دەريا ـ جىلغىلار، پايانسىز يايلاق، شالاڭ

مەھەللە، بازارلار قالمىدى. لېكىن، ھېچقانداق يەردىن ئۇنىڭ دېرىكى بولمىدى ياكى قوزغىلاڭنىڭ كىچىككىنە بولسىمۇ بىرەر تاراق - تۇرۇق شەپىسىمۇ بولمىدى. بۇ قېتىم ئۇ ئىلاجسىز ئۇنى ئىسمىنى ئاتاپ ئىزدەشكە مەجبۇر بولدى.

«مەن بىر سودىگەر شېرىكىمنى ئىزدەيتتىم. ئىسمى جالالىدىن، ئاقساپ ماڭىدۇ. مۇشۇ تەرەپلەردە تىجارەت قىلىۋاتىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم.» لېكىن، ئۇ ئالغان جاۋابلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى: «بىلمەيدىكەنمىز»، «... ئاڭلىمىغان»، «... كۆرمىگەن»، «باشقا جايلاردىن ئىزدەپ بېقىڭ...»

ۋاي خۇدايىم، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئىزدىمىگەن جاي قالمىغان تۇرسا ... ئۇ بىئارام بولۇپ: «جامالىدىن سىز قەيەردە؟ !» دەپ ۋارقىرىغۇسى كېلىپ كەتتى. لېكىن، بۇنداق قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ !

ئۇ تاغ - داۋانلارنى ئايلىنىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز بىر خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدا پاللىدە چاقنىغاندەك بولدى - دە، توختاپ قېلىپ جايىدىلا تۇرۇپ قالدى. بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن، قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، ئۆسكىلەڭ بۇرۇتلىرىنى سىلاپ قويدى: «توغرا، شۇنداق قىلىش كېرەك، ئەمدى ئۇ مېنى ئىزدىسۇن. قوزغىلاڭنى ئالدى بىلەن مەن باشلاي، ئۆزۈمنى ئاشكارىلاي، شۇندىلا ئۇ مېنى ئاسان تاپالايدۇ. بۇ ھامان ماڭىدىغان يول، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ياشاش يولى قالمىدى، قوزغىلىش كېرەك، زۇلۇمنى يوقىتىش ئۈچۈن قوزغىلىش كېرەك، قوزغىلىش !... قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مەرد ئوغلانلارنى توپلىغاچ تۇراي !...» ئۇ شۇ خىياللار بىلەن سۇباش ئارقىلىق يەنە بۇلۇڭكۆلگە كېلىپ بەگمۇرات بىلەن كۆرۈشتى. بۇ قېتىممۇ شىغاي يەنە كۆرۈنمىدى. ئۇنى سورىغانىدى، بەگمۇرات:

— بۇگۈن ئۈچ كۈن بولدى، ئۆيگە كەلمىدى. ئىلگىرىغۇ ھەر

كۈنى ئاخشاملىرى ئۆيگە كېلىپ قونۇپ كېتەتتى. مۇشۇ كۈنلەردە كەلمەيدىغان بولۇۋالدى، نېمە بولدىكىنتاڭ، ھېچ بىلەلمىدىم، — دېدى.

— ئاپلا، چاتاق بولدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدىغان زۆرۈر ئىشىم بار ئىدى.

بەگمۇرات ئاتقا مىنىپ ئوغلىنى ئىزدەپ كەتتى. ئۇ شۇ كەتكەنچە قاراڭغۇ چۈشكەندىلا يەنە ئۆزى يالغۇز قايتىپ كەلدى.

— ھاشارچىلارنى قويۇپ بەرگىلى ئۈچ كۈن بوپتۇ. نەگە كەتتىكىنتاڭ ئۇ بەڭۋاش بالا. ھېچ بىلەلمىدىم، تەخىر قىلماڭ، ئەتىگىچە پەيدا بولۇپ قالار.

1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شەنبە (رامزاننىڭ 2 ـ كۈنى).

شىغاي كېچىسىمۇ پەيدا بولمىدى. ئەنجانباي ئۇنى ساقلىماي تاڭ سەھەردىلا يولغا چىقتى. ئۇ بەگمۇرات بىلەن خوشلىشىپ:

— تاغا، شىغاي پەيدا بولسا دەپ قويسىڭىز. ئۇ مۇجى، موغۇل، بوستانتېرەك تەرەپلەرگە بېرىپ تاھىر، زاھىرلارنى ئىزدەپ تاپسۇن. ئۇلار مەن كېلىپ بولغۇچە يارامىلىق ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ، ئويتاغدا مېنى ساقلاپ تۇرسۇن. مىلتىق، قىلىچلىرىنى ئالغاچ كېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن. مىلتىقلىرىنى ! — دەپ تاپىلىدى.

— بۈگۈنكى سەپىرىڭىز قاياققا؟

— ئوپالغا.

— ئاقيول بولسۇن.

* * *

ئەنجانباي تارىنىڭ داۋانلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر ئالا يارلىقتىن ئۆتكەندە، ئالدى تەرىپىدىكى ئەگرى ـ توقاي چىغىر يولدا يۈك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ پىيادە كېتىۋاتقان

بىرنەچچە ئادەمگە يېتىشىۋالدى. ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ھارغىن چىرايىغا، جۇل - جۇل كىيىم - كېچەكلىرىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى - دە، يۈرىكى پىژژىدە ئېچىشقاندەك بولۇپ كېتىپ شۇ ھامان ئاتتىن چۈشتى. ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— كېلىڭلار ئاغىنىلەر، يۈك - تاقلارنى ئاتقا ئارتايلى، بىردەم بولسىمۇ بىللە ماڭايلى. بۇ يولدا يالغۇز ئادەم زېرىكىپ قالىدىكەن، — دېدى.

يۈك - تاقلار ئاتقا ئارتىلدى. ئۇلار بىلەن بىللە كېتىۋېتىپ گۇڭۇر - مۇڭۇر مۇڭداشتى.

ئۇلار بۇلۇڭكۆلدىكى گازارمىنى ياساشقا تۇتۇلغان ھاشارچىلار ئىكەن، ئۈچ - تۆت يۈزدەك ئادەم ئەسكەرلەرنىڭ نازارىتىدە بىر يىلدەك ئىشلەپ، ئۇ قارغىش تەگكۈر گازارمىنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، ئۆيلىرىگە قايتىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئېگىز بوي، ئۇستىخانلىق، تۇرقىدىن تېخى بالىلىقى چىقىپ تۇرىدىغان بىر يىگىت ئەنجانبايغا تولا سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنى تونۇپ قالدى:

— ۋۇي، بۇ ئەنجانباي ئاكام ئىكەنغۇ، تاس - تاماس قاپتىمەن سىزنى تونۇماي قالغىلى. مەن كىچىكىمدە سىزنى چېلىش سورۇنلىرىدا تولا كۆرەتتىم. ئۇ چاغدا مەن چېلىش خۇمارى ئىدىم، قەيەردە چېلىش بولسا مەنمۇ شۇ يەرگە چاپاتتىم. كېيىن چېلىشقا قىزىقماس بولۇپ قالدىم، كۆڭلۈممۇ سوۋۇپ كەتتى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن ئەنجانباي ھەيران بولۇپ، — يىقىلىپ چۈشۈشتىن قورقتىڭىزمۇ يا؟

— ياقەي، چېلىشىشتا يىقىلىش - يىقىتىش تولا گەپ. لېكىن، مەن باشقىلارنى يىقىتىپ يېڭىۋالساملا تاياق يەيتتىم. يىقىلىپ بەرمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن مەندەك يار - يۆلىكى يوق ئادەملەرنى ئۇلارنىڭ ئادەملىرى تولا ئۇرۇپ چېلىش سورۇنلىرىدىن تەزدۇرۇۋەتتى. مەنمۇ بىزار بولۇپ چېلىش دېسە

نېرى قاچىدىغان بولۇۋالدىم.

— ئاتا - ئانىڭىز ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىز؟

— يوق، يوق، ھېچنېمەم يوق، شۇ تاپتا كېتىپ بارىمەن. لېكىن، نەگە بېرىپ، نەدە توختاشنى بىلمەيمەن.

— يۇرتىڭىز؟

— تاشمىلىق، ئىسمىم يولۋاس.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئەنجانباي ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن ھالدا، — مېنىڭ قېشىمدا تۇرۇڭ. ماڭا ئىنى بولۇڭ، ماقۇل بولسىڭىز ئىنتايىن خۇشال بولىمەن، ناۋادا كېيىنچە مەندىن زېرىكسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ تاللىشىغا ماقۇل بولىمەن، قانداق، ماقۇل بولامسىز؟ بارنى تەڭ يەيمىز.

يولۋاس ئېسەدەپ يىغلاپ سالدى:

— رەھمەت، مىڭ مەرتەم قوشۇلىمەن. ئەمدى مېنىڭ ئاكام — تاغدەك يۆلەنچۈكۈم بار بولدى. ئاھ خۇدا! ھىممىتىڭگە ھەشقاللا! — ئۇ يىغلامسىراپ تۇرۇپ ئەنجانباينىڭ بويىنىغا ئېسىلدى، — رەھمەت ئاكا، ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن.

ئۇلار شۇ ھالدا مۇڭدىشىپ كېتىۋاتقاندا، كۈنپېتىش تەرەپتىكى ئېگىز تاغلار ئارقىسىدىن شامال ئارىلاش قاپقارا بۇلۇتلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئېقىپ كېلىشكە باشلىدى.

— ئاپلا، چاتاق بولدى، ھاۋانىڭ ئەلپازى يامان تۇرىدۇ، يامغۇردا قالىدىغان بولدۇق.

— ئاۋۇ داۋاننىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر كەپە بار ئىدى. ئۇزاق زامانلار بولدى، بۇ تەرەپلەرگە ئۆتمىگىلى، ھېلىمۇ بارمىكىن يولنىڭ بويىدا.

ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئەمدىلا تېخى كەپىنىڭ ئالدىغا بېرىشىغا شۋىرغانلىق يامغۇر خۇددى چېلەكلەپ چاچقاندەك شارىلداپ يېغىشقا باشلىدى. بۇ كەپىنى ئۆز ۋاقتىدا يۇرت مۆتىۋەرلىرى ساۋابلىقنى كۆزلەپ، مۇشۇ چۆل - جەزىرىدە

بوران - چاپقۇن، قار - يامغۇردا قالغانلارنىڭ پاناھلىنىشى ئۈچۈن ئالاھىدە تەييارلىغانىدى.

ئۇلار كەپىدە چاي قاينىمىدەك ئولتۇرۇشتى. لېكىن، يامغۇر توختايدىغاندەك ئەمەس، يەنە ھاۋا گۈلدۈرلەپ، پال - پۇل چاقماق چېقىپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا سىرتتا تۆگىلەرنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ بوزلىغان، كولدۇرمىلارنىڭ كولدۇرۇڭلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. يولۋاس سىرتقا چىقىپ كېتىپ، «تۆت ئاتلىق ئەسكەر ئون تۆگىنى يېتىلەپ قەشقەر تەرەپتىن چىقىپ كېلىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كىردى.

ھېلىقى ئاۋاز تېخى يېقىنلاشماي تۇرۇپلا بىر ئەسكەر كەپىگە بېشىنى تىقىپ كىرىپ كەلدى - دە، ئولتۇرغانلارغا مىلتىقىنى تەڭلەپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— كەپىنى بىكار قىلىش ! دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ يۈك - تاقلىرى كەلدى.

— باشلىق، بىزگە رەھىم قىلسىلا، بىزنى ھەيدەپ چىقارسىلا سىرتتا يامغۇردا قالىمىز. بۇ كەپىگە يۈك - تاقلارمۇ، سىلەرمۇ، بىزمۇ، ھەممىمىز پاتىمىز. يۈك - تاقلارنى بىز ئەكىرىشىپ بېرەيلى، — دېدى يولۋاس ئەسكەرگە يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ.

— چىقمىش دەيمەن ! بىز سەندەك رودۇپايلار بىلەن بىللە تۇرىدىغان قەلەندەرلەردىن ئەمەس، تېز بىكارلاش ! — ئەسكەر شۇنداق دەپ ۋارقىراپلا يولۋاسنىڭ ياقىسىدىن تارتىپ - سىلكىشلەپ ئۇنى سىرتقا سۆرىدى. ئەنجانباي ئارىغا چۈشۈپ:

— ھاي باشلىق، خاپا بولمىسىلا، — دېيىشىگىلا ھېلىقى ئەسكەر.

— ماڭ ئاناڭنى ! — دەپلا مىلتىقىنىڭ پايىنىكى بىلەن ئەنجانباينىڭ پېشانىسىگە كەلتۈرۈپ بىرنى ئۇرغانىدى، ئەنجانباي دەلدۈگۈنۈپ كەتتى ۋە پېشانىسى يېرىلىپ قان جىرغىپ چىقىشقا باشلىدى.

ئەنجانباينى بۇ ھالدا كۆرگەن يولۋاس غەزەپ بىلەن ئۇ

ئەسكەرنىڭ قولاق تۈۋىگە بىر مۇشت تۇرغانىدى، ئەسكەر ئوڭدىسىغا چۈشتى ـ دە، يېتىپ تۇرۇپلا يولۋاسقا قارىتىپ «پاڭ ـ پاڭ» ئىككى پاي ئوق ئاتتى. يولۋاس «ۋاي !» دەپلا مەيدىسىنى تۇتۇپ تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئەنجانباي ئېتىلىپ بېرىپ ئۇ ئەسكەرنىڭ بويىنىغا بىرنى تېپىپلا ئۇنىڭ گېلىغا دەسسەپ تۇرۇپ قولىدىكى مىلتىقنى تارتىۋېلىپ، پاينىكى بىلەن ئۇرۇپ جېنىنى ئالدى.

يولۋاس خارقىراپ تۇرۇپ:

— ئەنجانباي ئاكا، مەن ئۇچۇن ئىنتىقامغۇ ئالدىڭ، لېكىن قاق بالا ـ قازاغا ئۆزۈڭ قالدىڭ، — دەپلا جان ئۈزدى.

شۇ ئارىدا سىرتتا ئادەملەرنىڭ بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ئاياغ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. يىگىتلەردىن بىرى كەپىدىن سىرتقا بېشىنى چىقىرىپ قاراپلا چۆچۈپ كەتتى:

— ئاپلا چاتاق بولدى، ئىككى ئەسكەر بۇ تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەنجانباي شاققىدە بىر تەرەپكە ئۆتتى ـ دە، مىلتىقنى بەتلەپ تەييار تۇردى. ئۇنىڭغىچە ئىككى ئەسكەر كەپە ئالدىغا كېلىپ بولدى. ئەنجانباي ئۇلارنىمۇ ئىككى پاي ئوق بىلەن جايلىۋەتتى ـ دە، «بۇلار يەنە بار ئوخشايدۇ» دېگەن قىياس بىلەن سىرتقا چىقتى. دېگەندەك، بىر ئەسكەرنىڭ ئات چاپتۇرۇپ بۇلۇڭكۆل تەرەپكە قاراپ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى: «ئىم، بۇ مۇناپىق بۇلۇڭكۆلگە بېرىپ ئەسكەر باشلاپ كېلىدىغان بولدى، — بۇ خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدىن غىل ـ پال كەچتى ـ دە، شۇ هامان ئېتىغا مىنىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا باشلىدى، — قېنى سېنىڭ بۇلۇڭكۆلگە يېتىپ بارالىغىنىڭنى كۆرەي !» ئۇ ئەسكەرمۇ چەپەر بىرنېمە ئىكەن، قېچىپ كېتىۋېتىپ ئات ئۈستىدە يانتۇ بولۇپ تۇرۇپ، ئەنجانبايغا قارىتىپ ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ شۇ هالدا قېچىپ ئالدىدىكى تاغنىڭ دوقمىغا يېقىنلىشىۋالدى. ئۇ ئاشۇ دوقمىنىڭ

ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈۋالسىلا، تۇتۇق بەرمەي بۇلۇڭكۆل تەرەپكە ئۆتۈپ كېتەلەيتتى. ئەنجانباي ئۇنى قارىغا ئېلىپ ئىككى پاي ئوق ئاتقانىدى، ئۇ ئەبلەخ ئاتتىن تىك موللاق چۈشتى. ئەنجانباي ئۇنىڭ قورالىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى دوقمۇدىن توساتتىنلا تۇماقلىق، ئاق قالپاقلىق يەتتە - سەككىز دەك ئاتلىق ئادەم قوراللىرىنى كۆتۈرۈشكەن ھالدا چىقىپ كەلدى - دە، ئەنجانباينى كۆزۈپلا تورۇپ قېلىشتى. ئەنجانبايمۇ ئۇلارغا قاراپ جايىدىلا توختىدى. دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى:

— ھوي، ئەنجانباي ئاكا! مەن شىغاي، سىز ئىزدىگەن جامالىدىن دېگەن ئاكىمىز مانا مۇشۇ كىشى بولىدۇ! — دەپ تۇۋلاپ تۇرۇپ يېنىدىكى تۇماقلىق ئادەمنى كۆرسەتتى. ئەنجانباي شۇندىلا ئۇلارغا بەتلەنگەن مىلتىقىنى ئاستا پەسكە چۈشۈردى.

شىغاي كۆرسەتكەن ئۇ ئادەم ئاتتىن چۈشتى. يېنىدىكىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشكە باشلىغانىدى، ئۇ سەگەكلىشىپ ئۇ ئادەمنىڭ تۇرقىغا سەپسالدى: «ئوق يۇتىنى سۆرەپ ماڭىدىكەن. دىققەت قىلمىسا ئۇنىڭ ئاقسايدىغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىكەن. ئۆزىمۇ ئۇستىخانلىق...»

ئۇنىڭغىچە ئۇلار ئەنجانباينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتى. ھېلىقى ئادەم ئەنجانباينىڭ باش - ئايىغىغا قاراپ، ئۇنىڭغا بىرقۇر سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن:

— سىز ئەنجانباي بولامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە.

— نامىڭىزنى ئاڭلىغان. بۇ قېتىم مېنى ئىزدەپتىكەنسىز؟

— شۇنداق، ئىزدىگەن. لېكىن، سىز ئۆزىڭىزنىڭ مەن ئىزدىگەن جامالىدىن ئىكەنلىكىڭىزگە مېنى قانداق ئىشەندۈرىسىز؟

— سىزچۇ؟ سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ مېنى نېمىشقا ئىزدەيدىغانلىقىڭىزنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟

— ئاۋۋال سىز ئىشەندۈرۈڭ.

— ياق، مېنى سىز ئىزدىگەن، مەن سىزنى ئىزدىمىگەن. شۇڭا، ئالدى بىلەن سىز مېنى نېمە ئۈچۈن ئىزدىگەنلىكىڭىزنى ئېيتىڭ.

ئۇلارنىڭ تالاش - تارتىشىغا ئىچى پۇشقان شىغاي گەپكە ئارىلاشتى:

— بولدى، بولدى، تالاشماڭلار. ئەنجانباي ئاكا، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. سىز ئىزدىگەن جامالىدىن دېگەن ئادەم دەل مۇشۇ كىشى شۇ. ئىشەنسىڭىز بولىدۇ.

— ياق. ئۇنىڭدىكى ئىسپاتنى كۆرمىگۈچە ئىشەنمەيمەن.

— ھەي ئەنجانباي ئاغىنە، — دېدى ئارىدىن بىرى ئۇنلۇك توۋلاپ، — جاھىللىق قىلما. بۇ جامالىدىن دېگەن كىشى بىزنىڭ باشلىقىمىز بولىدۇ. سەن ئىزدىگەن ئادەم دەل شۇ، مەندەك تۈز - تائام ئۈستىدە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىشقان جان دوست ئاغىنەڭنىڭ گېپىگىمۇ ئىشەنمەمسەن؟

ئەنجانباي شۇنداق قاراپلا ئۇنىڭ بارىن يەلكەنلىك ئابلا موللا دېگەن كونا بۇرادىرى ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئالاھازەل تۆت يىلدىن ئاشقانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلمىدى:

— ياق، ئىسپاتنى كۆرسەتسۇن.

— ئىسپاتنى؟ سىزگە كىم شۇنداق دەيدۇ مەندە ئىسپات بار دەپ؟

— تۇرغۇن.

— تۇرغۇن؟ — جامالىدىن چۆچۈپ كېتىپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ بىرھازا تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن پەس ئاۋازدا، — ئۇنى قانداق تونۇيسىز، ئۇ ھازىر قەيەردە؟ — دەپ ئاستا سورىدى.

— ئاۋۋال ئىسپاتنى چىقىرىڭ. ئاندىن مەن ھەممىنى سىزگە دەپ بېرىمەن.

— مەندە ئۆزۈمنىڭ نام - نىشانەمگە پاكىت بولىدىغان ئۇنداق

ئىسپات يوق.

— ئۇنداق دېمەي، يۇقىرىدىن بىرىنچى تۇگمىگىزنى سۆكۈپ ماڭا بېرىڭ.

ئۇ بۇ قېتىم تالاشمىدى، بىردەم ئەنجانبايغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن چاپىنىنىڭ يۇقىرىقى بىرىنچى تۇگمىسىنى سۆكۈپ ئەنجانبايغا بەردى. بۇ تۇگمىنىڭ ئارقا تەرىپىدە، ناھايىتى ئىنچىكە سىزىلغان، تازا سەپسالمىسا پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان تۇگۇلگەن مۇشتىنىڭ سۈرىتى، ئاستىدا يىڭنە بىلەن جىجىپ يېزىلغان «ئازادلىق» دېگەن خەت بار ئىدى. ئەنجانبايمۇ يانچۇقىدىن خۇددى شۇنىڭغىلا ئوخشايدىغان تۇگمىدىن بىرنى چىقىرىپ، ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندى، ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشاشلا چىقتى. ئەمدى گۇمانغا ئورۇن قالمىدى! شۇندىلا ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى:

— جامالىدىن!

— ئەنجانباي.

يامغۇر توختاپ، كېيىم ـ كېچەكلەر قۇرۇشقا باشلىدى.

— تۇرغۇن بىلەن سىز قانداق تونۇشقان، ئۇ ھازىر قەيەردە؟

— تۈرمىدە تونۇشقان، ئۇنى قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتى.

— ئۆلتۈرۈۋېتىشتى؟! ۋاي خۇدايىم، نېمە دەيدىغانسىز! ئۇ شۇنداق زېرەك، ئەقىللىق، پۇختا تۇرسا، بۇ مۇمكىنمۇ؟! ئاھ خۇدا! ئەجەب قاۋۇل يىگىت ئىدى...

— ئۇنىڭغا قوچقار ساتقۇنلۇق قىپتۇ! ئالدىدا ئاشۇ ساتقۇن ئۆزى ئاشكارىلىنىپ قاپتۇ، سوراقتا قىيىن ـ قىستاققا بەرداشلىق بېرەلمەي تۇرغۇننى ئاشكارىلاپ قويۇپتۇ!

— قوچقار؟! ۋاي مۇناپىق. ئۇ مۇناپىقنى بىزنىڭ «مۇشت» تەشكىلاتىمىزغا تۇرغۇن تونۇشتۇرغانىدى. ئاخىر بېرىپ ئۇ مۇناپىق ئۇنىڭ بېشىنى يەپتۇ. لېكىن، ئۇ پەقەت مەن بىلەن تۇرغۇننىلا بىلەتتى، لېكىن مېنىڭ تاشقۇرغان تەرەپلەرگە

كەلگەنلىكىمنى بىلمەيتتى. باشقىلارنى بىلمەيتتى، تونۇمايتتى. بولمىسا ھەممىمىزنىڭ بېشىنى يەيدىكەن! بىزنىڭ بۇ «مۇشت» تەشكىلاتىمىزنىڭ مەقسىتى: جەنۇبتا قورالىلىق قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇش ئىدى. مانا ھازىر مۇشۇ ئىرادە بويىچە ئۇيۇشۇۋاتىمىز.

ئەنجانباي كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ، شىغايغا ئالايدى:

— قويە سېنى، جامالىدىن قېشىڭدا تۇرسا، بىلىپ تۇرۇپمۇ ماڭا دېمەپسەن، قەستەنگە مېنى بىرمۇنچە ئاۋارە قىپسەن. قارىغاندا، مېنى پايلاقچى - ئىشپىيونغا ئوخشىتىپ قالغان ئوخشايسەن، شۇنداقمۇ؟

شىغاي كۈلدى:

— ياق، ئەنجانباي ئاكا، ئۇنداق ئەمەس، بىز سىرىمىزنى خۇپىيانە تۇتمىساق بولمايتتى، جامالىدىن ئاكىمىز بىزگە شۇنداق ئۆگەتكەن. مەن شۇ كۈنى سەھەردىلا جامالىدىن ئاكامنىڭ قېشىغا بېرىپ، سىزنىڭ ھەممە ئەھۋالىڭىزنى ھەم سىزنىڭ ئۇنىڭغا يەتكۈزىدىغان مۇھىم ئىشىڭىزنىڭ بارلىقىنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدىم. ئۇ كۆرۈشەيلى دېگەندى، مەن شۇ ھامان يۈگۈرۈپ كەلسەم، سىز ئاللىقاچان كېتىپ قالغانىكەنسىز. قوغلاپ يېتىشەلمىدىم، قايسى يول بىلەن ماڭغانلىقىڭىزنىمۇ بىلەلمىدىم. شۇنداقمۇ جامالىدىن ئاكا؟

— شۇنداق، — دېدى جامالىدىن كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن شۇ چاغدىلا سىزگە ئىشەنگەن. قايسى پايلاقچى - ئىشپىيونلار سىزگە ئوخشاش «مىلتىقلارنى ئوبدان ساقلاڭلار، ئەسقاتىدىغان پەيت كېلىپ قالدى...» دېگەندەك گەپلەرنى قىلمىدۇ. بۇ گەپلەر سىزنىڭ ئىنقىلابقا تەشنالىق بىلەن تەلپۈنۈپ تۇرغان يۈرەك سادالىرىڭىزنىڭ ئىنكاسى.

ئۇلار مۇڭداشقاچ مېڭىپ كەچ بولغاندىلا كەپىگە كېلىشتى. ھاشارچىلار تۆگىلەرنى باغلاپ قويۇپ، يولۇۋاسنىڭ جەسىتىنى يۆيۈپ، يەرلىكىنى كولاپ بولۇپ تەييارلىنىپ تۇرغانىكەن، دەرھال

ئۇنىڭ دەپنە نامىزى چۈشۈرۈلۈپ شۇ يەرگە دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئۇلار تۆگىلەرگە ئارتىلغان يىگىرمە ساندۇق ئىچىدىكى قىلىچ، مىلتىق، تاپانچا، گرانات، يېنىك پىلىموت، ئوق ـ دورا قاتارلىق غەنىيمەت ئالغان قوراللارنى تەكشۈرۈپ كۆردى.

ــ يارايسىز، تۇنجى قېتىملىق جەڭدە غەلىبە قىلىپ، شۇنچە كۆپ قورال ـ ياراغلارنى بىزدىن بالدۇر قولغا چۈشۈرۈپسىز، ــ دېدى جامالىدىن ئەنجانباينىڭ مۈرىسىگە يەڭگىل شاپىلاق، ــ سىز دەك تەرسا مىجەزلىك ئادەمگە ئاچچىقى كەلسە ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ. قارىماسىز، شۇنچە كۆپ ئادەمدىن قورقماي مېنىڭ ئالدىمنى توسۇۋېلىپ، مەندىن ئىسپات تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقىڭىزنى.

ــ ئادەم باشقا كەلگەندە شۇنداق بولۇپ قالىدىكەن، ھە راست، بايا سىز شۇنچە كۆپ قورال ـ ياراغلارنى بىزدىن بالدۇر... دېگەندەك قىلدىڭىز، ئەسلىدە سىلەرمۇ؟

ــ شۇنداق، بىزمۇ ئاشۇ قوراللارنى دەپ بۇ تەرەپكە كەلگەن. يامغۇردا قېلىپ ئۆڭكۈرنىڭ دالدىسىدا تۇرساق، بۇ تەرەپتە ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. «نېمە بولغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ يولغا چىقساق، سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق.

ــ قوراللارنى دەپ؟ ئۇنداقتا سىلەر بۇ قورال توشۇغانلارنىڭ بۇ يەردىن ئۆتىدىغانلىقىنى بىلىدىكەنسىلەر ـ دە؟

ــ ماۋۇ شەپشەك تايچاق بىلىۋاپتۇ، ــ جامالىدىن ئېگىكى بىلەن شەرەتلەپ شىغاينى كۆرسەتتى، ــ قانداق بىلىپ قالدىڭ؟ ئەنجانباي ئاكاڭغا دەپ بەرگىنە، ئاڭلاپ قالسۇن.

ــ مەنغۇ ئۇلارنىڭ گېپىنى تىڭشاشقا بارمىغان، قومۇزۇمنى بىز ياتىدىغان گەمىدە ئۇنتۇپ قاپتىكەنمەن، زېرىككەندە ئانچە ـ مۇنچە چېلىپ ئوينايتتۇق، ئېلىۋالاي دەپ گەمىگە كىرىپ قومۇزۇمنى ئىزدەۋېتىپ ئىشىك ئالدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىككى ئەسكەرنىڭ پارىڭى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. بىرى يەنە بىرىدىن: «بۇ ئامبارنى نېمىشقا بىكارلايدىكەنمىز؟ ياكى يەنە

ئەگەر بىز قويىدىغان باشقا بىر نېمە بولمىسا، ئادەمنى ھاردۇرۇپ !»
دەپ سورىسا، يەنە بىر نىڭ:
— بارمىش، مۇشۇ ئۈچ - تۆت كۈن ئىچىدە قەشقەردىن خېلى جىق قورال - ياراغ كېلىدىكەن. يەنە تېخى نۇرغۇن ئەسكەرلەر كېلىپ بىزگە قوشۇلىدىكەن، — دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. شىغاي ئويناشقاندەك ئەنجانبايغا تىكىلىپ قاراپ قويۇپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، — مېنىڭ ئاڭلىغىنىم شۇنچىلىكلا گەپلەر ئىدى. ئاشۇ يوقىلاڭ ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن مۇشۇ يولنى ساقلاپ نۇرغۇن مانا بۇگۈن ئۈچ كۈن بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ تەرەپلەرگە يۆك توشۇيدىغان ھارۋىلار ماڭالىغۇدەك تۈزۈك يولمۇ يوق.
— ھەي ھارامزادە، — دېدى ئەنجانباي ئۇنىڭ ئەمدىلا خەت تارتىشقا باشلىغان بۇرۇتىنى چىمداپ قويۇپ، — بۇ ھەرگىز يوقىلاڭ گەپلەر ئەمەس، بەلكى جىڭغا توختايدىغان گەپ !
— خوش، دوستۇم، ئەمدى سىز قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى جامالىدىن ئەنجانباينى بىر يانغا تارتىپ، — سىزنىڭمۇ ئويلىغانلىرىڭىز باردۇ، كۆڭلىڭىزدىكىنى تارتىنماي دەۋېرىڭ. بۇ يەردە يات ئادەم يوق.
— مەن ھاياتىمنى جەڭگە ئاتاپ قويدۇم. قوبۇل قىلسىڭىز سىلەر بىلەن بىللە جەڭگە قاتنىشىمەن، بولمىسا...
— ھە، بولمىسا، بولمىسىچۇ؟
— مەنمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۆز ئالدىمغا قوشۇن تۈپلايمەن. زالىملارغا زەربە بېرىپ، يوقسۇز - ئاجىزلارغا يار - يۆلەك بولىمەن.
— پاھ - پاھ ! قالتىس بەلەن گەپ بولدىغۇ بۇ. يارايسىز، بولىدىغان گەپنى قىلدىڭىز. بىز سىزنى ھەببەللى، دەپ قوبۇل قىلىمىز. بىزگە سىزدەك باتۇر ئادەم كېرەك. سىز دېگەن بىزنىڭ ئۆز ئادىمىمىز، ئاللىقاچان قوبۇل قىلىنىپ بولدىڭىز. بىز ئەمدى جىم تۇرساق بولمايدۇ. شۇڭا، ئالدى بىلەن قاسىم تاشنى تېپىپ،

ئۇنىڭغا ئەھۋالنى دوكلات قىلايلى. بۇنىڭدىن كېيىنكى قىلىدىغان ئىشلىرىمىز توغرىسىدا ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاندىن بىرنېمە دېيىشەيلى، سىزچە بولامدۇ؟

— قاسىم تاش، ئۇ كىم؟

— بىزنىڭ مۇشۇ ئەتراپلاردا قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان ئادەم.

— سىزنىڭ باشلىقىڭىز؟

— ھەئە. ئۇ كىشى بالدۇر ھاكىم بولغانىكەن، كېيىن شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدىن قېچىپ چىققان. يۈرەكلىك، قورسىقىدا ئۇمىچى بار، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم. تاشقورغاندىكى ئىلىدىن كەلگەن رەھبەرلەرمۇ ئۇنىڭغا خېلى ئىخلاس قىلىدۇ، گېپىنى يىرمايدۇ.

ئۇلار مۇڭدىشىۋاتقاندا، جامالىدىننىڭ ئادەملىرىمۇ جىم تۇرمىدى، ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىۋاتقاندا ھېلىقى ھاشارچىلار بىلەن مۇڭدىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ قوزغىلاڭ قىلىش ئىرادىسىنى بىلدۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ بۇ قاتتىق ئىرادىسى جاھاندىن جاق تويغان بۇ ھاشارچىلارغا ياغدەك ياقتى، ئۇلار خۇددى قاراڭغۇ كېچىلەردە يول تاپالماي گاڭگىراپ قالغاندا پاللىدە مەشئەل يېنىپ، يوللار يوپيورۇق يورۇتۇلغاندەك، گويا چاڭقىغان يۈرەك سۇ ئىچىپ تەشنالىقى قانغاندەك شۇنداق تاتلىق ھوزۇرلىنىپ كېتىشتى ـ دە، شۇئان چۇرقىراشقىلى تۇردى:

— قوزغىلاڭغا مەنمۇ قاتنىشىمەن!

— مەنمۇ!

— پەقەت مۇشۇ يوللا قالدى!

قوزغىلاڭچىلار تۆگىلەرنىڭ كولدۈرمىلىرىنى ئېلىۋېتىشتى ـ دە، ھاۋانىڭ ئېچىلىشىنى ساقلاپ خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قېلىشتى. لېكىن، ھاۋا سۈزۈلمىدى، ئاسماندا يەنىلا قاپقارا بۇلۇتلار لەيلىشىپ، پال ـ پۇل چاقماقلار چېقىلىۋەردى. ئەمدى يامغۇردىن قورقۇپ بۇ يەردە يەنە تۇرىۋېرىشكە تېخىمۇ بولمايتتى. بۇ يول ئۇستى تۇرسا، كېچىدە ئادەم ئۆتمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ ـ دە،

شۇڭا ئۇلار سېزىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئات، تۆگىلەرنى
يېتىلەپ، تۈن قاراڭغۇسىدا جىلغىلارنى يانداپ مېڭىپ تاغ
ئارىسىغا كىرىپ كېتىشتى.

## ئون سەككىزىنچى باب

# قوراللىق قوزغىلاڭ باشلاندى

قوزغىلاڭچىلار ئىككى كۈندىن بېرى قاتمۇقات تاغلار ئارىسىدىكى چوڭقۇر، كەڭرى ئۆزۈن جىلغا ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، مىلتىق ئېتىشنى مەشىق قىلماقتا ئىدى. لېكىن، بۇ مەشىقتە ئوق ئاۋازىنىڭ دۈشمەنلەرگە ئاڭلىنىپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەپ، پەقەت مىلتىقنى يالغان ئوقلاش، دولىغا تاقاش، قارىغا ئېلىش، تەپكىنى بېسىش، مەشەكنى چىقىرىشلارنى ئۆگىنىش بىلەنلا چەكلەنگەنلىكتىن، ئوق چىقىرىشقا بولمايتتى. ئەنجانباي بۇ قېرىق نەچچە ئادەمگە مىلتىق ئېتىشنى ئۆگەتكەچ، يېنىك پىلىموت بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆزىنى پۇختىلىماقتا ئىدى. دەل شۇ چاغدا جىلغىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن ئىككى ئاتلىق ئادەم ئىككى ـ ئۈچ يۈزدەك قوينى ھەيدەپ ئۇلار تەرەپكە چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى جامالىدىن ئىدى، ئۇ تۈنۈگۈن كەچتە «جاھاننى تىلەپ تىڭلاپ كېلەي» دەپ چىقىپ كەتكەنىدى. يەنە بىر ئادەمنى ئۇلاردىن ھېچ كىشى تونۇمىدى. ئۇ ئاق قالپاقلىق، چار ساقىلى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان، ئورۇق ئادەم ئىدى. ئۇ ئاتتىن چۈشمىدى. كۆكسىگە قولىنى قويۇپ، بېشىنى سەل ـ پەللا ئېگىپ ئۇلارغا ئۈنسىز سالام قىلدى. ئۇلارنىڭ ئۇستۇاشلىرىغا، قوللىرىدىكى قورال ـ ياراغلىرىغا سىنچىلاپ قاراپ بىردەم تۇردى، ئاندىن ئۆرۈلۈپ يېنىدىكى جامالىدىنغا تىكىلدى. رازى بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى ـ دە، گەپ ـ سۆز قىلماستىن قويلارنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قالدى. ئۇ ئادەم ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، جامالىدىن

كۆپچىلىكنى يېنىغا يىغىپ پەرمان جاكارلىدى:

— كۆپچىلىك، قۇلاق سېلىڭلار! بىز ئوتۇن سېتىشقا بارىمىز. ئوتۇننى بۆلۈككۆلگە، نەرخىنگە چىقسا شۇ يەردە ساتىمىز، ھەرگىز ئەرزان ساتمايمىز. شۇ يەرگە بارغاندا ئەھۋالغا قارايمىز. مېنىڭ ئىجازىتىمسىز ئوتۇنلارنى سېتىشقا بولمايدۇ! يول - يوللارغا بۆلۈنۈپ تارقاق ماڭىمىز، ئەتە قاراڭغۇ چۈشكەندە يېتىپ بارىمىز. مەسچىتنىڭ يېنىدا جەم بولىمىز. ناۋادا يولدا بىرەرى «ئوتۇننى سېتىپ بەرگىن» دەپ تالىشىپ تۇرۇۋالسا، «بىر ئۇلاغ ئوتۇننى بىر تاغار ئاشلىققا ساتىمىز» دەڭلار.

ئەنجانباي كۆڭلىدە ھەممىنى چۈشەندى: «ھىم، قوزغىلاڭ باشلاندى! ئەجەبمۇ بەلەن بولدى. ئالدىراپ تاقىتىم تاق بولغانىدى. بىر ھېسابتا ئۇنىڭ ‹ئوتۇن ساتقىلى بارىمىز› دەپ گەپنى ئەگىتىپ دېگىنىمۇ توغرا بولدى. ناۋادا ئۇنداق دېمەي ‹ئەتە قوزغىلاڭنى باشلايمىز› دەپ سالىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ گەپ قۇلاقتىن - قۇلاققا ئاڭلىنىپ، دۈشمەنلەرگە ھەرىكەت پىلانىمىزنى سەزدۈرۈپ قوياتتىۇق.» لېكىن، ئۇ كۆڭلىدىكى بۇ گەپلەرنى ھېچ كىشىگە تىنمىدى. كەچقۇرۇن قورال - ياراغلار ئوتۇنلار ئارىسىغا پۇختا يوشۇرۇلۇپ ئاتلارغا ئارتىلدى. مېڭىش ۋاقتىدا جامالىدىن ئەنجانباينىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ھېلىقى ساقاللىق ئادەم مەن سىزگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن قاسىم تاش دېگەن كىشى شۇ بولىدۇ.

— ئەتە كېچىدە قوزغىلاڭنى باشلاشنى ئاشۇ كىشى بۇيرۇدىمۇ؟

— ئۇنىڭغا ئەتە كېچىدە قوزغىلاڭنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاشنى تاشقورغاندىكى باشلىقلار بۇيرۇپتۇ. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز بۆلۈككۆلدىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىش. ۋەزىپە ئېغىر.

— چۈشەندىم.

* * *

ئەتىسى كەچ كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئۇلار

بىردىن، ئىككىدىن بۆلۈككۆلگە كېلىشىپ مەسچىتنىڭ ئالدىغا جەم بولۇشتى ـ دە، ئاتلىرىنى باغلاپ قويۇشۇپ، ئېقىن سۇدا تەرەت ئالدى. مەسچىتكە كىرىپ خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇدى. ئاندىن جامالىدىننىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ، دۈرۈت ئوقۇغاچ ئولتۇرۇشتى. شۇ ئارىدا گازارما تەرەپتىن سوزۇلۇپ چېلىنغان كاناي ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئەسكەرلەرگە ئۇخلاشقا بېرىلگەن سىگنال ئىدى. ئۇلار يەنە بىردەم ساقلاشقاندى، ئاي چىقىپ ئالەم ـ جاھان يورۇشقا باشلىدى. شۇندىلا جامالىدىن ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، ئاپتوماتىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنلۇك ـ ئۇنلۇك سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ قوزغىلاڭچى قېرىنداشلار، رەھبەرلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بۈگۈن كېچە ئاي تۇغقان چاغدا سۇباشى، تاغارما، تاشقورغان بازىرى، بۆلۈككۆللەردە قوزغىلاڭنى بىرلا ۋاقىتتا تەڭلا باشلاپ، ئۇ جايلاردىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى يوقىتىش ئۇقتۇرۇلغان. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ــ بۆلۈككۆلنى ئېلىش! مەن شۇ تاپتا تەنتەنىلىك ھالدا شۇنى جاكارلايمەنكى، جەنۇبتىكى ئاراب چەككەن قېرىنداشلارنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن بولىدىغان بۇ قېتىمقى قوراللىق قوزغىلاڭ ھازىر باشلاندى! بۇ ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش! شۇڭا، جېنىمىزنى تىكىپ دۈشمەننى يوقىتىشىمىز كېرەك! بىز جاسارەتلىك، غەيرەتلىك بولۇپ، دۈشمەنلەر غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان مۇشۇ پەيتتە ئالدى بىلەن ئېلىپ كەلگەن ئوتۇنلاردا گازارما دەرۋازىسىنى كۆيدۈرۈپ ئاچىمىز، ئاندىن گازارما ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ دۈشمەنلەرنى يوقىتىمىز! يوقاتماي بولمايدۇ! قېنى قېرىنداشلار، مەن بىلەن ئالغا! شەپە چىقارماي مېڭىڭلار!

ئولتۇرۇشقانلار شۇ ھامان گۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ـ دە، ئاتلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئوتۇنلارنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويۇشقان قورال ـ ياراغلىرىنى قوللىرىغا ئېلىشتى. دەل شۇ چاغدا يىراقتىن تاقىراقشىپ بۇ تەرەپكە چېپىپ كېلىۋاتقان

ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ بولغۇچە ئارىلىقتا، ئۇ تەرەپتىكى ئايلانمىنىڭ دوقمىشىدىن بىر ئادەم ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ قېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، ئۇ ئادەم ئون - ئون بەش قەدەمدەك نېرىغا بېرىپلا ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ، شاقىقىدە ئارقىسىغا يېنىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ئۇلارغا سىنچىلاپ قاراپ مېڭىپ، جامالىددىننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. جامالىددىنمۇ ئۇ ئادەمنى تونۇپ قالدى. ئۇ قاسىم تاشنىڭ خەۋەرچىسى ئىدى.

— جامالىددىن، سىزگە بۇيرۇق! — دېدى ئۇ ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپلا، — بىرىنچى، بۈگۈن كېچىدىكى قوزغىلاڭ كېچىكتۈرۈلۈپ، ئەتە ئەتىگەن سائەت ئالتىدە باشلاش قارار قىلىندى. ۋاقىپلانسۇن! ئىككىنچى، بۇلۇڭچۇلدىكى بۇ قېتىم بولىدىغان قوزغىلاڭ ۋاقىتىنچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن! ئۈچىنچى، سۇباشى تەرەپتىكى دۈشمەنلەرگە ياردەمگە كېلىدىغان دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن بۇلۇڭچۇلدە ئازراق ئادەم قالدۇرۇپ قويۇپ، قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى جامالىددىن دەرھال سۇباشىغا باشلاپ كەلسۇن! بۇيرۇق تامام. دەرھال ئىجرا قىلىنسۇن!

— خوپ!

— جامالىددىن «خوپ!» دەپ ئۆزىنىڭ بۇيرۇقنى بويسۇندىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن گاڭگىرىغاندەك خېلى ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالدى. بىرھازادىن كېيىن ئۇ، ئەنجانباينىڭ قېشىغا كېلىپ:

— بايا ھەممىنى ئاڭلىدىڭىز، — دېدى ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ، — بىزنىڭ بۇيرۇققا بويسۇنۇش مەجبۇرىيىتىمىز بار. باشقا ئىلاجىمىز يوق. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىزنىڭ سۇباشىنى ئېلىشىمىز تەسكە توختىغۇدەك. باشلىقلار دۈشمەن كۆپ، گازارمىنىڭ جايلاشقان ئورنىمۇ بىزنىڭ ھۇجۇم قىلىشىمىزغا ئەپسىز، چىقىم كۆپ بولۇپ كېتىدۇ دەپ ئويلاشقان، قورشاپ

يوقىتىشقا كۈچ يېتىشمەيدۇ دەپ قاراشقان ئوخشايدۇ. بولمىسا، بۇلۇڭكۆلدە بولىدىغان قوزغىلاڭنى ئەمەلدىن قالدۇرمايتتى. بىزنىمۇ ئۇ يەرگە يۆتكىمەيتتى. سىزنىڭچە، بىز قانداق قىلساق بولار؟

— مېنىڭمۇ بۇيرۇققا بويسۇنۇش مەجبۇرىيىتىم بار.

— بەلەن گەپ بولدى. مۇنداق بولسۇن، سىز تاللاپ يەتتە ـ سەككىز ئادەمنى ئېلىپ قېلىپ، دۇشمەنلەرنىڭ سۇباشى تەرەپكە بېرىشىغا يول قويماڭ، بۇ ئىشقا سىز مەسئۇل بولىسىز. قېنى ئادەملەرنى ئۆزىڭىز تاللاڭ.

— بولىدۇ. ئابلا موللا، شىغاي، ئىسمائىل، ھە، يەنە سىز، سىز، يەنە ئاۋۇ يىگىت... سىلەر يەتتە ئادەم مەن بىلەن مۇشۇ يەردە قېلىپ ۋەزىپە ئىجرا قىلىسىلەر.

— خوپ!

— شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭكى، ئادەملەرنىڭ ھاياتى ھەممىدىن مۇھىم. دۇشمەن كۆپ، ئادەملىرىڭىز ئاز. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ تەرەپتىن سۇباشىغا بارغىلى بولىدىغان چىغىر يوللار كۆپ. دۇشمەنلەرنىڭ قايسى يول بىلەن مېڭىشىنى بىلىۋېلىشىمىز تەس. ۋەزىپە مۇشكۇل، ئەھۋالغا قاراپ ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈڭ. خوش، مەن كەتتىم. ئامان بولۇڭ.

— خوش، خۇداغا ئامانەت.

ئەنجانباي ئادەملىرى بىلەن كېتىشىپ، گازارمىنىڭ دەرۋازىسىنى يىراقتىن تۇرۇپ كۆزىتىدىغان، ناۋادا دۇشمەنلەر چىقىپ سۇباشى تەرەپكە قاراپ ماڭىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن سەزدۇرمەي قوغلاپ ماڭىدىغان، تاغ ئارىسىغا كىرگەندە ئايلانما چىغىر يول بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئەپلىك جايدا تازا ئوبدان ئەدىپىنى بېرىپ ئالدىنى توسىدىغان بولۇپ پۇتۇشتى. مۇشۇنداق قىلمىسا، سۇباشى تەرەپكە بارغىلى بولىدىغان چىغىر يوللار كۆپ بولغانلىقتىن، دۇشمەنلەرنىڭ قايسى يول بىلەن ماڭىدىغانلىقىنى ئۆزلىرىنىڭ

بىلەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. ھەربىر يولغا بىردىن ئادەم قويۇلغان ھالەتتىمۇ يەنىلا ئادەم يېتىشمەيتتى. شۇڭا، بۇ چارە ھەممەيلەنگە بولىدىغاندەك تۇيۇلدى. لېكىن، ئەنجانباي ئورنىدىن تۇرمىدى، ھەتتا مىدىرلاپمۇ قويمىدى، بېشىنى تۇتۇپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى: «ياق، كېڭەشكەن ھېلىقى چارە تازا ئىشەنچلىك ئەمەس. بىزنىڭ ئۆلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، ئۆلارنى پاراكەندە قىلىۋېتىشىمىزدا گەپ يوق. لېكىنزە، قورال تۇتۇپ تېخىچە بىرەر پايمۇ ئوق چىقىرىپ باقمىغان مۇشۇ ئازغىنە ئادەملەر بىلەن شۇنچە كۆپ قوراللىق دۈشمەننى توسۇپ قېلىشنى ئويلاش خام خىيال. بۇنداق قىلساق ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىمىز، كۆپ زىيان تارتىمىز. ئۇنداق بولسا ئەمىسە، دۈشمەننى زادى قانداق قىلىپ توسۇپ قالغىلى بولىدۇ؟»

بۇ خىيال ئۇنى خېلى ئۇزاق قىينىدى. ئۇ تازا كاللا قاتۇرۇۋاتقاندا، بىر خىيال تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كاللىسىدىن لىپپىدە كەچكەندەك بولدى ـ دە، شۇ ھامان كۆڭلى پاللىدە يورۇپ كېتىپ بىرھازا تۇرۇپ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى يورۇتقان بۇ خىيالى دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توسماقچى بولغان ئالدىنقى ھېلىقى چارىدىنمۇ بەكرەك خەتەرلىك، قاراملىق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى تازا دەڭسەپ كۆرۈپ، مۇشۇنداق قىلىشقا رازى بولدى ـ دە، — تاپتىم! چارە تېپىلدى! — دېدى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — يۇرۇڭلار!

— نەگە بارىمىز؟

— گازارمىغا ھۇجۇم قىلىمىز؟

— ئۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلمىغانغۇ؟

— مانا مەن شۇنداق ئورۇنلاشتۇردۇم!

— ۋاي خۇدايىم.

— ئاران مۇشۇ بىرنەچچە ئادەم بىلەنمۇ؟

— دۈشمەنلەرنى قورالسىزلاندۇرالىساقلا، بىرىمىز يۈزگە

تېتىيمىز !
باشقىلار ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراپلا قېلىشتى. لېكىن، ئۇ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئاغزىدىن چىقارمىدى.

* * *

ئەنجانبايىنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئوتۇن تېپىپ كەلگەن ئارغامچىلارنىڭ ئۇچلىرىنى بىر ـ بىرىگە چاتتى. ئاندىن بۇ چىگىلگەن ئارغامچىلارنى بىر قاتلىۋېتىپ، بىر ئۇچىدىن باشلاپ بىر گەز ئارىلىقتا بىردىن چىگىپ كاللەك قىلىپ، گازارما تېمىنىڭ مۆلچەرىدىكى ئېگىزلىكى بىلەن تەڭ قىلدى. قالغان ئىككى غۇلاچتەك كېلىدىغان يەنە بىر ئۇچىنى كاللەك قىلماي شۇ پېتى قالدۇردى. شۇنىڭغىچە ئەنجانبايمۇ بىر قىل خۇرجۇنىنىڭ ئىككى كۆزىگە ئاز ـ ئازدىن توپا قاچىلاپ، ئۇنىڭ ئىزمىسىنى ئېتىپ ئۇنى جۇپلەپ تېڭىپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ دەڭسەپ باقتى.

ئۇلار گازارمىنىڭ ئارقىسىغا يېتىپ كېلىشكەندە تۈن يېرىملىشىپ قالغان، ئايمۇ چىققانىدى، بۇ گازارما ئالاھازەل ئوتتۇز ـ قىرىق مودەك كېلىدىغان كەڭرى زېمىننى ئىگىلەپ تۇراتتى. شەھەر سېپىللىرىدەك ئېگىز، ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىغان تاملىرى ئىككى قەۋەتلىك ئىدى. ئاستىنقى قەۋىتى قورام تاش، شېغىللار ئارىلاشتۇرۇلۇپ سېلىنغان بولۇپ، تاملىرىنىڭ ئېگىزلىكى تۆت غۇلاچ، كەڭلىكى ئىككى غۇلاچ كېلەتتى. بۇ تاملارنىڭ ئۈستىدە ئىككى ئادەم بىمالال قاتار ياندىشىپ ماڭالايتتى. تامنىڭ ئۈستىنىڭ ئىككى تەرىپى كېسەكلەر بىلەن ئادەم بويى ئېگىزلىكتە ئېگىزلىتىلگەن بولۇپ، ئىككى قەدەمدە بىردىن مىلتىق پاتقۇدەك تۆشۈكلەر ئېچىلغانىدى، تۆت بۇلۇڭىدا پەلەمپەيلىك تۆت قوقتىسى بار بالىخانا تام سېلىنغانىدى. تاملارنىڭ ئىچى، تېشى ئوخشاشلا كۆل رەڭ سۇۋالغانلىقتىن،

شۇنداقلا بۇ يەر رەھىمسىز ئەسكەرلەرنىڭ تۇرار جايى بولغانلىقتىن، بۇ گازارما خۇددى يالماۋۇز ئۆۋىسىدەك ۋەھىمىلىك، دەھشەتلىك كۆرۈنەتتى.

گازارمىنىڭ دەرۋازىسى كۈنچىقىش تەرەپتە ئىدى. ئۈستىدە گومىنداڭ بايرىقى لەپىلدەپ تۇراتتى. دەرۋازىنىڭ سول تەرىپىدىكى گازارما تېمىغا باشتىن بويى تۇتاشتۇرۇپ سېلىنغان كەڭرى، ئۇزۇنچاق ئېغىل گازارمىنىڭ ئاتخانىسى ئىدى، ئىچىگە بىرەر يۈزدەك ئات سىغاتتى. دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى دىجورنىلار ياتىقىغا يانداپ سېلىنغان زال، ئۆيلەر ئەسكەرلەرنىڭ ياتىقى، ئاشخانىسى، ئامبىرى قىلىپ ئىشلىتىلەتتى. گازارمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەڭرى مەيدان مەشىق سەھنىسى ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەنجانباي سورۇشتۇرۇپ ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئوبدان بىلىۋالغانىدى.

ئۇلار يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ مېڭىپ گازارمىغا يېقىنلاشتى. بىر ئازگالغا كەلگەندە توختاپ ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى. يىراق - يېقىنلاردا ئادەم كۆرۈنمىدى. تازا قۇلاق سېلىپ تىڭشاپ باققانىدى، گازارمىنىڭ ئىچىدىن ئادەملەرنىڭ پاراڭلاشقان، يۆتەلگەن، كۇلۇشكەن، غىڭشىپ ناخشا ئېيتقان ياكى ئۇيان - بۇيان مېڭىشقان ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى. دېمەك، شۇ تاپتا ئەسكەرلەر تاتلىق ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كېتىشكەنىدى. پەقەت ئاتخانىدىكى ئاتلارنىڭ ئانچە - مۇنچە پۇشقۇرۇشلىرى، سوزۇپ - سوزۇپ كىشنەشلىرى، يەر تاتىلىغان داراق - دۇرۇقلىرى، يىراق - يىراقلاردا ئىتلارنىڭ ئارىلاپ - ئارىلاپ ئەنسىز قاۋاشلىرىلا ئاڭلىنىپ قالاتتى.

ئۇلار شەپە چىقارماي گازارمىنىڭ تېمىنى بويلاپ ئۆمىلەپ مېڭىپ، قوقتىنىڭ يېنىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا قوقتىنىڭ ئىچىدىن بىر ئەسكەر چىقتى - دە، قول چىرىغىنىڭ يورۇقىدا ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىغىلى تۇردى. ئېھتىمال بىرەر شەپىنى سېزىپ قالغان بولسا كېرەك، بىر

ھازىرغىچە ئەتراپنى كۆزىتىپ قاراپ تۇردى. ئەنجانباي چۆچۈپ كېتىپ شۇ ھامان تامنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ، ئۇنى يېنىك پىلىموتتا قارىغا ئالدى. لېكىن، ئۇ ئەسكەر يىراقلارغا سەپسېلىپ خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردىيۇ، پەسكە قاراپ تامنىڭ يېنىنىمۇ كۆرۈپ بېقىش ئۇنىڭ ئېسىگە كەلمىدى. ناۋادا ئۇ ئەسكەر شۇ تاپتا ئېڭىشىپ پەسكە شۇنداقلا قاراپ سالىدىغان بولسىلا، ئايھاي!... ئۇ چاغدا ئۇ مۇشۇنداق يوپيورۇق ئايدىڭ كېچىدە تامغا چاپلىشىپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئوچۇقلا كۆرۈۋالغان بولاتتى - دە، ئالاقزادە بولۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ بولغۇچە ئارىلىقتا ئەنجانباينىڭ تەپكىنى شاقىدە بېسىشى بىلەن تەڭلا ئۇزۇننىڭ بېشىنىمۇ يەيتتى. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان دۈشمەنلەر قورالىق قوزغىلاڭنىڭ باشلانغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، ئومۇمىي چوڭ قوزغىلاڭغا تەسىر يېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئەنجانباينىڭمۇ قورسىقىدا ئويلىغان پىلانلىرى سۇغا چىلىشىپ ئىشنى بۇزۇپ قوياتتى. لېكىن، خۇدايىم ساقلىدى! ھېلىقى ئەسكەر ئەتراپنى خېلى ئۇزاق كۆزەتكەندىن كېيىن يەنە قوقتىغا كىرىپ كەتتى. شۇندىلا ئەنجانباينىڭ ئادەملىرى ئۇستىدىن خۇددى ئېغىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك يەڭگىللەپ قېلىپ، پۇش - پۇش تىنىشتى. لېكىن، شۇ تاپتا بۈگۈن كېچىدىكى بۇ سۈپسۈزۈك ئاسمان، ئاپئاق ئايدىڭ كېچە، پال - پۇل چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئەنجانباينىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويدى: «بۇنداق يورۇقلۇق بىز ئۈچۈن پايدىسىز، دۈشمەنلەر بىزنى ئاسانلا كۆرۈپ قالىدۇ. بۇ تەرەپلىرىنى نېمىشقا بالدۇرراق ئويلاشمىغاندىمەن؟ چاتاق بولدى. بەك دۆت ئىكەنمەن، يارىماس ئىكەنمەن!» لېكىن، ئۇ ئارقىغا يانمىدى. ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ تامنىڭ يېنى بىلەن ئاستا ئۆمىلەپ مېڭىپ ئاتخانىنىڭ كەينىگە ئۆتتى. ئۇ ھېلىقى ئارغامچىنىڭ چىگمەي قالدۇرۇلغان بوش ئۇچىدا توپا قاچىلانغان خۇرجۇننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن چىڭ باغلىدى، يەنە بىر ئۇچىنى ئابلا موللاققا

تۇتقۇزدى. ئاندىن خۇرجۇننى كۆتۈرۈپ تازا دەڭسەپ تۇرۇپ كۈچەپلا تامنىڭ ئۇ تەرىپىگە قارىتىپ ئاتقانىدى، خۇرجۇن تامدىن ئارتىلىپ ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى - دە، تۆۋەنكى قەۋەتنىڭ تىمىغا پولۇككىدە چۈشكەنلىكى ئاڭلاندى. شۇ ھامان قورقىنىدىن ھېلىقى ئەسكەر يەنە چىقتى، ئۇ ئاتخانا تەرەپكە بىردەم قاراپ بېقىپ يەنە كىرىپ كەتتى، ئەنجانباي گازارمىنىڭ ئىچىگە بىردەم قۇلاق سېلىپ تىڭشاپ باقتى. لېكىن، گازارمىنىڭ ئىچىدىن ھېچقانداق شەپە - ئاۋاز ئاڭلانمىدى. ئۇ شۇندىلا ئارغامچىنى پەسكە قارىتىپ تارتىشقا باشلىدى. خۇرجۇن ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ، تامنىڭ گىرۋىكىگە تاقىشىپ ئارغامچىنىڭ ئېغىرلاشقانلىقى بىلىنگەندە، ئارغامچىنى قويۇپ بەردى. خۇرجۇن ئۆز ئېغىرلىقى بىلەن پەسلەپ تۆۋەنكى قەۋەتنىڭ تىمىغا چۈشۈپ ئارغامچا بوشىغاندا، يەنە ئارغامچىنى پەسكە تارتتى. ئۇ شۇ ھالدا ئاشۇنداق خۇرجۇننى ئۈستىگە تارتىپ، يەنە چۈشۈرۈپ، يەنە تارتىپ، خۇددى ياغاچ ھەرىدىگەندەك قىل ئارغامچا بىلەن تامنى غىرداپ كېسىشكە باشلىدى. ئۇ تامنى ئاشۇنداق بىردەم غىردىغاندىن كېيىن توختاپ، ئارغامچىنى تازا كۈچەپ تارتىپ باققانىدى، خۇرجۇن غىردالغان ئويۇققا كەپلىشىپ قېلىپ بۇ تەرەپكە ئۆتەلمىدى، ئەنجانباي شۇندىلا خاتىرجەم بولۇپ، يېنىك پىلىموتىنى دۈمبىسىگە تاڭدى - دە، يېنىدىكىلەرگە پىچىرلىدى:

— مەن شەرەتلىگەن ھامان ئۈستىگە چىقىڭلار!

ئۇ شۇنداق دەپلا ئارغامچىغا يامىشىپ بىردەمدىلا گازارما تىمىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بولدى. ئاندىن سىيرىلىپ تۆۋەنكى قەۋەتكە چۈشتى. يېنىك پىلىموتنى تامنىڭ يېنىغا يانتۇ يۆلەپ قويۇپ ئاستا مېڭىپ بېرىپ بۇلۇڭدىكى قوقتىغا يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھېلىقى ئەسكەر يەنىلا قوقتىنىڭ تۆشۈكىدىن سىرتقا قاراپ ئەتراپنى كۆزىتىۋاتاتتى. ئەنجانباي قوقتىنىڭ ئىچىگە غىپپىدە كىردى - دە، ئۇ ئەسكەرنىڭ گېلىدىن غىققىدە بوغۇپ تۇرۇپ ئۇنى يەرگە باستى، ئۇ ئاۋازمۇ چىقىرالماي بىردەم

تىركاڭشىپ جان بەردى. ئەنجانباي قوقتىدىن يېنىپ چىقتى ـ دە، شەپە چىقارماي ئاستا مېڭىپ بېرىپ، ئۇ بۇلۇڭدىكى قوقتىنىڭ ئىچىنى مارىدى. بۇ يەردىكى ئەسكەر تامغا يۆلىنىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئەنجانباي بېلىگە باغلىۋالغان ئىنچىكە ئارغامچىنى يېشىپ ئۇنىڭ بوينىنى چىڭ بوغقانىدى، ئۇمۇ غىڭ قىلالماي خارت ـ خۇرت خارتىلداپ ئۆلدى.

ئەمدى دەرۋازا تەرەپتىكى ئىككى قوقتىلا قالغانىدى. لېكىن، ئەنجانباينىڭ قىياس قىلىشىچە، شۇ تاپتا قوقتىدىكى پوستلارنىڭ نۆۋەت ئالمىشىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار چىقىپ بولغۇچە ئۇ ئۆز ئادەملىرىنى پۇختا يوشۇرۇۋالمىسا، ئۇلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، ئۇ هازىرچە ئۇ ئىككى قوقتىدىكى ئەسكەرلەر بىلەن كارى بولمىدى. كېلىپلا پەستە ساقلاپ تۇرغان ئادەملىرىنى ئۇستىگە چىقىشقا ئىشارەت قىلدى. ئۇلار شۇ هامان ئارغامچىنىڭ كاللىكىنى تۇتۇپ يامىشىپ بىر دەمدىلا بىر ـ بىرلەپ ئۇستىگە چىقىپ بولدى ـ دە، دەرهال قوقتىنىڭ يېنىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تامدىن سىيرىلىپلا ئاتخانىنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشتى، ئاندىن ئۇ ئۆگزىدىن ئارغامچا بىلەن يەرگە چۈشتى. شۇ تاپتا پۈتكۈل ئالەم ـ جاهان تىپتىنچ، قورقۇنچلۇق جىمجىتلىقتا چۆككەنىدى. پەقەت يىراقلاردىلا توخۇلارنىڭ سوزۇپ چىللاشلىرى ئانچە ـ مۇنچە ئاڭلىنىپ قالاتتى.

ئاتخانىنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىنغانىدى. ئۇلار تۆمۈرچىنىڭ قىسقۇچى بىلەن قاغىتۇمشۇقىنى تولغاپ سۇندۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى ـ دە، ئاتلارنىڭ هەممىسىنى بوشىتىۋەتتى. ئاندىن پالاق ـ پۇلۇق، تاراڭ ـ تۇرۇڭ قىلىپ ئاتلارنى ئۈركۈتۈپ تالاغا هەيدىدى. قورقۇپ كەتكەن ئاتلار سەكرىشىپ، چىچاڭشىپ، قىستا ـ قىستاڭ بولۇشقان هالدا گازارمىنىڭ هويلىسىغا چىقىشتى ـ دە، ئەنسىز ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ كىشنىشىپ، تەرەپ ـ تەرەپلەرگە گۈلدۈرلىشىپ قالايمىقان چېپىشقا باشلىدى.

ئەنجانباينىڭ ئادەملىرىمۇ ئاتلارنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپلا تام ياقىلاپ بېرىپ ئەسكەرلەرنىڭ ياتقىنىنىڭ يېنىدا ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقا ئاران ئۈلگۈردى. ئاتلارنىڭ قورقۇنچلۇق كىشنەشلىرى، تاراق - تۇرۇق، گۈلدۈر - گۇپلىرىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن ئەسكەرلەر شۇ ھامان ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ، يېرىم يالىڭاچ، ئىشتانچاق، يالاڭ ئاياغ ھالدا ياتاقلىرىدىن چىقىپ، گاڭگىراپ ئاتلىرىنىڭ قېشىغا چېپىشتى. دەل شۇ چاغدا ئەنجانباي ئادەملىرىگە شەرەتلەپ، كىم كىملەرنىڭ قايسى ياتاققا كىرىپ ئەسكەرلەرنىڭ قوراللىرىنى يىغىپ ساقلاپ تۇرۇشىنى، ناۋادا ئەسكەرلەر ياتاقلىرىغا قېچىپ كىرىۋالغۇدەك بولسا، ئۇلارنى شۇ ھامان ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنى، ئابلا موللاق بىلەن شىغاينىڭ دەرۋازا باقىدىغان ئەسكەرلەر بىلەن دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئىككى قوقتىدا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەرنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنى تاپىلىدى.

ئەسكەرلەر گاڭگىرىغان ھالدا ئالمان - تالمان ئۆز ئاتلىرىنى تېپىپ باغلاپ قويۇش ئۈچۈن ئاتخانىغا يېتىلەپ كىرىپ كېتىشتى. دەل مۇشۇ پەيتنى كۈتۈپ تۇرغان ئەنجانباينىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ ئىشارىتى بىلەن ھەر كىم ئۆزلىرىگە كۆرسىتىپ بېرىلگەن ئۆيلەرگە ئۆملەپ كىرىپ يوشۇرۇنۇشتى. ئەنجانبايمۇ بىر ئادىمى بىلەن بىللە بايا ئەسكەرلەر ھەممىدىن كۆپ چىققان ئوتتۇرىدىكى زالغا كىرىۋالدى. بۇ زالدا پاخال ئۈستىگە سېلىنغان ئون - ئون بەش كىشىلىك ئورۇن - كۆرپىلەر قالايمىقان چېچىلىپ تۇراتتى. ئۇدۇلدىكى تامغا مىلتىق، ئاپتومات، قىلىچ، يەنە تېخى بىر پىلىموت قاتارلىق قوراللار يۆلەپ قويۇلغانىدى. ئەنجانباي ئۇدۇلدىكى دېرىزىنىڭ تەكچىسىگە يېنىك پىلىموتنى توختىتىپ، ئۇنىڭ ئۈچىنى گازارمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيدانغا توغرىلاپ، تەپكىنى شۇنداق باسسا تاتاتلاپ ئوق چىققۇدەكلا قىلىپ تەييارلاندى.

— ئىسمائىل، — دېدى ئۇ يېنىدىكى ئادىمىگە قاراپ، —

ھېلى بىز دۈشمەنلەرنى ئوققا تۇتقىلى تۇرغاندا، سەن ئۇلارنىڭ قاچقان، يوشۇرۇنۇۋالغان جايلىرىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىن. ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم.

شۇ ئارىدا ئاتلىرىنى باغلاپ بولغان ئەسكەرلەر ئاتخانىدىن چىقىشقا باشلىغانىدى، تاپانچا تۇتقان ئىككى ئوفىتسېر ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ قاتار قىلىپ ھەممىسىنى تىك تۇرغۇزدى ـ دە، ئوفىتسېرلاردىن بىرى ئۇلارغا قاراپ چىرقىراق ئاۋازدا ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— تېخى ئاخشاملا ئاڭلىغان خەۋەردە، يېقىندا مۇشۇ ئەتراپقا بىرمۇنچە ئوغرى، بۇلاڭچى، دىۋانە، ماكانسىزلار توپلىنىپتۇمىش، ئۇلار قوزغىلاڭ قىلماقچىمىش! مانا بۈگۈن ئىشىك بۇزۇلۇپ، ئاتلار قويۇۋېتىلىپتۇ! بۇ جەزمەن ئاشۇ ئوغرىلارنىڭ بىزنى پاراكەندە قىلىپ قورقۇتۇش ئۈچۈن قىلغان قەستەن بۇزغۇنچىلىقى! ئۇلار كۈندۈزى كۆز بوياپ گازارمىغا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالغان، ئۇلار قېچىپ كېتىشكە تېخى ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇلار ھازىر چوقۇم يوشۇرۇنۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا، سىلەرگە بۇيرۇق! دەرھال قوراللىرىڭلارنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇ ئوغرىلارنى ئىزدەڭلار! تاپقان ھامان يوقىتىڭلار!

بايا ئەنجانبايىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغان سۆتەك ئايدىڭ كېچە مانا ئەمدى ئۇنىڭغا تازا ئوبدان ئەسقاتىدىغان بولدى. شۇ تاپتا ئۇ ئاق ـ قارا، ئېگىز ـ پەسنىڭ ھەممىسىنى ئوچۇق كۆرەلەيتتى. شۇڭا، ئۇ، دۈشمەن ئوفىتسېرى: « ... يوقىتىڭلار!» دېيىشىگىلا، خۇددى ئۆزىگە بېرىلگەن بۇيرۇقتەك شۇ ھامان ئۇلارنى يېنىك پىلىموت بىلەن تاتاتلىتىپ قىرىشقا باشلىدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان مۇشۇ ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ تۇيۇقسىز زەربە دۈشمەنلەرنى قاتتىق ئالاقزادە قىلىۋەتتى، بۇ دەھشەتلىك قىرغىنىدا قېچىشقا ئۇرۇنغانلىرى ئۇدۇللۇق ئوق يەۋەردى. يەنە بەزىلىرى ھاڭۋېقىپ قېلىپ،

قېچىشقىمۇ، ھەتتا «ۋاي !» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئۆز جايىدىلا يەر چىشلىدى.

دەرۋازىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قوقتىدىن بىر ئەسكەر بېشىنى شۇنداق چىقىرىشىغىلا شىغاي ئۇنى بىر پاي ئوق بىلەنلا تىك موللاق چۆشۈرۈۋەتتى. ئەمدى پەقەت دەرۋازىنىڭ بۇ تەرىپىدىكى قوقتىدا تۇرۇۋاتقان ئەسكەر بىلەن، دەرۋازىنى ساقلايدىغانلار تۇرىدىغان ئۆيدىكى ئەسكەرلەرلا قالغانىدى. ئەنجانباي زالدىن چىقماي تۇرۇپلا پىلىموتنىڭ ئۇچىنى ھېلىقى ئۆينىڭ دېرىزىسىگە قاراتتى - دە، ئۇ ئۆينى بىردەم ئوققا تۇتتى. ئۇ ئۆيدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. ئەنجانباي ئۇ ئۆيگە قاراپ توۋلىدى:

— ياخشىلىقچە تەسلىم بولۇش ! بولمىسا گراناتتا پارتلاپ ئۆلۈشىسەن ! تېز بولۇش !

دەرۋازىنىڭ بۇ تەرىپىدىكى قوقتىدا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرنىڭ قوقتىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مەن تەسلىم ! — مەن تەسلىم ! — مەن تەسلىم !...

ئۇ شۇنداق دەپ توۋلىغاچ مىلتىقىنى يەرگە تاشلىدى. ئاندىن ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، لاغ - لاغ تىترىگەن ھالدا پەسكە چۈشتى. ھېلىقى ئۆيدىنمۇ ئىككى ئەسكەر قوللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ چىقىشتى. شۇندىلا ئەنجانباي زالدىن چىقىپ پىلىموتنىڭ ئۇچىنى ئۇلارغا قاراتقان ھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. باشقىلارمۇ يوشۇرۇنغان ئۆيلەردىن چىقىشتى. ئۇلار ئۇ ئۈچ ئەسكەرنىڭ قورallىرىنى ئېلىۋېلىپ ئۆزلىرىنى بىر ئۆيگە سولاپ قويدى. گازارمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيداندا ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنىڭ يىگىرمە تۆت جەسىتى ئوڭتەي - توڭتەي ياتاتتى. ئەتراپنى قاپلىغان قاننىڭ سېسىق پۇرىقى كۆڭۈلنى ئېلىشتۇراتتى. بۇ چاغدا كۈنچىقىش تەرەپ ئاقىرىپ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى.

بۇ «تاغ ئىنقىلابى»دىكى 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 -

كـۈنى (سەيشـەنبە، رامزانـىنىڭ 6 ـ كۈنـى) جەنۇبـتـا باشلانـغـان قورالـلىق قوزغىلاڭنىڭ تۈنجى تاڭ سەھىرى ئىدى.

شۇ ئارىدا دەرۋازا ئالدىدىكى يولدا ئاتلارنىڭ تاقـىراقشىپ بـۇ تەرەپكە چېپىپ كېلىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىـپ قالدى. هاي ـ هـۇي دېگۈچە ئۇ ئاتلار دەرۋازا ئالدىدا توختىدى ـ دە، بىرى دەرۋازىنـى بار كۈچى بىلەن تاقىلدىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى:

— بىز ساقچى، ئىشـىكنى ئېچىڭلار! بۇ يېـرىـم كېچـىدە سىلەردە زادى قانداق ئىش يۈز بەردى؟ شۇنى بىلمەكچىمىز! بىـز سىلەرگە ياردەم قىلىمىز! ئىشىكنى ئېچىڭلار!

— ياق! — دېدى ئەنجانباي تەمكىنلىك بىلەن، — ئىشىكنى ئاچالمايمىز. بىز هازىر مەشىق قىلىۋاتىمىز.

— ئۇنـداق بولسا لـيۇ زەنجاڭ ئـۆزى چىقـىپ بىزگـە جـاۋاب قىلسۇن!

— ماقۇل، سەل ساقلاپ تۇرۇڭلار!

ئەنجانباينىڭ يەنە ئاچچىقى كەلـدى. قاپىقـىنى تۈرۈپ تـۈرۈپ يېنىك پىلىموتنى ئوقلاپ مەيدىسىگە تاقىدى.

— هە، مانا زەنجاڭ كەلدى!

ئۇنـىڭ ئىشارىـتى بىلـەن ئىككـى ئادەم دەرۋازىنـىڭ ئىككـى قانىتىنى تەڭلا ئېچىۋەتتى. دەرۋازا ئالدىدا گازارمىنىڭ ئـىچىگـە كۆز تىكىپ، قىلىچلىرىنى يالـىڭاچلاپ تۇرغـان يىگـىرمە نەچچـە ئاتلىق ساقچى ئۆزلىرىگە پىلىموتنى بەتلەپ تۇرغان ئەنجـانباينـى كۆرۈپلا چۆچۈپ كېتىپ خۇددى شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدىلا جـاھاندىكـى ھەمـمـە ئىـنـسـاننـى چـانـاپ تاشلـىغۇدەك ھـەيۋىـسى بـىلـەن قىلىچلىرىنى ئېگىز كـۆتۈرۈشتى. لـېكىن، بېسىـپ كـىرىشكـە جۈرئەت قىلالماي جايلىرىدا قېتىپ تۇرۇپلا قېلىشتى.

— مانا، مەن زەنجاڭ بولىمەن، — دېدى ئەنجانباي پىلىموتنى ئۇلارغا تـەڭلـەپ تۇرۇپ، — سـىلـەرگە رەھـمـەت! مەن بـىرـىـپ بولغۇچە ئۆزۈڭلار مېنى ئىزدەپ كەپسىلەر، مانا مېنـىڭ جاۋابىـم مۇشۇ!

— ئۇ شۇنداق دەپلا پىلىموتنى تاتاتىلىتىپ سايرىتىپ، ساقچىلارنىڭ ئۈستىگە ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىلىرى ئوق يەپ يىقىلدى، كەينىدىكىلىرى ئالدى - ئارقىسىغا قارىماي بەدەر قاچتى! ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسمىسا بولمايتتى. بولمىسا، سۇباشىغا قېچىپ بېرىپ ئۇ يەردىكى دۈشمەنلەرگە قوشۇلۇۋالاتتى. ئەنجانباي بۇ يەردىكى ئىشلارنى يىغىشتۇرۇشقا ئابلا موللاق بىلەن يەنە ئىككى ئادەمنى قالدۇرۇپ قويۇپ ئۆزى قالغانلارنى ئەگەشتۈرۈپ قاچقان ساقچىلارنى قوغلاپ ماڭدى. مېڭىش ۋاقتىدا ئۆزلىرى كەلگۈچە دەرۋازىنى ئاچماسلىقنى تاپىلىدى. ئۇلار دەڭگە بېرىپ ئاتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ بولغۇچە، ساقچىلار خېلى يىراقتىكى يولنىڭ ئايلانما دوقىسىغا جايلاشقان ساقچى گازارمىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ يىراقلاپ كەتكەنىدى. ئۇلارنى كۆرەلمىسىمۇ، لېكىن ئات تۇياقلىرىنىڭ تاقىراقلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاشقا بولاتتى.

ئۇلارنى بىرھازا قوغلىغاندىن كېيىن كۈن چىقتى. يىراقتىن ئۇلار قارا - قۇرا بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى بولغاي، تېخىمۇ تېز قېچىشقا باشلىدى. ئەنجانباي ئۆز ئادەملىرى بىلەن بىللە شۇنچە تېز قوغلاپ ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا يېتىشەلمىدى. كۈن چۈش بولغاندا ساقچىلار سۇباشىغا بېرىۋالدى. لېكىن، ئۇلار سۇباشى ھەربىي گازارمىسى بىلەن ساقچى گازارمىسىنىڭمۇ قولدىن كەتكەنلىكىنى بىلىپ تويلۇبۇلۇڭ ئارقىلىق چېچەكتى داۋىنىدىن ئېشىپ قىزىلتاغقا چۈشۈپ كېتىش ئۈچۈن تۆۋەنكى جىلغىنىڭ ئىچى بىلەن پەسكە قاراپ قاچتى. ئەنجانباي ئۇلارنى يەنە داۋاملىق قوغلىماقچىدى، لېكىن بۆلۈڭكۆلدىن ئەنسىرەپ توختاپ قالدى. ناۋادا باشقا تەرەپتىن باشقا دۈشمەنلەر كېلىپ قېلىپ گازارمىغا ھۇجۇم قىلىدىغان بولسا ئۇ ھالدا ئۇ يەردە قالغان ئۈچ ئادەم ھەرقانچە قارشىلىق قىلغان بىلەنمۇ يەنىلا تەڭ كېلەلمەي گازارما قولدىن كېتەتتى. ئەنجانباي بىرھازا

ئۇيلانغاندىن كېيىن، شىغاينىڭ دەرھال سۇباشىغا بېرىشىنى، ئۇ يەردە جامالىدىننى تېپىپ، ئۇنىڭغا بۇلۇڭكۆلدە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق دوكلات قىلىشىنى تاپىلىدى. ئۆزى باشقىلار بىلەن بىللە بۇلۇڭكۆلگە يېنىپ كەلدى.

ئەتىسى پېشىن ۋاقتىدا جامالىدىن ئوتتۇز - قىرىقتەك ئادەمنى باشلاپ بۇلۇڭكۆلگە كەلدى. ئۇ ئەنجانبايىنى قاسىم تاش بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. قىزىل چەكمەن تونلۇق، قىزىل دوپپىلىق، سالاپەتلىك بىر ئادەم يېزىۋاتقان خېتىنى توختىتىپ قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپلا قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى - دە، ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى:

— مەن قاسىم تاش بولىمەن، — دېدى ئۇ ئەنجانبايغا قاراپ تۇرۇپ، — سىزنىڭ نامىشەرىپىڭىزنى خېلى بالدۇرلا ئاڭلىغانىدىم، كۆرۈشۈشكە پۇرسەت بولمىدى، مانا بۈگۈن خۇدايىم بىزنى بىردەم مۇڭداشقىلى نېسىپ قىپتۇ. بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر. ئاڭلىسام، سىز ئۆتكەن قېتىم تۆت دۈشمەننى يوقىتىپ ئون تۆگە قورال - ياراغنى غەنىيمەت ئاپسىز، بۇ قورال - ياراغلار بۇ قېتىم بىزگە تولىمۇ ئەسقاتتى. بۇ قېتىممۇ بۇلۇڭكۆلدىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ بىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى سەۋەنلىكىمىزنىڭ زىيانلىرىنى ناھايىتى ئوبدان تولدۇرۇپسىز. قەتئىي ئىرادە، پىشقان پەم - پاراسەت بولمىسا، ھېچقانداق ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرمىگەن بۇ ئازغىنە ئادەم بىلەن مۇشۇنداق چوڭ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ. سىزگە رەھمەت، ھەممىمىز سىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىڭىزگە، باتۇرلۇقىڭىزغا قايىل بولدۇق. بىز سىزگە يەنە بىر ۋەزىپە تاپشۇرماقچى بولۇۋاتىمىز، قېنى نېمە دەيسىزكىن؟

ئەنجانباي شاققىدە ئورنىدىن تۇردى:

— ھەرقانداق ۋەزىپىگە مەن تەييار !

— ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇپ ئالدىرىماي

مەسلىھەتلىشەيلى. مۇنداق ئىش: بىز ئەتىدىن باشلاپ قوشۇنىمىزنى تەرتىپكە سالماقچىمىز، مۆلچەرىمىزچە، بۇنىڭغا بىر ھەپتىدەك ۋاقىت كېتىدۇ. ئاندىن ئويناغ، ئويتاغ ئاغزى، ئوپال، بوراختاي، تاشمىلىق، توققۇزاق تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلماقچىمىز. سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز بىز بۇ يەردە قوشۇننى تەرتىپكە سېلىۋاتقان ئارىلىقتا سىز ئاشۇ جايلارغا بېرىپ قوشۇنىمىز ئۈچۈن ئادەم توپلاش. كىشىلەر بىلەن مۇڭدىشىڭ، سىردىشىڭ، مەقسىتىمىزنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىپ، خەلقنى ئازادلىققا، باراۋەرلىككە ئېرىشتۈرۈش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈڭ، ئۇلارنى بىزگە مايىل قىلىڭ. بىز تېخىمۇ كۆپ ئادەمنىڭ قوللىشىغا موھتاج. ھەرىكىتىڭىز مەخپىي بولسۇن، ئايغاقچىلاردىن ئاگاھ بولۇڭ، ئۇلار ھەرىكىتىڭىزنى سېزىپ قالمىسۇن. ئوقۇمۇشلۇقلاردىن يېنىڭىزغا كۆپرەك توپلاشقا تىرىشىڭ. بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشقا قېنى سىز نېمە دەيسىز كىن؟

— قاچان ماڭىمەن؟

— قانچە بالدۇر بولسا شۇنچە ياخشى. تاپانچا ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇنداق قارامىلىق قىلماڭ.

— ئىلاجى بولمىغاندا...

— توغرا دەيسىز، بەزىدە ئىلاجى بولمىغاندا ئاشۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ، لېكىن ئىمكانىيار قارامىلىقتىن ساقلىنىش كېرەك. مەن تېخى سىزنىڭ دۇتار، راۋابنى كېلىشتۈرۈپ چالىدىغانلىقىڭىزنى، ناخشا ـ قوشاققا ئۇستا ئىكەنلىكىڭىزنىمۇ ئاڭلىدىم. شۇ تاپتا بەكمۇ ئاڭلىغۇم كېلىۋاتىدۇ. شۇغىنىسى پۇرسەت يوق...

قاسىم تاش ئۇلارنى ئىشىكنىڭ ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇلار ئىشىكتىن سەل يىراقلىغاندا ئەنجانباي پىسىڭىدە كۈلۈپ سىلىپ، جامالىدىننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلدى:

— تېخى ئۈچ كۈن ئىلگىرىلا سىز ماڭا قاسىم تاش، دەپ

كۆرسەتكەن ھېلىقى، ئادەم بايا بىز بىلەن كۆرۈشكەن قاسىم تاشنىڭ تۇرقى بىر - بىرىگە تازا ئوخشىمايدىكەن. يۈز - كۆزلىرى، بۇرۇن - قاڭشارلىرىغۇ ئوخشايدىكەن. لېكىن، رەڭگىرويى، ساقىلى...

جامالىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ھېلىقى كۈنى كۆرگەن بومبۇر ساقاللىق ئادەم بىلەن بايا كۆرگەن ئادەمنى سېلىشتۇرۇۋاتامسىز؟ ۋاي - ۋۇي، سىزنىزە، سىزگە دەپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ. ئۇ دېگەن يالغان ساقال، يالغان. ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ كوسا ئېكەنلىكىگە ئاشۇنداق بومبۇر ساقالنى چاپلىۋېلىپ بىر يىل كىشىلەرنىڭ يادىسنى باقتى، ئۆزىنىڭ ئىنقىلابچى ئىكەنلىكىنى پەقەتلا چاندۇرمىدى. قالتىس پەمى بار ئادەم.

# ئون توققۇزىنچى باب

# ئوغۇل بالا جەڭگە يارالغان

ئەنجانباي ئوپالغا بېرىش ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز يولغا چىقتى. ئۇ ئاقتاش تاغلىرى ئارىسىدىكى جىلغىغا يېتىپ كەلگەندە، ئات ھېرىپ قالغاندەك مېڭىشى ئاستىلاپ، ئاغزىدىن ئاپئاق شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ھاسىراشقا باشلىدى. ئۇ شۇندىلا بۇ ئاتنىڭ تۈنۈگۈندىن بېرى بىر نەرسە يېمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، توختاپ ئاتتىن چۈشتى. يېتىلەپ ئاپىرىپ جىلغا ئىچىدىكى ئوتلاقتا قويۇپ بەردى. ئۆزىنىڭمۇ ئۇزۇن يول يۈرگەنلىكىدىن بەل، پۇتلىرى سىرقىراپ قالغانىدى. شۇڭا، ئات قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولغۇچە ئارىلىقتا بىر ئاز ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن كىگىز ئورنىدەك كېلىدىغان تۈز، داق يەردە چەكمەن چاپىنىنى بېشىغا قويدى ـ دە، پۇت ـ قوللىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ سوزۇلۇپ ياتتى. دەل شۇ چاغدا خۇددى يەرنىڭ تېگىدىن چىققاندەك، ئاتلارنىڭ گۈلدۈرلەپ چېپىشقان تۇياق ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. ئەنجانباي چۆچۈپلا بېشىنى كۆتۈرۈپ تىڭشاپ باققانىدى. ھېلىقى ئاۋاز ئاڭلانمىدى. ئۇ يېتىپ تۇرۇپ قۇلىقىنى يەرگە يېقىپ يەنە تىڭشاپ باقتى. ئۇ ئاۋاز يەنە خۇددى يېنىدىلا بىرەر يۈز ئات مۇشۇ تەرەپكە چېپىشىپ كېلىۋاتقاندەك گۈلدۈرلەپ ئاڭلىنىشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇ بۇ ئاۋازلارنىڭ قايسى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى تازا ئاڭقىرالمىدى. ئېگىز بىر تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ، يىراقلارغا كۆز تىكىپ ـ سىنچىلاپ قارىغانىدى، كۈنپېتىش تەرەپتىكى تاغلار ئارىسىدىن خۇددى قۇيۇندەك كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاڭ ـ توزانلار كۆرۈندى. بىردەمدىن

كېيىن ھېلىقى چاڭ ـ تۇزانلار ئارىسىدا بۇ تەرەپكە قاراپ چېپىپ كېلىۋاتقان بىرمۇنچە ئاتلىقلارنىڭ قارىسى چالا ـ بۇلا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. «تۇۋا! بۇ قانداق بولغىنى؟ تاغ ئارىسىدىكى بۇ تارچۇقلاردا ياكى ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى ئوينىغىلى بولمىسا، شۇنچە كۆپ ئاتلىق ئادەم نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ ۋۇي، ئۇلار تېخى مۇشۇ تەرەپكە كېلىۋاتىدۇغۇ؟ شۇنچە كۆپ يولۇچى...» ئۇ شۇ خىيال بىلەن ئۇلار تەرەپكە تىكىلىپ قاراۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن خېلى بەك يىراقلىقتا يەنە شۇنداق چاڭ ـ تۇزان كۆتۈرۈلۈپ، بىرمۇنچە ئاتلىقلارنىڭمۇ يەنە مۇشۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقى غۇۋا كۆرۈنۈپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئالدىدىكىلەر ئەنجانباي تۇرغان تاغقا يېقىنلىشىپ كەلدى. ئۇ شۇندىلا ئاتلىقلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى غىل ـ پال پەرق قىلالىدى ـ دە، چۆچۈپ كەتتى، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى!

دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكىلەر يېقىنلىشىپ كېلىپ، ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. ئەسكەرلەرمۇ ئارقىسىغا قارىتىپ ئوق ئاتقاچ قېچىپ كېلىۋەردى. «پاھ ـ پاھ، بەلەن بوپتۇ. ئۇلارمۇ جىم ياتماپتۇ! دۈشمەنلەرنى قىسماققا ئېلىش دېگەن دەل مۇشۇ. ئوبدان پۇرسەت!» ئۇ شۇ خىيال بىلەن تاغدىن چۈشتى. ئېتىنى يېتىلەپ تاغنىڭ ئارقىسىغا ئايرىلىپ بىر تاشقا باغلاپ قويدى ـ دە، ئاتنىڭ ئۈستىدىكى خۇرجۇننى ئۈششىسىگە ئارتىپلا، ئۇلار ئۆتىدىغان جىلغا بويىدىكى تار چىغىر يولغا تۇتىشىدىغان دوقمىدىكى تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. ئۇنىڭغىچە دۈشمەنلەرمۇ ئەنجانباي تۇرغان تاغنىڭ دوقمىسىغىلا كېلىپ قالغانىدى. «ۋاي ئىسىت! شۇ تاپتا پىلىموت بولغان بولسىدى. بۇ ئەبلەخلەرنى تازا قىرىپ خۇماردىن چىقىۋالاتتىم! ئەپسۇس...»

لېكىن، ئۇ ئەپسۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ قالمىدى. خۇرجۇندىن ئىككى گراناتنى چىقىرىپ، پىلتىسىنى تارتىپلا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. گراناتنىڭ گۈمبۈرلىگەن

ساداسى تاغ ـ داۋان، جىلغىلارنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن چۆچۈپ خۇدىنى يوقاتقان ئەسكەرلەر ئالاقزادىلىكتە گاڭگىرىشىپ ھاڭۋېقىپ توختاپ قېلىشتى. ئاتلارمۇ ئۈركۈپ، قورقۇنچلۇق كىشنىشىپ، ئۆزلىرىنى ئۇيان ـ بۇيان ئۇرۇشۇپ، قالايمىقانلىشىپ كېتىشتى. ئۇلار ھوشىنى تېپىپ بولغۇچە ئەنجانباي ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغىلا يەنە ئىككى گرانات تاشلىدى. ئۇنىڭغىچە دۈشمەنلەرنى قوغلاپ كېلىۋاتقانلارمۇ يېقىنلىشىپ كېلىپ قالدى. لېكىن، ئۇلار ئالدىدا قانداق ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي ھاڭ ـ تاڭ بولۇشقان ھالدا توختاپ تۇرۇپ قېلىشتى. بۇ ئىككى تاغ ئارىلىقىدىكى تار جىلغا بويىدا ئالدى ـ ئارقىسىدىن تەڭلا قاپسىلىپ قالغان دۈشمەنلەر ھوشىنى تېپىپ گراناتنىڭ پەقەت بىر جايدىن تاشلىنىۋاتقانلىقىنى، گراناتنى پەقەت بىرلا ئادەمنىڭ تاشلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى ـ دە، ئەنجانباي تەرەپكە قارىتىپ ئوق ياغدۇرغاچ جان قايغۇسىدا ئالدىغا قاراپ قاچتى. ئۇلار ئەنجانباينىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، ئالدىدىكى ئەسكەر مىنگەن ئاتقا چېتىلغان يەنە بىر ئاتنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن پىلىموتقا ئۇنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى ـ دە، ئەڭ ئاخىرقى بىر گراناتنى ھېلىقى ئەسكەر مىنگەن ئاتنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. گرانات پارتلاپ ئۇ ئەسكەر تىك موللاق چۈشتى. ئۇ مىنگەن ئاتمۇ، پىلىموت يۈكلەنگەن ئاتمۇ تەڭلا يىقىلىپ، تىركاڭشىپ جان تالاشقىلى تۇردى. لېكىن، ئەسكەرلەرنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى، ئۈستىدىن ئاتلاپ قېچىپ كېتىۋەردى.

ئۇلار قېچىپ قارىسى كۆزدىن يوقىلىپ بولغۇچە ئەنجانباي ئالمان ـ تالمان تاغدىن چۈشۈپ پىلىموت يۈكلەنگەن ھېلىقى ئاتنىڭ قېشىغا كېلىپ بولدى. ئۇ ئات يېرىم جان ھالدا خارتىلداپ جان تالىشىۋاتاتتى، ئۇنىڭ يېنىدا ھېلىقى ئەسكەر بىلەن ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئۆلۈكى ياتاتتى. ئەنجانباي جان تالىشىۋاتقان ئاتنىڭ ئۈستىدىن بىر پىلىموت بىلەن ئىككى

ساندۇق ئوقنى يېشىۋالدى. ئۇ پىلىموتنى قولىغا ئېلىپ ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈپ تازا ھەۋەس بىلەن كۆرۈۋاتقاندا، ئارقىدىكىلەرمۇ كېلىپ ئون قەدەمدەك نېرىدا توختىدى. ئەنجانباي يەتمىش ـ سەكسەندەك ئادەمنىڭ ئالدىدىكى گۇسمەستەك يوغان، قىزىل يۇز قىرغىز يىگىتنى تونۇپ قالدى ـ دە، پىلىموتنى يەرگە قويۇپلا ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدى. ئۇ يىگىتمۇ ئەنجانباينى تونۇپ قېلىپ ئاتتىن سەكرەپلا چۈشتى.

— تاھىر !

— ئەنجانباي !

تۆت يىلدىن بېرى بىر ـ بىرى بىلەن دىدار كۆرۈشەلمىگەن بۇ جان دوست ئاغىنىلەر بۇ قېتىم ئەنە شۇنداق بىر ـ بىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتىشىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

ئۆلگەن، يارىدار بولغان ئاتلار ئارىسىدا سەككىز ئەسكەرنىڭ جەسىتى ئوڭتەي ـ توڭتەي ياتاتتى. تاھىر ئەتراپقا بىردەم قارىدى، ئاندىن بۇرۇلۇپ ئەنجانباينىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلدى:

— ئەنجانباي، ھەمراھلىرىڭىز كۆرۈنمەيدۇغۇ؟

— بۇ قېتىم ئۆزۈمگە ئۆزۈم ھەمراھ بولۇپ يولغا چىققانىدىم.

تاھىر ھەيران قالدى:

— ۋاي خۇدايىم، مۇنداق دەڭ تېخى، قالتىس قاراملىق قىپسىز جۇمۇ ! سىزنىڭ بۇ مىجەزىڭىزنىمزە، ئۆزىڭىز يالغۇز شۇنچە كۆپ دۇشمەنگە...

— شۇنداق، مېنىڭ مىجەزىم ئۇسال، دۇشمەننى كۆرسەملا قېنىم قىزىپ كېتىپ، ئۆزۈمنى باسالماي قالىدىكەنمەن. بۇگۈن سىلەرنى يىراقتىن كۆرۈپلا غەيرىتىم ئۇرغۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئەپلىك جاينى تېپىش تەس. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ... بۇ يەردە دۇشمەنگە ئۇچراپ قېلىش خىيالىمغا پەقەت كەلمەپتىكەن.

— بۇ گېپىڭىزچە، بىزنى كۆرمىگەن ھالەتتىمۇ يەنىلا ئۆزىڭىزنى تۇتالماي، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىۋېرىدىكەنسىز ـ دە؟
— شۇنداق، ھۇجۇم قىلاتتىم. كۈچۈم يەتمىگەندە تاغ ئارىسىغا قېچىپ كىرىپ بوي بەرمەيتتىم. مەن جېنىمنى دۈشمەنلەرنى يوقىتىش ئۈچۈنلا ئاتىۋەتكەن، شۇڭا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمايدىكەنمەن. باشقا ئىلاجىم يوق.
— ئەنجانباي، بۇگۈن بۇ يەردە دىدار كۆرۈشۈۋالدۇق. بىز ئەمدى قايتايلى. بىز دۈشمەنلەرنى قوغلاپ مۇشۇ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈۋېتىشنى نىيەت قىلىپ كەلگەندۇق.
— قايتايلى؟ نېمىشقا ؟ ياكى ئۇ تەرەپلەردە ئەنسىرەيدىغان بىرەر ئىش بارمىدى؟
— ياق، ئەنسىرىگۈدەك بىرەر ئىشقۇ يوق. موغ، بوستانتېرەكلەردىكى دۈشمەنلەر يوقىتىلدى، گازارمىلار قولىمىزغا چۈشۈپ بولدى. دۈشمەن قولىدىكى قاسىم پەيجاڭ، ئىسمائىل جۇمالارمۇ بىزگە قوشۇلۇپ كۈچىمىزنى تېخىمۇ زورايتتى. زاھىر ئۇ يەردىكى قالدى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا قالغاندى. ئۇ ئۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ يەردە بىز قىلغۇدەك يەنە باشقا ئىش بولمىسا...
— بار، بار، بىز قىلغۇدەك ئىش خېلى بار. ئۇيپال، تاشمىلىق، بوراختاي، يەنە، يەنە نۇرغۇن جايلاردىكى بىچارىلەرنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرمىساق بولمايدۇ !
تاھىر جىددىيلەشتى. ھېلىقى مۇلايىملىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى:
— قاچان ئاتلىنىمىز؟
— ھازىرلا، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا. قانچە بالدۇر بولسا، شۇنچە ياخشى، تەخىر قىلىشقا بولمايدۇ !
تاھىر بىرھازا ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى:
— ناۋادا ئۇ تەرەپتىكى دۈشمەنلەرگە كۈچىمىز يەتمەي قالسا، ئادەملىرىمىز نابۇت بولۇپ...

— يېتىدۇ، ناۋادا يەتمەي قالسىمۇ مەيلى. دۈشمەنلەرنى تازا پاراكەندە قىلىمىز. كۆپ ئادەملەرنى ئويغىتىپ، ئۆز سېپىمىزنى تېخىمۇ بەكرەك كېڭەيتىۋالساق شۇمۇ ھېساب.

تاھىر قاپىقىنى تۈرۈپ ئويلىنىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئادەملىرىگە قارىدى:

— يىگىتلەر، قانداق قىلىمىز؟ ئوپالغا بارامدۇق — بارمامدۇق؟

ئۇنىڭ ئادەملىرى بوم، زىل، چىرقىراق ئاۋازلاردا توۋلىشىپ جاۋاب بېرىشتى:

— سەن ماڭساڭ ماڭىمىز، تۇرساڭ تۇرىمىز !

— سەن نېمە دېسەڭ شۇ !

— بىزنى خۇدانىڭ يولىغا باشلا !

ھە، مانا ئەمدى ئوبدان بولدى. بۇ ئىشمۇ جايىدا بېكىتىلدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، ئىككى ئادەمنى بۇلۇڭكۆلگە بېرىپ قاسىم تاش بىلەن جامالىدىنغا بوستانتېرەك، موغ گازارمىلىرىنىڭ ئېلىنغانلىق خەۋىرىنى ھەمدە بۇگۈنكى بۇ يەردە بولۇنغان ئەھۋاللارنى يەتكۈزۈشكە ماڭدۇرۇۋەتتى. يەنە ئىككى ئادەمنى ئۆزلىرىنىڭ ئوپالغا كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن زاھىرنىڭ قېشىغا بېرىشقا يولغا سېلىۋەتتى. ئاندىن ئۇلار ئوپالغا قاراپ يولغا چىقتى.

*    *    *

ئۇلار تاڭ سۈزۈلگەندىلا ئوپال بازىرىغا يېتىپ كېلىشتى — دە، بازارنىڭ كۈنپېتىش تەرىپى بىلەن ئايلىنىپ بېرىپ قەشقەر شەھىرىگە بارىدىغان چوڭ يولدىكى قىزىلجىلغا كۆۋرۈكى بويىغا كېلىپ چۈشتى. بۇ كۆۋرۈكنىڭ يانلىرىدىكى چوڭقۇر جىرا — جىلغىلار، ئېگىز قىرلىق توسمىلار شەھەرگە قاچىدىغانلارنىڭمۇ ھەم شەھەردىن بۇ تەرەپكە ياردەمگە كېلىدىغانلارنىڭمۇ ئالدىنى

توسۇشتا يوشۇرۇنۇۋېلىشقا بولىدىغان ئەپلىك تەبىئىي توسۇق بولالايتتى.

ئۇلار ئون ئىككى ئادەمنى كۆۋرۈكنىڭ ئىككى قاسنىقىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، قاچىدىغان ياكى ياردەمگە كېلىدىغان دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇشقا قالدۇردى. قالغان ئاتمىشتەك ئادەمنى باشلاپ گازارمىنى ئېلىشقا ئاتلاندى. گازارمىنىڭ دەرۋازىسى ناھايىتى چىڭ تاقالغانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن يەنە بىر ـ بىرىگە يۆلەپ قاتمۇقات تىزىلغان تاغار ـ تاغار تۇپا دۆۋىلىرى تام بىلەن تەڭ دۆۋىلىنىپ، دەرۋازىنى چىڭ يۆلەپ تۇرغانلىقتىن، ئۇنى سىرتىدىن ئىتتىرىپمۇ، ئۇرۇپ، چېقىپمۇ ئىچىگە كىرەلمەيدىغان قىلىپ تاقاپ تۇراتتى. گازارمىنىڭ ئىككى ئادەم قاتارلىشىپ ماڭسا ئارانلا پاتقۇدەك تار ئارقا ئىشىكىمۇ يەنە ئاشۇنداق تۇپا قاچىلانغان تاغارلار بىلەن چىڭ دۈملىۋېتىلگەنىدى.

سىپىلنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكى دۈشمەنلەر سىپىل تۆشۈكلىرىدىن خۇددى قارا يامغۇردەك تاراسلىتىپ ئوق ياغدۇرۇپ، گراناتلارنى تاشلاپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە پەقەتلا يېقىن يولاتمىدى. قاراملىق بىلەن ئالغا ئېتىلىپ بېرىشنىڭمۇ ھېچ ئىلاجى بولمىدى. ئوقلار ئۇلارنىڭ باش ـ كۆزلىرى، يان ـ يانلىرىدىن ۋىڭىلداپ ئۆتۈپ ئۇلارنى زادىلا باش كۆتۈرتمىدى. شۇ ئارىدا ئەنجانباي يوقاپ كەتتى. بىرھازادىن كېيىن ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قولىدا يوغانلا بىرقاپاق زىغىر يېغى تۇراتتى.

ــ ياغ؟ ئۇنىڭ بىلەن نېمە قىلاي دەيسىز؟

ــ بۇ ياغ بىلەن گازارمىغا ئوت قويۇپ، دۈشمەنلەرنى سىرتقا قېچىشقا مەجبۇرلايمىز. شۇ چاغدا ئۇلارنى تازا ئوبدان بابلىغىلى بولىدۇ.

ــ ياخشى پىلان، قارالىڭ سىزنىڭ ئەقلىڭىزنى !

ــ مۇنداق قىلايلى، گازارمىغا ئوت قويۇشقا مەن بارىمەن، ــ

دېدى ئەنجانباي ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ قويۇپ، — مەن گازارمىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئوت قويۇپ بولغۇچە ئارىلىقتا سىلەر ئوق ياغدۇرۇپ، دۈشمەنلەرنى سېپىلدىن باش كۆتۈرگۈزمەي مېنى قوغداڭلار.

مەسلىھەت پىشتى. تاھىر مەرگەنلەرنىڭ ھەربىرىگە ئايرىم - ئايرىم سېپىل تۆشۈكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بەلگىلەپ بېرىلگەن تۆشۈكلەردىن دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىشىنى، باشقىلارنىڭمۇ سېپىل ئۈستىنى داۋاملىق ئوققا تۇتۇپ تۇرۇشىنى تاپىلىدى. شۇنىڭغىچە ئەنجانباي ئىككى تاغارغا يېرىم - يېرىمدىن توپا قاچىلاپ، بەش گراناتنى قوينىغا سېلىپ تەييارلىنىپ بولدى. ئاندىن تاغارلارنىڭ بىرىنى بېشىغا، يەنە بىرىنى دۈمبىسىگە ئۇزۇنىسىغا ئارتىپ، ياغ قاچىلانغان قاپاقنى قۇچاقلاپ، يەرگە چاپلاشقان ھالدا يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ سېپىل تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئانچە يىراقلاشماستىنلا شىددەتلىك ئوق يامغۇرى ئارىسىدا قالدى. گراناتلارمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدا گۈمبۈرلەپ پارتلاشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇ توختىماي يەر بېغىرلاپ ئالدىغا سۈرۈلۈۋەردى. تاغارلاردىكى توپىنىڭ پايدىسى بولدى، بۇ تاغارلارغا نەچچە پاي ئوق تەگكەن بولسىمۇ، لېكىن ئوقلار توپىنى تېشىپ ئۆتەلمىگەنلىكتىن ئەنجانبايغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمىدى. ئەنجانباينىڭ ئادەملىرىمۇ بوش كەلمىدى، سېپىل تۆشۈكلىرىگە ئوق ياغدۇرۇپ، گراناتلارنى تاشلاپ، دۈشمەنلەرنى خېلى پەسكويىغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئەنجانباي تېز ئىلگىرىلەپ، سېپىلنىڭ يېنىغا بېرىۋالدى - دە، سېپىلنى ياقىلاپ ئۆمىلەپ مېڭىپ، گازارمىنىڭ ئىچىدىكى بېدە، سامان، يەم - خەشەك ساقلايدىغان ئامبارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى. بۇ چاغدا ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى تېخىمۇ شىددەت بىلەن ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. لېكىن، ئەنجانباي سېپىلنىڭ يېنىغا بېرىۋالغانلىقتىن ئوقلار ئۇنىڭغا دەخلى قىلالمىدى. ئۇ ئىككى گراناتنى سېپىلنىڭ

ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئامبارنىڭ ئۈستىگە تاشلىغاندى، گۈمبۈرلەپ پارتلاپ گازارمىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئارقىدىن ئۇ يەنە ھېلىقى گراناتلار پارتلىغان جاينىڭ ئورنىنى نىشانلاپ گراناتتىن بىرنى تاشلىدى. بۇ قېتىم پارتلاش ئاۋازى ئۆگزىدە ئەمەس، ئۇنىڭ پەس تەرىپىدە ئاڭلاندى. ئۇ ئالدىنقى ئىككى گراناتنىڭ پارتلاپ ئۆگزىنى تېشىۋەتكەنلىكىنى پەملىدى. شۇندىلا ئۇ بېلىگە قىستۇرۇۋالغان بىلەكتەك يوغان كالتەكنى قاپاقتىكى ياغقا چىلىدى، ئاندىن قاپاقنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئەتتى ـ دە، ئامبارنىڭ ئۆگزىسىدىن ئېچىلغان ھېلىقى تۆشۈكنىڭ ئورنىنى مۆلچەرلەپ قاپاقنى چۆرۈپ تاشلىدى، ئارقىدىنلا ياغقا چىلانغان كالتەككە ئوت يېقىپ ئۇنىمۇ قاپاقنىڭ ئۈستىگە تاشلىغاندى، شۇ ھامان ئامبارنىڭ ئىچىدىن لاۋۇلداپ يانغان ئوت ئىس ـ تۈتەك ئارىلاش خۇددى خادا قۇيۇندەك پۇرقۇپ چۆرگىلەپ ـ ئايلىنىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ چىقتى ـ دە، گازارمىنىڭ ئىچىدە ئاللا ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى. ساراسىمىگە چۈشكەن ئەسكەرلەرنىڭ قورقۇنچلۇق ۋارقىراشلىرى، ئاتلارنىڭ ئەنسىز سوزۇپ ـ سوزۇپ كىشنىشىپ، تەرەپ ـ تەرەپلەرگە تاقىراقلاپ چېپىشلىرى يىراق ـ يىراق مەھەللىلەرگىچە ئاڭلىنىشقا باشلىدى. تاغدىن چۈشكەن ئەزىمەتلەر ئەنجانباينىڭ دېگىنى بويىچە گازارمىنىڭ ئىچىگە گرانات تاشلاپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئوتنى ئۆچۈرۈۋېلىشىغا ئىمكانىيەت بەرمىدى. ئوت تېخىمۇ ئۇلغىيىپ ئامبارنىڭ يانلىرىدىكى ياتاقلارغا تۇتاشتى. ئۆگزىلەر گۇلدۇر ـ گۇپلا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ئوپال ئاسماننى توپا، چاڭ ـ توزان ئارىلاشقان قارا بۇلۇتتەك قاپقارا ئىس ـ تۈتەك قاپلىدى. ئەسكەرلەر جان قايغۇسىدا ياتاقلىرىغا كىرىۋالاي دېسە، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت، ئوتتىن قېچىپ گازارمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سەھنىگە بېرىۋالاي دېسە تېخى، گۈمبۈرلەپ پارتلاۋاتقان گرانات جاننى ئالىدۇ. ئۇلار گرانات بىلەن ئوتنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەڭ

قاپسىلىپ تازا پاراكەندە بولۇپ كەتتى. ئۇلارغا شۇ تاپتا ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق ئىدى. شۇ ھالدا كەچ كىردى، گۇگۇممۇ چۈشتى. دەل شۇ چاغدا ئەنجانباي: «ئەمدى دۈشمەنلەرنىڭ قاچىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى» دېدى ـ دە، بىر بۆلۈك ئادەملىرىنى ئاتلىرىغا مىنىپ ئۆزى بىللە دەرھال قەشقەر يولىنىڭ شىمال تەرىپىگە ئۆتۈپ تەييار بولۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. دېگەندەك، ئوتقا بەرداشلىق بېرەلمىگەن دۈشمەنلەر قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا توپا قاچىلاپ يۆلەپ قويۇلغان تاغارلارنى ئېلىپ تاشلاپ دەرۋازىنى ئاچتى ـ دە، ئاتلىرىغا مىنىشىپ، چېپىپ چىقىپ قەشقەر تەرەپكە قاراپ قاچتى. لېكىن، بىر چەتتە تەييارلىنىپ تۇرغان ئەزىمەتلەرنىڭ تۇيۇقسىزلا شىددەتلىك ئوققا تۇتۇشىغا ئۇچراپ، قورقۇپ كەتكەنلىكتىن گاڭگىراپ قېلىشتى. ئۇلار ھوشىنى تېپىپ بولغۇچە بىرنەچچىسى ئوق يەپ ئاتتىن يىقىلدى. قالغانلىرى ئالمان ـ تالمان ئارقىسىغا يېنىپ تاشمىلىق تەرەپكە قاراپ قاچتى. ئەنجانباي باشلاپ كەلگەن ئەزىمەتلەر ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا بۇ كېچىنى دۆلەتبۇلاق، مۇشۇكداراسى، چالما ئېرىق ئەتراپلىرىدا دۈشمەنلەرنى بۇياندىن ـ ئۇيانغا، ئۇياندىن ـ بۇيانغا قوغلاش بىلەن ئۆتكۈزدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن بىرنەچچىسىنى ئۆلتۈردى، قالغانلىرى چەشتاغدىكى دۈشمەنلەرنىڭ قېشىغا بېرىۋېلىش ئۈچۈن گەز دەرياسى تەرەپكە قاچتى. دەل شۇ چاغدا گەز دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى تەرەپتىن گۈمبۈرلەپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ يېقىنلىشىشقا باشلىدى. ئۇ تەرەپتىنمۇ تاغ ئىنقىلابچىلىرىنىڭ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى پەملەپ قالغان بۇ ئازغىنە دۈشمەنلەر ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۆزلىرىنى ئات ـ پاتلىرى بىلەن بىللە شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەرياغا تاشلاشتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن ئەنجانباي بىلەن ئۇنىڭ ئادەملىرى تاڭ قاراڭغۇسىدا ئۇلارنىڭ ئۇ قاشقا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ياكى سۇدا تۆۋەن تەرەپكە ئېقىپ كەتكەنلىكىنى

بىلەلمەي قالدى.

تاڭ سۈزۈلدى. كۈنچىقىش تەرەپ قىپقىزىل قىزىرىپ، ئاستا - ئاستا ئاقىرىشقا باشلىدى. بىرھازادىن كېيىن كۈن تاڭ سەھەرنىڭ سالقىن شامىلىنى قوغلاپ كۈلۈپ چىقتى. بۇ دەل 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى (شەنبە) ئىدى.

كۈن چىقىپ ئاز ئۆتمەي، دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قىزىلتاغ چوققىسىدا بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ بۇ تەرەپكە قارىشىپ تۇرغان قارىسى كۆرۈنۈپ قالدى. ئەنجانباي ئۇلارنىڭ ئۆز ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى پەملەپ قالدى - دە، شۇ ھامان يېنىدىكىلەرگە ئۆزىنى مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويۇپ، ئۇ تەرەپكە ئۆتۈش ئۈچۈن ئاتقا مىنىپ دەرياغا كىردى. بۇ دەل كەلكۈن مەزگىلى ئىدى. ئېنى ئىككى - ئۈچ چاقىرىمدەك كېلىدىغان شۇنچە كەڭ دەريا ئېقىنىدا شارقىراپ ئات چاپقاندەك تېز سۈرئەتتە ئېقىۋاتقان سۇ بىردەمدىلا ئاتنىڭ ئېگىرى بىلەن تەڭلىشىپ قالدى. ئات گاھ سۇ ئۈزۈپ لەيلەپ، گاھ چۆكۈپ تاشلارغا دوقۇرۇپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۇ قاشقا يېتىپ چىقتى. تاغ چوققىسىدا تۇرغانلارمۇ ئۇنىڭغا قاراپ پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا چۈشۈۋاتقان ئادەم جامالىدىن ئىدى. ئۇ خاپا چىراي كۆرۈنەتتى، ئەنجانباي بىلەنمۇ سوغۇققىلا كۆرۈشتى.

— پىلان ئۆزگىرىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئەنجانباي ئۇلارنىڭ كېلىش سەۋەبىنى بىلەلمەي، — ئۆتكەن كۈنى پەقەت قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش ھەققىدىلا مەسلىھەت بولغاندەك قىلىۋىدى.

جامالىدىن دىمىغىدا سوغۇققىلا كۈلدى:

— ھىم، ۋۇي ئاغىنە، بۇنى تېخىچە بىلەلمەيۋاتامسىز؟ قىزىق گەپ بولدى - دە بۇ. ئۆزىڭىزدىن سوراڭ.

ئەنجانباي قانداق ئىش سادىر بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى:

— مەندىن سەۋەنلىك ئۆتۈلگەن بولسا، جازالىنىشقا مەن رازى، — دېدى ئۇ جامالىدىنىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ، — لېكىننزە، شۇ تاپتا مەن قانداق سەۋەنلىك سادىر قىلغىنىمنى بىلەلمەي...

— بىلىشىڭىز كېرەك، بىز سىزنى ئوپالغا بېرىپ، كىشىلەر بىلەن سىردىشىپ ئۇلارنى ئويغاتسۇن، كۆپرەك ئادەملەرنى بىزگە مايىل قىلسۇن، قوشۇنىمىزنى كېڭەيتىشكە كۈچ توپلىسۇن، دەپ ئالاھىدە مەخپىي خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتكەنىدۇق، لېكىن سىزچۇ؟ سىز باشباشتاقلىق قىلىپ، بۇيرۇقسىزلا ئۆزىڭىز يالغۇز ئاقتاش جىلغىسىدا شۇنچە كۆپ دۈشمەنگە قاراملىق قىلىپ ھۇجۇم قىپسىز، يەنە تېخى بۇنى ئاز دېگەندەك، تاھىرنىڭ ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ ئوپال گازارمىسىنى ئېلىشقا ئاتلىنىپسىز. نېمىدېگەن بەڭۋاشلىق بۇ! ھەرنېمە بولسا، قانداقلا بولسۇن ئازراق بولسىمۇ ئەقلىڭىزنى ئىشقا سېلىپ بىزنى بۇ ئىشتىن خەۋەرلەندۈرۈپسىز. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چۆچۈدۇق، ھاياتىڭىزنىڭ خەۋپكە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەممە ئىشنى توختىتىپ، بۇ تەرەپكە ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولدۇق. يول ئۈستىدە ئويتاغ ئاغزىدىكى دۈشمەنلەر ئالدىمىزنى توسۇپ كاشىلا قىلغانىدى، ئۇلارنى سۈرۈپ قوغلاپ كەلسەك، بۇ تەرەپتىن ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالدى. شۇنىڭغا قاراپ، سىزنىڭ چوقۇم مۇشۇ ئەتراپتا سوقۇشۇۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىپ، ئالدىڭىزغا كېلىشىمىز. قانداق، ئەمدىغۇ بىلگەنسىز، پىلاننى كىم بۇزۇپتۇ؟

— مەن، مەن بۇزۇپتىمەن، لېكىن بۇ...

— لېكىن - پېكىن دەيدىغان گەپنى قويۇڭ، بىزنىڭ ھەممە ئىشىمىز پىلان بويىچە، بۇيرۇق بىلەن ئىجرا قىلىنىشى كېرەك. بىزنىڭ پەقەت بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش مەجبۇرىيىتىمىزلا بار، ھەرگىز قاراملىق قىلىشقا بولمايدۇ.

ئەنجانباي كۆڭلىدە «ئۇنداق بەلەن پۇرسەتنى قولدىن بېرىش

تېخىمۇ زىيانلىق، مەن ئۇنداق ئەخمەق ئەمەس» دېدىيۇ، ئاغزىدىن چىقارمىدى.

— خوپ.

— بىز سىزدىن چوڭ ئۈمىد كۈتمەكتىمىز، خەلقىمىز سىزدەك باتۇرلارغا موھتاج. لېكىن، بۇيرۇقسىز ئىش قىلساق، قارامىلىق قىلساق يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. شۇنى سەمىڭىزگە سېلىپ قويااي، سىز يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە باتالىيون كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندىڭىز. سىزنى تەبرىكلەيمەن، مۇبارەك بولسۇن، لېكىنزە، بۇيرۇقسىز ئىش قىلماڭ، قول ئاستىڭىزدىكىلەرمۇ شۇنداق بولسۇن. ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭ.

— بۈگۈن يەنە نېمە ئىش قىلىمىز؟

— قاراڭ، قاراڭ سىزنى. كېسىلىڭىز يەنە قوزغالدى. سوراپ نېمە قىلىسىز؟ بۇيرۇق كۈتۈڭ، بۇيرۇق. سىز دەرھال ئۇپالغا قايتىڭ، يۇسۇپجان تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرىنى باشلاپ ئاقتاش تەرەپ بىلەن مېڭىپ، ئۇپالغا كەلمەكچى بولۇپ يولغا چىققانىدى، تىنچلىق بولسا، ئۇلارمۇ بۇ چاغقىچە ئۇپالغا يېقىنلىشىپ قالغاندۇ. سىز بېرىپ ئۇلارغا ھەمدەم بولۇڭ.

— بىللە بارارمىز؟

— ياق، مەن بارمىساممۇ بولىدۇ. بىز ئەسلىدە سىزنى تېپىپ بولۇپ ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ ئىش باشلاش ئۈچۈن، ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ يولغا چىققانىدۇق. ئەمدى بولدى، ھاجىتى قالمىدى، بىز مۇشۇ يەردە قېلىپ چەشتاغدىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىمىز. ئېغىر قورالالارنى ئېلىپ كەلدۇق. ئادەملىرىمىزمۇ خىل، چەشتاغنى ئېلىشىمىزدا گەپ يوق.

ئەنجانباي ئۇپالغا بېرىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. جامالىدىن ئۇنى يەنە شۇنداق سوغۇق چىراي ئۇزىتىپ قويدى. لېكىن، ئۇ ئۇزاپ تاكى ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنگۈچە ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرۇپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان قاپقارا كۆز قارىچۇقلىرىدا مەمنۇنلۇق، پەخىرلىنىش، كۆيۈنۈش

نۇرلىرى چاقنايتتى.

— يارايسەن دوستۇم. مەنمۇ شۇنداق، دۇشمەننى كۆرسەم قولۇم قىچىشىپ ئۆزۈمنى باسالماي قالىمەن. ئامال يوق، بۇيرۇق شۇنداق.

ئۇ شۇنداق دەپلا نېمە ئۇچۇندۇر ئۆزىچىلا پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

* * *

ئالدىنقى كۈنى تاڭ سەھەردە ئەنجانباي تاغ ئىنقىلابچىلىرىنى باشلاپ كەلگەندە، يۈرىكى پوك - پوك ئويپال ئەمەلدارلىرى ساراسىمىگە چۈشۈپ، جان قايغۇسىدا تەرەپ - تەرەپلەرگە پىتىراپ قېچىپ جانلىرىنى ياقىغا ئېلىشتى. لېكىن، كەمبەغەل، ئاجىز - بىچارىلەر خۇشاللىققا چۆمۈپ، تەنتەنە قىلىشتى:

— ئەجەبمۇ ئوبدان دەككىسىنى بەردى.

— بالدۇرراق مۇشۇنداق جاجىسىنى بەرگەن بولسا، تېخىمۇ ئوبدان بولاتتى.

— ھېلىمۇ خۇداغا شۈكۈر، ئەمدى بىزنىڭمۇ يۆلەنچۈكىمىز بار بولدى.

لېكىن، كېچىسى كۈنچىقىش تەرەپتىن ئۇزۇلمەي ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرىنى ئاڭلاۋېرىپ خەلقنىڭ كۆڭلى يەنە يېرىم بولدى:

— ۋاي خۇدايىم، ئۇلار يەنە سوقۇشۇۋاتىدۇ !

— ئاھ خۇدا ! تاغ ئىنقىلابچىلىرىنى ئامان - ئېسەن قىلغايسەن.

— ئەنجانباينى پاناھىڭدا ساقلىغايسەن.

ئۇلار شۇ ھالدا دەككە - دۈككىدە تاڭنى ئاتقۇزۇشتى. ئوق ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلانماي قالدى. ئۇلار تاغ ئىنقىلابچىلىرىنىڭ خىيىمخەتەرگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنىڭ يولىغا

تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇۋاتقاندا، كۆنپىتىش تەرەپتىن ئاسمان ـ پەلەك تۇپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇلار ھەيران بولۇپ تۇرۇشقاندا، يىراقتىن نۇرغۇنلىغان ئاتلىقلارنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشكە باشلاندى. بىر دەمدىن كېيىن قوراللىرىنى ئېسىشقان، قالپاقلىق، تۇماقلىق، چورۇقلۇق، ئۆتۈكلۈك، جۇۋىلىق، قارا، كۆك، ئالا چاپانلىق، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈك، ياداڭغۇ، لېكىن روھلۇق ئادەملەر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇشقان ھالدا «تاغ ئىنقىلابچىلىرى» ناخشىسىنى ياڭرىتىپ ئېيتىپ ئوپال بازىرىغا كىرىپ كېلىشتى:

تاغ ئىنقىلابچىلىرى بىز،
تاغدا ئۇبدان جەم بولۇشقان.
زۇلۇمنى يوق قىلىش ئۈچۈن،
ئۇيۇلتاشتەك چىڭ ئۇيۇشقان.

قوزغىلايلى، ئۇيۇشايلى،
بىر دەك ئالغا ئاتلىنايلى.
ئەركىن ـ ئازادە ياشاش ئۈچۈن،
زالىملارنى يوق قىلايلى.

قوزغىلىمىز، قۇل بولمايمىز،
ئەمدى ئۇخلاپ جىم ياتمايمىز.
ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى،
ئارقىغا ئەسلا يانمايمىز.

ھۇررا، ھۇررا، ھۇررا!
ھۇررا، ھۇررا، ھۇررا!

ئۇلار شۇ ھالدا بازارنى بىر ئايلىنىپ چىقىشتى. ئاندىن

ئۆيۈشما زالىغا كىرىشتى. جامائەت زوقلىنىش، ئەيمىنىش بىلەن ئۇلارغا قارىشاتتى.

تاغ ئىنقىلابچىلىرى ئالدى بىلەن دورغا، ئونبېشىلارنى ئادەملەرنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپلەرگە ماڭدۇرۇشتى. ئاندىن ئوقۇتقۇچىلارغا تەييار شوئار نۇسخىسىنى تاپشۇرۇپ، كۆپەيتىپ يېزىپ چاپلاشنى جېكىلىدى.

چۈش بولاي دەپ قالدى. ئادەملەرمۇ كېلىشكە باشلىدى. تاغ ئىنقىلابچىلىرىنىڭ قوراللىرى خىل ئىدى. ئۇلار يول - يوللاردا، دوقمۇش - دوقمۇشلاردا، ئۆگزىلەردە، تاغ چوققىلىرىدا پىلىموت، ئاپتوماتلارنى تۇتۇشقان ھالدا يىراقلارغا كۆز تىكىپ كۆزىتەتتى، ئاتلىق كۆزەتچىلەرمۇ چېپىشىپ يۈرۈشەتتى. ئېتەكتەك كەڭ سامان قەغەزلەرگە يېزىلغان شوئارلار تاملارغا، ئىشىكلەرگە، دەل - دەرەخلەرگە چاپلانغانىدى. «ياشىسۇن خەلق ئازادلىقى !»، «گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتايلى !»، «ئەزگۈچىلەرنى يوقىتايلى !»، «خەلققە ئەركىنلىك، يەر، سۇ كېرەك !»... دېگەندەك قۇلاققا ياقىدىغان بۇ شوئارلارنى كىشىلەر ئورىنۋېلىشقانىدى.

چۈش بولغاندا ھەممە ئادەم ئوپال بىرلەشمە ئۆيغۇر ئۆيۈشما زالىغا توپلاندى. يىغىلغان ئادەملەرنىڭ تولىلىقىدىن مىڭ كىشىلىك بۇ چوڭ زالدا ئۇلار شۇ تاپتا خۇددى تاغارغا قاچىلانغان چامغۇر - سەۋزىدەك تىقما - تىقماق بولۇپ تۇرۇپ كېتىشكەنىدى. بۇ جاغدا ئەنجانبايمۇ گەز دەرياسى بويىدىن يېنىپ ئوپال بازىرىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن تاھىر باشلاپ كەلگەن ئادەملەرنى بازارنىڭ دوقمۇشىدىكى موللا توختى مەزىنىنىڭ ئاشخانىسىدا ئوخشىتىپ ئەتكەن گۆشلۈك پولۇدا مېھمان قىلدى، ئاندىن ئۇلارنى ئۈزىتىپ قويۇپ تاشمىلىق تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان گۈمبۈر - گۈمبۈرلىگەن ئوق ئاۋازلىرىغا قۇلاق سېلىپ بىردەم تىڭشاپ تۇردى - دە، بىرنەچچە ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە جامائەت يىغىلغان ئۆيۈشما زالىغا

كىرىپ كېلىشتى. دەل شۇ چاغدا ئېگىز بوي، گەۋدىلىك، قاڭشارلىق، ساقال ـ بۇرۇتلىرى پاكىز قىرىلغان، چىغ يوللۇق بەقەسەم تون، تۇلكە تۇماق كىيگەن قارىمۇتۇق بىر ئادەم سالماق قەدەم تاشلاپ سەھنىگە چىقتى. ئۇ بۇ قېتىم ئوپالغا چۇشكەن تاغ ئىنقىلابچىلىرىنىڭ باشلىقى يۇسۇپجان دېگەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدە ئاپتومات تۇتۇشقان تۆت يىگىت تىك تۇردى. يۇسۇپجان جامائەتكە سالام بەرگەندىن كېيىن ئۇنلۇك ـ ئۇنلۇك سۆزلەشكە باشلىدى:

— جامائەت، بىز ھەممىڭلارغا مەلۇم بولغىنىدەك، تاغدىن چۇشكەن تاغ ئىنقىلابچىلىرى، زۇلۇمغا، ئېزىلىشكە قارشى قوزغالغان خەلق ئوغلانلىرى بولىمىز. بىز ئەزگۇچىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارقا تىرىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى چوقۇم يوقىتىپ، كەمبەغەللەرنىڭ، ئاجىزلارنىڭ قىساسىنى ئالىمىز. ئەركىن ـ ئازادە زامان قۇرىمىز، بۇ يولىمىزدىن ھەرگىز يانمايمىز. ئۆلسەك شېھىت، ھايات قالساق غازى، غەلىبە بىزگە مەنسۇپ! ھازىر بىزنىڭ قورالىمىز خىل، تولۇق. لېكىن، ئادىمىمىز ئازراق، تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ قوشۇنغا كىرىشنى خالىغانلارنى قارشى ئالىمىز، ھەرگىز زورلىمايمىز. ئىختىيار قىلغۇچىلار بولسا ئالدىغا چىقسۇن. قېنى مەرھەمەت.

زال ئىچى سۇرلۇك جىمجىتلىققا چۆكتى. ئۇ بۇنىڭغا، بۇ ئۇنىڭغا قاراشقىلى تۇردى. دەل شۇ چاغدا بىرى ئۇنلۇك توۋلىدى:

— مانا مەن بار، مەن قاتنىشىمەن.

جامائەت ئاۋاز چىققان تەرەپكە تەڭ قاراشتى ـ دە، كۆزى ئەنجانبايغا چۇشۇپ ئۇنىڭغا مەمنۇنلۇق بىلەن تىكىلىپ قاراپ قېلىشتى.

ئەنجانباي تېز ـ تېز مېڭىپ ئالدىغا ئۆتۇپ سۇپىنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، تاغدىن چۇشكەن قوزغىلاڭچىلارغا قاراپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

جامائەتكە قاراپ تىك تۇرۇشقان قوزغىلاڭچىلارمۇ خۇددى ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇشقان ھالدا ئېگىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى:

— ۋەئەلەيكۇمئەسسالام.

ئەنجانباي تاققىدە سەكرەپ سۇپىغا چىقتى - دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، زالدا تىقمۇتىقماق ھالدا ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇشقان جامائەتكە سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

جامائەتمۇ، زامانىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا، ئۆز كۆز ئالدىدا تۇرغان ئوپالنىڭ قارا تېرەكلىرىدەك كۆركەم، مەزمۇت چوڭ بولغان ئۆزىنىڭ بۇ ئوغلانىغا پەخىرلەنگەن، ھاياجانلانغان ھالدا ھۆرمەت بىلەن قاراپ، خۇددى قىرائەت قىلغاندەكلا ئاۋازلىرىنى سوزۇپ چىقىرىپ ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى:

— ۋەئەلەيكۇمئەسسالام! ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتىھۇ!

جامائەتنىڭ شۇ تاپتىكى سالام ساداسى خۇددى قارا بوراننىڭ ئورمانلىقتىكى گۇركىرىشىدەك گۇركىرەپ چىقىپ، زالنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى، ھەتتا ئون يېتىم يىراقلىقتىكى قارا جىلغا، قىزىلجىلغا بويلىرىغىمۇ ئاڭلىنىپ، يەنە شۇنداق بوران گۇركىرىگەندەك ئەكس سادا ياندۇردى. ئەنجانباي ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇشقان تاغ ئىنقىلابچىلىرىغا، ئاندىن جامائەتكە تېگىر قىلغاندەك بىر دەم قاراپ تۇرۇپ قالدىيۇ، يەنە شۇ ھامانلا ئېسىگە كېلىپ، بۇرۇلۇپ يۇسۇپجانغا قاراپ:

— ئىجازەت بولسا، جامائەتكە دېيدىغان ئىككى كەلىمە سۆزۈم بار ئىدى. دەۋالغان بولسام، — دېدى.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — دېدى يۇسۇپجان كۈلۈپ تۇرۇپ، — سۆزلەڭ، بۇ يەردىكى بۇگۈنكى بۇ سورۇن جامائەتنىڭ، شۇنداقلا جەڭگە ئاتلىنىدىغان جامائەت ئوغلانلىرىنىڭ سورۇنى. ھەرقانداق گېپىڭىز بولسا سۆزلەۋېرىڭ، قېنى مەرھەمەت.

ئەنجانباي يەنە جامائەتكە يۈزلەندى - دە، كۆكسىنى كېرىپ،

قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنلۇك - ئۇنلۇك سۆزلەشكە باشلىدى:

— تۇغقانلىرىم، ئومۇمىي جامائەت ئەھلى... ئالدىڭلاردا دەردىمنى تۆكۈۋالاي، كۆڭلۈمدە بارىنى دەپ يۇخادىن چىقىۋالاي. ئىجازەت قىلغايسىلەر. ھەممىڭلارغا مەلۇم، نامىم ئەنجانباي، تەكتىمىز مۇشۇ ئوپاللىق، مەن ئانامنىڭ قورسىقىدا تۆرىلىپ، تېخى بۇ دۇنياغا كۆز ئاچماي تۇرۇپلا بۇ يۇرتتىن قوغلاندىم. كىشىلەرنىڭ يۇرتىدا مۇساپىرچىلىق، غېرىبلىق، موھتاجلىق ئازابىنى تارتىپ يۇرۇپ بۇ دۇنياغا كەلدىم. كۆزۈمنى ئېچىپلا دوزاخ بىلەن جەننەتنى تەڭ كۆردۇم. بۇ دۇنيا بايلارنىڭ جەننىتى، يوقسۇللارنىڭ دوزىخى ئىكەن. سەۋەبى — ئىچى يامانلىق، شۇملۇق بىلەن تولغان ھۆكۈمەت ئاشۇ ئاچ كۆز، دىلى زەھەر بىلەن سۇغىرىلغان زالىم بايلارنىڭ قولىدا ئىكەن. ھۆكۈمەت شۇلارنىڭ قولىدا بولغانلىقتىن ئۇلار كۈچلۈك ئىكەن. بۆرىگە ئوخشاش ۋەھشىي، ئاچ كۆز ئىكەن. جەننەتنىڭ راھىتىدە ياشايدىكەن، كەمبەغەللەرنىڭ ھېچنېمىسى يوق ئىكەن، قانائەتچان، قويدەك ياۋاش، ئاجىز ئىكەن، كالىدەك جاپالىق ئىشلەيدىكەن، ئۇلارنىڭ تەقدىرى ئاشۇ ئاچ كۆز، زالىم بايلارنىڭ ئىلكىدە ئىكەن. بايلار ئۇلارنى خالىغانچە بۇلىسىمۇ، تالىسىمۇ، ئاياغ ئاستى قىلسىمۇ مەيلى ئىكەن، ھېچقانداق سوئال - سورىقى بولمايدىكەن. مەن تۇغۇلۇپلا كۆرگىنىم مانا مۇشۇنداق چەكسىز زورلۇق - زومبۇلۇق ئىچىدىكى ۋەھشىي، قاباھەتلىك، زۇلمەتلىك دۇنيا بولدى. ھازىرمۇ ھەممىمىز مۇشۇ جىنايەتكە تولغان، ھەق - ناھەق ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن ۋەھشىي دۇنيادا جان تالىشىۋاتىمىز. خۇدايىم بەندىلىرىنىڭ ئازابىغا چىدىمايدىكەن، بىراق، خۇدايىمنىڭ قازىنى ئاستا قايىنايدىكەن. لېكىن، قايىنىسا تاشىدىكەن، ھەرگىز توسۇۋالغىلى بولمايدىكەن. ئورۇسلار تەۋەسىدە ئازاب چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكتىن، خۇدايىمنىڭ ئەمرى بىلەن يوقسۇللار بىرلىشىپ قوزغىلىپ، بىر

تەۋرەپلا زۇلمەتلىك دۇنيانىڭ تۈۋرۈكى بولغان ھۆكۈمەتنى يوقاتتى، ئاچ كۆز، زالىم، قان شورىغۇچى بايلارنى كۆككۈم ـ تالقان قىلىۋەتتى! مەن بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئاڭلىسام، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش دەھشەتلىك زۇلۇمغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ قوزغىلىپتۇ، مۇشۇ كۈنلەردە زۇلۇمنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ھۆكۈمەتنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قاپتۇ. مانا ماۋۇ ئالدىمىزدا تۇرغان، — ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ سەھنىدە تىك تۇرۇشقان تاغ ئىنقىلابچىلىرىنى كۆرسەتتى، — ئەزىمەتلەرمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاشلا جېنىنى خەلققە، خۇدا يولىغا ئاتاپ تاغدىن چۈشۈپتۇ. بىزمۇ ئەمدى تۇمىقىمىزنى ئالدىمىزغا قويۇپ تۇرۇپ ئوبدان باش قاتۇرايلى. باشقىلار قىلغاننى بىز نېمىشقا قىلالمايمىز؟! بىز نېمىشقا قوزغالماي، قاچانغىچە كۇرۇك توخۇدەك دوكۇلداپ ئۇۋۇمىزنى چۆرگىلەپ يۈرىمىز؟! باشقىلار ئاللىقاچانلا ئويغاندى! بىز يەنە قاچانغىچە قىيامەتنىڭ چۈشىنى كۆرۈپ ئۇخلاپ ياتىمىز؟ بىزنىڭ ئۇلاردىن قانداق يېرىمىز كەم؟ خۇدايىم «يارىتىشتا مەن ياراتتىم، يارىلىش ئۆزۈڭدىن» دەپتىكەن. شۇڭا، بىزمۇ يارىلىش ئۈچۈن ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈن، ھۆرلۈك ـ يورۇقلۇق ئۈچۈن، يەر، سۇ ئۈچۈن قوزغىلايلى! بىزگە ياشاش ئۈچۈن ئاش، نان، كۈننىڭ سىرىقى كېرەك! ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ جان تىكىپ ئېلىشىدىغانلا بولساق، ئىنشائاللا، خۇدايىم بىزگە مەدەت بېرىپ، مۇراد ـ مەقسەتلىرىمىزگە يەتكۈزىدۇ. مىكى ـ مىكى دەپ ئىنجىقلاپ تۇرماي ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇپ قوزغىلايلى! پىچاق سۆڭەككە يەتتى! تاقەت قالمىدى! شۇڭا، مەنمۇ جېنىمنى خۇدا يولىغا، خەلقىمىزنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ئاتىدىم.

جامائەت، ماڭا دۇئا قىلىڭلار! ئەجدادلىرىمىزنىڭ قىساسى ئۈچۈن، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن، ھۆرلۈك ـ

باراۋەرلىك ئۈچۈن جەڭگە چىقاي ! قېنىم يۇرت، جامائەت ئۈچۈن ئاققاي ! خۇدايىم ماڭا بۇ يولدا تەۋرەنمەي ماڭغۇدەك قەتئىي ئېتىقاد، دۈشمەنلەرنى يېڭەلىگۇدەك كۈچ ـ قۇۋۋەت، شەيتانلار ئازدۇرالمىغۇدەك ئەقىل ـ پاراسەت، بوينۇمغا قىلىچ چۈشسىمۇ چىرايىم ئۆڭمىگۇدەك، بۇرۇتۇممۇ تەۋرىمىگۇدەك جاسارەت ئاتا قىلغاي ! قېنى ئەزىمەتلەر، بەدىنىدە ئەركەك تۈكى بار يىگىتلەر، مەيدانغا چىقىڭلار ! ئۇغۇل بالا جەڭگە يارالغان ! خۇدا، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزنى جامائەتنىڭ دىلىغا سىڭىپ، تىلىكىمىزنى ئىجابەت قىلغايسەن ! جامائەت، جەڭگە چىقىدىغان ئەزىمەتلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىڭلار، ئامىن !

ئەنجانبايىنىڭ كۆڭلىدىكى بۇ جاراڭلىق ـ يارقىن سۆزلىرى جامائەتنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىپ، يىغىن مەيدانىنى تېخىمۇ بەك تەۋرىتىۋەتتى. خۇددى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتىپ، قايناۋاتقان قازاننى تاشۇرۇۋەتكەندەك، تۇتاشقان ئوتقا ياغ چېچىپ، ئۇنى بىراقلا چوڭ يانغىنغا ئايلاندۇرۇۋەتكەندەكلا بولدى ـ دە، جامائەت بىردىنلا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشلىرىنى، مىشىلداپ، ئېسەدەپ يىغلاشلىرىنى توختىتىپ، ئاللا ـ چۇقان سېلىشىپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى:

ــ ئامىن ! ئامىن ! ئامىن !

ــ ئەل ـ جامائەت ئۈچۈن جەڭگە ئاتلىنىدىغان ئەزىمەتلەرگە دۇئا قىلايلى !

ــ مېنى خەتلەپ قويۇڭ، مانا مېنى ! ــ جامائەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باقاخۇننىڭ خىرقىراپ تۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ــ مەنمۇ جەڭگە چىقىمەن ! مىلتىق ئاتالايمەن !

جامائەت خۇددى بالدۇر ئۇنى كۆرمىگەندەكلا بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قېلىشتى. ئۇ چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ، ئېگىز بويىنى تىك تۇتۇپ، ئالدىرىماي مېڭىپ، ئۇدۇللا سەھنىگە چىقتى ـ دە، ئوغلىنىڭ ئوڭ يېنىغا ئۆتۈپ، قول باغلاپ تۇردى.

جامائەت يەنە ئاللا ـ چۇقان كۆتۈرۈشتى:

— بارىكاللا !

— خۇدايىم مۇرادىغا يەتكۈزگەي !

— باقاخۇنغا دۇئا قىلايلى !

جامائەتنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرىنى بىر ئايالنىڭ زىل ئاۋازى بېسىپ چۈشتى:

— مەنمۇ بارىمەن ! مېنى خەتلەڭ ! دادىسى، بالىسى كەتسە، مەنزە، بىر كۆلۈك، تۆت بۇلۇڭنى بېقىپ ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرامدىم. مېنىڭمۇ بەش ئەزايىم ساق ! كىر ـ قات يۇيالايمەن، ئاش ـ تاماق ئېتەلەيمەن. باشقا كەلسە باتۇر بوپتۇ ! يامىنىغا كەلسە، تېخى قولۇمغا مىلتىق ئالالايمەن ! — توختىخان سۆزلىگەچ سەھنىگە چىقىپ، ئوغلىنىڭ سول يېنىغا چىقتى. جامائەتنىڭ تەرەپ ـ تەرەپتىن:

— توختىخانغا دۇئا قىلايلى ! ئامىن ! ئامىن، — دەپ توۋلىغان دۇئا سادالىرى زال ئىچىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. ئارقىدىنلا ئەنجانباينىڭ ئىنىلىرى قادىر بىلەن ئەزىزمۇ: «مەنمۇ بارىمەن، مەنمۇ !» دەپ تەڭ توۋلىشىپ، سەھنىگە چىقىپلا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇشتى. جامائەت ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىگە تەڭ دۇئا قىلىش ئۈچۈن «ئامىن !، ئامىن !» دەپ ئەمدىلا تېخى قولىنى كۆتۈرۈشكە، قېنى قايناپ تۇرغان ياشلار ئۆزىنى باسالماي قېلىشتى ـ دە، دۇئانىڭ توختىشىنى كۈتمەستىنلا: «مەن !»، «مەن !»، «مەن !» دەپ توۋلىشىپ، يەڭلىرىنى تۈرۈشكەن هالدا ئارقا ـ ئارقىدىن سەھنىگە چىقىشقا باشلىدى.

ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ سەھنىگە چىققانلارنىڭ ئارىسىدا ئوقۇتقۇچىلارمۇ، دېهقان، ئاشپەز، ناۋايلارمۇ، يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلغان غېرىب ـ مۇساپىرلارمۇ، يىلىلىقچى ـ مەدىكارلارمۇ بار ئىدى. شۇ تاپتا: «قېنى يەنە كىم بار؟» دەپ ياشلارنى سەھنىگە چىقىشقا دەۋەت قىلىش، قىزىتىش هاجەتسىز بولۇپ قالغانىدى. ياشلار پالاقشىپ بەس ـ بەستە سەھنىگە چىقىۋەردى.

«ئۆيدىكىلەردىن سوراپ باقاي، نېمە دەيدىكىن» دېگۈچىلەر چىقمىدى. سۈپىنىڭ ئالدى قىستا ـ قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتتى. جامائەت تېخىمۇ قىزىپ قالدى. ئۇلار ئالدىغا چىقىۋاتقان ياشلارغا قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاۋازلىرىنى بولۇشىچە قويۇپ بېرىپ، خۇددى قىرائەت قىلغاندەكلا ئاۋازلىرىنى سوزۇپ ـ سوزۇپ چىقىرىپ دۇئا قىلىشاتتى:

ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىدىغانلارنىڭ سەل سېلىككەنلىكىنى بايقاپ قالغان بىر بوۋاي خىرقىراق ئاۋازدا توۋلىدى:

— مەن قېرىپ قالدىم، ئوتتۇرىغا چىقالمىدىم. بىر بايتىلىم بار ئىدى، شۇنى ئاتىدىم. شۇغىنىسى شاشراق. ئۆھھۇ ـ ئۆھھۇ! — ئۇ يۆتىلىپ كېتىپ، بىرھازاغىچە مۈكچىيىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۆتىلى توختاپ بولغۇچە ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر بوۋاي ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى:

— بەللى ـ بەللى ئاغىنە، قېرىغانلىقىڭنى تەن ئالماي، تېخى بىر ئاي ئىلگىرىلا قىزچاق خوتۇن ئالدىڭلىغۇ، مانا ئەمدىزە، ئوتتۇرىغا چىقىدىغان چاغدا يېلىڭلا چىقىپ كەتتىمۇ؟ قېرىساقمۇ چاندۇرمايلى جۇمۇ!

جامائەت پاراق ـ پۇرۇق كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— بەلەن گەپ بولدى. شۇنداق قىلايلى! كۈچىمىز بارلار كۈچىمىزنى، مېلىمىز بارلار مېلىمىزنى چىقىرايلى!

— بولىدىغان گەپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىش دېگەن مانا شۇ!

— مەنمۇ بىر ئېتىمنى! مەنمۇ بىر ئات!

ئۇلارغىمۇ جامائەت دۇئالىرىنى ئايىماي قىلىشتى. جامائەتنىڭ توختىماي قىلغان دۇئالىرىنىڭ مەدىتى، تەشەككۈر بىلدۈرۈپ سالغان چۇقان سادالىرىنىڭ دولقۇنىدا، شۇ كۈنى، دەل شۇ مەيداندىلا يەتمىش ئادەم جامائەتنىڭ دۇئالىرىنى ئېلىپ جەڭگە ئاتلىنىش ئۈچۈن ئۆزىنى تىزىملاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە

قىرىق ئاتنىڭ ئىگىلىرىمۇ تىزىملاندى. بۇنىڭ ئىچىدە يېقىن ئەتراپتىكى قوشنا يېزىلاردىن خەۋەر تېپىپ كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى.

جۇمەخۇنمۇ ئۆزىنى تىزىملىتىش ئۈچۈن سەھنىگە چىققانىدى، ئاتا ـ ئانىسى، ئىنىلىرى «چۆچۈرىدەك ئۇششاق يەتتە بالاڭ تۇرسا، ئۇلارغا كىم قارايدۇ؟ بولدى، سەن بالىلىرىڭنى باق، ئۆيلەرگە قارا» دەپ ئۇنى ئۆزىنى مەلۇم قىلىشقا قويمىدى.

جامائەتكە ئىسسىق چىراي بىلەن كۆز تىكىپ تۇرۇشقان تاغ ئىنقىلابچىلىرىنىڭ باشلىقلىرى باشلىرىنى بىر يەرگە قىلىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشتى. ئارىدىن يىغىن باشقۇرۇۋاتقان يۇسۇپجان ئورنىدىن تۇردى. ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ، جامائەتنىڭ جىم بولۇشىنى ئىشارە قىلدى. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ شۇ ھامان توختىدى.

— جامائەت، — دېدى يۇسۇپجان ئۇلار جىم بولۇشقاندىن كېيىن، — بۈگۈن بۇ سورۇندا كۆپچىلىك ئۆزىنىڭ ئويغانغانلىقىنى نامايان قىلدى. جامائەتكە رەھمەت. شۇنداق، ئەلۋەتتە ئويغىنىش كېرەك، ئويغانغاندىلا ئاندىن جاھالەتنى گۆرگە تىققىلى، زومىگەرلەرنىڭ ھۆكۈمىتىنى يوقاتقىلى، خەلقنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ. بىز بايا ئەنجانباينىڭ باشچىلىقىدا تۇرغۇزۇلغان يىگىتلىرىمىزنىڭ ئۆز ھاياتىنى ئاشۇ ئۇلۇغ نىشانغا ئاتىۋەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى كۆردۇق. بىزدە مانا مۇشۇنداق ئىرادە ـ غەيرەت، روھ بولسىلا، بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز. بىز ئويغىنايلى، يەنىمۇ ئويغىنايلى! تەلتۆكۈس ئويغىنايلى! ئويغىنىشنىڭ ئۆزى ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش، زۇلۇمنى يوقىتىپ، ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، جاھالەتنى يوقىتىش دەرۋازىسىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ! بىزنىڭ يېتەكلەش نىشانىمىز، يېتەكلەش چارە ـ ئۇسۇللىرىمىز، ئويغانغان، ئۇيۇشقان ـ بىرلىككە كەلگەن كۈچىمىز، زامانغا لايىق قولىمىز بولسىلا، ئىنشائاللا، بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز، مەقسەتلىرىمىزگە

چوقۇم يېتىمىز.

خوش، جامائەت، ئەمدى بىز سىرتقا چىقىپ، بىزنىڭ خېلى كۆچلۈك قورالىمىزنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ كۆچىنىڭ دۈشمەنلەرنى كۆمپەيكۈم قىلىۋېتىشكە قادىر ئىكەنلىكىنى تاماشا قىلىپ كۆرۈپ باقايلى.

جامائەت ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشقان هالدا قىستىلىشىپ سىرتقا چىقىشقا باشلىدى. يۇسۇپجان جامائەت ئارىسىدىن نائىپ بەگنى ئىزدەپ تاپتى:

— نائىپ بەگ، — دېدى يۇسۇپجان ئۇنىڭغا سۇرلۇك قىياپەتتە تىكىلىپ قاراپ، — بىزگە بۇگۇنلا يۈز ئات تېپىپ بېرىڭ، ئىشلىتىپ بولۇپلا يەنە ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىمىز. خاتىرجەم بولۇڭ.

— خوپ باشلىق جانابلىرى، ئامالىنى قىلاي.

— جاناب - پاناب دەيدىغان گەپنى ئەمدى قىلماڭ! ئىسمىمىزنى ئاتىسىڭىزلا كۇپايە.

— ئوبدان، ئوبدان. كۆنۈكۈپ قېلىپ...

— بىزنىڭ گېپىمىزگىمۇ كۆنۈكۈڭ، تېز مېڭىڭ!

نائىپ بەگنىڭ بېشى تازا قاتتى: «يۈز ئات! ۋاي خۇدايىم! شۇنچە ئاتنى كەچ كىرگۈچە نەدىن تاپىدۇ؟ ئېتى بار بايلار ئاتلىرىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىشتى، ئەمدى بالاغا مېنى تاشلاپ قويۇشتى. بېشىم ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قالدى. ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قالغان نەرسە چوقۇم ياڭاقتەك چېقىلىدۇ! يۈز ئات! ۋاي خۇدايىم! بالدۇرقى چاغلاردىغۇ بۇنچىلىك ئاتلارنىڭ كارى چاغلىق ئىدى. قامچىنى بىرلا شىلتىسام، يۈز ئات دېگەن بىردەمدىلا تەييار بولاتتى. ئەمدى ئۇنداق قىلغىلى بولمايدىغان زامان بولۇپ قالدى. هاي! دەيدىغانلار چىقىپ قالدى، ۋاي خۇدايىم!»

جامائەت ئىنقىلابچىلارنىڭ قوراللىرىنى كۆرۈپ بېقىش قىزغىنلىقىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ سېلىشىپ، ئۆگزىلىرى كۆيۈپ، گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن گازارما سېپىلىنىڭ ئەتراپىلىرىغا

توپلاشتى. جامائەت ئارىسىدا ئىنقىلابچىلارنىڭ كارامەت بىر قورالى بار ئىكەن دېگەن پاراڭ تارقىلىپ، شۇنچە كەڭرى مەيدان بىردەمدىلا ئادەملەرگە توشۇپ كەتتى. قىستا ـ قىستاڭچىلىقتا ھەتتا بەزىلەر ئۆگزىلەرگە، دەرەخلەرگە چىقىۋېلىشتى ـ دە، «قېنى، قېنى؟» دېيىشىپ، بويۇنلىرىنى ئۇيان ـ بۇيان سوزۇشۇپ قاراشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ئىككى يىگىت ئالدىدا كىچىك بالىنىڭ بىلىكىچىلىك ئىنچىكە كانىيى بار، ئىككى چاقلىق بىر نېمىنى ئىتتىرىپ، جامائەت ئارىسىغا كىرىپ كەلدى.

— پوش - پوش، يولنى بوشىتىڭلار، قورالنى ئۆتكۈزۈۋالايلى.

جامائەت بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، شۇنداق قاراپلا، داۋرىڭى چوڭ ئۇ قورالنىڭ چوڭلۇقى ئارانلا توپا توشۇيدىغان يالغۇز كىشىلىك ياغاچ غالتەكچىلىكلا كېلىدىغان، ئۆزىمۇ خۇددى ئاشۇنداق غالتەككىلا ئوخشايدىغان ئىككى چاقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، غۇلغۇلا قىلىشقىلى تۇردى:

— ئېشەكمۇ بىمالال سۆرەپ ماڭالىغۇدەك ئۇنى.

— بۇ كىچىككىنە ئوقەتنىڭ كۈچى نېمىگە يېتىدىكىنتاڭ؟

شۇ ئارىدا تاغ ئىنقىلابچىلىرىدىن ئىككى يىگىت ھېلىقى «غالتەك ھارۋىغا ئوخشايدىغان» قورالنى سېپىلغا قارىتىپ توغرىلاپ بولدى. يۇسۇپجاننىڭ ئىشارىتى بىلەن زەمبىرەكتىن ئارقا ـ ئارقىدىن گۈمبۈرلەپ ئېتىلغان ئىككى پاي ئوقتا سېپىل گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ، كالا ھارۋىسى پاتقۇدەك يوغانلا ئىككى تۆشۈك ئېچىلدى. شۇ ھامان جامائەت ئارىسىدا چۇقان كۆتۈرۈلدى:

— پاھ ـ پاھ، نوچىكەنغۇ بۇ قورال !

— قالتىس كۈچى بار ئىكەن !

— شەھەر سېپىلىنىمۇ تېشىۋېتەلەيدىكەن !

— گومىنداڭچىلارنىڭ ئۇۋىسىنى كۇمپەيكۇم قىلىۋېتەلەيدىكەن !

— ئورۇسلار ياسىغاندەك قىلىدۇ.
كەچ كىرىپ قالدى. كۆن ئوپال تاغلىرىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. تاغ ئىنقىلابچىلىرىمۇ تاشمىلىقتا بىرىش ئۈچۈن يولغا چىقىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوپالدا قوشۇلغان يەتمىش ئادەم، يەتمىش ئاتمۇ بار ئىدى. ئەنجانباي دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە مېڭىشىغا ئۇنىمىدى:
— هازىر نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشىمىز نامەلۇم، مۇقىم بىر يەرگە ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن سىلەرنى يېنىمىزغا ئاپىرىۋالىمىز.
باقاخۇن بىلەن توختىخان ئىلاجسىز قېلىپ قالدى. «دېمىسىمۇ راست، بىز قېرىپ قالدۇق. ئۇلارغا يۈك بولۇپ قالساق بولمايدۇ. بۇنى باللار ئاغزىدىن چىقارمىغىنى بىلەن ئەھۋالنى بىز چۈشىنىمىز. خەير، بوپتۇ، هازىرچە تۇرۇپ تۇرايلى، كېيىنچە بىزگىمۇ خۇدايىمنىڭ بۇيرۇغىنى باردۇر» دەپ ئويلاشتى ئۇلار ۋە يىغلامسىراپ تۇرۇپ باللىرىغا دۇئا قىلدى:
— سىلەرنى خۇدايىمغا تاپشۇردۇق. خۇدايىم مۇراد - مەقسىتىڭلەرگە يەتكۈزگەي!

## يىگىرمىنچى باب

# مەن ئەنجانباي

قەيسەر، ئىرادىلىك ئەزىمەتلەر ماكانلاشقان تۆزتاغ باغرىدىكى بۇ گۈزەل قەدىمىي شەھەر تاشمىلىق قەدىمكى زامانلاردا «تاشبالىق — تاش بىلەن قوپۇرۇلغان شەھەر» نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى. زامان - زامانلار ئۆتتى. خانلارنىڭ بەزىلىرى يولدىن ئېزىپ ئالماشتى، يەنە بەزىلىرى بولسا ھالىدىن كېتىپ تۈگەشتى، لېكىن تاشمىلىق ھېلىھەم چوڭ بەگلىك نامى بىلەن ئەتراپىدىكى كىچىك بەگلىكلەرنى باشقۇرۇپ، يەنىلا ئەسلىي ھەيۋىسىنى ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى.

غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قىيپاش سوزۇلغان بۇ يانتۇ زېمىنىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى قىزىلتاغ تىزمىلىرى بىلەن چەشتاغلار خۇددى ئۇلۇغ ئېچىلغان چوڭ دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىدەك بىر - بىرىگە نېرىدىن قارىشىپ تۇرۇشاتتى.

سۈيى خۇددى ئانا سۈتىدەك بەرىكەتلىك گەز دەرياسى ئۆزىنىڭ تارام - تارام، ئەگرى - توقاي ئېقىن - جىلغىلىرى ئارقىلىق تاشمىلىقنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ - داۋانلىق يايلاق، ئېگىز - پەس باغ - بوستانلىق، ئېكىنزارلىق زېمىنلىرىنى ئوپالنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تۈزلەڭ، مۇنبەت زېمىنلىرى بىلەن يېقىن تۇتاشتۇرۇپ تۇرغانلىقتىن، ساپ ھاۋالىق، سېھرىي كۆچكە تولغان بۇ ئىككى كەڭرى زېمىن خۇددى ئانا سۈتىنى تالىشىپ ئېمىشىۋاتقان بىر جۈپ قوشكېزەكلەردەك تېخىمۇ يېقىملىق، گۈزەل، كۆركەم كۆرۈنەتتى.

جامالىدىن قىسىملىرى چەشتاغدىكى دۈشمەنلەر بىلەن راسا

بىر كۈن ئېلىشتى. دۈشمەنلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆلدى، قالغانلىرى كەچ كىرىشى بىلەن تەڭ گازارمىسىنى تاشلاپ قەشقەر شەھىرى تەرەپكە قاراپ قاچتى. شۇ كۈنى يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە، ئوپالدىن يانغان يۈسۈپجان تاغ ئىنقىلابچىلىرىنى باشلاپ تاشمىلىق بازىرىغا يېتىپ كەلدى. ئەتىسى بۇ يەرمۇ قىزىپ كەتتى. تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ توپلاشقان جامائەتنىڭ تولىلىقىدىن بازاردىكى مەكتەپ سەھنىسى قىستا ـ قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتتى. تاشمىلىق خەلقى بۇ قېتىممۇ يەنىلا ئۆز نوچىلىقىنى نامايان قىلدى. شۇ سورۇندىلا ئۆزلىرىنىڭ يەتمىش بەش ئوغلانى بىلەن يۈز ئېتىمنى تاغ ئىنقىلابچىلىرىنىڭ قوشۇنىغا تەقدىم قىلىپ تۇتتى. شۇ چاغدا بۇ سەپكە يەنە بىر گۇمانلىق ئىنسانمۇ قىسىلىپ كىرىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چوماقچىلىرىدىن ئوتتۇز نەچچە ئادەمنى ھەيۋە بىلەن باشلاپ كېلىپ، بۇ سەپكە قاتنىششىنى تەلەپ قىلغاندا، ھېچ كىشى: «ياق !» دېمىدى، بەلكى ئۇنىڭ مەيدىسىگە ئۇرۇپ: «يارايسىز»، «بارىكاللا !» دەپ ئۇنى ماختاشتى. ئۇ ئىنسان تاشمىلىقنىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلغان بالدۇرقى بېگى زەيدىن بەگ ئىدى. ئۇ بىر يىلدىن بېرى قورساق كۆپۈكىدە چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، ئامباللاردىن مەدەت ـ مەنسەپ تەمە قىلىپ شەھەردە قاتراپ يۈرگەنىدى.

ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق تەنتەنىلىك ھالدا قوبۇل قىلىنىشى ئەنجانباينىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويدى.

— بۇ ئادەمنىڭ ئىنقىلاب قىلىش نىيىتى يوق، باشقا غەرىزى بار.

— قانداق غەرەز؟

— يۇقىرى مەنسەپكە، چوڭ بايلىققا ئىگە بولۇش.

— ئۇنداق دېمەڭ، قورساقنى كەڭرەك تۇتۇڭ، — دېدى جامالىدىن قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا، — ھەممە ئادەمنىڭ ئىنقىلاب قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

— بۇمۇ بۇيرۇقمۇ؟

— شۇنداق دەپ چۈشەنسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى جامالىدىن ئۇنىڭ گېپىدىكى تەنىنى چۈشىنىپ پىسىڭىدە كۈلۈپ سېلىپ، — قاسىم تاشمۇ ئىلگىرى ھاكىم بولغان. تېخى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئەمەل تۇتقان ئادەملەر بىزنىڭ باشلىقلىرىمىز ئارىسىدا ئازمۇ؟ ئۇ ئادەم بالدۇر بەگ بولغان بولسا، ئەمدى ئىنقىلابچى بولسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟

— سەگەكرەك بولايلى، دەيمەن.

— بولدى، تەگەشمەيلى، كىم ئۇخلاۋاتىدۇ، كىم سەگەك؟ ۋاقتى كەلگەندە كۆرەيلى.

— ئۇ چاغدا زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ!

— تالاشماڭ دەيمەن!

ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئابلا موللا بىر چىمدىم ناسۋالنى ئاغزىغا كاپ ئېتىپ سېلىۋېلىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە ئاسانلا خۇمارى تۇتۇپ قالاتتى ـ دە، ئەنە شۇنداق ناسۋالنى ئاغزىغا كاپ ئېتىپ سېلىۋېلىپ خۇماردىن چىقىپ، ئاچچىقىنى باساتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كىمنىڭ گېپىگە شۇنچە بەك ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ مال بازىرى تەرەپكە قاراپ كېتىۋېتىپ، ئاۋازىنى بوش چىقىرىپ ئېيتقان ناخشىسى ئۇلارنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ بۇ ناخشىنى ئىلگىرىمۇ ئانچە ـ مۇنچە ئېيتىپ قوياتتى.

تۇخۇنى تاخ دېمە، تۇخۇم تۇغالايدۇ،
مۇشۇكنى پەش دېمە، چاشقان تۇتالايدۇ.
بۇنى كىم بىلمەيدۇ، بۇ نادان ـ ئەخمەقلەر،
ئەزىز جاننى قانداق ساقلاپ قالالايدۇ؟

* * *

مەسۇم چوڭ يىغىنسارلىق بىر سىركچىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇستىخانلىق، گەۋدىلىك كەلگەن بۇ قاۋۇل يىگىت پۈتلىرىنى

سۆرەپ، ئىككى يېنىغا ئىرغاڭلاپ ماڭىدىغانلىقى ئۈچۈن كالاپايدەك كۆرۈنەتتى، لېكىن ئۇ چاققان چېلىشچى ئىدى. باشقىلار ئۇنىڭ بېلىنى قورۇپ بولغۇچە ئۇ ئۇلارنى شاققىدە يانپاشقا ئېلىپلا يەرگە تاشلىۋېتەلەيتتى. تۈزلەڭلىكلەردە توشقانلارنى قوغلاپ تۇتالايتتى، تىك قىيا، ئېگىز تاغ - داۋانلارغا، شوخلىق - تىكەنلىك دەل - دەرەخلەرگە خۇددى يالمانتاقتاقتەك تېز يامىشىپ چىقىپ، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتەلەيتتى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا دادىسىغا ئەگىشىپ يۈرۈپ، شەھەر - بازارلاردا سېركىچىلىك قىلىپ جان بېقىپ كەلگەنىدى. لېكىن، دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ سېركىچىلىك ھۈنىرى ئاقماي قالدى. ئۇنىڭ يەر - زېمىنى بولمىغانلىقتىن، «تۇمىقى بايلارنىڭ زېمىنىغا چۈشۈپ كېتىدىغان» گادايلاردىن ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئىلاجىسىز بېدىكچىلىك قىلىپ جان ساقلاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ يەردىن ئالغان قوي - كالىلارنى بۇ يەردە، بۇ يەردىن ئالغانلىرىنى يەنە باشقا يەرلەردە سېتىپ، بازار قوغلىشىپ يۈرۈپ بېدىكچىلىك قىلدى. ئازراق تاپان ھەققى چىقسىلا، شۇنىڭغا شۈكۈر - قانائەت قىلىپ ئانىسى بىلەن ئۆكىلىرىنى سېرىقتال بولسىمۇ بېقىپ جان ساقلاپ كەلدى.

تاشمىلىقنىڭ مال بازىرى بۈگۈن ئالارمەن - ساتارمەنلەرنىڭ تولىلىقىدىن قىستا - قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتكەن، ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشمۇ مۇشكۇل بولۇپ قالغانىدى. تېخى بۇرناكۈنلا تاغ ئىنقىلابچىلىرى جەڭ قىلىپ بۇ يەرنى ئازاد قىلغانىدى. شۇڭا، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىشكەن كىشىلەر سودا قىلىش ئۈچۈن، تەرەپ - تەرەپتىن كېلىشىپ بازارنى قىزىتىۋەتكەنىدى.

مەسۇم چوڭ ئېلىپ كەلگەن قويلىرىنى چۈشكىچە سېتىپ بولدى. ئەمدى باشقا بازارلاردا سېتىش ئۈچۈن، بۇ بازاردىن ئىككى - ئۈچ كالا سېتىۋالسىلا ئۇنىڭ ئىشى پۈتەتتى. لېكىن، ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەنلىكتىن ئۇسساپ ئاغزى قۇرۇپ كەتتى.

ئۇ بىرەر قاچا قېتىق ئېلىپ ئىچىپ، ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. قېتىق ساتىدىغانلارنى ئىزدەپ ئۇيان ـ بۇيان قاراۋاتقاندا، بىرىنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى:

— مەسۇم چوڭ، ھەي مەسۇم چوڭ!

«ۋۇي، تونۇش ئاۋازغۇ؟» ئۇ ئۆزىنى چاقىرغان ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىدى ـ دە، دەرۋازىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرغان ئەنجانبايىنىڭ قولىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنى يېنىغا كېلىشكە چاقىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— بۇ يەرگە كەل. بۇ يەرگە، مانا ماۋۇ كارىۋاتتا ئولتۇر ئاغىنە.

بۇ ئىككى قەدىناس ئاغىنىلەر بىر ـ بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. كارىۋاتتا چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ بىر ـ بىرىدىن ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ مۇڭداشتى.

ئەسلىي ئۇلارنىڭ دادىلىرى كونا ئاغىنىلەردىن ئىدى، ھەر قېتىم بىر ـ بىرىنى يوقلاپ بارغاندا، ئوغۇللىرىنىمۇ بىللە ئالغاچ باراتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار خۇشال بولۇشۇپ، بىر ـ بىرى بىلەن چېلىشاتتى، ئېرىغا سەكرىشەتتى، ئېرىقنىڭ ئىككى قېشىغا تەڭ دەسسەپ ئاتلىمۇچۇق ئوينىشاتتى، دەرەخلەرنىڭ ئاچىمىقىدىن تاشلارنى تاشلاپ ئۆتكۈزۈشەتتى، شوتىلارنىڭ بالداقلىرىغا ئېسىلىپ ئۇيان ـ بۇيان مېڭىشاتتى. ياشلىرى چوڭايغاندىمۇ بىر ـ بىرى بىلەن نەچچە قېتىملاپ بەل تۇتۇشۇپ چېلىشىشتى، بەيگىلەردە بىللە بولدى، مەشرەپلەردە ئۇسسۇلغا بىللە چۈشتى. لېكىن، ياش چوڭايغانسېرى ھەركىم ئۆز ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ كېتىشتى. بارا ـ بارا ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىشىمۇ ئازلاپ قالدى. يەتتە ـ سەككىز يىلدىن بېرى ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشالمىغانلىقتىن، بىر ـ بىرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىشمەيتتى. شۇڭا، بۈگۈنمۇ ئۇلار بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قېلىشنى ئويلاشمىغانىدى.

— تاغ ئىنقىلابچىلىرى قاتارىغا قوشۇلۇپسەن، مەردلەرنىڭ يولىغا مېڭىپسەن، مۇبارەك بولسۇن ئاغىنە، — دېدى مەسۇم چوڭ ئەنجانبايغا دوستلۇق - ئاغىنىدارچىلىق مېھىر - مۇھەببىتىگە تولغان ئىسسىق چىراي بىلەن تىكىلىپ قاراپ، — مەن بەك خۇشال بولدۇم، سەندىن پەخىرلىنىمەن.

— خۇشال - خۇرام ياشاش ئۈچۈن، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن ئاللا يولىدا جەڭگە ئاتلاندىم، بۇ يولدا ئۆلۈپ كېتىشكە مەن رازى.

— ئۇنداق دېمە ئاغىنە، خۇدايىم ساقلايدۇ. بۇرادەرلىرىڭ ئارىسىدا كۆڭلۈڭ ئوبدان ئېچىلىپ قالىدۇ.

— سەنمۇ مېنىڭ يېنىمدا بىللە بولغان بولساڭ، مېنىڭ كۆڭلۈم تېخىمۇ بەك ئوبدان ئېچىلىپ قالاتتى.

مەسۇم چوڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى:

— شۇنداق بولسىغۇ تازا كۆڭۈلۈمدىكىدەك بەلەن ئىش بولاتتى. شۇغىنىسى ئانام بىلەن ئۇكىلىرىم...

— خاتىرجەم بول، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ھەممىمىز بىللە خەۋەر ئالىمىز.

— مەيلى ئەمىسە، شۇ تاپتا مەنمۇ تازا قىزىپ قالدىم. ناۋادا قوبۇل قىلىنىپ قالسامىلا، سېنىڭ يېنىڭدا بولۇشقا جان دەپ رازى بولاتتىم.

— بارىكاللا ئاغىنە، ئاجىزلارغا رەھىمدىل، دۈشمەنلەرگە شەپقەتسىز بول!

كەچ كىردى. شۇ ئارىدا شىغاي ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالدى:

— ئەنجانباي ئاكا، سىزنى جامالىدىن ئاكام چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى.

ئەنجانباي مەكتەپ تەرەپكە كېتىپ، بىرھازادىن كېيىن قايتىپ كەلدى ۋە ئۆزىنى ساقلاپ ئولتۇرغان مەسۇم چوڭغا شۇنداق دېدى:

— بىز ئەگۈسكە بارىدىغان بولدۇق. سەن ئۇ تەرەپلەرنىڭ ئەلمى - تەلمىنى ئوبدان بىلىسەن، بىزگە يول باشلاپ بارغىن، بولامدۇ؟

— ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە ئىش قىلىسىز؟

— نېمە ئىش قىلاتتۇق، دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلىمىز، يوقىتىمىز!

— ئۇنداق بولسا باشلاپ باراي.

ئۇلار شۇ كۈنى كېچىسى ھېلىقى كارىۋاتنا بىللە ئۇخلاشتى. ئەتىسى سەھەردىلا ئوتتۇز نەچچە ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ، ئەگۈسكە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

مەسۇم چوڭ ئۇلارنى ئۆزى بىلىدىغان ئېگىز - پەس، ئەگرى - توقاي چىغىر يوللار بىلەن باشلاپ كەلمەكتە ئىدى. كۆك ئاتقا مىنگەن، بېشىغا يېڭىسارچە كەك كۆرپىلەك، ئېگىز قىرلىق تۇماق كىيگەن، ئۇچىسىدىكى قىزىل چەكمەن توننىڭ تېشىغا پىياز كۆكى رەڭلىك كۆك پلاش يېپىنىۋالغان ئەنجانباي سەپ ئالدىدا ئۇنىڭغا ياندىشىپ، يىراقلارغا كۆز تىككەن ھالدا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كۆك پلاش غۇر - غۇر شامالدا خۇددى توز قانىتىدەك پىلدىر - پىلدىر يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇلار بىر دوقمىدىن ئايلىنىپ ئۆتكەندە، يىراقتا بىر توپ سېدە دەرىخى كۆرۈندى. سېدە دەرىخىنىڭ نېرىسىدىراق يەنە بىر نەچچە توپ كادالڭ ئۇجمە دەرىخىمۇ بار ئىدى. ئۇلار يېقىنلاپ كەلگەندە، ھېلىقى سېدە دەرىخىنىڭ يېنىدىكى كۆلدىن سۇ ئىچىپ، ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان بىر ئادەمگە كۆزى چۈشۈپ قېلىشتى - دە، ھەممىسى تەڭ توختاشتى.

ئۇ ئادەممۇ ئەنجانباي بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى بەزى ئادەملەرنى تونۇپ قېلىپ، ھاڭ - تاڭ قالغان ھالدا تۇرغان يېرىدىلا ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپلا كەتتى - دە، «ئىم، ئەمدى ئەجىلىم توشۇپتۇ!» دېگەن قورقۇنچلۇق بىر شۇم خىيال تۇيۇقسىزلا يۈرىكىنى مۇجۇپ ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بىر جۇپ

كۆزى ئەنجانبايغىلا تىكىلگەنىدى. ئۇ قورقۇنچىدا لاغ ـ لاغ تىترەپ، بىر دەمدىلا سامانىدەك سارغىيىپ كەتتى ـ دە، تۇيۇقسىزلا يولنىڭ بىر چېتىگە ئۆتۈپلا قىبلە تەرەپكە قاراپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ دۇرۇت ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنى تونۇمايدىغانلار ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى. ئۇ ئالمان ـ تالمان دۇرۇت ئوقۇپ بولدى ـ دە، ئۆمىلەپ بېرىپ، ئەنجانباينىڭ ئېتىنىڭ ئالدى پۇتىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى:

— ئەنجانباي، مەن گۇناھكار، ساڭا كۆپ يامانلىق قىلدىم، قىلغان گۇناھلىرىم ئۇچۇن ئۆلۈمگە لايىق ئادەممەن. توۋا قىلدىم، خۇدا ھەققى، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكىن، رەھىم قىل، مەن... مەن...

ئۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ تىزلىنىپ ئولتۇرىۋەردى. ئەنجانباي ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئاستا ئاتتىن چۈشتى. ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى:

— مۇھەممەتخانباي ئاكا، — دېدى ئەنجانباي ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ، — بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ بولدى قويسىلا، كونا ئاداۋەتنى يەنە تەگەشمەيلى. مېنى ئۇنداق نائەھلى ئادەمگە ئوخشاتمىسىلا. بىلىپ قويسىلا، مەن ئەنجانباي! — بۇ گەپ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، — مۇھەممەتخانباي، مەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن بىز كۆرۈشەلمىدۇق، بۈگۈن بۇ يەردە تۇيۇقسىزلا ئۇچرىشىپ قالدۇق. مەن سىلىگە ھەرگىز ئاداۋەت تۇتمايمەن. ئاز بولسىمۇ ماۋۇ پۇلنى يانلىرىغا سېلىپ قويسىلا، لازىم بولىدۇ، — ئۇ بىر تۇتام پۇلنى ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، — دادام بىلەن ئانام قارا دۆۋىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارغا مەندىن سالام دېسىلە. دادام سىلىگە بىر ئۇلاغ بېرىدۇ، مىنىپ ئوپالغا كېتىۋالسىلا.

ئۇ ئادەم يۇم ـ يۇم يىغلاپ، ئەنجانبايغا قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتىپ كېتىپ قالدى. ئەنجانبايلار يولنى يەنە داۋاملاشتۇردى.

ئۇ ئادەمنىڭ تەكتىنى ئوبدان بىلىدىغان ئوپال ياشلىرى ئۇ ئادەم توغرىسىدا ئېغىز ئاچماي جىم مېڭىشتى. ئۇلار كۆڭۈللىرىدە: «كونا خاماننى سورۇغاننىڭ پايدىسى يوق، سېسىق سامان چىقىدۇ، دان چىقمايدۇ.-ئەنجانباينىڭ يارىسىغا تۇز سەپكەندەك بولۇپ قالىدۇ، بىئارام بولۇپ قالىدۇ» دەپ ئويلاشتى. لېكىن، ئۇ ئادەمنى تونۇمايدىغانلار بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلمىگەنلىكتىن كوچىلاپ سوراپ قالدى:

— ئەنجانباي ئاكا، ئۇ ئادەم كىم بولىدۇ؟

— سىزدىن نېمىشقا ئۇنداق بەك قورقىدۇ، خۇددى قان قەرزى باردەك؟...

— ئۇ ئادەم ئوپالنىڭ قارا ئۆستەڭ دېگەن يېرىدىن، يۈزبېشى مەمەت قېچىر، يەنى مۇھەممەتخانباي دېگەن كىشى بولىدۇ، ماڭا قېيناتا بولغان، — دېدى ئەنجانباي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — ئوپالنىڭ بېگى مەمتىمىننىڭ شىرەم تۇغقانلىرىدىن، يۈز - ئابرۇيلۇق باي ئادەم، — ئەنجانباي تۇيۇقسىزلا گېپىنى توختىتىپ شۈككىدە بولۇپ قالدى ۋە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، يېنىدىكىلەرگە بىرقۇر قارىۋېتىپ، ئۇ ئادەم بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنى بايان قىلىشقا باشلىدى، — مەن ئۇ ئادەمنىڭ قىزى ئايشەم خېنىم بىلەن توختى موللامنىڭ مەكتىپىدە تونۇشقان. ئۇ قىز مەندىن يەتتە - سەككىز ياش كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ماڭا بەك ئامراق ئىدى، كۆيۈنەتتى. مەنمۇ ئۇنى بىردەم كۆرمىسەم زادىلا چىدىيالمايتتىم. بىز چوڭمۇ بولدۇق. ئۇلار باي، بىز كەمبەغەل ئىدۇق. شۇنداق بولسىمۇ، كۆڭۈلنىڭ قىستىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بىر نەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتتۇق، لېكىن ئۇلار بىزنى ياراتمىدى. كەمبەغەل كۆردى. مەن بەك مەيۈسلەندىم...

ئەنجانباي مۇھەممەتخانباينىڭ قىزىنى دەپ يەتتە قېتىم ئەلچى كىرگۈزگەنلىكى، ئاخىر ئايشەمگۈل مەجبۇرىي ياتلىق قىلىنىدىغان ئاخشىمى ئۇنى ئېلىپ قاچقانلىقى، بۇ ئەلەمگە

چىدىمىغان قېيىناتىسى يامان نىيەتلىك كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ ئۇنى تۈرمىگە سولاتقانلىقىنى... سۆزلەپ بەردى. ئۇ سۆزىنى شۇنداق ئاخىرلاشتۇردى:

— مەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ دەپ قورقۇپ، مەندىن قېچىپ، يۇرتىنى تاشلاپ باشقا جايلاردا مۆكۈنۈپ يۈرگەنىكەن. «قاچقان تۇتۇلار» دېگەندەك، بۈگۈن تار يەردە ئىككى رەقىب تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالدۇق.

— رەھىمسىز ئادەم ئىكەن!

— سىزگە شۇنچە كۆپ ئازاب، كۈلپەت سالغان ئادەمدىن تېمىشقا ئىنتىقام ئالمايسىز؟

— ياق، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. بالىغا كۆيۈنۈش گۇناھ ئەمەس. ئۇ پەقەت قىزىغا كۆيۈنگەنلىكىدىنلا ماڭا ئاشۇنداق دۈشمەنلىك قىلغان، قىزى بايلارغا ياتلىق قىلىنسا، بەختلىك، يۈز - ئابرۇيلۇق بولىدۇ، دەپ ئويلىغان.

* * *

ئۇلار پاتاڭنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى كەڭرى سايلىقتا يېرىم كېچىگىچە ئاتلارنى بېقىپ تويغۇزدى. ئۆزلىرىمۇ كېچىنىڭ غۇر - غۇر شامىلىدا سالقىنداپ ئارام ئېلىشۋالدى. ئاندىن ئەگۈسنىڭ شەملە مەھەللىسىدىكى توختى چوڭ دېگەن باينىڭ ئۆيىنى كۆزلەپ يولغا چىقتى. نىشان — ئاشۇ توختى چوڭنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان ئەللىك نەچچە گومىنداڭ ئەسكىرىنى يوقىتىش ئىدى. ئۇلار تاڭ سەھەردىلا توختى چوڭنىڭ ھويلىسىنى قورشىۋالدى. بۇ ھويلا باشقا ئۆي - ئىمارەتلەردىن يىراق، سۆگەتلىك ئارىسىدىكى تۈزلەڭلىكتە بولغانلىقتىن، ئەتراپىدا يۈرۈۋاتقان ئادەم، ھەتتا كالا، قوي، ئىتلارنىمۇ ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بۇ كەڭرى ھويلىنى مۇداپىئەلىنىشكە باب كۆرۈپ، ئۆزلىرىگە گازارما

قىلىشقا تالىنىۋالغانىدى.

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنى شۇ ھامانلا سىزىپ قالىدى ـ دە، ئۆزلىرىنىڭ ئۈيغاق ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ، ئۇلار تەرەپكە قارىتىپ ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى. ئۇلار تاڭ قاراڭغۇسىدا ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمىگەنلىكتىن ھېچ نەرسىنى نىشانغا ئالالمايتتى. بۇ دەل ئەنجانبايىنىڭ ئويلىغىنىدەك دۈشمەنلەرنى يوقىتىشنىڭ ئوبدان پەيتى ئىدى. ئۇ شۇ ھامان مەسۇم چوڭ بىلەن يەنە تۆت ئادەمنى ئۇ ھويلىنى يىراقتىن ئايلىنىپ، ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈشكە بۇيرۇدى. بۇنداق قىلغاندا ئۇلار دۈشمەنلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا بولاتتى. ئەھۋال ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولدى. دۈشمەنلەر مەسۇم چوڭنىڭ يىراقتا ئات چاپتۇرۇپ ئايلىنىپ يۈرگەن ئادەملىرى تەرەپكە قارىتىپ ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. بۇ پۇرسەت غەنىيمەت ئىدى. باشقىلار ئەنجانبايىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ مېڭىپ، ھويلا تېمىنىڭ يېنىغا بېرىۋالدى ـ دە، تەرەپ ـ تەرەپتىن ھويلىنىڭ ئىچىگە قارىتىپ گراناتات تاشلاشتى. لېكىن، دۈشمەنلەرمۇ بوش كەلمىدى. ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، دەرھال تامنىڭ يانلىرىغا ئوق ياغدۇرۇش ئۈچۈن بۇ تەرەپكە تاشلاندى. لېكىن، ئۇلار كېچىككەنىدى، ھەيۋىسى كارغا كەلمەي قالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قارىسىنى قارارلاپ ئاتقان ئەنجانباي مەرگەنلىرىنىڭ ئوقىغا ئۇچراپ يىقىلىپ يەر چىشلەۋەردى. گراناتلارمۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىۋەردى.

ئۇلار شۇ ھالدا بىر سائەتتەك سوقۇشتى. تاڭ يورۇدى. دۈشمەنلەرمۇ جىمىقىپ قالدى. ئەنجانبايلار تامنى پارتلىتىپ ھويلىغا باستۇرۇپ كىرگەندە، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئىڭراپ ياتقان بەش ـ ئالتىدەك يارىدار، ئوڭ ـ تەتۈر يېتىشقان يەتتە ـ سەككىزدەك ئۆلۈككە كۆزى چۈشتى. قالغانلىرى كۆرۈنمىدى، دەرۋازا يەنە تاقاقلىق تۇراتتى. بىر يارىدار دەرۋازا يېنىدىكى

ئۆينى شەرەتلەپ كۆرسىتىپ قويدى. ئۇلار ئۇ ئۆيگە كىرگەندى، ئۇ ئۆينىڭ ئارقا تېمىنىڭ تېگىدىن ئېچىلغان ئادەم پاتقۇدەك بىر تۆشۈكنى كۆرۈشتى. بۇ تۆشۈك چوڭقۇرلۇقى ئادەم بويى كېلىدىغان چوڭقۇر ئېرىق ئارقىلىق، ھويلىدىن يىگىرمە ـ ئوتتۇز قەدەم يىراقلىقتىكى بىر زەيكەشلىككە تۇتاشتۇرۇلغاندى. توپىنىڭ نەملىكىگە قاراپ، بۇ ئېرىقنىڭ تۈنۈگۈن ياكى ئۈلۈشكۈن چېپىلغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولاتتى. دۈشمەنلەر مانا مۇشۇ زەيكەشلىك ئارقىلىق قاچقاندى. لېكىن، ئۇلار زەيكەشلىكنىڭ باش تەرىپىگە قاراپ قاچتىمۇ ياكى ئاياغ تەرىپىگە قاراپ قاچتىمۇ؟ بىلگىلى بولمىدى. ئەنجانباينىڭ ئادەملىرى ئۇ باش ـ بۇ باشلارغا بېرىپ خېلى ئۇزاق ئىزدەشتى. لېكىن، قاچقان دۈشمەنلەرنىڭ دېرىكى بولمىدى.

بۇ قېتىمقى جەڭدە دۈشمەنلەرنىڭ سەككىز ئەسكىرى ئۆلگەن، ئالتە ئەسكىرى يارىدار بولغانىدى. ئون بەش مىلتىق، بىر پىلىموت، يەتتە ساندۇق ئوق، بىر ساندۇق گرانات، ئون ئىككى تاغار ئاق ئۇن غەنىيمەت ئېلىندى. ئەنجانباي ئۇننى شۇ يەردىكى كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. يارىدار بولغان ھېلىقى ئالتە ئەسكەرنىمۇ شۇ يەرنىڭ بايلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ يارىلىرى ساقايغاندا ھەيدىۋېتىشنى تاپىلىدى.

ئەنجانبايلار قايتىپ كېتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئەنجانباي سەپنىڭ ئالدىدا گەپ ـ سۆز قىلماي، قاپىقى تۈرۈلگەن ھالدا كېتىۋاتاتتى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ چىرايى مەيۈس، كۆڭلى يېرىمدەك كۆرۈنەتتى.

— نېمە بولدۇڭ، خاپا كۆرۈنىسەنغۇ؟ — ئۇنىڭغا ياندىشىپ كېتىۋاتقان مەسۇم چوڭ ئۇنىڭدىن ئاستا سورىدى، — مىجەزىڭ يوقمۇ يا؟

— دۈشمەنلەرنى قاچۇرۇپ قويدۇق. شۇڭا، ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئەنجانباي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — ئۇ يەرگە ئېرىق كولانغانلىقىنى نېمىشقا بالدۇرراق

بىلەلمىدۇق؟ تازا قاپاق باش، يارىماس ئىكەنمەن !

— بولدى، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ھاياتلا بولساق، خۇدايىم بۇيرۇسا تېخى ئۇنداق دۈشمەنلەردىن نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەنلەرنى يوقىتىمىز، ئۇلار بىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ئۇلار پاتاڭغا كەلگەندە مەسۇم چوڭنىڭ تاشمىلىقلىق پالتۇ ئاشپەز دېگەن بىر ئاغىنىسى ئۇچراپ قالدى. ئۇ مەسۇم چوڭنى بىر چەتكە تارتىپ:

— سىلەرنى تاشمىلىق بىلەن بارىن يەلكەن ئوتتۇرىسىدىكى يارلىقتا سېلىنغان كۆۋرۈكتە بىرمۇنچە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ماراپ تۇرۇۋاتىدۇ. پەخەس بولۇڭلار، — دېدى.

مەسۇم چوڭ بۇ خەۋەرنى شۇ زامان ئەنجانبايغا يەتكۈزدى. ئەنجانباي ئويلىنىپ بىرھازا تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئابلا موللا بىلەن شىغايىنى ئۇ تەرەپتىكى ئەھۋاللارنى تىڭ تىڭلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇ يەردە توختاپ بىرەر سائەتتەك تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن يەنە يولغا چىقتى. بارىن يەلكەنگە كەلگەندىن كېيىن، تىڭ تىڭلاشقا كەتكەنلەرنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ساقلاش ئۈچۈن يەنە توختاپ قېلىشتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار قايتىپ كېلىپ، پالتۇ ئاشپەز دېگەن خەۋەرنىڭ راستلىقىنى ھەم ئۇ يەردىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىشتى، دۈشمەنلەر بارىن يەلكەن بىلەن تاشمىلىق يەلكەن ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر يارلىق ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىشقانىدى. بۇ يارلىقنىڭ ئىچىدە بۆكتۈرمە قىلىشقا باب كېلىدىغان چوڭقۇر ئورەكلەر، ئېگىز - ئېگىز دۆڭلۈكلەر بار ئىدى.

تاغدىن كەلگەن كەلكۈن سۈيى ئېقىپ كولاپ پەيدا قىلغان، چوڭقۇرلۇقى ئالاھازەل ئون - ئون بەش غۇلاچتەك، كەڭلىكى يۈز - يۈز ئەللىك قەدەمدەك كېلىدىغان ھەيۋەتلىك، قورقۇنچلۇق بۇ يارلىق تەپتەكشى، بىر پۈتۈن يەلكەننى قاپ ئوتتۇرىسىدىن پارچىلاپ، ئۇنى ئىككى بۆلەككە بۆلۈۋەتكەنىدى. كۈنچىقىش تەرىپى بارىن يەلكەن، كۈنپېتىش تەرىپى تاشمىلىق يەلكەن دەپ

ئاتىلاتتى.

ئەنجانباي قاپقىنى تۇرۇپ يەنە بىرھازاغىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى:

— ئەبلەخلەر! — دېدى ئۇ ئويلانغان ھالدا، — ئەگۇستە بىزگە تەڭ كېلەلمەي قاچقاندى، ئەمدىزە، تېخى بىزنى يارلىق ئىچىدە بابلىماقچى بوپتۇ - دە! ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپتۇ! قېنى كىم كىمنى بابلايدىكىن، ھېلى كۆرىمىز، — ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۆزىگە قاراپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان ئادەملىرىنى بىرقۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى، — دۈشمەنلەر بىز بىلەن باشقا جايلاردا ئېلىشسا، بىزگە تەڭ كېلەلمەسلىكىدىن قورققان. شۇڭا، ئۇلار بىزنى ئەقلى كوتا، ئۆزلىرىنى قالتىس ئەقىللىق چاغلاپ بىزگە قاپقان قۇرماقچى بولغان، ئۇلارنىڭ غەرىزى — بىزنى بۇرنىمىزدىن يېتىلەپ، يارنىڭ ئىچىگە ئالداپ ئېلىپ كىرىش، ئاندىن ئۆزلىرى شاققىدە يارنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ بىزنى يارنىڭ ئىچىدە ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلاش! نېمىدېگەن قالتىس پەم - پاراسەت بۇ! بوپتۇ ئەمىسە، بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك قىلايلى. ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ! ئېگىزدە تۇرۇپ، پەستىكىنى بابلاشنىڭ ئاسانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ! كالۋالار، — ئەنجانباي ئالدى بىلەن مەرگەنلەرنى تاللاپ، ئۇلارنىڭ، يارنىڭ يانلىرىدىكى ئېگىزلىكلەردە مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، دۈشمەنلەر يارنىڭ ئۈستىگە چىقىشى ھامان ئۇلارغا ئوت ئېچىشىنى، قالغانلارنىڭ گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، يارنىڭ ئىچىگە تەرەپ - تەرەپتىن باستۇرۇپ كىرىپ، دۈشمەنلەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىنى ئورۇنلاشتۇردى، — پەخەس بولۇڭلار، ئاتقان ئوقۇڭلار نىشانغا دەل تېگىدىغان بولسۇن، ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنى دالدىغا ئېلىپ تۇرۇپ ھۇجۇم قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. بۇ ھەممىدىن بەك مۇھىم! چوقۇم شۇنداق قىلىڭلار، دۈشمەنلەرنى يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، تۇيۇقسىز مىجىپ تاشلاڭلار.

ئۇلار يارنىڭ ئىچىگە كىرمىسە، دۈشمەنلەرمۇ يارنىڭ

ئۈستىگە چىقمايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە يارنىڭ يانلىرى، باش - ئاياغلىرى تەرىپىدىن يارنىڭ ئىچىدىكى دۈشمەنلەرگە تاشلاندى.

ئەنجانباي سىيىت ئەخمەت بىللە يارنىڭ باش تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇ پىلىموتىنى يارنىڭ لېۋىگە قويۇۋېلىپ، كۆرۈنگەنلا دۈشمەننى ئۇدۇللۇق ئوققا تۇتىۋەردى. گراناتلارنىڭ گۈمبۈرلەپ پارتلاشلىرى، تەرەپ - تەرەپتىن قارا يامغۇردەك ئۈزۈلمەي تا - تاتلاپ ئېتىلىۋاتقان ئوقلارنىڭ پاڭ - پۇڭ ئاۋازلىرى، ئوق - دورىلارنىڭ سېسىق پۇراقلىرى، ئاسماننى قاپقارا بۇلۇتتەك قاپلاپ كەتكەن تۈتەك، چاڭ - توزانلار، ئادەملەرنىڭ ۋار - ۋۇر توۋلاشلىرى، ئېچىنىشلىق چىرقىراشلىرى بىردەمدىلا ئەتراپتىكى مەھەللىلەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. دەل شۇ پەيتنى كۆزلەپ تۇرغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى دەرھال يارنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىشقا باشلىدى. لېكىن، شۇ ھامان تەييار تۇرغان مەرگەنلەرنىڭ ئوقىغا ئۇچراپ يارغا موللاق ئېتىپ چۈشۈۋەردى. بۇ قىرغىنچىلىقنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتكەن باشقا ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنى يەنە يارنىڭ ئىچىگە تاشلاپ، تېخىمۇ غالجىرلىشىپ جان تالاشقىلى تۇردى.

يارنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى قاپتالنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈنگەن بىرنەچچە تۈپ يۇلغۇن باراقسانلاپ، قويۇق ئۆسۈپ كەتكەنىدى. ئۇ يۇلغۇنلۇقنىڭ پەسرەكىدىكى چوڭقۇر بىر ئازگالغا كىرىۋالغان ئىككى ئەسكەر ئازگالنى ئۆزىگە دالدا قىلىۋېلىپ، پىلىموتتىن ئۈزمەي ئوق ياغدۇرۇپ، ئەنجانبايلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى. ئۇ ئەسكەرلەر دالدىغا كىرىۋالغانلىقتىن، ئوقلار ئۇلارغا تەگمىدى، تاشلانغان گراناتلار نېرىراققا چۈشسە، ئۇلار دۈم يېتىۋالدى، ئازگالغا چۈشسە، تۇتۇۋېلىپ نېرىغا تاشلىۋەتتى. سىيىت ئەخمەت ئۇلارنى ئۇدۇل تەرىپىدىن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، يارنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى قويۇق ئۆسكەن قوناقلىق ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. لېكىن،

دۈشمەنلەر سېزىپ قېلىپ، ئۇنى ئۇزمەي ئوققا تۇتۇپ، ئۇلارغا يېقىنلاشتۇرمىدى، بۇنى كۆرۈپ ئەنجانباينىڭ ئىچىمۇ ئاچچىقى كەلدى، ئۇ غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلار تەرەپكە ماڭغانىدى، مەسۇم چوڭ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى، ئۇنىڭ قولىدا ئۇزۇن تىغلىق بىر پىچاق پارقىراپ تۇراتتى:

— ياق، سەن بارما، پىلىموتنىڭ قېشىدا سەن بولمىساڭ بولمايدۇ، — مەسۇم چوڭ شۇنداق دەپلا ئۆمىلەپ مېڭىپ يۇلغۇنلۇقنىڭ ئۇدۇلىغا بېرىۋالدى. ئاندىن ياردىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، دۈشمەنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى ۋە يۇلغۇنلۇق ئارىسىدىن ئۆزىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگىلا تاشلىدى ـ دە، بىرىنى بىسىۋېلىپ بويىنىغا گاچچىدە پىچاق تىقىۋەتتى. ئۇنىڭغىچە يەنە بىرى مەسۇم چوڭغا ئېسىلغانىدى، ئۇمۇ شۇ هامان ئاچ بىقىنىغا يەپ، يەر چىشلىدى، مەسۇم چوڭمۇ هېرىپ ـ هاسىراپ كەتكەنلىكتىن، «ئۇھ...» دەپلا ئازگالغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ ئارىدا سېيىت ئەخمەت ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، هېلىقى پىلىموتنى تا ـ تاتلىتىپ سايرىتىپ، يېقىن ئەتراپتىكى دۈشمەنلەرنى قىرىپ تاشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئوق ئاۋازلىرى توختىدى، يارلىقنىڭ ئىچىمۇ جىمىقىپ قالدى، پەقەت ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ياتقان ياردار ئەسكەرلەرنىڭ ئىنجىقلاپ ئىڭراشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەنجانباي ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ، يارلىقنىڭ ئىچىنى باشتىن ـ ئاياغقىچە ئاختۇرۇپ چىقتى. لېكىن، ئوڭ ـ تەتۈر يېتىشقان ئۆلۈكلەر بىلەن ياردارلاردىن باشقا، بىرمۇ ساق ئادەم كۆرۈنمىدى. ئۇلار ئۆلگەن، ياردار بولغانلارنىڭ شۇنچە كۆپلۈكىگە قاراپ، قېچىپ كەتكەن دۈشمەن ناهايىتى كۆپ بولسا يەتتە ـ سەككىز دەك بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىشتى. لېكىن، ئۇلار قانداق قېچىپ كەتتى؟ ۋە نەگە قېچىپ كەتتى؟ شۇنچە كۆپ ئادەم بەش قولدەك قاتار تۇرۇپ، ئۇلارنى قورشاپ تۇرغان، بىرەرىنىڭمۇ قېچىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى هېچكىم بايقىمىغان

تۇرسا؟ بۇ زادى نېمە بولغىنى؟ ئەنجانباي يارلىقنىڭ ئىچى ـ تېشىنى يەنە بىر قېتىم چالا قويماي ئاختۇرۇپ چىقتى. ئاخىردا ئۇلار باش ـ ئايىغى يارلىقنىڭ باش ـ ئايىغى بىلەن تۇتىشىدىغان، ئۇ باش ـ ئاياغلاردىن خۇددى يىپىق نوردەك يوغانلا تۆشۈك ئاچقان، ئوتتۇرىسى ئوچۇق، ئۈستىنى لەش، ئوت ـ چۆپ بېسىپ كەتكەن، خۇددى لەخمىگىلا ئوخشايدىغان، چوڭقۇر، ئۇزۇن بىر سۇ يولىنى بايقاپ قېلىشتى. بۇ سۇ يولىنىڭ ئۈستىنى بېسىپ كەتكەن لەش، ئوت ـ چۆپلەر دەسسىلىپ چەيلەنگەندەك، سۇمۇ لېيىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

هە، مانا ئەمدى ئىش ئايدىڭلاشتى. ئۇلار دەل مۇشۇ سۇ يولى بىلەن قېچىپتۇ!

ئەنجانباي ئادەملىرىنى باشلاپ، سۇ يولىنى بويلاپ مېڭىپ ئاياغ تەرەپكە باردى. دېگەندەك، سۇ يولىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق يەردە ئاياغ ئىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، دۈشمەنلەر يەلكەننىڭ ئاياغ تەرىپىگە قاراپ قاچقانىدى. لېكىن، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانلىقتىن ئەنجانباي دۈشمەنلەرنى قوغلاشنى توختاتتى.

— ۋاي ئىستەي، — دېدى ئەنجانباي كۆڭلى يېرىم بولغان هالدا، — بۇ سۇ يولىنىڭ باش ـ ئايىغىدا مۇشۇنداق بىر تۆشۈكلەرنىڭ بارلىقىنى بالدۇرراق بايقىيالماي، بىر قىسىم دۈشمەننى قاچۇرۇپ قويدۇق ـ دە! لېكىن، بۈگۈن مېنىڭ كۆڭلۈم خېلى خۇش.

— شۇنداق، شۇنداق، شۇ تاپتا سىز باشقىچە خۇشال كۆرۈنۈۋاتىسىز، — دېدى شىنغاي ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، — مەن سىزنىڭ خۇشال بولغانلىقىڭىزنى پەقەتلا كۆرمەپتىكەنمەن.

— بىز بىرمۇ ئادەمنى چىقىم قىلماي شۇنچە كۆپ دۈشمەننى يوقاتقان تۇرساق، خۇشال بولمامدىم ئەمىسە؟

— شۇڭا، سىزنى ئەنجانباي دەيمىز ـ دە، ها ـ ها! هاهاي!...

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## سىناق

ئايلىنىش تېغى تىزمىلىرى ئۈستىدىكى قىشمۇياز دۆۋىلىنىپ تۇرىدىغان قار ـ مۇزلار ئېرىپ ھاسىل بولغان تارام ـ تارام تاغ سۇلىرى لاي ـ لاتقىلارنى ئېقىتىپ، ئاتئويناق تېغىنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق غەربتىن شەرققە پەسلەپ قىيپاش ئاققانلىقتىن، ياپيېشىل قارىغاي، ئارچىزارلىق قاتمۇقات تاغلار ئارىسىدا، شاۋقۇنلۇق شارقىراتما، تىپتىنچ كۆل، سۈپسۈزۈك سۇلۇق، كۆپكۆك ئوت ـ چۆپلۈك، سالقىن ھاۋالىق، گۈزەل، مۇنبەت زېمىن ئويتاغ جىلغىسىنى ھاسىل قىلغانىدى. تاغ ئىنقىلابچىلىرى مانا مۇشۇ جىلغا ئىچىدە قەد كۆتۈرگەن تاغلىق يېزا — ئويتاغنى مۇستەھكەم قورغان دەپ بىلىپ، شتاب تۇرۇشلۇق جاي قىلىپ تاللىۋالغانىدى. تەڭگە شىپا، جانغا راھەت، دىللارغا يورۇقلۇق ئاتا قىلغۇچى خاسىيەتلىك بۇ ئېسىل ماكان شۇ كۈنلەردە تازا قىزىپ كەتكەنىدى. نەچچە كۈنلەردىن بېرى تاغ ـ داۋانلار ئاتلاپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ، بۇ يەرگە توپلانغان تاغ ئىنقىلابچىلىرى ئىنقىلابىنىڭ نىشانى، رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە ـ نىزاملارنى، قورال ـ ياراغلارنى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى قاتارلىق زۆرۈر ئىلىم ـ بىلىملەرنى ئۆگىنىش ـ ئۆگىتىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. لېكىن، شۇ مەزگىلدە كۈچ يېتىشمىگەنلىكتىن، تاغ ئىنقىلابچىلىرى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان بەزى جايلار بوشاپ قالدى. بۇنى ئالاقزادىلىككە چۈشكەن گومىنداڭچىلار تېپىلماس پۇرسەت بىلىپ، كۆپلەپ ئەسكەر چىقىرىپ، ئوپال، تاشمىلىق قاتارلىق نۇرغۇن جايلارنى

يەنە بېسىۋالدى. پۇقرالارنى قىيناپ، ئالۋان - ياساق، ھاشار - مەدىكارلارنى ھەسسىلەپ سېلىپ، چېقىلغان گازارما - ئىستىھكاملىرىنى بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا قايتىدىن ياسىتىپ، لەخمىلەرنى كولىتىپ پۇختا تەييارلىنىۋالدى - دە، ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن دەھشەتلىك جەبىر - زۇلۇم، ئېچىنىشلىق قىرغىنچىلىقنى باشلىۋەتتى. گومىنداڭچىلارنىڭ پۇقرالارغا بۇنداق دەھشەتلىك زۇلۇم سېلىشى تاغ ئىنقىلابچىلىرىنىڭ تېخىمۇ غەزىپىنى قوزغىدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ نوخلىسىنى ئېلىپ قويۇش تازا زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى!

— ئالدى بىلەن تاشمىلىق، چەشتاغدىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىش كېرەك! — دېدى شتاب باشلىقى يۈسۈپجان شىرە ئۈستىدىكى خەرىتىگە ئېگىلىشىپ بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — دۈشمەنلەرنىڭ ئاساسلىق كۈچى شۇ يەرگە توپلانغان، ئۇلارنىڭ تەھدىتى بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى تازا بىر مۇجۇپ، ئۆزىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويمىساق بولمىدى. سىزچە، بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن كىم چىقالايدۇ؟

— مېنىڭچە، — دېدى جامالىدىن ئويلانغان ھالدا، — بۇ قېتىمقى جەڭ ئادەتتىكى پارچە - پۇرات جەڭلەرگە ئوخشىمايدۇ، چوڭ كۆلەملىك جەڭ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. شۇڭا، ئوبدانراق ئويلانمىساق بولمايدۇ.

— شۇنداق، تەۋرىنىش پەيدا قىلىدىغان چوڭ كۆلەملىك جەڭ بولىدۇ. شۇڭا، بۇ جەڭگە يۈرەكلىك، جەڭگە ماھىر، كاللىسى سەگەك، چارە - تەدبىرلىك، باتۇر بىر ئادەم مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

— مېنىڭچە، ئەنجانباي بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چوقۇم چىقالايدۇ.

— ياق، ھازىرچە چوقۇم دېمەيلى، سىناپ باقايلى. شۇنداق بولسىمۇ ئاۋۋال قاسىم تاشتىن يولىيورۇق سوراپ، ئاندىن قارار قىلايلى.

*　　*　　*

— بايا بىز تاشمىلىق، چەشتاغدىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا تەپسىلىي پاراڭلاشتۇق، — دېدى يۈسۈپجان يىغىنغا قاتناشقانلارغا قاراپ، — ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىدە دۈشمەنلەرنىڭ ئەھۋالى ئايان بولدى، — ئۇ بۇرۇلۇپ ئەنجانبايغا تىكىلدى، — ئەنجانباي، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ۋەزىپىسىنى ئوبدان چۈشەندىڭىزغۇ دەيمەن. بۇ قېتىمقى چوڭ كۆلەملىك جەڭگە قوماندانلىق قىلىش سىزنىڭ زىممىڭىزگە يۈكلەندى. ۋەزىپە ئېغىر ھەم مۇشكۇل، ھۆددىسىدىن چىقىش تەس. ئادەم، قورال - ياراغلارنى ئۆزىڭىز تاللايسىز، سانى چەكلەنمەيدۇ، قانچىلىك ئالسىڭىز مەيلى. ئىشقىلىپ، بىزدە بار ئادەم، قورال - ياراغلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا بولىدۇ. خوش، ئەمدى قېنى كۆڭلىڭىزدە ئويلىغان ئۇسۇل - چارىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقسىڭىز، ئاڭلاپ مەسلىھەتنى پىشۇرۇۋالساق.

— مەن پەقەت دۈشمەنلەرنى يوقىتىشنىلا ئويلاۋاتىمەن.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن قانداق يوقىتىسىز؟ ئويلىغانلىرىڭىزنى دېمىسىڭىز بولمايدۇ - دە.

— بۇمۇ بۇيرۇقمۇ؟

— ياق، — دېدى يۈسۈپجان جامالىدىنغا قاراپ، كۆزىنى مەنىلىك قىسىپ كۈلۈپ قويۇپ، — بۇ بۇيرۇق ئەمەس. لېكىن، دېمىسىڭىز بولمايدۇ. سىز باتالىيون كوماندىرى، مەسئۇلىيىتىڭىز ئېغىر. سىزمۇ دېسىڭىز، بىزمۇ دېسەك، قول ئاستىڭىزدىكى ئادەملىرىڭىزمۇ دېسە، ھەممىمىز كۆڭلىمىزدە بارنى ئوتتۇرىغا قويساق، پىلانىمىز تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ، ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. ئۇسۇل - چارىلەر ھەققىدە ھەممىمىزنىڭ قارىشىدا ئورتاقلىق بولسىلا، دۈشمەننى يوقىتىش ئاسان بولىدۇ.

— مېنىڭ... مېنىڭ... مېنىڭ ئويلىغانلىرىم تېخى پىشىپ يېتىلمىدى، هازىرچە ئوتتۇرىغا قويالمايمەن.

شۇ گەپ بىلەن تەڭ ھەممىسى ئەنجانبايدىن نارازى بولغاندەك، ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن ھومىيىپ قاراپ، «پۇش، پۇش...» تىنىپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى قانداق قىلىش ھەققىدىكى كېڭىشىش يىغىنى توختاپ قالدى. لېكىن، بۇ يىغىننى كەچقۇرۇن يەنە داۋاملىق ئېچىپ، ئۇسۇل - چارىلەرنى بېكىتىش قارار قىلىندى. ئۇنىڭغىچە ئەنجانباينىڭمۇ تازا ئويلىنىپ پىكرىنى پىشۇرۇپ بولۇشى ھەمدە يىغىندا پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويمىسا بولمايدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى.

يىغىن ئەھلى تارقىدى. شۇندىلا ئەنجانباي تاققىدە ئارقىسىغا يېنىپ، يۇسۇپجان بىلەن جامالىدىننىڭ قېشىغا يەنە كىردى:

— مېنىڭ پىكرىم پىشقان، لېكىن بايىقى يىغىندا ئوتتۇرىغا قويسام بولمايتتى.

ئۇلار ھاڭ - تاڭ قېلىشتى:

— ھەر قانداق گېپىڭىز بولسا ئوتتۇرىغا ئوچۇق قويۇۋەرسىڭىز بولاتتىغۇ؟ ئەنسىرىگۇدەك كىم بار دەيسىز؟

— زادى نېمىدىن ئەنسىرىدىڭىز؟

— ئارىمىزدىكى بەزى ئالا كۆڭۈل ئادەملەردىن ئەنسىرىدىم. ئۇلارنىڭ شۇم ئېغىزلىق قىلىپ بىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزنى دۈشمەنلەرگە ئالدىن خەۋەر قىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ قالدىم.

— نېمە دېدىڭىز؟ غەيرىي گەپ قىلىۋاتىسىزغۇ؟

— قېنى، كۆڭلىڭىزدىكى گەپنى ئوچۇق دەۋېرىڭ، قېشىمىزدا يات ئادەم يوق. ئۇ كىم؟

— زەيدىن، بۇنداق ئادەمنى مۇشۇنداق مۇھىم يىغىنغا قاتناشتۇرمىساق بولاتتى.

— زەيدىن؟!

جامالىدىن تىرىكتى:

— ۋاي ـ ۋوي، سىزنىزە، نېمانچە گۇمانخور ئادەمسىز؟ قانداق پاكىتىڭىز بار؟ ! سۆزلەپ بېقىڭا قېنى، ئاڭلاپ باقاي.

— توۋا، توۋا، توۋا قىلدىم !

— ئالدىرىماي تۇرۇڭ. سىز ئۇنداق پاكىتقا ئېرىشكەن چاغدا بۇنداق توۋىدىن نەچچە ـ نەچچە مىڭنى قىلسىڭىزمۇ ھەرگىز ئورنىغا كەلمەيدۇ !

— بولدى، بولدى، تاكاللاشماڭلار، — يۇسۇپجان ئەنجانباينىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قاراپ، بىرھازاغىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى، — كۆڭلىڭىزدىكىنى مۇشۇنداق ئوچۇق ـ ئاشكارا دېگىنىڭىزگە رەھمەت. سىزنىڭمۇ ئويلىغانلىرىڭىز بار دۇر، ئەلۋەتتە. بوپتۇ، بۇ ئىشنى كېيىنچە بىر نېمە دېيىشەيلى. دېمىسىمۇ مۇشۇنداق مۇرەككەپ شارائىتتا بەزى ئادەملەردىن گۇمانلىنىشقا سىز ھەم بىز — ھەممىمىز ھەقلىقمىز، ھەرھالدا سەگەك بولمىساق بولمايدۇ. قوروۇپ تۇرمىساق، پاشا، چىۋىنلارمۇ ئادەمنى چېقىۋالىدۇغۇ.

— ئادەمنى بىزار قىلىدىغان قورۇق ئەندىشە. ئۇ ئادەمنى مۇشۇنداق مۇھىم يىغىنغا قاتناشتۇرمىساق بولمايدۇ. ئۇمۇ ئەللىك ـ ئاتمىشتەك ئادەمنى باشقۇرۇۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟

— قېنى ئەمىسە ئەنجانباي، خام بولسىمۇ مەيلى، پىلانىڭىزنى دەپ بېقىڭچۇ، ئاڭلاپ باقايلى. بايا دېدىم، يەنە دېسەم يەنە شۇ گەپ، قېشىمىزدا يات ئادەم يوق، ئەنسىرىمەڭ.

— ماڭا پەقەت ئوتتۇز ئادەم بولسىلا بولىدى. قورال ـ ياراغلارنىمۇ تاللىۋالىمەن.

ئۇلار يەنە ھەيران بولۇپ، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپلا قېلىشتى.

— نېمە، نېمە، ئوتتۇز ئادەم؟ خاتا ئاڭلاپ قالدىممۇ، قانداق؟ يەنە بىر قېتىم ...

— شۇنداق، پەقەت ئوتتۇز ئادەم بولسىلا كۇپايە.

— مۇنداق دەڭ تېخى، سىز ۋەزىپىنى تېخىچە چۈشەنمىگەن

ئوخشايسىز.

— بىز سىزنى رازۋېدكا قىلىشقا ئەۋەتمەمىز دېمەمدۇق. خەنجەر نامى بىلەن مەشھۇر بولغان قانخور بىر جاللات باشلاپ كەلگەن گومىنداڭنىڭ مىڭ نەچچە يۈز كىشىلىك زور قوشۇنىنى يوقىتىشقا ئەۋەتمەمىز دەۋاتىمىز، چۈشەندىڭىزمۇ؟!

— ئەخمەقلىق قىلماڭ.

— ياق، بۇ ئەخمەقلىق ئەمەس. ۋەزىپىنى تولۇق چۈشەندىم. ھەۋەسسىدىن چىقالايمەن، خاتىرجەم بولۇڭلار. يەر - زېمىن ئۆزىمىزنىڭ، تاغ - دەريا، ئېرىق - ئۆستەڭ، يوللار بىزگە بەش قولدەك ئايان، كىرىدىغان - چىقىدىغان تۆشۈكلەرنىمۇ ئوبدان بىلىمىز. ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. پەقەت ئوتتۇز ئادەم.

ئۇلار شۇ ھالدا كەچ كىرگۈچە پاراڭلاشتى. كۆڭۈللىرى ئېچىلىپ، چاقچاق قىلىشقاچ ئولتۇرۇپ بىللە غىزالىنىشتى. يۈسۈپجان شۇ ئاخشىمىلا زەيدىنىنى يايلاقلاردا يايلاۋاتقان ئاتلارنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن مۇجى① دېگەن جايغا ماڭدۇرۇۋەتتى. ئاندىن ئەنجانباي تاللىغان ئوتتۇز ئادەمنى قىمىز، گۆش، ئارپا نېنى بىلەن مېھمان قىلدى. ئۇلار خوشلىشىپ يولغا چىققاندا تۈن نىسپى بولۇپ قالغانىدى.

1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى (دۈشەنبە)، تاڭ سەھەر.

بۇلۇتلۇق ئاسماندا شالاڭ يۇلتۇزلار ئاندا - ساندا سۇس پىلىلدايتتى. تەننى جۇغۇلدىتىدىغان كۈزنىڭ غۇر - غۇر شامىلى يۈز - كۆزلەرنى سوغۇق يالايتتى.

يولغا چىقىش ئالدىدا ئەنجانباي ئالدى بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ ئەھۋالىدىن ئۆزىگە ۋاقتى - ۋاقتىدا خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرۇش ئۈچۈن يەتتە ئادەمنى تاللاپ، ئۇلارنى ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلدى. بىرىنچى گۇرۇپپىدىكى ئۈچ ئادەم ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىش،

① مۇجى — ئاقتۇ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 130 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بىر يېزىنىڭ نامى.

ئەھۋال سېزىلگەن ھامان ئىككى ئادەم دۈشمەن ئەھۋالىنى داۋاملىق كۆزىتىشكە قېلىپ، يەنە بىر ئادەم دەرھال ئوتتۇرىدا مېڭىۋاتقان ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى ئىككى ئادەمگە خەۋەر يەتكۈزۈش، ئوتتۇرىدىكى بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرى ئالدىدا ماڭغان ئادەملەرنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى تىڭ تىڭلاش، يەنە بىرى ئارقىدا مېڭىۋاتقان ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈپ بولۇپ، يەنە ئالدىدا كەتكەن ئادەمگە يېتىشىۋېلىش؛ ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكى بىر ئادەم ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ئارقىسىدىن داۋاملىق مېڭىۋېرىش، يەنە بىرى ئارقىسىغا يېنىپ، ئەھۋالنى ئۆزىگە دوكلات قىلىش... ئەنجانباي مۇشۇنداق زەنجىرسىمان ھالدا دۈشمەنلەرنىڭ ئىزىدىن يوشۇرۇن مېڭىپ، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇنغان ئۇۋىسىنى تېپىپ چىقىشنى بۇيرۇپ ئۇلارنى يولغا سېلىۋەتتى. ئاندىن قالغان ئادەملەرنى باشلاپ، يوشۇرۇن دۈشمەنلەرنىڭ ئۆزلىرىنى سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تاغ ـ داۋانلار ئارىسىدىكى چىغىر يول، جىلغىلار بىلەن غازاڭ ـ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ تۆكۈلۈشكە باشلىغان دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئارىلىرى، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ دالدىلىرى ئارقىلىق ئاتلىرىنى لەرزان يورغىلىتىپ مېڭىپ، تاشمىلىق تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا جىلغىلار ئەتراپىدىكى تۈزلەڭ ـ ئويمانلاردا كۆزلۈك بۇغداي تېرىش بىلەن ئالدىراش ئىشلەۋاتقان دېھقانلار، دالا ـ يايلاقلاردا لەرزان ناخشا ئېيتىپ، مال بېقىۋاتقان پادىچىلار ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ تۇردى.

ئوپال، تاشمىلىق ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان گومىنداڭنىڭ ئېغىر قوراللىرى بىلەن قوراللانغان مىڭ نەچچە يۈز كىشىلىك زور قوشۇنى تاغ ئىنقىلابچىلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى تەرەپ ـ تەرەپتىن قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ شۇ كۈنلەردىكى ھالىتى خۇددى غالجىرلاشقان بىر توپ ئىتلارغا ئوخشايتتى. تاغ ئىنقىلابچىلىرىنى خۇددى شۇ تاپنىڭ

ئۆزىدىلا، ھاپپىدە يۇتۇۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئاللا ـ چۇقان سېلىپ يول ـ يول، ئۆي ـ ئىمارەت، دەريا ـ جىلغا، ئېرىق ـ ئۆستەڭ، تاغ ـ داۋانلارنى ئىگىلەپ، يالاقچىلارنى توپلاپ، تاغ ئىنقىلابچىلىرى توپلانغان ئۈيتاغ، بۇلۇڭكۆل، سۇباش، ئاقتاش، مۇجى، تاشقورغانلارنى قورشاۋغا ئېلىش ئۈچۈن ھەيۋە بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

دۈشمەنلەر تاشمىلىقنى بازا قىلىپ، ئالدىنقى سەپنى چالما ئېرىق، چەشتاغ تەرەپلەرگە قۇردى. چەشتاغ باغرىغا جايلاشقان ئىبراھىم جىغان بىلەن يەنە بىر دېھقاننىڭ ئۆرنى بىرنەچچە مولۇقتىن يەرنى ئىگىلىگەن چوڭ ـ چوڭ ھويلىلىرىنى ئۇستىگە ئىستىھكاملار سېلىنغان چەشتاغ بىلەن زەنجىرسىمان تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن، قاتمۇقات تۇتاش، چوڭقۇر لەخمىلەرنى كولاتقۇزدى. ھويلا، تاغلار ئەتراپىدىكى توغراقلىقلارنىڭ ئارىسىغىمۇ نۇرغۇن ئەسكەرلەرنى يوشۇردى. گەز دەرياسىنىڭ تاراملىرى ئارىلىقىدىكى قىزىلتاغقىمۇ ئىستىھكاملاردىن بىرنەچچىنى سېلىپ، نۇرغۇن ئەسكەرلەرنى تۇرغۇزدى. كېچە ـ كۈندۈز ئۈزمەي چارلاش ئېلىپ بېرىپ، يىراق ـ يېقىنلارنى كۆزىتىشنى كۈچەيتتى، ھەتتا ئۇلار بەزىدە قىرغاۋۇل، توشقانلار ئوينىشىپ، ئوت ـ چۆپلەردىن سەل ـ پەللا شىلدىرلىغان ئاۋاز چىققان جايلارنىمۇ بىرھازاغىچە پىلىموت، ھەتتا توپ ـ زەمبىرەكلەرنىڭ ئوقىغا تۇتۇپ، توپا ـ چاڭلارنى توزىتىۋېتەتتى. بۇ ئەھۋاللاردىن ئەنجانبايىنىڭ شۇ ئەتراپتىكى كۆز ـ قۇلاقلىرى ۋاقتىدىلا خەۋەر بېرىپ تۇرغانلىقتىن، بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۇ جايلاردىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىشنىڭ «ھۈنەرلىرى» پىشىپ قالغانىدى. شۇڭا، قورقمايلا پەقەت ئوتتۇزلا ئادەم ئېلىۋېلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، باشلىقلارنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى.

كۈن چۈش بولدى. ئۇلار ئىككى تاغنىڭ قوشۇلغان ئايلانما دوقمۇشىغا كەلگەندە، كۈنچىقىش تەرەپتىكى تاغنىڭ ئارقىسىدىن

بىر ئادەم ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كەلدى. بۇ يېرىم كېچىدىلا رازۋېدكىغا چىقىپ كەتكەن ئۇچىنچى گۇرۇپپىدىكى ئادەم ئىدى. ئۇ ھاسىراپ كېلىپ، ئەنجانباينىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى دىجۇرنىلىرى چالما ئېرىقتا ئىكەن، ھەممىسى ئون بىر كىشى. قوراللىرى خىل، ئاتلىرى سېمىز ئىكەن. ئۇلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالغىلى تاس - تاماس قالدۇق. يىراقتا دۈشمەنلەرنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى ئوچۇق ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. چەشتاغدىكى دۈشمەنلەر قولچىرىغى بىلەن قىزىلتاغنىڭ ئەتراپىنى كۆزىتىپ تۇرىدىكەن. ئالدىمىزدا ماڭغان بىرىنچى، ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىدۇق، قايسى تەرەپ بىلەن ماڭغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدۇق. بىزنىڭ گۇرۇپپىدىكى يەنە بىر ئادەم ئېتىنى گەز دەرياسىنىڭ ياقىسىدىكى قاشنىڭ يېنىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز پىيادە يۈرۈپ، دۈشمەنلەرنى كۆزىتىپ قالدى.

ئەنجانباي دوكلاتنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئويلىنىپ بىرھازاغىچە تۇرۇپ كەتتى.

— ئاپلا، چاتاق بوپتۇ، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — ئۇلار بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇپ قالمىسىلا بولاتتىغۇ، ھەي ! ... — ئۇ بۇرۇلۇپ يېنىدىكى قارىمۇتۇق، قارا بۇرۇتلۇق پىلىموتچى قىرغىز يىگىت دوسمەتكە قارىدى، — مۇنداق بولسۇن، ئاغىنە، سەن پىلىموتىڭنى ئېلىپ، خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ماۋۇ دوستۇڭ بىلەن بىللە بارغىن، بولامدۇ؟

— خوپ ! ھازىرلا ماڭاي.

— بىرىنچى، ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرنى ئىزدەپ تېپىڭلار. دۈشمەنلەرنى داۋاملىق كۆزىتىڭلار، بىز تەرەپتىن بەلگە ئوقى ئېتىلغان ھامان، ئۇلارنى بىراقلا ئۇجۇقتۇرۇڭلار ! خوش، سىلەرگە ئاقىول تىلەيمەن. ئۆزۈڭلارغا قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭلار ! بىزمۇ مېڭىش يۆنىلىشىمىزنى ئۆزگەرتمىسەك بولمىدى.

* * *

ئۇلار چوڭ يولدىن چەتنەپ مېڭىپ، گەز دەرياسىنىڭ ئېقىنلىرىدىن كېچىپ ئۆتتى. قاراڭغۇ چۈشكەندە تاغ ئارىلاپ يۈرۈپ، قىزىلتاغ تىزمىلىرىنىڭ تارمىقى — تۇمشۇقتاغنىڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپ توختىدى. تۇمشۇقتاغ بىلەن چەشتاغنىڭ ئارىلىقى خېلى يېقىن ئىدى. چەشتاغدىكى دۈشمەنلەرنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ قولچىرىغىنىڭ يورۇقى بۇ تاغقا يېتىپ كېلەلمەيتتى.

ئەنجانباي چەشتاغدىكى دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنىڭ ئورنىنى نىشانلاپ ئۈچ پىلىموت بىلەن ئۈچ مىناميوتنى تۇمشۇق چوققىسىنىڭ دالدىراق جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن ئادەملىرىگە ئۆزىنى مۈشۈ يەردە ساقلاپ تۇرۇشنى جېكىلىدى. ئۆزى دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئىككى ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ مېڭىپ دەريادىن ئۆتتى. بىر ئازغالدا بىردەم دۈم يېتىپ ئەتراپنى تىڭشىغاندى، ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمىدى. شۇندىلا ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، دەريا بويىغا يېقىنلا يەردىكى توختىكام دېگەن بىر دېھقاننىڭ ھويلىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھويلا دەرۋازىسى ئىچىدىن تاقاقلىق ئىدى. ئەنجانباي تامدىن ئارتىلىپ چۈشتى. ئىچكەركى ئۆينىڭ ئىشىكىمۇ تاقاقلىق ئىدى. ئۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاستا چەكتى:

— توختىكا، توختىكا، بۇ مەن ئەنجانباي. ئىشىكنى ئاچسىلا.

بۇ تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئۇ ئادەم چۆچۈپ كەتتى. ئۇ قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، لاغ - لاغ تىترىگەن ھالدا ئىشىكنى ئاچتى، ئەنجانباي ئۆيگە كىردى. تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ بولۇپ، ئۇنى دەرۋازىنى ئېچىشقا شەرەتلىدى. ئۇ ئادەم بىر نوگاي سۇنى دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىنىڭ ئۇلگۈچىكىگە قۇيۇپ ئۇنى ھۆل قىلدى. دەرۋازا غىچىرلىماي - شەپىسىزلا ئېچىلدى. تالادا ساقلاپ

تۇرغان ئىككى ئادەم ئۆيگە كىردى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۇ ئادەمنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ئىدى، ئۇلار بىر ـ بىرىنى «ئاكا»، «ئۇكا» دەپ چاقىرىشىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۆيگە ئوت يېقىشقا بولمايتتى، دۈشمەنلەر موردىن تۈتۈن چىققانلىقىنى كۆرۈپ قالسا، ئۆيگە ئادەم كەلگەنلىكىدىن گۇمان قىلىپ، شۇ ھامان باستۇرۇپ كېلەتتى. شۇڭا، چاي قاينىتىشقا ئىلاجى بولماي توختىكام ئۇلارنى قېتىق، زاغرا نانلار بىلەن مېھمان قىلدى. ئۇلار نان يېگەچ ئولتۇرۇپ دۈشمەن ئەھۋالى توغرىسىدا مۇڭداشتى.

— شۇ تاپتا، — دېدى توختىكام يىغلامسىراپ تۇرۇپ، — سىلەرنىڭ بۇ ئۆيگە كىرگەنلىكىڭلارنى ئەسكەرلەر بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئاھ خۇدا، ئۆزۈڭ بار! مېنى خوتۇن ـ بالىلىرىم بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئۆيىمىزگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغىمۇ ئامانلىق بولمايدۇ. ئۇلار مۇشۇ كۈنلەردە بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. تاغ تەرەپتىن كەلگەن، تاغ تەرەپكە ماڭغانلارنى تۇتۇپ سولاۋاتىدۇ. تاغ ئىنقىلابچىلىرىغا قاتناشقانلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى بىرىنىمۇ چالا قويماي تۇتۇپ كەتتى. ئون ـ يىگىرمە ئاتلىق ئەسكەر كوچىمۇكوچا، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ، تاغدىن قانداقلىكى ئادەم چۈشسە، ۋاقتىدا خەۋەر قىلمىغانلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ، دەپ جاكارلىدى. ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى بەك كۆپ ئىكەن. زادى قانچىلىك؟ بىلگىلى بولمايدۇ. بەزىلەر ئىككى مىڭ دېسە، يەنە بەزىلەر ياق ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ دېيىشىدۇ. تۈنۈگۈن يېڭىسار تەرەپتىن بەش يۈزدەك ئاتلىق ئەسكەر كەلدى، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە قەشقەر تەرەپتىن تۆت ماشىنىدا ئەسكەر كەلدى، ئۇلار كۈندۈزى بۇ يەرلەرگە پاتماي قېلىشىدۇ. كېچىسى گازارمىدا ئازراقلا ئەسكەرلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، قالغانلىرى غايىب بولۇشىدۇ. قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ، ئەتىسى تاڭ

سەھەردىلا يەنە پەيدا بولۇشىدۇ. ئەمەت بەگنىڭ① غالچىلىرىمۇ شۇنداق. كېچىسى تاغقا چىقىپ كېتىدۇ. ئالدىنقى كۈنى ئۇلارنىڭ گازارمىسىغا ئالۋان ئۈچۈن بىر هارۋا بېدە ـ سامان ئېلىپ بارغانىدىم. ئۇلارنىڭ بىر باشلىقى يېنىدىكى يەنە بىر ئەسكەرگە: «بۇ ئازغىنە بېدە ـ سامان بەش يۈز ئاتنىڭ بىر ۋاخلىق يېمەكلىكىگىمۇ يەتمەيدۇ! ماڭ، يەنە بېرىپ ئەكەل!» دەپ ۋارقىراۋاتقانلىقى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. ئوپال تەرەپكە بىرمۇنچە ئەسكەرلەر كەتتى. تۈنۈگۈن ئون بەش ئاتلىق ئەسكەر چالما ئېرىق تەرەپكە كەتكەنىدى، هازىرغىچە يانمىدى. ئۆيىمىز يول ئۈستىدە بولغاندىكىن، مۇشۇنداق كەلدى ـ كەتتىلەرنى كۆرۈپ تۇرىدىكەنمىز. بىزگە زادىلا ئارامچىلىق يوق، كۆڭلىمىز دەككە ـ دۈككىدە بولۇپ پاراكەندىچىلىكتە ئۆتۈۋاتىمىز، خوتۇن ـ بالىلىرىمنى باشقا جايلارغا كەتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزۈم يالغۇز ئۆينى بېقىپ قالغانىدىم، مانا ئەمدىلىكتە سىلەر كەلدىڭلار، مېنىڭ ئىشىم تۈگەشتى. ئۇلار چوقۇم بىلىپ قالىدۇ. مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، شۇڭا مېنى ئۆزۈڭلار بىللەن بىللە ئېلىپ كېتىڭلار.

ئەنجانباي ئۈنچىقمىدى. ئۇ قولىدىكى ئاپتوماتنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، يېنىدىكى بىر ئادىمىگە ئۆگزىگە چىقىپ ئەتراپنى تىڭ تىڭلاپ بېقىشنى بۇيرۇدى. ئۇ ئادەم بىردەمدىن كېيىن يېنىپ كىرىپ ئەتراپتا هېچقانداق شەپىنىڭ يوقلۇقىنى مەلۇم قىلدى. ئەنجانباي ئورنىدىن تۇرۇپ، «توختىكا، بىز سەل تۇرۇپ يەنە كېلىمىز» دەپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ يېنىپ چىقتى.

ئۇ شۇ تاپتا خىيالغا چۆمۈپ، بۇ قېتىمقى جەڭنى قانداق قىلىشنىلا ئويلاۋاتاتتى: «دۈشمەنلەرگە بىراقلا هۇجۇم قىلساق، بىزنىڭ ئادىمىمىز ئاز، تېخى بولمايدۇ، ئۇلارنى يۇرت ئىچىدە ئېزىقتۇرۇپ ئۇرۇشايلى دېسەك، بۇمۇ بولمايدۇ. يۇرت ئىچىدىكى

---

① ئەمەت بەگ ــ تاشمىلىق ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلارنىڭ چوڭ بېگى. باندىت، ئازادلىقتىن كېيىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن.

جامائەت كۆپ زىيانغا ئۇچرايدۇ. دۈشمەنلەرنى ئالداپ سايغا ئېلىپ چىقىشنىڭ ئىمكانىيىتى قانداق بولار؟ ياق، بۇ چارە ئاقمايدۇ. ئاۋادا دۈشمەنلەر بۇ قىلتاققا چۈشمىسە، ئۆزىمىز سايغا چىقىپ قالىمىز ـ دە... ۋاي خۇدايىم، ئۇ چاغدا بىراقلا تۈگەشكىنىمىز شۇ !»

ئۇ، ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ بۇ ئۈچ خىل چارىنىڭ ھېچقايسىسىنى ياراتمىدى. يەنىلا بۇ تەرەپكە كېلىش ۋاقتىدا كاللىسىدا ئويلاپ قويغان چارە بويىچە، دۈشمەنلەرگە تېگىش قىلىشنى توغرا تاپتى. ئۇ شۇ خىيال بىلەن تۇمشۇقتاغقا يېنىپ كېلىپلا ئادەملىرىنى بەش گۇرۇپپىغا بۆلدى. قىزىل بەلگە ئوقى ئېتىلغان ھامان ئالدى بىلەن تۇمشۇقتاغدىن مىناميوت ئېتىپ، چەشتاغدىكى دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى پارتلىتىش، دۈشمەنلەر بۇ تەرەپكە ئېتىلىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىدىن، يانلىرىدىن تەڭلا زەربە بېرىش، داۋاملىق يۆتكىلىپ يۈرۈپ جەڭ قىلىش قاتارلىقلارنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ ئورۇنلاشتۇردى.

ئۇلار شۇ ھامان كۆرسىتىپ بېرىلگەن ئورۇنلارغا كىرىپ كېتىشتى. ئەنجانبايمۇ مەسۇم چوڭ بىلەن شىغاينى ئەگەشتۈرۈپ، دەرەخلەر ئارىسى بىلەن مېڭىپ، تاغ باغرىدا ئەتراپنى بىردەم تىڭ تىڭشاپ تۇختىدى. دەل شۇ چاغدا چالمائېرىق تەرەپتىن بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ تاقىراقشىپ ماڭغان تۇياق ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. دۈشمەنلەرمۇ ياكى ئۆز ئادىمىمۇ، پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۇلار ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن ئۆمىلەپ مېڭىپ يول بويىغا كەلدى. بەش ئاتلىق ئەسكەر ئۆتۈپ كەتتى. ئارىدىن ھايال ئۆتمەي چالمائېرىق تەرەپتە ئاپتوماتلارنىڭ تاتاتلاپ ئېتىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. «ئاپلا، رازۋېدكىغا كەتكەنلەر دۈشمەنلەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغان ئوخشايدۇ !» بۇ خىيال ئەنجانباينى چۆچۈتىۋەتتى ـ دە، ئۇ شۇ ھامان يېنىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ، ئاسمانغا قارىتىپ بەلگە ئوقى ئاتتى. قىپقىزىل بەلگە ئوقى كۆك قەرىگە كۆتۈرۈلدى. شۇ

هامان تۇمشۇقتاغدىكىلەر، مىناميوت بىلەن چەشتاغدىكى دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. ميناميوت ئوقلىرىنىڭ چەشتاغدىكى گۈمبۈرلىگەن پارتلاش سادالىرى، ئالاقزادە بولغان ئەسكەرلەرنىڭ قىيا - چىيالىرى، پاتىپاراقچىلىق بۇ ئەتراپتىكى يېزا، قىشلاق، تاغ، دەريالارنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئەنجانىباي ئىككى ئادىمى بىلەن بىللە توغراقلىق ئارىسىغا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋېلىپ جىمجىت تۇرۇۋالدى. بۇ چاغدا تاڭ سەھەر ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. تاڭ سەھەر قاراڭغۇسىدا، ئوقلار خۇددى قىزىل يۇلتۇزدەك چەشتاغ تەرەپكە ئېقىپ، بۇلۇتلۇق ئاسماننى پال - پۇل، پال - پۇل يورۇتۇپ تۇراتتى. ئارىدىن ھايال ئۆتمەي يول تەرەپتىنمۇ ئۇزۇلمەي ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. چەشتاغدىكى دۈشمەنلەر ئۆز دۈشمەنلىرىنى «تۇمشۇقتاغدا ئىكەن» دەپ ئويلاپ، بارلىق كۈچى بىلەن تۇمشۇقتاغنى توپقا تۇتۇشقا باشلىدى. بۇ چاغدا تۇمشۇقتاغدىكىلەر ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ بولغانىدى. تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. غۇۋا يورۇقلۇقتا بىر يۈزدەك دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ تاغدىن سىيرىلىپ توغراقلىق تەرەپكە چۈشۈۋاتقانلىقى خىرە - شىرە كۆرۈنۈپ قالدى. دەل شۇ چاغدا ئۇ تەرەپتە يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلار ئۇلارنى پىلىموت، ئاپتوماتلار بىلەن ئوققا تۇتۇپ، ئۇدۇللۇق تىك موللاق ئاتقۇزىۋەردى.

تاڭ سۈزۈلدى. يىراق - يېقىنلاردىكى ئادەملەرنى خېلى ئوچۇق پەرق ئەتكىلى بولغۇدەك يورۇقلۇق چۈشتى. تۆت تەرەپتىن شىددەتلىك ئوققا تۇتۇلغان دۈشمەنلەر گاڭگىرىشىپ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. لېكىن، دۈشمەنلەر تەرەپ - تەرەپلەردىن يىغىلىپ كېلىۋەردى. تاغ ئىنقىلابچىلىرىمۇ بوش كەلمىدى، دۈشمەنلەر بۇ تەرەپتىن باستۇرۇپ كەلسە، ئۇلار شاققىدە ئۇ تەرەپكە ئۆتۈۋېلىپ، ئۇ تەرەپتىن باستۇرۇپ كەلسە، بۇ تەرەپكە ئۆتۈۋېلىپ، دۈشمەنلەرنى ئوققا تۇتىۋەردى. دەل شۇ چاغدا

ئەنجانباي تاغ تەرەپتىن قېچىپ، ئۇلار تۇرغان توغراقلىق ئىچىگە كىلىۋاتقان بىر ئەسكەرنى كۆرۈپ قالدى. ئەنجانباي بىلەن مەسۇم چوڭ ئىككىسى ئىككى ياندىن تەڭلا كىلىپ ئۇنى كاپپىدە تۇتۇۋالدى. ئەنجانباي تاپانچىسىنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە تاقىدى:

— بۈگۈنكى بۇ سوقۇشقا قانچىلىك ئەسكەر قاتناشتى؟

— بايا بىز جەڭگە چىقىدىغان چاغدا باشلىق «بىز ھازىر بەش يۈز ئادەم جەڭگە چىقىمىز. كەچ كىرگۈچە تاغ ئوغرىلىرىنى تامامەن يوقىتىپ بولىمىز» دېگەنىدى.

— ئۇ باشلىقىڭ كىم؟

— تۈەنجاڭ.

— ئىسمى نېمە؟ دەپ سوراۋاتىمەن؟

— تۈەنجاڭ.

بۇ پاڭقۇش ئەسكەرنىڭ باشلىقىنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىغانلىقى ئەنجانبايغا ئايان بولدى.

— ئۇ باشلىقىڭ ھازىر قەيەردە؟

— ئاۋۇ يەردە، — ئۇ ئەسكەر بېشى بىلەن شەرەتلەپ، ئۇلاردىن ئىككى يۈز قەدەم يىراقلىقتىكى يەنە بىر باراقسانلاپ ئۆسكەن توغراقلىق تەرەپنى كۆرسەتتى. ئۇلار شۇ ھامان ئۇ ئەسكەرنى توغراققا باغلاپ، ئاغزىغا شەپكىسىنى تىقىپ قويدى - دە، ئاستا ئۆمىلەپ مېڭىپ، ئۇ كۆرسەتكەن توغراقلىقنىڭ ئارىسىغا كىردى. ھېلىقى ئەسكەرنىڭ دېگىنى راست ئىكەن. ئۇلار توغراقلىق ئارىسىغا كىرگەندە، ئىككى - ئۈچ يۈزدەك قىلىچ تۇتقان ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا بىر قولىدا قىلىچ، يەنە بىر قولىدا دۈربۈن تۇتقان ھالدا، تۇمشۇقتاغ تەرەپكە قاراپ تۇرغان بىر ئوفىتسېرنى كۆرۈپ قېلىشتى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر بايراقچىسى گومىنداڭ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ئەنجانباي ئۈچۈن تېپىلغۇسىز بەلەن پۇرسەت ئىدى. ئۇ مەسۇم چوڭنىڭ قولىدىكى بەشئاتار مىلتىقنى قولىغا ئالدى، يېنىدىكى شىغايىغا قاراپ، «سەن بايراقچىنى ئۈجۈقتۇرۇۋەت! مەن ئاۋۇ

باشلىقنى ! » دېدى ـ دە، ھېلىقى ئوفىتسېرنى قارىغا ئېلىپلا مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى شاققىدە بېسىۋەتتى. شىغايمۇ بايراقچىنى قارىغا ئېلىپ بولغانىدى، ئۇمۇ شۇئانلا تەپكىنى «شاققىدە» بېسىۋەتتى. ئۇ ئوفىتسېر بىلەن بايراقچى ئارقا ـ ئارقىدىن ئاتتىن موللاق ئېتىپ يەرگە چۈشتى. دەل شۇ چاغدا بۆكتۈرمىدە تۇرغان ئەنجانبايىنىڭ ئادەملىرىمۇ خۇددى ئۆزلىرىگە بۇيرۇق بېرىلگەندەكلا ئۇلارنى تەرەپ ـ تەرەپتىن پىلىموت، ئاپتومات، مىلتىقلار بىلەن توختىماي ياغقان يامغۇردەك ئۈزمەي ئوققا تۇتۇپ، گراناتلارنى تاشلاپ، غەزەپ بىلەن قىرىشقا باشلىدى.

بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ، خۇدىنى يوقاتقان دۈشمەنلەر ئۆزلىرىنى خۇددى نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قورقۇپ كەتتى ـ دە، خۇددى ئوۋچىدىن قېچىپ، كىرگىلى تۆشۈك تاپالماي ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرغان توشقانغا ئوخشاش جان قايغۇسىدا ھودۇقۇپ، تەرەپ ـ تەرەپلەرگە پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇلار ئۇيانغا قاچسىمۇ، بۇيانغا قاچسىمۇ ياكى ئالدى ـ ئارقىسىغا قاچسىمۇ، يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقتىن قۇتۇلالمىدى، ئارقا ـ ئارقىدىن ئوق يەپ، يىقىلىۋەردى. خۇدىنى يوقاتقانلىقىدىن ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالماي، ھودۇققان ھالدا تەشۋىشلىنىپ، تېرىم تەرەپكە قاراپ قاچتى. توغراقلىقتىن چىققاندىن كېيىنمۇ يەنە بىرنەچچىسى ئوق يەپ يىقىلدى. ئامان قالغانلىرى ئالدى ـ ئارقىسىغىمۇ قارىماي قېچىپ كېتىۋەردى. بۇ پاجىئەدىن خەۋەر تاپقان چالمائىبىرىق، چەشتاغ، قىزىلتاغ تەرەپلەردىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرى بىلەن تۇمشۇقتاغقا ھۇجۇم قىلغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىمۇ جان قايغۇسىدا گازارمىلىرىنى تاشلاپ ئاقتۇ تەرەپكە قاراپ قېچىپ كېتىشتى.

بۇ قېتىمقى جەڭ چۈشكە يېقىن توختىدى. دۈشمەنلەرنىڭ يەتمىش ئالتە ئادىمىنىڭ ئۆلۈكىنى تاشلاپ قاچقانلىقى مەلۇم بولدى، ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھېلىقى باشلىقىنىڭ ئۆلۈكى

بىلەنمۇ كارى بولمىغانىدى. تاغ ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئالدىدا غەنىيمەت ئېلىنغان ئوتتۇز يەتتە ئات، نۇرغۇن قورال - ياراغ، ئوق - دورىلار قاتار تىزىلىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۆزلىرىدىن چىقىم بولغانلىرىنىڭ سانىمۇ ئۇلارنى چۆچۈتۈپ، كۆڭلىنى بىئارام قىلىۋەتتى. بەش ئادەم قۇربان بولغان، ئون بىر ئادەم يارىدار بولغانىدى.

ئۇلار قۇربان بولغانلارغا هازا تۇتۇپ يىغلاشتى. كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياشلىرى تۆكۈلگەن هالدا ئۇلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشتى، كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ، تۇمشۇقتاغنىڭ ئۈستىگە دەپنە قىلىشتى. ئەنجانبايمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، بىرهازاغىچە بۇقۇلداپ يىغلىدى. خەتمىقۇرئان ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ: بۇرادەرلىرىم، مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، بىز سىلەرنىڭ قىساسىڭلارنى چوقۇم ئالىمىز! ناۋادا بىزنىڭ بۇ قەسىمىمىز نەپسانىيەتچىلىك، قورقۇنچاقلىق... سەۋەبلىرى تۈپەيلىدىن سۇسلىشىپ قالسا، يېگىنىمىز هارام، كىيگىنىمىز كېپەن، ئۆزىمىز دوزىخى بولۇپ كەتكەي! دەپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلدى.

شۇ ئارىدا چالمائېرىق تەرەپكە رازۋېدكىغا كەتكەنلەردىن بىرنەچچىسى قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، بۇ قېتىمقى رازۋېدكا قىلىش كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قاپتۇ. ئۇلار چالمائېرىققا يېقىنلاشقاندا، دۈشمەنلەرنىڭ تاغ ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئون بەش ئەسكىرى بىلەن تۇيۇقسىزلا دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ. شۇڭا، ئىلاجسىز ئوق چىقىرىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇلار بىرهازاغىچە سوقۇشۇپ، دۈشمەننىڭ بىر قىسمىنى يوقىتىپ، يەنە بىر قىسمىنى قاچۇرۇپ قويۇپتۇ. قاچقان دۈشمەنلەرنى قوغلاپ كېتىۋاتقاندا، تۇزتاغ① تەرەپتىكى ئاكوپتا تۇرغان ئەللىك نەچچە دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ تۇيۇقسىز هۇجۇمىغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇلار تاغ، جىلغىلارنىڭ ئەپلىك

① تۇزتاغ — تاشمىلىق يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ نامى.

جايلىرىغا ئورۇنلىشىۋېلىپ، پىلىموت بىلەن دۈشمەنلەرنى تازا قىرىپتۇ. ئۇلار ئالاھازەل بىرەر ئاش پىشىمى ئېلىشقاندىن كېيىن، دۈشمەنلەرنىڭ بىر بۆلىكى ئۆلۈپتۇ، قالغانلىرى دەريا ياقىلاپ تېرىم تەرەپكە قاراپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇلار يىگىرمە بەش مىلتىق، ئەللىك دانە گرانات ئولجا ئاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى قالايمىقان قېچىپ يۈرگەنلىكتىن تۇتالماپتۇ، ئۆزلىرىدىن ئىككى ئادەم قۇربان بوپتۇ، ئۇلارنى تۇزتاغ باغرىغا دەپنە قىپتۇ. بۇ قېتىمقى جەڭدە پىلىموت تازا ئەسقېتىپتۇ. ناۋادا مۇشۇ پىلىموت بولمىغان بولسا، ئۆزلىرىنىڭمۇ ھايات قېلىشى ناتايىن ئىكەن.

ئەنجانباي ئادەملىرىنى باشلاپ چەشتاغنىڭ ئۇستىگە چىقتى. پارتلاپ ۋەيران بولغان ئىستىھكام، لەخمىلەرگە، ئوقتەي ـ توقتەي يېتىشقان ئۆلۈكلەرگە بىر دەم قاراپ تۇردى. ئۇيان ـ بۇيان ئايلاندى. ئاندىن ئادەملىرىنى يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئاران يىگىرمە نەچچىلا ئادىمى قالغانىدى.

— يۈرۈڭلار، — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا، — ئەمدى غالچى بەگنى يوقلاپ قويايلى، ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالمىسۇن !

— غالچى بەگ — ئەمەت شۇ كۈنلەردە بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. گومىنداڭنىڭ خىل قوراللىرى بىلەن قوراللاندۇرغان يەتمىش نەچچە يۈندىخور مەرگەننى ئىشقا سېلىپ، «تاغ ئوغرىلىرىنىڭ پېيىنى قىرقىش» ئۈچۈن قۇتراپ يۈرەتتى. يول ـ يوللارنى قامال قىلىپ، پۇقرالارنىڭ ئاشلىقىنى يىغىۋېلىپ، تاغ ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك مەنبەلىرىنى ئۈزۈپ قويماقتا ئىدى. كېچە ـ كۈندۈز چارلاش ئېلىپ بېرىپ، تاغ ئىنقىلابچىلىرى بىلەن ئازراقلا مۇناسىۋىتى بار ئادەملەرنى تېپىۋالسا شۇ ھامان ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكىنى ئاتقا سۆرىتىپ، مەھەللىمۇمەھەللە ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ سازايى قىلاتتى. مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتەتتى. تاغ

ئىنقىلابچىلىرى ئارىسىغا ئۆز ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ تىنىڭ تىڭلايتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كۆڭلى قارا ئادەملەرنى تېپىپ ئۆز يېنىغا تارتىش ئۈچۈن ئۇلارنى چېكىپ باقاتتى. جەڭلەردە تاغ ئىنقىلابچىلىرىنىڭ بۆكتۈرمىلىرىنى تېپىش ئۈچۈن ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. شۇڭا، ئۇلارغا ئەنجانباينىڭ غەزىپى قايناپ ـ تاشقاندى. لېكىن، بۇ قېتىممۇ ئەمەت بەگنىڭ ئامىتى ئوڭدىن كېلىپ ئۇنىڭغا تۇتۇق بەرمىدى. ئەنجانباي ئادەملىرىنى باشلاپ ئۇنىڭ تاشمىلىق بازىرىدىكى ئۆيىگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئەمەت بەگ خوتۇن ـ باللىرى، ئادەملىرىنى باشلاپ ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەندى.

ئەنجانباي بۇ قېتىمقى جەڭدە غەلىبە قازىنىپ قايتىپ كەلدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئەنسىرەپ، غەم ـ ئەندىشىگە تولدى.

ــ توغرا دېدىڭىز، ــ دېدى يۈسۈپجان ئۇنىڭ ئەندىشىسىنى ئاڭلاپ، ــ دۈشمەنلەر بەك نامەرد، ۋەھشىي. ئۇلارنى سىزدىن ئالالمىغان دەردىنى ئاتا ـ ئانىڭىزدىن ئالمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئەھۋال چاتاق، شۇڭا ئاتا ـ ئانىڭىزنى دەرھال مۇشۇ يەرگە ياندۇرۇپ كېلىشىڭ، بىزگە ئاتا ـ ئانا لازىم. ھەرگىز كېچىكتۈرمەڭ.

بۇ گەپكە جامالىدىنمۇ ئارىلاشتى:

ــ ئۆزىڭىزگە كۆپرەك ئادەمنى ھەمراھ قىلىۋېلىڭ، سەپىرىڭىز خۇپىيانە بولسۇن، قارامىلىق قىلماڭ. سىزدىن بەك ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم.

*        *        *

ئەنجانباينىڭ ئوتتۇز ئادەم بىلەن گومىنداڭنىڭ مىڭ نەچچە يۈز كىشىلىك زور قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ قوغلىۋېتىشى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئوفىتسېرنىڭ ئەنجانباينىڭ ئوقىدا

ئۆلتۈرۈلۈشى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى،
باشلىقلىرىنىمۇ چۆچۈتۈپ گاڭگىرىتىۋەتتى. ئۇلار ئىلگىرىمۇ
ئەنجانباينىڭ نامىنى ئانچە - مۇنچە ئاڭلىغان. لېكىن، ئۇنى
مەسخىرە قىلىپ «ھىم، ئۇ سەھرالىق تومپاي قانچىلىك نېمە
ئىدى، قورقىدىغان نېمىسى بار؟ !» دەپ، دىمىغىدا خىڭىلداپ
كۈلۈپ قويۇپ، ئۇنى كۆزگە ئىلماي يۈرگەنىدى. ھېلىقى
ئوفىتسېر دەل ئەنە شۇنداق دىمىغىدا خىڭىلداپ، ئۇنى مەسخىرە
قىلىپ، ھاكاۋۇرلۇق بىلەن مەيدىسىگە مۇشتلاپ يۈرگەنلەرنىڭ
بىرى ئىدى. ئۇنىڭ پوچىلىقى ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقىپ
باشقىلارنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. ئۇلار «كۆزگە ئىلمىغان
يۇتاق كاللىغا چوماق» دېگەن تەمسىلنىڭ توغرىلىقىغا مانا ئەمدى
ئىشىنىپ قالدى. «ئەنجانباي !» دەپ ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا،
خۇددى ئەزرائىل جېنىنى ئالغىلى كەلگەندەك چۆچۈپ
كېتىدىغان، گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدىغان، ھەتتا چۈشىدىمۇ قارا
بېسىپ، ئەنجانباينىڭ ئۆزىگە قىلىچ تەڭلەۋاتقانلىقىنى كۆرىدىغان
ياكى خۇددى سوغۇق سۇ قۇيغاندەكلا ئەندىكىپ ئويغىنىپ، ئوتقا
تاشلانغاندەك ۋارقىراپ جۆيلۈپ تۇرۇپ كېتىدىغان، كېچىلىرىمۇ
قورقۇپ، تالا - تۈزگە يالغۇز چىقالمايدىغان بولۇپ قېلىشتى. شۇ
كۈنلەردە گومىنداڭنىڭ ئوپال ئەتراپىدىكى ئەسكەرلىرى
ئارىسىدا مۇنداق بىر ھېكايە تارقالدى:

كېچىسى بىر ئەسكەر خالاغا چىقىۋاتسا، ئۇنىڭ كۆزىگە
ئەنجانباي كۆرۈنۈپ قاپتۇ. ئۇ قورقۇنچتا ئاستا ئارقىسىغا يېنىپ
ئىشىكنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا خالاغا ماڭغان يەنە بىر
ئەسكەر ئۇچراپتۇ. ئۇ «ئەنجانباي تۇرىدۇ» دەپ ئۇنىڭغا
ئەسكەرتىپ قويماقچى بوپتۇ، لېكىن قورقۇنچتا ئاغزى پەقەت
گەپكە كەلمەپتۇ. ھېلىقى ئەسكەرنىڭ كۆزىگىمۇ يەنە شۇ
ئەنجانباي كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ. ئۇ قورقۇپ كېتىپ: «ئەنجانباي
كەپتۇ ! ئەنجانباي ! ...» دەپ ۋارقىراپ گازارمىنى
بېشىغا كىيىپتۇ. ئۇلارنىڭ باشلىقى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ

چىقىپ قارىسا، ھېلىقى ئەسكەرلەرنىڭ كۆزىگە ئەنجانبايدەك كۆرۈنۈپ كەتكىنى ئادەم ئەمەس، بەلكى يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئېسىپ قويۇلغان كىيىم - كېچەكلەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ باشلىقى ئاچچىقىدا ھېلىقى كىيىم - كېچەكلەرنى چېپىپ تاشلاپتۇمىش.

شۇڭا، گومىنداڭچىلار ئەنجانباينىڭ تەھدىتىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنى يوقىتىشنىڭ يولىنى ئىزدەشكە مەجبۇر بولۇشتى.

ئەنجانباي ئاتا - ئانىسىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، ئون ئادەمنى باشلاپ نامازشام ۋاقتى بىلەن يولغا چىقتى. ئۇلار ئاتلىرىنى لەرزان يورغىلىتىپ مېڭىپ، ئويتاغ ئاغزى ئارقىلىق تاغ ئارىلاپ يۈرۈپ، جىلغىلىق داۋانلار ئارىسىدىن چىققاندا، يىراقتىن توخۇلارنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ چىللاشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. سۆسەرئاغزىغا① كەلگەندە، ئەنجانباي بىر ئادەمنى جىلغا ئىچى بىلەن مېڭىپ بېرىپ، ئوپال گازارمىسى، سۆسەربېشىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دۆڭلەردە تۇرغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى چارلاپ كېلىشكە ماڭدۇرۇۋەتتى. قالغانلىرىنى دۆڭ، بۇزرۇكۋارلىرىم، بۇلاقئاغزى قاتارلىق جايلاردا تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ، دۈشمەنلەرنى ھودۇقتۇرۇۋېتىشكە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ يەنە دۈشمەنلەرنى ئازدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، جىلغىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىگە ئوت - خەسلەرنى قارا - قۇرا قىلىپ، خۇددى ئادەم بېشى چىقىپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈش پەيدا قىلىشنى، ناۋادا ئوق چىقىرىشقا توغرا كېلىپ قالسا، بىرلا جايدا ئەمەس، بەلكى جىلغا ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، ئۇ جاي - بۇ جايلاردىن ئوق ئۈزۈپ، دۈشمەنلەرگە سېپىمىزنىڭ كەڭ، ئادىمىمىزنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش لازىملىقىنى ئۇقتۇردى.

— بەلگە ئوقى ئېتىلغان ھامان، — دېدى ئەنجانباي

---

① سۆسەرئاغزى — ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر كەنتنىڭ نامى.

ئاخىرىدا، — ھەربىر گۇرۇپپا ئىككىدىن ئاتقا جىگدە شاخلىرىنى سۆرىتىپ، تەرەپ - تەرەپلەرگە چېپىپ يۈرۈپ، توپا - چاڭلارنى راسا توزۇتۇۋەتسۇن، ئوتتۇرىدا ئوتتۇز - قىرىق قەدەمدەك ئارىلىق قالدۇرۇپ چاپسۇن، قالغانلار دۈشمەنلەرنى ئوققا تۇتسۇن. مۇشۇنداق قىلغاندا دۈشمەنلەر قورقۇپ كېتىپ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالىدۇ - دە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مالىمانچىلىق يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەقسىتىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز ئاسانلىشىدۇ.

ئەنجانباي ئاتا - ئانىسىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزىنى زادىلا باسالماي قالدى. ئاخىر بولالماي ئاتقا مىنىپ، ئۆزى يالغۇز بېرىشقا تەمشەلگەندى، شېرىپ مەرگەن ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى:

— قارامىلىق قىلمىسىلا، سەل تەخىر قىلسىلا. سىلى كېتىپ قالسىلا، بىزگە كىم قوماندانلىق قىلىدۇ؟ بىزگە كىم ئىگە بولىدۇ؟ ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ بىللە كىرەيلى، بېشىمىزغا ھەرقانداق بالايىئاپەت كەلسە تەڭ تارتايلى.

شۇ ئارىدا چارلاشقا كەتكەن يىگىت قايتىپ كېلىپ:

— دۆڭدە دۈشمەننىڭ قاراۋۇلى بار ئىكەن. ئۇ يەردىن ئەگىپ ئۆتۈپ، ئۆستەڭنىڭ ئىچى بىلەن ئايلىنىپ بېرىپ قارىسام، گازارمىنىڭ سېپىلىنىڭ ئۈستىدىمۇ قاراۋۇل بار ئىكەن. زادى قانچىلىك ئەسكەر بارلىقىنى بىلەلمىدىم. تاڭ يورۇشقا ئاز قالغانلىقتىن، ئۇزاقراق كۆزىتىشكە ئۈلگۈرەلمىدىم، — دېدى.

دېمىسىمۇ بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈپ، گۇگۇم ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ھاۋا بۇلۇتسىز، سۈزۈك ئىدى. كۈنچىقىش تەرەپمۇ قىپقىزىل قىزىرىپ، بۇگۈنكى كۈننىڭ ئوچۇق بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئەنجانباي:

— بولدى، ئەمدى ئىشنى باشلايلى، — دېدى - دە، ئۈچ ئادەمنى باشلاپ دۆڭدىكى دۈشمەنلەرنىڭ قاراۋۇلخانىسى تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى. قالغانلارمۇ كۆرسىتىپ بېرىلگەن جايلىرىغا بېرىش ئۈچۈن، جىلغىنىڭ ئىچى بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

تۇنۇگۇن ئىككى يۈز ئەسكەرنى باشلاپ، قاراڭغۇ چۈشكەندىلا ئوپال بازىرىغا يېتىپ كېلەلىگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ رۇتا كوماندىرى قارا باتۇر گازارمىغا چۈشۈپلا، تۆت ئەسكەرگە دەرھال مەمتىمىن بەگنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇ ئۇلارنى خېلى ئۇزاق ساقلىدى. ئېچى پۇشۇپ يېرىم شىشە هاراقنى ئۆزى تېرىكىپ يالغۇزلا تۈگىتىۋەتتى. ئۇ تۇراتتى، ھېلىقى تۆت ئەسكەر ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— مەمتىمىن بەگ ئۆيىدە يوق ئىكەن، تاپالمىدۇق.

— تاپالمىدۇق؟ بۇ قانداق گەپ؟ ! ماڭا قۇرۇق گەپ ئەمەس، مەمتىمىنبەگ كېرەك ! مېڭىش ! چاققان بېرىش ! ئۆزىنى ئېلىپ كېلەلمىسەڭ، كاللىسىنى ئېلىپ كېلىش ! ھۇ نان قېپى؛ كالىۋالار !

يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ئۇ تۆت ئەسكەر مەمتىمىن بەگنى باشلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەلدى. مەمتىمىن بەگ كىرىپلا، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قاراباتۇرغا تەزىم قىلىشقا باشلىدى:

— گۇناھىمدىن ئۆتسىلە باشلىق، ھەرقايسىلىرىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ كۆزىمىز تېشىلگۈدەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئەممازە، بۈگۈن كېلىشلىرىدىن بىخەۋەر بولۇپ...

— قويۇڭ ئۇنداق ئۇسۇرۇق گەپنى ! — قاراباتۇر ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى، — قاراڭ سىزنى ! — ئۇ تېرىكىپ پۇتىنى يەرگە چېلىپ ۋارقىراشقا باشلىدى، — ھازىر قانداق چاغ؟ شۇنىمۇ بىلمەمسىز؟ ! شۇ چاغقىچە قەيەرلەردە يۈردىڭىز؟ نېمە ئىش قىلدىڭىز؟ سىزنى تاپالماي مانا ھازىر يېرىم كېچىدىن ئۆتتى، سىز قانداق بەگ، جاھاندا ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىغەم يۈرىسىزغۇ؟ !

— يوغسۇ جانابلىرى، يوغسۇ، نەگە بارارمەن؟ شۇ كۈنلەردە نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشۇمنىمۇ بىلمەيۋاتىمەن. ئاھ خۇدا، جان قايغۇسىدا، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈۋاتىمەن، — دېدى مەمتىمىن بەگ بەزگەكتەك لاغ ـ لاغ تىترىگەن ھالدا، —

ئەنجانباي بىشىمىزغا بالا بولدى. ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئۆيگىمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا بارالمايمەن. بۇگۈن ئۈچ كۈن بولدى، باشقىلارنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپۇۋاتىمەن. قورقۇنچتا گېلىمدىن تاماق ئۆتمەيدىغان، كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. نەچچە كۈندىن بېرى ھەرقايسىلىرىنىڭ يولىغا تولا قاراپ، كۆزىمىز تېشىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتكەنىدى. يىراقتىن ئۆيىمىزنى ماراپ بىقىۋاتقانلار بايا ھەرقايسىلىرىنىڭ كەلگەنلىرىنى خەۋەر قىلغانىدى. شۇڭا، ئالدىراپلا ئالدىلىرىغا سالامغا كەلدىم. ھەي ! ... ئۇ قارا بالاغا خۇدايىم بەس كەلمىسە، ئىنسان بالىسى تەڭ كېلەلمەيدۇ !

— يوق چاينىما ! قورقۇنچاق ئەبلەخ، — دېدى قاراباتۇر غەزەپ بىلەن پۇتىنى يەرگە چېلىپ، — ھىم، ئىنسان بالىسى تەڭ كېلەلمەيمىش تېخى ! ئۇقۇپ قوي ! ئۇنىڭغا ھەرقايسىڭنىڭ خۇداسىمۇ بەس كېلەلمىسە، مانا مەن ئۇنىڭ جېنىنى ئالىمەن ! ۋاي جېنىمەي، ئىنسان بالىسى تەڭ كېلەلمىگۈدەك قانچىلىك بىرنېمىدى ئۇ؟ ئۇنى تىرىك تۇتماي قويمايمەن ! ئۇنىڭ گېلىنى مانا مۇشۇنداق غىققىدە بوغىمەن ! — ئۇ شۇنداق دەپلا مەمتىمىن بەگنىڭ گېلىنى ئىككى قوللاپ سىقتى، — مانا مۇشۇنداق، ھە، ئەمدىغۇ بىلگەنسەن؟

مەمتىمىن بەگ چۆچۈپ كېتىپ، كۆزلىرى چەكچەيگەن، رەڭگى تامدەك تاتارغان ھالدا، تىلى كالۋالىشىپ كېكەچلىدى:

— ۋايجان، ۋايىمەي، جانابلىرى، گۇناھىمدىن كەچسىلە، مەن ئەنجانباي ئەمەس. ئۇنى تۇتقاندا... ئاشۇنداق، خۇدايىم ئۇنىڭ جاجىسىنى بالدۇرراق بەرگەي...

— ياق، ياق، قورقما. مەن سېنى ئۆلتۈرمەيمەن، ئەنجانباينى ئۆلتۈرىمەن.

— شۇنداق، شۇنداق، جانابلىرى. ھىممەتلىرىگە بارىكاللا.

— ماڭا قاراڭ بەگ. يۇقىرىدىن ئەنجانباينىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تۇتۇپ كېلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشتى. بىز ئۇنىڭ ئاتا ـ

ئانىسىنى تۇتۇپ، يېغىشىھەردىكى ئارمىيە شتابىغا تاپشۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، ئەنجانباي ئاتا ـ ئانىسىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئايىغى بىلەن مېڭىپ كېلىپ، ئالدىمىزدا كۈچۈكلىنىدۇ، تاماشىنى شۇ چاغدا كۆرىمىز. سەنمۇ بۇنداق پارچە ـ پۇرات بەگلىك ئەمىلىدە تۇرىۋەرمەيسەن. باشلىقلار سېنى مۇكاپاتلايدىغان بولىدۇ، ئامباللىق مەنسىپىمۇ سېنى ماراپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا، سەن چارلىغۇچى ئەسكەرلەرگە يول باشلاپ، پەقەت ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويساڭلا بولىدۇ. چارلىغۇچى ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بار ـ يوقلۇقىنى ئېنىقلاپ بولۇپ، كېلىپ ماڭا دوكلات قىلىدۇ. ئاندىن بىز دەرھال ھەممە ئەسكەرلەر بىلەن بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىنى قورشاپ بولۇپ بىراقلا تۇتۇۋالىمىز. قانداق، ياق دېمەيدىغانسەن؟

— ياق، ياق، ھەرگىز ياق دېمەيمەن. ئۇنداق دېيىش ھەددىم ئەمەس. بېشىم بىلەن باشلاپ بارىمەن، ئامان قالىدىغان بولساملا...

مەمتىمىن بەگ تۆت چارلامچى ئەسكەرنى باشلاپ باقاخۇننىڭ قۇمباغ كەنتىدىكى ئۆيىنى چارلاپ كېلىشكە يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار قاراباتۇرنى خېلى ئۇزاق ساقلاتتى. ئاخىر ئۇ بولالماي ئۇخلاپ قالدى. تاڭ سەھەرگە يېقىن ئۇلار قايتىپ كېلىپ ئۇنى ئويغاتتى:

— مورىسىدىن تۈتۈن چىقىۋاتىدۇ. ئۆيىدە ئادەم بار ئىكەن.

قاراباتۇر شۇ ھامان ئادەملىرىنى ئويغىتىپ سەپكە تىزدى. ئۇ خۇشال بولۇپ گۇلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا مەمتىمىن بەگنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ، باقاخۇننىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشتى. تەرەپ ـ تەرەپتىن قورشاپ كېلىپ ئۇ ئۆيىنى ئارىغا ئالدى. دېگەندەك، ئۇ ئۆيىنىڭ مورىسىدىن ئىس پۇرقىراپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار يېقىنلىشىپ كېلىپ، دەرۋازىنىڭ تېشىدىن قۇلۇپلانغانلىقىنى كۆرۈشتى ـ دە، ئەجەبلىنىپ تۇرۇپلا قېلىشتى. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار «بىزنى پەنتۇرۇش ئۈچۈن دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىپ قويغان، بولمىسا مورىسىدىن

نېمىشقا تۇتۇن چىقىپ تۇرىدۇ؟ ئۆيدە چوقۇم ئوت قالاپ، تاماق ئېتىۋاتقان گەپ» دەپ ئويلاپ تامدىن ئارتىلىپ ئۆيگە كىرىشتى. ئۆيدە ئادەم كۆرۈنمىدى. ئوچاقتا خۇددى قازان ئاسقاندەكلا ئېسىپ قويۇلغان يوغانلا بىر كۆتەك پۇرقىراپ قاپقارا ئىس چىقىرىپ چالا كۆيۈۋاتاتتى. ئۇلار ئۆگزىگە چىقىپ قازناق، ئېغىل، سامانلىقلارغا كىرىپ، ئادەم تاپالماي چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىشقان ھالدا گازارمىسىغا قايتىپ كېلىشتى. قاراباتۇر گازارمىغا قايتىپ كېلىپلا، مەمتىمىن بەگكە قاراپ چاڭىلداپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— سىز مېڭىڭ، دەرھال مېڭىڭ، دەرھال ئۇلارنىڭ دېرىكىنى ئېلىڭ. ئۇلارنى قاچۇرۇپ قويماڭ، بىزگە دەرھال خەۋەر قىلىڭ. ئاسمانغا چىقىپ كەتسىمۇ، يەرگە كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنى تۇتماي قويمايمەن، تۇخۇمىنى قۇرۇتىمەن! — ئۇ ئاغزىدىن شالىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ سۆزلەۋېتىپ، مەمتىمىن بەگنىڭ ئالدىغا بىر تاپانچا، تۆت مىلتىق، يۈز تال ئوق قويدى، — ماۋۇ تاپانچىنى ئۆزىڭىزگە ھەمراھ قىلىڭ، يېنىڭىزدىن ئايرىماڭ. مىلتىقلاردىن ئۇچىنى ئۆزىڭىزگە ئىشەنچلىك، مىلتىق ئىشلىتىشنى ئوبدان بىلىدىغان ئادەملەرگە بېرىپ، ئۆزىڭىزنى مۇھاپىزەت قىلدۇرۇڭ. يەنە بىرىنى ئۆزىڭىز ئوبدان ساقلاپ قويۇڭ، كېيىن ئەسقېتىپ قالىدۇ. بولۇڭ، چاققان مېڭىڭ، ئەنجانباينىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دېرىكىنى ئېلىپ، بىزگە دەرھال خەۋەر قىلىڭ. بۈگۈن چۈشكىچە ئۇلارنى چوقۇم تۇتۇپ ئېلىپ مېڭىشىمىز كېرەك!

مەمتىمىن بەگ تاپانچىنى قوينىغا سېلىپ، ئېتىغا مىندى. مىلتىقلارنى ئالدىغا توغرىسىغا قويۇپ يۈرۈپ كەتتى. لېكىن، شۇ تاپتا ئۇنى ۋەھىمە چۇلغىۋالغانىدى. ساراسىمىگە چۈشۈپ، غەم ـ ئەندىشىدە قالدى. «مېنىڭ ئۇلارنى تۇتۇپ بەرگىنىمنى ئەنجانباي بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا... ۋاي خۇدايىم ساقلىسۇن، ئۇ چاغدا پۈتۈن نەسىل ـ ۋەسلىم تۈگىشىدۇ! ئۇنداق قىلساممۇ بولمىغان، بۇنداق قىلساممۇ بولمىغان، ئاھ خۇدا! ئەجەب

قىينالدىغۇ بۇ جان !...»

گەرچە شۇ تاپتا ھاۋا سوغۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قورقۇنچ ئىلكىدە قالغانلىقتىن، چېكىسىدىن دانىمۇدانە تەر تامچىلىرى تامچىلاشقا باشلىدى.

ئەنجانباي ئىككى ئادەمنى باشلاپ، سۆسەر جىلغىسى ئارقىلىق مېڭىپ دۆڭدىكى قاراۋۇللارغا يېقىنلاشتى ـ دە، تېرەككە يۆلىنىپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ بىرىنى نىشانغا ئېلىپلا گۇم قىلىپ ئېتىۋەتتى. بۇ بىر پاي ئوق ئۇنىڭ باشقىلارغا «ھەرىكەت باشلانسۇن !» دەپ بەرگەن بەلگىسى ئىدى.

قاراۋۇللارنىڭ يەنە بىرىنى ئۇنىڭ ئادەملىرى ملتىق بىلەن ئېتىپ ئۇجۇقتۇردى. قالغان ئىككىسى قېچىپ كەتتى.

قاراباتۇرنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا بېرىشىغا، تۇيۇقسىزلا خۇددى يەرنىڭ تېگىدىن چىققاندەكلا گۇمبا ـ گۇمباڭ ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى ـ دە، ئۇ چۆچۈپلا ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ھودۇقۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ سەل تىڭشاپ باققانىدى، دېگەندەك، تەرەپ ـ تەرەپلەردىن قوماچ قورۇغاندەك ۋاراقشىتىپ ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئۇ ھودۇققان ھالدا ئالمان ـ تالمان كىيىمىنى چالا كىيىپ، تالاغا چىقىۋاتقانىدا، ئۇنىڭ قېشىغا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كىرىۋاتقان بىر ئەسكەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

ـــ باشلىق، بىز تاغ ئوغرىلىرىنىڭ قورشاۋىدا قاپتۇق !

قاراباتۇر قورقۇپ كەتتى. لېكىن، چاندۇرماي ئۇنىڭدىن سورىدى:

ـــ ھودۇقماي سۆزلە قورقۇنچاق ! بىزنى قورشاۋغا ئېلىشقا پېتىنالىغۇدەك قانچىلىك ئادەملەر ئىكەن ئۇ؟

ـــ بىرەر مىڭدىن ئارتۇق چىقىدۇ.

ـــ ھەي دۆت ! تاغ ئوغرىلىرىنىڭ ھەممىسىنى قوشقاندىمۇ بىرەر مىڭ چىقمايدۇ، قەيەردىن كەپتۇ شۇنچە كۆپ ئادەم؟

ـــ ئىشقىلىپ، ئۇنىڭدىن كەم چىقمايدۇ.

قاراباتۇر قورقۇپ تىترەپ كەتتى. تالاغا چىقىپ دۇربۇن بىلەن ئەتراپقا قاراپ، تەرەپ ـ تەرەپلەردە ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزانلارنى كۆردى. ھەممە تەرەپلەردە ئۈزۈلمەي ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرى، گراناتلارنىڭ دەھشەتلىك پارتلاشلىرى ئۇنى گاڭگىرىتىۋەتتى. ئۇ قورقۇنچتا خۇدىنى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ بۇنداق نەچچە مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنىنىڭ قورشاۋدا قالغانلىقىدىن چۆچۈپ قورقۇپ كەتتى ـ دە، ئالاقزادە بولغان ھالدا، خۇددى بىرى گېلىنى غىققىدە بوغۇۋالغاندەك ھاسىراپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

ــ چېكىنەيلى! تېز قېچىڭلار!!

ئۇ ئېتىغا مىندى ـ دە، ئاسمانغا قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئېتىپلا، قەشقەر شەھىرى تەرەپكە قاراپ قاچتى، قاراۋۇللۇقتا تۇرۇپ ئۆلگەن يەتتە ـ سەككىز دەك ئەسكىرىنىڭ جەسىتى بىلەنمۇ كارى بولمىدى. ئىككى يۈز نەچچە كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ، قىزىلجىلغىدىن ئۆتۈپ، غىلاڭ تاشلىق ئۆزۈن سايدا كۆزدىن غايىب بولدى.

مەمتىمىن بەگ ئۆيىگە كېلىپ چالا ـ بۇلا ناشتا قىلدى ـ دە، باقاخۇنىنىڭ دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن تالاغا قاراپ ماڭدى. دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىزلا خۇددى قۇلىقىنىڭ قېشىدا ئېتىلغاندەكلا ئاڭلانغان گۇمبا ـ گۇمباڭ ئاۋازلار ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆڭلىدىن: «ئىم! ئەنجانباي يەنە ئادەم باشلاپ كەپتۇ!» دېگەن قورقۇنچلۇق بىر خىيال گۇپپىدە كەچتى ـ دە، قورقۇپ كېتىپ، يۈرىكى پوكۇلداپ ئېگىز ـ پەس سوقۇشقىلى تۇردى. تەرەپ ـ تەرەپلەردىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن توپا ـ چاڭلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ قېچىپ كېتىشكە تەمشەلدى. لېكىن، قانداق قېچىپ كېتىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى: ھەممە جايدا ئەنجانباينىڭ ئادەملىرى تولۇپ كەتكەن تۇرسا، قانداق قېچىپ كېتەلەيدۇ. تۇتۇلۇپ قالسا كالللىسى كەتمەمدۇ؟! ئۇ قورقۇنچتا پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بىر ئورنىدا جىم تۇرالماي

لىكىلداپ مېڭىپ ئۆيگە كىردى، تالاغا چىقتى، يەنە ئۆيگە كىردى. ئاخىر ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەلدى: «شۇنداق، ئۆيدە تۇرنۇەرسەم بولمايدىكەن، ئاسانلا تۇتۇلۇپ قالىدىكەنمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە جىلغىنىڭ ئىچى بىلەن...» ئۇ شۇ خىيال بىلەن ئېتىغا مىنىشكە تەمشىلىۋاتقاندا، يىراقتىن بۇ تەرەپكە تاقىراقلاپ چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. ئۇ قورقۇنچتا ئاتنى قويۇۋېتىپ، شوتىغا يۈگۈردى. بىلىدىكى چاسا بەلۋاغ چۇشۇپ قالسىمۇ تۇيمىدى، شوتىدىن ئۆمىلەپ ئۆگزىگە چىقىپلا ئۆزىنى باغقا تاشلىدى. ئۇنىڭغىچە دەرۋازا تاقىلداپ ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. قورقۇپ پۇت ــ قولىدا جان قالمىغان مەتىمىن بەگ باغقا سۇ كىرىدىغان سۇڭگۈچكە ئۆمىلەپ باردى. لېكىن، سۇڭگۈچكە شوخا كەپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ قاچقىلى تۆشۈك تاپالماي تەمتىرەپ يۈرگەندە، دەرۋازا يەنە قېقىلىۋەردى. ئۇ قاچالماي ئاخىر ئىت ئۆۋسىنىڭ يېنىغا يوشۇرۇنۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدى.

شۇ ئارىدا دەرۋازا ئېچىلدى. قادىر دورغا ئېتىنى يېتىلەپ كىرىپ كەلدى. هويلىدا بەگنىڭ توقۇقلۇق ئېتى بوش يۈرەتتى. بەگ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ دەرۋازا ئاچقان خىزمەتچى ئايالدىن سورىدى:

ــ بېگىم قېنى؟

ــ هازىرلا هويلىغا چىقىپ كەتكەنىدى.

قادىر دورغا ئۇيان ــ بۇيان قاراۋېتىپ، شوتىنىڭ تۈۋىگە چۇشۇپ قالغان بەگنىڭ چاسا بەلۋېغىغا كۆزى چۇشۇپ قالدى ــ دە، ئۆگزىگە بىر قارىۋېتىپ، شۇ هامان شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ، پەس ئاۋازدا توۋلىدى:

ــ بېگىم، بۇ مەن قادىر. تېز چىقسىلا، مۇهىم گەپ بار ئىدى.

بەگ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، سەنتۈرۈلۈپ مېڭىپ تامنىڭ تۈۋىگە كەلدى:

— ھە، نېمە گەپ؟

— ئەنجانباي سۆسەرئاغزى ئارقىلىق نۇرغۇن ئادەملەرنى باشلاپ كېلىپ، گازارما تۆپىسىدىكى ئىستىھكامدا قاراۋۇللۇقتا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، گازارمىغا باستۇرۇپ كىرىپتۇ. روتا كوماندىرى قارابانۇر قېچىپ كېتىشىپتىپ: «بېگىمگە خەۋەر قىلىپ قوي، جېنىنى ياقىغا ئالسۇن» دېدى.

— ئۇلار قېچىپ كەتتى؟!

— شۇنداق، گازارمىنى تاشلاپ، ئىككى يۈزدەك ئەسكەر بىلەن قېچىپ كەتتى.

— مۇنداق دېگىن تېخى، ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغان كارغا كەلمەس ئاق نانچى گۆيلار! ھە، دېگىنە، ئەمدى بىز قانداق قىلىمىز؟

— بېگىم، چاپسان بولسىلا، قاراجىلغىنىڭ ئىچى بىلەن ئىماملىرىمغا بارايلى. ئاندىن خانكۆۋرۈك ئارقىلىق شەھەرگە قاچايلى، بۇ يوللار تىنچلىق.

بەگ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىنى ئېگىپ قويۇپ، قولىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئۇ بەگنى قولىدىن تارتىپ ئۇنى ئۆگزىگە چىقاردى. بەگ شۇ ھامان ئۆيگە كىرىپ تاپانچا، مىلتىقلارنى سامانلىققا يوشۇردى.

— بېگىم، تاپانچا، مىلتىقلارنى ئېلىۋالايلى. ناۋادا ئۇلار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالساق، ئۆزىمىزنى قوغداشقا لازىم بولىدۇ.

— ياق، قورال ـ ياراغ بېشىمىزغا بالا بولىدۇ. ئۇلار قولىمىزدا قورال بارلىقىنى كۆرسە، «بىزگە قارشى قورال كۆتۈردى» دەپ ئويلاپ، بىزنى يوق قىلىشىدۇ. قورالسىز تۇتۇلۇپ قالساق، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، يېلىنىپ ـ يالۋۇرساق قويۇپ بېرىدۇ. مەن ئەنجانباي بىلەن بىللە ئويناپ، بىللە چوڭ بولغان، ئۇنىڭ خۇيىنى ئوبدان بىلىمەن. مەيلى ئۇ قانداق سورۇن بولسۇن، ئۆزىدىن ئاجىز تۇرىدىغانلار بىلەن تۇتۇشمايدۇ، تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ يۈز ـ خاتىرىنى قىلىدۇ. ئۇ

ئاچچىقى يامان، باتۇر بولغىنى بىلەن كۆڭلى يۇمشاق.
باقاخۇن تۇنۇگۇن كەچ ئىشىك ئالدىدا ئوتۇن يېرىۋاتاتتى. ئۇ يۇز ـ كۆزلىرىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئۆزىدىن خېلىلا يىراقتىكى كۆۋرۈككە ھاسا تايانغان بىر ئادەمنىڭ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئادەم كۆۋرۈككە چىقىۋېتىپ، خۇددى قانداقتۇر بىرنېمىگە پۇتلىشىپ كەتكەندەك تۇيۇقسىزلا يىقىلىپ چۈشۈپ ئورنىدىن تۇرالمىدى. باقاخۇن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇ ئادەمنى يۆلىدى. بۇ باقاخۇننىڭ كونا تونۇشى سېلىم كاساڭ دېگەن كىشى ئىدى.
ـــ سېلىماخۇن، نېمە بولدى؟ مىجەزلىرى يوق ئوخشىمامدۇ؟
سېلىم كاساڭ ھاسىراپ تۇرۇپ، كىيىملىرىدىكى توپىلارنى قاققاچ جاۋاب بەردى:
ـــ ھەئە، تىزىم ئىششىپ كەتكەنىدى، بەك ئاغرىپ بولالماي تېۋىپقا كۆرۈنگىلى بارغانىدىم. سىلىنىڭ قىزلىرى ئايىم تىللا خېنىم بىلەن تېۋىپنىڭ ئۆيىدە كۆرۈشۈپ قالدىم. بالىسى قىزىپ قاپتىكەن، ھالى پەس ئوخشايدۇ.
باقاخۇن ئۇ ئادەمنى ئېتىغا مىندۈرۈپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. ئۇ ئۆيىگە يېتىپ كېلىپلا، نەۋرىسىدىن ئەنسىرەپ تۇرالماي قالدى. ئۇ بايا يارالماي تاشلاپ قويغان ھۆل كۆتەكنى «قوقاسنىڭ تەپتىدە قۇرۇغاچ تۇرسۇن» دەپ ئويلاپ، كۆتۈرۈپ كىرىپلا ئوچاقنىڭ تۆپىسىگە خۇددى قازان ئاسقاندەكلا ئېسىپ قويدى ـ دە، ئايالى توختىخاننى ئەگەشتۈرۈپ قىزىنىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ «ھېلى قايتىپ كېلىمىز» دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن نەۋرىسىنىڭ قىزىتمىسى بەك ئۆرلەپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، ۋاقتىدا قايتىپ كېلەلمىدى. ئۇ كۆتەك ئوچاقتىكى قوقاسنىڭ ئوتىنىڭ تەپتىدە ئاستا ـ ئاستا قۇرۇپ، ئوت تۇتىشىپ كۆيۈشكە باشلىدى.
ئەنجانباي ئاتا ـ ئانىسى بىلەن سىڭلىسى ئايىم تىللاخاننىڭ ئۆيىدە كۆرۈشتى. ئۆزىنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى ئۇلارغا

چۈشەندۈردى. ئۇلارنى قايىل قىلىپ، شۇ يەردىلا ئىككى ئادەم بىلەن بىللە ئۆيتاغقا يولغا سېلىنۋەتتى، ئاندىن قالغان ئادەملىرى بىلەن بىللە بازار ئايلىنىپ تاماشا قىلغاچ، ئەل ـ ئاغىنىلىرى، تونۇش ـ بىلىشلىرى بىلەن كۆرۈشتى، مۇڭداشتى. كەچ كىرگەندە ئىككى يۈز ئاتمىش نەچچە تۇماق، ئون تاغار ناننى نەق پۇلغا سېتىۋېلىپ، ئۆزىمۇ باشقىلارنى باشلاپ ئۆيتاغقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

*　　*　　*

ئەنجانباي ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆيتاغقا ياندۇرۇپ كېلىپ، ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ئۇرۇش يەنە باشلىنىپ كەتتى. گومىنداڭچىلار خىللانغان مىڭ نەچچە يۈز كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن ھۇجۇم قوزغاپ، ئوپال، تاشمىلىق قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى. ئارقىدىنلا تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، ئۆيتاغ ئاغزىنىمۇ بېسىۋالدى ـ دە، شتاب جايلاشقان ئۆيتاغقا قىستاپ كەلدى ۋە 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە ئارقىمۇئارقا ئۇدا ئۈچ قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. تاغ ئىنقىلابچىلىرىمۇ بوش كەلمىدى، پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، شتابنى قوغدىدى. ئەنجانباي تاللانغان ئەللىك بىر مەرگەننى باشلاپ دۈشمەنلەرنىڭ ئارقا سېپىگە ئۆتتى. بۇ قېتىمقى بۇ دەھشەتلىك جەڭدىمۇ ئۇنىڭ «دۈشمەنلەرنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇش» ئۇسۇلى خېلى ئوبدان ئەسقېتىپ، ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. ئۇ ئادەتتە: «گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئىككى جان تومۇرى بار: بىرى، ئۇلارنىڭ خىل قورال ـ ياراغلىرى، يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى. مۇشۇ ئىككى جان تومۇرىنى كېسىپ تاشلىساقلا، ئۇلارنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ تىنىقتىن توختايدۇ، قالغانلىرىنىڭ كارى چاغلىق» دەيتتى. مىناميوت، پىلىموت، ئاپتومات، مىلتىقلار بىلەن

قوراللانغان مەرگەنلەر ئەنجانبايىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە تاغ ـ جىلغا، قىيالارنىڭ ئەپلىك جايلىرىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ باشلىقلىرى ياكى توپ ـ زەمبىرەك، پىلىموتلىرى ئورۇنلاشقان جايلارنى بايقىغان ھامان شىددەتلىك ئوت ئېچىپ، ئۇلارنىڭ خىللانغان ئېغىر قوراللىرىنى كارغا كەلمەس قىلىۋەتتى، دۈشمەنلەرنىڭ يىگىرمە نەچچە باشلىقىنى يەر چىشلەتتى. تاغ ـ داۋان ئارىلىرىدا، دەريا ـ جىلغا بويلىرىدا، شاخ ـ شۇمبا، شوخىلار سۆرىتىلگەن ئاتلارنى چاپتۇرۇپ يۇرۇپ، توپا، چاڭ ـ توزانلارنى ئاسمان ـ پەلەككە كۆتۈرۈپ، دۈشمەنلەرنى ئۆزلىرى قورشاۋغا چۈشۈپ قالغاندەك قورقۇنچقا سېلىپ ئالاقزادە قىلىۋەتتى. بۇ قېتىممۇ دۈشمەنلەرنىڭ ھەيۋىسى كارغا كەلمىدى، ئويتاغنى ئالالمىدى. قاقشاتقۇچ زەربىگە ئۇچراپ، ئۈچ يۈز نەچچە ئادىمىنىڭ ئۆلۈكى بىلەن نۇرغۇنلىغان قورال ـ ياراغ، ئات ـ ئۇلاغلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشتى.

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بۇنىڭدىن ئىلگىرى بولغان سوقۇشۇشلارنىڭ ھەربىر قېتىملىقىدا بەش ـ ئالتىدەك باشلىقىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. بۇ قېتىم بىراقلا يىگىرمە نەچچە باشلىقىدىن ئايرىلىپ قالدى ! مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى جان قايغۇسىدا قورقۇپ، يۈرەكلىك ھالدا جەڭگە چىقىشقا پېتىنالماي، بىرمەھەل دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ جىمىقىپ قېلىشتى. بۇ تاغ ئىنقىلابچىلىرى ئۈچۈن ئوبدان پۇرسەت بولدى. ئۇلار قوشۇنلارنى تەربىيىلەش، تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى باشلىۋەتتى. ئەنجانبايمۇ مەرگەنلەرنى مەشىق قىلدۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. مانا مۇشۇنداق قايناق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئالاقچى كېلىپ، ئۇنىڭغا يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى:

ـــ سىزگە بۇيرۇق ! ئادەملىرىڭىزنى باشلاپ دەرھال شتابقا بېرىڭ !

بۇ چاغدا شتاب تاشقورغاننىڭ تاغارما دېگەن يېرىگە يۆتكىلىپ

كەتكەندى. ئۇلار شۇ ئاخشىمىلا يۈرۈپ كەتتى.

گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرى جان قايغۇسىدا خۇددى كالتەك يېگەن ئىت قۇيرۇقىنى قىسىپ، ئۇۋىسىدا شۈمشىيىپ يېتىۋالغاندىن كېيىن، يەنە بىر باتۇر ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقتى. ئۇ:

— «تاغ ئوغرىلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىمەن! تۇخۇمىنى قۇرۇتىمەن!» دەپ ھەممىنىڭ ئالدىدا مەيدىسىگە مۇشتلىدى. باشقىلارنى «كارغا كەلمەس نان قېپىلار!» دەپ تىللىدى. «تەڭداشسىز قەھرىمان» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان، ھېچ كىشىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، خورىكى ئۈستۈن جاڭ فامىلىلىك بۇ ئوفىتسېر مۇنتىزىم قوراللانغان بىر پولك ئەسكەرنى باشلاپ يېڭىسارغا ھەيۋە بىلەن كىرىپ كەلدى. لېكىن، گازارمىدىن چىقماي جىممىدە يېتىۋالدى.

ياق، ئۇ جىم ياتمىدى، پەقەت كۆرۈنۈشتىنلا ئەنە شۇنداق جىممىدە يېتىۋالدى. ئۇنىڭ شۇنداق جىممىدە يېتىۋېلىشى تاغ ئىنقىلابچىلىرىنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى تۇيدۇرماي تورغا چۈشۈرۈپ، بىراقلا يوقىتىش ھىيلىسى ئىدى. ئەسلىدە ئۇ خېلى بالدۇرلا چوڭ - كىچىك يول بويلىرىغا، دوقمۇش - ئاچاللارغا، ئادەم ئايىغى باسمىغان چۆل - جەزىرە، جاڭگاللارغا يۈزلەپ - يۈزلەپ ئەسكەرلەرنى يوشۇرۇپ قويۇپ، تاغ ئىنقىلابچىلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن غالجىرلىق بىلەن قۇتراپ تەييارلانماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە تېخى شۇ زامانلاردا يېڭىسار تەۋەسىدە ئەدەپ كەتكەن ئوتۇنچى، پادىچى، تاشچى، سېتىقچى، قېتىقچى، مەدداھ، قەلەندەر... لەر سىياقىدا ياسانغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى پايلاقچى كۆز - قۇلاقلىرى ئىدى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن قارا كۆرۈنۈش ئارىلىق قالدۇرۇپ مېڭىپ، يېڭىسارنىڭ تاغ - داۋانلىرى، يايلاقلىرى، يۇرت - مەھەللىلەر ئارىسىدا خۇددى تاپ پۇراپ يۈرگەن لالما ئىتلاردەك تىمىسقىلاپ، تاغ ئىنقىلابچىلىرىنىڭ

ھەربىكىتىنى تىلى تىڭلايتتى. ئۇلارنىڭ بىرەر شەپىسىنى سەزگەن ھامان ئارىلىقلىرىدا چارلاپ يۈرگەن يولۇچى سۈرەتلىك ئاتلىق دەستەكچى ــ ئالاقىچىلەرگە خەۋەر قىلىپ، خېلى چوڭ ــ چوڭ ئىنئاملارغا ئېرىشىپ، شالىلىرىنى ئېقىتىشقان ھالدا يەنە ئەركىلەپ قويىرۇقىنى شىپاڭشىتىشقا باشلايتتى.

ھېلىقى تەڭداشسىز قەھرىمان تاغ ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك ئۇنداق دۆت ئەمەسلىكىنى بىلمەيتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ «جىم يېتىۋېلىش ھىيلىسى»نىڭ مەقسىتى ئۇلارغا ئاللىقاچان ئايان بولغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ھىيلىسىنى ھىيلە بىلەن بىتچىت قىلىۋېتىشنى مەسلىھەتلىشىش ئۇچۇن ئەنجانباينى شتابقا چاقىرتتى.

ئۇنىڭ «جىم يېتىۋېلىش ھىيلىسى»نى قانداق يەم ــ پاراسەت بىلەن بىتچىت قىلىۋېتىش ئۇستىدە تالاش ــ تارتىش خېلى قىزىدى. ئۇ ئۇنى دېدى، بۇ بۇنى دېدى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن ئۇسۇل ــ چارىلىرى يەنىلا ئۆز كۆڭۈللىرىگە ياقماي، شۇك ــ شۇك بولۇپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

ئەنجانباي چوڭلارنىڭ ئالدىدا، ئۇلارنىڭ گېپىگە قوشۇق سېلىشنى بىئەپ كۆرۈپ، تالاش ــ تارتىشلارغا قۇلاق سالغان ھالدا جىمجىت ئولتۇرغانىدى. شۇ ئارىدا ئۇلار ئۇنىڭمۇ ئۆز كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىشقا قىستاپ تۇرۇۋالدى. شۇندىلا ئۇ ئورنىدىن تۇردى.

ــ مېنىڭچە، ــ دېدى ئۇ شاپ بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ، ــ قىرقىتىش چارىسىنى قوللىنىپ باقساق، ئۇۋىسىغا كىرىۋالغان ھەرقانداق غالجىر ئىت چالما ئېتىپ قىرقىتىلسا، ئاچچىقىدا ئۇۋىسىدىن چىقىپ ئادەمگە ئېتىلىدۇ. شۇ تاپتا ئۇ تەڭداشسىز قەھرىمانمۇ خۇددى غالجىر ئىتقىلا ئوخشاپ قاپتۇ. بىز ئۇنىڭغا زەربە بەرسەكلا، ئۇ چوقۇم بىزگە تاشلىنىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇش ئاسانلىشىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇنى ئوتتۇرىغا سۆرەپ چىقىرىش ئۇچۇن مۇشۇنداق ئىتنى قىرقىتىش چارىسىنى

قوللىنىپ باقساق.

ئۇنىڭ بۇ چارىسى يەنە بىرمۇنچە تالاش - تارتىشقا سەۋەبچى بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۇلار: «ياق، بولمايدۇ» دەپ، بىرەر باھانە - سەۋەب كۆرسىتىشكە ئامالسىز قالغانلىقتىن، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ چارىنى «سىناپ كۆرۈش»كە ماقۇل بولۇشتى.

*　　*　　*

مەسلىھەت پىشتى. سايىت بەگ بىلەن يۇسۇپجان شتابتا قالدى. جامالىدىن، ئەيىندىن، ئەنجانبايلار بىر قىسىم تاغ ئىنقىلابچىلىرىنى باشلاپ يولغا چىقتى. ئۇلار كۆسەن دەرياسىنى بويلاپ كېچە - كۈندۈزلەپ مېڭىپ، 1946 - يىلى 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى (چارشەنبە) تاڭ سەھەردە خانتېرەك جىلغىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە توختاپ غىزالاندى. ئاتلىرىنى يايلىتىپ بېقىپ يۈرۈپ، بۇ گۈزەل زېمىننىڭ ئارچا، قارىغاي، تېرەك، سۆگەتلەر قويۇق ئۆسكەن، قىشمۇياز توختىماي سۇپسۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان كۆكلۈلىنى مەپتۇن قىلغۇدەك گۈزەل مەنزىرىسىدىن قانغۇچە ھوزۇرلىنىشتى. كىشىلەر بىلەن مۇڭدىشىپ، ئېگىز يەردىكى تاغ ئاغزىدا دۈشمەنلەرنىڭ ئۈچ يۈزدەك ئەسكىرى بارلىقىنى بىلىۋالدى. ئۇلار شۇ ئاخشىمىلا يولغا چىقىپ، كېچىسى ئۈردۆلۈڭ جىلغىسىغا[1] يېتىپ كېلىشتى - دە، دۈشمەن ئەھۋالىنى چارلاپ كېلىش ئۈچۈن دەرھال رازۋېدكىچىلارنى ماڭدۇرۇشتى. ئاندىن دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشىدىغان جايلارنىڭ يەر شارائىتىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، قارى بەگ، جامالىدىن، ئەنجانبايلار ئون ئادەمنى باشلاپ بېرىپ، جىلغىلار ئەتراپىدىكى تاغ - داۋانلارنى كۆزدىن كەچۈردى. جىلغىلاردىن ئۆتتى. تاغ - داۋانلارنى ئارىلىدى.

قاتمۇقات تاغ - داۋانلار ئارىسىدىكى بىر - بىرىگە خۇددى

---

① ئۈردۆلۈڭ جىلغىسى — ئاقتۇ ناھىيە قىزىلتۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىدىن 50 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر جىلغىنىڭ نامى.

ئۆمۈچۈك توربەك قاتار تۇتىشىپ كەتكەن ئەگرى ـ توقاي تارام ـ تارام جىلغىلاردىكى قەۋەت ـ قەۋەت قار ـ مۇز قاتلاملىرى ئۈستىدە، قار ـ مۇز پارچىلىرىنى سۆرەپ غىلدىر ـ شىلدىر ئېقىۋاتقان سۇ تاراملىرى تىزغا چىقاتتى. بۇنداق مۇزلۇق جىلغىلاردا ئاتلار تېيىلىپ كېتىپ ماڭالمايتتى. يانلىرىدىكى تاغ ـ داۋانلارمۇ تىك ھەم ئېگىز ئىدى. ئۇلار تەننى تىترىتىدىغان غۇر ـ غۇر شاماللىق قەھرىتان سوغۇققا چىداپ، تاغ ـ داۋان، جىلغىلارنى خېلى ئۇزاق ئايلاندى. ئاخىرىدا مۇشۇ تۇتاش جىلغىلار ئارىسىدىكى بىرلا جىلغا ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. بۇ جىلغىنىڭ ئىچى قۇرۇق ئىدى. خېلى ئۇزاقتىن بېرى سۇ ئاقمىغانلىقتىن توپا ئۆرلەپ تۇراتتى. ئىككى يېنىدىكى قوش تاغلارمۇ شامال يالاپ، خۇددى كېسىپ تاشلىغاندەك تىكلىنىپ كەتكەنىدى. بۇ تاغلارنىڭ تۇتاشقان ئىككى بېشى خۇددى كەڭ ئېچىلغان دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىدەك ئۇدۇلمۇئۇدۇل تىك تۇرۇشاتتى، ئارىلىقمۇ ئارانلا قىرىق ـ ئەللىك قەدەمچە كېلەتتى، دۈشمەنلەر ئۇلارنى قوغلاپ كەلسە، دەل مانا مۇشۇ جىلغىنىڭ ئىچى بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. بۇنىڭدىن باشقا ماڭغۇدەك يول يوق ئىدى. ناۋادا باشقا يول بىلەن ئايلىنىپ مېڭىشقا توغرا كەلسە، يەنە توپتوغرا بىر كۈن ماڭغاندىلا بۇ جىلغىنىڭ ئۇ تەرىپىگە چىققىلى بولاتتى. لېكىن، دۈشمەنلەر ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتى. ناۋادا شۇنداق قىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا «تاغ ئوغرىلىرى» ئاللىقاچان قېچىپ كېتىپ، تۇتۇق بەرمەيتتى، دۈشمەنلەر بۇنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇڭا، دۈشمەنلەر ئۇلارنى قوغلاشتا پەقەت مۇشۇ قۇرۇق جىلغىنىڭ ئىچى بىلەن مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتى. لېكىن، شۇ ھامان ئەنجانباينىڭ كۆڭلىگە گۇپپىدە بىر خىيال كىرىۋېلىپ ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. دۈشمەنلەر ئۇنىڭدىن بەك قورقاتتى؛ ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئەسل ـ ۋەسلىنى قۇرۇتىدىغان ئەزرائىلدەك يامان كۆرەتتى. ناۋادا ئۇلار ئۇنىڭ مۇشۇ قوشۇندا بارلىقىنى

بىلىپ قالمىغانلا بولسا، ئۇ چاغدا دۈشمەنلەر ئۈنىڭدىن قورقۇپ، بۇ جىلغا ئىچىگە كىرىشكە پېتىنالماي، ئارقىسىغا يېنىپ قېچىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنى ئەنجانباي خېلى بالدۇرلا چۈشىنىپ يەتكەنىدى. لېكىن، بۇ ئەھۋالنى شۇ تاپتا ئاغزىدىن چىقىرىش تولىمۇ بىئەپ ئىدى.

ئۇلار قوشۇنلار ساقلاپ تۇرغان جايغا يېنىپ كېلىشتى. ئاردىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا چارلاشقا چىقىپ كەتكەن رازۋېدكىچىلارمۇ قايتىپ كېلىپ، ئۇلارغا ئەھۋالنى دوكلات قىلىشتى:

— دۈشمەنلەر ئېگىز يەردە ئەمەس، سۆگەت دېگەن يەردە ئىكەن. سۆگەتنىڭ يەتتە - سەككىز يۈز قەدەمدەك بۇ تەرىپىدە قاراۋۇللارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق.

ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، ئادەملەرنى ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلدى. بىرىنچى، ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر قۇرۇق جىلغىنىڭ يانلىرىدىكى تىك تاغلارغا ئورۇنلىشىپ، دۈشمەنلەرگە ئىككى ياندىن تەڭلا زەربە بېرىش، ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ئادەم سانى ئاز، قوراللىرى يەڭگىل بولۇش، ئۇلار بۇ دۈشمەنلەرنى ئالداپ قۇرۇق جىلغا ئىچىگە ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ، ئەگمە يولنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە ئارقىسىغا يېنىپ، قوغلاپ كەلگەن دۈشمەنلەرگە ئوت ئېچىش؛

بىرىنچى، ئىككىنچى گۇرۇپپىلارنىڭ بىرىگە جامالىدىن، يەنە بىرىگە قارىبېگ. ئۈچىنچى گۇرۇپپىغا ئەنجانباي مەسئۇل بولۇش، ئەيىندىن ئومۇمىيۈزلۈك قوماندانلىق قىلىش قارار قىلىندى.

بۇ قارارغا ھەممىسى ماقۇل بولۇشتى. لېكىن، ئەنجانباي بۇرۇتىنى سىلىغان ھالدا جىمىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

— قارىغاندا، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدە يەنە باشقىچە ئوي - خىياللىرىڭىز باردەك قىلىدۇ، — دېدى ئەيىندىن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ، — قېنى تارتىنماي ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭ،

مەسلىھەتلىشەيلى. مەرمەھەت.

— مېنىڭچە، مەن... مەن ئۈچىنچى گورۇپپىنىڭ ھەرىكىتىگە قاتناشمىسام ئوبدان بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم، — دېدى ئەنجانباي يەنە بۇرۇتىنى سىلىغان ھالدا، — مەن ئۈچىنچى گورۇپپىنىڭ ھەرىكىتىگە قاتناشسام، دۈشمەنلەرنى ئالداشقا پايدىسىز بولىدىغاندەك قىلىدۇ. بۇ مېنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى جەڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرغىنىم ئەمەس، دۈشمەنلەر ناۋادا مېنىڭ شۇ سەپتە ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا... ئۇ چاغدا...

باشقىلار ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ شۈككىدە ئولتۇرۇپ قېلىشتى. بىرھازادىن كېيىن، جامالىدىن تۈيۈقسىزلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ قويدى:

— بەللى، بەللى، توغرا ئويلاپسىز ئاغىنە. سىز دېمىسىڭىزمۇ مەن كۆڭلىڭىزدىكىنى بىلىۋالدىم. دېمىسىمۇ ئەھۋال ھەقىقەتەن سىز ئويلىغاندەك ئاشۇنداق ئىدى. سىز دۈشمەنلەرنى قورقۇتۇپ، ئالاقزادە قىلىۋەتتىڭىز. ناۋادا دۈشمەنلەر سىزنىڭ مۇشۇ قوشۇندا ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، سىلەرنى قوغلاپ جىلغا ئىچىگە كىرگىلى ئۇنىماسلىقى مۇمكىن. ئۇ چاغدا سىز ئويلىغاندەك بىزنىڭ دۈشمەنلەرنى تاغارغا سولاپ يوقىتىش پىلانىمىز سۇغا چىلىشىپ يوققا چىقىدۇ. شۇنداققۇ دەيمەن.

— ئېھتىمال.

— شۇنداق، ناھايىتى توغرا ئويلاپسىز، — بولدى، سىزنىڭ ئورنىڭىزغا مەن باراي. خىجىل بولماي ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا دېگەن بولسىڭىز تېخىمۇ ئوبدان بولاتتى.

جامالىدىننىڭ پىكرىگە باشقىلارمۇ قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەنجانباينىڭ بىر توپ جەڭچىلەرنى باشلاپ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشىنى توغرا تېپىشتى.

بىرىنچى، ئىككىنچى گورۇپپىدىكىلەر ئاتلىرىنى تاغنىڭ ئۇ

تەرىپىگە يوشۇرۇپ قويۇپ كېلىپلا كۆرسىتىلگەن ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتى. جامالىدىن ئوتتۇز نەچچە ئادەمنى باشلاپ دۈشمەنلەرنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈش ئۈچۈن ئېگىز يەر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قارا قىشنىڭ سوغۇق شامىلى جەڭچىلەرنىڭ يۈزىنى چېقىپ ئۆتەتتى. لېكىن، ئۇلار سوغۇققا پەرۋا قىلماي سالۋا تۇماقلىرىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، بەللىرىنى چىڭ باغلاپ، ئاتلىرىنى لەرزان يورغىلىتىپ مېڭىۋەردى. ئۇلار شۇ هالدا مېڭىپ ئېگىز يەرگە ئاز قالغاندا، يىراقتا چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن، بۇ تەرەپكە قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان نۇرغۇنلىغان دۈشمەن ئەسكەرلىرى كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى قىلىچلىرى ئاپتاپتا ۋال - ۋۇل پارقىرايتتى. جامالىدىننىڭ ئادەملىرى دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە قارىتىپ بىرنەچچە پاي ئوق ئاتتى - دە، ئارقىسىغا يېنىپ بەدەر قاچتى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۇلارنىڭ ئادىمىنىڭ ئازلىقىنى كۆرۈپ توختىماي ئوق ياغدۇرۇپ قوغلاپ كېلىۋەردى. ئۇلارمۇ ئارقىسىغا قارىتىپ ئانچە - مۇنچە ئوق ئېتىپ قويۇپلا قېچىۋەردى. قېچىپ - قېچىپ جامالىدىننىڭ ئادەملىرى ئاخىر قۇرۇق جىلغىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالدى. لېكىن، توختىمىدى. جىلغىنىڭ ئۇ بېشىغا قاراپ قېچىپ كېتىۋەردى. دۈشمەنلەر توختىماي قوغلاپ كېلىپ، جىلغىنىڭ ئاغزىغا يېتىپ كەلگەندىلا ئاندىن توختىدى - دە، بىر قىسمى جىلغىنىڭ ئاغزىدا قېلىپ، قالغانلىرى جىلغىنىڭ ئىچىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇلارنى يەنە قوغلاۋەردى. ئالدىدا قېچىپ كېتىۋاتقان جامالىدىننىڭ ئادەملىرى جىلغىنىڭ دوقىسىدىكى ئەگمە يولغا كېلىپلا ئارقىسىغا بۇرۇلدى - دە، ئۆزلىرىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئوققا تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى. ئۇلار بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن هودۇقۇپ كېتىپ گاڭگىراپ قېلىشتى - دە، ئۇيان - بۇيانغا قالايمىقان ئوق ئېتىپ، ئالغا ئىلگىرىيەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى. بۇ ئەھۋالنى بايقاپ قالغان جىلغىنىڭ بۇ

بېشىدىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى ئۆلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ جىلغىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۆلارغا يېتىشىۋالدى ــ دە، ئۆلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋالغان جامالىدىنىنىڭ ئادەملىرىگە تاشلاندى. دەل شۇ چاغدا تەرەپ ــ تەرەپلەرگە، دوقمۇش، بۇلۇڭ ــ پۇچقاقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان مەرگەنلەر ئۆلارنى پىلىموت، مىلتىقلار بىلەن خۇددى قوماچ قورۇغاندەك ۋاراقشىتىپ ئۆزۈلدۈرمەي ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. گراناتلارنىڭ گۈمبا ــ گۈمباڭ پارتلاش سادالىرى تاغ ــ داۋان، جىلغىلارنى زىرىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. بۇ چاغدا جىلغىنىڭ بۇ بېشىدا ساقلاپ تۇرغان يەنە بىر قىسىم دۈشمەن ئەسكەرلىرىمۇ قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ھەيۋە بىلەن باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. دەل مۇشۇنى كۆزلەپ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقان ئەنجانباينىڭ ئادەملىرى دەرھال ئاتلىرىغا مىنىپ تەييارلىنىشتى ــ دە، ئۇنىڭ «ئالغا !» دېگەن بۇيرۇقى بىلەن تەڭلا «ھۇررا» ياڭرىتىپ، دۈشمەنلەر ئۈستىگە تاشلاندى. بۇ قىلىچۋازلىق ئۇرۇشى تېخىمۇ دەھشەتلىك بولدى. «گاچ ــ گۇچ، جاڭ ــ جۇڭ، ۋاق ــ ۋۇق، تاراڭ ــ تۇرۇڭ...» سادالار بىلەن ئىنجىقلاش، ئىڭراش، ۋار ــ ۋۇر تووۋلاش، ھاسىراش ئاۋازلىرى جىلغىنى قاپلىدى. ئەنجانباي ئوڭ قولىدا قىلىچ، سول قولىدا تاپانچا تۇتقان ھالدا دۈشمەنلەر بىلەن تەمتىرىمەي، ھودۇقماي ئېلىشتى. يېقىندىكىلىرىنى قىلىچ بىلەن چاپتى يىراقتىكىلىرىنى تاپانچا بىلەن ئاتتى. ئۇ يەنە شۇنداق قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا، ئۇنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز ئىككى ئەسكەر بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىۋاتقان جامالىدىنغا چۈشۈپ قالدى. جامالىدىن ئىككى ئەسكەر بىلەن جان تىكىپ تۇتۇشۇۋاتقاندا، ئارقىسىدىن يەنە ئىككى ئەسكەر ئۇنىڭغا قىلىچلىرىنى تەڭلەپ كېلىپ قالدى. ئەنجانباي تاپانچا بىلەن ئۇ ئىككىسىنى ئېتىپلا ئاتتىن موللاق ئاتتۇرۇۋەتتى. شۇ ئارىدا تۇيۇقسىز قارىيىبەگدىن

ئەنسىرەپ قالدى. ئۇنى ئىزدەپ ئۇيان ـ بۇيان قارىغانىدى. ئۇنىڭ بىر چەتتە تۆت ئەسكەرنىڭ قورشاۋىدا قالغانلىقىنى كۆردى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دۈشمەن ئوفىتسېرلىرىنىڭ فورمىسىنى كىيگەن سېمىز، گەۋدىلىك بىرى ئۇنىڭغا قىلىچ تەڭلەپ ئېتىلىپ كېلىپ قالدى. ئۇنىڭغىچە ئەنجانباي ئېتىلىپ بېرىپلا ئوفىتسېرنىڭ بىقىنىغا قىلىچ تىقىۋەتتى. ئاندىن قارىيىبەگنى قورشىۋالغان ھېلىقى تۆت ئەسكەرنىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن يەر چىشلەتتى. قىلىچۋازلىق مانا مۇشۇنداق تازا قىزىۋاتقاندا، ئۇيان ـ بۇيان قاچقان دۈشمەن ئەسكەرلىرى تاغ ئۈستىدە تۇرغانلارنىڭ ئوقىغا تۇتۇشىغا ئۇچراۋەردى. كۆن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغانىدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرىمۇ ئاستا ـ ئاستا شالاڭلىشىشقا باشلىدى. ئۇلار بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆزلىرىنى ئۇيان ئۇرۇپ بۇيان ئۇرۇپ، پاتىپاراق بولۇپ كېتىشتى. ئاخىرىدا ئارانلا ئاتمىش ـ يەتمىشتەك دۈشمەن ئەسكىرى قېچىپ، جېنىنى ياقىغا ئېلىشقا ئاران ئۈلگۈردى. بۈگۈنكى جەڭ غەلىبىلىك ئاياغلاشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە بۇ قېتىمقى بۇ قۇرۇق جىلغا سوقۇشىدا قازا قىلغان ئون توققۇز قەھرىماننىڭ نامىزى چۈشۈرۈلدى، جەسىتى تاغ باغرىدىكى كۆپكۆك قارىغايزارلىق ئارىسىغا دەپنە قىلىندى.

* * *

قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقلىرى ھازىرقى ئەھۋالنى تەھلىل قىلىپ مۇنداق قاراشقا كەلدى:

— بۇ قېتىم دۈشمەنلەر يەنە بىر قېتىم قاقشاتقۇچ زەربە يېدى. تېخىمۇ چۆچۈپ قاتتىق غەزەپكە كەلدى. يەنە بىر قېتىم مۇشۇنداق قاتتىق زەربە يېسە، ئۇلار غەزىپىگە چىدىماي ئۆچ

ئېلىش ئۈچۈن چوقۇم زور قوشۇن بىلەن بىرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇڭا، دەرھال يەنە بىر قېتىم زەربە بېرىپ، ئۇلارنى ئۈزۈۋېتىدىن چىقىرىش لازىم. تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش كېرەك!

مۇشۇ پەيتتە ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، ئەنجانباينى ئوتتۇز ئادەم بىلەن يېڭىسارغا ماڭدۇرۇشنى قارار قىلىشتى. ئۇلار شۇ ئاخشىمىلا يولغا چىقىشتى. شەپىسىز مېڭىپ قىزىلتاغدىن ئۆتتى. يولدا بىرەر شەپە سېزىلمىدى. سۆگەتكە ئاز قالغاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا چارلاشقا چىقىپ كەتكەن رازۋېدكىچىلاردىن بىرى يېنىپ كېلىپ، «سۆگەتتىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى يېڭىسارغا قېچىپ كېتىپتۇ» دەپ دوكلات قىلدى.

— ئوڭداق بولسا، — دېدى ئەنجانباي ئۆزىنىڭغا بۇيرۇق قىلىپ، — سىلەر دەرھال يېڭىسارغا بېرىپ، دۈشمەنلەرنىڭ جايلاشقان ئورنىنى ئېنىقلاڭلار!

ئۇلار يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە يېڭىسار بازىرىغا يېقىنلا يەردىكى قارادۆڭگە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە توختاپ ئەتراپنى كۆزەتتى. شۇ ئارىدا ھېلىقى ئالدىن چارلاشقا چىقىپ كەتكەن رازۋېدكىچىلار قولى باغلانغان، ئاغزىغا لاتا تىقىلغان ۋىجىككىنە بىر ئەسكەرنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كېلىپ:

— ئۇ ئەڭ چەتتە قاراۋۇللۇقتا تۇرۇۋاتقانىكەن، تۇتۇۋالدۇق، — دېدى.

ئەنجانباي توختۇۋق قىلماي، ئەسىرنى سىلىقلىق بىلەن سوراق قىلدى:

— ئىسمىڭ نېمە؟

— توختى يورغا.

— نېمىشقا سېنى يورغا دەيدۇ؟

— باشقىلارنىڭ ئىككى كۈنلۈك يولىنى مەن بىر كۈندىلا بېسىپ بولىمەن، ئاتلار ھېرىپ قالسىمۇ، مەن ھېرىپ قالمايمەن، تاڭ يولغا چىقسام، مەن ئاتلىقلاردىن بالدۇر بېرىپ

بولمەن. شۇڭا، ئۇلار مېنى يورغا دەپ ئاتىشىدۇ.
— يۇرتۇڭ قەيەر؟
— قاغىلىق.
— قاچان ئەسكەر بولغان؟
— ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ قالغىلى ئۈچ يىل بولدى.
بۇ ئەسكەر سەل كېكەچلەپ سۆزلەيتتى. ئەنجانباي بۇ تونۇش ئاۋازنى قاچاندۇر بىر چاغلاردا ئاڭلىغاندەك، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندەك ھېس قىلدىيۇ، لېكىن ئەسلىيەلمىدى. تۇن قاراڭغۇسىدا ئۇنىڭ چىراي شەكلى، رەڭگىرويىنىمۇ تۇزۇك پەرق ئېتەلمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى ئەسلەپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتى يوق ئىدى. ئۇ ئالدىرايتتى.
— سەن مېنى تونۇمسەن؟
— ئاۋازلىرىدىن تونۇپ قالدىم.
— سەن مېنىڭ ئاۋازىمنى قاچان ئاڭلىغان؟
— سىلى مېنى سوئال - سوراق قىلغاندا ئاڭلىغان.
— قاچان سوراق قىلغان؟
— يوي تۆەنجاڭنى ئەنجانباي ئۆلتۈرۈۋەتكەن كۈنى، شۇ كۈنىمۇ بۇگۈنكىدەك مۆشۈنداق تاڭ سەھەرنىڭ گۇگۇم ۋاقتى ئىدى.
— مېنى كۈندۈزى كۆرسەڭ تونۇيالامسەن؟
— گەپ قىلسىلا ئاۋازلىرىدىن تونۇيالايمەن. يەنە بۇرۇتلىرىدىن ئازراق...
ئەنجانباي شۇ چاغدا پاڭقۇش بىلىنگەن بۇ ئەسكەرنىڭ بۇنداق چېچەنلىكىنى ئويلىمىغانىدى. «ياپىرىم، — دېدى ئەنجانباي ئىچىدە، — شۇ بىر قېتىملىق، بىردەملىك سوراقتىكى ئاۋازىمنى ئېسىدە ساقلاپتۇ. قالتىس زېرەك ئىكەن ئەمەسمۇ بۇ؟»
— سەن ئەنجانباينى تونۇمسەن؟
— ياق، ئۆزىنى كۆرمىگەن، نامىنى ئاڭلىغان.
— نېمىدەپ ئاڭلىدىڭ؟

— ئۇنى كۆرگەن ئادەمنى سۈر باسىدىكەن، شۇ ھامان ئۆلىدىكەن دەپ ئاڭلىغان.

— يالغان دەپتۇ!

— ياق، ياق، يالغان ئەمەس. بىزنىڭ ھېلىقى يۇي تۇەنجاڭمۇ ئۇنى دۇربۇندا كۆرۈپتىكەن. بىر پاي غايىب ئوق تېگىپ شۇ ھامان ئۆلۈپتۇ. ھازىرقى باشلىقلىرىمىزمۇ ئۇنىڭدىن بەك قورقىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلاپ قالسىمۇ كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈزلىرى تاتىرىپ كېتىدۇ، ئاغزى كامارىدەك ئېچىلىپ قېلىپ، يەۋاتقان تامىقى گېلىدىن ئۆتمەيدۇ.

— ھازىرقى باشلىقىڭ كىم؟

— تەڭداشسىز قەھرىمان جاڭ تۇەنجاڭ دېگەن خورىكى ئۈستۈن، پوچى ئادەم. تاغ ئوغرىلىرىنىڭ نەسلىنى قۇرۇتىمەن، ئەنجانباينى تىرىك تۇتىمەن، دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ يۈرىدۇ.

— ئۇ ھازىر قەيەردە؟

— ئۇ بىر ھەپتە ئىلگىرى يېڭىشەھەرگە كەتكەنىدى، ئاخشام يەنە مىڭدەك ئەسكەرنى باشلاپ كەپتۇ. قۇرۇق جىلغىدىكى پاجىئە ئۇنى ساراڭ قىلىۋېتىپتۇ، ئادەم يەيدىغان يالماۋۇزدەك چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، يەرنى تېپىپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ ئالەمنى مالەم قىلىپ يۈرىدۇ. ئۇ سېپىلنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى ئىشخانىسىدا تۇرىدۇ، ياتىقىمۇ شۇ، ئىشخانىسىنىڭ ئۈستىگە بايراق قاداقلىق.

— ئۇ يەردە قانچىلىك ئەسكەر بار ئىدى؟

— بەش يۈزدەك.

— مەن ئەنجانباي بولىمەن. ماڭ، تېز كەتكىن. سېپىلدىن يىراقراق تۇرغىن، بىز كەتكەندىن كېيىن، «ئەنجانباي كەپتۇ! مەن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم!» دەپ جېنىڭنىڭ بارىچە توۋلىغىن!

— سىلى؟... سىلى ئەنجانباي؟ ۋاي خۇدايىم، ياق، ياق! ھەرگىز كۆردۈم دېمەيمەن، توۋلىمايمەن!

— گېپىمنى ئاڭلا ! مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىل !

— خوش، خوش غوجام، شۇنداق قىلاي. ئۇ ئەسكەر كەتتى. ئەنجانباي مەرگەنلىرىگە ئۇ كۆرسەتكەن «تەڭداشسىز قەھرىمان»نىڭ ئىشخانىسى تەرەپنى ئوققا تۇتۇشنى بۇيرۇدى. تۆت مىناميوتتىن تەڭلا ئېتىلغان ئوق سېپىل ئىچىدە گۇمبا - گۇمباڭ گۈلدۈرلەپ پارتلاپ، يېڭىسارنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. تاڭ سەھەرنىڭ جىمجىتلىقى بۇزۇلۇپ، كىشىلەرنى چۆچۈتۈۋەتتى. سېپىل ئىچىدە توپا - چاڭ، ئىس - تۈتەك، ئالا - چۇقان كۆتۈرۈلدى. ئوقلار توختىماي ئېتىلىۋەردى. ئۇلار شۇ ھالدا سېپىل ئىچىنى بىردەم ئوققا تۇتتى. ئۇنىڭغىچە تاڭ يورۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئوققا تۇتۇشنى توختىتىپ، دەرھال ئارقىسىغا ياندى.

ئۇلار شۇ ئاخشىمىلا «تەڭداشسىز قەھرىمان»نىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ سۆگەتكە يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىشتى. بۇ ئۇنىڭ بۇ قېتىم بالدۇرقىدەك ئۇنداق «پارچە - پۇرات» ئۇرۇشلارنى قىلماي، «ئۆزى باش بولۇپ، بېلىنى چىڭ باغلاپ» مەيدانغا چۈشۈپ، زور قوشۇن بىلەن تاغ ئىنقىلابچىلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكىنىڭ بېشارىتى ئىدى. تاغ ئىنقىلابچىلىرىمۇ ئۇنىڭ دەل مۇشۇنداق قىلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ غەرىزى ئۇنى مانا مۇشۇنداق بۇرۇندىن سۆرەپ مەيدانغا چۈشۈرۈش، ئاندىن تازا كېلىشتۈرۈپ ئەدەپلەپ، ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇش ئىدى، ئۇلار مانا ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن ئاشۇ مەقسەتكە يېتىدىغان پەيتنىڭ يېقىنلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى - دە، دەرھال جەڭ ھازىرلىقىغا ئاتلاندى. گۇرۇپپا - گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، باشلىقلىرى تەيىنلەندى. ئۇلار بىر - بىرىنى قوغداشقىمۇ، ھۇجۇم قىلىشقىمۇ، ۋاقتى كەلگەندە چېكىنىشكىمۇ بولىدىغان ئەپلىك تاغ - داۋان، جىلغىلارغا ئورۇنلاشتى.

ئەنجانباي ئالدىنقى سەپتە قاراۋۇللۇقتا تۇرۇش ئۈچۈن، تاللانغان ئوتتۇز مەرگەننى باشلاپ كېچىلەپ يولغا چىقتى. تاڭ سەھەرگە يېقىن تاغ ئاغزىدىكى ئەتراپى قويۇق سۆگەتلىك، يالغۇز ـ يېگانە ئۆيلۈك بىر چارۋىچىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ئۈچ قوينى نەق پۇلغا سېتىۋېلىپ سويدى. شورپا پىشتى. ئۇلار شورپىنى ئەمدىلا قاچىلارغا ئۇسۇش ئۈچۈن تەمشىلىۋاتقاندا، يىراقتىن بىر رازۋېدكىچى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ دوكلات قىلىپ قالدى:

— نۇرغۇنلىغان دۇشمەن ئەسكەرلىرى توپ ـ زەمبىرەك، ئېغىر پىلىموتلىرىنى ئاتلارغا سۆرىتىپ بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ.

— ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ سانى قانچىلىك چىقار، بىلەلىدىڭمۇ؟

— مېنىڭ پەممىچە بىرەر مىڭدىن كەم ئەمەس.

بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈپ، كۈنچىقىش تەرەپ سۇس قىزىرىشقا باشلىغانىدى. دېگەندەك، دەل شۇ چاغدا قىزىلتاغ تەرەپتىن توپا، چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ، بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ئالدىدىكى ئاتلىق ئەسكەرنىڭ قارىسى خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئەنجانباي مەرگەنلەرگە:

— تەييارلىنىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى ـ دە، ئۆزى شاخلىرى قويۇق ئۆسكەن بىر تۈپ سۆگەتكە يامىشىپ چىقىپ، دۇربۇن بىلەن دۇشمەنلەر كېلىۋاتقان تەرەپنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

مەرگەنلەر مىنامىيوتلارنى ئۆگزىلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. تەخسىلىك پىلىموتلارنى ئاتلارنىڭ ئۈستىگە ئەپچىللىك بىلەن تېڭىپ، ئېتىشقا تەييارلىنىپ تۇرۇشتى. ئەنجانباي خۇددى قارا بوراندەك دەھشەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان دۇشمەنلەرنى دۇربۇن بىلەن كۆزىتىپ، ئەسكەرلەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا قارا ئات مىنگەن، سۆلەتلىك، ئالاھىدە فورمىلىق كىيىم كىيگەن بىر ئادەمگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئاتلىق بايراقچىمۇ بار ئىدى. «— شۇ، — دەپ ئويلىدى ئەنجانباي

ئىچىدە، — ھېلىقى ئۆزىنى تەڭداشسىز قەھرىمان دەپ ئاتىۋالغان ئەبلەخنىڭ دەل ئۆزى شۇ !»
شۇ ئارىدا دۈشمەنلەر يېقىنلاپ كېلىپ، تاغنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ توختىدى. ئەمدى ئۇلارنى ئوچۇق كۆرۈشكە بولاتتى، ئارىلىقمۇ يېقىنلاپ ئۈچ يۈز قەدەمدەك قالغانىدى. دېگەندەك، دۈشمەنلەر بەك كۆپ ئىدى. باش - ئاخىرىنىمۇ بىلىپ بولمايتتى. ئەنجانباي يېنىدىكى سېيىت ئەخمەتنى شەرەتلەپ، ئۇنىمۇ يەنە بىر توپ سۆگەتكە چىقىشقا بۇيرۇدى، ئاندىن:
— سەن بايراقچىنى ئات، مەن باشلىقنى ئۇجۇقتۇراي، ئىككىمىز تەڭلا ئوق چىقىرايلى، — دېدى - دە، بەش ئاتار مىلتىق بىلەن ھېلىقى باشلىقنى قارىغا ئالدى.
«تەڭداشسىز قەھرىمان»مۇ دۈربۇنىدىن بۇ تەرەپنى كۆزىتىۋاتاتتى. ئۇ سۆگەتلىك ئارىسىدىكى ئادەملەرنى بايقاپ قالدى بولغاي، بىرنېمىلەرنى دەپ قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈردى. ئەمدىلا قىزىرىپ چىققان قۇياش نۇرىدا ئۇنىڭ قولىدىكى قىلىچ ۋال - ۋۇل پارقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ «ئالغا» دەپ توۋلىشى بىلەن ئەنجانباي بىلەن سېيىت ئەخمەت ئىككىسىنىڭ قورallىرىنىڭ تەپكىلىرىنى بېسىشى تەڭلا كېلىپ قالدى - دە، «گۇم - گۇم !» ئېتىلغان ئىككى پاي ئوقنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭلا، «تەڭداشسىز قەھرىمان» بىلەن بايراقچى ئىككىسى ئاتلاردىن ئارقا - ئارقىدىن يىقىلىپ چۈشۈشتى. شۇ ھامان مەرگەنلەرمۇ دۈشمەنلەرنى مىناميوت، پىلىموت، ئاپتومات، مىلتىقلار بىلەن ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. مىناميوت ئوقلىرى دۈشمەنلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەھشەتلىك پارتلاپ، چاڭ - توزان، ئاللا - چۇقان كۆتۈرۈلدى. بىردەمدىلا دۈشمەن توپ - زەمبىرەكلىرىنىڭ بىرنەچچىسىنى كاردىن چىقىرىۋەتتى. پىلىموت، ئاپتوماتلارمۇ توختىماي تاتاتلاپ سايراپ، دۈشمەنلەرنى قىرىپ گاڭگىرىتىۋەتتى. ھودۇقۇپ كەتكەن دۈشمەنلەر ئالاقزادە بولۇپ، گاڭگىراشقان ھالدا قالايمىقان ئوق

چىقىرىشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇلار ئالغا ئىلگىرىيەلمىدى، مەرگەنلەرنىڭ ئاتقان ئوقلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ قويدى.

ئۇلار شۇ هالدا بىرھازاغىچە ئېتىشتى. دۈشمەنلەر ئوقتا تۆتۈلۈۋەردى. ئاخىر ئالاقزادە بولۇپ، پاتىپاراق بولۇشقان هالدا ئۆلۈكلەرنى دەسسەپ ـ چەيلەپ، بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ ئارقىسىغا يېنىپ تاغ تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلىدى. شۇ هامان ئەنجانباي بۇيرۇق قىلدى:

— ئالغا !

مەرگەنلەر ئاتلىنىپ دۈشمەنلەرنى توختىماي ئوققا تۇتۇپ، قوغلاشقا باشلىدى. بۇ قېتىم ئاتلىق پىلىموتچى مەرگەنلەر ئۆز كارامىتىنى قالتىس كۆرسەتتى. ئات ئۈستىگە ئورنىتىلغان پىلىموتلارنى ئەپچىللىك بىلەن ئىشلىتىپ، ئوقلىرىنى زايە قىلماي دۈشمەنلەرنى قىرىۋەردى. دۈشمەنلەر قېچىپ، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىپ كۆزدىن غايىب بولۇشتى. شۇندىلا ئۇلار قوغلاشنى توختاتتى.

ھېلىقى «تەڭداشسىز قەھرىمان»نىڭ جەسىتى ھېچ يەردە كۆرۈنمىدى. ئەسكەرلەر ئۇنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ قېچىشقانىدى. كېيىن ئاڭلىغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئوق ئۇنىڭ ئىككى قېشىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىنلا تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى.

ئەنجانباي بۇ قېتىم تولىمۇ خۇشال ئىدى. چۈنكى، ئۆزلىرىدىن بىرەرمۇ ئادەم چىقىم بولمىغان، پەقەت ئىككى ئاتلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار ھېلىقى تەييار شورپىدا قورساقلىرىنى تويغۇزۇشۇپ قايتىپ كېتىشتى.

باشلىقلار خۇشال هالدا چاقچاق قىلىپ ئۇلارنى قارشى ئالدى:

— ھەي ئەنجانباي، سىزنىزە، دۈشمەنلەرنى بىزگىمۇ ئازراق قالدۇرماي، ھەممىسىنى قوغلىۋېتىپسىز ئەمەسمۇ !

— سىز ھەمىشە ئالدىنقى سەپتە، ئات ئوينىتىپ يۈرۈپ دۈشمەنلەرنى يوقىتىسىز، بىز ئارقا سەپتە مۈشۈنداق ئامۇت قاچىلانغان خۇرجۇندەك ئېشەكىمىزنى يۆلەپ ئولتۇرىمىز.

— ھا ـ ھا ـ ھا...

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## ھالاكەت بۆيرۇقى

1946 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى (چارشەنبە) ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك ئوتتۇز كىشىلىك ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ تاشقورغانغا كېلىپ، قوماندانلىق شتابىنى تاغارمىدىن چىلگۈمبەزگە يۆتكىدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاغ ئىنقىلابچىلىرىنى رەسمىي مۇنتىزىم قوشۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ تەييارلىق خىزمىتى ئالدىراش باشلىنىپ كەتتى. ئۇلار بىرىگادا، پولك، باتالىيون، روتا... لارغا بۆلۈنۈپ باشلىقلىرى تەيىنلەندى.

گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئەنجانبايغا «پودپولكوۋنىك» ئۇنۋانى بېرىلگەن بۇيرۇقنا ئىمزا قويۇپ، ئۇنىڭ مەيدىسىگە مېدال تاقاپ قويدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئويتاغ پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنى تەبرىكلىدى.

ئويتاغ پولكىنىڭ ئالدىنقى سەپ قىسمى ئۈچ باتالىيونغا بۆلۈندى. يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باتالىيون كوماندىرلىرىنىڭ تىزىملىكى ئىچىدە زەيدىن بەگنىڭمۇ ئىسمى بارلىقى ئەنجانباينى ھەيران قالدۇردى. ئۇ ئىلگىرى بۇنداق بولۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى، ئۇ ئاچچىقىدا پولك كوماندىرى جامالىدىن بىلەن يەنە تىركىشىپ قالدى:

ـــ قاملاشماپتۇ! ئۇ چوڭ ئەمەلگە ئېرىشىش، كۆپ بايلىققا ئىگە بولۇش تەمەسىدە قوشۇنىمىزغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان. بۇ تەرەپلىرىنى باشقىلار نېمىشقا ئويلاشمىغاندۇ؟

— مەيلى قاملاشسۇن، قاملاشمىسۇن، سىز بىلەن مېنىڭ پەقەت بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش مەجبۇرىيىتىمىزلا بار، ھەرگىز قارشىلىق قىلىش ھوقۇقىمىز يوق. مېنىڭچە، ئۇنى مۇشۇنداق ۋەزىپىگە تەيىنلەش ناھايىتى توغرا بولغان، جەمئىيەتتىكى ئاشۇنداق يۈز - ئابرۇيلۇق ئادەملەرنى ئۆز تەرىپىمىزگە كۆپرەك جەلپ قىلىپ، سېپىمىزنى كېڭەيتىش مەقسەت قىلىنغان. قاراڭ، بىزنىڭ قايسى باشلىقىمىز ئىلگىرى ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەنسەپلەردە بولمىغان؟ ئۇنداق كالتە پەملىك قىلماڭ!

— بۇ گەپچە سىز ئۇنىڭ باتالىيون كوماندىرى بولۇشىغا قوشۇلغانىكەنسىز - دە؟!

— ھەئە، شتابتىكىلەر مەندىن مەسلىھەت سورىغاندا، ئۇنى مەن كۆرسەتكەن.

— پاھ - پاھ، مۇنداق دەڭ تېخى! ئەخمەقلىق، كورلۇق! بۇنداق قىلساق ئاجىز پۇقرالار بىزدىن قاچىدىغان بولۇپ قالامدۇ؟! بىز نېمە ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلىۋاتىمىز؟! كىمگە يۆلىنىپ، كىمگە قارشى تۇرۇشنىمۇ بىلمىسەك، غەلىتە ئىشقۇ بۇ؟

جامالىدىن قايناپ كەتتى:

— ئەخمەقلىق، كۆزى كورلۇق قىلغان ئادەم دەل سىز ئۆزىڭىز! خۇدايىم كاللىنى پەقەت تۇماق كىيىشكىلا ياراتمىغان، ماڭىدىغان يولنى تېپىپ مېڭىشتا ئانچە - مۇنچە ئىشقا سالسۇن دەپ ياراتقان! ھە دېسىلا باشقىلاردىن گۇمان قىلىۋېرىدىكەنسىز، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىۋاتىمىز! ئىنقىلابچىلارغا يۆلىنىمىز! بۇنداق گۇمانخورلۇق ئادىتىڭىزنى قاچان تاشلايسىزكىنتاڭ!

— گۇمان قىلىدىغان مۇناپىقلار تۈگىگەندە!

— ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ!

— بۇنداق دۆتلۈك قىلساق بولمايدۇ، بۇ ئىنقىلابقا، خەلققە مەسئۇل بولمىغانلىق، زىيانكەشلىك قىلغانلىق!

— نېمە، نېمە؟! سىز ئۆزىڭىزنى چاغلىماي تېخى،

باشقىلارنى دۆت، ئىنقىلابقا، خەلققە مەسئۇل بولمىدى، زىيانكەشلىك قىلدى، دەپ تىللىغۇدەك بولدىڭىزمۇ؟! ئاغزىڭىزنى چايقىۋېتىپ، قاپاق كاللىڭىزنى سىلكىۋېتىپ سۆزلەڭ! تىلىڭىزغا كۆيدۈرگۈ چىقىپ قالمىسۇن يەنە! نېمىدېگەن بىشەملىك، چوڭچىلىق بۇ! بەك چەكتىن چىقىپ كەتتىڭىز، ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ! ھۇ كوماندىر بولۇشقا لاياقىتى يوق كالۋا!!

مۇشۇ جېدەلدىن كېيىن جامالىدىن ئۇجۇقۇپلا كەتتى. ئەنجانبايغا گەپ ــ سۆز قىلمايدىغان، ھەتتا ئەنجانباي سالام قىلسىمۇ بۇتناپ ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالماي كۆرمەسكە سېلىۋالىدىغان، قاپىقىنى تۈرۈپلا كېتىۋېرىدىغان بولۇۋالدى. لېكىن، ئەنجانباي ئۇنىڭ بۇنداق يولسىزلىق قېيداشلىرى بىلەن كارى بولمىدى. ئادەملىرىنىڭ جەڭ قىلىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭلا غېمىدە ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇستا مەرگەنلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سانى چەكلىكلا ئىدى. پات ئارىدا يەنە بەش يۈزدەك مەرگەن يېتىشتۈرۈپ چىقىشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئىلگىرىكى جەڭلەردە ئۆز ئادەملىرىنىڭ قىلىچۋازلىققا ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قىلىچۋازلىق، مەرگەنلىك ماھارەتلىرىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى داۋاملىق مەشىق قىلدۇرۇش بىلەن ئالدىراش چېپىپ يۈرەتتى.

1946 ــ يىلى 5 ــ ئاينىڭ 26 ــ كۈنى، يەكشەنبە.

باش شتابتا قەشقەر بىلەن يەكەننى ئازاد قىلىش پىلانى تۈزۈلدى. گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك، ھەربىي مەسلىھەتچىلەردىن مەخمۇت بەگ، ئابدۇراخمان بەگ، باش شتاب باشلىقى قاسىم تاش، يەنە ھاشىم خۇيجاڭ، سايىت بەگ، ئاخۇنجانوۋ سابىرجان قاتارلىقلارمۇ قاتنىشىپ، بۇ پىلان قايتا ــ قايتا تۈزىتىلدى. تەدبىرلەر بەلگىلىنىپ پىلان مۇقىملاشتۇرۇلدى. بۇ پىلانغا ئاساسەن بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا

ئالته ئاتلىق پولك، يەنە بىر مىناميوتچىلار پولكى قاتنىشىش قارار قىلىندى. بۇ قىسىملار ئالدى بىلەن يېڭىسار، پوسكام، قاغىلىق قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ يەكەننى قورشاش، يەكەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن ئاندىن قىزىلتاغ لىنىيىسىدىكى قىسىملار ئۇ جايلارنى ئۆزىگە بازا قىلىپ تۇرۇپ قەشقەرگە ئاتلىنىش، ئويتاغ لىنىيىسىدىكى قىسىملارمۇ ئۇلۇغچات، ئاتۇش، ئاقچى، مارالبېشى، مەكىت قاتارلىق جايلارنى بازا قىلىپ تۇرۇپ قەشقەرگە ئاتلىنىش؛ ئىككى لىنىيىدىكى قىسىملار بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ تەڭ ھۇجۇم قىلىپ قەشقەرنى ئازاد قىلىش... قاتارلىقلار بەلگىلەندى.

پىلان تۈزۈلدى، تەدبىرلەر بەلگىلەندى، تەييارلىنىش ئۈچۈن بۇيرۇقلار چۈشۈرۈلدى. قىسىملارغا ئايروپىلان ئاتىدىغان زامانىۋى زېنىت توپ، ھەر خىل پىلىموت، تام سېپىللارنى تېشىدىغان چوڭ ـ چوڭ قوراللار، مىناميوتلار سەپلەپ بېرىلدى. بۇ قوراللارنى ئىشلىتىشنى مەشىق قىلىش ئىشىمۇ باشلىنىپ كەتتى. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا ھەممە تەييارلىقلار پۈتۈپ تەخ بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭچىلارنىڭ كۈنى تۈگەشكە ئازلا قالدى. ئەمدى ئۇلارنى ھەممە تەرەپتىن تەڭ قورۇپ، گېلىدىن غىققىدە بوغىدىغان بولسىلا، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئەجىلى توشاتتى. ئېزىلىۋاتقان ئاجىز ـ خار بەندىلەر مۇشۇ ئۇلۇغ كۈننىڭ يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن، غەزەپ ـ نەپرەتكە تولغان تاغ ئىنقىلابچىلىرى بۇنىڭدىن كېيىن يەنە تېخىمۇ چوڭ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جاسارەت، چوڭ ئۈمىد ـ ئىشەنچ، ئېتىقاد بىلەن جاپالىق مەشىق قىلىۋاتقان، گومىنداڭچىلارنىڭ بۇ زېمىندىكى دەھشەتلىك زۇلۇمىنىڭ گۆرگە تىقىلىشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدەك يېقىنلىشىپ قالغان، ئۈمىدكە تولغان مۇشۇنداق قاينام ـ تاشقىنلىق كۈنلەردە ئۈچ ۋىلايەت

ئىنقىلابى بۆلۈمى بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم تۈزۈلۈپ تاغ ئىنقىلابچىلىرى ئۈچۈن پايدىسىز ئەھۋال يۈز بەردى. ئۇلار بۇنداق بالا ـ قازا خاراكتېرلىك ئەھۋالغا دۇچار بولۇشنى زادىلا ئويلىمىغانىدى.

بۇنداق بالا ـ قازا خاراكتېرلىك ئەھۋالدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم تۈزۈلۈپ، تاغ ئىنقىلابچىلىرى ئۈچۈن پايدىسىز ئەھۋال يۈز بەردى.

*　　*　　*

بىر كۈنى جامالىدىن مەشىق مەيدانىغا كېلىپ ئەنجانبايغا مۇنداق دېدى:

ــ ئىككىمىزنى شتابقا چاقىرتىپتۇ، تېز كەلسۇن دەپتۇ. قارىغاندا، يېڭى بىر گەپ بار ئوخشايدۇ. بۇگۈنلا يولغا چىقايلى.

بۇ جامالىدىننىڭ ئۇلار ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا زەيدىن بەگ توغرۇلۇق ھېلىقى تالاش ـ تارتىش يۈز بېرىپ، جېدەللىشىپ قالغاندىن كېيىن دەسلەپكى قېتىم ئەنجانبايغا يۈزتۇرا ھالدا گەپ قىلىشى ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرىلىرىدا خۇددى ھېچقانداق كۆڭۈلسىزلىك ـ خاپىلىق يۈز بەرمىگەندەك، گويا كۆڭۈللىرىدىكى غەشلىك ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كېتىپ غايىب بولغاندەك، گۈڭۈر ـ مۇڭۈر مۇڭدىشىپ چىلگۈمبەزگە يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار شتابقا كىرىپ كەلگەندە، بۇ يەرگە جەنۇبىي شىنجاڭ ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىملىرىنىڭ بىرىگادا، پولك كوماندىرلىرى، شتاب خادىملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يىغىلىپ بولۇشقانىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلارنىڭ بەزىلىرى روھسىز، قايغۇلۇق كۆرۈنەتتى، ئەپتىدىن خاپىلىق يېغىپ تۇراتتى. سەھنە ئالدىدا گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك ئويغا چۆمگەن ھالدا بۇرۇتىنى سىلاپ ئولتۇراتتى. بىرھازادىن كېيىن،

ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، جەسۇرانە قىياپەتتە تىك تۇردى ـ دە، ئوڭ قولىنى چېكىسىگە ئاپىرىپ، يىغىن ئەھلىگە ھەربىيچە سالام بەردى. ئاندىن ئالدىرىماي دانىمۇدانە قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى. بۇ دەل 1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— 1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا ئون بىر ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاندى. بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىمىزمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغاچقا، بىزمۇ ئاشۇ بىتىمگە ئىمزا قويغۇچى خەلق ۋەكىللىرىنى ئۆز ۋەكىلىمىز دەپ تونۇيمىز. شۇڭا، بىزمۇ بىتىم ئىچىدە. بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قورallıق كۈچ ۋاستىسى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى تىنچلىق بىتىمىگە ئىمزا قويدۇرۇش، شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئېغىر زۇلۇمنى ئېلىپ تاشلاپ، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق خەلقچىل تۈزۈمنى ئورنىتىش ئىدى. بىز بۇ تارىخىي ۋەزىپىمىزنى ئورۇندىدۇق. بۇنىڭدىن كېيىن ئون بىر ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ قارارىغا ئاساسەن شىنجاڭدا خەلقچىل سىياسەت يۈرگۈزۈلىدۇ. تىنچلىق، باراۋەرلىك ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئون بىر ماددىلىق بىتىمنىڭ شەرتلىرىگە ئاساسەن بىز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي قوراللىق قوشۇنلارنى تاشقورغاننى ئاساس قىلغان ھالدا بىر پولك قوشۇن قالدۇرۇپ، قالغان قىسىملارنى ئائىلىسىگە قايتۇرىمىز. ئائىلىسىگە قايتقان خادىملارنىڭ تىزىملىكى بىزدە بولىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا ھامان ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىپ سەپكە تىزىمىز. ھەرقايسى لىنىيە، بىرىگادا، پولكلاردا ئىشلەۋاتقان بىر بۆلۈك ھەربىي، مەمۇرىي خادىملار ھەربىي ھازىرلىق كۇرسىدا تەلىم ـ تەربىيە ئالىدۇ، ئۇلار قۇرۇلغۇسى مىللىي ئارمىيىنىڭ غوللۇق كادىرلىرى

بولىدۇ. ھازىر بىزدىكى قورال-لار يىغىۋېلىنىپ ئىسكىلاتقا تاپشۇرۇلىدۇ. پولكوۋنىك قاسىم تاش باش قورال ئىسكىلاتىغا مەسئۇل بولۇش بىلەن بىرلىكتە مىللىي ئارمىيە قۇرۇلۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ئىشلەيدۇ. برىگادا كوماندىرى لەشكەر ئۆز قىسمىدىن بىر پولك ئەسكەر تاللاپ تاشقورغاننى داۋاملىق ئىشغال قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قىسىملار تارقىتىلىدۇ.

ئۇ سۆزلەشتىن توختاپ، يىغىن ئەھلىگە باشتىن ـ ئاياغ بىر قۇر قاراپ چىقتى. تۆۋەندە ئولتۇرغانلار ئولتۇرالماي ئۇيان ـ بۇيان قاراپ قىمىرلىشىۋاتاتتى، ھەتتا بەزىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشكەنىدى. بىرھازادىن كېيىن يىغىن مەيدانى سەل تىنچلانغاندەك بولۇۋىدى، ئىسھاقبېك سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھەربىي ھازىرلىق كۇرسىدا تەربىيىلىنىش ئۈچۈن قالدۇرۇلغان ئوفىتسېرلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ تىزىملىكتە ئەنجانبايىنىڭ ئىسمىمۇ بار ئىدى.

تۇيۇقسىز يىغىن مەيدانىنى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قاپلاپ كەتتى، ھەتتا بەزىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇۋېلىپ، قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— جەنۇبتىكى دۈشمەنلەرنىڭ پوت ـ قولىنى چۈشەپ بولغان تۇرساق، ئۇلارنى يوقاتماي، نېمىشقا قۇيرۇقىمىزنى خادا قىلىپ قاچىدىكەنمىز؟!

— ئۇلار گۆر ئاغزىغا بېرىپ قالغانىدى!

— غىققىدە بوغۇپ تاشلىساقلا تۈگىشەتتى!

— ئەمدى ئۇلار بىزدىن قانلىق قىساس ئالىدىغان بولدى!

— بۇ ئالجىغانلىق!

— تەسلىم بولغانلىق!

— مەن كەتمەيمەن!

— ئۆلگۈچە جەڭ قىلىمەن!

ئىسھاقبېك ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتى. شۇ تاپتا مۇشۇنداق ۋارقىراپ ـ جارقىراپ سۆزلەپ، بۇيرۇققا قارشى

چىقىۋاتقانلار ئىلگىرىكى شىددەتلىك جەڭلەردە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان، لازىم تېپىلغاندا ھاياتىنى تەقدىم قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان، ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ كىرىشتىن قورقمايدىغان كوماندىرلار بولۇپ، ئۇنىڭ يۈرىكىدە مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغان ئاغىنىلىرى ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئۇنىڭغا مۇشۇنداق قوپاللىق قىلىسىمۇ ئۇ تېرىكمىدى، چېچىلمىدى. سىلىق سۆزلەپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى:

— بىز ھەربىي، ھەربىيلەر ھەربىي بۇيرۇققا بويسۇنۇشى شەرت. بۇ ئەقەللىي ساۋات. تۆۋەن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشى لازىم. بىز گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تۈزگەن ئون بىر ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىگە ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. بۇ توختامغا چەت ئەل ۋەكىللىرىمۇ ئارىلاشقان، ئەمەلىي ئىجراسىدا ئۇلارنىڭ كېپىللىكى بار. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى كېلىشىمنى ئىجرا قىلىشقا ۋەدە بەرگەن، ئەگەر ئۇلار خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ساقلاپ قالغان ئارمىيە بىلەن خەلقىمىز گومىنداڭنىڭ تىنچلىق بىتىمىگە خىلاپلىق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ.

ئۇ سۆزلەشتىن توختاپ، ئۈمىد ـ ئىشەنچ، مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان ئوتلۇق كۆزلىرىنى يىغىن ئەھلىگە تىكىپ، ھارغىن قىياپەتتە بىرپەس تۇرۇپ قالدى. قارىغاندا، ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگەندەك قىلاتتى. دەل شۇ چاغدا ئەنجانباي ئاستا ئورنىدىن تۇردى، ئىسھاقبېككە قاراپ تىك تۇرۇپ ھەربىيچە سالام بەردى. ئاندىن ئۆز كۆڭلىنى بايان قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك گېنېرال، مەن بىزنى دۈشمەنگە باش ئېگىشكە قىستايدىغان ھەرقانداق يولسىز بۇيرۇقنى قوبۇل قىلالمايمەن. مېنى بۇ ئىنقىلابىي سەپكە قاتنىشىشقا بىرى زورلىمىغان، قىستىمىغان. ئىنسانىيەتنىڭ بېشىغا تۈگىمەس بالا ـ قازا، دەھشەتلىك زۇلۇم، كۈلپەتلىك ئاپەت، چەكسىز شۇملۇقلارنى ياغدۇرۇۋاتقان بىر ئوچۇم ھۆكۈمرانلارنى،

مۇشتۇمزورلارنى يوقىتىپ، تەڭلىك ـ باراۋەرلىك ئورنىتىش ئۈچۈن ئەزىز جانلىرىدىن كېچىپ، جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان، مەرد، باتۇر ئەزىمەتلەر توپلانغان بۇ شەرەپلىك قوشۇنغا مەن ئۆز ئىختىيارىم ـ ئۆز تەشنالىقىم بىلەن قاتناشقان. مەن مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ قوشۇننىڭ بولۇشىنى ئۆمۈر بويى كۈتكەن، تەشنا بولغان. شۇڭا، بۇ قوشۇننىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن هاياتىمنى، يۈرىكىمنى ئاتىغان. مانا ئەمدى ئاشۇ ئون بىر ماددىلىق بىتىمنى ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن بىزنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىز يوققا چىقىۋاتىدۇ. ئىنقىلابىمىزنىڭ مۇشۇنداق يېرىم يولدا توختاپ قېلىشىغا مېنىڭ كۆڭلۈم، يۈرىكىم يول قويمايدۇ! ئۆلۈپ كەتسەم كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ! مەن ئۇ مەلئۇنلارنى يوقاتمىغۇچە كۈرەشنى هەرگىز توختاتمايمەن! يالغۇز قالساممۇ مەيلى، ئاخىرىغىچە ئېلىشىمەن، ئارقىغا هەرگىز قايتمايمەن. مەن بۇنداق هالاكەت بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلالمايمەن! ئەپۇ قىلىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن.

ئەنجانباي ئىسهاقبېككە هەربىيچە سالام بېرىپ، ئاستا ئورنىغا ئولتۇردى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ يوغان بىر جۈپ كۆزى لىققىدە ياشقا تولغانىدى. ئۇنى تونۇيدىغانلار ئۇنىڭ كۆزىدىن شۇ چاغقىچە بىرەر تېمىممۇ ياش چىققانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ ئۇنىڭ چوڭ بولۇپ قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن، كۆزىدىن تۇنجى قېتىم ياش چىقىشى ئىدى.

ئۇنىڭ «بىشەملىك بىلەن» بۇيرۇققا بۇنداق ئوچۇق ـ ئاشكارا هالدا قارشى چىقىشى يىغىن ئەهلىنى هاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئېغىر جازا بېرىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىشتى.

دېمىسىمۇ هەرقانداق هەربىي بۇيرۇققا بويسۇنۇش شەرت، قارشى چىقىش مۇمكىن ئەمەس، هەددىمۇ ئەمەس! بۇيرۇققا قارشى چىققانلار ئېغىر جازالىنىدۇ، هەتتا ئۆلۈمگە مەهكۇم قىلىنىدۇ!

ئىسھاقبېك شۇ تاپتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ھەم جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تاغ ئىنقىلابچىلىرىنىڭ قوماندانى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۇنى ئېتىۋېتىشكىمۇ، قامىتىۋېتىشكىمۇ پۈتۈنلەي ھوقۇقلۇق ئىدى. لېكىن، ئىنقىلابنىڭ نۇرغۇن بوران - چاپقۇنى، ئوت يالقۇنلىرىدا پىشىپ يېتىلگەن، قەلبىگە يۈكسەك ئىنسانىي تۇيغۇ — ئىنسان باراۋەرلىكى نىشانى مۇجەسسەملەشكەن، ھۆرمەتكە سازاۋەر، پېشقەدەم بۇ گېنېرال ئۇنداق قىلمىدى. ئۇنىڭ ئۆچمەس ئوتلار يالقۇنجاۋاتقان بىر جۈپ نۇرلۇق كۆزلىرى ئەنجانبايغا تىكىلدى.

— پودپولكوۋنىك ئەنجانباي، — دېدى ئىسھاقبېك كۆيۈنگەن ھالدا ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ، — مەن كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن. ھەممە ئادەمنىڭ ئىنقىلاب قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. لېكىن، ئىنقىلاب قىلىشتا قايسى يولدا مېڭىشنى تاللاشنى بىلىش بۇ بەكمۇ مۇھىم، قىيىن مەسىلە. ھەممىدىن مۇھىمى — ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇشنى بىلىش. مۇشۇ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى سىز دېگەن ئاشۇ ئۇلۇغۋار نىشاننى كۆزلەپ كۈرەشكە ئاتلانغانلار. بىز ئىنقىلابنىڭ ئاشۇ نىشان مەقسەتلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئون بىر ماددىلىق بىتىمنى ئىجرا قىلىۋاتىمىز. دوستۇم، يىراقنى كۆزلىشىڭىز، ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇنۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ مېنىڭ سىزگە قىلغان بۇيرۇقۇم ئەمەس، بەلكى دوستانە مەسلىھەتىم. بىزنىڭ ئىنقىلابىمىز سىزدەك خەلق ئازادلىقى ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان ئەزىمەت - باتۇرلارغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق.

شۇ ئارىدا بىرمۇنچە ئادەملەر ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالدى.

— ئۇنداق كالتە پەملىك قىلماڭ، بۇيرۇققا بويسۇنۇڭ.

— بىتىمنى ئىجرا قىلىش ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى.

— بۇ بىز ئۈچۈن چوڭ سىناق، سىناقتىن ئۆتۈشىمىز كېرەك.

شۇ تاپتا ئۇنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، مۇشۇنداق ئالتاغىل جاۋۇلداپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىۋاتقانلارنىڭ يېشى ئۇنىڭدىن چوڭ، ئەمىلىمۇ ئۇنىڭدىن يۇقىرى — كاتتا كىشىلەر ئىدى. شۇڭا، ئەنجانباي ئۇلارغا ئۆز كۆڭلىنى ئىزهار قىلىپ جاۋاب بەرمەي، پېشىنى قېقىپلا چىقىپ كەتسە ئەدەپسىزلىك قىلغان بولاتتى.

— سىلەرگە رەھمەت، — دېدى ئۇ ئۇلارغا تىكىلىپ قاراپ، — ماڭا بۇنداق كارغا كەلمەس نەسىھەتلەرنىڭ لازىمى يوق. ئىنقىلابنى يېرىم يولدا توختاتسۇن، گومىنداڭچىلارغا كۆچۈكلەنسۇن دېگەن بۇيرۇقنى ئىجرا قىلالمايمەن. سىلەرچە ئىنقىلابنى مۇشۇنداق يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشقا قوشۇلساقلا، ئاندىن ئىنقىلابنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن بولىدىكەنمىز - دە! ياق، ئۇنداق ئەمەس. مەن تېخى ئۆزۈمنى ئىنقىلابنىڭ سىنىقىدىن ئۆتتۇم دېيەلمەيمەن، ئىنقىلابىمىزنىڭ بۇنداق ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىشىگە ھەرگىز چىداپ تۇرالمايمەن. ئەپۇ قىلىڭلار، ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويدۇم. خۇدايىم مېنى مۇشۇنداق كاج، قارام يارىتىپتىكەن، مېنىڭ ئىلاجىم يوق.

ئەنجانباينىڭ بۇنداق سوغۇق گەپلىرى ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى. لېكىن، ئۇلار خاپا بولمىدى. ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان، ئېچىنغان ھالدا شۈككىدە بولۇپ قېلىشتى. ئىسھاقبېك بىر چەتتە نېرىراق تۇرۇپ ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ تۇرغانىدى، لېكىن ئۇ گەپ - سۆز قىلمىدى. ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، يىغىن مەيدانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئىلى تەرەپكە قايتۇرۇپ كېلىدىغانلارنىڭ تىزىملىكىدە جامالىدىنىنىڭ ئىسمىمۇ بار ئىدى. لېكىن، ئۇ قايتىپ كېتىشكە ئۇنىمىدى. «مەن بۇ يەرگە ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈن كەلگەن، دۈشمەنلەردىن قورقۇپ قېچىپ كەتكىلى كەلمىگەن! ئىنقىلاب غەلىبە قازانمىغۇچە ھەرگىز كەتمەيمەن!» دەپ داۋراڭ سېلىپ،

چىنىڭ تۇرۇۋالدى. شۇ ئاخشىمى ئۇ ئەنجانباي بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ قايناپ كەتتى:

— بۇ گۈيلار نېمىشقا ئۇنداق پوق چاينايدىغاندۇ. ئادەمنىڭ سەپرايىنى ئۆرلىتىپ؟ بىتىمنى ئىجرا قىلىمىز، قوشۇننى تارقىتىۋېتىمىز دەپ كاپشىپ كېتىشلىرىنى قارىمامدىغان! ئۇلار ئىنقىلابچىلارنىڭ كۆڭلىنى، ئېزىلىۋاتقان كۇرمىڭلىغان ئاجىز بەندىلەرنىڭ دەرد - ئەلىمىنى زادىلا چۈشەنمەيدىكەن! ئاھ خۇدا! ئاققۇزغان قانلىرىمىز زايە بولۇپ كەتتى! شېرىن ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى يوققا چىقىدىغان بولدى، ھەممىسى تۈگەشتى! ئىسىت، ئىسىت، بىزنى ئەمدى نەس باسىدىغان بولدى! ياق، ياق! مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، مەن يەنىلا جىم ياتمايمەن. سىزدەك باتۇر دوستۇم بىلەن بىللە ئاخىرغىچە جەڭ قىلىمەن. مۇشۇ يەردە ئۆلۈپ كېتىشكە رازىمەنكى، قايتىپ كېتىشكە قارشىمەن. بۈگۈن سىززە، قالتىس نوچىلىق قىلدىڭىز جۇمۇ، ھەممىسى قورقۇپ، تاڭگازا چىشلىۋالغاندەك جىممىدە ئۇجۇقۇپ ئولتۇرۇۋالسا، سىز باتۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشتىڭىز، كۆڭلىڭىزدىكىنى ئوچۇق - ئاشكارا دەپ بۇيرۇققا قارشى چىقتىڭىز، كۆڭلۇمدە سىزگە مىڭ مەرتەم بارىكاللا ئوقۇدۇم. مەن ئەتە ئويناغقا قايتماقچىمەن، سىزچۇ؟

— يەنە ئازراق ساقلاپ باقايلىمىكىن دەيمەن؟

— ساقلاپ نېمە ئىش قىلىمىز؟

— بۇيرۇق بىكار قىلىنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— بەللى، بەللى دوستۇم، سىز نېمىدېگەن نادان ئادەم - ھە. ئۇنداق خام خىيالدا بولماڭ. ئۇنداق بۇيرۇقلار ھەرگىز بىكار قىلىنمايدۇ. چوڭلار قول قويغان تۇرسا، گېنېرالنىڭمۇ ئىلاجى يوق.

— ئۇغۇ شۇنداق، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دەپتىكەن. خۇدايىم ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— بىز قايتىپ بېرىپ بولغۇچە ئارىلىقتا، قىسىمنىڭ

تارقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن. شۇڭا، بالدۇرراق بېرىپ، تەۋرىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالايلى، دەۋاتىمەن.

— ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس.

— بىر نېمە دېمەك تەس. ھە راست، سىزنى ئۆيلەپ قويايلىمىكىن دەپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتاتتىم. كۆڭلىڭىزدە ئويلاپ قويغان بىرەر خېنىم - قىزلار باردۇ؟ بىر ئاخشامدىلا تويۇڭلارنى قىلىۋەتسەك.

— ئۇ ئىشلارنى ئويلاشقا نەدە چولا دەيسىز.

جامالىدىن جىمىپ قالدى. لېكىن، ئۇ ئۇخلىيالمىدى، تولا ئۆرۈلۈپ - كېچىك تىنىپ، ئاھ ئۇرۇپ ئاخىر بولالماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. تالا - تۈزنى بىر ھازا ئايلاندى. ئۇ يېنىپ كىرگەندە، ئەنجانباي يەنىلا قوللىرىنى بېشىغا قويۇپ، خىيالغا چۆككەن ھالدا يانپاشلاپ ياتاتتى.

— نېمە بولدىڭىز؟ خىيالغا پېتىپلا كەتتىڭىزغۇ، قېنى دەپ بېقىڭا، بىللە باش قاتۇرۇپ باقايلى.

— قورالنىڭ غېمىدە قالدىم، ئۇلار بىتىمنى ئىجرا قىلىمىز دەپ، بىزنى قورالسىزلاندۇرۇپ قويىدىغان ئوخشايدۇ. قورال تاپمىساق بولمىدى.

— شۇنداق، ئۇلار پۈت - قولىمىزنى چۈشەپ قويماقچى، قانداق تاپىمىز؟

— دۈشمەنلەردىن تارتىۋالىمىز.

— بەلەن گەپ بولدى، باشقا ئىلاج يوق. ھەممىمىزنى غەم - قايغۇ بېسىۋالدى. ھەي، دەرد - ئەلەم بىزنى تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغان بولدى، ياق، مەن توختىمايمەن، ئىنقىلاب غەلىبە قىلغۇچە ئېلىشىمەن. سىزدەك باتۇر دوستلىرىم، يەنە تېخى بىزنى قوللايدىغان كۆرمىگىلىغان ئېزىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز بار، ھېچنېمىدىن قورقمايمەن. سىزمۇ مەندىن ئوبدان بىلىسىز، بۇ جەنۇب تەرەپتە ئېزىش - ئېزىلىش بەك ئېغىر ئىكەن. ئالۋان - ياساق، ھاشار - مەدىكارلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپلۈكىدىن

يوقسۇللار ھالىدىن كېتىشىپ، جان تالىشىدىكەن. ئاچچىق، تاياق، دەرد ـ ئەلەمدە ئۆلۈپ كەتكەنلەر ھەممە جايلاردا ئۇچراپ تۇرىدىكەن. ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇش ھەممىدىن بەك ۋەھشىي ئىكەن. قېرى دېمەيدىكەن، كىچىك بالا دېمەيدىكەن، ئىشقىلىپ، ئەركەك ئادەم بولسىلا تاپقان يەردىلا تۇتۇپ، باغلاپ ئەسكەرلىككە ئېلىپ كېتىۋېرىدىكەن. مەن ئىلىدىن يەكەن، قاغىلىقلاردىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنى يوقلاش ئۈچۈن بۇ تەرەپلەرگە ئىككى ـ ئۈچ يىلدا بىرەر قېتىم كېلەتتىم، ھەر قېتىم كەلگىنىمدە ئاشۇنداق دەھشەتلىك زۇلۇملارنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتەتتىم. خۇددى قاباھەتلىك چۈش كۆرۈۋاتقاندەكلا سوغۇق تەرگە چۆمۈپ لاغىلداپ تىترەپ بولالماي قالاتتىم. دۇنيانىڭ بۇنداق تەڭسىز يارالغانلىقىدىن نەپرەتلىنىپ، چىشلىرىم غۇچۇرلاپ كېتەتتى. مەن ئاخىرقى قېتىم يەكەنگە كەلگەن چېغىمدا، ھوي ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇ؟

— ياق، يۇرىكىم ئېچىشىپ ئاغرىۋاتسا قانداقمۇ ئۇيقۇم كەلسۇن؟ سۆزلەۋېرىڭ، قۇلىقىم سىزدە.

— ھە، شۇنداق قىلىپ، مەن ئاخىرقى قېتىم يەكەنگە كەلگەن ۋاقتىمدا مۇنداق بىر پاجىئەگە يولۇقۇپ قېلىپ تاس ـ تاماس قالدىم جاندىن ئايرىلىپ قالغىلى: شۇ كۈنى كەچتە بىز يەكەنگە يېتىپ كەلدۇق، كارۋانلار كارۋان سارايدا قالدى. مەن يېزىدىكى تاغامنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتىم. بىر ئالا يارلىقتىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتسام، تۇيۇقسىزلا كۆۋرۈكنىڭ ئىككى يېنىدىن ئىككىدىن تۆت ئەسكەر سەكرەپ چىقىپلا مېنى تۇتۇۋالدى. چۆچۈپ كەتتىم، مەن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، ئۇلار قولۇمدىن باغلاپ، ئاغزىمنى كۆزۈمنى تېڭىپ بولدى. ئاندىن پىخىلدىشىپ كۆلۈشۈپ مېنى ئىتتىرىپ، تېپىپ، ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى، قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلمەي ھاڭ ـ تاڭ قالغان، قورققان ھالدا ئىلاجسىز كېتىۋاتىمەن. يولدا ئانچە ـ مۇنچە ھارۋىلارنىڭ

غىچىلداپ مېڭىشلىرى، ئېشەك، كالىلارنىڭ پۇشقۇرۇشى، پۇشۇلداشلىرى، ئادەملەرنىڭ بوش ئاۋازدا قىلىشقان گەپ - سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

— ۋاي خۇدايىم، ماۋۇ بىچارىمۇ ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ قاپتۇ ئەمەسمۇ !

— ئەركەكلەر تۈگىشىۋاتىدۇ. ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق !

— ئەجەبمۇ قاباھەتلىك زامان بولۇپ كەتتى !

— زامانى ئاخىر بولغان ئوخشايدۇ !

مېنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ يۇقىرىدىكىدەك گەپ - سۆزلىرىدىن ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلىقىمنى بىلسەممۇ ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيتتى.

ئۇلار مېنى شۇ ھالدا ئىتتىرىپ تېپىپ، ئەگرى - توقاي كوچىلاردا ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ، ئاخىر ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرگەنىدى، شۇ ھامان ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى ۋە ئۇلار چۇۋۇلدىشىپ سۆزلىشىپ كەتتى:

— بەللى، بەللى ماۋۇ گۇيلارنى، بىر كۈن ئىچىدىلا ئادەمدىن بىرنى تۇتۇپ كېلىپ، ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ بولغانلىقىنى قارىمامدىغان ! ئامىتى بار ئىكەن جۇمۇ بۇلارنىڭ !

— ئەمدى نۆۋەت ساقى چوقۇر، تاش تاز، ھېلىم قورۇق، توختى چورۇقلارغا كەلدى.

— بىز ئەتە جاڭگالئېرىق تەرەپلەرگە بارىمىز، ئوتۇنچىلارنى تۇتماق ئاسان.

— بۇ نۆۋەتمۇ ئۆتكەن قېتىمقىدەك چوكان تۇتۇپ كەلسەك بولمايدۇ جۇمۇ، نۆۋەت بىزگە كېلىپ بولغۇچە ئۆلۈپ قالىدىكەن.

— چوكان بولسىمۇ مەيلى، جىقراق تۇتۇپ كەلسە ئۆلۈپ قالمايدۇ.

— ھا - ھا - ھا ...

— بەلەن گەپ قىلدىڭ توقۇناق قارىغا !

— ئايالچە ياسىنىۋالغان ئەركەك ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلاپ

ئۇقماي تۇتۇپ كەپتىكەنمىز.

— ئۇنداق چوكانلاردىن بىرەر يۈزنى تۇتۇپ كەلسەڭمۇ ئوخشاش، بەرىبىر ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇش ۋەزىپەڭ ئورۇندالغان بولمايدۇ.

ئۇلار قولۇمنى بوشىتىپ، ئاغزىم، كۆزۈمدىكى تېڭىقلارنى ئېلىۋەتتى. كۆزۈمنى ئۇۋۇلىۋېتىپ، ئەتراپىمغا قاراپ يوغانلا بىر زالنىڭ ئىچىدە تۇرغانلىقىمنى كۆردۈم. قىرىق - ئەللىكتەك مەينەت - پاسكىنا ئەرلەر ئېغىزلىرىنى كاماردەك ئېچىشقان هالدا ماڭا قارىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پاناق بۇرۇن بىرى ئالدىمغا كەلدى - دە، قولىدىكى كالتەكنى كۆزلىرىمگە تەڭلەپ تۇرۇپ، بىرنچە گەپنى چالا - بۇلا سۆزلەپ ماڭا هەيۋە قىلىشقا باشلىدى:

— هە، سەنما، ئاۋۇ - ماۋۇ ئوكشاي ئەسكەر. مەنما پەيجاڭ. مەندە گەپى ئاڭلا، مەندە نىمە دىسەما، سەنما شۇنى قىلا! ياكى دېسە بومايدۇ. ماۋۇ كىلچى باش ئىھ ئالادۇ، — ئۇ يېنىمدىكى قىلىچنى تۇتۇپ كۆرسىتىپ قويدى، — ئۇكۇتىما؟ مۇشۇ باشى كاچىدى كىسەدۇ!

مەن شۇندىلا ئۆزۈمنىڭ ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ، يېڭىشەهەر سېپىلىنىڭ ئىچىگە قامىلىپ قالغانلىقىمنى بىلدىم.

ئەسكەرلەر هەر كۇنلۇكى چۇشكىچە سالام بېرىش، قاتاردا تۇرۇش، مەشكە دەسسەش، قاراۋۇللۇقتا تۇرۇش، قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق، مىلتىق، پىلموتلارنى ئېتىش، ئىشلىتىش... دېگەندەك مەشىقلەرنى قىلاتتى. چۇشتىن كېيىن قىمار ئوينايتتى، نەشە چېكىشەتتى. مەست بولۇۋېلىپ ئالىتاغىل ۋارقىرىشىپ كۇن ئۆتكۇزۇشەتتى. نۆۋەتلىشىپ قاراۋۇللۇقتا تۇرۇشاتتى، ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇش ئۇچۇن دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىققاندا، قاراۋۇللارغا كۆرسىتىپ چىقىدىغان ئىجازەتنامىلەرنى ئېلىپ چىقىشاتتى. شۇ هالدا ئايلار ئارقا - ئارقىدىن ئۆتىۋەردى. لېكىن، قېچىپ كېتىشنىڭ هېچ ئىلاجى

بولمىدى. دەرۋازىلارغا قوش ـ قوشلاپ قويۇلغان قاراۋۇللار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، خۇددى بۇتتەك قېتىپ تىك تۇرۇپ ئىجازەتنامىسى يوق ئەسكەرلەرنى سىرتقا چىقىشقا پەقەت قويمايتتى. قارشىلىق قىلغانلارنى باغلاپ سولايتتى ياكى شۇ يەردىلا قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلايتتى. سېپىل ئۈستىدىمۇ ئەللىك ـ ئاتمىش قەدەمدە ئىككىدىن ئەسكەر قاراۋۇللۇقتا تۇرۇشاتتى. تېخى بۇلارنى ئاز دېگەندەك، يەنە ئۇلارنىڭ ئارىلىقلىرىدا قوش ـ قوشلاپ ئەسكەرلەر چارلاپ يۈرۈشەتتى. شۇ ئارىدا مەنمۇ نۆۋەت بويىچە سېپىل ئۈستىدە قاراۋۇللۇقتا تۇرۇشقا ئىككى قېتىم چىقتىم. دەرۋازىلاردا، يول ئېغىزلىرىدا، كوچىلاردا تۇرىدىغان قاراۋۇللۇققا مېنى قويمىدى ياكى سىرتلارغا چىقىپ، ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇپ كېلىشكە ئۈچۈنمۇ ئەۋەتمىدى. ئاۋادا مېنىمۇ ئاشۇنداق سىرتلاردىكى قاراۋۇللۇقلارغا قويغان بولسا ياكى ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇش ئۈچۈن سىرتلارغا چىققىلى قويغان بولسىدى، ئۇ چاغدا ئايهاي، ئاللىقاچانلا قېچىپ كەتكەن بولاتتىم. ئەپسۇس! مەن تەلەيسىز ئىكەنمەن، ئۇلار مېنى ئۇنداق ئىشلارغا سالمىدى، قېچىپ كېتىشىمدىن ئەنسىرەپ تالا ـ تۈزگە چىقارتمىدى. شۇ ئارىدا ئۇلار يەنە تۆت ئادەمنى تۇتۇپ كېلىشتى. بۇلارنىڭ ئىككىلىسىنىڭ يېشى ئاتمىشتىن ھالقىغان بوۋاي، يەنە ئىككىسى ئەمدىلا تېخى ئون تۆت ـ ئون بەش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان باللار ئىدى. باشلىق بوۋايلارنى ياراتماي، دەرۋازىدىن چىقىرىۋەتتى، باللارنى ماڭا ئوخشاش ئۆزىگە قوشۇۋالدى.

بىر كۈنى ھېلىقى پاناق پەيجاڭ ئۈچ ئەسكەرگە ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا كىرگەن يېڭىسارلىق سەمەتەم دېگەن يىگىتنى باشلىق قىلىپ، ئۇنىڭ قولىغا سىرتقا چىقىش ئىجازەتنامىسى ــ قارا سىرلانغان، ئىچىگە خەنزۇچە «ئىجازەت» دېگەن خەت ئويۇلغان ئالىقانچىلىك تاختاينى تۇتقۇزۇپ، نەشە تېپىپ كېلىش ئۈچۈن بازارغا يولغا سالدى. بۇ

يىگىتمۇ ئون بەش يىشىدىلا ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانىكەن، ئايىغى چاققان بولغانلىقىدىن مۇشۇنداق يۇگۇر - يىتىم ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپ باشلىقىغا ياراپ قالغانىكەن. كەچقۇرۇن ھېلىقى ئۈچ ئەسكەر توخۇمدەك - توخۇمدەك كاللەك - كاللەك نەشىلەرنى كۆتۈرۈپ يېنىپ كېلىشتى. سەمەتتەم كۆرۈنمىدى. ئۇلار ئۇنى دەرۋازا ئالدىدا ئىككى - ئۈچ ئادەم بىلەن مۇڭدىشىپ قالدى، ھازىرلا كىرىمەن، دېدى دېيىشتى. لېكىن، سەمەتتەم قاراڭغۇ چۈشكەندىمۇ، كېچىسىمۇ كەلمىدى، ئەتىسىمۇ پەيدا بولمىدى، ئۇنى ئۆزلىرى بىللە ياندۇرۇپ كىرمىگەنلىكى ئۈچۈن ھېلىقى ئۈچ ئەسكەر ئۆلگۈچە كالتەك يېدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن سەمەتتەمنى يېڭىسارنىڭ قىزىل دېگەن يېرىدىن تۇتۇپ كېلىشتى. ھېلىقى پەيجاڭ ئۇنى ھەممە ئەسكەرنىڭ ئالدىدا يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، تاماكىسىنى يانتۇ چىشلەپ تۇرۇپ قىلىچ بىلەن «گاچ - گۇچ ! گاچ - گۇچ !» چاناپ پارە - پارە قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى ! كېسىلگەن كاللا، تەنلەر جان تالىشىپ پىلتىڭلاپ، بىردەمدىلا ئىككى پارچە كىگىزنىڭ ئورنىدەك يەرنى قىپقىزىل قانغا بويىۋەتتى. ئاچچىقىدا كۆزلىرى قانغا تولغان پەيجاڭ غەزەپ بىلەن ئەسكەرلەرگە ۋارقىرىدى:

— ئاگاھ بولۇش ! يەنە كىمدە كىم قاچىدىكەن، ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ ! كۆرۈۋالدىڭمۇ؟ !

بىچارە سەمەتتەمگە ئىچىمىز ئاغرىپ، ئىچىمىزدە ئاھ ئۇردۇق، يىغلىدۇق، قاقشىدۇق ! لېكىن، كاللىمىزنىڭ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىش قىلالمىدۇق.

شۇ دەھشەتلىك پاجىئەدىن كېيىن ئەسكەرلەر ئۇجۇقۇپلا كېتىشتى، قىمارنى تاشلىدى. قورقۇنچىدا كېچىلىرى چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىدىغان، قارا بېسىپ جۆيلۈپ ۋارقىراپ - چىرقىراپ كېتىدىغان، كۈندۈزلىرى ئۆزلىرىنى نەشىگە زورلاپ، مەستلىكتە ئىلەڭ - سىلەڭ بولۇۋېلىپ، چىرايلىرى تاتىراڭغۇ ھالدا لاغ -

لاغ تىترەپ يۈرىدىغان بولۇشۇۋالدى.

كېيىن ئاڭلىساق، دەرۋازا ئالدىدا سەمىتەم بىلەن مۇڭداشقانلار ئۇنىڭ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئىكەن، ئۇلار ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى، سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىكەن. سەمىتەم رۇخسەت سوراپ، باشلىقنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ ئاندىن ماڭاي دېسە، باشلىقنىڭ رۇخسەت قىلمايدىغانلىقىنى، ھەتتا بۇنىڭدىن كېيىن دەرۋازىنىڭ سىرتىغىمۇ چىقىشقا يول قويمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئانىسىنى كۆرۈۋېلىش تەقەززالىقىدا يىغىسارىغا كېتىپتۇ. ئۇ يۇرتىغا بارغان چېغىدا ئانىسى تۇگەپ كەتكەن، يەرلىكىگىمۇ قويۇلۇپ بولغانىكەن. ئۇ يۇرتىدا يىغلاپ - قاقشاپ بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ قاپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئانىسىنىڭ نەزىرىگىمۇ قارىماي قايتىپ كېلىپ، قاچقان گۇناھى ئۈچۈن باشلىقتىن ئەپۇ سوراپ، يەنە داۋاملىق ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، گۇناھىنى يۇماقچى ئىكەن. ئۇ قىزىلدىن ئۆتۈپ ھىمىتنىڭ سايلىقىغا كەلگەندە، ئۆزىنى ئىزدەپ چىققان ئاتلىق ئەسكەرلەرگە ئۇچراپ قېلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەنىكەن. ئەسكەرلەر ھەرقانچە ساداقەتمەن بولسىمۇ، لېكىن بىر قېتىم قېچىپ قويسىلا، ئەنە شۇنداق كاللىسى ئېلىنىدىكەن. بۇنداق دەھشەتلىك پاجىئەلەرنى ئىجرا قىلىشقا ھەرقانداق كومانىدىر، ھەتتا ئەسكەرلەرمۇ ھوقۇقلۇق ئىكەن. پەرمان ئاشۇنداق قاتتىق قەبىھ بولغانلىقتىن، ئىجرا قىلمىسا بولمايدىكەن، كاللا كېتىدىكەن!

قارىماسىز، كىچىككىنە بىر پەيجاڭ بىر ئەسكەرنى ئاشۇنداق ئۆز ئالدىغا چېپىپ تاشلىسا، پەرمان شۇنداق دەپ، بۇنىڭ سوئال - سورىقى بولمىسا، ئاھ خۇدا، بۇ جاھان نېمىشقا بۇنداق ياۋۇزلىشىپ كېتىدىغاندۇ؟

— جاھاننى ياۋۇزلار سوراۋاتىدۇ ئەمەسمۇ، شۇڭا جاھانمۇ ئاشۇنداق ياۋۇزلىشىپ كەتتى.

— شۇنى بىلىپ تۇرۇپ بىزنى يەنە ئاشۇ ياۋۇزلارغا باش

ئېگىشكە قىستاۋاتقانلىقىنى قارىمامدىغان بۇ خەقنىڭ.

— بۇرنىغا سۇ كىرمەيۋاتىدۇ!

— خەپ، خەپ، مۇشۇنداق يولسىزلىق قىلىپ، ئىنقىلابنى تۇگەشتۇرۇۋېتىدىغان بولدى!

— ياق، ئىنقىلاب تۈگەشمەيدۇ، خەلق يەنە ئېلىشىدۇ!

— بىر كۈنى كېچىسى، — جامالىدىن يەنە دەردىنى تۆكۈپ قايناشقا باشلىدى، — پوسكاملىق سىدىق سولاش دېگەن تەمبەل، ئۇستىخانلىق، جىمغۇر يىگىت بىلەن ماڭا سېپىل ئۇستىدە قاراۋۇللۇقتا تۇرۇش نۆۋىتى كېلىپ قالدى. ئىككىمىز بىللە سېپىل ئۇستىگە چىقىپ، بەلگىلەنگەن ئورنىمىزغا كەلدۇق. يېقىن ئەتراپىمىزدا بىزگە ئوخشاش قاراۋۇللۇقتا تۇرۇۋاتقانلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قاراۋۇللارنى چارلاپ يۈرگەن چارلىغۇچى قاراۋۇللارمۇ قولچىرىغىنى يورۇتۇپ، ئارىلىقلاردا توختىماي مېڭىپ يۈرەتتى.

سىدىق چارلىغۇچى قاراۋۇللار يىراقلىشىپ كېتىشى ھامان ئۇيان - بۇيان قارىۋېتىپ، كىيىمىنىڭ ئىچىدىن بېلىگە باغلىۋالغان ئۇزۇن ئارغامچىنى چىقاردى - دە، قولىقىمغا ئاستا پىچىرلىدى:

— سېپىلدىن چۇشۇۋالساقلا قېچىپ كېتەلەيمىز. سىز ئالدىمدا چۈشۈڭ، مەن كەينىڭىزدىن، — ئۇ شۇنداق دەپلا ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى سېپىلنىڭ ئۇستىدىكى قەدەمدە بىر ئېچىلغان تۆۋەننى قارىغا ئېلىش تۆشۈكلىرىنىڭ بىرىگە باغلىدى، — ھە، مانا بولدى. چاققان بولۇڭ.

بۇ گەپ ماڭا ياغدەك ياقتى. مەن قېچىپ كېتىشنى ئويلاپ يۈرگەن بولسامۇ، لېكىن بۇنداق ئېگىز سېپىلنىڭ ئۇستىدىن سىيرىلىپ چۇشۇپ قېچىپ كېتىشنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىز بىللە قېچىپ كېتىش توغرۇلۇق ئالدىن مەسلىھەتلىشىۋالمىغانلىقىمىز ئۇچۇن، ئۇ ماڭا بۇ گەپنى تۇيۇقسىزلا دېگەندە، مەن چۆچۈپ كېتىپ

گاڭگىراپلا قالدىم. قورقۇپ كەتكەنلىكىمدىن ھاڭ ـ تاڭ بولغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپلا قاپتىمەن.

— بولۇڭ دەيمەن، چاققان بولۇڭ! مىلتىقنى تاشلاڭ ھاقۋاڭتى! — ئۇ شۇنداق دەپلا بىقىنىمغا نوقۇدى، — چۈشۈڭ! تازىمۇ بىر سولاش ئادەم ئىكەنسىز!

مەن شۇندىلا ھوشۇمنى يىغدىم، تەۋەككۈل دەپلا ئارغامچىغا ئېسىلىپ پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈشكە باشلىدىم. مېنىڭ كەينىمدىنلا ئۇمۇ ئارغامچىغا ئېسىلىپ پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى. بىز پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپ سېپىلنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا يېقىنلاشقاندا، سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇللار بىزنى بايقاپ قالدى بولغاي، تۇيۇقسىزلا تاتاتلىتىپ ئۈستىمىزگە يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. سىدىق «ۋايجان!» دەپ ئىنجىقلاپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئارقىدىنلا مەنمۇ ئوق ئۈزۈۋەتكەن ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتقان ھالدا پەسكە چۈشۈپ كېتىپ، يەرگە گۈلۈپپىدە چۈشتۇم ـ دە، ئاغرىق ئازابىدىن شۇ ھامان ھوشۇمدىن كېتىپ قالدىم. بىر ئازدىن كېيىن ھوشۇمغا كەلدىم. بۇرنۇمغا پۇرالغان قاننىڭ سېسىق ھىدىنى سېزىپ قالدىم، سىدىق يېنىمدىلا يېتىپتۇ. ئۇنى ئاستا سىلاپ باققانىدىم، قولۇمغا شىلىمدەك شىلىق ـ شىلىق قان چاپلاشقانلىقىنى بىلىپ چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ تىنىقى توختاپ، قېتىپلا قاپتۇ. بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇش خەتەرلىك ئىدى، سېپىل ئۈستىدىكى ئەسكەرلەرغۇ شۇ تاپتا بىزنى ئۆلدى ھېسابلاپ ئارقىمىزدىن ھەرگىز ئىزدەپ كەلمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ناۋادا تاڭ ئاتقاندا ئۆلارنىڭ بىرەرى مېنىڭ تىرىك ھايات ئىكەنلىكىمنى سېزىپ قالىدىغان بولسا، شۇ ھامان مېنى ئېتىپ تاشلايتتى. مەن ئاغرىققا چىداپ مېڭىش ئۈچۈن تەمشىلىپ باقتىم، لېكىن ئوڭ يانپىشىم بەك ئاغرىپ كېتىپ، ئورنۇمدىن زادىلا تۇرالمىدىم. ئاخىر بولالماي سول يانپىشىم بىلەن يېنىچە ئۆمىلەپ مېڭىپ، سېپىل يېنىدىكى خەندەكنىڭ ئۆرۈلۈپ

چۈشكەن پۈچۈق بۇلۇڭلىرىدىن ئاران تەسلىكتە چىقىۋالدىم ـ دە، يولدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ سەيلىككە كىرىۋالدىم. ئاندىن يەنە توختىماي ئاشۇنداق سول يېنىمچە ئۆمىلەپ، قوناقلىقنىڭ ئىچى بىلەن مېڭىپ، ھەزرىتى پىر مەھەللىسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان بىر ئۆستەڭنىڭ بويىغا چىقىپ قالدىم.

ئۆستەڭدە لىقمۇلىق سۇ ئېقىۋاتقانىكەن. ئاستىلا يۇمىلاپ سۇغا كىرىۋالدىم. سۇ مېنى ئېقىتىپ ئاياغ تەرەپكە ئېلىپ كېتىۋەردى. تۈن قاراڭغۇسىدا ھېچ نەرسىنى پەرق ئېتەلمىدىم، شۇ ھالدا ئېقىپ كېتىۋەردىم. لېكىن، بۇ سۇدا ئېقىپ مېڭىپ شەھەردىن قانچىلىك يىراقلاپ كەتكەنلىكىمنى زادىلا بىلەلمىدىم. بىر چاغدا بۇ ئۆستەڭدىن ئايرىلىدىغان تۈگمەن ئۆستىڭىنىڭ سۇ بۆلىدىغان شارقىراتمىسىدىكى توسۇق ياغاچلارغا تاقىشىپ قېلىپ قاشقا ئۆمىلەپ چىقتىم، يېقىن ئەتراپتىكى توخۇلارنىڭ سوزۇپ چىللاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. نەگە بېرىپ، نەدە توختىشىمنى بىلمەي، پەقەت شەھەردىنلا يىراقلىشىپ كېتىۋېلىش غەرىزىدە يەنىلا سول يانپىشىم بىلەن ئۆمىلەپ ئالدىمغا قاراپ كېتىۋەردىم. ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر، ئويمان ـ چوڭقۇرلار بىلەن ئۆتتۈم، ئېگىز ـ ئېگىز دۆڭلەردىن دومىلاپ چۈشتۈم، باغ، ھويلا ـ ئاراملارنى ئايلاندىم. ئاشۇنداق يېنىچە ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئاخىر بىر مازارلىققا چىقىپ قالدىم. دەل شۇ چاغدا يېقىنلا جايدا مەزىنىنىڭ يېقىملىق ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ئاغرىق ئازابىدىن بولالماي ئۆزۈمنى تاشلاپ يېتىپ قالدىم. تاڭ يورۇغاندا قارىسام، بىر شامگۈرنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ يېتىپتىمەن. بۇ مازارلىق ماڭا تونۇشتەك بىلىندى، بىرھازاغىچە تازا سەپسېلىپ قاراپ، ئۆزۈمنىڭ چىلتەنلىرىم مازىرىغا كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلدىم. ئىلگىرىكى چاغلاردا مەن بۇ تەرەپكە كەلسەملا تاغام مېنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە بۇ مازارلىققا ئېلىپ كېلىپ، ئۇيان ـ بۇيان ئايلاندۇراتتى. ئۇچرىغانلىكى دىۋانە، ئاجىز ـ مەجرۇھلارغا ئاز ـ تولىدىن سەدىقە بېرەتتى، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلاتتى. ئاندىن

يەنە بىللە قايتىپ كېتەتتۇق. شۇڭا، بۇ مازارلىق ماڭا خېلى تونۇشلۇق ئىدى. قاتتىق ئاغرىق ئازابىدا جايىمدا ئىڭراپ يېتىپ كۈننى كەچ قىلدىم. كېچىسى ئوتتەك قىزىپ تەرلەپ كەتتىم. چالا ئۇيقۇچىلىقتا بىرنېمىلەرنى دەپ جۆيلۈپ تاڭنى ئاتقۇزۇپتىمەن. بىر چاغدا بىرى چاپىنىمنى ئاستا ـ ئاستا تارتىپ مېنى ئويغاتتى. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، چار ساقاللىق بىر ئادەم ماڭا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ بىر ياغاچ ئاياق سۇنى ماڭا تەڭلىدى:

— ئىچسىلە، پاكىز سۇ، ھازىرلا بۇلاقتىن ئېلىپ كەلدىم.

مەن بۇ بىر ئاياق سۇنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىپ تۈگىتىۋەتتىم.

— ئاخشام كەلسەم، مۇشۇ يەردە يېتىپ قاپتىكەنلا، بىر كېچە جۆيلۈپ چىقتىلا، نېمە دېگەنلىكلىرىنى بىلەلمىدىم. ئەسكەرلىكتىن قېچىپ چىقىپتىلا ـ ھە؟

مەن چۆچۈپ كەتتىم.

— قانداق بىلىپ قالدىلا؟

— مېنىڭ كۆزۈم ساق، كىيگەن كىيىملىرىدىن بىلدىم، — ئۇ كۆزى بىلەن شەرەتلەپ، مېنىڭ ئۇستىۋاشلىرىمنى كۆرسىتىپ قويدى، — بۇنداق سىماۋۋا رەختتە تىكىلگەن ئەسكەرچە كىيىملەرنى كىم تونۇمايدۇ دەيدىلا. شۇنداق بولسىمۇ ئەنسىرىمىسىلە، سىلىنى تېخى مەندىن باشقا ھېچ كىشى كۆرمىدى، ناۋادا كۆرۈپ قالغان بولسىمۇ كېرەك يوق. شۇ تاپتا سىلىنىڭ بۇ كىيىملىرىگە قاراپ، ئاق رەختمۇ، قارا رەختمۇ ھېچ كىشى ئايرىيالمايدۇ، قاپقارا لاي بولۇپ كېتىپتۇ. مەندەك سىنچىلاپ قاراپ ئولتۇرۇشقا كىمنىڭ چولىسى؟

مەن ئىلاجسىز بېشىمدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئۇ كىشىگە سۆزلەپ بەردىم. ئۇ گەپ قىلمايلا مېنى يۆلەپ ھېلىقى ئاغزى ئوچۇق شامگۆرگە ئېلىپ كىردى. بۇ شامگۆرنىڭ ئۇستىنىڭ بۇ تەرىپى يېپىقلىق، لېكىن ئۇ تەرىپىنىڭ ئۇستى ئۆرۈلۈپ چۇشۇپ ئېچىلىپ قالغانىكەن. ئۇ ئادەم مېنى بىر كونا كىگىزنىڭ

ئۇستىگە ياتقۇزۇپ، كىيىمىمنى بىر قوللاپ سالدۇرۇشقا باشلىدى. مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ئوڭ قولىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدىم.

— ۋاي خۇدايىمەي، يوتا، كاسىلىرىڭىز ئىششىپ كېتىپتۇ، سۆڭگۈچىڭىز چېقىلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. تۇخۇمدا شاقىداپ قويسا پايدىسى بولىدۇ، — ئۇ شۇنداق دەپلا سىرتقا چىقىپ كەتتى. بىرھازادىن كېيىن ئىككى تۇخۇمنى كۆتۈرۈپ كىرىپ بىر قاچىغا چاقتى. چاققان تۇخۇملارغا تۇزئارىلاشتۇرۇپ قوچۇدى. ئاندىن ئۇنى كاسامغا چاپتى. بىر كونا تاغارنىڭ ئىچىدىن كونىراق بىر ماتا كۆڭلەك، تامبالنى چىقىرىپ ماڭا كىيدۇرۇپ قويدى، — هە، مانا ئەمدى بولدى. ئەمدى ناشتا قىلىۋالايلى.

بىز تىلەمچىلىكتە چۈشكەن پارچە ـ پۇرات نانلار بىلەن ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭدىن سوراپ قالدىم.

— ئاۋۇ قولىلىرى نېمە ۋەجدىن ئۈزۈلۈپ كەتكەن؟

ئۇ ماڭا قاراپ تۇرۇپلا قالدى، بىرھازاغىچە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئولتۇرۇپلا كەتتى.

— بىر كۈنى بەگنىڭ هويلىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام، تۇيۇقسىز ئىككى ئىت ئېتىلىپ چىقىپلا پاچىقىمنى چىشلىۋالدى. مەن ئاچچىقىمدا ئۆشنەمدىكى كەتمەن بىلەن هېلىقى ئىتنى ئۇرۇپ، پاچىقىمنى سۇندۇرۇپ قويۇپتىمەن. بەگنىڭ ئوغلى غالچىلىرى بىلەن قوغلاپ كېلىپ مېنى تۇتۇۋالدى، ئىتنى ئۇرغان قولۇڭ مۇشۇمۇ دەپ مېنى باسماقداپ تۇرۇپ، پالتا بىلەن چاناپ، قولۇمنى جەينىكىمدىنلا ئۈزۈپ تاشلىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن مۇشۇنداق تىلەمچىلىك كوچىسىغا كىرىپ قالدىم. هەي، بۇ ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە ئون بەش يىلدەك بولۇپ قالدى، ئېسىمگە كەلسىلا تەنلىرىم جۇغۇلداپ، چىشلىرىم غۇچۇرلاپ كېتىدۇ.

— نېمىدېگەن ۋەهشىيلىك بۇ؟ ! ئىتنى ئۇردۇڭ دەپ

ئادەمنىڭ قولىنى چاناپ ئۈزۈۋەتسە؟ ! كېيىنچۇ، كېيىن قانداق بولدى؟

— دادىسىنىڭ ئورنىغا بەگ بولدى، دادىسى بۆگۈنى ئاتتىن يىقىلىپ، بوينى سۇنۇپ كەتكەنىدى، ئەتىسىلا ئوغلىنى بەگ قىلىپ تەيىنلىدى.

— بۇ ئىشنىڭ كېيىن بىرەر سوئال ـ سورىقى بولمىدىمۇ؟ ئەرز قىلمىدىلىمۇ؟

— نادان ئىكەنلا، سوئال ـ سوراقنى ئاشۇلار ئۆزلىرى قىلىدىغان تۇرسا، بىزنىڭ دەردىمىزگە كىم يېتىدۇ دەيدىلا. ھە ـ ھە، ھېلىقى تاغىلىرىنىڭ ئۆيىنى ئالمەت دېگەن يەرنىڭ توختەستە مەھەللىسىدە دېگەندەك قىلغانىدىلە. ئىسمىچۇ، ئىسمى كىم ئىدى؟

— ھاشىم ئاخۇن، ھاشىم موزدۇز دەيدۇ.

بىرئازدىن كېيىن ئۇ يېنىمغا بىر قاپاق سۇ، پارچە ـ پۇرات نانلارنى قويۇپ قويدى ـ دە، يەنجىسىنى مۇرىسىگە ئارتىپ چىقىپ كەتتى. مەن تېخى ئۇنى تىلەمچىلىك قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قاپتىمەن، نەدىكىنى، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ تاغامنى باشلاپ كەلدى، تاغام مېنى كالا ھارۋىسىدا ياتقۇزۇپ ئېلىپ ماڭدى. يولدا كېتىۋېتىپ تاغامدىن سوراپ قالدىم.

— تاغا، ھامىت ئاكام سىلى بىلەن بىللە كەلمەپتۇغۇ؟

— ۋاي بالام، ئۇ ئۆيدە يوق. ئىككى ئاي بولدى، دەريا كۆۋرۈكىدە ھاشارغا ئىشلەۋاتىدۇ. ئۆيدە بولسىغۇ، سېنىڭ كەلگىنىڭنى ئاڭلىسىلا، شۇ ھامان ئالدىڭغا چېپىپ كېلەتتى. ئۇ ساڭا بەك ئامراق جۇمۇ.

دېمىسىمۇ شۇنداق، ئۇ ماڭا بەك ئامراق ئىدى. مەندىن پەقەت بىر ياشلا چوڭ بولسىمۇ، لېكىن كىچىك چېغىمىزدا ئۇ مېنى ھاپاش قىلىپ كۆتۈرۈپ ئوينايتتى. بىر ـ بىرىمىز بىلەن چاپلىشىپ يېتىپ بىللە ئۇخلايتتۇق. بىللە ئوينايتتۇق، بىللە

سۇغا چۆمۈلەتتۇق، جاڭگالدا بىللە مال باقاتتۇق، قۇملۇقتا بىللە چېلىشاتتۇق. ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن كارۋانلارنىڭ ئات، ئېشەكلىرىنى ھەيدەپ، ئىلى تەرەپكە ئىككى - ئۈچ قېتىمدەك بېرىپ، بىزنىڭ ئۆيدە خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قايتىپ كەلگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئىككى - ئۈچ يىلدا بىر قېتىم كۆرۈشۈپ تۇرغانىدۇق. مۇشۇ يېقىنلاردا مەن ئۇنى خېلى سېغىنىپ قالغانىدىم، چۈشۈمگىمۇ تولا كىرەتتى.

بىز تاغامنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشقاندا، ئۇ تەرەپتىن يىغا - زار ئاڭلىنىپ قالدى. بىز چۆچۈپ ھاڭ - تاڭ قالدۇق. ئۆيگە كىرىپ قارىساق، غىچچىدە قانغا بويالغان ھامىت ئاكامنىڭ جەسىتىنى سۇپىغا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. دەريانىڭ كۆۋرۈكىنى ياساۋاتقاندا، ئۇنىڭ بېشىغا قاڭ چۈشۈپ كېتىپ، مېڭىسىنى مىجىۋەتكەنىكەن، تېخى بايىلا ئۇنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېلىشىپتۇ. بىز يىغلاپ، قاقشاپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى يەرلىكىدە قويدۇق، نەزىر - چىراغلىرىنى قىلدۇق. بۇ ئىشلار ئاياغلاشقاندىن كېيىن تاغام مېنى تېۋىپقا كۆرسەتتى. دېگەندەك، سۆڭىكىم چېقىلىپ كەتكەنىكەن، دورىلارنى بەردى، تېڭىقچى تاڭدى. مۇشۇنداق ئىككى ئاي داۋالانغاندىن كېيىن، پۇتۇمنى سۆرەپ ماڭالىغۇدەك بولۇپ قالدىم. لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىن، مانا مۇشۇنداق بىر پۇتۇمنى سەل سۆرەپ ئاقساپ ماڭىدىغان، بەزىدە دىققەت قىلماي ئېگىز - پەس مېڭىپ قالسام ياكى ئېرىقلاردىن ئاتلاپ سالسام سۆڭگۈچۈم تۇيۇقسىزلا زىڭىلدە ئاغرىپ كېتىدىغان كۈنگە قالدىم.

مەندەك بىر قاچقۇن ئەسكەرنىڭ بۇ يەردە ئۇزاقراق تۇرۇپ قېلىشى خەتەرلىك ئىدى. شۇ كۈنلەردە بۇ يەردىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئايغاقچى چېقىمچىلىرى خېلى ئەدەپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئەمەل تەمەسىدە لالما ئىتلاردەك سوكۇلداپ، پۇراپ يۈرۈشەتتى. ناۋادا ئۇلار مېنىڭ قاچقۇن ئەسكەر ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ماڭا، تاغامنىڭ ئائىلىسىگە چوڭ بالا - قازا

ياغاتتى. شۇڭا، مەن مېڭىپ تالا ـ تۈزگە چىقالىغۇدەك بولغاندا، تاغام مېنى كالا هارۋىسىغا چىقىرىپ، بىر ھەپتە يول مېڭىپ مارالبېشىغا ئاپىرىپ قويدى. بىز يىغلىشىپ خوشلاشتۇق. مەن ئاقساپ، مۈدۈرۈپ، يىقىلىپ ـ قوپۇپ يۈرۈپ ئۈچ ئاي بولدى دېگەندە ئارانلا ئۆيىمگە يېتىپ بېرىپ ئۆلىگىنىمنى بىلىپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۆيۈمگە كەلسەم، ئىنقىلاب پارتلىدى. مەن ئاتا ـ ئانامنى، خوتۇن ـ بالامنى، ئۆي ـ ماكانىمنى، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىمنى تاشلاپ ئۆزۈم تەلەپ قىلىپ، ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىپ بۇ تەرەپكە كەلگەنىدىم، لېكىن كۆتمىگەندە، بۇ خەق سارالڭ بولۇپ قالغاندەك، بىتىمنى ئىجرا قىلىمىز، دەپ پېشكەللىككە ئۇچراپ، چالمىمىز سۇغا چىلىنىشۋاتىدۇ! شۇ تاپتا ئاچچىقىمدا يېرىلىپ ئۆلگۈدەك بولۇپ قالدىم.

ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە تۆكىدىغان دەرد ـ ئەلەملىرى تېخى تۈگىمىگەنىدى. ئۇنىڭغىچە تاڭ ئېتىپ قالدى. ئۇلار ئەھۋاللارنى تىڭلاش ئۈچۈن ئۇيان ـ بۇيان ئايلاندى، بولۇۋاتقان ئەھۋاللارنى كۆردى. تەرەپ ـ تەرەپلەردە مەجبۇرىي ھالدا قايتۇرۇلۇۋاتقان توپ ـ توپ كىشىلەر ئۇچراپلا تۇراتتى. ئۇلار بۇقۇلداپ يىغلاشقان ھالدا بىر ـ بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلىشاتتى:

— خوش، خۇداغا ئامانەت!

— سىلەرنى خۇدايىمغا تاپشۇردۇق.

يەنە بەزى جايلاردا توپ ـ توپ توپلىشىۋالغان كىشىلەر ئاللا ـ چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، ۋار ـ ۋۇر توۋلىشاتتى:

— بىزنى ساتتى!

— بىزگە ئۇۋال بولدى!

— بىزنى تىرىك تۇرغۇزۇپ گۆرگە تىقتى!

— كورلار، ئالدامچىلار!

— ئىنساپسىز نائەھلىلەر!

— ۋىجدانسىزلار!

— قايتىپ كەتمەيمىز، جەڭ قىلىمىز!

يۇرەكنى تىترىتىدىغان - ئېزىدىغان بۇ ئېچىنىشلىق پىغان - نالىلەرنى، غەزەپلىك توۋلاشلارنى باش شتابتىكىلەرمۇ ئوچۇق ئاڭلاپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىتىمگە قارشى كىشىلەرنىڭ بۇنداق غەزەپلىك سادالىرىنى ئاڭلايدىغان، پىغان - نالىلىرىنى تىڭشاپ دەردىگە دەرمان بولىدىغان بىرەر ئادەمنىڭمۇ بولمىغانلىقى كىشىلەرنى ئېچىندۇراتتى. ئۇلار بىر گەپنى تەكرارلاپ كىشىنىڭ ئوغىسىنى قاينىتاتتى:

— بۇيرۇق شۇنداق، بىزدىمۇ ئامال يوق. ئىجرا قىلىش كېرەك!

شۇ جايدىلا توپلىشىپ قاينىشىۋاتقان، غوۋغا قىلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ سانى يەتتە - سەككىز يۈزدىن كەم چىقمايتتى. شتابتىن يىراقراق جايلاشقان باشقا قىسىملاردىمۇ مۇشۇنداق غوۋغالارنىڭ چىقىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. جامالىدىن بىلەن ئەنجانباي باشلىقلارنىڭ بۇنداق غەزەپلىك پەرياد - نالىلەرنى ئاڭلاپ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتىن ۋاز كېچىشنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا، ئۇلار بىلەن بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشتى، لېكىن پايدىسى بولمىدى، ئۇلار بىتىمنى جاھىللىق بىلەن ئىجرا قىلماقتا ئىدى.

— بۇيرۇق شۇنداق، بىتىمنى ئىجرا قىلىش كېرەك! قورال - ياراغلارنى يىغىۋېلىش، ئادەملەرنى ئۆز جايلىرىغا قايتۇرۇش كېرەك!

ئەنجانبايلارنىڭ كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئاشۇ باشلىقلارنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ چىقتى. ھەممىلا جايدا قورال - ياراغلار مەجبۇرىي ھالدا يىغىۋېلىنىۋاتقان، ئادەملەرنى كەلگەن جايلىرىغا يېنىپ كېتىشكە قىستاپ توپ - توپى بىلەن قايتۇرۇۋاتقان قايغۇلۇق ئىشلار ئىدى. ئۇلار بۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارنى كۆرۈپ چۆچۈدى. تېخىمۇ غەزەپلەندى، لېكىن، توسۇپ قېلىشقا قۇربى يەتمىدى. ئاڭلىغان گەپ - سۆزلەرمۇ ئوخشاشلا: «ياق

دېسەك بولمايدۇ، بۇيرۇقتا قارشى چىقىشقا ھەددىمىز ئەمەس! كاللىمىز كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدۇق. خۇدايىم بىزگىمۇ بىر نېمە دەر...» دېگەندەك ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىدىغان، كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان، مەيۈسلەندۈرىدىغان، ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان تېتىقسىز گەپلەر ئىدى. ئۇلار ئىلاجسىز غەزەپلەنگەن، كۆڭۈللىرى يېرىم بولغان ھالدا قايتىپ كېتىش ئۈچۈن يولغا چىقىشتى. شۇ كۈنى سەھەردە ئاسماندىن توپا ياغقانلىقتىن، ئالەم ـ جاھاننى قويۇق توپا ـ تۇمان قاپلاپ كەتكەنىدى. چاڭ ـ توزاننىڭ قويۇقلۇقىدىن، ھەتتا ئارىلىقى ئانچە يىراق بولمىغان جايلاردىكى ئادەملەرنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

*　　*　　*

ئەنجانبايلار ئۆيتاغدىكى پولك شتابىغا قايتىپ كەلگەندە، بۇ يەردىكى تاغ ئىنقىلابچىلىرىنىڭ قولىدىكى قورال ـ ياراغلار ئاللىقاچان يىغىۋېلىنىپ يۆتكەپ كېتىلگەن، ئامبارلارمۇ قۇرۇقدىلىنىپ قالغان، ئۇلارنىڭ قولىدا پەقەت قىلىچ، ئازغىنا گراناتلارلا قالغانىدى. كەچقۇرۇن رەڭگىرويى سۇنۇق ـ چۈشكۈن، تاتىراڭغۇ بىرمۇنچە ئادەملەر يىغىلىپ كېلىپ ئەنجانباي بىلەن جالالىدىننى ئارىغا ئېلىۋالدى. بۇ ئادەملەرنىڭ شۇ تاپتىكى غەزەپ ئۈچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان قايغۇلۇق كۆزلىرىدە «بىز ئەمدى قانداق قىلىمىز؟!» دېگەن مەنىدىكى سوئال ـ سوراقلار قايناپ ـ تېشىپ تۇراتتى. ئەنجانباي ئۇلارغا ھەممە ئادەمنىڭ يىغىلىشىنى ئۇقتۇردى.

— قېرىنداشلار، ئاغىنىلەر، — دېدى ئۇ قاتار تۇرۇشقان ئىنقىلابچىلارغا قاراپ، — ئون بىر ماددىلىق بىتىم تۈپەيلىدىن جەنۇبتىكى ئىنقىلابىي قوشۇنلىرىمىز چوڭ خەۋپ ـ خەتەرگە دۇچ كېلىپ پارچىلانماقتا، تۇگەشمەكتە، ئىنقىلابچىلارغا ئۇۋال

قىلىنماقتا! مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، قوراللار يىغىۋېلىندى، ئادەملەر تارقالماقتا. زومىگەر، قانخور ئەمەلدارلار يەنە باش كۆتۈرۈۋاتىدۇ. يۈرىكىمگە قولۇمنى سېلىپ تۇرۇپ راستچىللىق، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتسام، ئون بىر ماددىلىق بىتىم نېمە ئۈچۈن تۈزۈلدى؟ قانداق زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن شۇنداق قىلىندى؟ مەن بۇنى چۈشەنمەيمەن، بۇ تەرەپلىرى ماڭا قاراڭغۇ. لېكىن، بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزنىڭ مۇشۇنداق ئاسان ۋەيران بولۇپ كېتىشى ئاشۇ بىتىمدەك گومىنداڭچىلارغا يول قويغانلىقنىڭ كاساپىتىدىن بولدى، دەپ قارايمەن. شۇڭا، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ئېچىنىمەن، غەزەپلىنىمەن. قېرىنداشلار، ئاغىنىلەر، بۇ ئىشلار توغرۇلۇق ئۇلار مەيلى قانداق ئويلاردا بولسۇن، قانداق پەتىۋالارنى چىقارغان بولسۇن، ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشى. لېكىن، بىز كۈرەشنى ـ جەڭنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ھاياتلىق، باراۋەرلىك ئۈچۈن، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن بىزگە بۇنىڭدىن باشقا تاللايدىغان يول يوق. چېشىمىزنى چىشلەپ، جان تىكىپ ئاخىرغىچە ئېلىشايلى! تارقىلىپ كەتمەيلى! يېرىم يولدا «ۋاك» دەيدىغان بېلى بوش سولاشلاردىن بولۇپ قالمايلى! تارقىلىپ كېتىش، يۈزسىزلىك قىلىپ ئىنقىلابتىن قېچىش نومۇسسىزلىق، پەسكەشلىك بولىدۇ. بۇنداق ھەققانىي ئىنقىلابتىن قاچساق، تارقىلىپ كەتسەك، خۇدايىممۇ، پۇقرالارمۇ بىزنى كەچۈرمەيدۇ. بىزگە لەنەت ياغدۇرىدۇ! شۇڭا، بىز تارقىلىپ كەتمەيلى، بەل قويۇۋەتمەي ئاخىرغىچە كۈرەش قىلايلى! بىزگە خۇدايىم يار ـ يۆلەك بولىدۇ، كۈرىشىمىزنى ئېزىلىۋاتقان كۈرمىڭلىغان پۇقرالار قوللايدۇ.

ئۇ سۆزىنى تۈگەتكەندە، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىدىن تەر تامچىلىرى چېپىلداپ تامچىلاشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ھېچ كىشى ئەجەبلەنمىدى. چۈنكى، ئۇ غەزەپلەنگەندە مۇشۇنداق قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم ئوبدان بىلەتتى.

ئۇلار باش شتابتىن يېنىپ كەلگىلى ئەمدىلا ئۈچ كۈن

بولغانىدى، بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئەنجانباي تۇيۇقسىزلا يەنە بىر شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى.

— برىگادا كوماندىرى سىيىت بەگ قازا قىپتۇ.

— هە؟ ۋاي خۇدايىم، بۇ قانداق گەپ؟ — ئۇ هاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى باش شتابتا ئېچىلغان يىغىندا ئۇ ئادەم ئۇنىڭ يېنىدىلا ئولتۇرغانىدى. ساغلام كۆرۈنەتتى، رەڭگىرويىمۇ شۇنداق ئوبدانلا، هېچقانداق كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. پەقەت تاماكىنى ئۇزمەي پۇرقىرىتىپ چېكىپ بىرەر ئېغىزمۇ گەپ - سۆز قىلمايتتى، ئېغىر - ئېغىر تىنىپ، شۈكىدە ئولتۇرغانىدى. تېخى شۇ كۈندىكى يىغىندا ئەنجانباي قايناپ سۆزلىگەندە، ئۇ ئادەم: «بولدى، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، بۇلارغا سۆزلىگەننىڭ پايدىسى يوق. ۋەزىيەت شۇنداق» دەپ ئۇنىڭغا تەسەللىي بەرگەنىدى. لېكىن، ئۇ ئادەمنىڭ شۇ كۈندىكى بەزى قىلىقلىرى سەل غەلىتىرەك ئىدى، چىشىنى غۇچۇرلىتاتتى، مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ يوتىسىغا «گۈپ - گۈپ» مۇشتلايتتى. ئېڭىكىنى تولا سىلاپ، توختىماي ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى. ئادەملەر قاتتىق غەزەپلەنگەندە، ئەلەمنى ئىچىگە پاتۇرالماي ئاچچىقىدا يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتكەن هاللاردا كۆرۈلىدىغان بۇنداق تەبىئىي ئالامەتلەر ئەنجانبايغا ئايان ئىدى. لېكىن، ئۇ ئادەمنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كېتىشى، ئۇنىڭغا سەل غەلىتە تۇيۇلدى.

— ۋاي خۇدايىم، بۇ زادى قانداق ئىش؟ بىز كۆرۈشكەندە ئۇ ئادەم بىر ئوبدانلا تۇراتتىغۇ، ئەمدى تېخى بىر هەپتە بولغان بولسا، بىرەر ۋەقە يۈز بەرمىگەندۇ؟ جامالىدىن بۇ ۋەقەنى ئەنجانبايغا مۇنداق چۈشەندۈردى:

— برىگادا كوماندىرى سىيىت بەگ يىغىندىن يېنىپ ئۆز شتابىغا قايتىپ بارغىنىدا، قىسىملاردىكى قورال - ياراغلار ئاللىقاچان يىغىۋېلىنىپ ئېلىپ كېتىلگەن، ئادەملەرمۇ تارقىلىپ كېتىشكە باشلىغانىكەن، ئۇ بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ چىداپ

تۇرالماي، دەرد ـ ئەلەمدە زەردىگۈش بولۇپ كېتىپ، ئەتىسىلا ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ.

ــ ئىسىت، ئىسىت! رەھمەتلىكنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي، ئامىن! ئاللاھۇئەكبەر، ــ ئۇلار دۇئادىن كېيىن، بىرھازاغىچە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشىپ شۈككىدە ئولتۇرۇپ كېتىشتى.

ئەتىسى جامالىدىن ئەنجانبايىنى يەنە ئىزدەپ كەلدى:

ــ ئۆتكەن قېتىمقى چوڭ يىغىندا سىزنىڭ ھەربىي ھازىرلىق كۇرسىدا ئوقۇيدىغانلىقىڭىزنى ئۇقتۇرغانىدى. بالدۇرراق بېرىڭ، ئوقۇغانىنىڭ پايدىسى كۆپ. بۇ يەردىكى ئىشلاردىن خاتىرجەم بولۇڭ. مەن ئامال قىلىپ قوشۇننى ساقلاپ قېلىشنىڭ يولىنى قىلىمەن.

ــ بۇيرۇققا بويسۇنمايسىز؟

ــ قايسى بۇيرۇققا؟

ــ ئۆتكەن قېتىمقى يىغىندا ئېلان قىلىنغان قايتۇرۇپ كېتىدىغانلارنىڭ تىزىملىكىدە سىزنىڭ ئىسمىڭىزمۇ بار ئىدىغۇ؟

ــ ۋاي ـ ۋۇي قويۇڭە سىزنى، مۇشۇنداق ھەسرەتلىك، قايغۇلۇق چاغلاردىمۇ ئادەمگە چاقچاق قىلىدىكەنسىز، كەتمەيمەن دەپ نەچچە قېتىم ئېيتتىم. ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟ كەتمەيمەن دېدىم، چوقۇم كەتمەيمەن! سىزمۇ تولا مېنىڭ زەردەمنى قايناتماڭ. مېنىڭ ئىنقىلاب قىلىش ھوقۇقۇم بار! ئۇنداق بۇيرۇقلارغا ئەمدى سامان سېلىپ بېرىدىغان ۋاقىت كەلدى.

ئەنجانباي بەلگىلەنگەن ئورۇن ــ سۇباشىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇيدىغان يەنە ئۈچ يۈز نەچچە ئوفىتسېرنىڭ ھەممىسى كېلىپ جەم بولۇپ بولغانىدى.

ئەنجانباي سۇباشىغا يېتىپ كېلىپلا، گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېكنىڭ ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچى، ياردەمچىلىرىدىن ئوتتۇز نەچچىنى ئېلىپ ئىلىغا قايتىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇ مېڭىش

ئالدىدا «بىتىمنىڭ روھى، تەلىپى بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭ ئىنقىلابى ئەمدى ئۆز ئىشىنى توختاتسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى، ئاندىن بۇ جايلاردىكى قوماندانلىق شتابىنىڭ ئاخىرقى خىزمەتلىرىگە تاھىر بەگنىڭ مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى، قاسىم تاشنىڭ باش مەسلىھەتچى بولۇپ، پۈتۈن قىسىملارنى قايتۇرۇش، قوراللارنى يىغىۋېلىپ باش ئىسكىلاتقا تاپشۇرۇش ئىشلىرىنى ئىشلەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانلىقىنى ئاڭلىدى.

ئادەم كۆپ بولسا ئاڭلاپ قالىدىغان گەپ ـ سۆزلەرمۇ شۇنچە كۆپ بولىدىكەن، قۇلاققا ياقمايدىغان بەزىبىر ئىلمەك ـ تولقۇناق، تەتۈر پۈتاق گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قېلىشقىمۇ بەزىدە مەجبۇر بولىدىكەن. بۇنداق تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەپ، كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ئادەملەر كۆرستىكىلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ خېلى بار ئىدى. ئۇلار بىر يەرگە جەم بولۇپ قالسىلا مۇشۇنداق پەلىپەتىش گەپلەرنى قىلىپ سورۇننى قىزىتىۋېتەتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇنداق پەلىپەتىش گەپلىرىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئاساسى بار ئىدى.

ـــ ھەي، ھەي! ... مانا ئەمدى بىززە، خۇددى ئىگە ـ چاقىسىز يېتىم بالىغىلا ئوخشاپ قالدۇق ـ دە، باشلىقلار كېتىۋېلىپ چاتاق قىلدى.

ـــ ئۇ باشلىقلار كېتىۋالغان بولسا، يەنە يېڭى باشلىقلارمۇ بارغۇ، شۇلار بىزگە ئىگە بولىدۇ.

ـــ ئۇلار بىزگىمۇ، ئىنقىلابقىمۇ ئىگە بولالىغان بولسا ئۇبدان بولاتتىغۇ. ئەسلىي چاتاق تېخى ئالدىمىزدا ئوخشايدۇ.

ـــ توۋا دېگىنە، ئۇلارنىڭمۇ ئىلاجى يوق ـ دە، كۆرمەيۋاتامسەن، ئۇلارمۇ مۇشۇ كۈنلەردە خۇددى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن مۈشۈكتەكلا شۈمشىيىپ كېتىپتۇغۇ.

ـــ بولدى، بولدى. كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئۈمىدسىز ئادەم كەلگۈسىدە قۇرۇلىدىغان مىللىي ئارمىيىنىڭ غوللۇق كادىرى

بولالمايدۇ جۇمۇ.

— ئۇ مىللىي ئارمىيە قاچان قۇرۇلىدىكەن، بىزنىڭ تۇپرىقىمىزنى قۇملار بېسىپ بولغاندىمۇ؟

— قايسى ئادەم بىلەن، نېمە بىلەن قۇرىدىكەن ئۇ مىللىي ئارمىيىنى؟ قورالىلار يىغىۋېلىندى، ئادەملەر تارقىلىپ كەتتى. ھەممىسى قۇرۇق گەپ! خام خىيال!

— غەم قىلما. كەلگۈسىمىز پارلاق.

— ۋاي بولدىلا. تولا چوڭ گەپ قىلمىغىنا. سېنىڭمۇ بورناكۇنلا ۋاي ئىسىت، بىز ئەمدى تۈگەشتۇق! قوراللىرىمىزنى يىغىۋالدى، ئادەملىرىمىز تارقىلىپ كېتىۋاتىدۇ. قانداق ئىنقىلاب قىلىمىز؟ دەپ ھۆڭگىرەپ يىغلىغانلىقىڭنى ھەممە ئادەم كۆرگەن، سېنىڭ يىغاڭدىن ئىچىمىز سىيرىلىپ كەتكەن.

— يالغۇز مەنلا يىغلىدىممۇ؟ باشقىلارمۇ يىغلىدىغۇ، ئەھۋال شۇنداق تۇرسا يىغلىماي قانداق قىلىمىز؟

— بىزگە ھەربىي تەلىم - تەربىيە بېرىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كېتىپ بولغان تۇرسا، ئەمدى كىم بىزگە ئۆگىتىدۇ؟ پارچە - پۇرات ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپ ۋاقتىمىز زايە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ!

— غەم قىلما، بىزگە خەلق ئۆگىتىدۇ، خەلق بار. ئۆگىنىپ قالىمىز، ئاستا پىشىپ يېتىلىپ قالىمىز.

— ۋۇي ئەنجانباي، نېمە دەۋاتىسىز، بىزلەر پىشىپ يېتىلىپ بولغۇچە، دۈشمەنلەر بىزنى پىشۇرۇپ يەپ بولىدۇ!

— بىزمۇ جىم تۇرمايمىز، دۈشمەنلەرنىڭ پىشۇرىدىغان قازانلىرىنى، يەيدىغان، چاينايدىغان چىشلىرىنى چېقىپ تاشلايمىز!

— ۋايتاڭ، قانداق بولاركىن، ھەممىسى ئالدامچىلىق، ئۆزىمىزنى ئالدايدىغان قۇرۇق گەپلەر! ئاشۇنداق قۇرۇق گەپلەر بىلەن ئۆزىمىزنى ئالداپ، ئاغزىمىزنى تاتلىق ئېتىپ يۈرىمىز. ئاھ خۇدا! كەلمەسكە كەتتى ئۇ تاتلىق - شېرىن ئارزۇ -

ئارمانلار...

— خۇدايىم مۇراد — مەقسىتىمىزگە يەتكۈزەر.

— بىز ئۇنداق ئامەتلىك يارالماپتىكەنمىز، پېشانىمىز تەتۈر ئىكەن!

— ...

بۇنداق ئازابلىق كۈنلەر مانا مۇشۇنداق قاقشاش، دەرد — ئەلەملەر بىلەن ئۆتىۋەردى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا تەرەپ — تەرەپلەردىن ئېچىنىشلىق شۇم خەۋەرلەرمۇ ئۇزۇلمەي كېلىۋېرىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ بەك ئازابلىدى!

— مەن بۇ شۇم خەۋەرنى تېخى بايىلا ئاڭلىدىم، — دېدى مايور سايىت نەزەر بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ، — بىز قىزىلتاغ لىنىيىسىدىكى بارلىق قىسىملار بۇيرۇق بويىچە 6 — ئاينىڭ 17 — كۈنى (دۈشەنبە) قوشراپقا يىغىلدۇق، يۇقىرىنىڭ ئون بىر ماددىلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى جىددىي بۇيرۇقنى ئاڭلىدۇق. ئاندىن قورال — ياراغلار يىغىۋېلىندى، بىرنەچچىمىزدىن باشقا، قالغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرۇلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. شۇ ھامان ئىنقىلابچىلار ئارىسىدا ئاللا — چۇقان، غۇۋغا، يىغا — زار، ۋاراڭ — چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى! ئۇلار: «قايتمايمىز! جەڭ قىلىمىز!» دەپ شوئارلارنى توۋلاشتى، چۈشەندۈرۈشلەرمۇ كار قىلماي داۋراڭ سېلىۋەردى، ھەتتا باشلىقلىرىمىزنى «يۈزسىز مۇناپىقلار! ئالدامچىلار! ساتقۇنلار!» دەپ يۈزىدىن — يۈزىگىلا تىللاشتى. لېكىن، باشلىقلىرىمىز غىدىك — پىدىك قىلمىدى. بېشىنى پەس ئېگىپ، جىممىدە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تىل — ھاقارەتلىرىنى ئاڭلىدى، يەنىلا يىغلامسىراپ تۇرۇپ، مەيۈسلەنگەن ھالدا بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىۋەردى. شۇ كۈنى پۈتۈن قوشراپ زېمىنىنى قەھر — غەزەپ بىلەن ۋار — ۋۇر ۋارقىراپ توۋلىغان شوئارلار، يىغا — زار سادالىرى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. لېكىن، پايدىسى بولمىدى. قىسمەت شۇنداق ئىكەن، پېشانىگە

پۈتۈلگەننى تارتماقتىن باشقا چارە يوق ئىكەن.

بۈيرۈقنىڭ قاتتىق ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقىدىن غەزەپلەنگەن ئىنقىلابچىلار ئىلاجسىز، پەرىشان بولغان ھالدا قايتىش ئۈچۈن تەييارلىنىشقا باشلىدى. مەنمۇ بۈيرۈق بويىچە بۇ يەردىكى ھەربىي ھازىرلىقلار كۆرسىدا ئوقۇش ئۈچۈن، شۇ كۈنىلا بۇ تەرەپكە قاراپ يولغا چىققانىدىم. ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىدىغانلارمۇ ئەتىسى يولغا چىققانىكەن. يېڭىسار، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، مەكىت تەرەپلەرگە كېتىدىغان بىرەر مىڭدىن ئارتۇقراق ئادەم توپلىشىپ بىللە مېڭىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە خوتەن تەرەپكە كېتىدىغان توققۇز ئادەممۇ بار ئىكەن. ئۇلار يولغا چىقىپ، تېخى يېرىم كۈندەك مېڭىپ قوشماق تاغلار ئارىسىدىكى كەڭرى سايلىققا كەلگەندە، ئاسماندا تۇيۇقسىزلا بىرى كۆك، يەنە بىرى قىزىل ئىككى ئايروپىلان پەيدا بوپتۇ. كېتىۋاتقانلار ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ھالدا بەخىرامان مېڭىۋېرىپتۇ. دەل شۇ چاغدا توختى يورغا دېگەن ئادەمنىڭ تەرىتى قىستاپ كېتىپ، بىر ئۆڭكۈرنىڭ دالدىسىغا ئولتۇرۇپتۇ. ئايروپىلانلار ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئەگىپ ئايلىنىپ ئۆتۈپتۇ ـ دە، دەرەخ بويى پەسلەپ ئۇلارنى بىرى ئالدى تەرەپتىن، يەنە بىرى ئارقا تەرەپتىن تەڭلا پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتۇشقا باشلاپتۇ، بومبىلارنىمۇ تاشلاپتۇ. ئايروپىلانلار ئاشۇنداق پەس ئۇچۇپ، ئايلىنىپ ئەگىپ يۈرۈپ، ئۇلارنى بىرھازاغىچە ئوققا تۇتۇپ، بومباردىمان قىلىپ، ھەممە ئادەمنى قىرىپ تاشلاپتۇ. ئايروپىلاندىكىلەر «بۇلار ئەمدى تۈگەشتى» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئارقىسىغا يېنىپتۇ. دەل شۇ چاغدا توختى يورغا ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپىدا ئۆلۈپ ياتقان، جان تالىشىۋاتقان ئادەملەرگە قاراشقا باشلاپتۇ، بۇنى يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئايروپىلاندىكىلەر شۇ ھامان بايقاپ قاپتۇ ـ دە، دەرھال ئەگىپ ئايلىنىپ ئارقىسىغا يېنىپتۇ. ئۇنى ئوققا تۇتۇش ئۈچۈن يېقىنلاپ كەپتۇ. توختى يورغا ئاچچىقىغا چىدىماي، شۇ ھامان جۇۋىسىنىڭ ئىچىدىن بىر ئاپتوماتنى چىقىرىپ، پەسلەپ

كەلگەن ئايروپىلانغا قارىتىپ غەزەپ بىلەن ئېتىشقا باشلاپتۇ. قىزىل ئايروپىلانغا ئوق تەگكەن - تەگمىگەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ. لېكىن، كەينىدىن قايقارا ئىس چىقىرىپ، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. كۆك ئايروپىلان ئۇنى ئوقتا تۇتمۇۋېرىپتۇ. يىقىلىپ ياتقانلارنىڭ ئارىسىدا توختى يورغىنىڭ بىر ئاغىنىسى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئىسمى غوجاش ئىكەن، ئۇ ئېغىر يارىلىنىپ يېتىپ قالغانىكەن. ئۇ هوشىغا كېلىپ ئۆملەپ توختى يورغىنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ قالغانىكەن. ئۇ ئۇنىڭ قولىدىكى ئاپتوماتنى ئېلىپ تاغ ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى كېچىسى قوشىرايقا كېلىپ، ئۇ يەردە ئاخىرقى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقان باشلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. كۆرگەن ئەھۋاللارنى بىرمۇبىر بايان قىپتۇ. ئۇلارمۇ ئايروپىلانلارنى كۆرگەن، بومبىلارنىڭ پارتلىغان ئاۋازلىرىنىمۇ ئاڭلىغان، لېكىن، بۇنداق پاجىئە يۈز بېرىپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىكەن. ئۇلار شۇ هامان ئاتلىنىپ كەچتە يېتىپ بېرىپتۇ. تاغلار ئارىسىدىكى كەڭرى سايلىقتا بېرىپ قارىسا، دېگەندەك ئەھۋال شۇنداق. قاغا - قۇزغۇنلار چوقۇۋاتقان بىرەر مىڭدىن ئارتۇق ئادەم جەسەتلىرىنىڭ خۇددى سايىنىڭ تېشىدەك كاللا - موللاق هالدا يېتىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. شۇ كۈنى ئايروپىلانلار ئوقتا تۇتۇۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قىرىقتەك ئادەم قېچىپ قۇتۇلۇپ قالغانىكەن، دەريانىڭ بويىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

ھە، ئەمدى ھېلىقى ئاپتوماتنىڭ گېپىگە كېلەيلى، ئەسلىدە بۇ مۇنداق ئىش ئىكەن: قورالىلارنى يىغىۋاتقان چاغدا توختى يورغا بىر ئاپتوماتنى تىقىۋاپتۇ، بۇنى باشقىلار ئالدىراشچىلىقتا بىلەلمەي قاپتۇ. لېكىن، توختى يورغىنىڭ ئاغىنىسى غوجاش كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ: «بۇ بىرنېمىنى ئەمدى نېمە قىلىسەن، ئۇرۇش تۈگىگەن تۇرسا؟» «لازىمى بار، مەن

قايتىپ كەتسەم ھۆكۈمەت مېنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭا، جاڭگالغا كىرىپ كېتىپ، مۇشۇ بىرنېمە بىلەن ئۇۋچىلىق قىلىپ، جان ساقلايمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. توختى يورغا يولغا چىقىش ئالدىدا ئاپتوماتنى دۈمبىسىگە تېڭىپتۇ. ئۇزۇن جۇۋىسىنى كىيىپ تېشىدىن بېلىنى باغلىۋاپتۇ. باشقىلار ھەيران بولۇپ: «ھاۋا ـ جاھان ئادەمنى كۆيدۈرگۈدەك شۇنچە قاتتىق ئىسسىق تۇرسا، يەنە نېمىشقا ئۇنداق جۇۋا كىيىۋالدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ: «بېلىم ئاغرىپ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ، يولدا ئاۋارە قىلمىسۇن دەپ جۇۋا كىيىۋالدىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەنجانباي ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى: «ئەجەبا ئىسمىمۇ، لەقىمىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىكىنا؟ جاھاندا ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىسمى، لەقىمى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۇنداق ئادەملەرغۇ خېلى بار. لېكىن، قانداق بولۇپ...» ئۇ سايىت نەزەردىن سوراپ قالدى:

— توختى يورغا دېدىڭىزما؟ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ مۇشۇنداق توختى يورغا دەيدىغان بىر ئادەم بولىدىغان، ئىسمىمۇ، لەقىمىمۇ ئەجەب ئوخشايدىكەن، قاغىلىقتىن دېگەندەك قىلىۋىدى، ئىلگىرى سىز ئۇنى كۆرگەنمىدىڭىز؟

— ھەئە كۆرگەن، مەن بىلەن بىر باتالىيوندا ئىدى. ئىلگىرى ئۇ گومىنداڭنىڭ 18 ـ پولكىنىڭ ئەسكىرى ئىكەن، تېخى ئىككى ئاي ئىلگىرىلا قېچىپ كېلىپ بىزگە قوشۇلغان ياراملىق يىگىت ئىدى. ئېھتىمال سىز كۆرگەن ئاشۇ ئادەم مەن گېپىنى قىلغان توختى يورغا دېگەن ئادەمنىڭ دەل ئۆزى بولۇشى مۇمكىن.

سايىت نەزەر يەنە بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ، قايناپ سۆزلەۋەردى:

— بىز بۇ بىتىمگە كۆپ بەدەل تۆلەپ كەتتۇق. قارىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەپ،

توگىشىپلا كېتىدىغان ئوخشايمىز. ماڭا بىزنى مۇشۇنداق ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە مۇپتىلا قىلغان بۇ بىتىمنى تۈزۈشكە يېگىپ بولمايدىغان بىسىم سەۋەب بولغاندەك، بۇ بىتىمنىڭ تېگىگە يەنە قانداقتۇر بىز بىلىپ بولمايدىغان بىر سىر يوشۇرۇنۇپ تۇرغاندەكلا تۇيۇلىۋاتىدۇ. لېكىن، بۇ قانداق بېسىم ئىكەنلىكىنى، قەيەردىن كەلگەنلىكىنى مەن زادىلا بىلەلمىدىم. ئېھتىمال بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىزمۇ، سىزمۇ، ھەممىمىز ئوخشاشلا بۇ سىرنى مەڭگۈ بىلەلمەي بۇ جاھاندىن مۇشۇنداقلا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز.

مۇشۇنداق دەھشەتلىك پاجىئەلەر باشقا جايلاردىمۇ يۈز بەرمەكتە ئىدى. يۇرتلىرىغا قايتۇرۇلغان تۈركىي - تۈركىي ئىنقىلابچىلارنىڭ يول ئۈستىدىلا ئەنە شۇنداق دەھشەتلىك ھالدا باستۇرۇلغانلىقى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنىمۇ چالا قويماي چاناپ قىيما - چىيما قىلىۋېتىلگەنلىكى، بەزىلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرىنى تاشلىۋەتكەن يەرلىرىدە يۇرتلىرىغا قايتىدىغان يولدىكى ئۆستەڭلەرنى پارە - پارە قىلىپ تاشلىغانلىقى، يوللاردا قېچىپ ئامان قالغانلىرىمۇ يەنە تۇتۇلۇپ قېلىپ جادۇغا بېسىپ تۇغراپ، دەرەخلەرگە مىخلاپ، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى ئېچىنىشلىق شۇم خەۋەرلەر بۇ يەرگە كۈندە دېگۈدەك تەرەپ - تەرەپلەردىن ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. يۇرت زومىگەرلىرى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى، ئۇلار چوماقچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ، ئۆيمۇئۆي، مەھەللىمۇمەھەللە، كوچىمۇكوچا چالا قويماي ئاختۇرۇپ- ئىنقىلابچىلارنى ئىزدەيتتى، تۇتۇۋالسا ئۆلتۈرۈپ تاشلايتتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئايغاقچىلىرى شەھەرمۇشەھەر قاتراپ لاللما ئىتلاردەك پۇراپ يۈرۈپ ئۆز يۇرتلىرىدىن چىققان ئىنقىلابچىلارنى ئىزدەيتتى، ئۇلارنىڭ دېرىكىنى ئالغان ھامان ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا چېقىپ قويۇپ ئۆلتۈرگۈزۈۋېتەتتى. يۇرت زومىگەرلىرى چوماقلاپ، پىچاقلاپ، قىلىچلاپ، ئېگىز ھاڭلاردىن

تاشلاپ، ئاتلارغا سۆرتىپ، قۇرۇق قۇدۇقلارغا تاشلاپ، تىرىك كۆمۈپ، دەرەخلەرگە ئېسىپ، دەرەخلەرگە مىخلاپ، ئېتىپ... ئۆلتۈرۈۋەتكەنلەرنىڭ سانىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇلار تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، شۇ قاتاردا ئىنقىلابچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى، ھەتتا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىمۇ ئامان قويمىدى. سازايى قىلىپ ئۆلتۈردى، تۇتقۇن قىلدى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، ئۆي ـ ماكانلىرىنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىۋەتتى.

بۇ يەرگە جەم بولغان كۇرسانتلارنىڭ ھەممىسى تەرەپ ـ تەرەپلەردىكى قىسىملاردىن تاللانغان غوللۇق كوماندىرلار ئىدى. شۇڭا، ئۇلارغا ئۆز قىسىملىرىدىن يۇرتلىرىغا قايتۇرۇلغان ئىنقىلابچىلارنىڭ دەھشەتلىك ھالدا باستۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى ئېچىنىشلىق خەۋەرلەر كېلىپلا تۇراتتى. بۇ شۇم خەۋەرلەر ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇپ قان ـ زەرداب قىلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ جايىنى كۈندە دېگۈدەك يىغا ـ زار قاپلاپ كەتتى.

* * *

ئەنجانباي بىر كۈنى بىرىگادا كوماندىرى تاھىر بەگنى ئىزدەپ خېلى ئاۋارە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن سوراپ سۈرۈشتۈرۈپ، ئىزدەپ يۈرۈپ ئاخىر ئۇنى جىلغا ئىچىدە ئات يۇيۇۋاتقان يېرىدىن ئاران تاپتى. ئىلگىرى ئۇلار بىللە ئوقۇپ، بىللە ئويناپ يۈرۈپ تەڭ چوڭ بولغان، كېيىنچە يەنە بىللە ئوۋچىلىق قىلىپ يۈرۈپ ماھارىتىنى تەڭ ئۆستۈرۈپ ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا ئۇستا مەرگەنلەردىن بولۇپ يېتىشكەن قەدىناس ئاغىنىلەردىن ئىدى. تاغ ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن تاھىر بەگ بىرىگادا كوماندىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئۇنىڭ باشلىقى بولۇپ كەلمەكتە ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار مەن چوڭ، سەن كىچىك دېمەي ئۇچرىشىپ قالسىلا بالدۇرقىدەكلا ھازىرغىچە چېلىشىپ، قول قايرىشىپ كۈچ سىنىشىپ، ناخشا ـ ئۆلەڭ

ئېيتسپ كۆڭۈللىرىنى ئېچىپ يۇرۇشەتتى. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيانقى ئون بىر ماددىلىق بىتىمنىڭ ئېچىنىشلىق بېسىمى تاھىر بەگنىمۇ قاتتىق چۆچۈتۈپ غەزەپلەندۈرۈۋەتكەنىدى. ئىلگىرى سەل قىسىق كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، قىزغۇچ لەۋلىرىدىن پىستىڭ ـ پىستىڭ كۈلكە كەتمەيدىغان خۇش چاقچاق، شوخ بۇ ئادەم مانا ئەمدى تولا چېچىلىدىغان، تېرىككەك، قاپىقىدىن قار يېغىپلا تۇرىدىغان، غەلىتە مىجەزلىك توڭ بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى، باشقىلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۇرىدىغان، بەزىدە تېخى خېلى يېقىن ئادەملىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. پەقەت ئەنجانباي بىلەنلا ئانچە ـ مۇنچە مۇڭدىشىپ قوياتتى، باشقىلار بىلەن كارى بولمايتتى. غەمكىن ـ قايغۇلۇق كۆرۈنەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئەنجانباينى كۆرۈپ سەل ئېچىلغاندەك بولدىيۇ، لېكىن شۇ هامان يەنە چىرايى تۇتۇلۇپ كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش ئالدى.

— نېمە بولدۇڭ، بەكلا ياداپ كېتىپسەنغۇ؟ مىجەزىڭ يوقمۇ؟

— ياق، — دېدى تاھىر بەگ ئاتنى يۇيۇۋېتىپ، — نېمە بولغانلىقىم ئۆزۈڭگە ئايان. بىز ئالداندۇق، بىتىم بىزنىڭ بېشىمىزغا چىقتى. ئادەملىرىمىز چېچىلىپ قىرىلىپ تۈگىشىۋاتىدۇ. بىز ئەمدى خەلققە نېمە دەيمىز؟ كىشىلەرنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمىز؟ بىزگە ئىشىنىپ ئىنقىلابقا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىنى بىتىم گۆرگە ئىتتىرىۋەتتى! بىز گومىنداڭچىلارنى يوقىتالمىدۇق، ئەكسىچە گومىنداڭچىلار بىزنى يوقىتىۋەتتى. غەزىپىم قايناپ زادىلا بولالمايۋاتىمەن. ئەمدى بىزگە ئۆلۈۋېلىشتىن باشقا يول قالمىدى.

— نېمە، نېمە؟ ئۇنداق دېمە! بىزگە يەنە يول بار!

— يول، قانداق يول ئۇ؟ ئەمدى بىزدە ھېچقانداق يول قالمىدى ياكى چەتكە قاچاي دەمسەن؟ ناۋادا شۇنداق خىيالىڭ بولىدىغان بولسا، مۇشۇ تۇرغان جايىڭدىلا مېڭەڭدىن تۇتۇن چىقىرىۋېتىمەن. لېكىن، سېنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىڭدىن، ئىش ـ

ھەرىكەتلىرىڭدىنىغۇ ئۇنداق يامان نىيىتىڭ بارلىقىنىمۇ سېزەلمىدىم، ئۇنداق يامان ئويدا بولمايدىغانلىقىڭنىمۇ ئوبدان بىلىمەن. بىزنىڭ يىلتىزىمىز قىرقىلغان، ماڭىدىغان يوللىرىمىز ئېتىلگەن تۇرسا، يەنە يولنىڭ گېپىنى قىلغىنىڭغا قاراپ شۇنداق دەۋاتىمەن. بىز شۇ تاپتا خۇددى يىلتىزى قىرقىلغان دەرەخكىلا ئوخشاپ قالدۇق، يىلتىزى قىرقىلغان دەرەخ ھامان قۇرۇپ تۈگەيدۇ.

— ياق، بىزنىڭ يىلتىزىمىز بار، خەلق بىزنىڭ يىلتىزىمىز.

— نېمە دېمەكچىسەن؟ يەنە ئۆتكەن قېتىملاردىكى گەپلىرىڭنى تەكرارلىماقچى ئوخشىمامسەن؟ داۋاملىق جەڭ قىلايلى دەپ مېنى ئۆز گېپىڭگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن يەنە قىستىماقچىمۇ سەن؟ بولدى قوي، ئەمدى ئۇنداق بىمەنە گەپلىرىڭنى ماڭا قايتا دېگۈچى بولما. ياق، مۇمكىن ئەمەس، ئەمدى بىز تۈگەشتۇق.

— شۇنداق، مەن بۈگۈن دەل مۇشۇ ئىشنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن سېنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم. دوستۇم، بىزنىڭ پولكىمىز تېخى تارقاپ كەتمىدى. سەن بېلىڭنى قويۇۋەتمە، بىرلىكتە قوشۇننى يەنە كېڭەيتەيلى. دۈشمەنگە ئارام بەرمەيلى. شۇنداق قىلساق خەلق يەنە قوزغىلىدۇ.

— خام خىيال، ھەممىسى ئاقمايدۇ، قۇرۇق گەپ. خەلق ئەمدى بىزگە ئىشەنمەيدۇ، بىزگە ھەرگىز ئەگەشمەيدۇ. قوشۇننى كېڭەيتىش مۇمكىن ئەمەس، ھازىرقى ھالىتىنىمۇ ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. ھازىر ھەممىدىن مۇھىمى ئامال قىلىپ جاننى ساقلاپ قېلىش، پۇرسەت كۈتۈش.

— بىزگە يەنە ياردەم قىلساڭ بولاتتى.

— دېگىنە، قانداق ياردەم قىلىمەن؟ قولۇمدىن كەلسىلا ئىلاجىنى قىلىمەن.

— ئۆزىمىزنى قوغداپ تۇرغۇدەك بىرەر تالمۇ قورال - يارىغىمىز قالمىدى.

تاھىر بەگ ئاتنىڭ ئۈچىنى سىلاپ تۇرۇپ بىرھازاغىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— ھە، مانا ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، — دېدى ئۇ ئەنجانبايغا قاراپ، — ئىنقىلاب باشلانغان چاغدا مەن مۇجىدا ئاززاق قوراللارنى تاشلاپ قويغاندەك قىلىۋىدىم، قورال - ياراغدىن غېمىمىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ قوراللارنى ئەكېلىۋېلىشمۇ ئېسىمگە كەلمەپتۇ. سانى ئاززاق، ئارانلا ئۈچ ئاپتومات، ئىككى پىلىموت، يەنە بەش - ئالتىدەك مىلتىق، بەش - ئالتە قاپتەك ئوق - دورا بارلىقى ئېسىمدە، ھازىرچە ئاز بولسىمۇ شۇنى ئەكېلىۋېلىڭلار. ماڭىدىغان چاغدا مەن بىلەن كۆرۈشۈڭلار. قورال بار جاينى ئوبدان دەپ بېرەي. مېنىڭ ھازىرچە ئۈنىڭدىن باشقا ئىلاجىم يوق. لېكىنزە دوستۇم، سەن ئەمدى كاجلىقىڭنى تاشلا، پىنھان جايدا ھاياتىڭنى ساقلاپ پۇرسەت كۈت. ئۇنداق جايلارنى مەن ئوبدان بىلىمەن، ھاياتىڭدىن ئەندىشە قىلىۋاتىمەن. مېنىمۇ ھازىرچە جەڭگە چىقىشقا زورلاۋەرمە، ۋاقتى ئەمەس.

— قىلغان ياردىمىڭگە رەھمەت دوستۇم. سەنمۇ ئەمدى مېنىڭ يولۇمنى توسما !

تاھىر بەگ ئاتنى يېتىلەپ ئاتخانا تەرەپكە كېتىۋېتىپ يەنە غودۇڭشىپ قويدى:

— بولدى سەن ئەمدى بۇ كۆرستىن كەت. پايدىسى قالمىدى. جەنۇبىي شىنجاڭ مىللىي ئارمىيىسىنى قۇرۇش پىلانى سۇغا چىلىشىپ تۇگەشكەن تۇرسا، يەنە نېمىنىڭ غوللۇق كادىرى بولماقچىدىڭ؟ ئۆگىتىدىغان ئادەمنىڭمۇ تايىنى يوق. بۇ يەردە ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەپ يۈرگۈچە تۇرمىغان ياخشى، ھاماقەت !

* * *

شۇ كۈنى ئاخشىمى شىغاي ئەنجانباينى ئىزدەپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئابلا موللىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

ئابلا موللا ياراملىق رازۋېدكىچى ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ رازۋېدكىچى ئىكەنلىكىنى پەقەت جامالىدىن بىلەن ئەنجانبايلا بىلەتتى. ئادەتتە ئۇ ئىككى كوماندىرنىڭ مەخسۇس خىزمەتچىسى سۈپىتىدە ئۇيان ـ بۇيان چېپىپ يۈرۈپ، يوگۇر ـ يېتىم ئىشلار بىلەن ئالدىراش يۈرگەندەك كۆرۈنەتتى. ئاغزىغا بىر چىمدىم ناسۋالنى سېلىۋېلىپ گەپ ـ سۆزلەرگە ئارىلاشماي جىمجىت يۈرەتتى. پات ـ پات سودىگەر سىياقىغا كىرىۋېلىپ كالا، قوي، ئاشلىق سودىسى قىلاتتى. بازارلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ كىشىلەرگە چاندۇرماي دۈشمەن ئەھۋالىنى تىڭ تىڭلاشقا ئۇستا ئىدى. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، زەيدىن بەگنىڭ ئۆزىنىڭ گېپىنى باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۇيان ـ بۇيان قارىۋېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ قۇلاقلىرىغا كوتۇلداپ يۈرۈشلىرى ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بىر كۈنى ئۇ گازارمىنىڭ ئىچىنى تازىلاۋاتقاندا بىر ئۆينىڭ ئىچىدىن زەيدىن بەگنىڭ بىرى بىلەن پەس ئاۋازدا سۆزلىشىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قېلىپ، ئۇنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويىدۇ:

— سەنزە، قارىۋاي، خوتۇن ـ بالاڭنى تازا سېغىنغان ئوخشىمامسەن؟ بالىلارنى كۆرسەڭلا كۆتۈرۈۋالىدىكەنسەن، ئەركىلىتىپ ھالىڭ قالمايدىكەن. ئەر كىشىلەرغۇ شۇنداق بولىدۇ، خوتۇن سېغىنىپ قالسىلا بالا ئەركىلىتىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ۋۇي قاۋۇز، سەن نېمىشقا ئۇنداق سەت ھىجىيىسەن؟ سەن ئۇنى مازاق قىلىۋاتامسەن تېخى. سەن ھارامزادىمۇ بوشاڭ ئادەم ئەمەس جۇمۇ، خوتۇن ـ قىزلارنى كۆرسەڭ كۆزلىرىڭ ئويناپ،

خۇمارلىشىپ ئېلىشىپلا كېتىدىكەن، يۇرتۇڭلاردا خوتۇن - قىزلار خېلى كەڭرىدۇ؟

— ھەئە، خېلى كەڭرى. قاندىقىنى ئالاي دېسەم ياق دېمەيدۇ، شۇغىنىسى يۇرتقا بېرىشنىڭ ئىلاجى بولمىسا...

— مەنمۇ شۇ تاپتا خوتۇن - بالىلىرىمنىڭ غېمىدىلا قالدىم. ئاڭلىسام، ئىنقىلابچىلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى تۇتقۇن قىلىۋېتىپتۇمىش. ئۇلاردىن ئەنسىرەپ يۈرىكىم پوك - پوك، بېرىپ يوقلاپ كېلىشنىڭ تېخى ئىلاجى يوق. كاللا كېتىدىغان گەپ. قانداق قىلىشنى بىلەلمەيلا قالدىم، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ قېتىپ، تېشىمۇ قېتىپ...

— كاللا كەتمەسلىكنىڭ يولىنى قىلالىساقلا، ئىلاجى تېپىلىپ قالىدۇ.

— قانداق يولىنى قىلىمىز؟

— خۇدايىمدىن تىلەيمىز، خۇدايىم بىزگە باشپاناھ بولىدۇ، يول كۆرسىتىدۇ.

ئۇلار پىچىرلىشىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشىدۇ، لېكىن ئابلا موللا ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى ئاڭلىيالمايدۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئۇلار يېنىپ چىقىدۇ. ئۇ ھېچنېمىنى كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغان بولۇۋېلىپ، بەخىرامان ھالدا ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىدۇ، زەيدىن بەگنىڭ ئۆزىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ تۇيۇپ تۇرىدۇ.

ئابلا موللا ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى جامالىدىنغا دوكلات قىلىدۇ.

— ئۇ ئادەمنىڭ قورسىقىدا جىن باردەك قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا نېمىشقا قىلغىلى گەپ تاپالمىغاندەك ئۇلارغا ئەنە شۇنداق خوتۇن خەقلەرنىڭلا گېپىنى قىلىدۇ؟ نېمىشقا سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ قۇيۇپ ئۇلارنى يۇرتقا كېتىشكە قىزىقتۇرىدۇ. يەنە تېخى كاللا كەتمەسلىكنىڭ يولىنى قىلساقلا ئىلاجى تېپىلىدۇ دەيدۇ. كاللا كەتمەسلىكنىڭ يولى ئىككى قولىمىزنى

ئېگىز كۆتۈرۈپ دۈشمەنلەرگە باش ئېگىش ! ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. مۇشۇنداق تەتۈر پۇتاق گەپ - سۆزلەر ئادەمنى غەم - ئەندىشىگە سېلىپ قويىدىكەن. پەخەس بولمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

جامالىدىن ئۇنىڭ بۇ دوكلاتىنى ئاڭلاپ بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ.

— ھەي ئەخمەق. ئۇنىڭ ئۇنداق دېگىنى ئۇلارنى يۇرتىمىغا قايتىشقا قىزىقتۇرغانلىق ئەمەس، چاقچاق گەپ، چاقچاق، ئۇقتۇڭمۇ؟ ئەر كىشىلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ قالسىلا ئەنە شۇنداق خوتۇن خەقلەرنىڭ گېپىنى قىلىپ چاقچاق قىلىشىدۇغۇ، بۇ بار گەپقۇ؟ سەنمۇزە، بەك گۇمانخور بولۇپ قاپسەن جۇمۇ !

كېيىن ئابلا موللا جامالىدىننىڭ زەيدىن بەگكە نەسىھەت قىلىپ دېگەن گەپلىرىنىمۇ ئاڭلاپ قالىدۇ.

— سىز دېگەن كوماندىر. بۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارغا خوتۇن - قىزلار توغرىسىدا ئۇنداق بولمىغۇر چاقچاقلارنى قىلماڭ، بەزىلەر كۆڭلىڭىزنى خاتا چۈشىنىپ قالمىدىكەن، دىققەت قىلىڭ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئابلا موللا زەيدىن بەگنىڭ ئۆزىگە يەر تېگىدىن ئالىيىپ، ھومىيىپ قارايدىغان، يەنە تېخى قاۋۇز ئالىغايىنىڭمۇ ئۆزىگە يىراقتىن سەپسېلىپ قاراپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ قالىدۇ. كۆڭلى غەش بولغان ئابلا موللا بۇ ئەھۋاللارنى شىغايىغا سۆزلەپ بېرىدۇ. ئاندىن: «ئەنجانباي بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر، ئۇ بىلىپ قالسا ئوبدان بولاتتى. ئۇنىڭغا دوكلات قىلاي دېسەم ئۇ تەرەپلەرگە بېرىشقا پۇرسەت بولمايۋاتىدۇ. ھەي ! ... بىزنىڭ ئىشىمىز چاتاق» دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالىدۇ.

دەل شۇ كۈنلەردە ئويتاغ پولكىدا ئاشلىق قەھەتچىلىكى يۈز بېرىدۇ. ئىنقىلابچىلارنى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرۇش بۇيرۇقى ئېلان

قىلىنغاندىن كېيىن، يۇقىرىدىن ئۇلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى توختىتىپ قويغانلىقى، شۇنداقلا ئەسلىدىلا ئۇلارغا ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان ئۇپال، تاشمىلىق، ئاقتۇ، يېڭىسار تەرەپلەردىكى يېزىلار ئاللىقاچانلا گومىنداڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىپ، يول - يوللار قامال قىلىنغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئاشلىق مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئويتاغ پولكىدىكى زاپاس ئاشلىقلارنىڭ ھەممىسى تۈگەپ كېتىپ، يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئادەملەر ئاچ - توق يۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. جامالىدىن يۈز بەرگەن بۇ ئاشلىق قەھەتچىلىكىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرىدۇ. لېكىن، ھەل قىلالمايدۇ. ئاخىر ئىلاجسىز قېلىپ ئابلا موللىنى ئاشلىق تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ماڭدۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئابلا موللا كەتكەندىن كېيىن قاۋۇز ئالىغايمۇ كۆرۈنمەي قالىدۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ قاۋۇز يەنە پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئارىدىن يەنە ئۈچ كۈن ئۆتكەندە مۇنداق بىر شۇم خەۋەر يېتىپ كېلىدۇ: ئابلا موللا تاشمىلىقتا تونۇش - بىلىشلىرىدىن نەق پۇلغا ئون نەچچە تاغار ئاشلىق سېتىۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ ئاشلىقلارنى ئات - ئېشەكلەرگە ئارتىپ، تۆگمەنگە بارىدىغان بىرقانچە ئادەملەرگە قېتىلىپ يولغا چىقىدۇ. قوشتۆگمەنگە ئاز قالغاندا ئۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان گومىنداڭنىڭ يىگىرمە نەچچە ئەسكىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. ئۇ پەقەت بىرلا ئەسكەرگە پىچاق سېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئارانلا ئۈلگۈرىدۇ. لېكىن، ئۆزى تۇتۇلۇپ قالىدۇ. گومىنداڭچىلار ئۇنى بازار كۈنى سازايى قىلىپ بولۇپ ئاندىن ئاتىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ.

مەسۇم چوڭ ئابلا موللىنى قۇتۇلدۇرۇۋالماقچى بولىدۇ. لېكىن، قوراللارنىڭ ھەممىسى ئاللىقاچان يىغىۋېلىنغانلىقتىن، ئۇلار ئامالسىز قالىدۇ. شۇڭا، مەسۇم چوڭ ئىلاجسىز ھالدا يىگىرمە نەچچە ئادەمنى پەقەت پىچاق بىلەنلا قوراللاندۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار شەنبە كۈنى، يەنى تاشمىلىقنىڭ بازىرى

بولىدىغان كۈندىن بىر كۈن بۇرۇن تاڭ سەھەردىلا يولغا چىقىدۇ. كېچىسى يەلكەن ئەتراپىدا يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ، ئەتىسى ئاتلىرىنى كىشىلەرنىڭ ئېغىللىرىغا يوشۇرۇپ قويۇپ بازارچىلارغا ئارىلىشىۋالىدۇ. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بازارغا كىرىدىغان چوڭ - كىچىك يوللارنى، بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنى، ھەتتا ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىنىمۇ چالا قويماي قورشىۋېلىپ، بازارچىلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋالىدۇ. نۆۋەت بويىچە بىردىن - بىردىن تەكشۈرۈپ ئاختۇرۇپ بولۇپ ئاندىن ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا، دۆۋە - دۆۋىلەپ ئادەملەر قىستا - قىستاڭچىلىقتا نۆۋەت كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەسۇم چوڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئادەملىرىگە چۈشكە يېقىن ئاران نۆۋەت كېلىدۇ. ئۇلار بازارغا كىرىپ مال بازىرىغا يېقىنلاشقاندا، مال بازىرىنىڭ ئىچىدىن گۈم - گۈم ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالىدۇ. ئۇلار چۆچۈپ ئۇلاغ بازىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەلگەندە غىچچىدە قانغا بويىلىپ ياتقان ئابلا موللىنىڭ جەسىتىگە كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋاقتىدا ئۇلگۈرۈپ كېلەلمىگەنلىكىدىن ئۆكۈنۈپ ئۆزلىرىنى كاچاتلىشىپ ئىچىدە يىغلىشىدۇ. غەزىپىگە پايلىماي ئۈچ ئەسكەرنى پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ قوراللىرىنى ئېلىۋېلىپلا بەدەر قاچىدۇ. بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن قاتتىق گاڭگىراپ قالغان دۈشمەنلەر ھوشىنى يىغىپ بولغۇچە ئۇلار تاملارنىڭ دالدىسى بىلەن قېچىپ خېلى ئۇزاپ كېتىدۇ. شۇ ئارىدا ئاتلارنىڭ قېشىدا قالغان ئۈچ ئادەم ئاتلارنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ بولىدۇ. ئۇلار ئاتلارنى مىنىپ ساق - سالامەت، لېكىن ئابلا موللىنى قۇتۇلدۇرالمىغانلىقىغا ئۆكۈنۈپ، كۆڭۈللىرى غەمكىن - مەيۈس ھالدا قايتىپ كېلىشىدۇ.

شىغاي بەك ھېرىپ كەتكەنىدى. ئۇ بۇ ۋەقەنى بايان قىلىپ بولۇپلا كۆش - كۆش تىنىپ ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. ئەنجانباي كىچىچە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئاھ ئۇرۇپ تاڭنى ئاتقۇزدى. ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە شىغايغا مۇنداق دېدى:

— سەن بېرىپ تاھىر بەگنى ئىزدەپ تاپ. ئۇنىڭغا سېنى مېنىڭ ئەۋەتكەنلىكىمنى دېگىن. ئۇ ئاغىنەم بىزگە ئازراق قورال بەرمەكچى. ئۇ قورالـلارنىڭ قەيـەردە ئىكەنلىكىنى ئۇ ساڭا دەپ بېرىدۇ، سەن ئۇ قورالـلارنى ياندۇرۇپ ئەكېلىپ جامالىدىنغا تاپشۇرۇپ بەرگىن. ئاندىن چاقچاقىراق كېلىپ بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىنى ماڭا خەۋەر قىلغىن. لېكىن، پەخەس بولغىن، ھېچقانداق ئادەم تۇيۇپ قالمىسۇن.

— خوپ، بەك بەلەن گەپ بولدى، ھازىرلا ماڭاي.

ئۈچ كۈندىن كېيىن شىغاي قايتىپ كەلدى.

— ئىككى پىلىموت، ئۈچ ئاپتومات، بەش مىلتىق، يەتتە قاپ ئوق - دورىنى تۆگە هارۋىسىغا سېلىپ، ئۈستىگە ئوت - خەسلەرنى ئاسمان - پەلەك بېسىپ ياندۇرۇپ كەلدىم. جامالىدىن ئاكام خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ئوبدان بوپتۇ. بىز يەنىلا قورالنىڭ غېمىنى قىلايلى. ساڭا يەنە بىر ۋەزىپە بار. ئاڭلىسام، تۇنۇگۈن ھامۇت ھاجى، توختاروف، ئابدۇقادىر، ئالىپشاھ قاتارلىق بىرنەچچە ئادەم گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن بۇ يەرگە كەپتۇمىش، ئۇلار بىزدىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن ئولجا ئالغان قورالـلارنى قايتۇرۇۋالماقچى ئىكەن. بۇ بىتىمنىڭ روھىغا ئۇيغۇنمىش. شۇڭا، ئۇلارغا بىر قىسىم قورالـلارنى قايتۇرۇپ بېرىدىغان ئوخشايمىز. سەن بېرىپ قورال - ياراغ ئامبىرىنى يىراقتىن كۆزەتكىن، ناۋادا ئاشۇ قورال - ياراغلارنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەن ئات - ئۇلاغ، ھارۋا ياكى ماشىنا قاتارلىق بىرنەرسىلەرنى بايقاپلا قالساڭ ماڭا دەرھال خەۋەر قىلغىن. بۇ قېتىممۇ بەك پەخەس بول، بۇ ئىشىمىزنىمۇ باشقىلار سېزىپ قالمىسۇن، بولمىسا چاتاق چىقىدۇ.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنلا شىغاي ئۇنى ئىزدەپ كەلدى.

— ئۈچ ماشىنا كېلىپ ئامبارنىڭ ئالدىدا توختىدى.

ئۇلار شۇ ھامان يولغا چىقىپ، تاڭ سەھەردىلا ئويتاغقا يېتىپ

كەلدى. جامالىدىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مەسئۇم چوڭنىڭ باتالىيونىدىن ئەللىك ئادەمنى تاللىدى. ئۇلارنى تاھىر بەگ بەرگەن قوراللار ھەم پالتا، كەكە، كەتمەن، ھەرىلەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا يولغا چىقتى. تاڭ سۈزۈلگەندە ئويتاغ ئاغزىدىن ئۆتتى. تاغ ئارىلاپ مېڭىپ چۈشكە يېقىن گەز دەرياسىدىن ئايرىلىدىغان تەتۈر ئۆستەڭ بىلەن چالمائېرىق ئارىلىقىدىكى بىر جىلغىنىڭ بويىغا يېتىپ كېلىپ توختىدى. بۇ جىلغا كەڭ ھەم چوڭقۇر ئىدى. سۇ ئىككى قاشقالەڭ ئۇرۇپ شارقىراپ ئېقىپ تۇراتتى. دەل مۇشۇ جىلغىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان «زاكو كۆۋرۈكى» دەپ نام ئالغان بۇ چوڭ كۆۋرۈك جىلغىنى كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ يولنى تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ يېقىن ئەتراپتا ماشىنا ماڭالىغۇدەك تۈزۈكرەك يولمۇ يوق ئىدى.

ئەنجانباي باشلاپ كەلگەن ئادەملىرى بىلەن سۇغا كىرىپ كۆۋرۈكنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى ئىككى قاتار تۈۋرۈكلىرىنى چالا قويماي ھەرىدەپ كېسىۋەتتى، مىخلىرىنى قومۇرۇپ توغرىسىغا قويۇلغان ياغاچلارنى بوشىتىۋەتتى. شۇ تاپتا كۆۋرۈكنىڭ ياغاچلىرى ئۈستىدىن بىرەر ھارۋا ئۆتۈپ قالسىمۇ كۆتۈرەلمىگۈدەك ھالدا لاكاسلاپ – لىغىرلاپ قالغانىدى. دەل شۇ چاغدا كۈنچىقىش تەرەپكە چارلاشقا كەتكەن ئادەم ئات چاپتۇرۇپ قايتىپ كېلىپ قالدى.

— ئۈچ ماشىنا كېلىۋاتىدۇ.

شۇ ھامان ئەنجانباينىڭ بىرلا ئىشارىتى بىلەن ھەممە ئادەم دەرھال يوشۇرۇنۇۋېلىشتى. دېگەندەك، يىراقتىن توپا – چاڭلار كۆتۈرۈلۈپ، ماشىنىلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ماشىنىلار يېقىنلاشقان ھامان ھېلىقى چارلىغۇچى ئەنجانباي بەلگە قىلىپ قويغان تاشنىڭ يېنى بىلەن ئاتنى بەخىرامان ھالدا ماڭدۇرۇپ ئاياغ تەرەپكە يورۇپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ ماشىنىدىكىلەرگە «كۆۋرۈك ساق» دەپ قەستەنگە قىلغان بېشارىتى ئىدى.

ماشىنىلار توپىلارنى توزىتىپ، بىر - بىرىگە يىگىرمە - ئوتتۇز قەدەمدەك ئارىلىق قالدۇرغان ھالدا گۈرۈلدەپ كېلىپ كۆۋرۈككە يېقىنلاشقاندا، تېزلىكىنى ئاستىلىتىپ مېڭىۋەردى - دە، ئالدىدىكى ماشىنىنىڭ ئالدىنقى چاقلىرى كۆۋرۈك ئۈستىگە چىقىشى ھامان كۆۋرۈك گۈرۈلدەپ ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ماشىنىنىڭ ئالدى پەسكە، ئارقىسى ئاسمانغا قاڭقايغان ھالدا كەپلىشىپ قالدى. ئارقىدىكى ماشىنىلارمۇ بىر - بىرىگە گۈم - گۈم ئۇرۇلۇپ سوقۇلۇپلا توختىدى. شۇ ئارىدا ئەنجانباينىڭ ئادەملىرى تەرەپ - تەرەپلەردىن ئېتىلىپ چىقىپ ماشىنىلارغا تاشلاندى - دە، بۇ ھادىسىدىن چۆچۈپ كېتىپ گاڭگىراپ خۇدىنى يوقاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى بىردەمدىلا قورالسىزلاندۇرۇپ قويۇپ، ھاي - ھۇي دېگۈچە ئارىلىقتا ھېچقانداق چىقىمسىزلا ماشىنىلارغا پەۋەس بېسىلغان زەمبىرەك، توپ، مىنامىيوت، پىلىموت، ئاپتومات، مىلتىق قاتارلىق قوراللارنىڭ ھەممىسىنى قولغا چۈشۈرۈپ بولدى. لېكىن، بىرەر تالمۇ ئوق - دورا تېپىلمىدى. بۇ ماشىنىنىڭ ھەربىرىنى بەش - ئالتىدىن ئەسكەر مۇھاپىزەت قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئوق - دورا بولمىغانلىقتىن كۆڭۈللىرى يېرىم بولغان بولسىمۇ، لېكىن قوراللارنى ئاتقا سۆرىتىپ، ئارتىپ ئويناغقا قايتىپ كېلىشتى.

ئەنجانباي سۇباشىدىكى كۇرسقا قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئاخشىمى تاھىر بەگ ئۇنى ئىزدەپ كەلدى.

— دوستۇم، — دېدى ئۇ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا ئەنجانباينىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، — قوشۇنىمىز ھالاك بولدى، بىز ئەمدى تۈگەشتۇق، بىز بۇ يەردە تۇرىۋەرمەي جاننى ياقىغا ئالايلى، يىراقلارغا بىللە كېتەيلى. سېنى تاشلاپ كېتىشكە زادىلا چىدىمىدىم. ئۇنداق قىلما، مېنى قىينىما، مەن بىلەن بىللە كېتىشكە ماقۇل بولغىن.

ئەنجانباي ھەيران قالدى:

— نېمە بولدۇڭ؟ غەلىتىلا بولۇپ قاپسەنغۇ، گەپلىرىڭ

تېخىمۇ غەلىتە، تاققا ـ تۇققا سۆزلەپ.

— بىز غەلىتە ئەمەس، جاھان غەلىتە. باشقا گەپنى قوي، بىز ئورۇسلار تەۋەسىگە بىللە كېتەيلى. بىزگە مۇشۇنداق قىلىشتىن باشقا ئىلاج قالمىدى. ئورۇسلار تەۋەسىدە جاننى ساقلاپ قېلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىنقىلاب ئۈچۈن تەييارلىنايلى، بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قارارىم، بىللە كېتەيلى. سەندىن بەك ئەنسىرەپ قالدىم.

ئەنجانباي تېخىمۇ بەك ھەيران قالدى:

— ھوي، ئالجىپ قاپسەن جۇمۇ. نېمىشقا ئۇنداق سارائىدەك بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىسەن؟ سەن تېخى ئۆتكەن قېتىم چەتكە قاچىدىغان بولساڭ مېڭەڭدىن تۇتۇن چىقىرىۋېتىمەن، — دەپ ماڭا قوقاق سالمىغانمىدىڭ؟ ئۇ گەپلىرىڭ ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، مانا ئەمدى ئۆزۈڭ شۇنداق قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلىۋاتىسەنغۇ؟ بولدى قوي، ئۇنداق يامان خىياللاردا بولما.

— مەيلى نېمە دېسەڭ دەۋەرگىن، ساراڭ دېسەڭمۇ مەيلى، ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى. مەن شۇ چاغدىلا شۇنداق قارارغا كېلىپ بولغان، ئۇ چاغدا نېمە دەيدىكىن دەپ ئويلاپ، سېنىڭ قانداق خىيالدا ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن سېنى چېكىپ سىناپ باققانىدىم.

— بولدى، ئەمدى مېنى سىنىمايلا قوي. مەن ئۆزىمىزنىڭ خەلقىگە، مۇشۇنداق سۆيۈملۈك زېمىنغا مەنسۇپ، مۇشۇ زېمىن ئۈچۈن، خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جەڭ قىلىپ، مۇشۇ زېمىندا ئۆلۈپ كەتسەم رازى. مېنى يەنە قىچقىلىما، ئاۋارە بولما، بۇمۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قارارىم. سەن ئۇنداق يامان خىيالنى تاشلا، كەتمە، بىللە جەڭ قىلايلى.

— ياق، مەن كەتمىسەم بولمايدۇ، ماڭا جان لازىم. مەن ھەممە تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ بولدۇم، كېتىمەن. مەن سەندەك ئەخمەق ئادەمنى زادىلا كۆرمەپتىكەنمەن.

— دوستۇم، ئۇنداق دېمە. مېنىڭچە، خەلقىمىز مۇشۇنداق ئېغىر كۈلپەتكە قالغان چاغلاردا ئۇلارنى تاشلاپ كېتىش ئەڭ ئەخمەقلىق بولىدۇ. زېمىنىمىز، خەلقىمىز شۇ تاپتا سەندەك، مەندەك ئادەملەرگە موھتاج، ھەرگىز كەتمە. خەلقىمىزنى، زېمىنىمىزنى ھەرگىز گومىنداڭچىلارغا تاشلاپ بەرمەيلى، تۇزكور، مۇناپىق ئادەملەردىن بولۇپ قالمايلى. شۇنى بىلىپ قويكى، خەلقمۇ، زېمىنمۇ ئۆزىمىزنىڭ، تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

— مەنمۇ خەلقىمىزنى، زېمىنىمىزنى تاشلىۋېتىمەن دېمىدىمغۇ، كەتسەم يەنە كېلىمەن، كۈچ توپلاپ كېلىمەن، تاشلىۋەتمەيمەن. بۇ پەقەت ۋاقىتلىق ئىش، شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

— چەت دۆلەتكە كۆچۈكلەنمىسەڭمۇ بولىدۇ، كۈچ دېگەن ئۆزىمىزدە بار، كەتمىگىن.

ئۇلار شۇ ھالدا يېرىم كۈن مۇڭدىشىپ تاكاللاشتى. لېكىن، بىر ـ بىرىنى قايىل قىلالمىدى. كەچقۇرۇن ئۇلار بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقى ئۇچرىشىشى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆڭۈللىرى تۇيغاندەكلا بىر ـ بىرىگە چىدىمىغان، كۆڭۈللىرى بۇزۇلغان ھالدا يىغلىشىپ، قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ خوشلىشىشقا مەجبۇر بولۇشتى.

دېگەندەك، ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە، برىگادا كوماندىرى تاھىر بەگ، ھاكىم شېرىپ قاتارلىق ئون نەچچە يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇرىي باشلىقلارنىڭ ئۆزىگە تەۋە خادىملىرى بىلەن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىك خەۋىرى تارقالدى. شۇنداق قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ مىللىي ئىنقىلابى قوشۇنى قوماندان ھەم ئاساسلىق ئوفىتسېرلىرىدىن ئايرىلدى.

ئىگە ـ چاقىسىز قالغان كۈرسانتلارمۇ تارقاپ كەتتى. قالغان ئازغىنە ئىنقىلابچىلارمۇ مۇشۇ كۈنلەردە خۇددى پۇت ـ قوللىرى كېسىپ تاشلانغان مەجرۇھلارغىلا ئوخشاپ قالدى. تەرەپ ـ

تەرەپلەردىن قاتتىق قىيىن ـ قىستاقتا ئېلىنىپ، مېڭىش يوللىرى پۈتۈنلەي كېسىپ تاشلانغان شتاب باشلىقى، ھۆرمەتكە سازاۋەر پېشقەدەم ئىنقىلابچى، باش مەسلىھەتچى قاسىم تاش ئامالسىزلىقتىن 1946 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا قورۇق نامىلا قالغان جەنۇبىي شىنجاڭ ئىنقىلابىي قوراللىق قوشۇنلىرى قوماندانلىق شتابىنىڭ تارقالغانلىقىنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن «تاغ ئىنقىلابچىلىرى» نامى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغان، گومىنداڭچىلارنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىپ ئۆلارنى ئۆلۈم گىردابىغا مەھكۇم قىلىشقا يول ئاچقان جەنۇبىي شىنجاڭ مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇنلىرى تۈگەشكەندەك بولدى.

ئەنجانباي شۇ كۈنى ئاخشىمىلا ئالدىراپ يۈرۈپ قاسىم تاشنى ئىزدىدى. ئاخىر ئۇنى بىر ئۆيىنىڭ ئىچىدىن ئاران تاپتى. ئۇ قوللىرىنى كەينىگە تۈتقان ھالدا تام تەرەپكە قاراپ جىمجىمدە تۇراتتى. ئۇ، ئەنجانباينىڭ كىرگىنىنى تۇيۇپ تۇرسىمۇ يەنىلا تام تەرەپكە قاراپ تۇرىۋەردى.

— سالام شتاب باشلىقى، — دېدى ئەنجانباي قاسىم تاشقا ھەربىيچە سالام بېرىپ تۇرۇپ، مەن ئۈچتاغ پولكىدىكى بارلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىلتىماسىنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن قېشىڭىزغا كەلگەنىدىم، قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن.

شۇنىدىلا قاسىم تاش ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ «نېمە گەپ؟» دېگەندەك ئەنجانباينىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئەنجانباي ئۇنىڭ چىراي ـ تۇرقىنى كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى. ئۇ خۇددى نەچچە يىل كېسەل ئازابىنى تارتقان ئادەمدەك جۇدەپ ـ ئورۇقلاپ كەتكەن، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ياڭاقلىرى چىقىپ قالغان، چىرايىمۇ سارغىيىپ كېتىپ تونۇغۇسىزلا بولۇپ قالغانىدى.

— پولكىمىزدىكى بارلىق ئىنقىلابچىلار سىزنىڭ بىزگە يەنە داۋاملىق قوماندانلىق قىلىپ تۇرۇپ بېرىشىڭىزنى ئىلتىماس

قىلىدۇ.

قاسىم تاش يەنىلا تام تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ بېشىنى چايقىدى.

— بۇنىڭغا مېنىڭ ئىلاجىم يوق، مۇمكىن ئەمەس. بىز بۇنىڭدىن كېيىن يەنە كۆرۈشەلمەيمىز.

— يەنە بىر ئىلتىماسىمىز، سىز بىزنىڭ پولكىمىزنى ئۆز قولىڭىز بىلەن قۇرۇپ راۋاجلاندۇرغانىدىڭىز. ئەمدىلىكتە ئۆزىمىزنىمۇ قوغداپ قالالىغۇدەك تۈزۈك قورالىمىزمۇ قالمىدى. يەتتە يۈز نەچچە ئىنقىلابچىنىڭ هاياتى خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بىزگە ئازراق قورال - ياراغ ياردەم قىلىپ، بىزنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمىز.

قاسىم تاش يەنىلا تام تەرەپكە قاراپ جىمىمىدە تۇرۇپ ئويلىنىپ قالدى. بىرهازادىن كېيىن، يانچۇقىدىن بىر تۇتام ئاچقۇچنى شاراقشىتىپ چىقىرىپ ئەنجانبايغا تەڭلىدى.

— مەڭ، ئېلىڭ. لېكىن، مەن سىزگە ئاچقۇچنى بەرمىدىم، سىزمۇ مېنى كۆرمىدىڭىز، ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇقتۇم، مەنمۇ ئاچقۇچنى ئالمىدىم. سىزنىمۇ كۆرمىدىم. رەهمەت سىزگە.

ئەنجانباي ئۇنىڭغا يەنە هەربىيچە سالام بېرىپ چىقىپ كەتتى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئويتاغ پولكىدىن ئۈچ يۈز نەچچە ئادەم سۇباشىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئامباردا قالغان ئازغىنە قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى چالا قويماي يىغىشتۇرۇپ ئالدى. بۇ قورال - ياراغ، ئوق - دورىلار ئازراق بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇلارغا قىلىنغان چوڭ مەدەت ئىدى. ئۇلار خۇشال هالدا سەپكە تىزىلدى. سەپنىڭ ئالدىدا ئەنجانباي ماڭدى، قوراللارنى كۆتۈرۈشۈپ ئايلىنىپ مېڭىپ، قاسىم تاش تۇرىدىغان شتابنىڭ ئالدىغا كەلگەندە خۇددى چوڭ پارات مۇنبىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، پارات قوبۇل قىلغان قوماندانغا سالام بەرگەندەك، هەممىسى تەڭلا ئوڭ قوللىرىنى شاپپىدە چېكىسىگە قويۇپ شتاب

تەرەپكە قاراپ، «تاغ ئىنقىلابچىلىرى بىز» دېگەن مارشنى ياڭرىتىپ ئېيتقان ھالدا ماس قەدەم تاشلاپ مېڭىپ، ئويتاغ تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

تاغ ئىنقىلابچىلىرى بىز،
تاغدا ئوبدان جەم بولۇشقان.
زۇلۇمنى يوق قىلىش ئۈچۈن،
ئۇيۇلتاشتەك چىڭ ئۇيۇشقان.
ھۇررا، ھۇررا، ھۇررا!
ھۇررا، ھۇررا، ھۇررا!

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## قاپقان

ئەنجانباي سۇباشىدىكى ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۇرسىنى تاشلاپ ئويتاغ پولك شتابىغا قايتىپ كەلدى. بۇ كۈنلەردە يېزا ـ بازارلاردىكى زومىگەر ـ باندىتلار تاغ ئىنقىلابچىلىرىنى تۈگەشتى دەپ ئويلاپ يەنە بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار تاغ ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى تۇتقان جايىدىلا دەرەخلەرگە ئاساتتى، كالتەكلەپ ئۇرۇپ قىينايتتى. پۇت ـ قوللىرىنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋېتەتتى، قۇلاقلىرىنى كېسىپ، كۆزلىرىگە پىچاق تىقىۋېتەتتى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ، ئۆي ـ ماكانلىرىنى كۆيدۈرەتتى. ئۇلار مانا مۇشۇنداق غالجىرلىق بىلەن ئۆچ ئېلىپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى كاردىن چىقىرىپ، مەڭگۈلۈك مېيىپ ـ مەجرۇھلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى، ھەتتا بەزىلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۆمۈرلۈك قۇل قىلىۋالدى.

ئەنجانباي تەرەپ ـ تەرەپلەردىن ئارقىمۇئارقا كېلىۋاتقان بۇنداق ئېچىنىشلىق شۇم خەۋەرلەرنى ئاڭلاۋېرىپ، زادىلا چىداپ تۇرالمىدى. ئاخىر ئاچچىقىدا بولالماي ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ كېچىلىرى يۇرتلارنى ئارىلىدى. قىلمىشى چېكىدىن ئاشقان زومىگەر ـ باندىتلارنى كېلىشتۈرۈپ ئەدەپلەپ ئۇجۇقتۇردى، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى تارتىۋېلىپ شتابقا تاپشۇرۇپ بەردى، بەزى باي ـ بەگلەرگە نەسىھەت قىلدى، تۇۋا قىلغانلىرىغا كەڭچىلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپتىكى يېزىلاردا بىر مەزگىل جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بىر قىسىم زومىگەر ـ باندىتلار ياۋاشلىشىپ جىممىدە يېتىۋېلىشتى، يەنە

بەزىلىرى قورقۇنچىدا كېچىلىرى ئۆيلىرىدە ياتالماي قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ قېچىپ كېتىشتى. ئادەملەرنى قىيىن - قىستاققا ئېلىپ ئۆچ ئېلىش تۇگىدى، ئالۋان - ياساقلارمۇ خېلى بەك ئازلاپ قالدى. لېكىن بۇ پەقەت ۋاقىتلىق تىنچلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ يۆلەنچۈكى — گومىنداڭچىلارنى يوقاتمىغۇچە خەلق تەلتۆكۈس ئازادلىققا ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنقىلابچىلارغا قورال - ياراغ، ئوق - دورىلار لازىم ئىدى، بۇ نەرسىلەر بولمىسا گومىنداڭچىلارنى يوقاتقىلى بولمايتتى، ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ ساقلاپ قالالمايتتى، بولۇپمۇ ئوق - دورىلارنىڭ كەملىكى شۇ تاپتا ئۇلارنى تازا قىينىماقتا ئىدى. قاسىم تاش ئۇلارغا نۇرغۇنلىغان قورال - ياراغلارنى بەردى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار گومىنداڭچىلار ئىچىدىكى بەزى ئادەملەردىن خۇپىيانە ھالدا خېلى كۆپ قورال - ياراغلارنى قىممەت باھادا ئالتۇن - كۈمۈشلەرگە سېتىۋالدى، يەنە تېخى يۇرتلىرىغا مەجبۇرىي ھالدا قايتۇرۇلغان بەزى ئىنقىلابچىلارنىڭ يوشۇرۇپ قويغان قورال - ياراغلىرىنىمۇ يىغىۋالدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىنمۇ خېلى كۆپ قورال - ياراغلارنى غەنىيمەت ئېلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قورال - ياراغلىرى تولۇقلىنىپ قالدى. لېكىن، ئوق - دورىلارنىڭ كەملىكى ئۇلارنىڭ بېشىنى تازا قاتۇردى، قورال - ياراغلار ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئوق - دورىسى بولمىسا، ئۇنىڭ ھېچقانداق رولى بولمايدۇ - دە، ئەنجانباي ئىلاجسىزلىقتىن ئادەملىرىنى قىلىچ، ئوۋ مىلتىقى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، مەشىق قىلىشنى كۈچەيتتى. قۇيمىچىلار ئوۋ مىلتىقلىرى ئۈچۈن قوغۇشۇن ئوقلىرىنى قۇيۇشقا باشلىدى.

كۈن ئەمدىلا قىزىرىپ چىقىشقا باشلىغانىدى. ئاسمان سۈپسۈزۈك، بۇلۇت دىدارى كۆرۈنمەيتتى. كۈز كۈنلىرىنىڭ غۇر - غۇر سوغۇق شامىلى تەننى سەل شۈركەندۈرۈپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا ئوپال بازىرىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى بىر تار كوچىدىن

يۈز - كۆز، ئېگەكلىرىنى قويۇق چار ساقال باسقان ئورۇق، ئېگىز بويلۇق، كونا تۇماقنى كۆزىگىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان، يەنجىسىنى ئۆشنىسىگە ئارتىۋالغان، كونا ئالا جەندە چاپانلىق، ھاسا تايىنىۋالغان بىر دىۋانە ئەتراپقا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا سىنچىلاپ قارىغان ھالدا بازارغا كىرىپ كەلدى. ئۇ شۇ ھالدا پۈتلىرىنى ئاران سۆرەپ ئىنجىقلاپ مېڭىپ قادىرئاخۇن ئاشپەزنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى - دە، ئىككى قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى:

— ھەق ئىللاللا، خۇدا دۆلەتلىرىنى ئۈستۈن قىلغاي، بالا - چاقىلىرىنى ئامان قىلغاي، بالا - قازادىن ساقلىغاي. سەدىقە بالانى يەيدۇ، توۋا گۇناھنى ! ئاتىغانلىرىنى سەدىقە قىلغايلا. ئامىن.

قادىرئاخۇن ئوتتۇرا قاچا لەگمەننى كۆتۈرۈپ چىقىپ دىۋانىگە بەردى. يېنىپ كىرىپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قويدى، لېكىن ئۇنى تونۇيالمىدى. دىۋانە قېلىنلىق قىلىپ يەنە سوراپ سالدى:

— ئۇستام، مانتا تېخى پىشمىدىمۇ؟

قادىرئاخۇنغا بۇ دىۋانىنىڭ ئاۋازى خېلى تونۇشتەك بىلىندى. لېكىن، بۇ ئاۋازنى قاچان، قەيەردە ئاڭلىغانلىقىنى دەماللىققا ئەسلىيەلمەي ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ھەيران بولغان ھالدا بۇ دىۋانىگە يەنە تىكىلىپ قارىدى. ئۇ ئالدىرايتتى. شۇڭا:

— مانتىنىڭ پىشىشىغا خېلى ھايىلى بار، — دېدى - دە، ئۆزىنىڭ بۇ قەدىناس ئاغىنىسىنى تونۇيالماي ئالدىراپلا ئاشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

«تولا كېلىدىغان دىۋانىلەرنىڭ بىرەرىنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا سىڭىپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇ دىۋانە بىلەن كارى بولمىدى. دېمىسىمۇ شۇ كۈنلەردە بۇ سېخىي يۇرتتا دىۋانە - قەلەندەرلەر ئەدەپ كەتكەنىدى. ھېلىقى دىۋانە توپىلىق يەردە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ ئارىدا تۆت ئەسكەر كېلىپ قادىرئاخۇننىڭ دۇكىنىدىن لىقمۇلىق مانتا بېسىلغان ئىككى

تەۋەڭنى كۆتۈرۈشۈپ ئېلىپ كەتتى. بىرھازادىن كېيىن ئۇ ئەسكەرلەر يەنە كەلدى.

— ئۇستام، قالغان مانتىلارمۇ تەييار بولغاندۇ؟ ئالدىراپ قالدۇق.

— سەل تەخىر قىلىشسىلا، ھازىرلا پىشىدۇ. خام مانتا قورساقنى ئاغرىتىپ قويىدۇ. ۋۇي، ھېلىقى مانتىلار يەتمىدىمۇ؟ ھەربىر تەۋەڭگە يۈزدىن ساناپ سالغانىدىم.

— بالدۇرغۇ ئىككى تەۋەڭ مانتا يېتىپ ئېشىپمۇ قالاتتى. مانا ئەمدى ئون تەۋەڭ مانتىمۇ ئاران ئىككىدىن يېتىدىغان ئوخشايدۇ. باشقا دۇكانلاردىنمۇ ئۇقۇشۇپ قويدۇق.

دىۋانە ئاستا ئورنىدىن تۇردى، تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرۈپ بازارنىڭ سىرتىغا چىقتى.

دىۋانە سىياقىدا ياسىنىۋالغان بۇ كىشى ئۇيتاغ پولكىنىڭ مەسلىھەتچىسى خوجا ئابدۇراخمان ئىدى. ئۇ توغراقبېشى مەھەللىسىدىكى خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنى يوقلىغاچ ئەتراپتىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى تىڭ تىڭلاپ بېقىش ئۈچۈن بۇ تەرەپلەرگە كەلگەنىدى. ئۇ ئۇپالدىن ئايرىلىپ ئۈچىنچى كۈنى ئاخشىمى ئۇيتاغ پولك شتابىغا قايتىپ كەلدى - دە، كۆرگەن، ئاڭلىغان ئەھۋاللىرىنى باشلىقلارغا دوكلات قىلدى:

— تاشمىلىق بازىرىغا كىرەلمىدىم، بازارنى دۈشمەنلەر قاتتىق چىڭ ساقلاۋېتىپتۇ. بازارنىڭ ئەتراپلىرىنى ئەسكەرلەر بىلەن ئەمەت بەگنىڭ چوماقچىلىرى كېچە - كۈندۈز خۇددى ئىتىنىڭ قۇرتلىرىدەك قىمىلدىشىپ يۈرۈپ چارلاپ يۈرۈشىدىكەن، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ تەكشۈرىدىكەن. تونۇمايدىغان ياكى باشقا جايلاردىن كېلىپ قالغان ئادەملەرنى تۇتۇپ قامايدىكەن. مەن ئامالسىز ئارقامغا ياندىم. يۇرتقا بېرىپ ئۆيدە بىر ئاخشام بولدۇم، يېرىم كېچىدە يولغا چىقىپ، ئەتىسى كۈنچىقىش بىلەن تەڭ ئۇپال بازىرىغا يېتىپ كەلدىم. قادىر ئاخۇن ئۇستامنىڭ دۇكىنىدا ئەسكەرلەرنىڭ مانتا

كېيىنى قىلىشىدىن ئۇ يەردىكى دۈشمەنلەرنىڭ سانىنى پەرەز قىلىپ بىلىۋالدىم. بىر تەۋەككە يۈزدىن مانتا تىزىلىدىكەن، ئۇنداقتا ئون تەۋەككە مىڭ مانتا تىزىلغان بولىدۇ. «ھەربىر ئادەمگە ئارانلا ئىككىدىن يېتىدۇ» دېگىنىگە قارىغاندا، ئېنىقكى، ئۇ يەردە بەش يۈزدىن ئارتۇق دۈشمەن بار دېگەن گەپ.

ئويتاغ پولكىنىڭ باشلىقلىرى خوجا ئابدۇراخماننىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خېلى ئۇزاق تالاش - تارتىش قىلىشتى، بۇ «ئوق - دورىلارنى غەملىۋېلىشنىڭ ئوبدان پۇرستى، دۈشمەن ئەسكەرلىرى تولا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار يۆتكىلىپ كەتسە بۇ پۇرسەت قولدىن كېتىدۇ» دەپ قاراشتى. ئۇ ئۇنى دەپ، بۇ بۇنى دەپ ئەڭ ئاخىرىدا ئاززاق بولسىمۇ ئوق - دورا غەملىۋېلىش مەقسىتىدە ئوپالدىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كېلىشتى - دە، دەرھال تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىپ كېتىشتى. دەل شۇ كۈنى كەچقۇرۇن زەيدىن بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ ئالدىدا قاۋۇز ئالىغايغا بۇيرۇق قىلدى:

— قاۋۇز[1] ، سەن مۇجىغا بېرىپ ئاتلارنى يوقلاپ كەل، بايتاللارنىڭ تايلايدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. نەچچىسى تايلىدى، كۆرۈپ باق.

مۇجى ئويتاغنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە توغرا كېلەتتى. ليكىن، قاۋۇز ئالىغاي بىر داۋاندىن ئايلىنىپ ئۆتۈپلا ئوڭغا بۇرۇلدى - دە، جىلغىنىڭ ئىچى بىلەن مېڭىپ كۈنچىقىش تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئەتىسى ئاخشىمى قاراڭغۇ چۈشكەندە چەشتاغ گازارمىسىدىكى رازۋېدكىچى ئىگەمبەردى[2] غىپپىدىلا جامالىدىنىنىڭ قېشىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار بىرھازاغىچە

① قاۋۇز — ساتقۇن. يۇرتىنىڭ نام - نىشانىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. «كەلداخۇن» نامى بار، مەسۇم چوڭ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ سوراق قىلغاندا، ئۇ ئۆز قىلمىشلىرىنى، كۆرگەن - بىلگەن ئەھۋاللارنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئىقرار قىلغان. كېيىن قېچىپ كېتىپ تېپىلمىغان.

② ئىگەمبەردى — ئىنقىلابنىڭ خائىنى. ئۇ مۇشۇ سەۋەبتىن 1952 - يىلى 20 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

خۇپىيانە ھالدا مۇڭداشتى.
ئىگەمبەردى تاشمىلىقنىڭ قارا دۈۋە مەھەللىسىدىكى ئىمىن مەرگەننىڭ ئوغلى ئىدى. چەشتاغ گازارمىسىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئات باققۇچىسى بولۇپ يۈرۈۋاتقان بۇ ئادەم دۇتار، راۋابلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىپ، ئەسكەرلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى. بۇنىڭدىن تۆت ئاي ئىلگىرى زەيدىن ئۇنى جامالىدىنغا تونۇشتۇردى. «سەزگۈر، ئاغزى چىڭ، دىلى يۇمشاق، چىقىشقاق، ئايىغى چاققان، رازۋېدكىچى بولۇشقا باب كېلىدۇ» دەپ تازا ماختىدى. بۇنداق ماختاشلارنى ئاڭلاپ جامالىدىننىڭ يۈرىكى ئېرىپ كەتتى ــ دە، شۇ ھامان بۇ سىنالمىغان ئادەمنى رازۋېدكىچى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ئىشنى پەقەت جامالىدىن بىلەن ئۇ ئىككىسى بىلىشەتتى، ھەتتا ئەنجانبايمۇ بىلمەيتتى.
جامالىدىن ئىگەمبەردى بىلەن خۇپىيانە مۇڭداشقان كۈنى ئاخشىمىلا ناھايىتى خۇشال ھالدا ئەنجانباي بىلەن كۆرۈشتى.
ــ پىلانىمىز ئۆزگىرىپ قالدى.
ــ قايسى پىلاننى دەيسىز؟
ــ ئوپالدىكى دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلىدىغان ھېلىقى پىلاننى دەيمەن. بايا كۆڭۈلدىكىدەك ئوبدان بىر خەۋەرگە ئېرىشتىم، ھەقىقەتەن ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدىغان قالتىس ياخشى خەۋەر ئىكەن. تاشمىلىق ـ چەشتاغدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى يېڭىسار تەرەپكە كېتىپتۇ، گازارمىدا پەقەت ئوتتۇز نەچچىدەكلا ئەسكەر قاپتۇ. ئامبارلىرىدا كۆپ قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلار بار ئىكەن. بۇ بىز ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ئوبدان پۇرسەت، پۇرسەت غەنىيمەت، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيلى.
ــ ياق، بۇ خەۋەر ئىشەنچلىك ئەمەس. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى نېمىشقا يېڭىسار تەرەپكە كېتىدۇ؟ ئۇ تەرەپلەردىكى ئىنقىلابچىلار ئالىلىقاچان تارقىلىپ كېتىپ تۇگەشكەن تۇرسا؟! بولمايدۇ، بۇ خەۋەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ بولۇپ، ئاندىن كېيىن بىر نېمە دېيىلى، ئالدىنىپ قالمايلى.

— راست - يالغانلىقىنى تەكشۈرەيلى، دەمسىز؟ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ئىشەنمەيۋاتامسىز؟ ھەي ئاغىنە، نېمە بولدىڭىز. بىز يەنە بىر قېتىم تەكشۈرسەك دەپ ئەركىنكى بىلەن چىشىمىزنى ئايرىپ بولغۇچە پۇرسەت قولدىن كەتمەمدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋادا دۈشمەنلەر بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى سېزىپ قالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا بىز ئۆلارنىڭ قىلتىقىغا دەسسەپ سالامدۇق؟

— سىز بۇ خەۋەرنى قانداق ئۇقۇپ قالدىڭىز؟

— ئۆزىمىزنىڭ رازۋېدكىچىسى ئىگەمبەردى يەتكۈزدى. ھە، راست، سىزگە دەپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. سىز تېخى ئۇنىڭ ئۆزىمىزنىڭ رازۋېدكىچىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقمايسىز. مەن ئۇنى رازۋېدكىچى قىلىپ تەيىنلىگەندە، سىز كورستا تەلىم ئېلىۋاتاتتىڭىز. شۇڭا، سىز بىلەن مەسلىھەتلىشەلمىگەنىدىم.

— مەيلى ئۇ كىم بولسا بولسۇن، بۇنىڭ كارى چاغلىق. ئەمما، مەن بۇ خەۋەرنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەيمەن، گۇمان قىلىمەن. سەگەك بولايلى.

جامالىدىن تېرىكتى:

— گۇمانخورلۇق كېسىلىڭىزنى تاشلاڭ! بۇ خەۋەرنىڭ راستلىقىغا يۈزدە يۈز ئىشىنىڭ! دوستلۇقىمىزنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن بىرەر قېتىم بولسىمۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ قويۇڭ!

— بۇ بۇيرۇقمۇ؟

— شۇنداق. لېكىن، سىز باشتىن - ئاياغقىچە ئەنجانباي - دە، ئاچچىقىڭىز كەلسە، ھەتتا مېنىڭ بۇيرۇقۇمنىمۇ «پوش» دېمەيلا نېرى - بېرى قىلىۋېتىپ ئۆزىڭىز بىلگەننى قىلىشتىن يانمايسىز، بۇ تەرەپلىرىڭىز ماڭا ئايان. شۇنداق بولسىمۇ مەن سىزدىن خاپا بولمايمەن. لېكىن، بۇ قېتىم مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى قوبۇل قىلىشىڭىزغا موھتاجمەن.

— مەن بۇنداق تېگى - تەكتى قاراڭغۇ، ئېغى بىلەن بېغىنىڭ تايىنى يوق ئىشقا قارىمىلىق قىلىشتىن قورقىمەن.

ئادەملىرىمىزنىڭ ھاياتىدىن، ئىنقىلابىمىزنىڭ ئابۇت بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن. ماڭا بۇ ئىشنىڭ تېگىدە قانداقتۇر يەنە بىر ئىش باردەك، بىزگە جىن چاپلاشقاندەكلا تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

— قانداق جىن ئىكەن ئۇ؟

— بىلمەيمەن. بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلاپ باقايلى.

— ياق، بولمايدۇ، پۇرسەت قولدىن كېتىدۇ، بوپتۇ، سىز قورققان بولسىڭىز مۇشۇ يەردە قېلىڭ. مەن بارىمەن.

— مەن سىلەرنى دۈشمەنلەرگە تاشلاپ بېرىپ بۇ يەردە قاراپ تۇرالمايمەن.

— ھەببەللى، مانا بۇ گېپىڭىز جايىدا بولدى. شۇڭا سىز بىزنىڭ دوستىمىز ـ دە.

جامالدىن شۇ كۈنى يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە قىسىمدىكى ھەممە كوماندىرلارنى شتابقا يىغدى.

— مەن ھازىر يېڭى بۇيرۇقنى جاكارلايمەن، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن ھالدا ھەممە ئادەمگە بىرقۇر سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن ئۇنلۇك ئاۋازدا، — دىققەت قىلىپ ئاڭلاڭلار !

بۇيرۇق: بۈگۈن كەچ كىرگۈچە قىسىمدىكى بارلىق جەڭچىلەرنىڭ تاشمىلىق، چەشتاغلاردىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىش تەييارلىقلىرى پۈتتۈرۈپ بولۇنسۇن. قاراڭغۇ چۈشكەن ھامان قىسىم ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنۈپ يولغا چىقىپ، ئەتە تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن ھەرقايسى بۆلەكلەر ئۆزلىرىگە بەلگىلەنگەن ئورۇنلارغا يېتىپ بارسۇن. بىرىنچى بۆلەككە ئەنجانباي قوماندانلىق قىلىپ، تاشمىلىق، چەشتاغلاردىكى قەشقەر شەھىرى تەرەپكە قاچىدىغان ھەم قەشقەر شەھىرى تەرەپتىن بۇ تەرەپتىكى دۈشمەنلەرگە ياردەم بېرىشكە بارىدىغان دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ يوقاتسۇن ! ئىككىنچى بۆلەككە زەيدىن بەگ قوماندانلىق قىلسۇن، بارلىق ئېغىر قوراللار بىلەن قوراللىنىپ، چەشتاغ گازارمىسىغا ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەنلەرنى يوقاتسۇن.

ئۇچىنچى بۆلەككە خوجا ئابدۇراخمان قوماندانلىق قىلىپ، تاشمىلىق، چەشتاغ تەرەپلەردىن قاچىدىغان ھەم يېڭىسار تەرەپتىن بۇ تەرەپتىكى دۈشمەنلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كېلىدىغان دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ يوقاتسۇن! بۇيرۇق تامام. شۇ بويىچە ئىجرا قىلىنسۇن. ئالاش - تارتىش قىلىشقا، كەينىگە سۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ! خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئېتىپ تاشلانسۇن!

يىغىن تۈگىدى. بۇنداق كەسكىن بۇيرۇقنى ئاڭلاپ ھەممىسى جىممىدە بولۇشۇپ، ئېغىر - ئېغىر تىنىشقان ھالدا تارقىلىپ كېتىشتى. لېكىن، ئەنجانباينىڭ جايىدا قىمىر قىلماي ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ جامالىدىنىڭ سەپرايى ئۆرلىدى.

— سىزنىڭ يەنە دەيدىغان باشقا گەپ - سۆزلىرىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟ خوش، قېنى دەڭ، يېڭى گەپ بولسا تارتىنماي دەۋېرىڭ. لېكىن، كونا خامانني يەنە سورۇماڭ.

— زەيدىنىنى ئۇنداق ھالقىلىق مۇھىم ئورۇنغا قويۇش خاتا بولدى.

— ئەنسىرىمەڭ، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن، ھەرقانداق ئېگىز - پەس ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويمايمەن. خاتىرجەم بولۇڭ.

— يەنە بىر ئىشنى سەممىڭىزگە سېلىپ قويۇشنى زۆرۈر تاپتىم، كۆڭۈل بۆلۈپ قويۇڭ. ئابلا موللىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدە چوقۇم زەيدىنىنىڭ قولى بار.

جامالىدىن ھەيران بولۇپ كۆزلىرى چەكچىيىپلا كەتتى.

— كىشىلەرگە تۆھمەت قىلماڭ! دەلىل - ئىسپاتىڭىزنى كۆرسىتىڭ.

— ئابلا موللا ئۇنىڭ بەزى گەپ - سۆز، ھەرىكەتلىرىنى سىزگە دوكلات قىپتۇ، سىز تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن زەيدىنگە نەسىھەت قىپسىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئابلا موللىنىڭ پېيىگە

چوشۇپتۇ. كېيىن ئابلا موللا ئاشلىقتا ماڭغاندا سىزىپ قىلىپ ئۇنى ئەمەت بەگكە چېقىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەمەت بەگ بىلەن تىلى، دىلى بىر بولمىسا، نېمىشقا شۇنچە ئاسانلا ئۇنىڭغا چېقىپ قويالايدۇ؟

— بۇ گېپىڭىز دەلىل ـ پاكىت بولالمايدۇ، بۇ پەقەت سىزنىڭ گۇمانىڭىز. شۇنداق بولسىمۇ بۇ قېتىمقى جەڭدە ئۇنى يەنە بىر قېتىم سىناپ باقايلى. جەڭ تۈگىگەندىن كېيىن، بۇ توغرۇلۇق ئىككىمىز بىرلىكتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارايلى. ھازىر پۇرسەت يوق.

— ئاھ خۇدا، ئۇ مۇناپىق ئاخىر بىزنىڭ بېشىمىزنى يەيدىغان بولدى!

جامالىدىن غەزەپ بىلەن ئەنجانبايىنى سىلكىشلىۋەتتى.

— جۆيلۈمەڭ! يەنە دېسە يەنە شۇ گەپ! ئۆزىڭىزنىڭلا گېپىنى يورغىلىتىۋېرىدىكەنسىز، ئۇنداق بولمىغۇر خىياللارنى قىلماڭ! سىزنىڭ ھازىر ۋەزىپىڭىز مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى ئىجرا قىلىش! ئۇقتىڭىزمۇ؟! قالدى گەپلەرنى كېيىن بىرنېمە دېيىشەيلى.

بۇ، ئىككىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقى تاكاللىشىشى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى جامالىدىن خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە قاۋۇز ئالىغاي پايتىممىسىنىڭ تېگىدىن قېلىن قاتلانغان بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ زەيدىنگە بەردى. زەيدىن باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ خەتنى دەرھال قوينىغا سېلىپلا ئاتخانىغا كىردى. قاۋۇز ئالىغاينى ئىشىكتە كۈزەتچىلىككە قويۇپ، خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى.

## «ئەسسالامۇئەلەيكۇم زەيدىن بېگىم

جانابلىرى بىرنەچچە قېتىم خەت ـ ئالاقە، ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تاغدىن يېنىپ چۈشۈش توغرىسىدا پاك

كۆڭۈللىرىدىكى ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئىزهار قىلىپ، ماڭا يوللىغان سەمىمىي سالاملىرىدىن ۋاقىپلاندىم. سىلىنىڭ مۇشۇ دانا يۇرەك سۆزلىرى، سەمىمىيەتلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ ھېلىمۇ پىرقىمىزگە، ھۆكۈمىتىمىزگە سادىق ـ ساداقەتمەن، ۋاپادار، ئالىيجاناب ئادەم ئىكەنلىكلىرى ئايان بولۇپ تۇرۇپتۇ. ھەممەتلىرىگە، ئىرادىلىرىگە بارىكاللا! خۇدايىم مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يەتكۈزگەي.

بېگىم، ئەسلىدە بىزنىڭ تىلىمىز، دىلىمىز، دىنىي ئېتىقادىمىز، مەقسەت ـ مۇددىئالىرىمىز، ياتىدىغان تۇپرىقىمىز بىردۇر. قېنىمىزنى ئۇ تاغ ئوغرىلىرىنىڭ قېنى بىلەن مىڭ يىل بىللە قايناتسىمۇ ھەرگىز قېتىلمايدۇ، بۇ تەرەپلىرى ئۆزلىرىگە ئاياندۇر. جانابلىرىنىڭ ئەسلىدە ئۇ ۋەھشىي، يىرگىنچلىك تاغ ئوغرىلىرىغا قوشۇلۇپ كېتىدىغان ھېچقانداق مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنىڭ يوق ئىكەنلىكىمۇ ماڭا بەش قولدەك ئاياندۇر. لېكىن، ئىككىمىزنىڭ چوڭ بەگلىكنى تالىشىپ قېلىش يۈزىسىدىن ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق ـ ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك ئۇرۇقلىرى چېچىلىپ قالدى. مەن زامانىنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئۆزۈمنى قالتىس چوڭ چاغلاپ، كۆمىچىمگە چوغ تارتىپ كۆپرەك قاتىرىغانلىقىمدىن چوڭ بەگلىك مەنسىپى ماڭا، نائىب بەگلىك ئۆزلىرىگە بېرىلىپ قالدى. شۇ ۋەجدىن سىلى ئېزىپ، ماڭا قېيىدىغان ھېسابتا تاغ ئوغرىلىرىغا قوشۇلۇپ قالدىلا. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ئەپسۇسلىنىمەن، جانابلىرىغا ئۆزرىخاھلىق بىلدۈرىمەن. مەندىن ناماقۇل، ئۇ خاپىلىقلارنى كۆڭۈللىرىدىن كۆتۈرۈۋەتكەيلا. شۇڭا، سىلى ئاشۇ قىممەتلىك ئىرادە ـ نىيەتلىرى بويىچە قايتىپ كەلسىلىلا بىز ناھايىتى خۇشال بولىمىز، ئىككى قولىمىزنى كۆكسىمىزگە قويۇپ ئالدىلىرىغا تەزىمگە چىقىمىز. لېكىن، مەن شۇ تاپتا ئۆزۈمنىڭ سىلىگە بولغان سەمىمىي ـ ساداقىتىم، ۋاپادارلىقىمنى ئىزھار قىلىش، دوستلۇق بۇرچۇمنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن قوماندانلارنىڭ

ئۆزلىرىگە قىلغان پەرمانىنى سەمىلىرىگە سىڭدۈرۈپ قويۇشنى زۆرۈر تاپتىم. قومانىدانلار ئۆزلىرىگە شۇنداق پەرمان قىلىدۇلاركى: مەزكۇر كىشى تاغدىن مۇنداقلا ئۆزى يالغۇز يېنىپ چۈشسە، بۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى، قىممىتى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تاغ ئۇيغۇرلىرىنى پاك ـ پاكىز يوقىتىش، ئەنجانىيىنى تىرىك ياكى ئۆلۈكىنى بولسىمۇ قولغا چۈشۈرۈشنىڭ ھەممە ھازىرلىقلىرىنى ھازىرلىسۇن. ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە ئىچىدىن ھەم تېشىدىن تەڭلا قول سېلىپ ئۈجۈقتۇرۇلسۇن! بۇ جەرياندا كۆپرەك تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن مەزكۇرغا ئاگاھلاندۇرۇش پەرمانى چۈشۈرۈلسۇن!

بېگىم، پەرمان بىز ئۈچۈن بەرھەقتۇر، ھەرگىز باش تارتمىغايلا. شۇڭا، ھازىرچە ئەنجانىيىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ساقلانغايلا. ئۇنىڭ غەرىزىنى بىلىۋېلىپ، بىزگە ۋاقتى ـ قارارىدا مەلۇم قىلىپ تۇرغايلا، بىخەستەلىك قىلىپ چاندۇرۇپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلىگەيلا.

بېگىم، بىزنىڭ تاغ ئۇيغۇرلىرىنى ھەم ئۇلارنىڭ باشلىقى ئەنجانىيىنى يوقىتىپ خاتىرجەم ئۇخلىيالايدىغان، تائاملارنىڭ تەمىنى تېتىپ يېيەلەيدىغان، قامچىلىرىمىزنىڭ كۈچىدىن يەنە بالدۇرقىدەكلا ھۇزۇرلىنالايدىغان، بەگلىكىمىزنىڭ ھۆكۈمىنى خاتىرجەم سۈرەلەيدىغان ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك كۈنلىرىمىزنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئاز كۈنلا قالدى. بىز مۇشۇ بىسەرەمجان كۈنلەردە تاغ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى، جەمەتلىرىنى تۈگەتمەكچىمىز. شۇ قاتاردا سىلىنىڭ ئائىلىگىمۇ تەڭ تېگىش قىلىنمىسا، تاغ ئۇيغۇرلىرىدا سىلىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئادىمى ئىكەن دېگەن گۇمان پەيدا بولۇشى مۇقەررەردۇر. بىز سىلىنىڭ ئائىلىنى ساقلاپ قېلىش ھەم سىلىگە بولىدىغان گۇماندىن خالىي بولۇش يۈزىسىدىن، ئۇلارنى خۇپىيانە ھالدا يۆتكەپ ئىشەنچلىك جايغا جايلاشتۇردۇق، بىزدىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى دېگەن گەپنى تارقاتتۇق. تەئەللۇقاتلىرىنىمۇ ئوبدان ساقلاپ قويدۇق، خاتىرجەم

بولغايلا. مەن قۇرئان تۇتۇپ شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، ئەمدى بىز ئىككىمىزنىڭ ئۇتتۇرىسىدا ئاداۋەت ـ ئۆچمەنلىك ئۇرۇقلىرى قايتا چېچىلمايدۇ. بىز يەنە بالدۇرقىدەكلا ئاكا ـ ئۇكىدەك ئىناق ئۆتىمىز. بۇنىڭغا ئىمانىم كامىلدۇر.

بېگىم، يۇرتىمىزنىڭ بەگلىكى يەنىلا ئۆزلىرىنى تەقەززالىق بىلەن ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، يۇرتىمىز، ھۆكۈمىتىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا موھتاجدۇر، قوبۇل قىلغايلا. ھۆكۈمەت يەنە ئۆزلىرىگە ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق ئەمەللەرنى ئىنئام قىلىپ بېرىشكە ھازىر ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ نۇرغۇن قېتىم ۋەدىلەرنى بەردى. لېكىن، بۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى تاغ ئوغرىلىرىنى ھەم ئۇلارنىڭ باشلىقى ئەنجانباينى يوقىتىشتا ياراتقان تۆھپىلىرىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى، چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ بەلگىلىنىدىكەن، ئەستە تۇتۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ بەك مۇھىمدۇر. بېگىم، يېقىندا قوماندانلار «ئەنجانباينى تىرىك تۇتقان ياكى يوقاتقانلارغا چوڭ بەگلىك مەنسىپى بېرىلىپ، يۈز سەر ئالتۇن ئىنئام قىلىنسۇن» دەپ يەنە بىر قېتىم پەرمان چۈشۈرگەندى. بىز شۇ پەرمانغا بىنائەن تەۋەلىكىمىزدىكى سەككىز كىچىك بەگلىكتىن بىر يۈز يىگىرمە سەر ئالتۇننى يىغىپ تەخلەپ قويدۇق. بۇ مەنسەپ بىلەن ئالتۇنلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشلىرىغا تەقەززادۇر. يەنە بىر گەپ، ئۆتكەن قېتىم سىلى ھېلىقى ناسۇال چېكىدىغان ئابلا دېگەن ئوغرىنى بىزگە دەل ۋاقتىدا خەۋەر قىلغانىكەنلا، بىر ئادەمنى زىيان تارتساقمۇ ھەرھالدا ئۇنى ئاسانلا تۇتۇۋالدۇق. ئۇ تۇزكور بىزگە باش ئېگىپ خىزمىتىمىزدە بولۇشقا ئۇنىمىغانلىقتىن، سازايى قىلىنىپ، بېشىنى يەپ تۇگەشتى. ھەممەتلىرىگە تەشەككۇر. يەنە ئاشۇنداق بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى تىنىڭ تىڭلايدىغان ئوغرىلارغا بەكمۇ سەگەك بولغايلا، سەزگەن ھامان بىزگە مەلۇم قىلغايلا.

يەنە شۇنىڭدىن ۋاقىپ بولغايلىكى، ئالدىنقى كۈنى ئۆزلىرى

يەتكۈزگەن مەلۇماتقا بىنائەن ھەممە ئوق ـ دورىلارنى تەخ قىلىپ قويدۇق. ئېلىپ كېتىش ۋاقتىنى بىزگە ئالدىن ۋاقىپلاندۇرۇپ قويغايلا. پۇرسەت غەنىيمەتتۇر.

ھۆرمەت بىلەن: ئەمەت بەگ[①]

زەيدىن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ گازارمىدىن چىقىپ، ئۇدۇلدىكى بىر ئۆيگە كىردى. ئالاھازەل ئىككى ئاش پىشىمى ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئەمەت بەگكە جاۋاب خەت يازدى. ئىككى ئادەمنى تەيىنلەپ بۇ خەتنى ئەمەت بەگكە ماڭدۇرۇۋەتتى. ئاندىن ئۆز تەرىپىگە تارتىپ بولغان ئىشەنچلىك ئادەملىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ۋەزىپە تاپشۇردى. ئۇلارنىڭ ئەتە بولىدىغان ئۇرۇشتا ئۆزلىرى يېنىدا تۇرۇشقا بەلگىلەنگەن ئەنجانىيىنىڭ ئادەملىرىگە ئاگاھ بولۇشىنى، ناۋادا ئۇلار ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا قارشىلىق قىلسا شۇ ھامان ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنى تاپىلىدى.

قاراڭغۇ چۈشتى. ھەرقايسى بۆلەكلەر جامالىدىننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۆز نىشانلىرىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى.

---

① بۇ خەت قولغا مۇنداق چۈشكەن:

ئەنجانىيىنىڭ پاجىئەلىك ھالدا قازا قىلىشى قالدۇق تاغ ئىنقىلابچىلىرىنى قاتتىق چۆچۈتۈۋېتىدۇ. ئېچىندۇرىدۇ، غەزەپ ـ نەپرەت ئوتلىرىدا يۈرەكلىرى كۆيۈپ ئۆرتىنىدۇ. ئۇ قازا قىلغىلى ئون كۈن بولغان كۈنى كېچىسى، ئۇنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن، مەسۇم چوڭ بىلەن شىغاي ئىككىسى ئون ئادەمنى باشلاپ بېرىپ، زەيدىن بەگنىڭ ئۆيىگە تۇيۇقسىزلا باستۇرۇپ كىرىدۇ. ئەپسۇسكى، زەيدىن بەگ ئۇلارنىڭ شەپىسىنى سېزىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئالمان ـ تالمان قېچىپ كېتىپ تۇتۇلماي قالىدۇ. شۇ چاغدا ئۈچ ئالغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئادەمنىڭ كۆزى قورۇقتا ئىلىنقلىق تۇرغان زەيدىن بەگنىڭ يېڭىساچە كەڭ كېزىكلىك قارا كۆرپە تونىغا چۈشۈپ قالىدۇ ـ دە، دەرھال ئېلىپلا بېشىغا كىيىۋالىدۇ. سەھەردە گەز دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈۋاتقاندا ئات تۇيۇقسىزلا ناشقا پۇتلىشىپ مۇدۇرۇپ كېتىپ ئۈستىدىكى ئادەم بىلەن قوشۇلۇپلا سۇغا يىقىلىپ چۈشىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ بېشىدىكى ھېلىقى تۇماقمۇ سىلكىنىپ كېتىپ سۇغا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەم تۇماقنى سۇزۇۋېلىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئىچىنى تېشىغا ئۆرۈۋاتقاندا تۇماق كېزىكىنىڭ قېتىدىن ئەمەت بەگنىڭ زەيدىن بەگكە ئەۋەتكەن خېتى چىقىپ قالىدۇ. ئۇ ئادەم خەت تونۇيالمىغانلىقتىن بۇ خەتنى خوجا ئابدۇراخمانغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. پېشقەدەم زىيالىي خوجا ئابدۇراخمان پاتلانغان سارغۇچ سامان قەغەزگە يېزىلغان بۇ ئۇزۇن خەتنى ئوقۇپ كۆرۈپ، ساقلاپ قويۇش ئۈچۈن كىچىك بىر ساپال كوزىنىڭ ئىچىگە سېلىپ تامنىڭ ئۇلىغا كۆمۈپ قويىدۇ.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# خائىن

1946 - يىلى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى پەيشەنبە.

ئۇلار تۈن قاراڭغۇسىدا يول يۈرۈپ ئۈيتاغ ئاغزىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى قاتمۇقات تاغلار ئارىسىغا كەلگەندە بىر - بىرى بىلەن ئۈن - تىنسىزلا خوشلىشىپ ئۈچ ئاچا يولغا بۆلۈنۈپ يۈرۈپ كېتىشتى. خوجا ئابدۇراخمان ئىككى يۈز نەچچە ئادەم بىلەن يېڭىسار يولىنى توسۇش ئۈچۈن پىلال يېزىسى تەرەپكە، ئەنجانباي قەشقەر شەھىرى يولىنى توسۇش ئۈچۈن قىرىق مەرگەننى باشلاپ گەز دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى — تىرىم تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. جامالىدىن چەشتاغقا ئۇدۇل تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن خىللانغان ئېغىر قوراللار بىلەن ئۈچ يۈز نەچچە ئادەمنى باشلاپ، گەز دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە چالمائېرىق تەۋەسىگە يېتىپ كەلدى. تۈنۈگۈن ئاخشاملا كۈنپېتىش تەرەپتە ۋىشىلداپ سوققىلى تۇرغان شامال بۇلۇتلارنى كۈنچىقىش تەرەپكە سۈرۈۋەتكەنىدى. سۈپسۈزۈك ئاسماندا قويۇق يۇلتۇزلار ۋىل - ۋىل چاقناپ تۇراتتى. ئاي ئولتۇرغانىدى. ئەتراپ تىپتىنچ، پەقەت گەز دەرياسى سۈيىنىڭ كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان شوخ، شاۋقۇنلۇق ئاۋازى بىلەن يىراق - يىراقلاردا ئىتلارنىڭ ئاندا - ساندا قاۋاشلىرى، توخۇلارنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ چىللاشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇلار بۈگۈنكى ئۇرۇشنىڭ قاچان تۈگەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇڭا، ئاتلارنى تويغۇزۇۋېلىش، ئۆزلىرىمۇ ناشتا

قىلىۋېلىش ئۈچۈن جايىدىلا توختاشتى. چەشتاغ ئەتراپىنى چارلاشقا كەتكەن رازۋېدكىچىلار قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار چەشتاغقا يېقىن بېرىپ، ئايلىنىپ يۈرۈپ گازارما ئەتراپىنى خېلى ئۇزاق كۆزىتىپتۇ، ھەتتا گازارما ئەتراپىدىكى ئۈزۈنىسىغا، توغرىسىغا تۇتاشتۇرۇلغان، چوڭقۇر كولانغان كېسىشمە ئاكوپلارنىمۇ خېلى يېقىن يەردە تۇرۇپ كۆزىتىپتۇ. ئات، ئادەم كۆرۈنمەپتۇ ياكى بىرەر تاراق - تۇرۇق ئاۋازنىمۇ ئاڭلىماپتۇ. باشقا ھېچقانداق ئەھۋال سېزىلمەپتۇ. پەقەت ئېگىز ئىستىھكام ئۈستىدە پوستتا تۇرغان ئىككى - ئۈچ ئەسكەرنىلا كۆرەلەپتۇ. قارىغاندا، گازارمىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئوخشايدۇ.

تاڭ سەھەرنىڭ جىمجىتلىقى جامالىدىنغا غەلىتىلا تۇيۇلۇپ كەتتى - دە، شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ بىرھازاغىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى: «نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق جىمجىتلىق بۇ؟ خۇددى جاھاندا ھاياتلىق توختاپ قالغاندەكلا، شەپىسىز، ئۈن - تىنسىز، ھەتتا كېچىچە توختىماي گۇركىرەپ چىققان شامالدىن شۇ تاپتا ئەسەرمۇ قالمىغان. ناۋادا دۈشمەنلەر بىزنى تۇيۇپ قالغان بولسا، يوشۇرۇنۇۋېلىپ قەستەنگە مانا شۇنداق جىمجىتلىقنى پەيدا قىلىش ئارقىلىق بىزنى بىخۇدلاشتۇرۇپ قاپقانغا دەسسەتمەكچىمىدۇ يا؟ دۈشمەنلەر يوشۇرۇن، بىز ئاشكارا! » ئۇنىڭ بېشى قاتتى. ئۇ گويا يۇلتۇزلاردىن مەدەت تىلىگەندەك پاكىز قىرىلغان ئېڭىكىنى سىلىغان ھالدا ئاسمانغا تىكىلدى. ئالا - بۇلا بۇلۇتلار ئارىسىدا ۋال - ۋۇل چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ خىيالى چاقناپ تۇرغان ئاشۇ يۇلتۇزلاردەك پىلىلداشقا باشلاپ، خۇددى تۇمان تارقاپ، ھاۋا - جاھان ئېچىلىپ قالغاندەك كاللىسىغا كىرىۋالغان بايىقى قورقۇنچلۇق گۇمانلار ئاستا - ئاستا تۈگەپ كۆڭلى پاللىدە يورۇپ كەتتى. ئۆزىنى چىرماپ قىيىنىغان چىگىكلەرمۇ يېشىلىپ

كەتكەندەك خېلى ئازادىلىشىپ قالدى، « شۇنداق، دۇشمەنلەرنى غەپلەت بېسىپتۇ، غەپلەت باسقان جايلارلا مۇشۇنداق جىمجىت بولىدۇ. توغرا ! ناھايىتى توغرا !»

ئۇ خۇشال ھالدا زەيدىن بەگنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

— بەللى، بەللى زەيدىن، يارايسىز جۇمۇ. سىزنىڭ دېگىنىڭىز توغرا چىقتى. بىز دەل ۋاقتىدا ئۇلگۇرۇپ كەپتۇق. شۇ تاپتا دۇشمەنلەر تازا غەپلەت ئۇيقۇسىدا...

— ياق، ياق، ئۆزلىرى دانا، ھەممىنى ئالدىن بىلەلەيدىلا، شۇڭا مۇشۇنداق ئاقىلانە تەدبىرنى قوللاندىلا. ناۋادا ئۇ كۆڭلى قارا ئەنجانباينىڭ گېپىگە كىرگەن بولسىلا بۇ قېتىم بۇ تەرەپكىمۇ كېلەلمەيتتۇق، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن مۇنداق بەلەن پۇرسەت قولىمىزغا كەلمەيتتى، ھەممىدىن قۇرۇق قالاتتۇق. ئۇ كۆڭلى قارا ئادەمدىن پەخەس بولسىلا، نىيىتى بۇزۇق، ئۇنىڭ غەرىزى سىلىنىڭ ئۇستىلىرىگە چىقىۋېلىش.

— ياق، ئۇ ئادەمنى ئۇنداق دېسەك بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ئۇۋال بولىدۇ. ئۇ دېگەن باشتىنبۇي ئەنجانباي، ئەقىل - پاراسەتلىك، باتۇر ئادەم. مېنىڭ ئۇستۇمدە تۇرۇشقىمۇ لاياقەتلىك، قابىلىيەتلىك. مەنمۇ شۇنداق بولۇشنى ئۇمىد قىلاتتىم، لېكىن، ئورۇنلاشتۇرۇش ئاشۇنداق تەتۈر بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. شۇغىنىسى ئۇ كاجراق، كاللىسىدىن ئۆتمىگەن ئىشنى كاللىسى كەتسىمۇ ھەرگىز قىلغىلى ئۇنىمايدۇ. بۇمۇ بىر ھېسابتا باتۇرلۇقنىڭ بىر ئالاھىدە ئىپادىسى. ئەسلىدە ئۇ بىزنىڭ بۇ قېتىمقى بۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلىشىمىزغا ئۇنىمىغان، قەتئىي قارشى چىققاندى. لېكىن، مەن چىڭ تۇرۇۋالدىم. ئۇ بىزدىن ئەنسىرەپ قالدى، بىزنى دۇشمەنلەرگە تاشلاپ بېرىپ ئۆزى بىر چەتتە قاراپ تۇرۇشقا ئۇنىڭ يۈرىكى چىدىمىدى. شۇڭا، بىزنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈنلا بۇ تەرەپكە بىز بىلەن بىللە كېلىشكە مەجبۇر بولدى. ناۋادا ئۇ بىز بىلەن بىللە كېلىشكە ئۇنىمىسا، ئۇ

چاغدا ھەي، ئۆزىمىزلا كېلىشكە مەجبۇر بولاتتۇق.

— ۋاي ـ ۋۇي، بۇ تازا غەلىتە گەپ بولدىغۇ، سىلى ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىشقا تولۇق ھوقۇقلۇق تۇرسىلا، ھەربىي قانۇن ـ قائىدە بويىچە بۇيرۇققا بويسۇنمىغان ئۇنداق ئادەمنىڭ كاللىسىدىن تۈتۈن چىقىرىۋەتمەي تازا...

— ھاي، ھاي، بولدى قىلىڭ، ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. بۇيرۇق؟ ھىم، قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز. گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېكنىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلمىغان ئادەمزە، مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى توغرا تاپمىسا قوبۇل قىلاتتىمۇ؟ شۇ چاغدا ئىسھاقبېك ئۇنى ئېتىۋېتىشكىمۇ، قامىتىۋېتىشكىمۇ ھوقۇقلۇق ئىدى، لېكىن ئۇ ئادەم ئۇنداق قىلمىدى، «دوستۇم» دەپ چىرايلىق نەسىھەت قىلدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ ئۇنىڭ ياراملىق ئادەملەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلگەنلىكى!

— لېكىن، ئۇ ئادەم ئاخىر بىر كۈنى سىلىنىڭ، بىزنىڭ — ھەممىمىزنىڭ بېشىنى يەيدۇ، ئۇنىڭ نىيىتى شۇنداق بۇزۇق.

جامالىدىننىڭ ئاچچىقى كەلدى، زەيدىنگە چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— تولا پوق چاينىماڭ، تىلىڭىزغا كۆيدۈرگە چىقىدۇ! ئۇ ئۇنداق مۇناپىق ئادەم ئەمەس!

— شۇنداق، شۇنداق. قالتىس دانا ئادەم ئىكەنلا، ئاتىدارچىلىق قىلغانلىرىغا ھەشقاللا. ئەمدى ماڭايلى، ئاتلارمۇ تويدى، بىزمۇ ناشتا قىلىۋالدۇق. تاڭ يورۇپ قالسا دۈشمەنلەر بىزنى كۆرۈپ قالىدۇ. بۇنداق تېپىلغۇسىز پۇرسەت قولدىن كېتىدۇ.

— ھەببەللى، مانا ماۋۇ گەپلىرىڭىز جايىدا. بۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقىدەك پىتنە ـ پاسات تېرىيدىغان گەپلەرنى يەنە قىلىپ سالسىڭىز مەن ئەمدى ھەرگىز يۈز ـ خاتىر قىلمايمەن. ئاگاھ بولۇڭ!

— خوپ.

— ماڭايلى.

ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىلگىرى توختىماي ئۇدا بىر ھەپتە ياغقان يامغۇر گەز دەرياسىنىڭ سۈيىنى خوپ ئۇلغايتىۋەتكەنىدى. ئىلگىرىكى چاغلاردا بۇنداق كۈز ئايلىرىدا گەز دەرياسىنىڭ سۈيى ئازلاپ كېتىپ، خېلى چوڭقۇر ئېقىنلىرىدىمۇ سۇ تىزغىمۇ چىقمايتتى. لېكىن، بۇگۈن سۇ ئۇلارنى خېلى ئاۋارە قىلدى. دەريانىڭ سۈيى يېيىلىپ تەكشى ـ تىنىچ ئاقىدىغان ئېقىنلىرىدىمۇ ئاتلارنىڭ قورسىقى سۇغا چىلىشىپ قالدى. ئۇلار ئېغىر قورال ـ ياراغلارنى ئاتلارغا سۆرىتىپ، ئىتتىرىپ يۈرۈپ ئاران تەسلىكتە دەريادىن ئۆتتۈۋېلىشتى.

بۇ چاغدا تاڭ يورۇپ، كۈن خېلى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ئاربلاپ ـ ئاربلاپ كۈز ئايلىرىنىڭ غۇر ـ غۇر سوغۇق شامىلى چىقىپ تۇراتتى. چارلاشقا كەتكەن رازۋېدكىچىلار يەنە: «دۈشمەنلەر ئاز ئىكەن. چەشتاغ تەرەپتە ئاران يىگىرمە ـ ئوتتۇزدەكلا ئەسكەر تۇرىدۇ» دېگەن گۇمانلىق خەۋەرنى يەتكۈزۈشتى. جامالىدىن يەنە دىلىغۇل بولۇپ قالدى: «باشقا دۈشمەنلەر يوشۇرۇنۇۋالغان بولسا، رازۋېدكىچىلىرىمىز ئۇلارنى سېزەلمەي قالدىمۇ يا؟» ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. دۈشمەنلەر بىزنىڭ كېلىشىمىزنى بىلمەيدىغان تۇرسا، ئۇلار يەنە نېمىشقا يوشۇرۇنۇۋالىدىكەن؟ ۋۇي! ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ ماڭا گۇمانخورلۇق جىنى چاپلىشىپ قالدىمۇ نېمە؟ بوپتۇ، قېنى يەنە بىردەم تەخىر قىلىپ باقايلى. ناۋادا دۈشمەنلەر يوشۇرۇنۇپ يەرنىڭ ئاستىغا كىرىۋالغان بولسىمۇ ئۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمايدۇ. ئۇزاققا قالمايلا ئاشكارىلىنىدۇ.»

ئۇلار دۈشمەنلەرنىڭ ئاشكارىلىنىشىنى كۈتۈپ خېلى ئۇزاق ساقلاشتى. لېكىن، دۈشمەن تەرەپ يەنىلا جىمجىت ئىدى. ئۇلار تەقەززا بولۇپ ئاتلىنىشقا تەييارلاندى. دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىزلا قاشبېشى مەھەللىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قېتىم تاپانچا ئېتىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى. ئۇلار

ھەيران بولۇپ تۇراتتى، چەشتاغ تەرەپتىن بۇ تەرەپكە قارىتىپ ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا شۇ چەشتاغ تەرەپتىن يەنە بىر پاي ئوق ئېتىلدى. يەنە بىرھازادىن كېيىن يەنە شۇ چەشتاغ تەرەپتە بومبا پارتلىغان گۈلدۈرلەش ئاۋازى ئاڭلىنىپ، تاشمىلىق ئەتراپىدىكى يەر - زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى - دە، توپا - چاڭ، ئىس - تۈتەكلەرنىڭ ئاسمانغا پۇرقىراپ كۆتۈرۈلگەنلىكى كۆرۈندى. جامالىدىنلار تېخىمۇ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى. جامالىدىن كۆڭلىدە: «دۈشمەنلەر ئارىسىدىمۇ بىزگە ماسلىشىدىغان ئادەم بار ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ خۇش بولۇپ كەتتى. لېكىن، ئوق ياكى پارتلاش ئاۋازى قايتا ئاڭلانمىدى.

ئۇلار تولا ئۇزاق ساقلاپ، ئىچى تىتىلداپ، تاقەتتى تاق بولغان ھالدا چەشتاغقا يېقىنلاپ بېرىپ، دۈشمەن گازارمىسى ئوچۇق كۆرۈنۈشكە باشلىغاندىلا ئاندىن توختاشتى. شۇنىڭغىچە دۈشمەنلەر خۇددى ئۇنىڭدىن خەۋەرسىز دەك تىپتىنچ ئۆتتى، بىرەر ئادەممۇ كۆرۈنمىدى. ھېلىقى ئوق ئاۋازى بىلەن بومبىنىڭ گۈمبۈرلىگەن پارتلاش ئاۋازىدىن باشقا، ئادەملەرنىڭ ئاۋازى ياكى بىرەر ئاراق - تۇرۇقنىڭ شەپىسىمۇ ئاڭلانمىدى، ھەتتا يىراق - يېقىنلاردىكى ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرىمۇ جىمىپ قالدى.

جامالىدىن ئادەملىرىگە «تەييارلان !» دەپ بۇيرۇق بەرگەنىدى، شۇ ھامان پىلىموت، مىناميوت، توپ - زەمبىرەكلەر دۈشمەنلەرنىڭ گازارمىسىنى ئوققا تۇتۇش ئۈچۈن توغرىلاندى. زەيدىن بەگ دۈشمەنلەر سېپىگە زەربە بېرىشكە تەييارلىنىپ تۇرۇشقان ئەتراپىدىكى ئادەملەر توپى ئارىسىغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئۇ ساختىلىق قىلىپ ئۆز تەرىپىگە قارىتىۋالغان، ئەمەل، بايلىق تەمەسىدە ئەقلى بۇلغىنىپ خۇدنى يوقاتقان، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بېرىشكەن سادىق غالچىلىرىنىڭ شۇ تاپتا ھەرقايسىسى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىپ، بەلگىلەپ بېرىلگەن نىشان ئادەملەر بىلەن پىلىموت، مىناميوت، توپ - زەمبىرەكلەرنىڭ

قىشىدا بۇيرۇقنى كۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ زەھەرلىك يۈرىكى يايراپ كەتتى. جامالىدىن قىزىل توپىلىق ئىگىز دۆڭنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ دۇربۇن بىلەن دۈشمەن تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىۋاتاتتى. زەيدىن خۇشال هالدا ئۇنىڭ قېشىغا چىقتى - دە، قول سېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى گەپتە تازا چېقىۋېلىپ، يۈزىنى تۆكۈۋېتىپ، پۇخادىن چىقىۋېلىش ئۈچۈن، قەستەنگىلا ئۇنىڭدىن مۇنداقلا سوراپ قويدى:

— ئەسكەرلەر كۆپ ئەمەستۇ؟

— ھېچقانداق ئادەم كۆرۈنمەيدۇغۇ، — دېدى جامالىدىن دۇربۇن بىلەن دۈشمەن تەرەپكە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرۇپ، — ئويلىغىنىمدەك بولۇۋاتىدۇ. دۈشمەنلەرنىڭ شۇ چاغقىچە بىزنى تۈيمىغىنىغا قارىغاندا ئۇلارنى راستتىنلا غەپلەت بېسىپتۇ. ھۇجۇمنى باشلايلى.

— ھۇجۇمنى باشلايلى دەۋاتامسىز؟ بەللى، بەللى ! قالتىس نوچى بولۇپ كېتىپسىز جۇمۇ ! شۇ تاپتا مۇشۇنداقلا ھۇجۇم باشلاشتىن قورقمامسىز؟ ئۇرۇشنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ، دېگەن دانا ھۆكۈمدىن خەۋىرىڭىز يوق ئىكەن - دە؟

جامالىدىن چۆچۈپ كەتتى، ھەتتا ئۆزىنىڭ قۇلىقىغىمۇ ئىشەنمەيلا قالدى. چۈنكى، زەيدىن بەگ ئۇنىڭغا ھېچقاچان سىزلەپ گەپ قىلغان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ سۆزلىرىدە تەنە بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئادەمنىڭ خۇي - پەيلى بۇگۇن باشقىچىرەك تۇرىدۇغۇ. يەنە تېخى ئۇرۇشنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ دەپ ۋاتىلداپ كەتكەنلىكىدىن ئايلىناي ! ھە، راست، بۇ ئۇنىڭ نېمە دېگىنىدۇ؟ ! غەلىتە گەپ ! كۆڭلىدە خۇددى جىن باردەكلا ! ئۇ بۇرۇلۇپ ئاچچىقلانغان ھالدا زەيدىنگە تىكىلدى:

— نېمە بولدىڭىز؟ جەڭگە چۈشۈش ئالدىدىمۇ مۇشۇنداق كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بىمەنە چاقچاق قىلامسىز؟ ! دېمىسىڭىزمۇ ئۇرۇشنىڭ توققۇزى رەڭ ! ئۇنداق بولسا قېنى

مەرھەمەت، مۇشۇ ئورۇننى تېخىمۇ ئوبدان قىلىش ئۈچۈن قانداق رەڭۋازلىق تەكلىپىڭىز بولسا دەرھال ئوتتۇرىغا قويۇڭ، مەسلىھەتلىشىپ باقايلى. بولمىسا ئۇنداق ئادەمنىڭ سەپرايىنى ئۆرلەتتىدىغان چاقچاقنى قىلماڭ! تىلىڭىز تۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئاڭلاپ قويۇڭ: مەن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن! پەقەت ئالا كۆڭۈل، ئىككى يۈزلىمە مۇناپىقلاردىن قورقىمەن!

زەيدىن ئۇنىڭغا قاراپ سوغۇققىنا كۈلدى:

— ھىم بولدى، بولدى، تولا چېچىلماڭ. ئاچچىقىڭىز خوپ يامان ئىكەن جۇمۇ سىزنىڭ، — ئۇ كەينىگە تۇتۇپ تۇرغان تاپانچىسىنى جامالىدىننىڭ پېشانىسىگىلا تەڭلىدى، — مانا ماۋۇ نەرسىدىنمۇ قورقمامسىز؟! مېنىڭ تەكلىپىم دەل مانا مۇشۇ. ئۇ شۇنداق دەپلا ئارقىدىن ئۈچ پاي ئوق چىقىرىۋەتتى، — ھە، مانا ئەمدى ئوبدان بولدى. سىزنىڭ زۇۋانىڭىز بالدۇرلا تۇتۇلدى!

جامالىدىن يۈرىكىنى قامالاپ مۈجۈپ تۇتقان ھالدا ئۇيان - بۇيان تولغىنىپ، سوزۇلۇپ - تۈگۈلۈپ تۇرۇپ «ئاھ، ئەنجانباي!...» دېدى - دە، دۈڭدىن دومىلاپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. دۆڭنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يانباغىردا جامالىدىننىڭ مۇھاپىزەتچىسى سادىن مەرگەن ئۇنىڭ ئىتىنى تۇتۇپ تۇرغانىدى. ئوق ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى، ئۇ شۇنداق قاراپلا جامالىدىننىڭ مەيدىسىنى مۈجۈپ تولغىنىۋاتقانلىقىنى، زەيدىننىڭ تاپانچا تۇتۇپ تۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، ئاپتوماتنى ئۇنىڭغا توغرىلىدى. لېكىن، ئۇ كېچىككەنىدى، ئۇ تەپكىنى بېسىپ بولغۇچە، پايلاپ تۇرغان بىرى ئۇنىمۇ ئۈچ پاي ئوق بىلەن ئېتىپ تاشلىدى.

زەيدىن ئۆز غالچىلىرى بىلەن ئالدىنئالا خۇپىيانە ھالدا كېلىشىپ قويغانىدى. ئۇلار ئۇ ئاتقان ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان ئۆز نىشانلىرىنى ئاپتوماتلار بىلەن تاتاتلىتىپ شىددەتلىك ھالدا ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدىلا نەچچە يۈزلىگەن

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك تەرەپ - تەرەپلەردىكى ئۆتۈشمە ئاكوپلاردىن تۇيۇقسىزلا سەكرەپ چىقىپ قىيقاس - چۇقان سېلىشىپ باستۇرۇپ كېلىشتى - دە، ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ قېلىشقان جامالىدىنىنىڭ ئادەملىرىگە تاشلاندى. ئارقىدىنلا تاشمىلىق تەرەپتىنمۇ ئالاھىدە خىل قوراللار بىلەن قوراللانغان ئەمەت بەگنىڭ يەتمىش نەچچە ئاتلىق مەرگەن باندىتلىرى «قىر ! چاپ !» دەپ ۋارقىرىشىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدى - دە، بۇ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىرىۋەتتى. پىلىموت، مىلتىق، ئاپتوماتلاردىن ئېتىلغان ئوقلارنىڭ ئاۋازلىرى، گراناتلارنىڭ دەھشەتلىك پارتلاشلىرى، قىلىچلارنىڭ ۋال - ۋۇل پارقىراپ بىر - بىرىگە «جاق - جۇق !» ئۇرۇلۇشلىرى، ۋارقىراشلار، ئىچىنىشلىق ئىنجىقلاش، قىرقىراش - چىرقىراش... سادالىرى، خۇددى قارا قۇيۇندەك ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن توپا - چاڭ، ئىس - تۈتەكلەر بىردەمدىلا تاشمىلىق ئەتراپىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى.

ئىچى - تېشىدىن تەڭلا بېرىلگەن زەربە جامالىدىنىنىڭ ئادەملىرىنى ناھايىتى تېزلا ھالسىرىتىۋەتتى. ئۇلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئۆلۈپ، يارىلىنىپ بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋەردى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار بوش كەلمىدى. قەھر - غەزەپ بىلەن ئېلىشىپ دۈشمەنلەرگە زادىلا باش ئەگمىدى، ھەتتا ئۆزلىرىدىكى ئازغىنا ئوق - دورىلار تۈگەپ كېتىپ، قوراللىرى كارغا كەلمەي قالغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، پىچاقلىرىنى ئىشلىتىپ، قورام تاشلارنى ئېتىپ، مۇشتلاپ، قوشقارچىلاپ كاللا قويۇپ يۇرۇپ نۇرغۇنلىغان دۈشمەنلەرنى يەر چىشلەتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۈچى يەنىلا دۈشمەنلەرگە يەتمىدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ئۆزلىرىدىن يەتتە - سەككىز ھەسسە ئارتۇق، قوراللىرى خىل بولغاچقا تەڭ كېلەلمەي، ئاخىر ھايات قالغان ئوتتۇز سەككىز ئادەم قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ ئويتاغ تەرەپكە قاراپ

قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمەت بەگنىڭ باندىتلىرى بىلەن بىر قىسىم ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېتىشتى.

بۇ قېتىمقى دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقتا دۈشمەنلەر غەلىبە قىلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ پولك كوماندىرى بۇنىڭدىن رازى بولمىدى. ئۇنىڭمۇ ئەسكەرلىرى خېلى ئۆلگەنىدى، بولۇپمۇ ئۆزلىرىدىن يەتتە ـ سەككىز ھەسسىدەك ئاز بولغان بۇ بىر ئوچۇم «تەلۋە»لەردىن بىرەرىنىڭمۇ تەسلىم بولمىغانلىقى ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى. ئۇلارغا بۇنداق جاسارەت، قۇدرەتلىك كۈچ قەيەردىن كەلگەندۇ؟!

* * *

خوجا ئابدۇراخمان باشلاپ ماڭغان ئادەملەر تۈن قاراڭغۇسىدا تاشمىلىق تەۋەسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ تاڭ يورۇغاندىلا كەڭرى بىر تۈزلەڭلىك ئارىلىقىدىكى جىلغا بويىغا يېتىپ كېلىپ توختىدى. ئۆتۈشمە يوللارغا ياندىشقان بۇ جىلغا كەڭرى ھەم چوڭقۇر ئىدى. ئىچىدىكى ئەگرى ـ توقاي كىچىك تاراملاردا ئازغىنە ساقىندى سۇلار شىرقىراپ ئېقىپ تۇراتتى. ئانچە ـ مۇنچە ئېگىز ـ پەس، كىچىك ـ كىچىك دۆڭلۈكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ جىلغا خېلى تەكشى تۈزلەڭلىك ئىدى. تاغ ـ داۋانلار يىراق بولغانلىقتىن، مەيلى ئۇ تەرەپ ياكى بۇ تەرەپتىن كېلىدىغان دۈشمەنلەرنى خېلى يىراقتىنلا ئاسانلا كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. شۇڭا، ئۇلار بۇ جىلغىنى دۈشمەنلەرگە تۇيۇقسىز زەربە بېرىشكە بولىدىغان ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەپلىك قورغان دەپ ھېسابلىدى ـ دە، شۇ ھامان جىلغىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىشتى. كۈن چىقتى. ئەتراپ جىمجىت، ھېچقانداق تاراق ـ تۇرۇقنىڭ شەپىسىمۇ يوق، پەقەت يىراقلاردا ئىتلارنىڭ غەزەپلىك قاۋاشلىرى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ سوزۇپ ـ سوزۇپ مەرەشلىرى، ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىنى

تۇۋلاشلىرىلا بوشقىنا ئاڭلىنىپ قالاتتى.

خوجا ئابدۇراخمان باشلاپ ماڭغان ئادەملەر جىلغىدا قاتتىق ـ قۇرۇق نانلار بىلەن بەخىرامان ناشتا قىلىشقىلىشتى. ئاندىن دۈشمەن كېلىش ئېھتىمالى بولغان يوللارغا كۆز تىكىپ ئۇزاق ساقلاشتى. لېكىن، ئۇ تەرەپ ياكى بۇ تەرەپتىن كېلىدىغان ئادەم دىدارى كۆرۈنمىدى. ئادەتتە بۇ يولدا مېڭىپ، ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. كىشىلەر بۇ يولدا ئەسكەرلەرنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭلىرىغا تولا ئۇچراپ قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، يولۇچىلار ئازلاپ كېتىپ، بۇ يول يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى چۆللىشىپ قالغانىدى. چۈشكە يېقىن چەشتاغ تەرەپتە بومبىلارنىڭ پارتىلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلار قېچىپ كېلىدىغان دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ يوقىتىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ تۇرۇشتى. دېگەندەك، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا تاشمىلىق تەرەپتىن بىرەر يۈزدەك ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ بۇ تەرەپكە قاراپ چېپىپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. بۇنداق كۆپ ئەسكەرلەرنىڭ قېچىپ كېلىشى ئۇلارغا غەلىتىلا تۇيۇلۇپ كەتتى:

ــ بۇ قانداق بولغىنى، چەشتاغ، تاشمىلىق تەرەپلەردە دۈشمەنلەرنىڭ پەقەت قىرىق ـ ئەللىكدەكلا ئەسكىرىنىڭ بارلىقى خەۋەر قىلىنغانىدىغۇ؟!

ــ ئۇنداق بولسا، شۇنچە كۆپ ئەسكەر قانداق پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟!

ــ بىز ئالدانغان ئوخشايمىز! ئاپلا!

ــ شۇنداق، بىز ئالدىنىپتۇق! ئۇلار بۇ تەرەپكە قېچىپ ئەمەس، ھۇجۇم قىلىپ بىزنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن كەپتۇ!

ــ مەيلى، كەلسە كەلسۇن، ئۇلاردىن قورقمايمىز! بىزنىڭ ئادىمىمىز ئۇلاردىن كۆپ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تۈزلەڭدە، ئوچۇق ـ ئاشكارا، جىلغا قوغدىنىشقا بولىدىغان ئەپلىك قورغان!

ــ كېلىشە! ئۆلگۈسى كەلگەن گۇيلار!!

شۇ ئارىدا دۈشمەنلەر يېقىنلاپ كېلىپ قالدى. خوجا

ئابدۇراخماننىڭ ئادەملىرى ئوقلارنىڭ نىشانغا تەگمەي زايە بولۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ يېقىنىراق كېلىشىنى كۈتۈشتى. لېكىن، دۈشمەنلەر يېقىنلاشمىدى. يىراقتىلا توختاپ، زەمبىرەك، مىناميوتلىرىنى ئەتراپتىكى كىچىك - كىچىك دۆڭلەرنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ توختىتىشتى.

دېمەك، خوجا ئابدۇراخماننىڭ پەرەزلىرى توغرا بولۇپ چىقتى. ئۇلار ئالدانغانىدى. ئۇلارنىڭ جىلغا ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلىقىنى دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنئالا بىلىدىغانلىقى كۆڭۈللىرىگە ئايان بولدى. ئۇلار ئەسلىدە دۈشمەنلەر مۇشۇ جىلغىنى بويلاپ ماڭىدۇ دەپ پەرەز قىلىشقانىدى. دېمىسىمۇ جىلغا بويلاپ ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ يول ئەگرى - توقاي، ئېگىز - پەس، توپىلىق بولسىمۇ، لېكىن خېلى كەڭ - كەڭرى ئىدى. يېقىن ئەتراپتا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇدۇل مېڭىشقا بولىدىغان تۈزۈكرەك ئازادە يولمۇ يوق ئىدى. دۈشمەنلەر دەل مۇشۇ ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزلىرىنى خۇددى تۆگىنىڭ بۇرنىدىن يېتىلىگەندەك يېتىلەپ بۇ يەرگە باشلاپ كېلىپ جىلغىنىڭ ئىچىگە سولاپتۇ، دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىتىپ قاپقانغا دەسسىتىپتۇ!

لېكىن، ئابدۇراخماننىڭ ئادەملىرى ھوش - كاللىسىنى تاپقاندا بەكلا كېچىككەنىدى. شۇ تاپتا دۈشمەنلەرنىڭ ئېغىر قوراللىرى دەل ئۇلارنىڭ ئۈستىگىلا توغرىلىنىپ بولغانىدى. لېكىن، ئۇلاردىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئېغىر قوراللىرىغا تاقابىل تۇرالىغۇدەك ئېغىر قوراللارنىڭ ھەممىسى زەيدىنىگە قالدۇرۇلغانىدى. ئۇنداق يىراق جايلارغا پەقەت مىلتىقنىڭ ئوقلىرىلا يېتىپ بارالايتتى. ئۇلار ئىلاجسىز ھالدا جىلغىنىڭ قىرلىرىنى ئۆزلىرىگە دالدا قىلىپ، ئۆزلىرىدىكى بار - يوق يىگىرمە - ئوتتۇز تالدەك مىلتىق بىلەن دۈشمەنلەرنى قارىغا ئېلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇشتى. دەل شۇ چاغدا دۈشمەنلەر

ئۇلارنىڭ ئۈستىگە گۇمبا - گۇمباڭ ئوق ياغدۇرۇپ بىردەمدىلا بىر مۇنچە ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشتى! ئۇلارمۇ دۈشمەنلەرنى نىشانلاپ مىلتىقلىرىنى ئىشقا سېلىشتى، لېكىن ئۇلارنىڭ يىراق ئارىلىقتىن ئاتقان ئوقلىرى دۈشمەنلەرگە تەگمىدى. دۈشمەنلەرنىڭ مىناميوت، زەمبىرەك ئوتلىرى تېخىمۇ ئەدەپ، دەل ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئارقا - ئارقىدىن چۈشۈپ گۈمبۈرلەپ پارتلاۋەردى.

ئەنجانبايىنىڭ ئىنىسى قادىر مۇئەللىم ئويتاغ پولكى زەربىدارلار ئىزۋوتىنىڭ كوماندىرى ئىدى. گراناتلارنى يىراققا ھەم دەل جايىغىلا تاشلاشقا ماھىر ئىدى. ئۇ ئۈچ ئادەمنى باشلاپ ئېرىقلارنىڭ ئىچى، قىرلارنىڭ دالدىسى، شالاڭ ئۆسكەن ئوت - چۆپلەرنىڭ ئارىسى بىلەن ئۆمىلەپ يەر بېغىرلاپ مېڭىپ دۈشمەنلەر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. بىرھازادىن كېيىن ئۇ تەرەپتە گراناتلارنىڭ ئارقا - ئارقىدىن گۈمبۈرلىگەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئارقىدىن ھايال ئۆتمەيلا پىلىموتلارنىڭ تاتاتلىغان ئاۋازلىرى بىلەن گراناتلارنىڭمۇ پارتلاپ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازلىرى خېلى ئۇزاققىچە ئاڭلىنىپ تۇردى. خوجا ئابدۇراخمان ئۇلارنىڭ ئۇ تەرەپكە بېرىپ دۈشمەنلەرنىڭ ئېغىر قوراللىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىش تەلىپىگە ماقۇل بولغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى. شۇ ئارىدا ئۇ تەرەپتىكى ئوق ئاۋازلىرى جىمىپ قالدى. ئۇ قادىرلاردىن ئەنسىرەپ ئىچى تىتىلداپ تۇرغاندا قادىر ئۆزى يالغۇزلا قايتىپ كەلدى. ئۇلار گراناتلار بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ ئىككى زەمبىرىكىنى پارتلىتىپ كاردىن چىقارغان. لېكىن، دۈشمەن ئۇلارنى پىلىموت بىلەن توختىماي ئوققا تۇتۇپ ئۈچ ئادىمىدىن ئايرىغانىدى.

ئۇلار قايغۇرۇپ تۇرۇشقاندا دۈشمەنلەر مىناميوت، زەمبىرەكلەر بىلەن ئۇلارنى يەنە ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ئۇلار تۇيۇقسىزلا ئارقا تەرىپىدىنمۇ شىددەتلىك ئوققا تۇتۇلۇپ كەتتى، ئۇلار جىلغىنىڭ ئۇ تەرىپىدىنمۇ نەچچە

يۇزلىگەن دۈشمەننىڭ خۇددى قارا بوراندەكلا باستۇرۇپ كېلىپ ئۆزلىرىگە تاشلانغانلىقىنى كۆرۈشتى ـ دە، ھودۇقۇپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى. شۇندىلا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىككى ئوتتۇرىدا قاپسىلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ تېخىمۇ چۆچۈپ كېتىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەنلەر ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ، قوراللىرىمۇ خىل ئىدى. دۈشمەنلەر ئېگىزدە، ئۇلار پەستە، ئېگىزدە تۇرۇپ پەستىكىلەرنى نىشانغا ئېلىش ئاسان، گراناتلارمۇ دەل جايىغىلا چۈشىدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ خوجا ئابدۇراخماننىڭ ئادەملىرى ئىككى تەرەپتىكى دۈشمەنلەرگە تەڭلا ئوت ئېچىپ بىرھازاغىچە جان تىكىپ ئېلىشتى. دۈشمەنلەرمۇ پەسكە چۈشمىدى. ئېگىزدىكى ئەپلىك جايلاردا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ تەرەپ ـ تەرەپلەردىن ئۇلارنى توختىماي ئوققا تۇتىۋەردى. خوجا ئابدۇراخماننىڭ ئادەملىرى تۈگەشكىلى تۇردى. ئۇلاردىكى ئازغىنە ئوق ـ دورىلارمۇ تۈگەي دەپ قالدى. ئۇلار ئامالسىز قېلىپ، جىلغىنىڭ باش تەرىپىگە قاراپ قېچىشقا مەجبۇر بولۇشتى. لېكىن، ئۇلار جىلغىنىڭ باش تەرىپىگە قاراپ قېچىپ تېخى ئەللىك ـ ئاتمىش قەدەم ماڭار ـ ماڭمايلا ئالدى تەرەپتە يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئۇلارنى پايلاپ تۇرۇشقان دۈشمەنلەرنىڭ تۇيۇقسىز شىددەتلىك ئوققا تۇتۇشىغا ئۇچراپ، نۇرغۇنلىرى قىرىلىپ كەتتى، ئۇلار ھودۇققان ھالدا كەينىگە يېنىپ جىلغىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قاچتى. لېكىن، ئۇلار قېچىپ جىلغىنىڭ ئۇ بېشىغا يېتىپ بېرىشقا ئاز قالغاندا، ئۇ تەرەپتىنمۇ يوشۇرۇنۇپ تۇرغان دۈشمەنلەرنىڭ تۇيۇقسىز شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچراپ نۇرغۇنلىغان ئادەملىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. مانا ئەمدى ئىككى يانغىمۇ قاچالمايدىغان، ئالدى ـ ئارقىسىغىمۇ يانالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى، ئۇلار خۇددى قەپەسكە سولانغان قۇشقىلا ئوخشاپ قالدى. ئۇلار شۇ تاپتا قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۈشمەنلەرگە ئەل بولسىلا ھايات قېلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ پاك كۆڭۈللىرى بۇنداق

نومۇسسىزلىقنى راۋا كۆرمىدى. يەنىلا جان تىكىپ ئېلىشىپ، ئاخىر جىلغىنىڭ باش تەرىپىدىن ئارانلا يىگىرمە توققۇز ئادەم قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، ئۆيتاغ ئاغزى تەرەپكە قاراپ قېچىپ كېتەلىدى.

كېيىنكى چاغلاردا شۇ قېتىمقى دەھشەتلىك پاجىئەنىڭ شاھىتى بولغان بۇ جىلغىنىڭ خېلى ئۇزاق يىللارغىچە «شېھىت جىلغا» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ قېلىشى ئاشۇ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقنىڭ خەلق كۆڭلىدە ساقلىنىپ قالغان ئۆچمەس دەلىل ـ ئىسپاتى ئىدى.

# يىگىرمە بەشىنچى باب

## شۇم خەت

— بۇ چىملىق ئەجەبمۇ بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ ـ ھە؟

— خۇددى مەرۋايىت دانچىلىرى ئۈنۈپ چىققاندەكلا !

سېخىي تەبىئەتنىڭ چەكسىز ھىممىتى، كارامىتىنى نامايان قىلغاندەك ئىلگىرى چۆللىشىپ كەتكەن بۇ چىملىق شۇ تاپتا كۆز چاقنىغۇدەك گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. كېچىدىن شەبنەم چۈشكەنىدى، ئۇ چەت ـ بۇ چەتلىرى كۆرۈنمەيدىغان بۇ كەڭرى چىملىق ئەتىگەنكى كۈننىڭ قىيپاش نۇرىدا خۇددى پايانسىز ياپيېشىل مەرۋايىت پاياندازدەك ۋالىلدايتتى. شۇ تاپتا بالىلارنىڭ قاپقارا كۆزلىرى ئانىلىرىغا مۆلدۈرلەپ تەلپۈنۈۋاتقان كەپتەر باچكىلىرىنىڭ كۆزىدەك لىپ ـ لىپ ئويناپ، چىملىقنىڭ ئۇ چەت ـ بۇ چەتلىرىگىچە تويماي تەلمۈرۈپ قارايتتى. قارىغانسېرى قارىغۇسى كېلەتتى. خۇددى مەرۋايىتلار دۇنياسىدا كېزىپ يۈرگەندەك، كۆزلىرى قامىشىپ، دىللىرى يايرايتتى. ئويماقتەك كىچىككىنە يۇمران ئېغىزلىرىمۇ خۇددى تولا سايراپ ھالىدىن كەتكەن كاككۇكنىڭ ئاغزىدەك ئېچىلىپلا قالغانىدى.

ئېشەكلەرنىڭ قارنى ئاچ ئىدى. تولا تېپىرلاپ، تۇمشۇقلىرىنى ئۇيان ـ بۇيان سوزۇپ، بالىلارنى سۆرىگىلى تۇردى. شۇندىلا ئۇلار ئەسلىگە كېلىشتى ـ دە، ئېشەكلەرنىڭ پۇتلىرىنى چېتىپ قويۇشتى.

ئەتراپتا ئولتۇرغۇدەك قۇرۇقراق يەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. ھەممە يەر ئوخشاشلا شور ئۆرلەپ تۇرغان زەيلىك ئىدى. شۇڭا، بالىلار

پۈتلىرى تېلىپ كەتسىمۇ چىملىقتا تىكىلگىنىچە ئۆرە تۇرىۋەردى، تاكى كۈننىڭ كۈتۈرۈلۈشى بىلەن، كۆزنى چاقنىتىدىغان ھېلىقى مەرۋايىتتەك شەبنەم دانچىلىرى ئاستا ـ ئاستا پارغا ئايلىنىپ تۈگىگۈچە قاراپ تۇرۇشتى.

ئەمدى يەنە قاراپ تۇرىۋېرىشنىڭ ھېچقانداق قىزىقى قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارمۇ ئۆرە تۇرىۋېرىپ ھېرىپ كەتتى، ئۇيقۇسى كېلىپ كۆزلىرى ئېچىشتى. «ئاھ، شۇ تاپتا بەلەن قۇملۇق بولسا ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلىۋالسا، تازا بەلەن بولاتتى ـ دە !» ئۇلار قۇرۇقراق يەر ئىزدەپ ئەتراپقا قاراشتى. لېكىن، ھەممە يەر يەنە شۇنداق ئۇخشاشلا زەي ئۆرلەپ تۇرغان چىملىق ئىدى. ئېرىق بويىدىكى كۆك قۇملۇقمۇ غىچچىدە خوخا، يانتاقلار ئۇنۇپ كەتكەنلىكتىن ئولتۇرۇشقىمۇ بولمايتتى. ئۇلار ئىلاجسىز يىراقلارغا تىكىلدى. كۈنچىقىش تەرەپتىكى ئېگىزلىكتە بىر گۈمبەز كۆرۈندى. ئۇ گۈمبەزنىڭ ئۈستىدىكى ھاۋا بوشلۇقىدا بىر لاچىن ئەگىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. باللار ئاشۇ گۈمبەزگە قاراپ يۈگۈرۈشتى. بۇ تۇزتاغ مازىرىم گۈمبىزى ئىدى.

*    *    *

گۈمبەزنىڭ تاملىرى كونىراپ، سۇۋاقلىرىمۇ چۇشۇپ كەتكەنىدى. شورلىرى ئىچىدىكى قەبرە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. گۈمبەزنىڭ ئالدىدا ئاللىقاچان ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، ئۈستىنى يانتاق، خوخا، چىغ بېسىپ كەتكەن بىرنەچچە تاشلاندۇق مىسكىن قەبرىلەر بىر ـ بىرىگە يانداشقان ھالدا مۆكىلىنىپ يېتىشاتتى. كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بۇ كۆڭۈلسىز قەبرىلەرگە باللارنىڭ ئۆزاقراق قارىغۇسى كەلمىدى، گۈمبەزنىڭ ئىچىنى كۆرگۈسى كەلدى. ئۇلار پالاقشىپ كېلىپ گۈمبەزنىڭ ئىچىگە قەدىمىنى شۇنداق قويۇشىغىلا، ئۇلاردىن ئۇركۈگەن بىر

توپ كەپتەر گۈمبەز ئىچىدىن تۇيۇقسىزلا ئۇچۇپ چىقىپ ئۇلارنى چۆچۈتۈۋەتتى، باللارنىڭ قورقۇنچىدا كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ چەكچىيىپلا قالدى. گۈمبەز ئىچىدىكى قەبرە كەپتەر ماياقلىرىدا ئالىپاساق بولۇپ كەتكەنىدى. قانداقتۇر بىر خىل چىرىندىنىڭ ئاچچىق پۇرىقى دىماغنى ئېچىشتۇراتتى. باللار تۆشۈك تاملارغا، قەبرىنىڭ تۆت چاسا سۇپىسىغا، سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاستى كىچىك، ئۈستى چوڭ يۇملاق قەبرە بېشىغا بىردەم قاراپ تۇرۇشتى ـ دە، يېنىپ چىقىشتى. گۈمبەزنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، قىيالىقتا ئۆسكەن بىر تۈپ جىغاننىڭ يېنىدىكى كۆك قۇملۇققا كېلىشتى. بۇ يەردىن چىملىقمۇ، چىملىقتا ئوتلاۋاتقان ئېشەكلەرمۇ، ئەتراپتىكى ئېگىز ـ پەسلىكلەرمۇ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. باللار مۇشۇ قۇملۇقتا قوللىرى بىلەن ئېگەكلىرىنى يۆلەپ، قورساقلىرىنى قۇمغا يېقىپ دۈم يېتىپ، ئەتراپنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى. سىڭلىسىنىڭ كۆزلىرى تۇيۇقسىزلا ئويناپ كەتتى:

— ئاكا ئاۋۇ تاغقا قارىغىنا.

— چەشتاغنى دەمسەن؟

— چەشتاغ؟

— هەئە، چەشتاغ. تاغام «كۈنچىقىش تەرەپتىكىسى چەشتاغ، كۈنپېتىش تەرەپتىكىسى تۇمشۇقتاغ، چەشتاغدا لەڭزىدىن چىققان ئەسكەرلەر بار، يېقىن بېرىپ قالماڭلار! تۇمشۇقتاغدا ئەنجانبايلار بار. قورقماڭلار!» دېگەنىدىغۇ؟ بىردەمدىلا ئۇنتۇپ قاپسەن ـ دە! هە، چەشتاغ نېمە بوپتۇ، سوراپ قالدىڭغۇ؟

— ئەنە قارا، خۇددى تۈگۈلۈپ تۇرغان چاشقانغىلا ئوخشايدىكەن.

— هەئە، چاشقانغىلا. ئوبدان قارىغىنا.

— راست ئىكەن، دېگەندەك چاشقانغىلا ئوخشايدىكەن، قىزىق!

باللار بىر ـ بىرىگە قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ زىل كۈلكىسىدىن ئۈركۈگەن توپ ـ توپ قۇشقاچلار

جىغانلىقتىن پۇر - پۇر ئۇچۇپ چىقىشتى. شۇئان باللارنىڭ سادىدا كۆڭلىدىن «تۇمشۇقتاغ نېمىگە ئوخشايدىغاندۇ؟» دېگەن خىيال كەچتى - دە، ئىككىلىسى تەڭلا بۇرۇلۇپ كۈنپېتىش تەرەپكە قاراشتى.

— ئاكا، — دېدى سىڭلىسى مىلىققىدە كۈلۈپ سىلىپ، — ئەمدى سەن دەپ باققىنا تۇمشۇقتاغ زادى نېمىگە ئوخشايدىكەن؟

— ھە، ھە، توختا، توختا - ھە، مانا ھازىرلا، ھە قېنى، قېنى، ۋاھھاي ! مانا تاپتىم، تاپتىم ! بىزنىڭ ئۆيدىكى ئالا مۇشۇككە ئوخشايدىكەن. ئۇ مۇشۇك چاشقانغا تاشلىنىدىغان چاغدا، ئەنە قارا، ھە، ئەنە شۇنداق تۈگۈلۈپ غۇژمەككىدە بولۇۋالىدۇ. ئەنە قارا، تېخى سوزۇلۇپ تۇرغان قۇيرۇقىمۇ بار ئىكەن ! ۋاي خۇدايىمەي !

— ھاھھاي... مۇشۇك بىر سەكرەپلا چاشقانغا تاشلانسا !

— كانىيىدىن غاپپىدە ئېلىپ بوغسا !

— غىققىدە !

— پاھ، پاھ، ئۇ چاغدا كۆرۈڭ تاماشىنى !

— ئەنجانباي ئاكام چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ، دۈشمەننى پەملەپ تۇرۇپ غاپپىدە بوغىدۇ !

— كېكىردىكىدىن !

— ھەئە، كېكىردىكىدىن !

— ئاكا، سەن ئەنجانباي ئاكامنى كۆرگەنمۇ؟

— كۆرمەمدىغان، بۇلتۇر سىلىم سۆلەتنىڭ كىچىك ئوغلى سۇلايمان سۆلەت مەن بىلەن چېلىشىپ مېنى بېسىۋالدى، ئاچچىقىمدا يىغلاپ ساپتىمەن. دەل شۇ چاغدا يولدا كېتىۋاتقان ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم توختاپ ئاتتىن چۈشتى، يېنىمغا كېلىپ مېنى يۆلىدى، ئۇستۇۋېشىمدىكى توپىنى قاقتى، يېشىمنى سۈرتتى. «ئوغۇل بالا يىقىلسا يىغلىمايدىغان، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ يەنە ئېلىشىدىغان ! بولمىسا ئوغۇل بالا بولالمايدۇ ! يەزىلىخاندەك بولۇپ قالىدۇ !» دەپ قويۇپلا يۈرۈپ كەتتى.

— نېمە، نېمە، پەزىلىخاندەك؟
— ھەئە، پەزىلىخاندەك.
— ۋىيەي !... بۇ... بۇ نېمە دېگىنى..؟
— ھەي دۆت ! بۇ دېگىنىچۇ، مېنى قىز بالا بولۇپ قالسەن دېگىنى، يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە سوراپ نېمە قىلىسەن؟
— ۋاي خۇدايىم، قىزىق گەپ.
ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ كۆز قىسىشىپ تاتلىققىنا كۈلۈشتى.
— شۇ چاغدا ئاكىسى سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — ئۇ ئادەمنىڭ ئۆتۈكىنىڭ قونچىدىن ئىككى پىچاقنىڭ سېپى چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. كېيىن ئۇقسام، ئۇ كىشى بىزنىڭ قادىر مۇئەللىمنىڭ ئاكىسى ئەنجانباي دېگەن كىشى ئىكەن، يېنىدا قوشلاپ پىچاق ساقلايدىكەن. قادىر مۇئەللىم ھازىر ئاشۇ ئەنجانباي دېگەن ئاكىسىنىڭ قېشىدا ئىكەن، ئۇمۇ قوشلاپ تاپانچا ئاسىدىكەن.
— ھەي ئاكا، كۆزۈڭ يۇمۇلۇۋاتىدۇغۇ. ئۇيقۇڭ كەلدى؟
— ئەنجانباي ئاكامنىڭ ئەزىز دەيدىغان يەنە بىر ئىنىسىمۇ بارمىش، قالتىس نوچىمىش، ئاكىسىغا بەك ئامراق ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي يۈرىمىش. مەندىن ئاران تۆت ياشلا چوڭ ئىكەن.
— ۋىيەي تۆت ياش چوڭ بولسا نېمە بوپتۇ؟ غەلىتە گەپ قىلىسەنغۇ؟
— چوڭلارنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ئوغۇل بالا جەڭگە يارالغانمىش. مەنمۇ ئوغۇل بالا، پۈخادىن چىققۇچە گۈمبا - گۈمباڭ سوقۇشۇپ، ئوغۇل بالىدەك بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈرسەم دەيمەن. ئەنجانباي ئاكام: «توخۇنى تاخ، مۈشۈكنى پەش» دەپ ئۆيدە كۈلۈك كولاپ تۈرسۈۋېرىش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس» دەپتۇمىش. مەنمۇ كەتسەم ئەنجانباي ئاكامنىڭ توپىغا قوشۇلسام دەپ ئويلاۋاتىمەن. ئولتۇرسام - قوپسام شۇنىلا خىيال

قىلىمەن، شۇ چۈشىنىلا كۆرىمەن. كەتكۈم كېلىپ زادىلا تۇرالمايۋاتىمەن.

— سەن؟ ۋاي خۇدايىمەي، مۇنداق دېگىن تېخى.

— لېكىنزە، تاغام بىلىپ قالمىسۇن، بىلىپ قالسا مېنى «كىچىك» دەپ ھەرگىز بارغىلى قويمايدۇ. ئۇقتۇڭمۇ؟ ھە، ئۇققان بولساڭ بولدى. بىر كۈنى ئېپىنى تېپىپ غىپپىدە...

ئاكىسىنىڭ بۇ تاتلىق گەپلىرى سىڭلىسىغا بەك يېقىپ كەتتى. ئۇ خۇشاللىقىدا ئاكىسىغا مەستلىكى كېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئەركىلىگەندەك بىر كۆزىنى قىسىپ مىلىقىدە كۈلگەندى، ئۇنىڭ ئاناردەك قىپقىزىل، توغاچتەك يۇپيۇمىلاق ئىككى مەڭزىدە خۇددى ئانار ئۇرۇقى دانچىسىنىڭ ئىزىدەك كىچىككىنە ئىككى زىنىخ پەيدا بولدى:

— خۇدايىم بۇيرۇسا... ھەي ئاكا! شۇ تاپتىنزە، تازا ئۇيقۇڭ كەپتۇ ـ دە، كۆزلىرىڭ قىزىرىپ كېتىپتۇ.

— كەلمەمدىغان، سېنىڭغۇ تاغام قۇچىقىغا ئېلىپ ئۇخلىتىپ كەلدى، مەن پەقەت كۆز يۇمالمىدىم، ئىشەكتىن يىقىلىپ چۈشۈپ كېتىشتىن قورقتۇم. بارما دېسە ئۇنىمىدىڭ، يىغاڭغا چىدىماي ئېلىۋالدۇق. بولمىسا تاغامنىڭ قۇچىقىدا مەن ئۇخلايتتىم.

— ھە، مەن بىللە كەلسەم يامان بوپتۇمۇ؟ پايدام تەگدىغۇ؟ بولمىسا، مۇشۇ چۆلدە ئىشەكلەرنى ئۆزۈڭ يالغۇز باقاتتىڭ. ئەتىچۇ، ھە دەپتۇر، ئەتە تېخى تۇز ساتقىلى توققۇزاققىمۇ بىللە بارىمەن. ماڭىمۇ دەپتەر ـ قەلەم ئېلىپ بېرىدۇ. ئىككىمىز قادىر مۇئەللىمدە بىللە ئوقۇيمىز، ھە، ئاكا؟

ئاكىسىدىن جاۋاب بولمىدى، پەقەت يەڭگىل پۇشۇلدىغىنىلا ئاڭلاندى. سىڭلىسى بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئاكىسىنىڭ بېشىنى بىلەكلىرىگە قويۇپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ جىم بولدى. ئۇ ئاكىسىغا قاراپ بىردەم ئولتۇردى. ئىچى پۇشۇپ ئورنىدىن تۇرغانىدى، ئۇنىڭدىن ئون ـ ئون بەش قەدەم نېرىدىكى بىر تۈپ جىغاننىڭ شاخلىرى لىڭشىپ، قۇشقاچلار پۇر ـ پۇر

ئۇچۇپ چىقىشتى. ئۇ قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭشىتىپ پاشا، چىۋىنلەرنى قوروۇپ، بېشىنى كۆتۈرمەي ئوتلاۋاتقان ئېشەكلەرگە قارىدى. يىراقتىن خۇددى تۈگە لوككىسىدەك ئېگىز - پەس كۆرۈنىدىغان تاغ چوققىلىرىغا، ئانچە - مۇنچە يانتاق، قامغاق ئۆسكەن تاشلىق سايلىقلارغا، كۆپكۆك چىملىقلارغا تىكىلدى. ئېگىز قىيالىقتىن تاكى چىملىققىچە تۇتاش ئۆسكەن باراقسان جىغانلىققا كۆزى چۈشكەندە ئۇنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى: ئاشۇ قىپقىزىل جىغان مۇنچاقلىرىنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ تىزىق - تىزىق مارجان قىلىپ بوينىغا ئېسىۋالسا، ئايهاي !... تازا چىرايلىق يارىشاتتى. ئاداشلىرىغىمۇ ئالغاچ كەتسە، ھەممىسى بويۇنلىرىغا ئاشۇنداق قىپقىزىل مارجانلارنى ئېسىپ بىللە ئوينىسا... ئاھ، تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولاتتى - دە ! ئۇنىڭ كۆڭلى ئاشۇ جىغانلىقنى تارتىپ زادىلا تۇرالماي قالدى. لېكىن، شۇ ھامان كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشۈپ قەدىمىنى توختاتتى. ئۇ ئوغرىلارنى «كۈندۈزى بۇكلۇكلەردە يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، كېچىسى ئوغرىلىق قىلىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدى. «ناۋادا ئاشۇنداق يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئوغرىلارغا ئۇچراپ قالسا !... ياكى تېخى جىن - ئالۋاستى !... ۋاي خۇدايىمەي !... توختا، ئاكام ئويغانسۇن ! ئاكىسى يېنىدا بولسىلا ئۇ ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ ! ئاكىسى ھېلى ئويغىنىدۇ. جىق - جىق جىغان مونچىقى ئۈزۈپ كېلىدۇ.

ئۇ ئىلاجىسىز ئاكىسىنىڭ قېشىغا يېنىپ كەلدى. ئولتۇرۇۋېرىپ جىغانلىقتىن چىقىۋاتقان ئىككى ئادەمگە كۆزى چۈشۈپ قالدى - دە، چۆچۈپ كەتتى. ئۇلار ئۇدۇللا مۇشۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. تېز - تېز مېڭىشىدىن ئالدىراشتەك قىلاتتى، بىرنېمىدىن ئەنسىرىگەندەك ئۇيان - بۇيانغا ئالاڭ - بۇلاڭ قارايتتى. ئۇلار ھېلىقى تاشلاندۇق قەبرىلەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇللا گۇمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى. قىزچاق قورقۇنچىدا دەككە - دۈككىگە چۈشتى - دە، ئاكىسىنى ئاستا - ئاستا سىلكىپ ئويغاتتى:

— ئاكا، ئاكا! كۆزۈڭنى ئاچقىنا!

ئاكىسى ئاران ئويغاندى. كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ غودۇڭشىدى:

— ئەجەبمۇزە سېنى، بىردەم ئۇخلىغىلى قويساڭچۇ! نېمە بولدى؟

سىڭلىسى ئاكىسىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— گۇمبەزنىڭ ئىچىگە ئىككى ئادەم كىرىپ كەتتى. ئوغرى ئوخشايدۇ!

— كارىڭ نېمە؟ بىزدە ئوغرىلىغۇدەك بىر نېمە بولمىسا!

— ئېشەك!...

— ئېشەك؟! — ئاكىسى سەگەكلەشتى. كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ سىڭلىسىغا تىكىلدى، — ئاپلا، بولماپتۇ! يۈر، بېرىپ ئېشەكلەرنى جىغانلىققا ئەكىرىپ يوشۇرۇپ قويايلى، بولمىسا ئوغرىلار بىزنى كىچىك چاغلاپ بوزەك قىلىدۇ. ھېلىمۇ مادا ئېشەكلەر بولۇپ قالغىنى. ناۋادا ئېشەكلىرىمىز ھاڭگا ئېشەكلەر بولۇپ قالغان بولسىزە، كۆرۈڭ تاماشىنى! تولا ھاڭراپ ئالەمنى مالەم قىلىپ، ئوغرىلارغا «مانا مەن» دەپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ قوياتتى. ئاكىسى قەدىمىنى شىپىپىدە توختاتتى. ئاغزىنى سىڭلىسىنىڭ قۇلىقىغا تېخىمۇ يېقىن قىلىپ يەنە پىچىرلىدى، — ئۇلار راستتىنلا ئوغرى بولسا، ئوغرىلىغان نەرسىلىرىنى گۇمبەزگە يوشۇرغىلى كىردىمۇ تېخى. يۈر، كۆرۈپ باقايلى. ئوغرىلارنى تونۇپ قويساق پايدىسى بار. چوڭلارغا دەپ قويىمىز، پەخەس بولىمىز. ئۇلارنى كۆرۈۋېلىپ ئاندىن بارساقمۇ ئېشەكلەرنى يوشۇرۇپ قويۇشقا ئۈلگۈرىمىز.

ئۇلار يەنە ئارقىسىغا ياندى. پۈتىنىڭ ئۇچىدە دەسسەپ شەپە چىقارماي مېڭىپ گۇمبەزنىڭ كەينىگە ئۆتتى. دەل شۇ چاغدا گۇمبەزنىڭ ئىچىدىن ئاچچىق، سېسىق پۇراق چىقىپ، بالىلارنىڭ كانايلىرىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى. ناۋادا قولىلىرى بىلەن ئېغىزلىرىنى چىڭ تۇتۇۋالمىغان بولسا، يۆتىلىپ كەتكەن

بولاتتى.

گۈمبەزنىڭ ئىچىدىن بىرىنىڭ يۆتىلىپ ـ قىقىلىپ، غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا غودۇڭشىغانلىقى ئاڭلاندى:

ــ ياپىرىم، ئەجەبمۇ كۆچلۈك ئىكەنغۇ كاساپەت! ئۆپكەمگە كەتتى. نەشە دېگەن مانا مۇشۇنداق بولسا.

يەنە بىرىنىڭ پىخىلداپ ـ خىرقىراپ كۈلگىنى ئاڭلاندى:

ــ يەكەننىڭ دېسلە، يۇرەكنىڭ بىغىشىغا تېگىدۇ. مۇشۇنداق خالىي جاينى تاپالماي يېنىمدا ساقلاپ يۈرگىلى تۆت ئاي بولدى. بىر سودىگەردىن ئالدۇرۇۋالغانىدىم. ئەنجانباي بىلىپ قالمىغان بولسا، خۇدايىم ساقلىسۇن ئۇنىڭ غەزىپىدىن! كاللىمىزنى ئالمىسىمۇ، لېكىن «ۋاي داد!» دېگۈزۈۋېتىدۇ! ئۇ گەدەنكەش نەشە دېگەن بۇ بىرنېمىگە ئەجەبمۇ ئۆچ ئىكەن. نەشە خۇددى ئانىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغاندەكلا قىلىپ كېتىدۇ. ھېلىمۇ خۇداغا شۈكۈر، بۇ مازار بۇگۈن بىزگە ئوبدان پاناھ بولدى، خۇماردىن چىقىۋالىدىغان بولدۇق.

ــ ھىم، ناۋادا زەيدىن بەگنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ، ئىش ئوڭغا تارتىدىغان بولسا، مانا ھە... كۆرۈڭ كارامەتنى! ئۇچاغدا، ھىم... ئەنجانباينىڭ ئۆزى «ۋاي داد!» دەيدىغان بولىدۇ! خوش، سىلىگە قايسى يۇرتنىڭ باۋجاڭلىقىنى بېرىدىغان بولدى؟

ــ تېرىمنىڭ، ئۆزلىرىنىگچۇ؟

ــ تاشقورغان دېگەن مەھەللىنىڭ. لېكىننىزە، گېپى گەپ بولارمىكىن. قۇرئان تۇتۇپ قەسەمنىغۇ ئوبدان قىلدى بولمىسا...

ــ ۋاي جېنىمەي، تەلپەكتەك كىچىككىنە مەھەللىنىڭ؟

ــ شۇنداق، كىچىكلىكىغۇ دېگەندەك بەك كىچىك. شۇنداق بولسىمۇ، قۇشقاچنىڭ گۆشىمۇ گۆش، تۆگىنىڭ گۆشىمۇ گۆشتە!

ــ گېپى گەپ بولىدۇ، زەيدىن بەگ بالدۇرمۇ شۇنچە چوڭ كاتتا يۇرت تاشمىلىقنىڭ بېگى ئىدىغۇ؟ بولىدۇ. بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ ئىشلارنى زەيدىن بەگ ئاللىقاچانلا ئەمەت بەگلەر بىلەن بەك ئىچىدە خۇپىيانە پۈتۈشۈپ بولغان. خەتنى ئەمەت بەگكە ساق

تەگكۈزسەكلا بولغىنى. باۋجاڭلىقتىن غەم قىلىش ھاجەت
ئەمەس. خوش، خۇماردىن بەلەن چىقىۋالدۇق. بولدى، ئەمدى
ماڭايلى، ئەمدى تۇگەشتىڭ ئەنجانباي! ئۆلۈكۈڭنى ئوغلاق قىلىپ
ئوينايدىغان بولدۇق، ئەنجانباي!...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ باللار چۆچۈپ كېتىشتى! «ۋۇي، بۇلار
ئەنجانباي ئاكامغا ئورا كولايدىغان يامان ئادەملەر ئىكەنغۇ؟!
مۇناپىقلار! تېخى ئاللىقانداق بىر خەتنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتىدۇ.»

باللار تامنىڭ شورىسىدىن گۈمبەزنىڭ ئىچىگە تىكىلدى. بۇ
چاغدا ئۇلاردىن دوكىراق بىرى گۈمبەزدىن ئېگىشىپ چىقىپ
كېتىۋاتاتتى، ئالاگەدەن يەنە بىرىمۇ مېڭىش ئۈچۈن تەمشىلىپ،
قەبرە سۇپىسىدا سۆرىلىپ تۇرغان سىماۋا بەلۋاغقا قولىنى
ئۇزىتىۋاتاتتى. ئۇ بەلۋاغقا نەشىدە خۇمارلىشىپ كەتكەن
ئېلىشاڭغۇ كۆزلىرى بىلەن ئەلەڭ ـ سەلەڭ قارىدى، ئاندىن
بەلۋاغقا يۇقۇپ قالغان توپىنى قېقىۋېتىش ئۈچۈن كېرىلىپ،
ئەسنەپ تۇرۇپ بەلۋاغنى يېنىغا قارىتىپ بىرنەچچە قېتىم
سىلكىدى. ئاخىرقى قېتىم سىلكىشىدە بەلۋاغنىڭ ئۇچىدىكى
تۇگۇنچەكتىن قاتلاقلىق بىر قەغەز يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بۇنى
ئالاگەدەن سەزمەي بېلىنى ئالدىرىماي باغلاپ، گۈمبەزدىن چىقىپ
كەتتى. دوك بىلەن ئالاگەدەن پەسكە چۈشۈپ پۇسۇرلاپ مېڭىپ
ئالدىراپ جىغانلىققا كىرىپ كېتىشتى.

ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن، باللار گۈمبەزگە
كىرىشتى. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى شاخلىرى لىڭشىپ كەتكەن
جىغاننىڭ يېنىدىن يۇزلىرىنى شالاڭ ساقال باسقان كۆك كۆز
بىر ئادەم ئۆمىلەپ ئاستا كېلىپ گۈمبەزنىڭ تۆشۈكلىرىدىن
ئۇنىڭ ئىچىگە قاراشقا باشلىدى. كىيىملىرى ۋەيرانە، چاچ ـ
ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، ئەپتى قورقۇنچلۇق بۇ ئادەم بىر
يىلدىن بېرى ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قېچىپ،
قىشمۇياز مۇشۇ تۇزتاغ مازىرىنىڭ ئەتراپىنى ماكان تۇتۇپ،
چىملىق، جىغانلاردا قاپقان قۇرۇپ ئوۋ ئوۋلاپ جان بېقىپ

يۇرگەن قاسىم قاپباش ئىدى. يالغۇزلۇقتا ئادەم خۇمارلىقى تۇتۇپ يۇرگەن بۇ ئادەمگە بالىلارنىڭ ھېلىقى شوخ، تاتلىق گەپ ــ سۆزلىرى بەك يېقىپ كەتتى. ئۇ بالىلارنىڭ سۆزلىرىنى تېخىمۇ ھەۋەس بىلەن قۇلاق سېلىپ تىڭشاشقا باشلىدى.

بالىلار ھېلىقى نەشىكەشلەر تاشلاپ چىقىپ كەتكەن سىبغىز چىلىمنى بىر دەم ئويناشتى. كېيىن ھېلىقى چۇشۇپ قالغان قەغەزگە كۆزى چۈشۈپ قېلىپ، قېتىنى ئېچىپ قارىغانىدى، پاتلىغان سامان قەغەزگە يوغان ــ يوغان، دانىمۇدانە يېزىلغان خەت بولۇپ چىقتى.

ــ ئاكا، ئوقۇيالامسەن؟

ــ نېمە دەيدىغانسەن، تۆت يىلغىچە قادىر مۇئەللىم مېنى پادا باققىلى سالمىدى، ئوقۇتتى، خەت ئۆگەتتى، شۇمۇ گەپمۇ؟ نېمىشقا ئوقۇيالمايدىكەنمەن؟

ــ ئەمىسە ئوقۇپ باققىنا، ئاڭلاپ باقاي، قېنى قانچىلىك بىلىسەن.

ــ ۋۇي توختىغىنا، ھېلىقى گۇيلار دېگەن خەت شۇ بولۇپ قالمىسۇن يەنە !

ئاكىسى خەتنى دودۇقلىماي ئوقۇشقا باشلىدى:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئەمەت بېگىم:

جانابلىرىنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق مەكتۇپلىرىدا قەيت قىلىنغىنىدەك، بىزنىڭ بازىرىمىزمۇ، مازىرىمىزمۇ، قىبلىمىزمۇ، تىلىمىزمۇ بىردۇر. بۇ تۆت كۆڭلۈك ئالەمدە تالىشىدىغان ھېچنېمىمىز يوقتۇر. مېنىڭ ئەسلىدە بۇ تاغلىق ئوغرىلارغا قوشۇلۇش غەرىزىم، مۇددىئايىم بولمىغان، تەقدىر ــ قىسمەتتىن بەگلىك سىلىدىن ماڭا ئۆتتى. لېكىن، جامائەت ــ يۇرت خەلقى ماڭا تازا ئىتائەت قىلمىدى، يەنىلا سىلىنىڭ دېگەنلىرى ھساب بولدى، تۆرگە يەنىلا سىلىنى باشلىدى. شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدە بۇ كېلىشمەسلىكلەرنى سىلىدىن

كۆردۈم، خاپا بولدۇم، شۇ ۋەجدىن قېيىداپ ماللىرىمنى يوقلايمەن دېگەننى باھانە قىلىپ تاغقا چىقىپ كەتتىم. ئەپسۇس، كۆپتىن - كۆپ ئەپسۇس! كېيىن تاغدىن يېنىپ چۈشەي دېگەندە يوللار توسۇلۇپ قالدى. يادا - قوي، كالا، ئات، تۆگە، قوتازلارنى ساقلاپ قېلىش، شۇنداقلا ئالتۇن - كۈمۈش غەملەپ جاھانسازلىق قىلىشقا ھازىرلىنىش، ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە بۇ تاغلىق ئاسسىي ئوغرىلارنى ئىچىدىن ئۆرۈپ، يۇرتىنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشىش غەرىزىدە ئوغرىلارنىڭ توپىغا قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ئاغزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن چىقتىم. تۆگىنى دەپ ئۆچكىنى تاشلاپ بېرىپ، يۇرتقا، ھۆكۈمەتكە ئاز - تولا زىيان سالغاندەكمۇ قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئوغرىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدۇم، كوماندىر بولۇپ قالدىم، ئەپسۇس، ھېچقانداق ئالتۇن - كۈمۈش يىغالمىدىم.

ئەنجانباي دېگەن بۇ ئۆكتەم قىزىل پاچاق بايلارغا ئۆچ، كەمبەغەل يالاڭتۆشلەرگە ئامراق ئىكەن، غەنىيمەتلەرنى يالاڭتۆشلەرگىلا بېرىدىكەن. غەنىيمەتلەرنى يوشۇرغاننى بىلىپ قالسا ياكى ئۆز ئالدىغا زورلۇق بىلەن غەنىيمەت توپلىسا ۋە ياكى كىشىلەرنىڭ خوتۇن - قىزلىرىغا چېقىلىپ قويسا، يۈز - خاتىر قىلماي ئۆز قولى بىلەن چېپىپ تاشلايدىكەن. بېگىم، مەن ئۆزۈم بۇلارنىڭ ئىچىدە يۈرگىنىم بىلەن كۆڭلۈم يەنىلا سىلەردە بولدى. بالدۇرلا يېنىپ چۈشمەكچىدىم، لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ مېنى «ئاسسىيلىق قىلدى، يۈز ئۆرۈدى» دەپ ئەيىبلەپ قېلىشىدىن، بېشىمنىڭ ئېلىنىپ كېتىشىدىن قورقتۇم. سىلىنىڭ خەۋەر قىلىشلىرىچە، ھۆكۈمەت ماڭا يەنە ئىشىنىدىكەن، بالا - چاقىلىرىم، ئۆي - زېمىنلىرىمدىن ئوبدان خەۋەر ئاپتۇ. بەگلىك يەنىلا ماڭا ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ھۆكۈمەت سىلىنى ئارىغا سېلىپ ماڭا كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلدى، نەچچە نۆۋەت خەت - نامە ئەۋەتتىلە. مەنمۇ جاۋابەن شۇنداق قىلدىم. بىزنىڭ يەك ئىچىدە خۇپىيانە پۈتۈشكىنىمىزدەك، ھۆكۈمەتنىڭ ھەم جانابلىرىنىڭ

مەندىن كۆتكەن ئۈمىدلىرىنى ئاقلىيالمىغان، مېنىڭ گۇناھىمنى يۇيىدىغان، بېشىمىزدىكى بالايىئاپەتنى يوقىتىدىغان كۈن دەل ئەتە بولىدۇ. كەمىنىلىرى ھەممىنى تەخ قىلىپ قويدۇم. دەل ئەتە قول سالماق زۆرۈردۇر، تەخىرسىزدۇر. قالغان زۆرۈر چارىلەرنى ھۆكۈمەت بىلەن كېڭىشىپ قىلغايلا. ئەھۋال مۇنداق:

«جانابلىرى، تاغ ئوغرىلىرى ئىندەككە كەلدى! پېقىرلىرى جانابلىرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن ئۇلارنى چەشتاغقا ھۇجۇم قىلىشقا كۆندۈردۈم، ھۇجۇم ئەتە (جۈمە كۈنى) باشلىنىدىغان بولدى. ئورۇنلاشتۇرۇش مۇنداق: (1) تۆت يۈز ئادەم چەشتاغ ئۇدۇلىدىن ھۇجۇم قىلىش. بۇلار ئون ئىككى پىلىموت ۋە ئۈنىڭدىن باشقا مىناميوت، توپ ـ زەمبىرەك قاتارلىق ئېغىر قوراللار بىلەن قوراللىنىش، بۇنىڭغا مەن مەسئۇل بولۇش؛ (2) ئۈچ يۈز ئادەم يېڭىسار يولىنى توسۇش، بۇنىڭغا خوجا ئابدۇراخمان مەسئۇل بولۇش؛ (3) تاللانغان قىرىق مەرگەن تېرىم تەرەپكە بېرىپ قەشقەر يولىنى توسۇش، بۇنىڭغا ئەنجانباي مەسئۇل بولۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەر بەلگىلەندى ھەمدە بۈگۈن ئاخشاملا (پەيشەنبە كۈنى) ئەلياتقۇدا يولغا چىقىش قارار قىلىندى. كەمىنىلىرى جانابلىرىدىن پەرمان بولمىغۇچە مىدىر ـ سىدىر قىلمايدۇ.

جانابلىرى، ئەنجانباينى ئۈجۈقتۇرىدىغان پەيت كەلدى. پۇرسەت غەنىيمەتتۇر.

ھۆرمەت بىلەن: زەيدىن بەگ

تارىخىي ھىجرىيە 1366 ـ يىلى. رامزاننىڭ 12 ـ كۈنى (پەيشەنبە)»

بالىلارنىڭ يۈمران چىرايلىرى ئۆڭدى، مەڭزىلىرىدىكى قىزىللىق يوقىلىپ سارغىيىشقا باشلىدى، لەۋلىرىنى چىشلىدى، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ، چەكچىيىشكەن ھالدا بىر ـ بىرىگە قارىشىپلا قالدى. شۇ تاپتا ئۇلار ھەممىنى چۈشەنگەنىدى: «زەيدىن

بەگ خائىن ئىكەن، ساتقۇن ئىكەن، ئەنجانباي ئاكىنىڭ قوشۇنىغا يامان نىيەت بىلەن كۆز بوياپ، سوقۇنۇپ كىرىۋالغان دۈشمەن ئىكەن! ئەنجانباي ئاكام بۇنى تېخى بىلمەيدىكەن، ئەنجانباي ئاكاملار هازىر قىل ئۈستىدە قاپتۇ! بۇ شۇم خەت ئەمەت بەگنىڭ قولىغا تېگىپ قالسىلا، ئەنجانباي ئاكام دۈشمەننىڭ قاپقىنىغا دەسسەپ سالىدىكەن! ئۇ چاغدا ئاچ كۆز بايلار، زومىگەرلەر يەنە كەمبەغەل - ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدۇ. لەڭزىمۇ يوقالمايدۇ، دادىسىمۇ ئەسكەرلىكتىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدۇ! ئۆزلىرى باش - پاناهسىز قالىدۇ.»

ئاكىسى سىڭلىسىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلدى:

— سانىيە، سەن ئېشەكلەرنى ېيقىپ تۇرغىن، مەن بۇ شۇم خەتنى ئەنجانباي ئاكامغا دەرهال ئاپىرىپ بېرەي. تاغامنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. قورقمايدىغانسەن؟

— يەتكۈزۈپ بېرەلەمسەن؟ تېرىم دېگەن نەدە؟

— هىم، گېپىڭنى قارا. مەن دېگەن ئوغۇل بالا! كېچىدە بىز تېرىمدىن ئۆتكەن چاغدا، سەن تاغامنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاپ قالغانىدىڭ.

— مەنغۇ تېرىم دەپ ئاڭلىغان، لېكىن كۆرمىگەن، ماڭ، تېز ماڭ!

— مەندىن ئەنسىرىمە، مەن تېرىمدىن ئۇدۇللا ئۆيگە كېتىمەن.

دەل شۇ چاغدا تالادىن ئادەملەرنىڭ پۇسۇرلىشىپ ماڭغان ئاياغ شەپىسى ئاڭلىنىپ قالدى. بالىلار چۆچۈپ كېتىشتى. لېكىن، شۇ هامان ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە «هېلىقى ئىككىسى بولۇپ قالمىسۇن!». دېگەن گۇمان چۈشتى - دە، خەتنى ئالمان - تالمان بىر تۆشۈككە تىقىشقا ئارانلا ئۈلگۈردى. ئۇنىڭغىچە دېگەندەك هېلىقى ئىككى ئادەم هاسىراپ - هۆمۈدەپ كىرىپ كېلىشتى - دە، بالىلارنى كۆرۈپ هاڭ - تاڭ قېلىشتى. شۈبهىسىزكى، ئۇلار هېلىقى خەتنى ئىزدەپ كېلىشكەنىدى. ئۇلار تېزلا ئىسىگە

كېلىشتى ـ دە، كۆزلىرىنى ئالاڭ ـ بۇلاڭ قىلىشىپ، گەپ ـ سۆزسىزلا گۇمبەزنىڭ ئىچىگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. يەرنىمۇ ئالا قويماي تاتىلاپ توپىلارنى توزىتىۋەتتى، قەبرىنى سىلاپ ـ سىيپاپ نەچچىنى چۆرگىلىۋەتتى، لېكىن ھېچ نەرسە تاپالمىدى. شۇ چاغدا ئالا گەدەن غودۇڭشىدى:

— ھەي ... ، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئاھ ئۇرۇپ، — بىزنى نەس باسىدىغان بولدى. كېچىدە ئۇخلىماي ماڭغان بولساق، ئۇ خەتنى بۇگۈن سەھەردىلا ئەمەت بېگىمنىڭ قولىغا ساق تاپشۇرۇپ بېرىپ بولاتتۇق. سىلىمۇزە، بىردەم ئارام ئالايلى دەپ...

— ھە، نېمە بولدى؟ — دېدى دوك ئۇنىڭ دەككىسىنى بېرىپ، — شۇ چاغدا سىلىگىمۇ تازا خۇشياقتىغۇ! ئاغزىمدىن چىقتى، ساقىلىمغا ياماشتى دېگەندەكلا، مېنىڭ بىردەم ئارام ئالايلى دېگەن گېپىم ئاغزىمدىن چىقىپ بولغۇچە موك يېتىپ تاڭ سەھەرگىچە ئۇخلىۋالدىلا. مانا ئەمدىزە، ئېشەككە كۆچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمنى دېگەندەك، ھەممە گۇناھنى ماڭا دۆڭگەپ كايىغانلىرى نېمىسى؟

— ئارام ئالماي ماڭساق ئۇخلاپ قالمايتتۇق، مانا ئەمدى...

ئۇلار ئالاقزادە بولۇشقان ھالدا بىر ـ بىرىگە ۋارقىرىشىپ كېتىشتى. ئاخىرىدا ئۇلار ئاچچىقىدا يەنە بالىلارغا چەكچىيىشتى ـ دە، ئىككىسى تەڭلا ئىككى بالىنى كاپىدە تۇتۇۋالدى. ئالاگەدەن شالىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا دوق قىلىپ ۋارقىرىدى:

— ھەي نان قېپىلار، بۇ يەردە نېمىش قىلىشىسەن؟

— ئېشەك باقىمىز.

— ھە، ئېشەك باقىمىز؟ مۇشۇ گۇمبەزنىڭ ئىچىدە؟!

— ياق، ئېشەكلەر چىملىقتا ئوتلاۋاتىدۇ. بىز ئويۇنغىلى كىرگەن.

ئۇلار ئىككىسى ئالدىرايتتى. خەتنى ۋاقتىدا تاپشۇرالمىسا، باۋجاڭلىق مەنسىپى قولدىن كېتىپ، تەييار ئامەتتىن قۇرۇق

قالاتتى. كالللىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشلىرىمۇ مۇمكىن ئىدى تېخى. دوك بالىلارنىڭ بۇرنىغا مۇشتۇمىنى تەڭلەپ تۇرۇپ سورىدى:

— خەت قېنى؟ !

— خەت، نېمە خەت؟ ۋاي خۇدايىمەي بىز خەت بىلمەيمىز. مەكتەپتە ئوقۇمىغان.

— هەي شۇم ! مۇنداق بىر تاختا قەغەزگە يېزىلغان خەت !

— ۋاي تاڭەي، بىزگە بىر كىشى ئۇنداق خەت بەرمىدى.

— بىز كۆرمىسەك نېمە بىلىمىز؟

ئۇلارنىڭ سوئال ـ سوراق بىلەن بالىلاردىن خەتنى ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى ـ دە، بالىلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ئەستەرلىرىنى، يانچۇقلىرىنى چالا قويماي ئاختۇرۇپ چىقتى. ئاختۇرمىغان دوپپىلىرىنىڭ ئىچى، چاچلىرىنىڭ ئارىسىمۇ قالمىدى، ھەتتا ئىزا تارتماي، بالىلارنىڭ ئۇنىمىغىنىغىمۇ قويماي، ئۇلارنىڭ ئىشتانلىرىنىڭ لىپپىزىنىمۇ، ئاغلىرىنىمۇ ئاختۇردى، لېكىن خەت چىقمىدى. ئۇلار ئىلاجسىز يەنە يەرنى تاتىلاشتۇرۇپ ئىزدەۋاتقاندا، دوكنىڭ كۆزى تۇيۇقسىزلا خەتنى تىقىپ قويغان هېلىقى تۆشۈككە چۈشۈپ قالدى، ئۇ تۆشۈكتىن قەغەزنىڭ ئۇچى چىقىپ قالغانىدى. ئۇ چاچراپلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ قەغەزنى سۇغۇرۇپ ئالدى ـ دە، قېتىنى ئېچىپ كۆرۈپ خۇشاللىقىدا تولغىنىۋەتتى:

— مانا، مانا ! خەت تېپىلدى، يەيدىغان رىزقىمىز، كۆرىدىغان كۈنىمىز بار ئىكەن ! ئۇلۇغ خۇدايىم بىزنىمۇ پاناهىدا ساقلاپتۇ.

ئۇ خەتنى قاتلاپلا چەكمەن چاپىنىنىڭ ئىچ يانچۇقىغا سالدى. بالىلارنىڭ چىرايلىرى ئۆڭۈپ كەتتى، لېكىن هېچنېمىنى بىلمىگەندەك، كۆرمىگەندەك قىياپەتتە جىم تۇرۇۋالدى. ئالاگەدەن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى ـ دە، بالىلارنىڭ بويۇنلىرىنى قاماپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ باشلىرىنى بىر ـ بىرىگە سوقۇشتۇرۇۋېتىپ

ئاندىن سورىدى:

— ئېيتىڭلارچۇ، بۇ خەتنى نېمىشقا يوشۇرۇپ قويۇشتۇڭ؟

سورىساق كۆرمىدۇق دېيىشىسەن تېخى بىزنى يولدىن قويۇپ.

— تاغام ناسۋال يۆگىسۇن دەپ مەن تىقىپ قويغان، ئاكام كۆرمىگەن.

— ھە، ھەي سىرىكە باش! ئەمىسە نېمىشقا كۆرمىدىم دەيسەن؟!

— ئۇرامدىكىن دەپ قورقۇپ.

ئۇلار ئۇنىڭ گېپىگە چىنپۇتتى. شۇنداق بولسىمۇ بالىلارنى ئۇرۇپ، تىللاپ ئاچچىقىنى ئازراق چىقىرىۋېلىشتى ـ دە، ئالدىراپ پالاقشىپ سىرتقا مېڭىشتى. بالىلار تېخى ئۇھ دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمىگەنىدى، ئۇلار يەنە پالاقشىپ يېنىپ كىرىشتى:

— بىزنى بىرمۇنچە يولدىن قويۇشتۇڭ، گۇناھلىرىڭ ئۈچۈن بىزنى ئېشەكلىرىڭدە ئاپىرىپ قويۇش! چىملىقتىلا مىنىپ كېتىۋەرسەكمۇ بولىۋېرەتتى. لېكىن، غالچا ئېشىلىتىشنىڭ ھۇزۇرىنى تېتىپ يۇخادىن چىقايلى، كۆڭلىمىزنى خۇش قىلايلى دېيىشىپ قالدۇق.

بالىلارنىڭ كۆڭلىدە يەنە ئازراق ئۈمىد ئۇچقۇنى پەيدا بولدى. بەلەن گەپ بولدى، يولدا ئىلاجىنى قىلىپ خەتنى ئېلىۋالساق ئەجەب ئەمەس، ناۋادا خەتنى ئېلىۋالالمىسا!... ھە، بولدى، بۇنىڭمۇ كارايىتى چاغلىق! خەتتىكى ھەممە گەپ ـ سۆزلەر ئېسىدىغۇ! ئەنجانباي ئاكىسى ئەھۋالنى ئۇقسا، ساتقۇننى جازالايدۇ، لەڭزىدىكىلەرنى يوقىتىدۇ، دادىسىنى ئەسكەرلىكتىن قۇتۇلدۇرىدۇ...

*   *   *

ئىككى مادا ئېشەك بىر خىل يورغىلاپ ماڭاتتى، ئۈستىدىكى ئادەملەرنى كۆتۈرەلمىگەندەك پات ـ پات ئىنجىقلايتتى، مۈدۈرەيتتى. لېكىن، ئۇ ئىككىسىنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمايتتى. قوپال ئۆتۈكلىرىنىڭ ئاپىقۇتى بىلەن ئېشەكلەرنىڭ قورساقلىرىغا گۈس ـ گۈس نىقتايتتى. «تېز ـ تېز ھەيدەش» دەپ بالىلارنى ئالدىرىتاتتى. بالىلار ئېشەكلەرنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلدايتتى، ھېرىپ، تەرلەپ كەتسىمۇ كېيىن قالمايتتى. ئاۋۇ ئىككىسىدىن قورقۇپ، ئېشەكلەرنىڭ پاچاقلىرىغا ئانچە ـ مۇنچە ئۇرۇپمۇ قوياتتى. كۆڭلىدە بولسا خەتنى تارتىۋېلىشنىڭ ياكى بولمىسا ئېپىنى تېپىپ قېچىپ كېتىشنىڭ يولىنى ئىزدەيتتى.

«ياق، ياق! قېچىپ كەتسەك بولمايدىكەن، يۇرسەت قولدىن كېتىدىكەن، چاتاق بولىدىكەن. ئەنە چەشتاغ، يېقىنلاپ قاپتىمىز، يەنە بىردەم ماڭساقلا بارىمىز. قېچىپ بېرىپ ئەنجانباي ئاكىغا خەۋەر قىلىپ بولغۇچە بۇ مۇناپىقلار ئاللىقاچان چەشتاغقا يېتىپ بېرىپ ئۇ شۇم خەتنى ئەمەت بەگنىڭ قولىغا تەگكۈزۈپ بولامدۇ؟ ياق، قېچىشقا بولمايدۇ! ياكى بىر ئامال قىلىپ ئۇ شۇم خەتنى تارتىۋېلىش، ياكى... ياكى بولمىسا... ھە شۇنداق! بۇ مۇناپىقلارنىڭ پۇتلىرىنى چىقىۋېتىپ ماڭالماس قىلىپ قويۇش، ئاندىن ئەنجانباي ئاكىغا خەۋەر قىلىش... ھەببەللى! ئىشنىڭ ئوڭى دەل مانا مۇشۇ! شۇ تاپتا ئۇ ئىككىسىگە بىزنىڭ كۈچىمىز يەتسە ئىدى، شۇ يەردىلا جايلىۋېتىپ، ئۇ شۇم خەتنى تارتىۋالاتتۇق. قادىر مۇئەللىمنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئىلگىرى سادىر پالۋان دېگەن بىر پالۋان ئۆتكەنىكەن، ئۇ ئون بەش يېشىدا ئۆزى يالغۇز بەش ـ ئالتە چېرىكنى ئۇرۇپ يىقىتىپ تاشلاپتىكەن. ئەپسۇس... خۇدايىم ئۇنىڭغا ئۇنداق كۈچ ئاتا قىلماپتۇ. ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن تۇرۇپمۇ ماۋۇ ئىككىسىگە كۈچى يەتمىسە! سىڭلىسى تېخى كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ

دېگەن بەرىبىر قىز بالا دە، ياق، ياق! قورقسا بولمايدۇ! مەن دېگەن ئوغۇل بالا، ئامالىنى قىلىپ بۇ گۆيلارنى جايلىۋېتىش كېرەك!»

ئۇلار كىچىكرەك بىر ئېرىقتىن ئۆتۈپ جىغانلىققا كىرىشتى. جىغانلار بەكمۇ قويۇق ئۆسكەنلىكتىن ماڭغۇدەك بىرەر چىغىر يولمۇ چىقمىدى. ئىلاجىسىز جىغانلارنى ئارىلاپ ئايلىنىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولۇشتى. جىغان شوخلىرى بالىلارنىڭ يۇمران يۈز - كۆزلىرىنى تاتىلايتتى، كىيىملىرىنى يىرتاتتى، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىغا سانجىلىپ قانىتاتتى، لېكىن ئۇلار «ۋاي!» دېمەيتتى. چىشىنى چىشلەپ چىداپ مېڭىۋەردى. شۇ تاپتا ئۇلار قاچماقچى بولسىدى، جىغانلىقنىڭ ئىچىدە يېتىۋالسىلا بولاتتى. ئۇلار ئىزدەپمۇ تاپالمايتتى، لېكىن، بالىلار ئۇنداق قىلمىدى، يەنىلا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىۋەردى. ئۇلار شۇ ھالدا بىرھازاغىچە مېڭىشقاندىن كېيىن جىغانلىقتىن ئارانلا چىقىشتى.

دەل - دەرەخلەرنىڭ، ئېگىز ئۆسكەن ئوت - چۆپ، جىغانلارنىڭ دالدىسى بىلەن مېڭىپ، ئۇلارغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان قاسىم قاپباش شۇندىلا قەدىمىنى ئاستا - ئاستا توختاتتى. ئۇ بايىقى گەپ - سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىغانىدى. يەنە باشقا سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇلارغا ئەگىشىۋالغانىدى. لېكىن، ئالدىدىكى كەڭرى ئوچۇقچىلىقتا باشقىلارنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئارقىسىغا ياندى، كەينىگە پات - پات قاراپ قويۇپ مېڭىپ جىغانلىققا كىرىپ كەتتى.

ئوچۇقچىلىققا چىققاندىن كېيىن ئالا گەدەنگە زۇۋان كىردى. ئۇ بالىلارنى گەپكە سېلىپ كولدۇرلىتىپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن، كەينىگە قايرىلىپ قاراپ بالىلارنى مەسخىرە قىلىپ بىر كۆزىنى قىسىپ قويدى:

— ھوي، سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە؟

— سايىم.
— ئاۋۇ سىركە باشىنىڭچۇ؟
— سىڭلىمنىڭ ئېتى سانىيە.
— كىمنىڭ بالىلىرى سىلەر؟
— سىپىيىت ئەسكەرنىڭ.
— نېمە، نېمە؟ سىپىيىت ئەسكەر...؟ ھوي شۇمتەك! يەنە «ھە» دەيسەنغۇ؟ قۇمرۇقلۇق؟!
— ياق، قۇمئېرىقلىق، مۇئەللىم قۇمئېرىق دەپ ئۆگەتكەن.
— ئاغزىمنى غىرىچلىما ساقال تارغىقى! قۇمرۇق – قۇمئېرىق ئوخشاش گەپ، ئىككى سەككىز ئون ئالتە. ماۋۇ ھارامزادىنى، يەنە يالغان گەپ قىلىۋاتىسەنغۇ؟ سىپىيىت ئەسكەر دېگەن لەشكىردە ئەسكەر تۇرسا، ئۇنىڭ يەنە تېخى ئېشىكى بارمىش. ھەي كالۋا، بىزنى يەنە ئالدايمىز دېمە. جاھاندىكى ئەسكەرلەرنىڭ قاندىقى لەشكىردە ئېشەك باقالايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇمرۇق دېگەن يۇرت جاھاننىڭ ئاۋۇ تۆرىدە قالغان تۇرسا، ئاشۇ بىر كۈنلۈك يىراق يەردىنزە مۇشۇ چىملىققا ئېشەك باققىلى كېلىشەمسەن؟ موما تۇۋۇڭگە دان چۈشمەيدىغان بۇنداق يالغان گەپلىرىڭنى گۆردىكى ئۆلۈكلەر ئاڭلىسىمۇ، ئاچچىقىدا كۆتۈڭگە نەچچىنى تېپىدۇ!
— ياق، تاغام بىلەن بىللە تۇزغا كەلگەن، تاغام تۇز كولىغىلى كەتكەن.
— ھىم، مۇنداق دېگىن تېخى. مەن تېخى سەن شۇمتەكلەرنى مۇشۇ قاشبېشىلىق بىرەر تونۇش – بىلىشنىڭ بالىلىرى بولۇپ قالمىغىيدى دەپ ئەنسىرەپ قاپتىمەن. ھايدا، تېز، ھارامدىن بولغان ھارامزادىلەر!
دوكقىمۇ جان كىرىپ قالدى. ئۇ خېلىدىن بېرى تۇمشۇقىنى ئالا يوللۇق چاپىنىنىڭ ياقىسىغا تىقىۋېلىپ ئېشەكتە خۇددى

مۆگدەپ ئولتۇرغانىدەك تۆگۈلۈپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ تۇيۇقسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ ئالا گەدەنگە قاراپ ھىجايدى ــ دە، غاراڭ ــ غۇرۇڭ ئاۋازدا ئالىتاغىل توۋلاپ ناخشا ئېيتقىلى باشلىدى:

تاقلاپ سەكرىدۇق قاشقا،
قاشتىكى سۆزۈك تاشقا.
ئامەت قۇشى قونسۇن دەپ،
ئالتۇندەك بىزنىڭ باشقا.

ــ بەللى، بەللى ھېزىماخۇن، بىزنىڭ تىلىكىمىزنى بىردەمدىلا قوشاققا قېتىپ بولۇپلا، خېلى كارامەتلىرى بار جۇمۇ سىلىنىڭ. خۇدا بۇيرۇسا، ئۇ ئامەت قۇشىمۇ بېشىمىزغا قونىدىغان ئوخشايدۇ، ئىشقىلىپ ئاز قالدى.

ــ ئۆزلىرىمۇ بىر ھىممەت قىلسىلا، توي ــ تۆكۈن، ئويۇن ــ مەشرەپتىن قالمايتتىمە. بۇ قوتۇر ئېشەكلەرمۇ مىسلداپ مېڭىپ ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇۋەتتى. قېنى ئەمىسە يولنى قىسقارتايلى.

ــ بولىدۇ، پېقىر قوشاققا ئانچە ئۇستا ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ كۆڭۈللىرى. تەييار غەزەلدىن بىرنى قاملاشمىسىمۇ ئوقۇپ بېرەي:

سەن ئاتلىق، مەن پىيادە،
بىللە يۈرسەك مەيلىمۇ.
سەن تۆردە، مەن پەگادا،
بىللە تۇرساق مەيلىمۇ.

دوك خۇشاللىقىدا چاۋاك چېلىۋەتتى:

ــ مانا، مانا! دېمىدىممۇ قورساقتا ھۈنەر تولا دەپ، تازا قاملىشىپتۇ. شۇنداق، شۇنداق! ئاتلىق بىلەن پىيادە ھەرگىز بىللە ماڭالمايدۇ، ئاتلىق ئېشىپ كېتىدۇ، پىيادە كېيىن قالىدۇ. بىزگىمۇ ئاتقا مىنىش راۋا كېلىدۇ، ئەمدى ئاتقا مىنىمىز، ئېشەكنى ھايداشامسەن! بولۇشە تېز ــ تېز! ھاڭۋېقىشماي!!

* * *

ئۇلار خېلى كەڭ بىر ئۆستەڭدىن ئۆتۈشتى. يىراقتىكى دەل - دەرەخلەر ئارىسىدا ئاندا - ساندا ئۆيلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان قاشبېشى مەھەللىسىدىن ئايلىنىپ مېڭىپ بىر چىغىر يولغا چىقىشتى. بۇ چىغىر يول بىلەن چەشتاغقا بارغىلى بولاتتى. ئەنە، چەشتاغنىڭ خۇددى مۈشتۈمدەك چىقىپ تۇرغان كىچىك - كىچىك چوققىلىرى، قاپتاللىرىدىكى ئالىتاغىل ئېگىز - پەسلىكلەر، تاغنىڭ ئايلانما دوققىلىرىدىكى قولتۇقلار كۆرۈنۈپلا قالدى. ئالدىدىكى چىملىقتىن ئۆتسىلا، ئۇدۇل چەشتاغقا چىققىلى بولىدۇ. بۇلارنى قوغلىشىۋېتىپ ھېلىقى شۇم خەتنى ئېلىپ كېتىدۇ.

سايىم تىت - تىت بولۇپ كەتتى. ئاچچىقىدا لەۋلىرىنى، قوللىرىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى. پۇتلىرىمۇ كالانپايلىشىپ خۇددى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك ئۇيان - بۇيان مۇدۇرەيتتى، دەلدۈگۈنەتتى. چېكىسىدىن تۇختىماي تەر تامچىلايتتى. «زادى بولمىسا، ئۇ خۇدا ئۇرغۇرلارنىڭ كاللىسىغا تاش بىلەن سېلىش كېرەك ! شۇندىلا بۇلارنى ئايلاندۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىپ، خەتنى ئېلىپ قاچقىلى، قۇتۇلغىلى بولىدۇ. توغرا، شۇنداق قىلىش كېرەك ! يوغان تاش بىلەن !...»

ئەمدى سايىمنىڭ كۆڭلى خېلى ئارامىغا چۈشتى. روھلىنىپ تېز - تېز مېڭىشقا باشلىدى. سىڭلىسىنىڭ ھالىمۇ شۇ تاپتا ئاكىسىدىن قېلىشمايتتى. تىت - تىت بولاتتى، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ لەۋلىرىنى چىشلەيتتى، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ چەشتاغ تەرەپكە قارايتتى. پات - پات بېشىدىكى سېرىق خام ياغلىقنى تۈزەشتۈرۈپ، «قانداق قىلىمىز؟» دېگەندەك ئاكىسىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارايتتى. سايىم ئەتراپىغا تەلپۈنۈپ قاراپ تاش ئىزدەيتتى. قېرىشقاندەك تۇخۇمدەك، مۈشتۈمدەك كىچىك - كىچىك تاشلار تولا ئۇچرايتتى، ئۇ ئىزدىگەن قوش مۈشتتەك

يوغان تاشلار كۆرۈنمەيتتى. «شۇ تاپتا ئۇنىڭ بەختىگە يوغان تاش ئۇچرىسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ كاللىسىغا كەلتۈرۈپ سالسا !...» ئۇ شۇ خىيال بىلەن كېتىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا خۇددى خۇدايىم ئۇنىڭ تەلپىنى ئىجابەت قىلغاندەك ئىككى قېشىنى بۇككىدە ئوت ـ چۆپ بېسىپ كەتكەن خېلى چوڭ بىر كۆتۈرمە ئېرىق ئۇچراپ قالدى. ئۇلار يان بېغىرلاپ مېڭىپ كۆتۈرمە ئېرىقنىڭ قىرىغا چىقىشىغىلا، سايىمنىڭ كۆزى يىگىرمە ـ ئوتتۇز قەدەم نېرىدىكى ئېرىقنىڭ خۇددى جەينەكتەك چىقىپ تۇرغان دوقمۇشىدىكى تىك قىياغا چۈشۈپ قالدى. بۇ تىك قىيانىڭ چوڭقۇرلۇقى ئالاھازەل ئېگىز ئۆسكەن سۆۋادان تېرەكنىڭ ئېگىزلىكىدىنمۇ چوڭقۇرراق كېلەتتى. ئېرىقنىڭ تۇقايدىكى دوقمۇشنىڭ تۈپىسى قىياغا سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىپ، تولا يار ئېلىپ كېتىشتىن بىزار بولغان دېھقانلار تۈپىنى توختىتىش ئۈچۈن قورام تاشلار بىلەن قاش ياسىغانىدى. ئۇ قورام تاشلارنىڭ بەزىلىرى بوشىشىپ، بىرنېمە شۇنداق تېگىپ كەتسىلا شۇ ھامان دومىلاپ پەسكە چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ساڭگىلىشىپ قالغانىدى. چىغىر يول دەل مۇشۇ قاشنىڭ ئۈستىدىن ئۆتەتتى. قاشنىڭ ئۈستىدىكى چىغىر يول بەك تار بولغانلىقتىن، ئېشەكلەر ھەرگىز ياندىشىپ ماڭالمايتتى، بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى ماڭمىسا يولغا پاتمايتتى. ئارقىسىغىمۇ يانالمايتتى. مۇدۈرۈپ كەتسىلا ئۇ تىك قىيالىققا تىك موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كېتەتتى. سايىم خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدى: «ھەببەللى، ئۇ مۇناپىقلارنى دەل مانا مۇشۇ قىيالىققا غۇلىتىۋېتىش كېرەك ! ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇشتا بۇنىڭدىنمۇ ئوبدان جاينى ئىزدەپ تاپالمايسەن. بول سايىم، چاپسان بول ! خۇدايىم ساڭا مەدەت قىپتۇ. مۇشۇ يەردىلا جايلىۋەت ! ئاپلا، بۇ گۇيلار ئېشەكتىن چۈشۈۋالمىغىيدى !

سايىم يول بويىدىن ئىككى تۈپ يانتاقنى يۇلۇۋالدى ـ دە، بىر تۈپىنى سىڭلىسىغا بېرىپ، كۆزى بىلەن ئىملاپ كەينىدىكى

ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنىڭ تېگىگە قىستۇرۇشنى كۆرسەتتى. «ئېشەكلەرنىڭ قۇيرۇقىنىڭ تېگىگە يانتاق قىستۇرۇلسا، ئېشەك ئاغرىققا چىدىماي تازا چىچاڭلايدۇ - دە، ئاۋۇ گۇيلار ئېشەكتە چىڭ ئولتۇرالماي قالىدۇ. دەل شۇ چاغدا بىرلا ئىتتىرسە، ئايھاي، كۆرۈڭ تاماشىنى.» لېكىن، سايىم بۇ خىيالىدىن شۇئانلا ياندى، قولىدىكى يانتاقنىمۇ تاشلىدى: «ياق! ئۇنداق قىلسا ماۋۇ گۇيلار چۆچۈپ كېتىپ ئېشەكتىن سەكرەپ چۈشۈۋالسا، ئۇ چاغدا ئۇلارنى قانداق غۇلاتقىلى بولىدۇ؟ ئارزۇ - ئارمانلىرى بىكار بولۇپ كەتمەمدۇ؟ توختا، ئېشەكلەرمۇ، ئاۋۇ گۇيلارمۇ بەخىرامان كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىزلا جايلاش كېرەك. ئىسىت، بىچارە ئېشەكلەر.»

شۇ ئەسنادا ئۇلار قىيانىڭ دەل تىك يېرىگە كېلىپ قالدى. سايىم كۆزى بىلەن ئىملاپ، سىڭلىسىنىڭ نېرى تۇرۇشىنى ئىشارەت قىلدى - دە، ئۆزى دوك مىنگەن ئارقىدىكى ئېشەكنىڭ ئوڭ يېنىغا ئۆتتى. دوك ئېشەكتە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇيان - بۇيانغا قاراپ بەخۇدۇك كېتىۋاتاتتى. سايىم ئېشەككە يېقىن يانداشتى - دە، پۇتىنى قىرغا تىرەپ، ئۇنى كۈچەپلا ئىتتىرگەنىدى، ئېشەك ئۆزىنى توختىتالمىدى، مۈدۈرۈپلا دوك بىلەن بىللە قىياغا چۈشۈپ كەتتى. دوك «ۋاي!» دېيىشكە ئارانلا ئۈلگۈردى. لېكىن، ئۇ كېچىككەنىدى. گۈلدۈر - گۇلۇپ بىلەن تەڭ دوكنىڭ «ۋاي!...» دەپ ۋارقىرىشىدىن ئالا گەدەن چۆچۈپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ بولغۇچە، سايىم ئۇ مىنگەن ئېشەكنىڭمۇ يېنىغا ئۆتۈپ بولدى - دە، ئۇنىمۇ ئېشەك بىلەن شۇنداق غۇلىتىۋېتىپ شۇ ھامان ناھايىتى چاققانلىق بىلەن يول ياقىسىدىكى تاشلارنى پەسكە قارىتىپ دومىلىتىۋەردى. سانىيەمۇ بوش كەلمىدى، كۈچى يەتكەن تاشلارنى پەسكە قارىتىپ تاشلاۋەردى. تاشلانغان بۇ قورام تاشلار قىيادىكى تاشلارغا ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ، بىرى ئون، يۈز بولۇپ پەسكە چۈشۈۋەردى. ئۇلار شۇ ھالدا ئالاھازەل بىر ئارغامچا بويى ئۇزۇنلۇقتىكى يەرگە تىزىلغان

تاشلارنى غۇلىتىپ تۇگەتتى. ئۆزلىرىمۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتتى، قولللىرى قانىدى، تەرلەپ سۇ ــ سۇ بولۇپ كەتتى. تاشلارنىڭ «شاراق ــ شۇرۇق، تاق ــ تۇق» ئۇرۇلغان ساداسى بېسىلغاندىن كېيىن ئۇلار پەسكە قارىدى. لېكىن، توپا ــ چاڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغانلىقتىن ھېچنېمىنى پەرق قىلالمىدى. ئاخىر سايىم بېرىپ، قىيانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يانتۇلۇقتىن پەسكە چۈشتى. ئېشەكلەر تاش ــ شېغىللارنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغانىدى، پەقەت پاچاقلىرى، قۇيرۇقلىرىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھېلىقى ئىككىسىنىڭ بىرى تاش ــ شېغىللارنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان بولۇپ، بىر پۇتى بىلەن چەكمەن چاپىنىنىڭ پېشىلا چىقىپ تۇراتتى. يەنە بىرىنىڭ بېشى يوغانلا بىر قورام تاشنىڭ ئاستىدا قالغانىدى، بۇ دەل ھېلىقى دوك ئىدى. سايىم ئۇنىڭ يانچۇقىدىن ھېلىقى شۇم خەتنى سۇغۇرۇۋېلىپ، كەلگەن يېرى بىلەن ئارقىسىغا يېنىپ سىڭلىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. سىڭلىسى تېخىچە يوغانلا بىر تاشنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپلا قالغانىدى.

ـــ مانا خەت، چاققان ماڭايلى !

دەل شۇ چاغدا پەستىن «پاڭ ــ پۇڭ !» ئېتىلغان ئىككى پاي ئوق ئاۋازى چىقتى ــ دە، سايىم ۋايجانلاپ قاشقا يىقىلدى. ئاغرىق ئازابىدا تولغىنىپ چىرقىراپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ تىزىدىن قان چىقىۋاتاتتى. يەنە ئېتىلغان ئىككى پاي ئوق بالىلارنىڭ يانلىرىدىن ۋىششىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار چۆچۈپلا پەسكە قارىغانىدى، ئالا گەدەننىڭ تاپانچىسىنى ئۇستى تەرەپكە قارىتىپ بەتلەپ، يېنىچە ئۆمىلىگەن ھالدا قىيالىقتىن چىقىۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. بالىلار ئەسكەرلەرنىڭ تاپانچىلىرىنى يانلىرىغا ئېسىپ يۈرىدىغانلىقىنى كۆرگەن، لېكىن بۇ ئىككى ئەسكەرنىڭ قويۇنلىرىدا تاپانچا بارلىقىنى خىيالىغا پەقەتلا كەلتۈرمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۆتلۇكىگە ئاچچىقى كېلىپ تاتىرىپ، بوزىرىپ كەتتى: «ئاھ خۇدا، بىزنى نېمىشقا بۇنداق كور ياراتقانسەن؟»

سايىم ھەرقانچە قىلىپمۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۇنىڭ بىر تىزى چېقىلىپ كەتكەندى. ئۇ لېۋىنى چىشلەپ، سىڭلىسىغا تىكىلدى. سانىيە يىغلامسىراپ ئاكىسىغا قولىنى ئۇزاتتى:

— ئاكا! مەن سېنى ھاپاش قىلاي، چاققان كېتەيلى!

— ياق، مېنى كۆتۈرەلمەيسەن، خەتنى ئاپىرىپ بېرەلەمسەن؟

— سەنچۇ؟

— مەندىن ئەنسىرىمە، جىغانلىقتا كىرىۋالىمەن. تاغامنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. بىللە كېتىمەن.

سانىيە ئاكىسىغا بەك ئامراق ئىدى. ئۇنى مۇشۇ ھالدا يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە زادى چىدىمايتتى. لېكىن، شۇ تاپتا تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورۇنسىزلىقىنى ئۇ تازا ئوبدان بىلەتتى:

— تېرىم نەدە؟

— ئالدىمىزدىكى چىملىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېرىقنى بويلاپ ماڭساڭ، تاشلىق سايلىققا چىقىسەن، سايلىقنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە ھارۋا يولى بار. شۇ يول بىلەن ئۇدۇل ماڭساڭ چۈشكىچە تېرىمغا يېتىپ بارالايسەن.

— ئەكەل خەتنى.

سايىم خەتنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭ قولى لاغ ـ لاغ تىترەيتتى. سانىيە خەتنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يانچۇقىغا سالدى.

— ئەنجانباي ئاكامنىڭ ئادەملىرىنى تېپىپ، خەتنى ھەممىدىن ئېگىز ئادەمگە بەرسەڭ بولىدۇ. ئەنجانباي ئاكامنىڭ بويى ھەممىدىن ئېگىز، ناۋادا بىرەر پالاكەتكە ئۇچراپ قالساڭ خەتنى قانداق قىلىسەن؟

— يىرتىپ تاشلايمەن. خەتتىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسى ئېسىمدە، شۇ گەپلەرنى ئەنجانباي ئاكامغا دەپ بېرىمەن.

سايىم مەمنۇن بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى:

— ماڭ سىڭلىم، چاققان ماڭ! ئەنجانباي ئاكام قاپقانغا دەسسەپ سالمىسۇن!

سانىيە ئاكىسىغا كۆزى قىيمىغان ھالدا، ئارقىسىغا قاراپ ـ

قاراپ قويۇپ يۇرۇپ كەتتى. سىرىق ياغلىقى، ئۇنىڭ قەدىمىگە تەڭكەش بولغاندەك لىك ـ لىك لىكىلدايتتى. ئاپتاپتا ۋال ـ ۋۇل تاۋلىناتتى. بۇ چاغدا ئالا گەدەن قىيالىقتىن چىقالماي يول ئىزدەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. سايىمۇ سىڭلىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنىڭ قارىسىغا قاراپ يېنىچە ئاستا ـ ئاستا ئۆمىلەشكە باشلىدى...

*                    *                    *

— پەيجاڭ، پەيجاڭ، هوي پەيجاڭ! ۋاي ـ ۋۇي قاراڭ سىزنى، خىيال سۇرۇپلا كېتىپسىزغۇ؟ نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟ ئاۋۇنىڭغا قاراڭە، ئەنە ئاۋۇ چىملىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى هېلىقى بىز ئۆتكەن ئېرىقتا بىرنېمىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈۋاتىدۇ، تۇلكىدەك قىلىدۇ. دۇربۇندا قاراپ بېقىڭا.

— نېمىنى خىيال قىلاتتىم؟ توپىلاڭچىلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇشنىڭ هۇزۇرىنى سۇرۇۋاتىمەن، قېنى قايسى؟ هە، هە، هېلىقى قۇرۇق ئېرىق؟ هېلى تېخى بىز تەكشۇرۇپ ئۆتكەندە بىرنېمە كۆرۈنمىگەنغۇ؟ قېرىغاندىزە كۆزۈڭنىڭ خۇنى قېچىپتۇ. سېرىق يانتاقمۇ كۆزۈڭگە تۇلكىدەك كۆرۈنگەن ئوخشايدۇ. خەير، بوپتۇ، كۆڭلۇڭ قالمىسۇن، قاراپ باقاي، — پەيجاڭ دۇربۇننى كۆزىگە يېقىن تۇتۇپ يىراقتا قىرلىرى چالا ـ بۇلا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېرىققا تىكىلدى. شۇ هامان ئۇنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ، خۇددى بىرنەرسىگە هومايغاندەك ئالىيىپ كەتتى ـ دە، دىمىغىدا سوغۇققىنا كۇلدى، — هىم، ئەكېلە مىلتىقنى، ئارىلىقى بەك يىراق ئىكەن، تاپانچامدا تەگكۇزەلمەي قالماي يەنە.

— هە، قانداق، تۇلكىمىكەن؟

— شۇنداقتەك قىلىدۇ.

پەيجاڭ نىشانىنى قارىغا ئېلىش ئۈچۈن سول كۆزىنى قىسقاندى. ئاغزىمۇ دەل شۇ تەرەپكە مايماق ئېچىلىپ، ياندىكى

تاماق چىشى خوددى ياۋا توڭگۇزنىڭ مەگىنىدەك ھىڭگىدە ئۆسۈپ چىقىپلا قالدى. ئۇ تاماق چىشىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ، مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى شاققىدە بېسىۋەتتى.

پەيجاڭ ئېرىق تەرەپكە بىردەم تىكىلىپ تۇرۇپ، دۇربۇننى يەنە كۆزىگە تۇتتى ـ دە، خۇشاللىقىدا توۋلىۋەتتى:

ـــ ھاھھاي، تېگىپتۇ، جايىغا تەگكۈزۈپتىمەن. يارايدىكەنمەن ! ھاھھاي، ھا ! ...

ـــ شۇڭا، سىزنى ئالاھىدە ئەسكەر دەيدۇ ـ دە، ئۇزاقتىن بىرى تۇەنجاڭنىڭ يېنىدا تۇرۇشىڭىزمۇ ھەرگىز بىكار ئەمەس. كارغا كېلىدىغانلىقىڭىزدىن ـ دە ! ھە، ئاۋۇ تۈلكىنى بېرىپ ئەكېلەيمۇ؟ تېرىسى تۆت سەر قېقىۋېلىشقا ياراپ قالار.

ـــ ياق، ئۇنىڭ تېرىسىنى ساتقىلى بولمايدۇ، قىز بالا ئىكەن. قارىغا ئېلىش ماھارىتىمنى سىناپ باقتىم. جايىدا ئىكەن. ۋۇي، ئەنە تېپىرلاۋاتىدۇ، كېيىمىنى يىرتىۋاتىدۇ !

ـــ بالا؟ ۋاي خۇدايىمەي، نېمە دەۋاتىسىز؟ جۆيلۈگەندەك گەپ قىلىسىزغۇ؟ سىزگە جىن چاپلاشقان ئوخشايدۇ. توۋا دەڭ، توۋا. چاقچاق قىلىۋاتامسىز ئادەمنى قورقۇتۇپ؟

ـــ چاقچاق؟ ھەي سېپىت، تولا ھەددىڭدىن ئاشما ! ھوشۇڭنى تاپ. ئەينەك تاپالمىساڭ بارغۇ، ھەدەپ تۇر، خالادىكى سۇيىدۇككە قاراپ ئۆز شولاڭنى تازا ئوبدان كۆرۈپ باققىنا، قانداقراق ئىكەنسەن، خۇددى چىۋىن ئولىشىۋالغان تېزەككىلا ئوخشايسەن. يەنە تېخى چاقچاق دەيسەن، چاقچاقنىڭ نېمە گۇناھى بار ئىكەن ساڭا قىلىپ؟ ئادەم تېپىلمىغاندەك ياكى سەن مېنىڭ خىلىممىدىڭ؟ ھىم ! سەن كىم؟ بالا دېگەندىكىن بالا !

ـــ ئىسىت، بىچارە بالىنى قارىغا ئالغۇچە، ئاۋۇ جىغانلىقتىكى قاغىلارنى قارىغا ئېلىپ، ماھارىتىڭىزنى سىناپ باقسىڭىز بولماسمىدى؟ ئىسىت، ئىسىت، سېپى ئۆزىدىن شۇمپەن ئىكەنسىز، يالماۋۇزدىنمۇ بەتتەر يالماۋۇز ئىكەنسىز ! !

پەيجاڭ كۆزىدىن دۇربۇننى ئالماي تۇرۇپلا توۋلىدى:

— ھەي سېيىت، بىز بۇ يەرگە قاغا ئېتىشقا كەلگەنمۇ؟ !
ئەنجانبايلارنى ئۇجۇقتۇرۇش، توپىلاڭچىلارنىڭ نەسلىنى، ئۇرۇقىنى تۈگەل قۇرۇتۇش ئۈچۈن كەلگەنغۇ؟

— ۋاي - ۋۇي پەيجاڭ، قاراڭە سىزنى، مېنى ئوبدان بىلىسىز، مەن ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان قارا تۈرك ئادەممەن. توپىلاڭچى - پوپىلاڭچى دېگەنلەر كىم؟ بىلمەيمەن. بىر بالىنىمۇ توپىلاڭچى دەۋاتىسىز، چاقىقا چورۇق ئاسقاندەك قامىلاشمىغان گەپلەرنى قىلىپ ئادەمنىڭ بېشىنى قايدۇرماي، ئېيتىڭە زادى بالىدا نېمە گۇناھ، ئۇ ئەنجانباي ئەمەسقۇ، بالىغۇ؟ !

— بالىدا نېمە گۇناھ؟ — پەيجاڭ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ سېيىتقا چەكچەيدى، — ھەي كالۋا، راستىنلا تېگى - تېگىدىن ئەقىلسىز ئىكەنسەن. ئەسلىدىنغۇ ھەرقايسىڭ تېگى - تەكتىدىن پەس خەق. يىگىرمە يىل ئەسكەر بوپسەن، ئۇنىڭ قولىدىن بۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپسەن، شۇنداق بولسىمۇ تا ھازىرغىچىلىك بېدە - سامان توغراش بىلەن، ئات ئېغىلىنى تازىلاشتىن باشقىسىغا يارىمايدىكەنسەن. بىلىپ قوي، نەچچە ئەنجانباينى يوقاتقاندىن كۆرە، ئاشۇنداق شۇمتەكتىن بىرنى يوقىتىش مىڭ ئەلا، ئاشۇ شۇمتەك چوڭ بولسا ئۇنداق ئەنجانبايدىن نەچچىنى تۇغىدۇ ! بىرى ئون، ئونى يۈز، يۈزى مىڭ بولىدۇ ! ئەنجانبايلارنى پاك - پاكىز يوقىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا كۆڭلۈم تىنىدۇ، شۇڭا مەن ئېپىي بولسىلا جايلىۋېتىپ قولۇمنىڭ قىچىقىنى باسىمەن.

شۇ ئارىدا چىملىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئىككى ئادەمنىڭ ئېرىقىنى بويلاپ، كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ ئۆمىلەپ كېلىۋاتقانلىقى غۇۋا كۆرۈنۈپ قالدى. پەيجاڭ دەرھال دۇربۇن بىلەن شۇ تەرەپكە تىكىلدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى ئون - ئون بەش قەدەمچە كېلەتتى، نېمە ئۈچۈندۇر ھەر ئىككىلىسى يېنىچە ئۆمىلەيتتى. ئارقىسىدىكى پات - پات بېشىنى كۆتۈرەتتى، قوللىرىنى پۇلاڭلىتاتتى. ئۇ قولىنى يەنە بىر قېتىم

پۇلاڭلىتىۋىدى، ئۇنىڭ قولىدىكى تاپانچىسى ۋاللىدە كۆرۈنۈپ قالدى. پەيجاڭ چۆچۈپ كەتتى، كۆزىگە تۇتۇپ تۇرغان دۇربۇنىمۇ قولىدىن چىقىپ كېتىپ بوينىدا ساڭگىلاپ قالدى: «ئىسىم، ئەنجانباينىڭ ئادەملىرى !...» — ئۇ بەلگە ئوقى ئېتىپ ئاكوپتىكىلەرگە خەۋەر قىلىش ئۈچۈن تاپانچىسىنى ئەمدى كۆتۈرۈشىگە، ھېلىقى ئۆمىلەپ كېلىۋاتقانلار تەرەپتىن «پاڭ، پۇڭ» ئېتىلغان ئىككى پاي ئوقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. پەيجاڭ ئالمان - تالمان يەنە دۇربۇن بىلەن شۇ تەرەپكە قارىغانىدى، ھېلىقى ئالدىدىكىسىنىڭ تولغىنىپ تېپىرلاۋاتقانلىقى كۆرۈندى، — نېمە ئىش بولغاندۇ؟ ھە، چوقۇم شۇنداق !... ئالدىدا ئۆمىلەپ كېلىۋاتقان ئادەم تەسلىم بولۇپ بىز تەرەپكە قاچقان، ئارقىسىدىكى قوغلاپ كېلىپ ئۇنى ئاتقان، بولمىسا ئۆزىنىڭ ئادىمىنى ئۆزى ئاتقان نەدە بار؟ تېخى بۇرنىمىزنىڭ ئۈچىدىلا - ھە، ئەبلەخ ! قېنى سېنىڭ ئەنجانباينىڭ يېنىغا بارغىنىڭنى بىر كۆرەي !» ئۇ شۇنداق ئويلاپلا ھېلىقى ئارقىدىكى ئادەمنى قارىغا ئېلىپلا ئېتىۋەتتى. پەيجاڭ «قوغلاپ كەلگەنلەر يەنە بولۇپ قالمىسۇن» دېگەن خىيالدا دۇربۇن بىلەن چىملىقنىڭ چەت - چەتلىرىگىچە تىكىلىپ قارىدى، دېگەندەك، جىغانلىقنىڭ خېلى بۇ تەرىپىدىرەك ھېلىقى ئىككى ئادەم تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئېگىز بويلۇق يەنە بىر ئادەمگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. پەيجاڭ ئۇنىمۇ قارىغا ئالدى. لېكىن ئېتىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، ئۇ تەپكىنى بېسىپ بولغۇچە سېپىت ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى:

— توختاڭ ! ئاتماڭ، ئاتماڭ ! ئۇ مېنىڭ ئىنىمدەك قىلىدۇ !

— جۆيلۈمە ! ئۇلار ئەنجانباينىڭ ئادەملىرى !

— ياق، ياق، توختاپ تۇرۇڭ، مەن بېرىپ باقاي !

سېپىت ئۆزلىرى مۆكۈنۈپ تۇرغان ئاكوپتىن سەكرەپ چىقتى - دە، ھېلىقى ئادەم تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

— سېپىت، توختا ! توختىمىساڭ ئاتىمەن.! !

لېكىن سېيىت توختىمىدى. يۈگۈرۈپ كېتىۋەردى.

پەيجاڭ ئۇنى قارىغا ئالدىيۇ ئاتمىدى. كۆڭلىدە «قېنى قېچىپ باققىنا، ئوقنىڭ ساڭا يېتەلمىگىنىنى بىر كۆرەي!» دەپ ئويلىدى ـ دە، دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ، ھېلىقى يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئادەمنى قارىغا ئېلىپلا تەپكىنى بېسىۋەتتى. ! سېيىت چۆچۈپلا توختىدى. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قاراپلا تۇرۇپ قالدى ـ دە، قولىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ سىلكىپ، ۋارقىراپ بىر نېمىلەرنى دەپلا يەنە ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋەردى. پەيجاڭ چىشىنى غۇچۇرلىتىپ: «قېنى ئۇ نېمە ئىش قىلىدىكىن» دەپ ئويلاپ، دۇربۇننى كۆزىگە تۇتۇپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرىۋەردى. شۇ تاپتا ئۇ قاچىدىغانلا بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئەنە سېيىت ھېلىقى ئېگىز ئادەمنىڭ قېشىغا يېتىپ باردى. ئۆزىنىڭ بېشىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ قېتىپ تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. بىرھازادىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېلىقى ئۆمىلىشىپ ماڭغان ئىككىسىنىڭ قېشىغا باردى. ئارقىسىدىكىنى بىر نەچچىنى تەپتى، ئالدىدىكىنى قۇچىقىغا ئالدى، مەيدىسىگە ياقتى، مەڭزىگە سۆيدى، ئاندىن ئۇنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى كېيىن كەلگەن ئېگىز بويلۇق ئادەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ يېنىغا ياتقۇزدى. ئەنە ئۇ ئورنىدىن تۇردى. يۈگۈرۈپ، يىقىلىپ ـ قوپۇپ ئاران تەستە ئېرىقنىڭ ئىچىدىكى ھېلىقى قىزچاقنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭغا تاشلىدى، قۇچىقىغا ئالدى، مەيدىسىگە يېقىپ چىڭ قۇچاقلىدى. بىرھازادىن كېيىن ئۇنىمۇ كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ يەنە ھېلىقى ئېگىز بويلۇق ئادەمنىڭ قېشىغا ياتقۇزدى. ئاشۇ ئىشلار بولۇۋاتقاندا پەيجاڭ دۇربۇننى كۆزىدىن ئالماي، سېيىتنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تۇرىۋەردى، قارىغانسېرى ئۇنىڭ ئەقلى تېخىمۇ ھەيران بولاتتى: «ئۇ كۆزۈمنى بوياپ قېچىپ كەتمەكچى بولۇپ باقسۇنچۇ قېنى.» لېكىن، سېيىت قاچمىدى، بىرھازادىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيگەن، رەڭگى

تاتىرىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. لاغ ـ لاغ تىترەيتتى، دەلدۈگۈنەتتى. بىر قولىدا غىچچىدە قان يۇقى كىيىملەرنى، يەنە بىر قولىدا بولسا بىر تۇتام قەغەزنى سىقىمداپ چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. پەيجاڭ ئۇنىڭ بۇ قورقۇنچلۇق ئەپتىدىن چۆچۈپ ئارقىسىغا بىر قەدەم داجىدى، لېكىن تاپانچىسىنى يېنىغا تۇتۇپ چاندۇرماي سورىدى:

— هە، قولۇڭدىكى نېمە قەغەز ئۇ، نەدىن تاپتىڭ؟

— قىزىم... قىزىم...

— هە، هە؟ نېمە دېدىڭ، قىزىم دېدىڭما؟

— قىزىم...

— تۇۋا، هە، هېلىقى بېشىدا سېرىق ياغلىقى بار؟ ۋاي خۇدايىمەي !

— ئىبرىقنىڭ ئىچىدە ئۆمىلەپ ماڭسا، ئاپتاپتا كۆزۈم چاقناپ سېرىق ياغلىقى سېرىق تۇلكىدەك كۆرۈنۈپ،... ئۇ، سېيىت ئۆزىنىڭ بېشىغا ئۇزى ئۇراتتى، — ئېسەدەپ يىغلاپ، تىلى تۇزۇكرەك گەپكىمۇ كەلمەي قالغانىدى، — ۋاي ئىسىت بالىلىرىم ! يۈرەك پارىلىرىم ! دادا ھالاۋىتى نېسىپ بولمىغان بالىلىرىم ! بېشىڭلارنى يېدىم بالىلىرىم ! ئاھ قىرىندىشىم ! خۇدا، مەندەك مۇناپىق بەندىنى نېمىشقا ياراتقان بولغىيدىڭ؟ !

پەيجاڭ يەنە گەپ كوچىلاپ سوراۋەردى:

— باشقىلىرىچۇ؟ تونۇدۇڭمۇ؟

— يەنە بىرىمۇ مېنىڭ بالام ئىكەن، قولىدا تاپانچىسى بار ئادەمنى تونۇمىدىم. ئىنىم... ۋاي ئىسىت ! !...

— ھە، مۇنداق دېگىن تېخى. ئۇنداقتا... ۋاي تولا يىغلاپ كۆڭلۈمنى ئېلىشتۇرمىغىنا ! ئۇنداقتا ئىنىڭمۇ، بالىلىرىڭمۇ ئېزىپتۇ ـ دە ! ئەنجانباينىڭ تاپىنىنى يالاپ، پايلاقچىلىقنى قىلىپ، بىزنىڭ ئىشىمىزنى تىڭ تىڭلاپ يۈرۈپتۇ! شۇنداقمۇ؟ ۋاي؟ ياق دەيسەنغۇ تېخى، ئۇلار تۇمشۇقتاغ تەرەپتىن كەلدىغۇ؟ ئۇنداق بولمىسا، ئۇلار ئۇ تەرەپتە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ! بوپتۇ،

بوپتۇ دەيلى. ئۇلارنىڭ ئۆز گۇناھى ئۆزىگە، بۇنىڭ ھېسابىنى سەندىن ئالمايمىز. ھە راست، بالىلىرىڭنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن ھېلىقى ئادەم زادى كىم بولغىيدى، — ئۇ ئۇيان - بۇيان ئايلىنىشقا باشلىدى، — زادى كىم؟ تونۇيالماپسەن - دە! ناۋادا ئۇ ئەنجانباينىڭ ئادىمى بولسا، ئۆزىنىڭ يالاقچىلىقىنى قىلىپ يۈرگەن بالىلارنى نېمىشقا ئاتىدۇ؟ ئۇمۇ تۇمشۇقتاغ تەرەپتىن كەلدىغۇ؟ بىزنىڭ ئۆز ئادىمىمىز بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ پەيجاڭ جايىدا تاپ توختىدى. بىرنېمىنى ئويلىغاندەك قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرۇپ كەتتى. بىرھازادىن كېيىن ئېسىگە تۇيۇقسىزلا بىر ئىش كەلگەندەك، شاققىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ سېپىتقا تىكىلدى. ئۇنىڭغا گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، كۆزى تۇيۇقسىزلا سېپىتنىڭ قولىدىكى قەغەزگە چۈشۈپ قېلىپ، ئاغزىنى ئاچقىنىچە ئۇ قەغەزگە تىكىلىپ قاراپ جىممىدە تۇرۇپ كەتتى. لېكىن، شۇ ھامان قولىنى شارتتىدە ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

— ئەكېلە قولۇڭدىكى قەغەزنى، قىزىمنىڭ قولىدا ئىكەن دېدىڭغۇ؟ ئۇ بۇ يەرگە بۇ قەغەزدە لەگلەك ئېتىپ ئوينىغىلى كەلمىگەندۇ ھەرقاچان! شۇنداقمۇ؟ — ئۇ تاپانچىسىنىڭ ئۇچىدا شەپكىسىنى گەدىنىگە سۈرۈپ قويدى.

ئۇ قەغەز يىرتىلىپ، مىجىلىپ پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەنىدى، لېكىن تىزىپ جاي - جايىغا كەلتۈرۈلسە، ھەرھالدا ئوقۇغىلى بولاتتى. پەيجاڭ سېپىتنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۇلاردىن ئون بەش - يىگىرمە قەدەم نېرىدىكى تاغ قاپتىلىدىكى ئاكوپتا خېلىدىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئوچۇق ئاڭلاپ، ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرۇشقان ئەسكەرلەرنىڭ قېشىغا ئېلىپ چىقتى.

— قېنى قايسىڭلار خەت ئوقۇيالايسىلەر؟ ماۋۇ خەتنى ئوقۇپ بېقىڭلار! — دېدى پەيجاڭ بۇيرۇق تەلەپپۇزدا، — تېز، تېز! بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى بىرگە ئاسىيلىق قىلىۋاتقان بىرەرىگە يېزىلغان خەت بولۇپ قالمىسۇن يەنە، شۇنداق تۈزكورلارنى

تاپالمايۋاتاتتۇق.

— مەن ئوقۇپ باقاي، — دېدى ئاردىن بىرى، ئۇ پەيجاڭنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمايلا شاققىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، يىرتىلغان قەغەزلەرنى يەرگە يايدى. ئاندىن ئۇنى ئۇ يەرگە، بۇنى بۇ يەرگە تىزدى، — ھە، مانا بولدى. ئەمدى ئوقۇساق بولىدۇ.

ھېلىقى ئەسكەر خەتنى دۇدۇقلاپ ـ دۇدۇقلاپ ئوقۇپ تۈگەتتى. پەيجاڭنىڭ قارىمۇتۇق چىرايى ئۆزگىرىپ تېخىمۇ قارىداپ كەتتى. ئۇ قىسماق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، يېنىدىكى ئىككى ئەسكەرگە بۇيرۇق قىلدى:

— بۇ بەك مۇھىم خەت ئىكەن، ئىككىڭلار ئاتقا مىنىپ بېرىپ دەرھال ئەمەت بېگىمگە تاپشۇرۇڭلار! ئەمەت بېگىم ھازىر بازاردا، تېز بېرىڭلار.

ئەسكەرلەر خەتنى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى. پەيجاڭ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ سېپىتقا تىكىلدى.

— مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سەنزە ئاشۇ خەتنى ئېلىپ كېلىپ، چوڭ خىزمەت كۆرسەتتىڭ جۇمۇ! ئاللاھىدە ئىنئامغا لايىق خىزمەت كۆرسەتتىڭ، مەرتىۋەڭمۇ ئۆسىدىغان بولدى.

سېپىت غەزەپتىن كۆكىرىپ كەتكەنىدى. چىشلىرى غۇچۇرلايتتى. ئۇرا كۆزلىرى چەكچىيىپ، پۇلتىيىپ چىققانىدى.

— خەت بىلمىگەننىڭ كاساپىتى، كور ئىكەنمەن. شۇم خەت ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن! ھەي قانخور! بىلىپ قوي: ناۋادا مەن ئۇ شۇم خەتنى ئوقۇيالايدىغان بولسام، بالىلىرىم ئۈچۈن ئۆزۈم ئاللىقاچانلا ئەنجانباينىڭ قولىغا تەگكۈزۈپ بولغان بولاتتىم! ئۇ شۇم خەت قىزىمنىڭ قولىدا ئىكەن. قىزىم بالدۇرمۇ پارچە ـ پۇرات قەغەزلەردە كېپىنەك تۈگۈپ ئويناشقا ئامراق ئىدى. بۇ قەغەزنىمۇ ئاشۇنداق ئۇنى ـ بۇنى تۈگۈپ ئويناشقا ئېلىۋالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قاپتىمەن! سەندىن ھەم ئۆزۈمدىن بالىلىرىمنىڭ، ئىنىمنىڭ قىساسىنى ئېلىش تەقەززالىقىدا خۇدۇمنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن. قىساس ئېلىپ گۇناھىمنى

يۈيمەن دەپ كېلىپ، گۇناھ ئۈستىگە يەنە تۆپە ـ تۆپىلەپ گۇناھ قىلدىم! شۇم خەت ئىكەنلىكىنى نېمە بىلەي! ئىسىت، ئىسىت! دوزاخ ئوتىدا مىڭ يىل كۆيسەممۇ ساقىت بولمىغۇدەك چوڭ گۇناھ قىلدىم! سەنمۇ، مەنمۇ ئوخشاشلا دوزاخقا لايىق چوڭ گۇناھ قىلدۇق!

پەيجاڭمۇ غەزەپتىن چويۇندەك قارىداپ كەتكەنىدى.

— شۇنداقمۇ تېخى، ئۇنداق بولساڭ ماڭ ئۆزۈڭ ئۇدۇللا دوزاخقا كىر! — ئۇ تاپانچىسىنى سېيىتقا تەڭلىدى. لېكىن، ئۇ تەپكىنى بېسىپ بولغۇچە سېيىت ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى ـ دە، غەزەپ بىلەن توۋلىدى:

— ياق، ياق، بىز دوزاخقا بىللە كىرىمىز، بىللە!

ئۇ شۇنداق دەپ ۋارقىراپلا چىملىقتىلا بىر ـ بىرىگە چېتىپ تەييارلىۋالغان بىلىدىكى ئىككى گراناتنىڭ يىپلىرىنى تەڭلا تارتىۋەتتى. يالغۇز پەيجاڭلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يانلىرىدىكى ئەسكەرلەرمۇ قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. گۈلدۈرلىگەن پارتلاش ساداسىدىن چەشتاغ زىلزىلىگە كەلدى. بۇ شۇ كۈنكى قىرغىنچىلىقنىڭ باشلىنىشى ئىدى. بۇ چاغدا كۈن نۇرى چەشتاغ باغرىغا چۈشۈپ تۇراتتى ...

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

# پاجىئە

1946 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، جۈمە.

ئەنجانباي تۈن قاراڭغۇسىدا قىرىق مەرگەننى باشلاپ توختىماي ئىلگىرىلىدى. ئۇلار گەز دەرياسى ئېقىنىنى بويلاپ مېڭىپ تېرىم مەھەللىسىنى ئايلىنىپ ئۆتتى. غىلاڭ تاشلىق كەڭرى سايلىققا چىقىپ توختاپ، ئالدى تەرەپنى تىڭ تىڭلاشقا كەتكەن رازۋېدكىچىلارنى ساقلىدى. ئۇلار تۈنۈگۈن ئاخشاملا تۆت ئېشەككە تۇز ئارتىپ، تۇزچى سىياقىدا ياسىنىپ، مۇشۇ تەرەپلەرگە يۈرۈپ كەتكەنىدى. رازۋېدكىچىلار ئۇلارنى ئۇزاق ساقلاتمىدى. ئاتلار يەملىرىنى يەپ بولغۇچە ئارىلىقتا قايتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېڭىئېرىق تەۋەسىگىچە يېتىپ بارغانلىقىنى، ئۇ تەرەپلەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بايقىيالمىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىرەر غەيرىي ئەھۋاللارنىڭمۇ يوقلۇقىنى مەلۇم قىلىشتى.

ئۇلار كەڭرى سايلىقنى كېسىپ ئۆتتى. تاڭ سەھەردىلا قويۇق توغراقلىقلار ئارىسىدىكى بىر تاشلاندۇق ـ خارابە هويلىغا يېتىپ كېلىپ يوشۇرۇنۇۋېلىشتى. كۈن چىقتى، ئاشۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. ئۇلار سەۋرچانلىق بىلەن دۈشمەنلەرنى ساقلىدى. لېكىن، شۇ چاغقىچە ئەتراپ جىمجىت ئىدى. ئۇ تەرەپ ياكى بۇ تەرەپلەردىن كېلىدىغان دۈشمەنلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. چۈش بولۇشقا ئاز قالغاندىلا چەشتاغ تەرەپتىن يەر ـ زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرگۈدەك گۈمبۈرلىگەن پارتلاش ئاۋازلىرى

ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار ئۇ تەرەپتىن قېچىپ كېلىپ، شەھەر تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدىغان دۈشمەنلەرنى توسۇپ يوقىتىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ تۇرۇشتى. لېكىن، ئەھۋال ئويلىغاندەك چىقمىدى. دەل ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە قەشقەر شەھىرى تەرەپتىن بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالدى. ئۇلار شۇ ھامان ئاتلىرىنى ھويلىنىڭ ئىچىگە باغلاپ قويۇشۇپ يوشۇرۇنۇۋېلىشتى. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا ئەللىك ـ ئاتمىشتەك ئاتلىق ساقچىلارنىڭ ئارىسىدا بۇ تەرەپكە قاراپ لىقىدە ئەسكەر بېسىپ كېلىۋاتقان ئۈچ ماشىنا كۆرۈندى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ تاشمىلىق، چەشتاغ تەرەپلەردىكى دۈشمەنلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن شەھەردىن چىققان ئەسكەرلەر ئىدى. ماشىنىلار يېقىنلاپ كەلگۈچە ئۇلار جىممىدە يېتىۋېلىشتى. ماشىنىلار دەل ئۇدۇلغا كېلىشى ھامان ئۇلار تۇيۇقسىز گراناتلارنى تاشلاپ پارتلىتىپ، پىلىموت، ئاپتومات، مىلتىقلار بىلەن تاتاتلىتىپ ئوق ياغدۇرۇپ دۈشمەنلەرنى راسا قىرىشقا باشلىدى. ئالدىدىكى ماشىنىنىڭ چاقلىرى پارتلاپ كېتىپ خۇددى ھېلىلا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەكلا بىر يانغا يانتۇ بولۇپ قالدى. ئۇ ماشىنىدىكى ئوفىتسېر چۆچۈپ كېتىپ، قورقۇنچىدا كابىنكىدىن بېشىنى شۇنداق چىقىرىشىغىلا سېيىت ئەخمەت نىشانلاپ ئاتقان ئوق دەل ئۇنىڭ چېكىسىدىن بىر تۆشۈك ئېچىۋەتتى. باشلىقسىز قېلىپ ھودۇقۇپ كەتكەن ئەسكەرلەر ماشىنىلارنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋېلىپ، ئۇلارغا قارىتىپ قالايمىقان ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. ساقچىلارمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ بىللە ھۇجۇمغا ئۆتتى. مۇشۇ پۇرسەتتە ئارقىدىكى ئىككى ماشىنا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا شەھەر تەرەپكە قېچىپ كېتىۋالدى. لېكىن پارتلاپ كاردىن چىققان بۇ ماشىنىدىن چۈشكەن ئەسكەرلەر بىلەن ساقچىلار ئەنجانىبايىنىڭ مەرگەنلىرىنىڭ ئوقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى، ئوق تېگىپ ئارقا ـ ئارقىدىن يىقىلىۋەردى. ئۇلار شۇ ھالدا بىرھازاغىچە

ئېلىشقاندىن كېيىن دۈشمەنلەر بەرداشلىق بېرەلمەي نۇرغۇنلىغان ئۆلۈكلىرى بىلەن قورال، ئوق ـ دورىلارنى تاشلاپ شەھەر تەرەپكە قاراپ قېچىپ كەتتى. ئەنجانباينىڭ مەرگەنلىرى ئۇلارنى تاكى گەز دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىگىچە قوغلاپ باردى. لېكىن، ئەنجانباي ئارقا تەرەپتىن ئەنسىرەپ قېلىپ ئادەملىرىنى توختىتىۋالدى. ئۇلار يېنىپ كېلىپ دۈشمەنلەر تاشلاپ قاچقان قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارنى يىغىۋالدى. ھېلىقى چاقلىرى كاردىن چىقىپ ماڭالماي قالغان ماشىنىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. دەل شۇ چاغدا تاشمىلىق تەرەپتىن بىر ئادەمنىڭ ئۇلار تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇلار ھەيران بولۇپ تۇرغاندا ئات تاقىراقلاپ چېپىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ قېشىدىلا توختىدى. ئاتتىن شىغاي ئاستا سىيرىلىپلا چۈشتى ـ دە، بەكلا ھالسىزلىنىپ كەتكەنلىكىدىن ئۆرە بولالماي ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ سول مۈرىسىدىن تېخىچە قان توختىماي چىقىپ تۇراتتى. ئەنجانباي چۆچۈپ ئۇنى يۆلىۋالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى شۇ ھامان قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولدى. لېكىن، ئۇ شىغايدىن گەپ ـ سۆز سورىمىدى. ئۇنىڭ سول مۈرىسىنىڭ سەل پەسرەكىدىن قىلىچ تىلىپ شىلىۋەتكەنىدى. ئەنجانباي ئۇ يەرنى ئاق خام بىلەن ئالدىرىماي، پاكىز سۈرتتى، ئاندىن خۇددى ناسۋال قاپىقىغىلا ئوخشايدىغان، چوڭلۇقىمۇ كىچىك بالىنىڭ مۇشتۇمىچىلىك كېلىدىغان كىچىك، سارغۇچ قاپاقتىن خۇددى ناسۋالغىلا ئوخشايدىغان سەل قارامتۇل، يۇمشاق سوقۇلغان دورىنى تۆكۈپ جاراھەتكە چاپتى، تېشىدىن ئاق خام بىلەن تېڭىۋەتتى. ئۇ تۇرمىگە تاشلىنىپ، زاك كانلىرىدا ئىشلەپ يۈرگەن ئېغىر كۈنلەردىن بېرى مۇشۇنداق ئاق ماتاخام بىلەن دورا قاچىلانغان ھېلىقى كىچىك قاپاقنى ھەممىشە يېنىدىن ئايرىماي يۈرەتتى. شۇنىڭدىن بۇيان مانا مۇشۇنداق ئادەتتىكى جاراھەتلەرنى دەل ۋاقتىدىلا داۋالاپ تېڭىپ قوياتتى.

— ھە، مانا ئەمدى بولدى. ئۇزاققا قالمايلا ساقىيىپ

قالىسەن، — ئۇ شىغاينىڭ قولىنى سىلىغان هالدا ئۇنىڭدىن ئاستا سورىدى، — قېنى دوستۇم، مانا ئەمدى دېگىنە، قانداق پالاكەتلەرگە يولۇقتۇڭلار؟ ئالدىرىماي سۆزلە.

شىغاي ئاغرىق ئازابىدا چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغانىدى. ئۇ كۆزىنى ئاستا ئاچتى، ئەنجانبايغا قاراپ بۇقۇلداپ يىغلامسىراپ، بۈگۈن ئۆزلىرى يولۇققان پاجىئەنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرىنى بايان قىلىشقا باشلىدى:

— ئەنجانباي ئاكا، — دېدى ئۇ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، — مەن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن كەلدىم. سىلەر تاشمىلىق، چەشتاغ تەرەپلەرگە زادى بارماڭلار، ئۇ تەرەپلەردە دۈشمەنلەر ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ ئىكەن، قىرىلىپ تۈگىشىپ كېتىسىلەر! باشقا تەرەپلەرگە كېتەيلى.

شىغاي ئۆكسۈپ يىغلاپ سىلىپ سۆزلىيەلمەي قالدى. ئەنجانباينىڭ چىرايى ئۆڭۈپ ـ تاتىرىپلا كەتتى. ئۇ تاقەتسىزلەنگەن هالدا يەنە سورىدى:

— باشقىلار زادى قانداق بولدى؟ تېزرەك دېسەڭچۇ ئىچىمنى سىقماي!

— ماقۇل، — دېدى شىغاي يىغلامسىراپ تۇرۇپ، — بىز چەشتاغ تەرەپكە يېقىنلاپ بېرىشىمىزغىلا زەيدىن دېگەن مۇناپىق جامالىدىن ئاكامنى ئېتىپ تاشلىدى! بۇنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇ مۇناپىقنىڭ ئارىمىزدىكى خائىنلىرى ئاز ئەمەس ئىكەن. ئۇق ئاۋازى بىلەن تەڭلا ئۇلار يوشۇرۇنۇپ تۇرغان مىڭلىغان دۈشمەنلەر بىلەن بىللە بىزگە تەڭلا تاشلاندى. بىزنىڭ ئازغىنە ئادەملىرىمىز قۇتۇلۇپ چىقىپ ئويتاغ تەرەپكە قېچىپ كېتەلىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يەنە نۇرغۇنلىغان دۈشمەنلەر قوغلاپ كەتتى، شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ هالى قانداق بولغانلىقىنى بىلمەيمەن. قېچىپ كەتكەن ئاشۇ ئازغىنە ئادەملەر بولسىمۇ ئامان قالسا ئوبدان بولاتتى. هەي ئىسىت، ئىسىت! مەن

تېخى بۇ تەرەپكە كېلىۋېتىپ يول بويلىرىدا نۇرغۇنلىغان دۈشمەنلەرنىڭ يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى بايقاپ قالدىم.

ئەنجانباينىڭ ئادەملىرى جىمىمىدە تۇرۇشۇپ ھەممىنى ئاڭلىدى، ھەممىنى چۈشەندى... ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشىپ، «ئاھ !» ئۇرۇپ، خىت ـ خوت قىلىشىپ، ئۈنسىز مىشىلداپ يىغلاشتى. ئاخىرىدا ئۆزلىرىنى باسالماي تۇيۇقسىزلا بىر ـ بىرىگە ئېسىلىشقان ھالدا ھۆڭگىرەپ يىغلاپ سېلىشتى. ئەنجانباي ئاچچىقىدا لېۋىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى. رەڭگى تاتىرىپ ـ بوزىرىپ، سارغۇچ بۇرۇتلىرىمۇ لىك ـ لىك تىترەپ كەتتى. ئۇ شۇ تاپتا ناۋادا شىغاينىڭ دېگىنىدەك قىلىپ، ئادەملىرىنى ئاياغ تەرەپتىكى ئارىلىق يوللار بىلەن باشلاپ مېڭىپ ئۇلۇغچات تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتسىلا ھەممىسىنىڭ ئامان قالىدىغانلىقلىرىغا ئىشىنەتتى. لېكىن، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، ئىنسانىي قەلبى، پاك ۋىجدان ـ غۇرۇرى ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا يول قويمىدى. ئۇ مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگدى !

— بۇرادەرلەر، — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا سەل خىرقىراپ تۇرۇپ، — بىز ھاياتىمىزنى خەلقىنىڭ ئازادلىقى ـ ھۆرلۈكى ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن. بايا ئاڭلىدىڭلار، بىزگە ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى خەلقىمىزنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن قېرىنداشلىرىمىزنى قىرىپ يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن دۈشمەنلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېتىپتۇ ! ئۇلار بىلەن كارىمىز بولماي جېنىمىزنى ياقىغا ئېلىش بىز ئۈچۈن دوزاختا لايىق گۇناھ بولىدۇ ! ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالايلى ! ئۆلۈپ تۈگىشىپ كەتسەكمۇ مەيلى، ھاياتىمىز بەدىلىگە ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالساقلا ئاللامۇ رازى بولىدۇ، بەندىلەرمۇ رازى بولىدۇ. بىزمۇ ئۆزىمىزدىن رازى بولۇشقا ھەقلىق بولىمىز. بۇرادەرلىرىم، جانجىگەرلىرىم، بۈگۈن ئۇلۇغ جۈمە كۈنى، ھەممە بەندىلەر جەم بولۇپ خۇشال ـ خۇرام ھالدا كۆڭۈل ئاچىدىغان ئازاد كۈن، ھەتتا دوزاخ ئوتىدا كۆيۈۋاتقان گۇناھكارلارنىڭمۇ جازاسى توختىتىلىدىغان

خاسىيەتلىك كۈن. شۇڭا، مۇشۇ ھەممە ئىنسان ئازاد بولىدىغان بۇ ئۇلۇغ كۈندە ئازابتا قالغان قېرىنداشلىرىمىزنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئۆلۈپ كەتسەك شېھىت بولىمىز. مەن ئۇلار ئۈچۈن مۇشۇ ئۇلۇغ كۈندە شېھىت بولۇپ كېتىشكە رازى! ناۋادا مېنىڭ بىلەن بىللە بېرىشنى خالىمايدىغانلار بولسا، مۇشۇ يەردە قېلىپ قالساڭلار بولىدۇ. مەن سىلەردىن رەنجىمەيمەن. چىرايلىق يولغا سېلىپ قويىمەن. خەير - خوش ئامان بولۇڭلار. خۇدايىم سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا، شىغايىنى ئۇنىڭ بىر قىرغىز ئاغىنىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى، ئۇنىڭغا شىغايىنى ئاياغ يول بىلەن ئاۋايلاپ ئاپىرىپ ئويىتاغقا يەتكۈزۈپ قويۇشنى، ئۇ ساقىيىپ بولغۇچە ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى تاپىلىدى. ئاندىن ئۇلار قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆڭۈللىرى يېرىم بولۇپ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى. ئەنجانباي ئۇلارنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئات ئېگىرىنىڭ ئۈستىگە پىلىموتنى ھەر ۋاقىت ئېتىشقا تەييارلا قىلىپ تاڭدى - دە، ئاپتوماتنى بويىنىغا ئېسىپ لىككىدە ئاتقا مىنىپ يۈرۈپ كەتتى. لېكىن، بىرمۇ ئادەم ئايرىلىپ قالمىدى. ھەممىسى تەڭلا قوزغىلىپ ئەگىشىپ مېڭىشتى.

* * *

ئەنجانباي تاشمىلىق، چەشتاغ تەرەپلەردىكى دۈشمەنلەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالسا دۈشمەنلەر بىلەن تۇتۇشۇپ قالاتتى - دە، ئالدى تەرەپ توسۇلۇپ قېلىپ، ئويتاغ تەرەپكە قاراپ قېچىپ كەتكەن بۇرادەرلىرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن دەل ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ بارالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ، مەرگەنلەرنىڭ ماھارىتىگە، باتۇرلۇقىغا قاتتىق ئىشەنسىمۇ، لېكىن ئوق - دورىلارنىڭ كەملىكى ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ

ھەربىرىدە ئارانلا ئون ـ ئون بەش تالدىنلا ئوق قالغانىدى. ناۋادا ئۇلار شۇنچە كۆپ دۈشمەنلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدىغان بولسا، بۇ ئوق ـ دورىلار بىلەن دۈشمەنلەرگە تەڭ كەلگىلى بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ مەرگەنلىرىنى باشلاپ ئاياغ يول بىلەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، گەز دەرياسىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى ئېقىنلىرىنى بويلاپ مېڭىپ چالما ئېرىق تەۋەسىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئالدىراپ بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋېتىپ، يول بويى ئادەملەرنىڭ ئاۋازلىرىغا، تاراق ـ تۇرۇق شەپىلەرگە قۇلاق سالدى. ئېرىق ـ ئۆستەڭ، دەريا، جىلغىلارنىڭ ئىچلىرى، ئېگىز ـ پەس دۆڭلۈكلەر، هويلا ـ ئارام، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارنىڭ دالدىلىرى، ئوت ـ چۆپ، يېكەن ـ قومۇشلارنىڭ ئارىلىرى... ئارقىلىق مۆكۈنۈپ يۈرۈپ ئۇيان ـ بۇيان قېچىۋاتقان ئادەملەرگە ئوبدان سەپسېلىپ قاراپ ماڭدى. لېكىن، ئۆز ئادەملىرىدىن بىرەرىنىمۇ ئۇچرىتالمىدى. ئەتراپلاردا يەنىلا قويۇق ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىراق، بۇ ئوقلارنى قايسى تەرەپنىڭ ئاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. پەقەت كۈنچىقىش تەرەپتىكى ئېگىز ـ پەس كۆرۈنگەن دۆڭلۈكلەرنىڭ ئەتراپىلا خېلى جىمجىتتەك بىلىنىدى. ئاشۇ دۆڭلۈكلەرنى ئارىلاپ ماڭسا، ئويىتاغ تەرەپكە ئاسانلا ئۆتۈپ كەتكىلى بولاتتى. ئۇلار ئەتراپنى كۆزەتكەن هالدا بىر جىلغىنىڭ ئىچى بىلەن مېڭىپ دۆڭلۈكلەرگە يېقىنلاشتى. دۆڭلۈكلەرنىڭ ئەتراپى يەنىلا جىمجىت ئىدى، هېچقانداق شەپىمۇ ئاڭلانمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئەنجانباي ئۇ تەرەپلەردىن يەنىلا خاتىرجەم بولالماي، ئىككى رازۋېدكىچىنى دۆڭلۈكلەرنى چارلاپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. رازۋېدكىچىلار ئۆملەپ يەر بېغىرلاپ مېڭىپ يۈرۈپ كەتتى. بىرھازادىن كېيىن ئۇلار قايتىپ كېلىپ دوكلات قىلىشتى:

— يىراقتىكى دۈشمەنلەرنىڭ بىزنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ دۆڭلۈكلەرنىڭ ئۈستىگە چىقمىدۇق. چىقىشىمىزنىڭمۇ هاجىتى يوق ئىكەن، ناۋادا ئۇ دۆڭلۈكلەرنىڭ

ئۈستىدە ئادەم بولىدىغان بولسا، مۇشۇ جايدا تۇرۇپمۇ ئوچۇق كۆرگىلى بولىدىكەن. دۆڭلۈكلەرنىڭ ئەتراپىنى چارلاپ تەكشۈردۇق، ئادەم كۆرۈنمىدى.

ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشىنىشكە بولاتتى. دېمىسىمۇ شۇ تاپتا ئاشۇ قىزغۇچ كۆرۈنگەن تاقىر دۆڭلۈكلەرنىڭ ئۈستى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار باشقا تەرەپلەردىن ئەندىشە قىلغان ھالدا شېغىل ئارىلاش قىزىل توپىلىق ئېگىز بىر دۆڭنىڭ يانباغرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ كېلىشىنى پايلاپ ئەتىگەندىن بېرى دۆڭنىڭ ئۈستىدە يوشۇرۇنۇپ يېتىشقان دۈشمەنلەر خۇددى ئۈۋىسى بۇزۇلغان قۇرت ـ قوڭغۇزلاردەك لۆمشۈپ ئۆملەپ چىقىشتى ـ دە، ئېگىزدە تۇرۇۋېلىپ ئۇلارنى تەرەپ ـ تەرەپلەردىن شىددەتلىك ئوققا تۇتتى. ئۇلار چۆچۈپ كېتىپ ھالىڭ ـ تالىڭ قالغان ھالدا ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىۋېلىشقا ئارانلا ئۈلگۈردى. گراناتلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن گۈمبۈرلەپ پارتلاشلىرى، پىلىموت، ئاپتوماتلارنىڭ توختىماي تاتاتلاشلىرى، مىلتىقلارنىڭ گۈم ـ گۈم ئېتىلىشلىرى ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. چاڭ ـ توزانلار خۇددى قۇيۇندەكلا پۇرقۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، بىردەمدىلا ئەتراپنى قويۇق توپا ـ تۇمان قاپلاپ كەتتى. توپا ـ تۇمانلارنىڭ قېلىنلىقىدىن، ھەتتا ئادەملەرمۇ بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەي قېلىشتى. دەل مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن مەرگەنلەر پىلىموتچىلارنىڭ تۇرۇشلۇق جايلىرىغا بېرىپ ئۇلارغا تەڭلا ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. شۇ ھامان بىرنەچچە پىلىموت ئېتىشتىن توختاپ جىمىپ قېلىشتى.

لېكىن، ئەنجانبايلار ئۇچۇن ئوقلارنى تېجەپ، يىراقتىكى دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىش ئۇچۇن ساقلاپ قويۇش بەكمۇ زۆرۈر ئىدى. شۇڭا، ئەنجانباي ئازغىنە مەرگەنلەرنى ئۆز جايلىرىدا تۇرۇپ، دۈشمەنلەرنى داۋاملىق ئوققا تۇتۇپ تۇرۇشقا قالدۇردى.

قالغانلارنى قىلىچلار بىلەن قورالـلاندۇردى ـ دە، ئۆزى باشلاپ يېقىن ئەتراپتىكى دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئاتلاندى. قويۇق توپا ـ تۇمانلار ئۇلارغا ئوبدان دالدا بولدى. ئۇلار دۈشمەنلەرگە تۇيدۇرماي دۆڭلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈۋالدى.

ئۇلار دۈشمەنلەرگە قىلىچ كۆتۈرۈپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. دۈشمەنلەر نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە بىرمۇنچە دۈشمەننىڭ تېنىنى جۇدا قىلىشقا ئۈلگۈردى. بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن گاڭگىراپ قېلىشقان دۈشمەنلەر جان قايغۇسىدا نۇرغۇنلىغان ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ، تاشمىلىق تەرەپكە قاراپ قېچىشقا مەجبۇر بولۇشتى. مەرگەنلەر خېلى كۆپ قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارنى غەنىيمەت ئالدى. يولمۇ ئېچىلدى. لېكىن، ئۇلارمۇ ئالتە ئادىمىدىن ئايرىلىپ قالدى !...

ئۇلار قايغۇرۇشقان ھالدا قۇربان بولغان بۇرادەرلىرىنى دۆڭنىڭ يانباغرىغا دەپنە قىلىشتى. ئاندىن غەزەپلىرى قايناپ ـ تاشقان ھالدا يەنىلا قېچىپ كەتكەن بۇرادەرلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئويتاغ تەرەپكە قاراپ ئالغا ئاتلاندى. لېكىن، ئۇلار شۇ تاپتا ئۆزلىرىنىڭ قاتمۇقات قورشاۋدا قالغانلىقىنى تېخىچە بىلمەيتتى. دۈشمەنلەر ئەتىگەندىلا زەيدىننىڭ ئادەملىرى ئارقىلىق ئەنجانباينىڭ تېرىم تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىشقانىدى. ئۇلار ئەنجانباينىڭ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ ئويتاغ تەرەپكە قېچىپ كەتكەن ئادەملىرىگە قوشۇلۇش ئۈچۈن مۇشۇ تەرەپكە كېلىشىنى پەرەز قىلىشىپ، بۇ يەردە بىر قىسىم كۈچىنى يوشۇرۇپ قويغانىدى. دېگەندەك، ئۇ بۇرادەرلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆز رازىلىقى، ئۆز ئايىغى بىلەن مېڭىپ كېلىپ، دۈشمەن قۇرغان قاپقانغا دەسسەپ سالدى !

* * *

ئەنجانباي مەرگەنلىرىنى باشلاپ گەز دەرياسىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى شاۋقۇنلۇق ئېقىننى بويلاپ مېڭىپ ئاقچالما

تەرەپتىكى غىلاڭ تاشلىق، كەڭرى، قاقاس سايلىقتا چىقىپ قېلىشتى. دەل شۇ چاغدا جىلغىلار ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقان دۈشمەنلەر ئۇلارنى تەرەپ - تەرەپتىن توپ - زەمبىرەك، پىلىموت، مىلتىق، گراناتلار بىلەن تۇيۇقسىزلا شىددەتلىك ئوققا تۇتۇشتى. ئۇلار تۇيۇقسىز زەربىدىن چۆچۈپ كېتىپ دەرھال بۇرۇلۇپلا ئارقىسىغا ياندى. لېكىن، ئارقا تەرەپتىنمۇ شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۇچراپ يامغۇردەك توختىماي يېغىۋاتقان ئوقلارغا دۇچار بولۇشتى. خۇددى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك قورقۇنچلۇق، قۇلاقنى پاڭ قىلىۋېتىدىغاندەك دەھشەتلىك پارتلاش سادالىرى تاغ، داللارنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، قارا قۇيۇندەك تولغىنىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن قويۇق توپا - تۇمانلار ئەتراپنى قاپلاپ جاھاننى خۇددى گۇگۇم ۋاقتىدەكلا قاراڭغۇلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇلار قورشاۋغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئەتراپتىكى دالدىلىنىشقا بولىدىغان جايلارنى دۈشمەنلەر ئىگىلەپ بولغاچقا، ئۇلار يوشۇرۇنۇۋېلىشقا ئامالسىز قالدى. ئۇلار شۇ تاپتا خۇددى قەپەسكە سولىنىپ قالغان يولۋاسلاردەك تېپىرلاپ ئۆزلىرىنى ئۇيان - بۇيان ئۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىشتى. دۈشمەنلەرنىڭ غەرىزى ئۇلارنى دەل مانا مۇشۇنداق تەرەپ - تەرەپتىن ۋىژىلداپ يېغىۋاتقان ئوق يامغۇرلىرى ئاستىغا ئېلىپ قىيناپ، تەسلىم بولۇشقا قىستاش ئىدى. لېكىن، ئەنجانباينىڭ يېنىدىكى بۇ مەرگەنلەر دۈشمەنلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىشكە رازى ئىدىكى، ھەرگىزمۇ ئۆز جانلىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولىدىغان، ئۆز رازىلىقى بىلەن باش ئېگىدىغان ئۇنداق بېلى بوش ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى.

— تەييارلىنىڭلار! — دېدى ئەنجانباي مەرگەنلەرگە پەس ئاۋازدا بۇيرۇق قىلىپ، — ئەتراپىمىزدىكى دۈشمەنلەرگە تەڭلا ھۇجۇم قىلىپ، قامالدىن بۆسۈپ چىقايلى! بىرنەچچىمىز

ئالدىمىز تەرەپتىكى دۈشمەنلەرنى قىرىپ يول ئېچىپ ماڭايلى، قالغانلار يان تەرەپلەر بىلەن ئارقىمىزدىكى دۈشمەنلەرگە ئوت ئېچىپ مېڭىڭلار. ئېسىڭلاردا بولسۇن، ئوقلارنى تېجەپ قالايلى. ئاتلىنىڭلار! — ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي شۇنداق دەپلا ئات ئېگىرىنىڭ ئۈستىگە ئېتىشقا ھازىرلاپ پۇختا تېڭىپ قويۇلغان پىلىموتقا ئېڭىشتى ــ دە، دۈشمەنلەرنى تاتاتلىتىپ قىرغان ھالدا ئات چاپتۇرۇپ ئالدىغا ئېتىلدى. باشقا مەرگەنلەرمۇ ئارقا ھەم يان تەرەپلىرىدىكى دۈشمەنلەرنى نىشانلاپ ئوققا تۇتۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئالغا ئاتلاندى. دۈشمەنلەر ئۇلارنى تەرەپ ــ تەرەپتىن تېخىمۇ شىددەتلىك ئوققا تۇتۇپ يوللارنى توسۇۋالدى. لېكىن، ئۇلار توختىمىدى. دۈشمەنلەرنىڭ ئوت توچكىلىرىنى نىشانلاپ ئوققا تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ مېڭىۋەردى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنى قورشىۋالغان دۈشمەنلەر ھېسابسىز كۆپ ئىدى. مەرگەنلەر نىشانلاپ تۇرۇپ ئاتقان ئوقلار دالدىلارغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇۋشقان دۈشمەنلەرگە تەگمىدى. ئەكسىچە، دۈشمەنلەر يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ ئەنجانباينىڭ ئوچۇقچىلىقتا قالغان مەرگەنلىرىنى ئارقا ــ ئارقىدىن ئاتلاردىن تىك موللاق چۈشۈرۈشكە باشلىدى. شۇنداق بولسىمۇ ھايات قالغانلار دۈشمەنلەرنى نىشانلاپ ئېتىپ توختىماي ئىلگىرىلەۋەردى ۋە ھايات قالغانلار بىرھازادىن كېيىن دۈشمەنلەرنى ئارقىغا قالدۇرۇپ ئاخىر جىغان بەلگە يېقىنلىشىۋالدى. بۇ چاغدا كەچ كىرىپ، كۈن پامىر تاغلىرىنىڭ كەينىگە قىيسايغانىدى. توپا ــ تۇمانلىق ئاسماندا چالا ــ بۇلا ئاق بۇلۇتلار لەيلىشىپ يۈرەتتى. ئەنجانباي مەرگەنلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ ئارانلا يىگىرمە سەككىز ئادىمى قالغانلىقىنى بىلدى. دەل شۇ چاغدا ئويتاغ ئاغزى تەرەپتىن توپا ــ تۇمان كۆتۈرۈلدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي نۇرغۇنلىغان ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ قالدى. بۇ چاغدا ئارقىدىكى دۈشمەنلەرمۇ قوغلاپ كېلىپ ئۇلارغا يېقىنلىشىپ قالغانىدى.

دۈشمەنلەر ئىككى ياندىن قىستاپ كېلىشكە باشلىدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئەنجانبايلارنىڭ ئەتراپىنى دۈشمەن ئەسكەرلىرى قاتمۇقات قورشىۋالدى. ئەھۋال تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى. ئەنجانباي شۇنداق جىددىي پەيتتە بىر ئەقىل تاپتى. چىرايى ئۆڭگەن ھالدا يېنىدىكى مەسۇم چوڭغا بۇيرۇق قىلدى:

— بىز ئۈچ ئادەم بۇ يەردە قېلىپ سىلەرنى قوغدايمىز. سەن قالغان ئادەملەرنى باشلاپ، ئاۋۇ سول تەرەپتىكى جىلغىنىڭ ئىچى بىلەن مېڭىپ قېچىپ كەتكىن!

لېكىن، مەسۇم چوڭ ئۇنىمىدى:

— ياق! ئۆلسەكمۇ، ھايات قالساقمۇ بىللە بولىمىز!

ئەنجانباينىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:

— مەن ساڭا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بۇيرۇق قىلىۋاتىمەن! ئۆتۈنۈپ قالاي! دېگىنىمنى بويىچە ئىجرا قىل! تالىشىپ تۇرۇشقا پۇرسەت يوق! خوش، خۇداغا ئامانەت، ئامان بولۇڭلار! ئاتلان! سېيىت ئەخمەت، بۇرھان، سىلەر ئىككىڭلار مەن بىلەن بىللە قېلىڭلار!

مەسۇم چوڭ ئىلاجسىز مەرگەنلەردىكى بىر بۆلۈك ئوق، گراناتلار بىلەن ئىككى پىلىموت، بىر ئاپتوماتنى ئەنجانبايلارغا قالدۇرۇپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىشقا مەجبۇر بولدى - دە، دۈشمەنلەرنىڭ شىددەتلىك ئوققا تۇتۇشىغا قارىماي يىگىرمە نەچچە مەرگەننى باشلاپ يۈرۈپ كەتتى. لېكىن، ئون سەككىز ياشلىق قاۋۇل يىگىت ئەزىز «سېنىڭ يېنىڭدا قالىمەن!» دەپ كاجلىق قىلىپ ئۇلار بىلەن بىللە كېتىشكە ئۇنىماي، ئەنجانباينىڭ يېنىدا قالدى. ئۇ ئەنجانباينىڭ سىڭلىسى ئايىم تىللاخاننىڭ ئوغلى ئىدى. ئەنجانباي ئۇنىڭغا كىچىكىدىن تارتىپلا بەك ئامراق بولغانلىقتىن، ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ ئوينىتىپ چوڭ قىلغان، ئەزىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ «تاغ ئىنقىلابى»غا قاتناشقاندىن كېيىنمۇ ئەنجانباي يەنە ئۇنى چىڭ تۇتۇپ ياراملىق ئۇستا

پىلمىوتچىلىك قىلىپ يېتىشتۇرۇپ چىققانىدى. ئۇمۇ ئەنجانبايىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايتتى. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇ ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى. ئەنجانبايىنىڭ يىلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ قىلغان شۇنچە كۆپ نەسىھەتلىرىمۇ ئۇنىڭغا كار قىلمىدى. يەنىلا «كەتمەيمەن! سەن بىلەن بىللە بولىمەن!» دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئەنجانباي ئاچچىقىدا ئۇنىڭغا ئىككى شاپىلاق سېلىۋەتتى. ئەزىز تاغنىسىغا چىدىماي يىغلامسىرىغان هالدا ئېتىغا مىنىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئوق يامغۇرلىرى ئاستىدا كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئالدىدا ماڭغانلار خېلى ئۇزاپ كەتكەنىدى. ئۇ ئېتىنى چاپتۇرۇپ مېڭىپ ئۇلارغا يېتىشىۋېلىشقا ئاز قالغاندا ئۇنىڭ ئېتىغا ئوق تەگدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقانلار بۇنى سەزمەي ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ مېڭىۋەردى. بۇ چاغدا سىپىيىت ئەخمەت بىلەن بۇرهان ئىككىسى دۈشمەنلەرنى ئوققا تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرغانىدى. ئەنجانباي ئەزىزنى ئۇرۇپ سالغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، كۆڭلى غەش بولغان، يۈرىكى ئېچىشقان هالدا دۈشمەنلەرنى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى.

دەل شۇ چاغدا ئەزىزنىڭ: «ئەنجانباي ئاكا!» دەپ تۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. ئەنجانباي چۆچۈپلا ئۇ كەتكەن تەرەپكە قارىدى. ئۇ يەنە: «ئەنجانباي ئاكا، ئەنجانباي ئاكا! » دەپ ئىككى قېتىم تۇۋلىدى. ئەنجانباي ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ مېڭىپ ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ باردى. ئۇنىڭ ئىككى پۇتى ئات ئاستىدا بېسىلىپ قېلىپ تولغىنىپ كەتكەنىدى. دۈشمەنلەرمۇ ئەنجانباينى چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئەنجانبايىنىڭ ئۇنى يۆلەپ ياندۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنىمۇ دۇربۇندا كۆرۈپ تۇردى.

يۇقىرى مەنسەپ، كۆپ ئالتۇن ـ تىللا تەمەسىدە خۇدىنى يوقاتقان دۈشمەنلەر ئەنجانباينى تىرىك تۇتۇۋېلىش غەرىزىدە بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ، شالىلىرىنى ئېقىتىشقان هالدا ئۇلار تەرەپكە قاراپ قىستاپ كېلىشكە باشلىدى. ئەنجانبايلارمۇ بوش

كەلمىدى، ئالدىدىكىلەرنى ئۇدۇللۇق نىشانغا ئېلىپ ئوققا تۇتۇپ، دۈشمەنلەرنى ئۆزلىرىگە يېقىنلاشتۇرمىدى.

دۈشمەنلەرنىڭ غەربىزى ئەنجانبايىنى تىرىك تۇتۇۋېلىش ئىدى. شۇڭا، ئۇلار يىراقتا تۇرۇپ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ قۇرۇق ھەيۋە قىلىپ، قەستەنگە ئۇلارنىڭ ئەتراپىنىلا ئوققا تۇتاتتى. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ھالسىرىتىپ ئوقلىرى تۈگىگەن ھامان باستۇرۇپ كېلىپ تۇتۇۋالماقچىدى. دۈشمەنلەرنىڭ بۇ غەربىزى ئەنجانبايلارغا ئايان بولغانلىقتىن يېقىنلاشقانلىرىنى ئېتىۋەردى. دۈشمەنلەر توختىسا، ئۇلارمۇ جىم بولۇۋالدى. ئۇلار شۇ ھالدا دۈشمەنلەرنى بىرھازاغىچە توسۇپ تۇردى. بۇ چاغدا مەسۇم چوڭ باشلاپ كەتكە ئادەملەر قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىپ خېلى يىراقلاپ كەتكەنىدى. ئەنجانباي قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن مەرگەنلەرگە بايا مەسۇم چوڭ ئادەملەرنى باشلاپ مېڭىپ كەتكەن جىلغا تەرەپنى شەرەتلەپ كۆرسەتتى. ئۇلار ئۇنىڭ غەربىزىنى چۈشىنىپ دەرھال ئاتلىرىغا مىنىشتى ـ دە، ئۆزلىرى پاناھلىنىپ تۇرغان دۆڭنىڭ ئارقىسىدىكى چوڭ ئازگالدىن چىقىپ يىلىموت، ئاپتوماتلار بىلەن ئەتراپتىكى دۈشمەنلەرنى ئوققا تۇتقان ھالدا ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ مېڭىپ جىلغىغا يېقىنلىشىۋالدى. دۈشمەنلەر ئۇلارنى شىددەتلىك ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. ئىككى ئادەمنىڭ ئېتىغا ئوق تېگىپ تىك موللاق چۈشتى. ئەنجانباينىڭ ئېتىمۇ كاردىن چىقتى. بۇ ئات تۈنۈگۈن ئاخشامدىن بېرى ئەنجانباي بىلەن پىلىموتنى كۆتۈرۈپ توختىماي چېپىپ يۈرگەنلىكتىن ھېرىپ ھالى قالمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە مانا ئەمدى ئەنجانباي، ئەزىزنىمۇ ئارقىسىغا مىنگەشتۈرۈۋالغانىدى. بۇنداق ئېغىر يۈكنى كۆتۈرەلمىگەن ئات، جىلغىنىڭ ئاغزىدىلا بىر كىچىككىنە تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئەزىزنىڭ پۇتى تولغىشىپ كەتكەنلىكتىن يۆلىۋالسىمۇ يەنىلا دەلدۈگۈنۈپ كېتىپ تۇزۇكرەك ماڭالمايتتى. شۇڭا، ئەنجانباي ئىلاجسىز ھالدا ئۇنى باراقسانلاپ ئۆسكەن تىكەنلىك

سوزگەنلەر ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى ھەمدە ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا تاپىلىدى:

— مۇشۇ سوزگەنلىك ئارىسىدا جىم يېتىۋالساڭ، دۈشمەنلەر سېنى كۆرەلمەيدۇ. دۈشمەنلەر كەتكەندىن كېيىن ئاندىن چىقىپ كەت.

ئاندىن ئۇ ئىككى مەرگەن بىلەن بىللە قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرنى ئوقىا تۇتقاچ جىلغىنىڭ ئىچى بىلەن مېڭىپ، ئالدى تەرەپتىكى تاغنىڭ يېنىغا بېرىۋالدى. ئۇلار مۇشۇ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈۋالسىلا دۈشمەنلەرگە تۇتۇق بەرمەيتتى. لېكىن، ئۇلار تاغقا يامىشىپ چىقىۋاتقاندا دۈشمەنلەر تاغ قاپتاللىرىنى شىددەتلىك ئوققا تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى. دەل شۇ چاغدا سېيىت ئەخمەتنىڭ بىر پاي ئوقنى ئالىقىنىغا ئېلىپ تىكىلىپ قاراپ قويۇپ تۆش يانچۇقىغا سېلىۋاتقانلىقىغا ئەنجانباينىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى ـ دە، ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن؟

ئۇ پىسەنتسىز كۈلۈپ قويۇپ جاۋاب بەردى.

— ئۆزۈمگە ئاتاپ قويدۇم. دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالغاندىن ئۆلگەن ياخشى. سەنمۇ...

— ياق، مەن ئۇنداق ئەخمەق ئەمەس، — دېدى ئەنجانبايمۇ پىسەنتسىز كۈلۈپ قويۇپ، — ئۆزۈمنىڭ ئوقىدا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرمەيمەن. ئاشۇ بىر پاي ئوقتا دۈشمەنلەردىن بىرنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتسەم، خەلقنىڭ دۈشمەنلىرىدىن بىرى ئازلايدۇ. دۈشمەنلەر قولىدا ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى. پەرۋايىم پەلەك. شۇغىنىسى تېخىمۇ كۆپ دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرەلمىگەنلىكىمدىن ئەپسۇسلىنىمەن!

ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى شۇ تاپتا ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى تۇيۇپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇلار بۇ خەۋپنى سەزمىگەندەك كۈلۈشۈپ تۇرۇپ مۇڭدىشىۋاتاتتى. سېيىت

ئەخمەت ئوقنى يەنە ئاپتوماتقا سېلىپ قويدى. ئۇلار تاغ قاپتاللىرىدىكى ئېگىز - پەس دالدىلارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ تەرەپ - تەرەپلەردىن ئۆزلىرىگە يېقىنلىشىپ كېلىپ قالغان دۈشمەنلەرنى شىددەتلىك ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى.

* * *

ئۇلاردىن يىگىرمە - ئوتتۇز قەدەملا يىراقلىقتىكى تاغ چوققىسىدا قورام تاشلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان مەمەت قىرغىز بولۇۋاتقان بۇ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇردى. «يارايسىلەر بىچارە ئەزىمەتلەر!» دېدى ئۇ ئىچىدە. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھايات قالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ئېچىنغان ھالدا كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى. ئۇ بايا مەسۇم چوڭ بىلەن كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئېتىغىمۇ ئوق تېگىپ يىقىلىپ چۈشكەنىدى. مەسۇم چوڭلار كۆرمەي قېلىشتى. ئۇ ئۇلارغا يېتىشەلمەي ئوقلاردىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ يۈرۈپ مېڭىشقا يول تاپالماي، ئىلاجسىز ھالدا مۇشۇ تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ قالغانىدى.

ئۇنىڭمۇ شۇ تاپتا دۈشمەنلەرنى تازا قىرغۇسى كەلدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ مىلتىقىدا بىر پايمۇ ئوق قالمىغانىدى. مەمەت تاغدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ ئەنجانبايلارغا ياردەم بېرىشكىمۇ ئامالسىز ئىدى. ناۋادا تاغ قاپتىلىدىلا ئۆزىگە دۈشمەنىنىڭ ئوقى تېگىپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇلارغا ھېچقانداق پايدىسى تەگمەيتتى. ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداپ كەتتى. ئاخىر بولالماي ئادەم باشلاپ كېلىپ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش قارارىغا كەلدى. ئۇ شۇ مەقسەتتە ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن توپا - تۇماننىڭ قويۇقلۇقىدىن پايدىلىنىپ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە قاراپ سىيرىلىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ پەسكە چۈشۈپلا ئۆمىلەپ قوپۇپ يۈگۈردى. جىلغىنىڭ ئىچىدە ئالدى يۈتلىرى چېتىپ قويۇلغان بىر ئاتقا

ئۇچراپ قالدى. ئۇ ئاتقا مىنىپلا بولۇشىچە چاپتۇرۇپ ئويتاغ ئاغزىغا كەلدى.

يېڭىسارنىڭ ئەگۈس يېزىسىدىن كەلگەن بۇ داڭدار مەرگەن ئۆزىنىڭ بۇ يەردىمۇ بىر قېتىملىق دەھشەتلىك پاجىئەنىڭ شاھىتى بولۇپ قېلىشىنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ بىر جۈپ قوشماق تاغنىڭ ئاغزىدىن چىقىشىغا بۇ تەرەپكە قاراپ ئات چاپتۇرۇپ گۈلدۈرلىشىپ كېلىۋاتقان قادىر مۇئەللىمنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. قادىر مۇئەللىم ئەتىگەندىن بېرى ئارقا تەرەپكە ئۆتۈۋېلىپ قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرنى تاغلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئازدۇرۇپ، يېقىنلىشىپ قالغانلىرىنى ئوققا تۇتۇپ قىرىپ، قېچىپ يۈرگەن ئۆز ئادەملىرىنى قوغداپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ دۈشمەنلەرگە دەل ۋاقتىدا زەربە بېرەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. تېز ئېتىش ئۈچۈن يېنىدىكى گراناتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پىلتىلىرىنى چىقىرىپ ھازىرلاپ قويغانىدى. ئۇ، مەمەتىنىڭ يىغلامسىراپ تۇرۇپ قىلغان باياتلىرىدىن ئاكىسىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا دۈشمەنلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقانلىقىنى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىنى بىلىپ، كاللىسى پىرىرىدە قايغاندەك بولدى ـ دە، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئادەملىرىگە بۇيرۇق قىلدى:

— يۈرۈڭلار، ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالايلى!

ئۇ شۇنداق دەپلا ئېتىنى چاپتۇرۇپ، ھەممىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپلا يۈرۈپ كەتتى. ئات چېپىپ كېتىۋاتقاندا ھېلىقى گراناتلارنىڭ پىلتىسى ئۇنىڭ دولىسىدا سىلكىنىۋېرىپ پەسلەپ قالغان ئاپتوماتنىڭ تەپكىسىگە ئاستا ـ ئاستا يۆگىشىپ قالدى. لېكىن ئۇ، بۇنى سەزمەي ئاتنى چاپتۇرۇپ مېڭىۋەردى. بۆكتۈرمىشى دېگەن جايغا يېقىنلاپ كەلگەندە تۇيۇقسىزلا ئويلىمىغان دەھشەتلىك پاجىئە يۈز بەردى. ئۇ ئاپتوماتنى يۇقىرىراق قىلىش ئۈچۈن، يېنىغا شۇنداق سۈرۈشىگىلا

گراناتلارنىڭ پىلتىسى تارتىلىپ كەتتى. گرانات پارتلاپ تاغ، جىلغىلارنى لەرزىگە كەلتۈردى. قادىر ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئۇ شۇ چاغدا ئاران يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەنىدى. ياردار بولغانلارمۇ قوغلاپ كەلگەن دۈشمەنلەرگە يەم بولدى.

* * *

مەرگەنلەر پىلىموت، ئاپتوماتلار بىلەن يېقىنلىشىپ قالغان دۈشمەنلەرنى ئۇدۇللۇق ئوققا تۇتۇپ پەسكە دومىلىتىۋەردى، دۈشمەنلەرمۇ توختىماي پىلىموت، زەمبىرەكلەر بىلەن ئۇلارنى ئوققا تۇتۇپ تۇرۇپ يېقىنلاپ كېلىۋەردى. ئۇلار شۇ ھالدا بىرھازاغىچە ئېلىشتى. ئاخىر ئەنجانباينىڭ پىلىموتىدا ئوق قالمىدى. دەل شۇ چاغدا سېيىت ئەخمەت بىلەن بۇرھانلار ئېتىشىۋاتقان تەرەپلەرمۇ تۇيۇقسىز توختاپ جىمىپ قالدى. ئەنجانباينىڭ يۈرىكى بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك «قارت !» قىلدى ـ دە، ئۇ بۇرۇلۇپ ئۇلار تەرەپكە قارىدى. بۇ چاغدا گۈگۈم چۈشەي دەپ قالغانىدى. ئەنجانباي ئۇلارنىڭ قىپقىزىل قان ئىچىدە ئۆگدىسىغا ياتقانلىقىنى كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى. ئۇ تېز ـ تېز ئۆمىلەپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلار تىنىقتىن توختىغانىدى. ئۇ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا ئۇلارنىڭ يۈز ـ كۆزىنى سىلاپ، كۆزلىرىنى يۇمدۇرۇپ قويدى. ئۇلارنىڭمۇ ئوقلىرى تۈگىگەنىدى، يانلىرىدا پەقەت بەش ـ ئالتىلا گرانات تۇراتتى. ئەنجانباي بۇ گراناتلارنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ يەنە ئۆز جايىغا يېنىپ كەلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تاپانچىسىدىمۇ ئازلا ئوق قالغانىدى.

دۈشمەنلەر ئەنجانباي يوشۇرۇنۇۋالغان تاغ قاپتىلىنى توپ ـ زەمبىرەكلەر بىلەن شىددەتلىك ھالدا ئوققا تۇتۇشنى بىردەممۇ توختاتمىدى. تاغ پارچىلىرى گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈپ قاپتال ئەتراپىدىكى ئازگاللارنى توشقۇزۇۋەتتى.

ئەنجانباي چاڭ ـ توزاندىن پايدىلىنىپ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن تاغقا يامىشىپ چىقىشقا باشلىدى. مانا ئۇ تاغنىڭ ئۈستىگە يېقىنلىشىپ قالدى. بىر توپ يۇلغۇن كۆتىكىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ بىر پۇتىنى تاغنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالدى. لېكىن، شۇ چاغدا دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئاتقان ئىككى پاي ئوق دەل ئەنجانباينىڭ ئوڭ دولىسىغا تېگىپ تاغنىڭ چېقىۋەتتى. ئۇ ئاغرىق ئازابىدا يۇلغۇن كۆتىكىنى تۇتۇپ تۇرالماي يەنە بايا ئۆزى يوشۇرۇنۇۋالغان تاغ قاپتىلىدىكى ئازگالغا دومىلاپ چۈشۈپ هوشىدىن كەتتى.

*　　　*　　　*

باقاخۇن تونۇگۈن ئويتاغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى ئېگىز بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئوغۇللىرىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ قاراپ ساق بىر كۈننى ئۆتكۈزدى. ئۇلاردىن ئەنسىرەپ كېچىسىمۇ ئۆيگە كىرىپ كەتمىدى. بەل، پۇتلىرى تېلىپ كەتسە، ئانچە ـ مۇنچە ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىۋالدى. توختىماخان ئېلىپ كەلگەن تائاملارنى ئۇنىڭ زورلىشى بىلەن چالا ـ بۇلا يەپ يەنە ئالىقانلىرىنى پېشانىسىگە يانتۇ قويۇپ سايىۋەن قىلغان هالدا يىراقلارغا تەلپۈنۈپ قاراپ تۇرىۋەردى. لېكىن، ئۇلار هازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى ياكى بىرەر خەۋىرىمۇ بولمىدى. ئوغۇللىرىنىڭ ئەهۋالىنى بىلىدىغانلارنىڭ هەممىسى ئۇرۇشقا كەتكەنىدى.

مانا بۈگۈنمۇ كۈن چۈشتىن قايرىلدى. لېكىن، ئوغۇللىرىدىن تېخىچە دېرەك يوق. ئۇ ئۇلاردىن ئەنسىرەپ، ئىچى تىتىلداپ تۇرالمايلا قالدى. دەل شۇ چاغدا ئويتاغ ئاغزى تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ يىغا ـ زارى ئاڭلىنىپ قالدى. باقاخۇن چۆچۈپ ئۇ تەرەپكە قاراپ تۇرۇپلا قالدى. هايال ئۆتمەيلا يىگىرمە ـ ئوتتۇزدەك ئادەمنىڭ ئىككى ئات هارۋىسىنى ئارىلىرىغا ئېلىپ يىغلاشقان، قاقشاشقان هالدا بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى

كۆردى. باقاخۇن هالڭ ـ تاڭ قىلىپ، دۆڭدىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى. هارۋىلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا خوجا ئابدۇراخمان بىلەن مەسۇم چوڭمۇ تۇراتتى. ئۇلار باقاخۇنغا ئىسىلىپ، چاپلىشىپ تۇرۇپ تېخىمۇ بەكرەك هۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى. باقاخۇننىڭ كۆڭلى بىر شۇملۇقنى سەزدى. يۈرىكى «قارتلا» قىلىپ ئالدىدىكى هارۋىنىڭ قېشىغا كەلدى. كىگىزگە يۆگەلگەن جەسەتنى ئېچىپ كۆرۈپلا چۆچۈپ كېتىپ توۋلىۋەتتى.

— قادىرەم ! ئوغلۇم ! — ئۇ دەلدۈگۈنۈپ بىرىپلا يەنە بىر هارۋىدىكى كىگىزگە يۆگەلگەن جەسەتنىمۇ ئېچىپ كۆردى. ئۇ بۇ بېشى كېسىۋېلىنغان جەسەتنىمۇ تونۇدى ـ دە، ئېچىنىشلىق هالدا تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى: ئەنجانباي ! ... مېنىڭ ئوغۇللىرىم !... شۇڭقارلىرىم !... ئىسىت ! ...

تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ يۈرىكى غاچچىدە پىچاق تىققاندەك مۇجۇپ قاتتىق ئاغرىپ كەتتى ـ دە، كۆزلىرى چەكچىيىپ تۇرۇپلا قالدى. هايال ئۆتمەي رەڭگى تاتىرىپ كېتىپ، مەيدىسىنى قاماللاپ مۇجۇپ تۇتقان هالدا يىقىلىپ چۈشتى ۋە خارقىراپ تىنىپلا بۇ ئالەم بىلەن كۆزلىرى يۇمۇلمايلا خوشلاشتى.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

# ئەنجانباينىڭ كاللىسى

گومىنداڭچىلار ئازگالدا جان ئۈزگەن ئەنجانباينىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ مىلتىق نەيزىسىنىڭ ئۇچىغا ئۆتكۈزۈپ، قاتار تۇرۇشقان ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇلار خۇشاللىقتا ۋارقىرىشىپ - جارقىرىشىپ، قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى، كاللىنى خۇددى بايراقتەك ھەممىنىڭ ئالدىدا ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا ھەيۋە بىلەن چەشتاغقا قايتىپ كېلىپ گازارمىسىنىڭ ئالدىغا ئاستى. بۇ قېتىمقى ئەنجانباينى يوقىتىش ئۇرۇشىدا ئەمەت بەگ ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەتىسى يۇرت - يۇرتلاردىن كېلىپ يىغىلغان بەگلەرنىڭ ئالدىدا ئەمەت بەگكە نۇرغۇن ئالتۇن، تىللا ئىنئام قىلدى، ئەمىلىنىمۇ ئۆستۈرۈپ بەگلەرنىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئەزىزنىمۇ بەگلىككە كۆتۈردى. بىر شەرەپ تاختىسىنى ئۇنىڭ تاشمىلىق رازىكا مەھەللىسىدىكى پېشايۋانلىق ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئاستى. بىر ھەربىي ئەمەلدار: «سازايى قىلىپ، بىزگە قارشى چىققانلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ تازا ئوبدان ئەدىپىنى بېرىڭلار!» دەپ ئەنجانباينىڭ كاللىسىنى ئەمەت بەگنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەردى. ئەمەت بەگ شۇ سورۇندىلا ئۇ كاللىنى «گۇپ - گۇپ!» تېپىپ يۇمىلىتىپ تۇرۇپ، ئوپالنىڭ نائىب بېگى تۇردى ئۆمەرگە غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— سىلەر ئوپالنىڭ كاتتا بايلىرى، ئۆزۈڭلارنى بەكمۇ قالتىس، چوڭ چاغلايسىلەر، ھالىڭلارغا باقماي تېخى ئۆز ۋاقتىدا چوڭ بەگلىكنى تالىشىپ قىلمىغان - ئەتمىگىنىڭلار

قالمىغانىدى. پەيلىڭلارنىڭ يامانلىقىدىن، ھەتتا خوتۇن ـ بالاڭلارنىمۇ ئۇستەككە سېلىشتىن يانمىغانىدىڭلار. لېكىن، تەقدىر ـ پېشانە شۇنداق ئىكەن، چوڭ بەگلىك سىلەرگە نېسىپ بولماي قالدى. بۇ قېتىم سىلەرنى تېخىمۇ ئوبدان بىلىپ قويدۇق. تېشىڭلار پال ـ پال، ئىچىڭلار غال ـ غال، كارغا كەلمەس ـ يارىماس بىرنېمىلەر ئىكەنسىلەر، يۇرت سوراشنىمۇ بىلمەيدىكەنسىلەر! يۇرتۇڭلاردىن بىر تەلۋە گاداي بالاخورلۇق قىلىپ، قىنىغا پاتماي، ئاللانىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر ـ قانائەت قىلماي، بەتنىيەتلىك قىلىپ، جاھاننى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئۆزىگە ئوخشاش تۈزكور گادايلارنى باشلاپ چىقىپ ئالتوپىلاڭ كۆتۈردى، بالايىئاپەت ياغدۇرۇپ پىرقىمىزگە سادىق نۇرغۇنلىغان كاتتا ئەربابلىرىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولدى، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئۆتمەس ـ لاتا قىلىپ قويدى. لېكىن، سىلەر بۇ كۆڭلى قارا مەلئۇن بالايىئاپەت تېرىغاندا «ھاي !» دەپ توسۇپ قېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىڭلار، قورقۇنچىدا خۇددى قۇيرۇقىنىڭ ئاستىغا يانتاق قىستۇرۇلغان ئېشەكتەك چىچاڭشىپ تەرەپ ـ تەرەپلەرگە پىتىراپ قېچىپ كېتىشتىڭلار! يۇزىمىزنى تۆكتۈڭلار! شۇڭا، بۇ بالاخور تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. بىز سىلەرنى دورىمىدۇق. سىلەر جان قايغۇسىدا تەرەپ ـ تەرەپلەردە قېچىپ يۈرگەن چاغلاردا بىز بىردەممۇ جىم ياتمىدۇق، جان تىكىپ ئۇ نائەھلى بىلەن جەڭ قىلدۇق. ئاللا بىزگە مەدەت قىلدى، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بىلەن تەڭ تەۋرەپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ مانا مۇشۇنداق تۇڭ تېزەكتەك قاتۇرۇپ قويدۇق. سىلەر بۇ يالماۋۇزنىڭ كاللىسىنى ئۇپالغا ئاپىرىپ سازايى قىلىڭلار! پىرقىمىزگە قارشى چىققان بارلىق تۈزكورلارغا ئىبرەت قىلىڭلار! ئۇلارنى تۇۋا قىلدۇرۇڭلار.

تۇردى ئۆمەر تاشمىلىق ئەتراپتىكى يۇرتلارنىڭ بەگلىرى توپلانغان بۇ كاتتا سورۇندا ئەمەت بەگنىڭ ئۇپالنىڭ

ئاقساقاللىرىغا قىلغان ئەنە شۇنداق سەت ھاقارەت ـ ئاھانەتلىرىنى جىمجىدە قول باغلاپ تۇرۇپ ئاڭلىدى. ئاندىن لاغ ـ لاغ تىترىگەن ھالدا ئەنجانبايىنىڭ كالىسىنى تۇۋرىغا سىلىپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئالدى. ئەمەت بەگ قوشۇپ قويغان ئون ئەسكەر بىلەن ئون قوراللىق باندىتنىڭ ھەمراھلىقىدا «بىسمىللا !» دەپ يولغا چىقتى. يول ئۈستىدە ئۆزى بىلىدىغان ئايەتلەرنى پىچىرلاپ ئوقۇپ ئەتراپىغا «سۇپ ـ سۇپ !» دەپ ھۈرۈپ مېڭىپ، تۇن نىسپىدە ئوپال بازىرىغا كەلدى ـ دە، شۇ كېچىسىلا چۈپۈر تاندا خۇددى خامانغا قېتىلغان كالىلارنىڭ تۇمشۇقىغا سىلىنىدىغان كۆشۈك سېۋەتكە ئوخشايدىغان بىر تور خالتا توقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭغا كاللىنى سالدى. ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئۇنى ئوپال ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كۇنپېتىش تەرىپىدىكى بىر تۈپ سۆۋادان تېرەككە ئاستى. بۇ تېرەكنىڭ ئەتراپى تازا قىستا ـ قىستاڭ بازار بولىدىغان كەڭ مەيدان ئىدى. ھەممە ئادەم بۇ كاللىنى ئوچۇق كۆرەلەيتتى. لېكىن، بۇ كاللىنى مۇشۇنداقلا بىر تور خالتىدا ئېسىپ قويۇش ئوپال گازارمىسىنىڭ باشلىقى ئەيساغا ياقمىدى:

— ھەي بېگىم، بۇنداق قىلغانلىرى قاملاشمايتۇ، بۇ مەلئۇنىنىڭ كاللىسى بۇنداق تور ئارغامچىدا توقۇلغان تور خالتىدا تۇرسا، ئۇنىڭ شۇم تەلەتىنى كىشىلەر ئوچۇق كۆرەلمەيدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپ ھېلىقى تېرەكنىڭ شاخ ـ پۇتاقلىرىنى چالا قويماي كەستۈرۈۋېتىپ، ئېگىزلىكى ئادەمنىڭ قولى يەتكۈدەك يېرىنى شىلىپ تۈزلەتتى. بۇ شىلىپ تۈزلەنگەن جاينىڭ پەس تەرىپىگە بۇرمىلىق ئۇشكىدە بىر تۆشۈك ئاچتۇرۇپ، بۇ تۆشۈككە بىر ئۇچى ئۇچلانغان تاختاينى قېقىپ كىرگۈزدى. ئاندىن ئۇ ئۆز قولى بىلەن ئۇ تاختاينىڭ ئۈستىگە كاللىنى تېرەككە چاپلاپ توختاتتى ـ دە، كاللىنىڭ ئىككى قۇلىقىنى ئارقىسىغا تارتىپ قايرىپ ئىككى تەرەپتىن چىڭ مىخلىۋەتتى. ئەيسا ئۆزىنىڭ بۇ

قىلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، بېلىنى ئىككى قوللاپ تۇتقان هالدا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ھەيبەللى، مانا ئەمدى ئوبدان بولدى. ھۆكۈمەتكە قارشى چىققانلارنىڭ مانا مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم ئوچۇق كۆرەلەيدىغان، يۈرىكى تازا مۇجۇلىدىغان بولدى.

* * *

ئىككى قۇلىقىدىن تېرەككە مىخلاپ ئېسىلغان ئەنجانباينىڭ كاللىسىنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككىدىن تۆت ئەسكەر قوراللىرىنى جامائەتكە بەتلىگەن هالدا گىدىيىپ تىك تۇرۇشاتتى. بىر توپ قوراللىق ئەسكەر جۈپ - جۈپ بولۇۋېلىپ جامائەت ئارىسىدا چارلاپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار بىرەر كىمنىڭ ئەنجانباينىڭ ياخشى گېپىنى قىلغىنىنى ئاڭلاپ قالسىلا شۇ كىشىنى مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇراتتى، تېپەتتى. مەيداننىڭ ئەتراپىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدە، دوقمۇشلاردا ئەسكەرلەر بىلەن ساقچىلار، پىلىموت، ئاپتومات، مىلتىقلىرىنى بەتلىشىپ ئورنى ئالاھازەل يۈز مودەك كېلىدىغان كەڭرى مەيداننىڭ چىقىش ئېغىزلىرىنى قامال قىلىپ توسۇپ تۇرۇشاتتى. شۇنچە كەڭرى مەيدانغا سىغىشماي تىقما - تىقماق بولۇپ كېتىشكەن جامائەت ئارىسىدا تولا سۆزلەپ ئاۋازى پۈتۈپ كەتكەن دورغىلار يورغىلاپ يۈرۈپ، تۈنىكە كاناي بىلەن كاركىراپ ۋارقىرىشاتتى:

— ئاللانىڭ يولىغا، پىرقىمىزگە قارشى چىققانلارنى تۇتۇپ يىلتىمىزدىن يوقىتىش بىز مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزى ھەم قەرزىدۇر!

— ئەي مۇسۇلمان بەندىلەر ئاگاھ بولۇڭلار! كىمكى تۈزكورلۇق - ھارام نىيەتلىك قىلىپ پىرقىمىزگە قارشى چىقسا، ئەنە ئاۋۇ ئەنجانبايدەك كاللىسى ئېلىنىپ سازايى قىلىنىدۇ! تېنى ئىت، قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولىدۇ! مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ! ئۇرۇق - ئەۋلادى چالما - كېسەك

قىلىنىدۇ! خوتۇن - قىزلىرى تالاق قىلىنىپ شوپاڭخانىلارغا تاشلاپ بېرىلىدۇ!... ئاگاھ بولۇڭلار! ئالاتنىڭ بەرگىنىگە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىلتىپاتىغا شۈكۈر - قانائەت قىلىڭلار! پىتنە - پاسات تېرىماڭلار! مۆمىن بەندە بولۇڭلار! دوزىخى بولۇپ قالماڭلار!...

ئەنجانباينىڭ سازايى قىلىنىۋاتقان كاللىسىنىڭ ئالدىدىن قىستا - قىستاڭ ھالدا ئۆتۈشۈۋاتقان جامائەت ئۇنىڭ قانلار چاپلىشىپ ئۇيۇشۇپ قالغان يۈزلىرىنى، قىلىچ بىلەن چاناپ «+» بەلگىسى چىقىرىپ قويۇلغان سوزۇنچاق مەڭزىنى، چالا يۇمۇلغان قوي كۆزلىرىنى، ھەرە، چىۋىنلار گىژىلدىشىپ قونۇۋالغان قۇلاق، بۇرۇنلىرىنى كۆرۈپ، ئىچىدە خۇداغا نالە قىلىپ يىغلىشاتتى. پۈتلىرى خۇددى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك كالانپايلىشىپ دەلدۇگۇنۇپ كېتىشەتتى، ئىچىدە ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشاتتى. شۇ ئارىدا تاماكىسىنى تۈغرىسىغا چىشلىۋالغان ئېگىز بويلۇق بىر كوماندىر ئىككى يانغا ئىرغاڭلاپ - لەلەڭشىپ مېڭىپ ئەنجانباينىڭ كاللىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، چاپاق كۆزلىرىنى قىسىپ كاللىغا بىرھازاغىچە قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا جامائەتكە قاراپ ھىجىيىپ قويدى، كېيىن ئۆزىنىڭ چېكىۋاتقان تاماكىسىنى دەرەختىكى كاللىنىڭ ئاغزىغا قىستۇرۇپ قويۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ھا - ھا - ھا! خۇماردىن چىقىۋېلىڭ نوچى! ھە، مانا ئەمدى ياراشتى! ۋۇي، يۈزۈڭگە يەنە ئازراق گۈل - چېچەكلەر چېكىپ قويۇلسا، تېخىمۇ يارىشىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ شۇنداق دېدى - دە، خەنجەر بىلەن كاللىنىڭ يۈز -كۆزلىرىنى ئۇيان - بۇيان غىرداپ، ئوڭ - تەتۈر كېسىشكە باشلىدى.

دەل شۇ چاغدا جامائەت ئارىسىدىن بىر ئايالنىڭ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىغان نالە - پىغانلىق پەريادى ئاڭلاندى:

— قولۇڭنى تارت ھەي مۇناپىق، زەھەرخەندە ئىپلاس!

كىشىلەر ئاۋاز چىققان تەرەپكە تەڭلا قاراشتى. ئېگىز

بويلۇق، زىلۋا بىر ئايالنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قېلىشتى. بۇ ئايال ئەنجانبايىنىڭ سىڭلىسى ئايىم تىللاخان ئىدى. ئۇنىڭغىچە ئۇ ئايال ھۆڭگىرەپ يىغلىغان، پەرياد چېكىپ نالە قىلغان ھالدا كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا قىستىلىپ يۈرۈپ ئالدىغا ئۆتۈپ بولدى ـ دە، ھېلىقى كوماندىرنىڭ كۆزلىرىگە قوللىرىنى تەڭلەپ تۇرۇپ ئۇنى تىللاشقا باشلىدى:

— ھەي ئىتقا يەم بولغۇر مۇناپىق، جاللات! ئاكامنى ئۆلتۈرۈشتۇڭ، بېشىنى كېسىۋېلىپ سازايى قىلىشتىڭ! مۇشۇنداق قەبىھ ـ ياۋۇزلۇقلىرىڭ يېتىشمىدىمۇ؟! ئۇنىڭ يۈزىنى يەنە نېمىشقا يېغىر قىلىسەن؟! ۋۇي ئىتتىن تۆرەلگەن ھارامىلىق! قىلغان ـ ئەتكەن ياۋۇزلۇق، شۇملۇق قىلمىشلىرىڭ يەنە يېتىشمىگەن بولسا، مانا مېنى ئۆلتۈر، مېنى!

ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ئەلپازى بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. غەزەپتىن چىشلىرى غۇچۇرلايتتى، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن، مۇشتلىرى تاشتەك تۈگۈلگەن، تولا يىغلاپ قان قۇيغاندەكلا قىزىرىپ كەتكەن قىپقىزىل كۆزلىرى كوماندىرغا مىختەك قادالغانىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى بۇ جەسۇر قىياپىتى خۇددى ئۆز دۈشمىنىگە تاشلىنىشقا تەييار تۇرغان قاپلاننىڭ ئۆزىگىلا ئوخشايتتى.

كوماندىر قورقۇنچىدا ئارقىسىغا ئىككى قەدەم داجىپ كەتتى ـ دە، ئالمان ـ تالمان تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئايىم تىللاخاننىڭ دەل پېشانىسىگىلا تەڭلىدى:

— سېنىڭمۇ ئاكاڭغا ئوخشاش ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟ ماڭ، كىرىپ كەت!

لېكىن، ئايىم تىللاخان ئارقىسىغا يانمىدى.

— ياق، كەتمەيمەن! ئاكامنىڭ يۈزىنى زېدە قىلىشقا يول قويمايمەن!

جامائەتمۇ چىداپ تۇرالمىدى، قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈپ ۋارقىراپ كېتىشتى:

— قانخور! جاللات!

— قانغا قان ئالىمىز! جانغا جان ئالىمىز!

— يا ئۆلۈم! يا كۆرۈم!

جامائەتنىڭ بۇ غەزەپلىك ساداسى ئەتراپنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتكەن تەرەپ - تەرەپلەردىكى ئەسكەرلەرمۇ شۇ ھامان كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن ھالدا قوراللىرىنى جامائەتكە قارىتىپ بەتلەپ، خۇددى ھازىرلا ئوق ياغدۇرىدىغان ئەلپازدا تەھدىت سېلىپ ھەيۋە قىلىشتى. شۇندىلا يۈرىكى جايىغا چۈشكەن ھېلىقى كوماندىر غەزەپ بىلەن ئايىم تىللاخانغا تىكىلدى:

— قانداق؟ ئەمدىغۇ كىرىپ كېتەرسەن؟! كىرىپ كەتمىسەڭ مانا ئەمىسە!

لېكىن، ئۇ تەپكىنى بېسىپ بولغۇچە ئەيسا ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى - دە، ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭغا ئالايدى:

— خا ليەنجاڭ، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ ئۆچۈۋاتقان ئوتنى پۈۋلەپ يەنە ياندۇرماقچىمۇسىز؟! شۇ تاپتا مۇشۇ مەيداندىلا ئون نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ توپلانغانلىقىنى كۆرمەيۋاتامسىز؟! پەخەس بولۇڭ! چوڭ غوۋغا چىقسا مالىمانچىلىقنى بېسىقتۇرالماي قالمايلى يەنە!

ئۇنىڭغىچە ئىككى ئەسكەر ئايىم تىللاخاننى دارقىرىتىپ سۆرەپ ئوپال شەرئى مەھكىمىسى تەرەپكە ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ «ئاكا» دەپ توۋلىغان پىغانلىق، ھەسرەتلىك نالىسى جامائەت ئەھلىنىڭ يۈرەكلىرىنى ئېزىپ يىغلىتىۋەتتى...

كەچ كىردى. شۇندىلا جامائەتنىڭ تارقىلىشىغا ئىجازەت بېرىلدى. ئەسكەرلەر كاللىنى گازارمىغا ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئۇنى سىلكىپ تارتقۇشلىغانىدى قۇلاق مىختىن چىقماي يىرتىلىپ كەتتى.

ئەتىسى ئەسكەرلەر كاللىنى چىغ كۇلىدا توقۇلغان كاجىۋىغا سېلىپ ۋارقىراپ - جارقىراشقان ھالدا يەنە سازايى قىلدى.

بوگۇنمۇ ھەيدەپ ـ زورلاپ ئېلىپ كېلىنگەن ئادەملەر يەنىلا تۈنۈگۈنكىگە ئوخشاش ناھايىتى كۆپ ئىدى. كۈن چۈش بولغاندا جامائەت ئارىسىغا مونچاق قۇلاقلىق، ياشلا بىر دىۋانە قوشۇلدى. ئۇ يىغلاپ كۆزلىرى قىزارغان ھالدا مۈڭلۈق، پىغانلىق قوشاقلىرىغا ساپايىسىنى شاراقشىتىپ تەڭكەش قىلىپ چېلىپ، كالىلىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈردى. ئۇنىڭ قوشاقلىرىغا تەڭكەش قىلىپ چالغان ساپايىسىنىڭ جاراڭلىق ساداسى ئوپال بازىرىدىكى كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىۋەتتى.

ئازابتا ئۆتتى بۇ كۈنلەر، يا ئاللا،
قاپلاپ جاھاننى زۇلۇملار، يا ئاللا.
سەلدەك ئاقتى قىزىل قانلار يا ئاللا،
ئۆلۈپ ياش ـ قېرى ئوغلانلار، يا ئاللا.

ئالا ئاتقا سەكرەپ مىنىپ، يا ئاللا،
چۇشتۇڭ جەڭگە غەزەپلىنىپ يا ئاللا.
قىردىڭ دۈشمەننى جان تىكىپ، يا ئاللا،
كېچە ھەم كۈندۈز قان كېچىپ، يا ئاللا.

يانمىدىڭ ھەق يول دەپ جەڭدىن، يا ئاللا،
ئايرىلساڭمۇ ئەزىز جاندىن، يا ئاللا.
بىز رازى، ئاللا رازى سەندىن، يا ئاللا،
ماڭمىز سەن ماڭغان يولدىن، يا ئاللا...
ھۇم ئاللا، ھۇم،
ھۇم ـ ھۇم ـ ھۇم ـ ھۇم...

ئۇ دىۋانە ئەتىسىمۇ يەنە پەيدا بولدى. يەنىلا كالىلىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، توقۇغان قوشاقلىرىغا ساپايىسىنى تەڭكەش

قىلىپ چېلىپ يۈرۈپ كۈننى كەچ قىلدى. كاللا تۆت كۈندىن كېيىن ئوپالدىن يۆتكەپ كېتىلدى. توققۇزاق، قەشقەر، يېڭىشەھەر، يېڭىسار، يەكەن تەرەپلەرگىمۇ ئاپىرىپ سازايى قىلىنغان كۈنلەردىمۇ ئۇ دىۋانە شۇ يەرلەردە پەيدا بولۇپ، يەنىلا كاللىنىڭ ئەتراپىدىن نېرى كەتمىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن ھېچ كىشى گۇمانلانمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كاللا قەشقەر شەھىرىگە ئېلىپ كېلىنىپ، قۇمدەرۋازا تۈرمىسى ئالدىدىكى دوقمۇشقا ئېسىپ قويۇلۇپ يەنە سازايى قىلىندى. بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا ئادەم قىمىلدايتتى. توپ ـ توپ ئەسكەرلەر ئۇلارنى ئورىۋېلىشقاندى. ھېلىقى دىۋانە يەنىلا ساپايىسىنى شاراقشىتىپ چېلىپ، قوشاق قوشۇپ ناخشا ئېيتىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۈچىنچى كۈنى كەچتە ئەسكەرلەر كاللىنى گازارمىغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇلاردىن بىرىنىڭ «بۇ كاللىنى ئەتە ئاقسۇغا ئاپىرىپ يەنە سازايى قىلىدىكەن» دېگەن گېپىنى دىۋانە ئاڭلاپ قالدى. بۇ گەپ راست چىقتى. ئەنجانباينىڭ كاللىسى ئاقسۇغىمۇ ئېلىپ بېرىلىپ كوچىلارنى ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ سازايى قىلىندى. بۇ يەردىمۇ ئەسكەرلەر بىلەن ژاندارمىلار كاللىنى قاراڭغۇ چۈشۈپ كىشىلەر ئۆيلىرىگە كېتىشكەندىن كېيىنلا گازارمىسىغا ئېلىپ كېتىشتى.

مانا بۈگۈن بۇ كاللىنى ئاقسۇغا ئېلىپ كېلىپ مۇشۇنداق سازايى قىلىۋاتقانغا بەش كۈن بولۇپ قالغانىدى. قاراڭغۇ چۈشتى. كوچىلاردىكى ئادەملەرمۇ شالاڭلاپ قالدى. لېكىن، كاللىنى گازارمىغا ئېلىپ كېتىشكە تېخى بالدۇر ئىدى. بەلگىلىمە بويىچە يەنە ئىككى سائەتتەك ساقلىمىسا بولمايتتى. شۇڭا، ئەتىگەندىن باشلاپ ھازىرغىچە كاللا ئېسىلغان خادىنى مۈرىلىرىدە كۆتۈرۈپ، كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ ھېرىپ ھالى قالمىغان تۆت ئەسكەر بىر كوچىنىڭ ئاغزىغا كېلىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشتى. شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ قېشىدا بىر دىۋانە پەيدا بولدى ـ دە، يەتتە ـ سەككىز قەدەم يىراقلىقتىكى بىر تۈپ

سۆگەتكە يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئارىدىن سەل ئۆتۈپ ئەسكەرلەرنىڭ بۇرنىغا نەشىنىڭ سېسىق ـ خۇمارلىق پۇرىقى ئۇرۇلدى. ئۇلار ئۇيان ـ بۇيان قاراپ ھېلىقى دىۋانىنىڭ پۇرقىرىتىپ ئىس چىقىرىپ، تازا ھۇزۇرلىنىپ نەشە چېكىۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. تولا نەشە چېكىپ خورىدىلىشىپ كەتكەن بۇ ئەسكەرلەرنىڭ شۇ ھامان نەشە خۇمارى تۇتۇپ بىر ـ بىرىگە قاراشقىلى تۇردى. ئارىدىن بىرى ئاخىر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئورنىدىن تۇرۇپ دىۋانىنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە:

— بەك خۇمارلىق نەشە چېكىدىكەنسەنغۇ، ئادەمنىڭ گېلىنى قىچىشتۇرۇپ، — دېدى.

لېكىن، دىۋانىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى ۋە ھېچنېمىدىن خەۋەرسىزدەك بەخىرامان ھالدا يەنە پۇرقىرىتىپ ئىس چىقىرىپ نەشىسىنى چېكىپ ئولتۇرىۋەردى. ئەسكەر ئالدىراپ قالدى.

— ھەي، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، — دېدى ئەسكەر ئۇنى بوش تېپىپ تۇرۇپ، — بىزمۇ خۇماردىن چىقىۋالايلى!

— پۇلى بەك قىممەت.

— ھەي، بىز ساڭا ئوخشاش تىلەمچىلىك قىلمايمىز، قىممەت بولسىمۇ مەيلى، سېنى رازى قىلالايمىز. قورقما، بىزدە پۇل بار.

دىۋانە چوڭلۇقى توخۇ تۇخۇمىدەك كېلىدىغان ئىككى كاللەك نەشە بىلەن چىلىمنى ئەسكەرگە بەردى:

— بوپتۇ ئەمىسە، چېكىپ بېقىڭلار، يارىمىسا، پۇلىنى بەرمىسەڭلارمۇ مەيلى.

ئەسكەرلەر نەشىنى ھۇزۇرلىنىپ چېكىشكە باشلىدى. نەشىگە ئارىلاشتۇرۇلغان ئۇخلىتىش دورىسى شۇ ھامان ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ بىردەمدىلا ئۇلارنى ئۇخلىتىپ قويدى. دىۋانە شۇ ھامان خادىغا ئېسىلغان كاجۇۋىدىكى كاللىنى ئېلىپ يەنجىسىگە سالدى ـ دە، دەرھال قەشقەر تەرەپكە چاپتى. ئۇ كوچىلارنى ئارىلاپ يۈگۈرۈپ مېڭىپ، دەريا كۆۋرۈكىگە ئازلا قالغاندا پەس

تەرەپتىكى چوڭ يولدىن ئىككى ئەسكەر ئات چاپتۇرۇپ كۆۋرۈك تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ھايال ئۆتمەيلا ئۆلارنىڭ ئارقىسىدىنمۇ يەنە نۇرغۇنلىغان پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ شۇ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ قالدى.

دىۋانە كۆۋرۈك بېشىغا كېلىپ نۇرغۇن ئەسكەرلەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ توختاپ قالدى. ئۇ ئەسكەرلەر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ قويۇنلىرىنى، ئات ـ ئۇلاغ، ھارۋىلارنىڭ ئۈستى ـ ئاستىلىرىنى، ئۇنىڭغا بېسىلغان ئوت ـ خەس، بېدە ـ سامانلارنى، ھەتتا خۇرجۇن، تاغارلارنى چالا قويماي بىر ـ بىرلەپ ئاختۇرۇپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. شۇ ھامان دىۋانىنىڭ كۆڭلىگە بىر گۇمان چۈشتى: «ئىم، بولماپتۇ، دۈشمەنلەر بىلىپ قاپتۇ!» دەريادىن كېچىپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كەلكۈن پەسلى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن دەريادىكى سۇ يەنىلا ئۇلۇغ ئىدى، دەرياغا پاتماي ھېلىلا تېشىپ كەتكۈدەك ئەلپازدا يانلىرىغا چايقىلىپ، مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتاتتى. دىۋانە ئىلاجسىز ئارقىسىغا ياندى، تار كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ شەھەردىن چىقتى ـ دە، ئاقسۇنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

* * *

ئۇۋچى شۇ كۈنلەردە ئاتمىش نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ، ئۇنىڭمۇ ئالدىدا دادىسىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھاجىتىدىن چىققان، قاچانلا بارسا تەييار تۇرىدىغان چۆل، جەڭگاھلاردىكى گەمە، ساتما، ئورۇن ـ كۆرپە، قازان ـ چۆگۈن، قاچا ـ قۇچا... دېگەندەك ئۆزىگە دائىم لازىمى بولىدىغان قەدىناس ھەمراھلىرى بىلەن خوشلاشماقتا ئىدى. خوشلىشىش نۆۋىتى مانا بۈگۈن بۇ گەمىگە كەلدى. گەمىنىڭ شاخ ـ شۇمبىلاردا يېپىلغان، ئىسلاشقان، تورلاشقان قاپقارا تام ـ تورۇسلىرى، توغراق شېخىدا

ياسىۋالغان چاپىسىدىكى كونىراپ، يىرتىلىپ مازلىرى چىقىپ
قالغان، توپا ـ چاڭ باسقان ئورۇن ـ كۆرپىلىرى، بۇلۇڭدىكى
مايماق ـ سايماق، يېرىق، پۇچۇق قاچا ـ قۇچا، قازان ـ
چۆگۈنلىرى شۇ تاپتا خۇددى ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ: «ھەي!
بىزنى تاشلاپ كەتمە!» دەپ يالۋۇرۇۋاتقاندەك، بوينى قىسىلىپ
قالغان ئىگە ـ چاقىسىز يېتىم ـ يېسىرلاردەك مەيۈس كۆرۈنۈپ
كەتتى ـ دە، يۈرىكى پىژژىدە ئېچىشىپ كۆزىگە ئىختىيارسىزلا
ياش ئالدى، ئۇ نەرسىلەرگە ئېچىنغان ـ چىدىمىغان ھالدا
بىرھازاغىچە قاراپ تۇرۇپ قېلىپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى:
«ئىلاجىم يوق. مانا ئەمدى سىلەرنىمۇ تاشلاپ كېتىدىغان بولدۇم.
خەير ـ خوش، خۇدايىمغا تاپشۇردۇم.»

ئۇ بۇنىڭ ئالدىدىمۇ خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا، مۇشۇنداق
لازىملىق نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى تەل گەمە، ساتمىلاردىن
نەچچە ـ نەچچىسىنى ئاشۇ چۆل ـ جاڭگاللارغا تاشلىۋېتىپ
كەلگەنىدى. كۆتۈرۈپ كېتىشكە كۈچى يەتمىسە، ئۇنى خۇدايىمغا
تاپشۇرۇپ، تاشلىۋېتىپ كېتىشتىن باشقا ئىلاجى يوق ـ دە! شۇ
تاپتا ئەنە ئاۋۇ ئىككى پېيىغا لىققىدە يىمەكلىك قاچىلانغان
خۇرجۇن، مىلتىق، قارچىغا، يوغان بىر قاپاق سۇ... ۋاي
خۇدايىمەي، يەنە تېخى دادىسىدىن قالغان تەۋەررۈك ماۋۇ پالتا،
كەكە، جۇۋىلارمۇ بار. بۇلارنى ئېلىپ كەتمىسە تېخى بولمايدۇ،
يولدا لازىمى بولىدۇ، بۇنداق گەمە، ساتمىلاردىن تېخى ئالدىدا
يەنە خېلى بار. خۇدا خالىسا، ئۆزى بىلىدىغان جايلار بىلەن
ئۈچ ـ تۆت كۈن ماڭسىلا، دالدىراق، سۇغا، يۇرت ـ
مەھەللىلەرگە يېقىنراق دۆڭلەرنىڭ قاپتاللىرىدا، قۇچاقتا
يەتمەيدىغان يوغان ـ يوغان توغراقلارنىڭ ئاچىماقلىرىدا...
دادىسى بىلەن ئۆزى بىر ـ بىرلەپ كولىغان، ياسىغان مۇشۇنداق
ئورۇن ـ كۆرپە، قازان ـ چۆگۈن، قاچا ـ قۇچا... لاقا ـ
لۇقىلىرى تەل گەمە ياكى ساتمىلاردىن بىرەرى ئۇچراپ تۇرىدۇ.
تولا كېلىپ ـ كېتىپ ئايلىنىپ يۈرگەنلىكتىن بۇ جايلار ئۆزىگە

بەكمۇ تونۇشلۇق، ئۇلارنىمۇ خۇدايىمغا تاپشۇرۇپ تاشلاپ كېتىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە ئوغلى يېنىدا بولسىغۇ بەزى نەرسىلەرنىمۇ ئېلىپ كەتكىلى بولاتتى، ئۆزىمۇ بۇنچە ئاۋارە بولۇپمۇ كەتمەيتتى. لېكىن، ئۇنى شۇ كۈنگىچە بۇ تەرەپلەرگە بىرەر قېتىممۇ ئۆزى بىللەن بىللە ئېلىپ كەلمىدى. «ئاناڭ يالغۇز قالىدۇ، تېنى ئاجىز، قارىمىساڭ بولمايدۇ» دەپ ئۇنى كەلگىلى قويمىدى. خەير بوپتۇ، كىم بىلىدۇ، بەلكىم بۇ نەرسىلەرمۇ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۆزىگە ئوخشاش مۇشۇنداق چۆل ـ جاڭگاللاردا ماكان قىلىشنى نىيەت قىلىپ، مۇشۇ مازارنى پاناھ تارتىپ كېلىپ قالغان بىرەر مۇساپىرغا نېسىپ بولۇپ ھاجىتىدىن چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. شۇنداق بولسا ساۋاب بولىدۇ، يىللاردىن بۇيان قىلغان ئەجرى زايە كەتمەيدۇ.

ئەسلىدە ئۇ ئۇلارنى تاشلاپ كەتمەيتتى. لېكىن، ئەمدى كەتمىيمۇ بولمىدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى بېشى قېيىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىدىغان، كۆڭلى ئېلىشىدىغان، يۈرىكى تولا پۇلاڭشىيدىغان، دېمى تۇتۇلىدىغان بولۇۋالدى، پۇت ـ قولىنىڭمۇ مادارى قالمىدى. ھېلىمۇ خۇداغا شۈكۈر، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا دۇئا قىپتىكەن، خۇدايىم ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلدى، سەكسەن ياشقا كىرىپ قالدى. ئۆمرىنىڭ ساناقلىقلا كۈنلىرى قالغانلىقى ئۆزىگە ئايان بولۇۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە تەنىنىڭ ئىسسىقىدا يۇرتىغا كېتىۋالمىسا، ناۋادا بەندىچىلىك قىلىپ، كۆزى تۇيۇقسىز يۇمۇلۇپ قالسا، ئۇ چاغدا جەسىتى مۇشۇ چۆل ـ جاڭگالدا قالىدۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا ياتالماي قالىدۇ. بولدى كېتىۋالاي. ۋاقتىدىراق يۇرتقا بېرىۋالاي. مۇشۇ پەيتىدە ئۇ گەمە، بۇ ساتمىلار بىلەن خوشلىشىپ ماڭىدىغان بولسا، يەنە ئىككى ئايدا يۇرتقا ئارانلا يېتىپ بارالايدۇ. شۇ تاپتا قەدىناس خوتۇنىمۇ ئوغلى، كېلىنى، نەۋرىلىرىمۇ ئۇنىڭ يولىغا تەقەززا بولۇۋاتقاندۇ. ھەي ... ئۇلارنى كۆرمىگىلى بىر يىل بولاي دەپ قاپتۇ ئەمەسمۇ،

نېمە بولۇپ كەتكەندۇ ئۇ بىچارىلەر؟ ئېھتىمال ئۇلار ئۇنى ئىزدىگەندۇ، ئىزدىسىمۇ ئېتىكى كەڭرى بۇ جاڭگالدا ئۇنى تاپالمىغاندۇ. خۇدايىمغا ئامانەت، ماڭاي... ئۇ شۇ خىياللار بىلەن گەمىدىن چىقتى. بۇ گەمە مازار جايلاشقان ئېگىز دۆڭنىڭ قاپتىلىدا ئىدى، ئالدى كۈنچىقىش تەرەپكە قارايتتى.

بۇ مازار «ئىمام پاشا» دېگەن مۇقەددەس نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇ دەريا قولتۇقىدىكى ئېگىز دۆڭلۈكتە، ئالىيېشىل تۇغ - ئەلەملەر باغلانغان تۇغ شادىلىرى، قېرىلىقتىن قوۋزاقلىرى، ھەتتا شاخلىرىمۇ قۇرۇپ، چۇرۇپ چۈشۈپ كەتكەن، تېنى چاك - چاك يېرىلغان، قۇچاق يەتكۈسىز يوغان - يوغان، چوماق توغراقلار ئارىسىدا خۇددى جەڭگاھتىكى سەركەردىدەك ھەيۋەتلىك - سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. پەستىكى كەڭرى، چېتى دەرياغا تۇتاشقان مۇنبەت تۈزلەڭلىكتە قويۇق، ئارىلاش ئۆسكەن توغراق، جىغانلار ئۇنى خۇددى سان - ساناقسىز لەشكەرلەردەك ئوراپ تۇراتتى.

ھەيۋەتلىك ئاقسۇ دەرياسى بۇ ئۇلۇغ مازاردىن ئەيمەنگەندەك، دەل شۇ يەردە شاۋقۇنىنى پەسلىتىپ، ئۇنى يىراقتىن ئايلىنىپ ئاندىن يەنە كۈنچىقىش تەرەپكە قايرىلىپ ئاقاتتى.

سارغايغان يوپۇرماقلار شۇ تاپتىكى كۈز كۈنىنىڭ قىيپاش چۈشكەن شەپىقىدە خۇددى ئالتۇندەك سايىسىرىق تاۋلىنىپ ۋاللىدايتتى.

ئۇ بۇ يەرگە دەسلەپتە كەلگەن چاغدىمۇ يوپۇرماقلار مانا مۇشۇنداق سارغايغان دەل كۈز پەسلى ئىدى. مانا ئەمدى يەنە، دەل شۇنداق يوپۇرماقلار سارغايغان كۈز پەسلىدە، ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئۆزىگە باشپاناھ بولغان، خۇدايىم مۇشۇنداق ساپ ھاۋالىق، مۇنبەت ياراتقان ئاسمىنى كەڭرى بۇ زېمىندىكى ھەيۋەتلىك، چىرايلىق ئۆسكەن دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار بىلەن خوشلىشىۋاتىدۇ، «خەير - خوش، سىلەرنىمۇ خۇدايىمغا تاپشۇردۇم.»

ئەسلىدە ئانىسى قازا قىلىپ كەتمىگەن بولسا ئۇ بۇ جاڭگالغا كېلىپ قالمىغانمۇ بولاتتى. ئانىسى قازا قىلغاندا ئۇ تېخى يەتتە ياشقىمۇ كىرمىگەنىدى. دادىسى «بالام ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا قالمىسۇن» دەپ قايتا ئۆيلەنمىدى. چۈنكى، دادىسى ئۆز ۋاقتىدا ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا تارتقان دەرد ـ ئەلەم، ئازابلىرىغا چىدىماي، ئۆيدىن قېچىپ چىققان، تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرۈپ چوڭ بولغانىكەن. قۇرامىغا يەتكەن چاغدىمۇ، كىچىكىدە تارتقان ھېلىقى ئازابلارنى ئۇنتۇيالمىغان. بىر كۈنى ئاشۇنداق يالماۋۇز ئۆگەي ئانا ھەققىدە گەپ تېشىلىپ قالغان بىر سورۇندا، ئۇ ئاچچىقىغا پايلىماي: «ناۋادا مېنىڭ بالامۇ ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ ئاشۇنداق يامان كۈنگە قالىدىغان بولسا، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئۆگەي ئانىنىڭ قولىغا قالدۇرمايمەن. بۇنى بالىلىرىمدىن باللىرىغا قالىدىغان ۋەسىيەت قىلىمەن!» دەپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىپ ئاغزىنى ئۇششۇتۇپ سالغانىكەن. شۇڭا، دادىسى ئۇنى تېخى كىچىك دەپ ھامماچىسىغا تاشلاپ بېرىپ يەنە جاڭگالغا كېتىپ قالغانىكەن. ئارىلىقتا ئىككى ـ ئۈچ ئايدا بىرەر قېتىم كېلىپ ـ كېتىپ يوقلاپ تۇرۇپتىكەن. ئۇ ئون بەش ياشقا كىرگەندىلا ئاندىن دادىسى ئۇنىمۇ ئەگەشتۈرۈپ جاڭگالغا بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئىشلار ھېلىمۇ ئۇنىڭ غۇۋا ئېسىدە، ئۇ نەچچە ـ نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ئاران تەسلىكتە بۇ تەرەپلەرگە كېلەلىگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ جاڭگالغا كېلىپ قالغىنىمۇ بىر ھېسابتا ئوبدان بولغانىكەن. ھېچ كىشىگە ھاجىتى چۈشمىدى، قېقىنتىدى ـ سوقۇندى بولمىدى، ئالۋان ـ ياساقتىن خالىي بولدى. ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ قالمىدى. ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇپ، ھايۋانلارنىڭ ئىزىنى، قۇشلارنىڭ سايرىشىنى قوغلىشىپ كۈنىنى كۆڭۈللۈك ، خاتىرجەم ئۆتكۈزدى. شۇغىنىسى يالغۇزلۇق ـ تەنھالىق ئۇنى تازا قىينىدى. خوتۇن ـ بالىلىرىنى قايتۇرۇپ كېلەي دېسە، ئۇلارنىڭ بۇ چۆل ـ جاڭگالغا كۆنەلمەسلىكىدىن قورقتى. ئۆزى كېتەي دېسە، دادىسىنىڭ ئىزى

قالغان، ئۆزىنىڭمۇ كۆڭلى چۈشۈپ قالغان بۇ جايلارنىڭ مېھرىدىن كېچەلمىدى، لىللا گەپنى قىلسا، دادىسىنىڭ ئىزى ئۆچۈپ كېتىشتىن ئەنسىرىدى. مانا، مانا، ئەتە، ئۆگۈن... دەپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋېرىپ، يېشى سەكسەندىن ھالقىپ كېتەي دەپ قالدى.

— كىكاك، كىكاك! كىكاك!... قىرغاۋۇلنىڭ تۇيۇقسىز ئۈزۈلدۈرمەي ئەنسىز سايرىشى ئاڭلاندى – دە، ئۇنىڭ خىياللىرى بۆلۈنۈپ كەتتى. جىغانلار ئارىسىدا ئۇچۇپ چىققان بىر جۈپ قىرغاۋۇل خۇددى بىرنېمىدىن ئۈركۈگەندەكلا ئۈزۈلدۈرمەي كىكاكلاپ سايراپ، ئون يېتىم يىراقلىقتىكى شالاڭ قومۇشلۇق ئارىسىدىكى دۆڭلۈكنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇۋۇچى قىرغاۋۇللار ئۇچۇپ چىققان جىغانلىق تەرەپكە تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى قارچىغىنىڭ خۇددى قارا مەرۋايىت دانچىلىرىدەك قاپقارا كۆز قارىچۇقلىرىمۇ خۇددى ھېلىلا چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەكلا چەكچىيىپ كەتتى – دە، ئۇچۇش ئۈچۈن قاناتلىرىنى قاقتى. لېكىن، ئۇۋۇچى ئۇنىڭ پاچىقىدىكى تاسما باغنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمىدى. قارچىغا تېپىرلاپ – تېپىرلاپ جىم بولۇپ قالدى. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي خېلى يېقىنلا يەردە قىرغاۋۇللار يەنە شۇنداق ئەنسىز سايرىشىپ ئۇچۇپ چىقىشتى. شەكسىزكى، قىرغاۋۇللار قانداقتۇر بىرنېمىدىن ئۈركۈگەندى.

«تۈلكە؟ ۋاي خۇدايىمەي ئۆزى كەپتۇ – دە، جانۋارنىڭ ئەجىلى توشۇپتۇ. ھەي! ... يولغا چىقىدىغان چاغدىزە، بوپتۇ، بىرەر تېرە دېگەن ئۇنچىۋالا ئېغىرلىق قىلىپمۇ كەتمەس، — ئۇۋۇچى مىلتىقنى قولىغا ئالدى. ئۇ ئادەتتە تۈزلەڭلىكتە قارچىغىسىنى، چاتقاللىقلاردا بولسا مىلتىقىنى ئىشقا سالاتتى، — ۋۇي كاساپەت، ئەمەستەك قىلىدۇغۇ؟ كاساپەت توغراق...»

دېگەندەك، قىرغاۋۇللار ئۇچۇپ چىققان ھېلىقى جىغانلىقنىڭ خېلى بېرىسىدىكى توغراق شاخلىرى لىڭشىپ قالدى – دە،

شاخلارنى قايرىپ يۆرۈپ بىر ئادەم چىقىپ كەلدى. ئۇ ئادەم پۈتلىرىنى ئاران سۆرەپ ماڭاتتى، دەلدۈگۈنەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ توغراقتا ئېسىلىپ، بۇ توغراقتا يۆلىنىپ يۈرۈپ ئاخىر مازارغا يېقىنلاشتى. دۆڭگە چىقمۇېتىپ يىقىلدى، يەنە قوپتى. لېكىن، بولالمىدى بولغاي، ماڭالماي، جايىغىلا دۈم چۈشتى. بىرھازادىن كېيىن ئۇ يەنە بېشىنى كۆتۈردى، بىر قوللاپ ئۆمىلەپ دۆڭگە چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھاسىرىشى، ئىنجىقلىشى ئۇۋۋچىغا ئاڭلاندى. شۇندىلا ئۇ مىلتىقىنى توغراققا يۆلەپ قويۇپ، قارچىغىنى شاخقا باغلىدى. پەسكە چۈشۈپ ھېلىقى ئادەمنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ دۈملا ياتاتتى. تىنىقى تىنىقىغا ئۇلگۈرمەي ھاسىرايتتى. ئۆشنىسىگە دىۋانىلەرنىڭ يەنجىسىنى ئارتىۋالغانىدى. يەنجىنىڭ دۈمبىسىدىكى بىر پېيى يەردە سۆرىلىپ تۇراتتى، ئالدى تەرىپىدىكى يەنە بىر پېيىنى چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدى. «— بىچارە دىۋانە، — دەپ ئويلىدى ئۇۋۋچى ئېچىنىپ، — تىلەپ تاپقان ئۇ نەرسىلىرىڭگە كىممۇ كۆز قىرىنى سالار؟»

ئۇۋۋچى ئۇنى ئۆرۈپ ئوڭدا قىلدى. ئۇ رەڭگى تاتارغان، كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتكەن، يۈزىنى قويۇق سېرىق ساقال باسقان، ياپياشلا تەمبەل يىگىت ئىدى.

ئۇۋۋچى ئۇنىڭ چېكىسىگە قولىنى قويدى ـ دە، يەنە شۇ ھامان تارتىۋالدى: «ۋاي خۇدايىم، قىزىپ كېتىپتۇ !» ئۇنىڭ چېكىسىدىن ئوت چىقاتتى. ئۇۋۋچى ئۇنىڭ بېشىنى يۆلىدى.

— سۇ ... — بۇ زەئىپ ئاۋاز ئۇۋۋچىغا ئاران ئاڭلاندى.

ئۇۋۋچى يۈگۈرۈپلا دۆڭگە چىقتى. يولدا ئىچىشكە ئېلىۋالغان قاپقارا كىچىككىنە مىس چۆگۈندىن ھېلى قايناتقان سۇنى ياغاچ تاۋاققا قۇيدى. ئاندىن ئالدىراپ چۈشۈپ سۇنى دىۋانىنىڭ ئاغزىغا تۇتتى. ئۇ بىر قاچا سۇنى بىردەمدىلا غورتۇلدىتىپ ئىچىپ بولدى ـ دە، «ئۇھ !» دەپلا سوزۇلۇپ يېتىپ قالدى. ئۇۋۋچى ئۇنى يۆلىدى. لېكىن، ئۇ ئۆرە بولالمىدى. ئۇۋۋچىنىڭ ئۇنى كۆتۈرۈپ مېڭىشقا

كۈچى يەتمىدى. ئاخىر بولالماي ئۇنىڭ بېلىدىن سۆرەپ دۆڭگە ئېلىپ چىقتى. ھېلىلا خوشلىشىپ چىققان ھېلىقى گەمىگە ئېلىپ كىرىپ ياتقۇزدى. شۇ چاغدىمۇ ئۇ يەنجىسىنى زادىلا قويۇپ بەرمىدى. ئۇ كۆڭلەكسىز يالىڭاچ تېنىگە نىمكەش سېرىق چەكمەن چاپان كىيىۋالغانىدى. ئوۋچى ئۇنىڭغا يەنە سۇ ئىچۈردى. ئۇ بىردەمدىلا ئۇخلاپ قالدى.

كېچىچە جۆيلۈپ چىقتى. لېكىن، ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئۇققىلى بولمىدى. قارا چىراغمۇ ئۆچمىدى، ئوۋچىمۇ ئۇخلىمىدى، ئۇنىڭ چېكىسىنى ئۇۋۇلىدى، پات ـ پات سۇ ئىچۈردى. ماتا بەلۋېغىنى ھۆل قىلىپ ئۇنىڭ چېكىسىگە قويدى، دۇرۇت ئوقۇپ ھۈردى، ئوۋچى ئاشۇنداق پايىپېتەك بولۇپ تاڭنى ئاتقۇزدى. تاڭ سەھەردىلا تەرەت ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. ھېلىقى ياغاچ تاۋاقتا ئازراق سۇ قۇيۇپ، ئۇ سۇغا «ياسىن»نى ھۈرۈپ ئوقۇدى. ئاندىن دىۋانىنىڭ بېشىنى يۆلەپ بۇ «دەمدە»نى ئۇنىڭغا ئىچۈردى.

بىرھازادىن كېيىن، بۇ «دەمدە» ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكەندەك دىۋانە كۆزىنى سەل ئاچتى، گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، لېكىن دىمى تۇتۇلۇپ، يۆتىلىپ كېتىپ گەپ قىلالمىدى. ئۇ ھاسىرايتتى، مەيدىسى غىژىلدايتتى. بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى، چۈشكە يېقىن ئۇ سەل ياخشىلىنىپ قالغاندەك بولدى. تېخىچە قۇچاقلاپ ياتقان يەنجىسىگە يېرىم ـ يارتا ئېچىلغان خۇنۇك كۆزلىرىنى تىكتى ـ دە، بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاشقا باشلىدى. ئوۋچى قۇلىقىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا يېقىن قىلدى.

— باق... باقى... ئەسكەر نە ـ نەشە، مە ـ مەست... كاللىسىنى... كاللىسىنى... نى ئوغرىلاپ قاچتىم. يوللاردا توسۇق جىق ئىكەن، ئۆتەلمىدىم. يۇرت ـ مەھەللىلەردە دىۋانىلەرنىمۇ توسىدىكەن. خۇرجۇنلىرىنىمۇ ئاختۇرىدىكەن. ئاۋات، كەلپىن، مارالبېشى... ماڭاي دەپ... — ئۇنىڭ ئۈنى

پەسلەپ جىمىپ قالدى، يەنە ھوشىدىن كەتتى بولغاي، كۆزىنىمۇ ئاچالمىدى، ئاۋازىمۇ چىقمىدى. بىرھازادىن كېيىن ئۇ يەنە پىچىرلىدى، — مەن بولالمىدىم... كاللىسىنى قەشقەر... قەشقەرگە...

— كاللىسىنى؟ ! ۋاي خۇدايىم ! نېمىنىڭ كاللىسى؟ قېنى؟

— ...

ئۇنىڭدىن جاۋاب بولمىدى. ئۇۋچى ھاڭ - تاڭ قېلىپ، بىرھازاغىچە گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى. كاللا، نېمىنىڭ كاللىسى ئۇنىڭ كۆزى يەنجىگە چۈشتى - دە، شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆڭلىگە «مۇشۇ يەنجىنىڭ ئىچىدە بىرنېمىنىڭ كاللىسى بار ئوخشايدۇ» دېگەن خىيال غىل - پاللا كېچىپ ئۇنىڭ بىر پېيىدىكى نەرسىلەرنى تۆكتى. ئۇنىڭدىن ئۇ تىلەمچىلىك قىلىپ تاپقان پارچە - پارچە نانلار، يەل - يېمىشلەر چىقتى. يەنە بىر پېيىدىكى بىرنېمە قاتتىقراق، چوڭراق ئىدى. ئۇنىمۇ تۆككەنىدى، ئاپئاق ماتا كۆڭلەككە يۆگەلگەن بىرنەرسە يەرگە دومىلاپ چۈشتى. ئۇۋچى كۆڭلەكنى يېشىپ كۆرۈپلا چۆچۈپ كېتىپ تۈۋلىۋەتتى:

— ئاھ خۇدا ! ! — ئۇ قورقۇنچىدا داجىپ كەينىگە مېڭىپ گەمىدىن قېچىپ چىقتى.

... بوينىدىن قىيپاشراق كېسىلگەن دوقىقراق كاللا، كانىيىدىن چىقىپ قالغان بىر غېرىچتەك قىزىل كېكىردەك، كېسىپ قىيما - چىيما قىلىۋېتىلگەن يۈز - كۆزلەر، ئۆسكىلەڭ، سارغۇچ بۇرۇتلىرىدىكى، سوقىراق يۈزلىرىدىكى، ئۇزۇن - ئۇزۇن، يىرىك قاش - كىرپىكلىرىدىكى، يىرتىلغان سالپاڭراق قۇلاقلىرىدىكى قېتىپ كەتكەن قان داغلىرى !... ئاھ خۇدا ! نېمە دەھشەت بۇ؟ !

ئۇۋچى قورقۇنچىدا دىر - دىر تىترەپ قانداقتۇر بىر ئايەتنى ئوقۇدى. كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە خۇددى مازاردىن مەدەت تىلىگەندەك دۆڭنىڭ ئۈستىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇپ كەتتى. شۇ تاپتا بۇ چۆل - جاڭگالدا ئۆزىگە ھەمراھ بولغۇدەك بىرەر

ئادەم بولسىچۇ كاشكى !

ئۇ پۇت - قوللىرى دىر - دىر تىترىگەن ھالدا يەنە گەمىگە يېنىپ كىردى. جان تەلپىنىزى قىلىۋاتقان دىۋانىنىڭ قېشىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى. قۇلىقىنى ئاغزىغا يېقىن قىلىپ ئۇنلۇك - ئۇنلۇك سورىدى:

— كىمنىڭ كاللىسى؟ كىم شۇنداق قىلدى؟ !

دىۋانە سەل قىمىرلىغاندەك قىلدى. قاش - قاپاقلىرىنى لىپىلدىتىپ، ئاغزىنى ئاران - ئاران ئۈمەللەپ: «ئەن... ئە... ئەنجان...» دېگەن گەپلەرنىلا دېيەلىدى، باشقا گەپ قىلالمىدى. ئوۋچى ھەيران قالدى: ئەنجان؟ توۋا ! ئەنجان دېگەن تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بىر شەھەر دەپ ئاڭلىۋىدىم، بىر ئايدا ئاران بارغىلى بولىدۇ دېيىشكەنىدى ! بۇ قانداق گەپ؟ !

دىۋانە خۇددى بەزگىكى تۇتقان ئادەمدەك تىترەشكە باشلىدى. مەيدىسىنىڭ غىژىلدىشىمۇ ئەدەپ قالدى. ئوۋچى ئۇنىڭ كۆزىنىڭ جىيىكىنى يىرىپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆز قارىقى تارتىلىپ كەتكەنىدى. ئوۋچى ئۇنىڭغا دەمىدە ئىچۈردى. لېكىن، سۇ ئۇنىڭ گېلىدىن ئۆتمىدى. جاۋغايلىرىدىن يالاپ ئېقىپ چۈشتى. تۇيۇقسىزلا خارتىلداپ، بوشقىنا سىلكىندى - دە، جىممىدە بولۇپ قالدى.

— ئەلھۆكمىلىللا، — ئوۋچى دۇئاغا قولىنى كۆتۈردى، — قالۇئىننا ئىلەيھى ۋەئىننا ئىلەيھى راجىئۇل...

ئوۋچى ئۇنىڭ يۈز - كۆزى، قاش - قاپاقلىرىنى سىلاپ، ئۇۋۇلاپ ئاران تەستە كۆزىنى يۇمدۇردى. ماتا بەلۋېغىنى يىرتىپ ئېڭىكىنى قاتتى، ئىككى ئانا پۇتىنى چاتتى. ئاندىن بىر يۇدۇم ئوت - خەسنى دەرياغا ئاپىرىپ پاكىز يۇيۇپ كېلىپ جەسەت بىلەن كاللىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويدى. چۆگۈن بىلەن قاپاقتا دەريادىن نەچچە قېتىم سۇ توشۇپ كېلىپ ئىسسىتىپ، ئۇلارنى پاكىز يۇيۇپ تازىلىدى. كەچ كىرگەندە ئۆزى يالغۇز ئۇلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، دۆڭنىڭ كۈنپېتىش تەرەپ قاپتىلىدىكى

بىر تۈپ توغراقنىڭ يېنىغا دەپنە قىلدى. تۇپراق بېشىدا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز خەتمىقۇرئان ئوقۇدى.

ئۇۋچى بىر ئاي جاڭگال كېزىپ يۈرۈپ، يىلدا ئاران بىرەر قېتىم يوقلاپ بارالايدىغان شاياردىكى ئۆزىنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەلدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئاشۇ ئىمام پاشا دېگەن مازارغا دەپنە قىلىنغان ھېلىقى ئىككى ئادەمنىڭ نەزىرىنى قىلدى. نەزىرگە كەلگەن جامائەتكە نەزىرى بېرىلىۋاتقان ئۇ ئىككى ئادەمنى قانداق كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئارىلىقتا بىرەر يىل ئۆتۈپ ئۇ ئاغرىپ يېتىپ قالدى. كۆپتەك ئىششىپ كېتىپ شىپالىق تاپالماي سەكراتقا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىش ئۈچۈن كىرگەن جامائەتكە بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى نەزىرى قىلىنغان ھېلىقى ئىككى ئادەمنىڭ گېپىنى يەنە تەكرارلاپ سۆزلەپ بەردى. ئاخىرىدا مۇنداق ۋەسىيەت قىلىپ جان ئۈزدى:

ئۇ يەرگە كۆمۈلگەنلەر سىلەرنىڭمۇ، بىزنىڭمۇ قېرىندىشىمىز بولىدۇ. لېكىن، مەن ئۇلارنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيمەن. بۇرۇن كۆرمىگەن، ئىسمىنىمۇ ئاڭلىمىغان، ھازىرمۇ بىلمەيمەن. شۇڭا ھەسرەتلىنىمەن. ئۇ ئىش بولغىلى مانا بىر يىلدىن ئاشتى. لېكىن، ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ئىز ـ دېرىكى قىلىنىمىدى ياكى قىلىنغان بولسىمۇ، مەن بىلمەي قالدىممىكىنتاڭ. مەن ئىسمىنى بىلەلمىگەن ئۇ دىۋانە تەنىسىز بىر ئادەمنىڭ كاللىسىنى «... ئەنجان...» دەپ جان ئۈزگەنىدى. ھە، ئۇ يەنە تېخى قانداقتۇر : «... كاللىسىنى... ساق... لا... ئەسكەرلەرنى نەشە... مەست... تو... توسۇق... جىق ئىكەن... ئۆتەلمىدىم. ئاۋات... كەلپىن... مارالبېشى... ماڭاي دەپ...» دېگەندەك گەپ ـ سۆزلەرنىمۇ قىلىۋىدى. ئۇنىڭ بۇ باش ـ ئاخىر يوق تاقتا ـ تۇققا گەپ ـ سۆزلىرىدىن، ئۇ كاللىنى ئەنجانلىق ئادەمنىڭ كاللىسى ئوخشايدۇ، بۇ كاللىنى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەرنى بۇ دىۋانە نەشە بىلەن مەست قىلىپ قويۇپ كاللىنى

ئېلىپ قېچىپتۇ ۋە قەشقەرگە ئېلىپ كەتمەكچى بوپتۇ. يولدا توسۇق چىق ئىكەن، قەشقەرگە ئۇدۇل ماڭالماي ئاۋات، كەلپىن، مارالبېشى ئارقىلىق كەتمەكچى بولغان ئوخشايدۇ دەپ خىيالەن قىياس قىلغانىدىم. ئەممازە، ئەسكەرلەر ئۇ كاللىنى نېمىشقا ساقلايدۇ؟ ئۇ دىۋانە ئۇ كاللىنى نېمىشقا ئېلىپ قاچىدۇ؟ زادىلا زەنمگە ئالالمىدىم، ھېلىمۇ ھەم بىلمەيمەن. ئىسسىت، ئىسسىت !... ئۇلار خۇدايىم بەرگەن ئادەملەر ئىكەن. ئاشۇنداق ئۇلۇغ مازارلاردا يېتىشقا نېسىپ بولدى. خۇدايىم ئۇلارغا جەننەت ئاتا قىلغاي ! ئامىن ! ھە، ئۇ دىۋانىنىڭ بىر قۇلىقى مونچاقلىق ئىكەن، ئۇنىڭ شۇ قىياپىتىلا ئېسىمدە قاپتۇ. جاھاندا دىۋانىگە يات جاي يوق. شۇڭا، ئۇنىڭ ماڭمايدىغان يولى، كىرمەيدىغان ئۆيى بولمايدۇ. كۆپ ھاللاردا مازارلاردا يېتىپ - قوپىدۇ. خۇدايىم ئۇ دىۋانىنىڭ كۆڭلىگە ساپتىكەن، ئۇنىڭمۇ كۆڭلى ئاشۇ مازارنى تارتىپتىكەن. دېمىسىمۇ ئىگە - چاقىسىز، يېتىم - يېسىرلار، خۇدايىمنىڭ ئاجىز بەندىلىرى ئاشۇنداق مازارلارنى ماكان قىلىدۇ. ئۇنداق يەرلەردە كۆڭلى توق بەخىرامان ئۇخلاۋېرىدۇ. مازارلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئوغرى - قاراقچىلار، ھەتتا جىن - ئالۋاستىلارنىڭمۇ تېنى ئەيمىنىپ سۇر باسىدۇ. تەقسىراتقا كېتىشتىن قورقۇپ، مازارلاردا پاناھلانغانلارغا ھەرگىزمۇ چېقىلمايدۇ. شۇڭا، نىيىتى ساپ غېرىب - غۇرۋالار مازارلاردا پاناھلىنىدۇ. زامان - زامانلاردىن شۇنداق. خوش، ئەمدى ئاڭلاپ قېلىڭلار ! بۇ مازار ئاقسۇنىڭ قاراتال يېزىسى تەۋەسىدىكى دەريانىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە، بېرىپ يوقلاپ تۇرۇڭلار، دۇئا - تىلاۋەت قىلىڭلار، ساۋاب بولىدۇ. شۇنى ئەستە چىڭ تۇتۇڭلاركى، ئاشۇنداق ئۇلۇغ مازارلاردا يېتىش ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ، پەقەت خۇدايىمنىڭ نەزىرى چۈشكەن خىزىردەك ئاشۇنداق ئۇلۇغ ئادەملەرگىلا نېسىپ بولىدۇ.

**ئەنجانباي** (تارىخىي رومان)

**ئاپتورى:** نۇر روزى
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** بارىجان زەپەر
**مۇھەررىرى:** مەمتىمىن شىپە
**تەكلىپلىك مۇھەررىرى:** دىلبەر ياقۇپ
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ئايگۈل سابىت
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ۋەلى زەيدۇن
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** ئەكبەر سالىھ
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**تېلېفون:** 0991 − 2827472
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 18.625
**قىستۇرما بېتى:** 2
**نەشرى:** 2012 ـ يىلى 11 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 4 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 11001 − 14000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 − 7 − 228 − 16083 − 9
**باھاسى:** 40.00 يۈەن